ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن



# قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ياقۇپ روزى
مەسئۇل مۇھەررىرى : گۈزەلئىچان ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇرمۇھەممەت ئۆمەر



ISBN 7 - 228 - 06737 - 1

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中亚文化/阿布都秀库尔·穆罕默德依明著.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.10
ISBN 7-228-06737-1

Ⅰ.中... Ⅱ.阿... Ⅲ.①民族历史—研究—维吾尔语(中国少数民族语言) ②民族文化—研究—中亚—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K360.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 072520 号

责任编辑:库热西·欧买尔
封面设计:努尔买买提·吾买尔

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆彩印胶印厂
850×1168 毫米 32 开本 18.5 印张 4 插页
2002 年 3 月第 1 版 2002 年 3 月第 1 次印刷
印数 1——3000

ISBN 7—228—06737—1/K.954 定价 50.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

مەشھۇر ئالىم، تالانتلىق ئەدىب، تۆھپىكار مائارىپچى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە ئوقۇغان. 1950 - يىل ئۈرۈمچىدىكى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1952 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1953 - يىلى شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ بىر يىل چامىسىدا بىلىم ئاشۇرغان. ئاسپىرانتورىيىنى پۈتتۈرۈپ ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماركسىزم كافېدراسىدا پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1955 - يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ھاياتى ئەنە شۇ يىللاردا رەسمىي باشلانغان.

1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى جۇڭگو مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي سىياسىي قۇيۇن بۇ ياش ئالىمنىڭ بېشىغا تۈگىمەس كۈلپەتلەرنى ۋە ئۇنتۇلماس خورلۇقلارنى سالغان. تارىخ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئېغىر تىنىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئەنسىزلىك، سىياسىي سولچىللىق ۋابادەك يامراپ كېتىۋاتقان، ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغان سىياسىي ھەرىكەتلەر شەخسنىڭ قىممىتىنى ئەرزىمەس نەرسىگە، كىشىلەر تەقدىرىنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ

قويىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەقىقىي قەلەملەشكە خاس ئۇمىدۋارلىق بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆگەنگەن ۋە ئىجاد قىلغان. 1978 - يىلى باشلانغان ئىدىيە ئازادلىق دولقۇنىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھى كۈچلۈك بو ئالىم نەچچە ئون خاتىرە دەپتەرگە تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، شېئىرىيەت، دراما ۋە نەسىر ئىجادىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان.

ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىن توپ - توغرا 20 يىل ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئالىم 45 ياشقا تولغاندا ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە قايتا چىقىپ دەرس ئۆتۈش، ئىلمىي تەتقىقات، بەدىئىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان.

1980 - يىل ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ «ئېستېتىكا» دەرسىنى تەسىس قىلىپ ئۆتۈشكە كىرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ كىتاب، ماقالە، روبائىي ۋە شېئىر - غەزەللىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ زىيالىيلار ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قىزغىنلىقى»نى قوزغىغان. 1983 - يىل ئۇ ئايالى رەنا مەخسۇت بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىپ 8 ئاي ساياھەتتە بولغان. 1986 - يىل ياپونىيىدە زىيارەتتە بولۇپ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىتۇك قامۇسى — ‹قۇتادغۇ بىلىك›» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىگەن.

1988 — 1991 - يىللار ئارىلىقىدا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ دۇنيا قارىشىغا، قىممەت قارىشىغا، خىزمىتىگە، تۇرمۇشىغا، كىشىلىك مۇناسىۋىتىگە داۋالغۇش ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن بىرقاتار چوڭ ـ كىچىك ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ بۇ جەرياندا گاڭگىرىدى، تېڭىرقىدى، ئويلاندى، ئىزدەندى، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بىر قۇرغاقچىلىقنى ھېس قىلدى، كىرىزىس تۇيغۇسى ئۇنى چىرمىۋالدى. 1993 ـ يىل 60 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋى مۇساپىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ھاياتىنى سەمىمىي رەۋىشتە خۇلاسىلاپ يازغان «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» ناملىق ئېسىل ماقالىسىدە كۆرسەتكىنىدەك، «بىر چاغلاردا تۇتىيا بىلىپ قاتتىق چاڭگاللىۋالغان نەرسىلىرىنى پىرقىرىتىپ تاشلاشقا، پېداكارلىق قىلغان ئەقىدىلىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكە» باشلىدى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان نەمۇنىلىك، يادرولۇق ئورنىنى ھەم يېتەكچىلىك رولىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشنى ئۆز تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، دىن، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، مۇقام، سەنئەت، ئېستېتىكا، فولكلور، مائارىپ، تېبابەت، تىل، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنداق قۇرۇلۇش خاراكتېرلىق زور ئەمگەك ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ تىنىم تاپماي ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، پىكىر قىلىش، سېلىشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، يېزىش ھالىتىدە تۇرۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شۇنداق ياشىدى ھەم شۇنداق ئۆزگىچە خىسلىتىنى شەكىللەندۇردى . ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشتىكى كۈچلۈك خاراكتېرى ، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىزدىنىش روھى ، مۇستەقىل مۇلاھىزىگە ، يېڭىچە يەكۈنگە ئىگە تەتقىقاتلىرى ، ھېكمەتكە ، ھېسسىياتقا باي بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى ئۇنى ئۆز مىللىي تۈركۈمى ئىچىدىكى زامانداشلىرىنىڭكىدىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆپ ئارتۇق بولغان زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ۋە «ئىزچى» (يول ئاچقۇچى) ئالىم بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلدى .

بۈگۈنگىچە ئالىمنىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، «قۇتادغۇ بىلىك خەزىنىسى» ، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ، «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» ، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ، «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» ، «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھېكمەتلىرى» ، «رۇبائىيات ـ 1» ، «رۇبائىيات ـ 2» ، «چوغلۇق» ، «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» ، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» ، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» قاتارلىق 18 پارچە كىتابى نەشىر قىلىنىدى . يەنە 3 توملۇق ماقالىلار توپلىمى ۋە ئۈچ توملۇق شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ .

— يالقۇن روزى
2002 ـ يىل ، يانۋار

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1

## بىرىنچى بۆلۈم
## ئىپتىدائىي تۇران جەمئىيىتى

بىرىنچى باب مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى ........................................ 3

1 . قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ... 3

2 . مەركىزىي ئاسىيادا كونا تاش قورال دەۋرى ۋە ئىپتىدائىي پادىلىق تۇرمۇشى ........................................ 19

3 . مەركىزىي ئاساىيادا يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ........................................ 24

4 . مەركىزىي ئاسىيادا تۇچ دەۋرى ۋە ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ........................................ 33

5 . مەركىزىي ئاسىيادا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ........................................ 44

ئىككىنچى باب مەركىزىي ئاسىيادا قەدەمكى ئىنسان تۈركۈملىرى ........................................ 61

1 . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئانتروپولوگىيىلىك مەلۇمات ........................................ 61

2 . مەركىزىي ئاسىيا سىكىف — ساك تارىخىنىڭ

بايانى ........................................ 82

3 . دىڭىزلار ۋە ئۆلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ....95

4 . مەركىزىي ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەرنىڭ شە-
كىللىنىشى ........................................ 110

5 . تۇران تىل سىستېمىسى ۋە ئۇيغۇر، قىپچاق
تۈركىي تىل گۇرۇپپىلىرى ........................ 126

**ئۈچىنچى باب تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە
ھېكايەتلەر ........................................ 145**

1 . «ئالتۇنباش بۆرە» سىمۋولى ۋە «ئوغۇزنامە» ئې-
پوسى ........................................ 145

2 . ئەپراسىياپ — ئالپ ئەرتۇڭاخان رىۋايىتى ...167

3 . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئاخمانىلار ئىم-
پېرىيىسى بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭلىرىگە ئائىت تا-
رىخىي رىۋايەتلەر ........................................ 184

4 . كۆي — دى قەبىلىلىرىنىڭ سىرىق دەريانىڭ
شىمالىدىكى ھايات پائالىيىتىگە دائىر رىۋايەتلەر ۋە
خاتىرىلەر ........................................ 192

**تۆتىنچى باب مەركىزىي ئاسىيا شەھەر - قەلئە مەم-
لىكەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى ...... 210**

1 . سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە بوستان مەملىكەتلىرى-
نىڭ شەكىللىنىشى ........................................ 210

2 . كۆي — دى قەبىلىلىرىنىڭ شەھەر - قەلئەلى-
رى توغرىسىدا قىسقىچە تەپسىلات.................. 223

3 . لوپ — خوتەن يۆنىلىشىدىكى شەھەر - قەل-
ئەلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى ............... 232

4 . يەكەن ۋە تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر - قەلئەلەر-
نىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى ..................... 253

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5 . شەرقىي ۋە شىمالىي تەڭرىتاغ شەھەر ـ قەلئەلە-
رىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى .................. 271
6 . تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئە
دۆلەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئوبزورى ........ 284

## ئىككىنچى بۆلۈم
## قەدىمكى تۇراندا ھۇن، توخار ۋە ئېفتالىت سەلتەنەتلىرى

بىرىنچى باب ئىسكەندەرنىڭ تۇرانغا كىرىشى ۋە ئۇ-
نىڭ تارىخىي ئاقىۋىتى.............................. 311
1 . ئىسكەندەرنىڭ تۇرانغا كىرىشى ............... 311
2 . چىن ۋە ماچىن دىيارى ھەم ئىسكەندەر زۇلقەر-
نەيننىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى رىۋايەت-
لەر ................................................. 333
3 . گرېكلەشكەن دۆلەتلەر ۋە سېلېۋكلار سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ماۋەرائۇننەھر ........................ 353
4 . گرېك ـ باكتىرىيە دۆلىتى ۋە ئېللىنىزملىق
مەدەنىيەت ......................................... 360
ئىككىنچى باب ھۇن سەلتەنىتىنىڭ تۇراننى بىرلىككە
كەلتۈرۈشى ....................................... 376
1 . ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى........................ 376
2 . توخارلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى ۋە غەربىي يۇرت-
تا ھۇنلار تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى .................. 396
3 . ئىككىنچى قېتىملىق «مايى ھىيلىسى» ۋە ھۇن —
خەن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى .................. 409
4 . ھۇن سەلتەنەتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ھۇنلار

نىڭ غەربكە يۆتكىلىشى...................... 427
ئۈچىنچى باب كۇشان ۋە ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى تۇران ............................................ 443
1 . توخارلارنىڭ غەربىي تۇرانغا جايلىشىشى...... 443
2 . كۇشان خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى ............................................ 451
3 . ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە كۇشان خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ........................ 461
4 . كۇشان ۋە ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت 473

## ئۈچىنچى بۆلۈم
## دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر تۇران خانلىقلىرى

بىرىنچى باب كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تۇراننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ............................................ 493
1 . كۆكتۈرك خانلىقى ھارپىسىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە تۇرپان قاڭقىل خانلىقى ......... 493
2 . كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تۇراننى قايتا بىرلەشتۈرۈشى ............................................ 503
3 . كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە جاڭ سۈنشەننىڭ تۇراننى پارچىلاش تاكتىكىسى ........................... 511
4 . كۆكتۈرك خانلىقى زامانىدا تۇران — ئىران — ۋىزانتىيە مۇناسىۋەتلىرى.......................... 520
5 . تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆكتۈرك خانلىقىنى پارچىلاپ تىزگىنلىشى ........................................ 526

6 . كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۈنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرى ........................ 538
**ئىككىنچى باب تۇران يايلاق ۋە بوستانلىقلىرىدىكى پارچە هاكىمىيەتچىلىك ................................ 550**
1 . VII — VIII ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى ................................................. 550

**پايدىلىنىلغان كىتابلار ۋە ماتېرىياللار ........... 561**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# مۇقەددىمە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھۆرمەتلىك كىتابخان :

ھەر بىر زامان كەزگەن جەرياننىڭ ئۆز تارىخى بولغىنىدەك ، ھەر بىر ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن جۇغلانغان مىللىيەتلىك تارىخى بولىدىغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس . مۇئەييەن كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى قانداق مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە بولسا ، ھەر بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي روھىيەت ئەنئەنىسىنى بويلاپ كەزگەن ئۇزاق مۇساپىلىك تارىخى شۇنداق يېتىلدۈرگۈچى ئەھمىيەتكە ئىگە . كىشى ھاياتىدا بەزى كەچۈرمىشلەر ئۇنتۇلىدۇ ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۆمۈر جەريانلىرى ۋە روھىيەت چەمبەرلىرىگە تامغا سالغان خاتىرىلەر ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشلەردىن ئىبارەت . ئۇنتۇلغۇسىز كەچۈرمىشلەر بىلەن بۇ كەچۈرمىشلەر قوينىدا ياتقان تەپەككۇر مەنىدارلىقىنى يادىغا ئالالماسلىق بىر ئىللەت . ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى ئۇنتۇغان . شۇ سەۋەبلىك ئەپسانە ياكى تارىخىي مۇئەمما تەتقىقاتچىلىرى بۇ بوشلۇقنى ئۆز تەخمىنلىرى بىلەن تولۇقلاشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە . بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ، بىر پۈتۈن تارىخنى ئۇنتۇپ كېتىش ۋە ئۇنى قايتا بىلىپ ئېلىش

زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلالماسلىق ! ئەگەر غەيرىي ، زوراۋان كۈچلەر تەرىپىدىن تۈپتىن بۇرمىلانغان تارىخنى ئۆز تارىخى دەپ قاراشقا مۇپتىلا بولغۇچىلار توغرىسىدا سۆز قىلىشقا توغرا كەلگەندە ، ئېيتىش مۇمكىنكى ، بۇ كەلگۈسى ئۈچۈن تارىخ يارىتىش ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولغان ۋە بىھوشلۇق ئۇيقۇسىدا ياتقان مىللەتنىڭ پاجىئەسىدۇر . بۇنداق مىسلىسىز پاجىئەگە غەرق بولغان ۋە ئۇنى نورمال تۇرمۇش رىجىمى دەپ بىلىشكە كۆنگەن مىللەت ھەمىشە ئۆز تارىخلىرى بىلەن مەرىپەت مەشئەلچىلىرى پاجىئەلىك دەپنە قىلىنغان لەھەت تۈپرىقى ئۈستىدە ئەمەل - مەنسەپ ، يۇرتۋازلىق ۋە تۇرمۇش ھەشەمىتى ھاۋاسىدا قامغاقتەك دومىلاپ يىللارنى ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە قادىر ئەمەستۇر .

مەركىزىي ئاسىيا ، باشقىچە ئېيتقاندا ، «ئىچكى ئاسىيا» ياكى «قەلبى ئاسىيا» ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراقتا تۇرغان ۋە بەھەيۋەت تاغ - دەريالارنى كۆكسىگە ئالغان خاس بىر زېمىنى . ئۇ كونا قۇرۇقلۇق دەپ ئاتالغان ئاسىيا — ياۋروپا — ئافرىقا چوڭ تۇتاشما قۇرۇقلۇقنىڭ جۇغراپىيىلىك ، ئانتروپولوگىيىلىك (ئىنسانشۇناسلىق) ، ئېتنولوگىيىلىك (مىللەتشۇناسلىق) ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى جەھەتتە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قىسمى . مەركىزىي ئاسىيا زېمىنىنى يەر شارى خەرىتىسىدىن بىر مىنۇت چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمىغىنىدەك ، بۇ رايوننىڭ ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن چەتلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە خاس قىممىتى بىلەن ئۆز خەلقىگە تەۋە بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ كەمكۈتىسىز بىر

قىسمىلىق سالاھىيىتى بىلەن ئالەمشۇمۇل ئومۇمىي كىشىلىك قىممىتىگە ئىگە . بىلىش ھاجەتكى ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي قاتلاملاردىكى پائالىيەت تارىخىنى مۇستەسنا قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ھېچبولمىغاندا ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسىدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى يورۇتۇش ئاسان ئەمەس . ئىنسانىيەت تارىخى ئۇنىڭ ھەرقايسى تۇركۇملىرى ۋە قاتلاملىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن تەركىب تاپقان ، ئۆزگىچىلىكلەر ئىچىدە بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەنتىقىلىرى جىلۋىلەنگەن تارىخ پەلسەپىسىدىن ئىبارەت .

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بىرى . مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى . مەركىزىي ئاسىيا شىمال بىلەن جەنۇب ، شەرق بىلەن غەرب مۇناسىۋەتلىرى تارىخىدا ، ئاسىيا — ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە مىللەتلەر چوڭ كۆچۈشى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان ، قېلىن چۆكمە قالدۇرغان قاينار بۇلاق ۋە ئۆتۈشمە بەلۋاغ بولغان . ئۇ ئۆز قوينىغا ئارىيان ئىرقىدىكى ئىنسان تۇركۇملىرى ، تۇران ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ كۆپ ۋارىيانتلىق ئېتنوگېنېزىسى ۋە مەدەنىيەت ئېتنولوگىيىسى تىلسىمىنىڭ ئاچقۇچىنى كۆمگەن ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ھازىرقى زامان ئاسىيا - ياۋروپادىكى بىر قاتار دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئالاقىدار بىر قاتار تېپىشماقلارنى يوشۇرغان . ئۇ ئەركىن - ئازادە ، ئىلمىي — دېموكراتىك يېڭى تارىخشۇناسلىقنىڭ ئۆزىنى بايقىشىنى كۈتۈپ ئەسىرلەرنى ئۆتكۈزمەكتە .

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئاسىياچە ئاق جىنسلىق ئىنسان گۇرۇھى بىلەن سېرىق جىنسلىق ئىنسان گۇرۇھىنى

بىرلەشتۈرگەن ؛ يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستان مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرگەن ؛ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزىدىن ھالقىغان كۆپ قىرلىق ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ تۈر ۋە ژانىردىن مۇجەسسەم بولغان يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن خەلقئارا خاراكتېرگە ئىگە ئارىلاشما — سىڭىشمە مەدەنىيەت ئىختىراچىلىرى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان .

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزى ياراتقان ۋە ئېرىشكەن مەدەنىيەت تىپىنى ئۆزىگە مىللىيەتلىك ، رىجە ، مەكتەپ ۋە مۇنبەت ئانا تۇپراق قىلىشتى . ئامېرىكىلىق مورگان تەرىپىدىن «تۇرانىيە تىپى» دەپ ئاتالغان بۇ مەدەنىيەت تىپى ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىگىچە ئۆتكەن قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇلىدا شەكىللەندى ۋە يىراق ئۆتمۈشتىن بېرى تارىخ دولقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ زامانىمىزغا يېتىپ كەلدى . مېنىڭچە ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىنى يورۇتۇش ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما مەنبەلەردىن تاشقىرى ، يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى ، بولۇپمۇ مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت ئىرسىيەتچىلىكى تەتقىقاتىغا تايىنىشى لازىم . ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئەگەر ئۇ بىرىنچىدىن ھەقىقىي — ياسالما ئەمەس ، ئىككىنچىدىن بىر پۈتۈنلۈك يەنى ئىزچىللىق ھاسىل قىلغان بولغىنىدا ئۇ تارىخنىڭ ھەقىقىي چۆكمە ئۇچۇرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . تارىخ باشتىنلا قىيا تاشلارغا ، تۇرمۇش روزىغارلىرىغا ئۆز ئۇچۇرىنى قالدۇرۇپ كەلگەن ، بۇ يېزىقسىز ئىپادىدىن ئىبارەت . يېزىق بىلەن ئىپادىلەش ، ئەگەر ئۆز تارىخچىسى ، ئۆز سالنامىچىسى چىنلىق بىلەن يازغان بولماستىن ، باشقا خەلقلەر ۋە ئوردىلار تارىخچىلىرى يازغان تارىخ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مەنبەلىرى بولىدىكەن كۆپ ھاللاردا كەمسىتىش، ئاڭلىغانلىرى بويىچە يېزىش، قىسمەنلىكنى ئومۇملۇق ئورنىغا دەسسىتىشتەك بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئابستراكتلىق ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت تەنقىدىي پايدىلىنىش ئوبيېكتى بولالايدۇ، خالاس. تارىخنى تارىخنىڭ چۆكمە ئۇچۇر تىزمىسى ۋە مىللەتنىڭ فولكلور — ئېتنىك مەدەنىيەت تىپى ئىۋالىيۇتسىيىسى (تەدرىجىي تەرەققىياتى) بويىچە ئىزاھلاش، ئەڭ ساغلام، ئۆز گەۋدىسى ئارقىلىق ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش لاياقىتىگە ئىگە ھەقىقىي تارىخ تەتقىقاتىدۇر.

مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي، شەرقىي ۋە غەربىي زېمىنلاردا ياشىغان تۈركۈملىرى ناھايىتى زور ئۆزئارا قاتناش — ئالاقە تەسىرىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى ھادىسىسىنىڭ دائىمىي ھەرىكىتى ئىچىدە، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىنىڭ نىسپىي مۇقىم مىللىي مەدەنىيەت تىپى كاتېگورىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بەزى مەدەنىيەت تىپلىرى بىر قانچە دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك، بەزى مەدەنىيەت تىپلىرى باشقا مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن بىر سىياسىي ھاكىمىيەت تېررىتورىيىسى — بىر دۆلەتتە گەۋدىلەنگەن. دەل شۇ سەۋەبلىك مەدەنىيەتنىڭ ئېتنولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇلمىلىرىغا بويسۇندۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرۇلغان.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە مەدەنىيەت رايونلىرى ھەققىدە كۆپ. شۇنىڭدەك ئۇ پولات قەلئە ئەمەس. شۇ نەرسە روشەنكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ دۇنيا (مۇھىت)دىكى ئورنى مەسىلىسى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق بەلگىلىگەنلىكى مەسىلىسى ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئادەمدىن

هازىرقى زامان كىشىلىرىگىچە كىشىلىك قارىشىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۇيۇتقۇچىسى بولۇپ كەلگەن . ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قارىشى (جۇملىدىن ئىنساننىڭ يېتىلىشى ، كامالىتى )نىڭ ئۆزىكى (يادروسى ) قىلغان ياۋروپا مەدەنىيەت تىپى بىلەن ئىنساننىڭ پادىشاھ (ھاكىمدار )غا بولغان ھوقۇق - دەرىجە مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قارىشىنىڭ مەركىزى قىلغان شەرقىي ئاسىيا (بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك ) مەدەنىيەت تىپىنىڭ پەرقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ . ئومۇملۇق جەھەتتە ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تاكى ئىپتىدائىي قۇياش ئىلاھچىلىقى ۋە كۆك تەڭرى ئېتىقادى زامانلىرىدىن ھازىرغىچە ئىنسان بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى (گۇمانىستىك سوپىزم ئېقىمىدا ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ مۇقەددەس مۇناسىۋەتلىرىنى ) كىشىلىك قارىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە گىر ئېشى قىلىپ كەلگەن . پانتئېزم ئۇنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىستىكىسىنى ھاسىل قىلدى . بۇ ئالاھىدىلىك مەركىزىي ئاسىيا يەرلىك ئاھالىسىنىڭ پۈتۈن مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ روھىي ئالامەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن . مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئوتتۇرا - يېقىن شەرق خەلقلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئىلاھىيەتكە بولغان مۇناسىۋەت قاراشلىرىدىكى مۇئەييەن ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ يىپەك يولى باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەقىدە تېندىنسىيىسى بىلەن فولكلور مەدەنىيىتى يېقىنلىقىنى مەيدانغا چىقارغان . ئېيتىش ھاجەتكى ، مەدەنىيەت تىپلىرى ۋە تۈركۈملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىنى ئالىي ئىرقىي مەدەنىيەت ياكى پۈتكۈل كىشىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي چەشمىسى ، دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈش سىياسىي ھاكىممۇتلەقلىق ۋە مەدەنىيەت ھاكىممۇتلەقلىقى شەكلىدە

ئىپادىلەنگەن ھاكىم مىللەتچىلىك — جاھانگىرلىك قارىشىدۇر.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ياراتقان «ۋاقتى ئۇزۇن، سەنئىتى سەرخىل، قىممىتى يۇقىرى»[1] مەدەنىيەت بىر تەرەپتىن خۇددى دوكتور ئالبېرت رېگېل ئېيتقاندەك: «خۇددى رىم خارابىسى سىياقىدىكى خارابە»گە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ يەرلىك بولمىغان يىراق ئەللەر ۋە خەلقلەر تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىزاھلىنىپ كەلدى. سۋېن ھېدىن ئىزىنى بويلاپ ستەين، گرۈنۋېدىل، لېكوك ۋە پېللىئوتلار تارىم ـ تەڭرىتاغ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى ياۋروپاغا يۆتكەپ، ئۇنى «گرېك — رىم ئۇسلۇبىنىڭ ئاسىياچە تەقلىدى» دېيىشسە، شاڭدا ئەپەندى قاتارلىق تەتقىقات نوپۇزلۇقلىرى «تارىملىقلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتى بولمىغان، ئاتالمىش تارىم مەدەنىيىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ئىبارەت» دېيىشتى. خارابىلار ئىچىدە خارابىدەك خارلىقتا قالغان يەرلىك خەلقتىن ھېچقانداق ئۆز ـ ئۆزىگە ھامىيلىق قىلغۇچى ئېتىرازلىق ئەكس سادا چىقمىغاندىن كېيىن، 1936 ـ يىلى پۈتۈن كىشىلىك ياپون سامۇرايلىرى ۋە گېرمان ناتسىستلىرى قوزغىغان فاشىزم پاراكەندىچىلىكىگە قارشى پۈتۈن دۇنيا ھەمدەملىك تۈزگەن ۋاقىتتا زېڭ ۋېنۋۇ ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق كىتابى بېسىلىپ تارقالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا بولغان مىللىي غەزىپىنى زۇلمەت ۋە خاكىسارلىقتا ياشاۋاتقان مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىگە قارىتىپ تارىخىي قىساسكارلىق چۇقانلىرى كۆتۈرگەن بۇ «قەھرىمان» 500 مىڭ خەتلىك كاتتا كىتابىغا مۇنداق بىر شېئىرنى مۇقەددىمە قىلغان.

[1] كېلىنا: «ئاسىيا ئېگىزلىكى ئىلمىي قىدىرىش ئۆمىكىنىڭ دوكلاتى»، 3 ـ قىسىم، 128 ـ بەت.

ئاي قورۇلغا سەپتى نۇر خەن، چىن زامانىدىن بۇيان،
قايتمىدى كىشىلەردىن بىرى چېگرا تامان.
ھەددىمۇ خۇر (غۇز) ئېتىنىڭ چوغاي تېغىدىن ئۆتكىلى،
بولسىلا لى گۇاڭ كەبى سەركەردە بىزگە پاسىبان.

ياندى سانغۇن زەر ئېگەر تورۇق ئېتىنى ئوينىتىپ،
تۇرسىمۇ ئاسماندا ئاي، جەڭگاھدا ھۇۋلاپ جۇت - بوران.
شۇندىمۇ سېپىل بېشىدا تىنمىدى جەڭ دۇمبىقى،
قىنىغا كىرمەس قىلىچتىن يەرنى بويلاپ ئاقتى قان.

قارىماققا ئاپتورىمىز تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ چاڭلىڭنىڭ سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا يازغان شېئىرىنى ئۆز ئىلھامىنىڭ چاچراتقۇسى قىلغان. ئۇ كىتابىدا «ئەجدادلىرىمىز ئۆتكۈر قىلىچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خۇرلارنى چېكىندۈرۈپ، زېمىنىمىزنى كېڭەيتىپ، جەمەتلىرىمىزنى كۆپەيتكەن. خۇرلارغا قارشى ئىش - ھەرىكەتتە ئۆتكۈر قىلىچلار ئىشقا سېلىنىپ قالماستىن، يەنە يىراقتىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى بىلەن ياندىكىلەرنى تىنجىتىپ، ئارقىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ھېيلىسىمۇ قوللىنىلغان. . . بۇ قانداق تاكتىكا؟ بۇ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تاكتىكىسىدىن ئىبارەت» دېگەن. ناھايىتى روشەنكى، «غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئاساس قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، ئىران — ئەرەبىستان ۋە كىچىك ئاسىيا، ياۋروپانىڭ شەرقى ۋە ئوتتۇرا قىسمى»نى ئۆز كۆلىمىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى «غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تاكتىكىسى»نىڭ ئاشكارا يېزىقتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىپادىسى ئىدى . ئاپتورنىڭ «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئۆزبېك غەربكە ئاتلىنىش ئىشىكى قىلغان» بۇ تاكتىكىلىق سىخېمىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇڭگونىڭ تاشقى هويلىسى هېسابلىناتتى !

ئەلۋەتتە ، زېڭ ۋېنۋۇ ئەپەندىنىڭ تارىخ قارىشى ئۇنىڭ مىللەت ۋە كىشىلىك قارىشىغا ئاساسلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ۋە قاچانغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى نامەلۇم . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، بېكىنمە تېررىتورىيىلىك ئەسەبىيلىكنى شۆھرەتلىك قەھرىمانلىق هېسابلايدىغان ئاتىسىتلارچە ياكى سامۇرايلارچە بۇ خىل قاراش سىستېمىسى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى ئاساسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىدىيىلەر بىلەن تويۇنغان كەلگۈسى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن مەسخىرىلىنىشى مۇقەررەر .

ئۇنتۇلغان ۋە يادىغا ئېلىشقا ئىدرىكى يەتمىگەن تارىخ ، بىر يۇمىلاپلا هاقارەتلەنگەن ۋە «ئىدارە قىلىش تاكتىكىسى»نىڭ پۈت قويۇش تاختىسى بولغان تارىخقا ئايلىنىپ قالغان ! مېنىڭچە ، تارىخ تەتقىقاتىنىڭ هەقىقىي ۋەزىپىسى ۋە نۇرانە مەسئۇلىيىتى كۆمۈلگەن تارىخنى تېخىمۇ كۆمۈپ تاشلاش ، ئېچىلىپ قالغان قىسمىنى بۇرمىلاش ئەمەس ، بەلكى ئۇنى ئۆز هەقىقىتى ، سالاهىيىتى بىلەن يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىشتۇر . ئۆتمۈش ئادىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇلمىغان جايدا نۇرانە كەلگۈسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! ئېيتىش كېرەككى ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق قىممىتىدىكى بىر پۈتۈنلۈكى بىلەن ئۆزىنىڭ ياكى تەڭ قىممەتدار — تەڭ هوقۇقدار بىر قىسمىنىڭ ئۇنتۇلغان ياكى تۇمان ئىچىدە قالغان تارىخىنى قايتىدىن بىلىشكە ، يورۇتۇشقا موهتاج . يورۇتۇلغان تارىخ ، ئىنسان ئۇچۇن پرۇمېتى تېنىدىن ئۈزۈلگەن زەنجىردۇر ! بۇ هەر خىل سىياسىي گورۇهلار ۋە

ئۇلارنىڭ ئىغىز ۋە يېزىقتىكى خىتابەتلىرىنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى كۆرسەتكۈچى سىترېلكا !

مەركىزىي ئاسىيادا نۇرغۇن تارىخىي قىسمەتلەر چۆكمىگە ئايلاندى . ئەمما مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرى مىللىيەتلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تارىخى ياراتقاندىن كېيىن ئۇ ئاق جىنسلىق ئارى[1]— ساك خەلقلىرى بىلەن ، ساكلارنى ئاساس قىلىپ ، قىسمەن موڭغۇلوئىد (سېرىق جىنس ) خەلقلەرنى بىرلەشتۈرگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولۇپ كەلدى . مېنىڭچە ، مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي قوۋملىرىدىن ئىبارەت ئىككىلەمچى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئاساسىي ئېتنوگېنىز جەھەتتىن يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوپ — ئارى ، سىكتاي — ساكلاردىن ئىبارەت بىرلەمچى ئىنسان تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت . بۇ ئىككى خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنس ئىنسان تۈركۈمىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6 — 7 مىڭىنچى يىللاردىن مىڭىنچى يىللارغىچە ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ مىلادىيىدىن كېيىنكى مىڭىنچى يىللاردىن كېيىنكى تۈركىي ئەۋلادلىرىغا بولغان مۇناسىۋىتى دېيىش مۇمكىن . بۇ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ قىسمەن قوۋملىرىدىكى پاراللېل زامانداشلىقتا قاراپ ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي تارىخىي مەنبەداشلىق ئالاقىسى بولمىغان باشقا - باشقا ئىككى خەلق قىلىپ قويۇش تارىخىي چىنلىققا زىتتۇر . بۇ يېقىنقى بىر قانچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى مەركىزىي ئاسىيانىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەركىزىي ئاسىياسى ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ تۈركىي خەلقلەر ھەقىقىي ئېتنولوگىيىلىك مۇجەسسەم گەۋدىسىگە

① گرېكچە كۆپلۈك مەنىسىدە «ئارىيان» دەپ ئاتىلىدۇ .

www.uyghurkitap.com

ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئاق جىنسلىق ئەجدادلىرى بولغان ئارى — ساكلارنى (جۈملىدىن دىڭلىك، ئۈجىيە، توخار ۋە سوغدىلارنى) ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى — ۋارىيانتى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمىدىن ئىبارەت.

مەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىنى، نۇقتىلىق ئېيتقاندا، تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى ھەقىقىي تارىخشۇناسلىق، ھەقىقىي ئىنسان مەدەنىيەتشۇناسلىقى ئىلمى تەلەپلىرى بويىچە قايتا تەتقىق قىلىشنى پۈتۈن كىشىلىك سىۋىلىزاتسىيىسى، ئەركىن ۋە ئىلمىي تەپەككۇر يۈكسىلىشىنىڭ زۆرۈرىي شەرتى ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىشى دەپ قاراپ كەلدىم. ئىنسانىيەت تېخى گۆدەك، ئۇ ئەمدىلەتىن ئۆز – ئۆزىنى بىلىش ۋە ئاقىلانە باشقۇرۇشقا يۈزلەنمەكتە. ئۆتمۈشتىن نۇرانە ۋە ئىقتىدارلىق بولغان كەلگۈسىنى توسۇيالايدىغان قۇدرەت يوق. بۇ خۇددى كەلگۈسىدە جىنايى ھەۋەسلەر، ئىشكەل ۋە كىشەنلەر، نەيزە – قالقانلار تارىخنىڭ جاھىلىيەت دەۋرى ئىزنالىرى بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭغا بېقىنغان ۋە ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن زېمىندىكى ۋە بىر تۇتاش ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىدىكى مەسخىرىلىك ئورنىنى ھەم بىر تەرەپلىمە ئىللەتلىرىنى چۈشەنمەيدىغان تەلۋە، ئەسەبىي ۋە ياللانما تارىخشۇناسلىق دەستۇرلىرىمۇ، شۇنداق جاھىلىيەت ئېراسىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالىدۇ. بىلىش كېرەككى ھەقىقىي قەلب ئۈچۈن قورقۇنچلۇقى كەلگۈسىدىكى روھىيەت مەسخىرىسىدۇر. ئېيتىش كېرەككى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقى تارىخنىڭ ھەقىقىي تەجەللىسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ شادىيانىسىدۇر. ئۇ قىسمەنلىكتە ئۆزىنى نۇسرەت سۈيىدە ئېرىغداپ قالماستىن، ئومۇملۇقتا پۈتۈن كىشىلىك تارىخىغا يېڭى ھۆسىن قوشقۇسى.

تارىخ — ئىنسانىيەت پائالىيىتى ۋە بىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ھېكايىتى . ئۇنىڭ ھادىسىلىرى چىرىگەن تەندەك ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىرى ئۆلمەس روھتەك مەڭگۈ كېيىنكى تارىخنىڭ ئۇلىنى تۈزۈپ ، كېيىنكى ئەۋلادلار روھىيىتىنى چېنىقتۇرىدۇ . XVIII ئەسىرگىچە دۇنيا تارىخى ئاساسەن يەھۇدىيلار ، گرېك ۋە رىملىقلار بىلەن غەربىي ياۋروپا تارىخى ئىدى . ئۇ چاغدا مىسىرلىقلارنىڭ ، مىسوپوتامىيىلىكلەرنىڭ تېخىمۇ يىراق تارىخى بىلەن كىرىت ئارىلى ۋە ئىگەي دېڭىزى ساھىلىدىكى قەدىمكى خەلقلەر تارىخى تېخى دىققەت نەزىرىدىن خېلىلا يىراق ئىدى . ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى زامانىدا «شاھنامە» ئىرانىنىڭ «قۇتقۇزۇلغان» تارىخى دېيىلگەنلىكى ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ چىڭگىزخاننى ئۆتمۈش — ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆز دەۋرى ئارىسىدىكى تارىخىي نامايەندە قىلغانلىقى مەركىزىي ئاسىيا تارىخىنىڭ نەقەدەر ئۇنتۇلغانلىقىدىن دېرەك ئەمەسمۇ ؟ ! ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا دۆلەت — جۇڭگو تارىخىغا دۇنيا بويىچە قىزىقىش تېخى XX — XXI ئەسىردىن كېيىنكى ئىش . روشەنكى ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ جۇزئى قىسىملىرىدىكى «بايقىلىش» تېخى تۈگەللەنگىنى يوق .

مەن بۇ كىتابنى 1965 — 1975 - يىللىرى ئارىسىدىكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» زامانىدا ، ئۆزۈم «ئوڭچى — يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى ئاستىدا رېجىمدە تۇرۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئالتە كىتاب رىجىسى بويىچە يېزىشقا كىرىشكەنىدىم . بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئاسىيا - ياۋروپا مىللەتلەر كۆچۈش تارىخى» ناملىق خاس ئەسەرگە تۇتۇشقانىدىم . بىر قانچە قېتىملىق «كىچىك خانىگە قاماپ قويۇش» (ئۇ چاغدا بۇ «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى» دەپ چىرايلىق ئاتىلاتتى ) ۋە ئۆي ئاختۇرۇش ، كىتاب كۆيدۈرۈشلەر تەھدىتىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئالتە قىسىم پىلانلىغان كىتابىمنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمىنىلا يازالىدىم. كىتابقا ۋاقىتىنچە «جاۋاھىرۇل ھاقايىق (ھەقىقەتلەردىن جاۋاھىرلار)» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۇنى نامەلۇم قەدىمكى زامان ئاپتورىنىڭ ئەسىرى تۈسىدە ھەر ئېھتىمالغا قارشى يوشۇردۇم.

1986 - يىلى بۇ ئىككى قىسىمنى بىر كىتاب قىلىپ، ئۇنىڭغا «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دەپ نام قويدۇم. يېقىندا بۇ ئورىگىنالنى قايتا قولۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنى ئەسلى پىلانلىغان «تۇران تەزكىرىسى» دېگەن نام ئاساسىدا «قەدىمكى تۇران تارىخى» دەپ ئاتىدىم. مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى تارىخىغا ئاتىغان بۇ كىتابىم ئالتايدىن ئالتۇنتاغقىچە، تەڭرىتاغ، تەڭرىتاغ (چىلىيەنشەن)[①] دىن پامىر (كۆكئارت) غىچە بولغان مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەركىزىي دىيارىنى، باشقىچە ئېيتقاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئانا ماكانىنى ئۆز سەھىپىلىرىنىڭ ئاساسلىق يورۇتۇش نۇقتىسى قىلىدۇ.

مەن بۇ كىتابنى ئۇنىڭ كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلىۋاتقىنىمدا، تارىخنىڭ بىلىم ۋە روھىيەت قاتلىمى تېخى مەردانە ھەقىقەت، ھەقىقىي ئىنسانىيەتچىلىك دەۋرىگە تولۇق قەدەم قويمىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە

---

① گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ تاغ تارىختا بولۇپمۇ ھۇنلار زامانىدا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە نەنسەن (南山) دەپ ئاتالغان، چىلىيەنشەن (祁连山) دەپمۇ ئاتالغان. بۇ تاغ چىلىيەن تېغى، جىلەن تېغى، تىلەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ. «چىلىيەن» ياكى «تىلەن» ھۇنچە ئىسىم بولۇپ، تەڭرىگە سىغىنىش مەنىسىدە دەپ قارىلىۋاتىدۇ. چىلىيەن تېغى قەدىمدە جەنۇبىي چىلىيەن تېغى ۋە شىمالىي چىلىيەن تېغى دەپ ئايرىلاتتى. شىمالىي چىلىيەن تېغى دېگەندە شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ كۆزدە تۇتۇلاتتى، جەنۇبىي چىلىيەن تېغى دېگەندە، كۆكئارت (پامىر) نىڭ بىر قىسمى، قورۇم (كۇئېنلۇن) تاغلىرى، ئالتۇن تاغ ۋە ھازىرقى چىلىيەن تېغى يەنى گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى چىلىيەن تېغى قاتارلىقلارنى بىراقلا ئۆز ئۇقۇمى ئىچىگە ئالاتتى. «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى جەنۇبىي تاغ (南山) دەل ئاشۇ بىر قاتار تاغلارنى كۆرسىتەتتى. شىمالىي تاغ (北山) دېگەندە تەڭرىتاغ كۆزدە تۇتۇلاتتى. ئالىمنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى ھازىرقى چىلىيەن تېغى.
— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

كۆنساناپ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى تارىخىغا ئائىت يېڭىدىن - يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارنىڭ تېپىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ داۋاملىق كۆپىيىپ، بىزنىڭ قاراشلىرىمىزنى تولۇقلاشقا، ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. تارىخ، نوقۇل ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارنى ئاشكارىلاپ قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ تارىخىي قاراشلىرىنىمۇ بىر ئىزىدا توختىتىپ قويمايدۇ. كەلگۈسى ئىزگۈلۈك ۋە گۈزەللىكنىڭ تەنتەنە دەرگاھى بولىدىغانلىقى ئېنىق. ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسى بۇ تەنتەنىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت.

1994 - يىل، كەچكۈز، ئۈرۈمچى.

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئىپتىدائىي تۇران جەمئىيىتى

www.uyghurkitap.com

[illegible]

# نازك الملائكة

[illegible]

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى

## 1 . قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

يەر شارىنىڭ كىشىلىك ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر مۇھىتى بىئولوگىيىلىك تەرەققىياتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانات تۈركۈملىرىگە ماس ياشاش شارائىتلىرى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن شەكىللەندى . ئوخشاشلا ئۆسۈملۈك ، ھايۋانات بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاناتلارنىڭ ياشاش شارائىتلىرىنىڭ تەدرىجىي ھالاكەتكە يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ تەبىئىي ھالدا ئىنساننىڭ ھايات شارائىتلىرى ئاخىرلىشىشى مۇمكىن . ئەگەر ئاسمان جىسىملىرى ھادىسىلىرى تۈپەيلىدىن زېمىندا ۋىرۇستىن ئىنسانغىچە بولغان جانلىق جىسىم ھالاكىتى يۈز بەرمەي ، يەر شارىدىكى كىشىلىك ھاياتى شەرتلىرى بۇزۇلۇشى تۈپەيلى ئىنسانىيەت ھالاكىتى يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ ، كىشىلىكتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان ۋە ھايات تەلەپلىرى كىشىلىكتىن تۆۋەن بولغان جانلىقلار يەنە بىر مەزگىل ياشىشى تەبىئىي . شۇنداق قىلىپ مەلۇم بولدىكى ، ئىنسانىيەت خۇددى ھەر بىر شەخستەك ئىككى «يوقلۇق» (ئەدەم ) ئارىسىدا ئۆز ھاياتىنى ، ئۆز تارىخىنى

يارىتىدۇ . هايات مۇساپىسىدە ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللىنىماق هەر بىر ئادەم ئۆمرىدىكى ئەڭ ئالىي مەقسەت قىلىنىشى لازىم بولغىنىدەك ، كىشىلىك تارىخىغا نۇرانە تۆھپە قوشماق هەر بىر خەلقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە ئالىي ئىپتىخارىدۇر .

يەر شارىنىڭ كىشىلىك هاياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى هەرقايسى زۇنىلارنىڭ هەرقايسى خەلقلەرگە بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىۋاسىتە گەۋدىلەنگەن . هەر خىل جۇغراپىيىلىك رايون ۋە ئىقلىم چەمبەرلىرى هەر خىل ئېتنولوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن تۇتاشقان . ئىنسانىيەت گەرچە هايۋانات دۇنياسىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ۋە ئەركىن يۆتكىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ ، ئومۇملۇق جەھەتتە يەنىلا مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك چەمبەر ۋە مۇئەييەن ئېتنولوگىيىلىك تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈپ ياشاپ ئۆز تارىخىنى يارىتىپ ، ئۆز ئەنئەنىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن .

«ۋەتەن» چۈشەنچىسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە هەر خىل مەنىدە بولۇپ كەلدى . ئۇ كېيىنچە هۆكۈمرانلىق سەلتەنەتلەر تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى دەخلىسىز بولغان دۆلەتلەر ياكى دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى هەر خىل خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق رىشتە سۈپىتىدە تەكىتلەندى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىدۇكى ، «ۋەتەن» ئىككى قاتلاملىق مەنىدىكى ئېتنولوگىيىلىك تامغا ۋە ئاڭدۇر . بىرىنچىدىن ، هەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياشاپ كەلگەن ماكان — جۇغراپىيىلىك چەمبىرىدۇر . بۇ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ، تارىخىي جۇغراپىيىلىك ، رېئال — ئىجتىمائىي جۇغراپىيىلىك ماكان چەمبىرى بولۇپ «ۋەتەن» كاتېگورىيىسىنىڭ تاشقى شەرتىنى كۆرسىتىدۇ . هەر بىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ ماكان چەمبىرىدە كۆز يورۇتىدۇ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىككىنچىدىن ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياراتقان ، ۋارىسلىق قىلغان مىللىي مەدەنىيەت تىپى ، ئۇنىڭ روھىيەت خەزىنىسى — تىل ، فولكلور ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، ئۆرپ ـ ئادەت ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش رىجىسى ، مىللىي تارىخى ، ئەقىدە ـ مىزانلىرى ، پەخىر ـ ئىپتىخارى ۋە ئار ـ نومۇس ئادەتلىرىدىن ھاسىل بولغان مىللىيەتلىك چەمبىرى بولۇپ ، بۇ «ۋەتەن» كاتېگورىيىسىنىڭ ئىچكى شەرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ھەر بىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ مىللىيەتلىك چەمبىرىگە تۇغۇلىدۇ ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ .

ھەر بىر ئادەم مۇئەييەن «ۋەتەن» ۋە «مىللىيەتلىك» كە تەۋە بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى ، ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە يوشۇرۇن ئاڭ — تۇغما جىسمانىي ۋە ھېسسىي تامغا باسقان بولىدۇ . ئۇنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئادەم بولالىشى ئومۇمەن ئۇ ياشىغان تارىخ مەزگىلىدىكى «ۋەتەن» ۋە «مىللىيەتلىك» قىممىتىگە باغلانغان .

«ۋەتەن» خۇددى ئانا قېلىپتەك ئۆز پەرزەنتلىرىنى يارىتىدۇ ؛ ئوخشاشلا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئانا «ۋەتەن»نىڭ ھال ـ ئەھۋالى ، قىممەت ـ ئېتىبارى ۋە تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى يارىتىدۇ . ھەر كىم ، ھەر ئائىلە ئۆز ھال ـ پەزىلەتلىرىگە يارىشا ياشىغىنىدەك ، ھەر بىر مىللەتمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئىچكى سەۋەبلىرى — ئۆز تۈركۈمىنىڭ ھال ـ پەزىلەتلىرىگە يارىشا تەقدىر ـ قىسمەت كەچۈرىدۇ .

«ۋەتەن»نى تەشكىل قىلغۇچى تاشقى ماكان ۋە ئىچكى مىللىيەتلىكتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدا ھەل قىلغۇچى ئامىل ئىچكى مىللىيەتلىكتۇر . ئەگەر بۇ ئامىل تارقاق ، نادان ۋە جاھالەت ئىچىدە قالغان بولسا ، تاشقى جۇغراپىيىلىك ماكان ئامىلى ئىستېلا ۋە دەپسەندە پەنجىسىدە ئۆز پەرزەنتلىرىگە زىت ۋاستىگە ئايلىنىدۇ . روشەنكى ، مىللىيەتلىك تىپىك خاسلىققا ۋە

شۇ سەۋەبلىك باشقا مىللىيەتلىك تۇركۇم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشتىن ئۆزگە تەقدىرگە دۇچ كەلمىسىمۇ، ماكان ۋە ئۇنىڭ بايلىقلىرى ھەر قانداق ئېتنىك تۇركۇم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلماي ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ئوبيېكتتۇر. «ۋەتەن»نى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى ئامىلنىڭ بىر - بىرىدىن ئاجرىلىپ كېتىشى بىر - بىرىگە قارشى قىممەتكە ئىگە بولۇشى، تارىخنى بۇرمىلاش ۋە يەرلىك مىللەتنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتىنى ھاقارەتلەشتىن ئىبارەت غەيرىي نورماللىقنى جەزىملەشتۈرىدۇ. تەنتەنىلىك ئىبارىلەر بىلەن بېزەندۈرۈلگەن بۇ تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ پاجىئەلىك ماھىيىتىنى كۆرمەسلىك ھەقىقەتتىن مەھرۇملۇقتۇر. بۇ پاجىئە ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش ساتقۇنلۇقتۇر.

«ۋەتەن» تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش، ئۆز ماھىيەتلىرىنى ئىزدەش، يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەت ئىچىدىكى ھۆرلۇك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە «ۋەتەن» ۋە مىللەتنىڭ نۇرانە ئىقبالىدىن غايەت زور مۇمكىنلىكلەرنى يوققا چىقارمايدۇ. روشەنكى، ھەرىكەت ئالەمنىڭ تىنىقى، ئۆزگىرىش جاھاننىڭ بىقارار قىياپىتىدۇر. مۆجىزە — شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ چېكىگە يەتكەندىكى قايرىلىپ تەبەسسۇم قىلىشىدۇر. تارىخ ھەرقانداق پەيدا قىلغۇچى سەۋەبنىڭ ھالاك قىلغۇچى سەۋەبلىكىنى ئەزەلدىن نامايىش قىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن براخمان دىنىدىكىلەر كۆپ قوللۇق سىۋا ئىلاھىنى ھەم ئالەم بىنا قىلغۇچى ھەم ئالەمنى ھالاك قىلغۇچى مۇئەككەل دەپ ئېتىقاد قىلغانىدى.

ھەرقانداق مىللەت مىللىي تارىخىنى، ۋەتەن تارىخىنى بىلىش ۋە بۇنىڭدىن ئېپتىخارلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ تولىمۇ نورمال ئىنسانپەرۋەرلىككە ئۇيغۇن ئىنسانىي ھوقۇق قارىشىدۇر. ھەرقانداق ۋاستىلەر بىلەن بۇ ھوقۇقنى بوغماق، ھاقارەتلىمەك

www.uyghurkitap.com

ۋە بۇرمىلىماق زېمىن كېڭەيمىچىلىكى ۋە مىللىي شوۋىنىزم ئالامىتى بولۇپ، ئومۇملۇق جەھەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە مەدەنىيلىككە زىت زوراۋانلىقتۇر. مىللەتلەرنى مىللەتلەرگە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇش بىلەن مىللەتلەرنى، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق ۋە مەدەنىيەت تۆركۈملۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى، بۇلاردىن تەبىئىي يوسۇندا كېلىپ چىققان ھوقۇقىي مۇمكىنلىكلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋىجدانسىزلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە قەستكارلىق ھېسابلىنىشى لازىم. بۇ قائىدىلەر ئوچۇق - يورۇق كۆچكە ئىگە بولمىغان جايدا سۆزلەنگەن مۇقەددەس ئىبارىلەر سۈنئىي ياساندۇرۇلغان ساختىلىقتىن ۋە بۇ ساختىلىقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئاشكارىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلقلەر ئارىسىغا ئۇنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ مەلۇم يەنە بىر قىسمىغا قارشى تۇرۇشنى ئىدىيە، روھىيەت ۋە دىپلوماتىك سىياسەت قىلىۋېلىش، ئاتالمىش «يىراقتىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى»دۇر. بۇنداق قىلمىش ئىنسانىيەتنىڭ جاھالەت دەۋرىگە خاس بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھازىرقى زامان جاھالىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تارىخ تولىمۇ ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەلگۈسىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. ئىنسانىيەت تېخى ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر ئىنسانىيەتكە ئايلىنىپ بولالمىغان بولسىمۇ، بۇ جەريان ئۇچقۇر ۋاقىتقا ئەگىشىپ تەدرىجىي يۈز بەرمەكتە. ئاقىلانە ئىنسانىنىڭ بۇرچى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئارىسىدىكى ھازىرقى تارىخنى تېخىمۇ ئىنسانىيلىككە، ئۇنىڭ ئەركى ۋە كىشىلىك قىممىتىگە لايىق قىلىپ يارىتىشتىن ئىبارەت. كەلگۈسىنىڭ كۆچلۈك مەسخىرىسى بىلەن مەدھىيىسى خۇددى قىيامەت كۈنىدىكى ھۆكۈم لەۋھەلىرىدەك ئەبەدىي تەكرارلىنىدىغان يەكۈندۇر. ھەرقانداق ھاكىمىنىڭ سەلتەنەت

تەختى ـ تاجى ، ھەرقانداق پىقىر ـ مەھكۇمنىڭ گادايلىق ھاسا ـ تاۋىقى ، ھەرقانداق مەدەنىيات ياكى ھاقارەت سالنامىلىرى بۇ ئەبەدىي تەكرارلىنىدىغان يەكۈنىنىڭ ھەقىقەت نۇرى ۋە مۇقەددەس كۈچى ئالدىدا ئاجىزدۇر . ھازىرقى ياۋروپالىقلارنىڭ بىر زامانلاردا ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ، نېگىرلىرى ۋە ئېسكىموسلار ئۈستىدىكى مىلتىق دورىسىغا يۆلەنگەن زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى ئەيىبلەيدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشى ئاقىلانىلىك ۋە مەردانىلىقتۇر . ئاجىز خەلقلەر ئۈستىدە يۈز بەرگەن مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ناھەقلىقلارنىڭ قايتا قاراپ چىقىلىدىغان پۇرسىتى بولماي تۇرۇپ ، ئىنسانىيەت نۇرانە كەلگۈسىگە قەدەم باسالمايدۇ . بۇنى ئىنكار قىلىش زوراۋانلىق مەنتىقىسى ۋە روھىيىتىدۇر . بۇنى ئېتىراپ قىلىش جاھالەتتىن ئويغىنىش ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىگە ھەقىقىي ئىشەنچ باغلاش جاسارىتىدۇر .

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ياشاپ گۈللەندۈرگەن ئېتىنىك ماكان — ئەنئەنىۋى ۋەتەن — مەركىزىي ئاسىيادا مەيدانغا كەلدى .

«مەركىزىي ئاسىيا» جۇغراپىيە — ئېتنولوگىيىلىك مەنىدە ، خۇددى جۇغراپىيە — سىياسىي (گېئو ـ پولتىك ) مەنىدىكىدەك دۆلەت سېپىلى ياكى چېگرا سىزىقلىرى بىلەن قۇلۇپلانغان رايون بولماستىن ، مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۈمىنىڭ ئۇرۇقداشلىق — نەسلداشلىق ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى تامغا ـ ئۇچۇر ، مەدەنىيەت ـ ئەنئەنىلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن زونىدۇر . ئۇ ، شىمالدا بايقال ، شىمالىي ئالتاي ۋە دەشتى قىپچاقتىن جەنۇبتا چىلىيەنشەن (ھەتتا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ) ، ئالتۇنتاغ ۋە ھىندىقۇش ئېتەكلىرىگىچە بولغان زېمىننى ئۆزىنىڭ بىر قەدەر مۇقىم

www.uyghurkitap.com

چەمبىرى قىلغان . ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك جەھەتتىكى ئالاھىدە ئىچكى چەمبىرى : غەربى جەنۇبىي سىبىرىيە ، دەشتى قىپچاق ، يەتتە سۇ ، موڭغۇل دالاسى ۋە ئوردۇستىن قاشقوۋۇققىچە بولغان جايلار ھەم شىنجاڭ رايونى بىلەن خارەزمنى شۇنداقلا فەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماۋەرائۇننەھر زېمىنلىرىدىن تەشكىل تاپقان . ئوردۇستىن قاشقوۋۇققىچە بولغان قەدىمكى دىغار ، كۇيفاڭ ، ساك - توخار زېمىنلىرى بىلەن ئامۇدىن جەنۇبقا سوزۇلغان زېمىنلار مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى پائالىيىتى بىلەن باشقا رايونلاردەك ئىزچىل تۇتاشمىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەلۋەتتە جەنۇبىي ئورال ۋە كاۋكاز رايونلىرىدىمۇ بىر زامانلاردا تۈركىي خەلقلەر قايناق مەنزىرە ھاسىل قىلغان .

مەركىزىي ئاسىيانى شىنجاڭ ۋە بايقال - ئورخۇن ۋادىسى ، ماۋەرائۇننەھر ۋە غەربى جەنۇبىي سىبىر بىلەن يەتتەسۇ - قىپچاق دالالىرى دائىرىسىدە تېخىمۇ ئىخچاملاش مۇمكىن . بايقال - يەنسەي ، ئورخۇن - سېلېنگا ، ئىلى - يەتتەسۇ ، تارىم ۋە سىر - ئامۇ دەريالىرىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان بۇ جۇغراپىيىلىك — ئېتنولوگىيىلىك زېمىن دەل مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۇمىنىڭ يەنى مىلادىيىدىن كېيىن «تۈرك» ئىبارىسىدە ئومۇملاشقان خەلقنىڭ ئانا زېمىنىدىن ئىبارەت . بۇ تارىخىي ھەقىقەتنىڭ كېيىنچە قامال قىلىنىشىنى ، بۇ خەلقنىڭ ئۆزىنى «تەڭرىنىڭ ئەركە پەرزەنتلىرى» دەپ بىلگەن ئەجدادلىرى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى . بۇ زېمىنىنىڭ بۇگۇنكى خەرىتىسىنى ئېچىڭلارچۇ ! توردەك ھەممە جاينى قاپلاپ كەتكەن يەر ناملىرىغا نەزەر سېلىڭلارچۇ ! مانا ، مۇشۇ قامال زەنجىرلىرى ، ئەسلى ھەقىقەتنى يوپۇتۇش ئۈچۈن سېھىرلەنگەن .

ئالتاي - تارباغاتاي تاغلىرى ، تەڭرىتاغلىرى ، پامىر تېغى ، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتېغى بۇنىڭدىن بەش يۈز مىليون يىللار ئىلگىرى چايقىلىپ تۈرغان بەھەيۋەت دېڭىز ئىدى . تارىم ۋە يارىش

(جۇڭغارىيە )نىڭ ئىبارەت قوشكېزەك ئويمانلىقلار مۇشۇ چەكسىز دېڭىزدىكى ئىككى پارچە ئارال بولغان . بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز مىليون يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن تاغ تۈزۈلۈش ھەرىكىتى نەتىجىسىدە بۇ دېڭىزلار كۆتۈرۈلۈپ ، چوقچايغان تاغ تىزمىسىغا ئايلاندى . بۇنىڭدىن ئىككى يۈز مىليون يىللار ئىلگىرى تاغلار ئارىسىدىكى چۆكۈش ھادىسىسى تۈپەيلى ، بۇ تاغ تىزمىلىرى پارچىلىنىپ كەتكەن . تەكرىتاغلىرىنى مىسالغا ئالساق ، ئۇ بىر قانچە پارچە تاغلارغا ئايرىلغان ۋە ئۇنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى ئىككى ئارال تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغا ئۆزگەرگەن .

تارىم ئويمانلىقى شەرقىي تەرىپى پەس ، شەرقتىن غەربكە كۆتۈرۈلمە ھالەتتە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇنىڭ شەرقىدىكى لوپنۇر ساھىلى دېڭىز يۈزىدىن 768 مېتىر ئېگىزلىكتە بولسا ، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپى — پامىر ئېتەكلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز . تارىم ئويمانلىقى غەربىي ۋە شەرقىي يەر ھالىتىدە 532 مېتىر ئېگىز - پەسلىك پەرقىدە تۇرىدۇ .

جۇڭغار ئويمانلىقى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، شەرقتىن غەربكە قاراپ چۆكمە ھالەتتە جايلاشقان . ئۇنىڭ شەرقىي قىسمى دېڭىز يۈزىدىن مىڭ مېتىر ئېگىز بولسا ، ئۇنىڭ غەربىي قىسمى — ئېبىنۇر (قىزىلتۇز ) كۆلى بويى دېڭىز يۈزىدىن 189 مېتىر ئېگىز بولۇپ ، غەرب بىلەن شەرق سېلىشتۇرمىسى تەخمىنەن ئۈچ يۈز مېتىر پەرقلىنىدۇ .

تارىم ئويمانلىقى شەرقتىن غەربكە 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ، شىمالدىن جەنۇبقا 600 كىلومېتىر كەڭلىكتە جايلاشقان . تارىم ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرغان تەكرىتاغ ، پامىر ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن تەكلىماكان چۆللۈكىدىكى كۆل ۋە سازلىقلارغىچە بولغان قاتلام تاغلىق — شېغىللىق — بوستانلىق — شورتاڭلىق (جۈملىدىن كۆل ۋە سازلىق )دىن

www.uyghurkitap.com

ئىبارەت بەش بەلۋاغدىن تۈزۈلگەن . تارىم ئويمانلىقىنى شىمال ، غەرب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ئوراپ تۇرغان بەھەيۋەت تاغلاردا مەڭگۈلۈك مۇزلۇقلار ساقلانغان . مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھۆل - يېغىنى كەم ، قۇرغاق زېمىنى ئۈچۈن قىدچېنكو ، مۇزتاغ ئاتا ، كۇنگۇر ، خانتەڭرى ، تۆمۈرتۇ ، مۇزئارت ، بوغدا ئۇلا ، قارلىقتاغ قاتارلىق مۇزلۇق چوققا بەلۋاغلىرى خۇددى سۇ مەنبەسى ، ھاياتلىق مۇئەككىلىدەك مۇقەددەس بولۇپ ، ئۇلار خۇددى ئاق باشلىق قىران قۇشتەك بۇ زېمىن ئۈستىدە قانات تۇگۇپ يېتىشىدۇ . مۇزلۇق ۋە چۆللۈكنىڭ تەبىئىي گارمونىيىسى ۋە ئېكولوگىيىسىگە قارىتىلغان ھەرقانداق نادانلىق ياكى بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى بۇزۇپ - بۇلغاش كەچۈرگۈسىز ئېجتىمائىي قىرغىنچىلىق بىلەن باراۋەردۇر . تاغلىق بەلۋاغنىڭ قوراش — ئۈۋۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان شېغىللىق قاتلام گەرچە ئۆزى سۇ مەنبەسى ھېسابلانمىسىمۇ . ھەرقايسى بوستانلىقلارنى تاغ تەرەپتىن ئوراپ ۋە ئاجرىتىپ تۇرغان بۇ دەشت - سايلار تاغ سۇلىرىنىڭ ئەركىن كەلكۈن كارىدورىدۇر . بوستانلىقلاردا ئۆرلەپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى تاغلىق بەلۋاغدىن كېيىن شېغىللىق بەلۋاغدا گاھى ئاشكارا ، گاھى شېغىللىق زېمىن ئاستىدىن ئېقىپ چىققان . خوتەن ، يەكەن ، قەشقەر ، ئاقسۇ ، كۇچا ، كورلا ، چەرچەن ، نىيە بوستانلىقلىرى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى سۇ ئېقىن مىقدارى بىر مىڭ كۇادرات كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان بوستانلىقلار ھېسابلىنىدۇ . تارىم — تەكلىماكاننىڭ تارىخىي جۇغراپىيىلىك شەجەرىسىدە خوتەندىن چەرچەنگىچە جەنۇبتىن تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتۈپ ، ئاقسۇ كۇچا ساھىلىغا يېتىپ كېلىدىغان تۆت دەريا ئېقىنىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم . ۋەھالەنكى ، تەكلىماكاننىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى چۆللۈك ۋە بوستانلىق ھەرىكىتى جەريانىدا ھازىر پەقەت خوتەن دەرياسىلا بۇ قورقۇنچلۇق قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ، قالغان ئۈچ ئېقىن قۇم

باغرىغا غەرق بولۇشقان . بوستانلىقلار — قۇم ۋە شېغىللىق چۆل دېگىزىدىكى يېشىل ئاراللار تۈسىنى ئالغان بولۇپ ، ئۇ ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق ، ئولتۇراقلىشىش ، شەھەر - قەلئە پادىشاھلىقلىرىنىڭ پائالىيەت سەھنىسى بولغان . «ئاۋېستا»دا كۆچمەن تۇرمۇش ، جەزىرە ھاياتىغا قارشى قويۇلغان بوستانلىق ۋە تېرىقچىلىق يورۇقلۇق تەڭرىسىنىڭ ھامىيلىقىدا تەرىپلەنگەنلىكى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى . بوستانلىق بەلۋېغىدىن كېيىن باشلانغان پارچە قۇملۇقلار ئىچىگە دۇنياغا داڭقى كەتكەن تەكلىماكان چۆللۈكى جايلاشقان . «تەكلىماكان» ئىبارىسى ماۋەرائۇننەھردىكى قاراقۇم ، قىزىلقۇم قۇملۇقلىرىدەك ئېنىق بىر مەنىگە ئىگە ئەمەس . «ماكان» ئىبارىسىدىن توخرى (توخار) ۋە سوغدىلار ئۆزلەشتۈرگەن پارسىي ئىبارىنى پەرق ئېتىمىز . «تەكلى» ئىبارىسىنى ، «تەكلىك» (ئۈزۈم تەكلىرى ئۆستۈرۈلگەن) ۋە «تەركى» (قۇم بېسىپ تاشلانغان) ماكان مەنىسىدە ئىزاھلىغۇچىلار بار . بۇ ئىزاھلار تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدىن تېپىلغان خارابىلەر ۋە ئۈزۈم تاللىرى قالدۇقلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئورۇنسىز كۆرۈنمەيدۇ . بىز تاڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە تەكلىماكاننى ياكى ئۇنىڭ ئالاقىدار بىر قىسمىنى «تۇلۇن چى» (突伦碛) دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈمىز . خەن سۇلالىسى مەنبەلىرىدە بولسا ، تاكلىماكاننىڭ شەرقىي قۇملۇقى «بەي لۇڭ چى» (白龙碛) دەپمۇ يېزىلغان . ئالدىنقىسى «تۇران قۇملۇقى» ، كېيىنكىسى قۇملۇق شەكلىنى تەسۋىرىي ئىپادىلەش يۈزىسىدىن «ئاق ئەجدىھا قۇملۇقى» دېگەن مەنىدە بولغان . تەكلىماكان ئون مېتىردىن 300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىھېساب قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان ، شامال چىرقىراپ ، بوران ھۇۋلاپ تۇرىدىغان تىلسىم بولسىمۇ ، ئۇ مۇتلەق مەنىدىكى ئىنسان ئايىغى يەتمىگەن ئۆلۈك قۇم دېگىزىمۇ ئەمەس . ئۇنىڭغا بۇلاق ۋە كۆللەر ، تارماق ئېقىنلار

www.uyghurkitap.com

ۋە كىچىك بوستانلار، چەكسىز ئىپتىدائىي توغراقزارلىقلار جايلاشقان. مىسىر ئەلئىھراملىرىدەك بارخانلار بىلەن بەسلەشكەن قەدىمكى قەسىر - قەلئەلەر، شەھەر - يېزىلارنىڭ خارابىلىرى بۇ تىلسىمدىكى يەنە بىر سىردۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، تەكلىماكاننىڭ جۇغراپىيىلىك، تارىخىي ۋە ئۆسۈملۈك - ھايۋانات ئالاھىدىلىكىدىن تاشقىرى ئۇنىڭ چەكسىز نېفىت دېڭىزىنى كۆمۈپ ياتقانلىق قىممىتى دىققەتكە سازاۋەر بولدى. بۇ تالاي تارىخىي ھېكايەتلەرگە ئىلھامچى، ئەلۋەتتە.

ياربش (جۇڭغار) ئويمانلىقى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق بولۇپ، قۇربان تۇڭغۇت چۆلى 50 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بوشلۇقنى ئىگىلەپ ياتىدۇ. تۆت تەرىپى ئېگىز تاغلىقلار بىلەن قورشالغان تەكلىماكان چۆللۈكىدىن پەرقلىق بولغان قۇربان تۇڭغۇت چۆللۈكى غەربىي تەرىپى ئوچۇق بولۇپ، شىمالىي مۇز ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىن كەلگەن نەم ھاۋا تەسىرىدە تۇرىدۇ. بۇ ھالەت جۇڭغار چۆللۈكىنىڭ تەكلىماكاندىن پەرقلىق — ھەرىكەتچان ئەمەس، يېرىم مۇقىم قۇملۇق ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

شىنجاڭ رايونىدىكى بەھەيۋەت تاغلار ئېتەكلىرىگە نۇرغۇن دەريا ۋە ئېقىنلار جايلاشقان. 260 (ئاساسلىقى 100 دىن ئارتۇق) دەريانىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 85 مىليارد 200 مىليون كۇب لېتىردىن كۆپ بولۇپ، خۇاڭخې دەريا ئېقىنىدىن 1.8 ھەسسە كۆپ. يەكەن (زەرەپشان) دەرياسى، خوتەن (يورۇڭقاش ۋە قاراقاش) دەريالىرى، قەشقەر (قىزىل) دەرياسى، ئاقسۇ دەريالىرى قوشۇلۇپ تارىم دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ، تارىم شەرققە قاراپ ئېقىش جەريانىدا ئۆگەن دەرياسى، كۆنچى دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىدىن ئېقىپ چىققان يۇلتۇز، قايدۇ (قارا شەھەر دەرياسى) دەريالىرى باغراش كۆلىگە

قۇيۇلىدۇ. لوپنۇرغا چەرچەن دەرياسىنىڭ شەرقى شىمالىي تارمىقى يېتىپ بارىدۇ، كىرىيە دەرياسى تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتكەن ئۆتمۇشىنى ئۇنتۇپ، قۇملۇققا سىڭىپ كېتىدۇ.

خانتەڭرى ئېتىكىدىن شىمالغا ئاققان تېكەس دەرياسى بىلەن نارات چوققىسىدىن چىققان كۇنەس دەريالىرى قاش ۋە قورغاس دەريالىرى بىلەن ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ، قازاقىستاندىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئالتاي تاغلىرى ئېتىكىدىن چىققان ئېرتىش، ناخارا ئېرتىش، كىرىن، بۇرچىن، قابا، كىبېك دەريالىرى زايسان كۆلىدە بىر مەزگىل تىنغاندىن كېيىن، زايساننىڭ شىمالىدا ئوب دەرياسىنى ھاسىل قىلىپ شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ.

ئۆرۈڭگۈر دەرياسى بۇرۇلتوقاي كۆلىگە؛ لوكلۇن، ماناس دەريالىرى ئەسلى ئىزى بويىچە ئايار كۆلىگە؛ ئىمىل دەرياسى ئاراق كۆلىگە؛ كۇيتۇڭ ۋە بورتالا دەريالىرى ئېبىنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

شىنجاڭدا يەنە نۇرغۇن پارچە دەريا - ئېقىنلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېقىن مۇساپىسى خۇددى ئۇرۇمچى دەرياسىدەك بىر قەدەر قىسقا.

فەرغانە ۋادىسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتىكىدىكى يەنە بىر تاغلار ئوراپ تۇرغان مۇنبەت بوستانلىقتۇر. كاينوزويلىك دەۋرىنىڭ 3 - ئېراسىدىن ئىلگىرى فەرغانە بىر دېڭىز ئىدى دەپ قارالماقتا. كېيىنچە ئۇ پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرغان دېڭىز ئاقمىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. تاغ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى ۋە زېمىن قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن لاتقىلارنىڭ ئىلگىرىكى دېڭىزدىن قالغا سۇزۇك كۆللەرنى غەربكە سۈرۈشى نەتىجىسىدە قېلىن لاتقا قاتلىمىغا ئىگە فەرغانە ئويمانلىقى شەكىللەنگەن. فەرغانە تۇزلەڭلىكى 150 كىلومېتىر كەڭلىك، 300 كىلومېتىر

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇنلۇقتا ياتىدۇ . ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ مېتىر ، غەربىي تەرىپى (پامىر ئېتىكىدىكى خوجەند ئەتراپى ) دېڭىز يۈزىدىن 300 مېتىر ئېگىزلىككە تۆۋەنلەپ بارىدۇ . فەرغانە ۋادىسىنى سۇغارغان نارىن ۋە قاراسۇ دەريالىرى قوشۇلۇپ ماۋەرائۇننەھرنىڭ غول دەريالىرىدىن بولغان سىر (سەيخۇن ) دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ .

پامىرنىڭ غەربىي ئېتىكىدىكى ئېقىنلاردىن ھاسىل بولغان ئامۇ دەريا (جەيخۇن ) ماۋەرائۇننەھرنىڭ جەنۇبىدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ . زەرەپشان ، قاشقار ۋە سۇرخان دەريالىرى ماۋەرائۇننەھر- نىڭ جەنۇبىي قانىتىنى سۇغىرىدۇ . 350 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جاينى ئىگىلەپ ياتقان قاراقۇم چۆللۈكى تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كوپېت تېغىنىڭ پارچىلانغان قۇم - شېغىللىرىدىن ، تەڭرىتاغ ۋە پامىرنىڭ غەربىي ئېتىكىدىن ئارال ۋە كاسپىي دېڭىزىغا قاراپ سۇرۇلگەن قەدىمكى دېڭىز سۈيىنىڭ قالدۇق لاتقىلىرىدىن ھاسىل بولغان . قىزىلقۇم چۆللۈكى قاراقۇمدىن ئېگىزرەك يەر كۆكسىگە جايلاشقان سىر دەريا ئېقىنىغا تاشكەنت ، زەرەپشان ۋادىسىغا بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ، ئامۇ دەريا بويىغا تېرمىز ۋە خىۋە شەھەرلىرى جايلاشقان . خارەزم بوستانلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئاغزىدىكى لاتقىدىن ھاسىل بولغان .

ئىلى ، ئاقسۇ ۋە قاراتال دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان يەتتە سۇ ۋادىسى جەنۇبقا قاراپ فەرغانە ۋە سىر دەريا ئېقىنى بىلەن تۇتاشقان زېمىن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ مۇھىم قورغىنى ئىدى . بۇ زېمىنغا ئىسسىقكۆل ، چۇ (سۇياب ) ، تالاس دەريالىرى جايلاشقان .

ئالتاي ، تارباغاتاي تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي قىسىملىرىدا مەشھۇر «ئانا ساي» — يەنسەي دەرياسى تارماقلانغان . زايسان تاشقىنلىرىدىن ئوب دەرياسى ئېتىلىپ

چىققان. ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقى شىمالىي يۆنىلىشىگە تىلەنغۇت، خاكاس خەلقلىرى زېمىنلىرى جايلاشقان. بۇ ئارىيانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى پائالىيەت سەھنىسى، بازىرىق، «قاراسۇق مەدەنىيىتى»① قاتلاملىرى ۋە ئاسىنا ساكلىرى بىلەن ئاشىد موڭغۇللوئىدلىرى قوشۇلۇپ تۈركىي قوۋملەرنى شەكىللەندۈرگەن زېمىن.

كاينوزويلىق (يېڭى هايات) دەۋرىنىڭ 3 - ئىراسىدا مەركىزىي ئاسىيا زېمىنى هازىرقى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك هالەتكە كەلگەندىن كېيىن، بۇ دەۋرنىڭ 4 - ئېراسىغا كەلگەندە ئىنسانىيەت مەيدانغا چىقتى. شۇنى ئەسكەرتىش هاجەتكى، هازىرقى مەدەنىيەتلىك ئىنسانىيەت يەنىلا يەر شارى تارىخىنىڭ ئەنە شۇ يەر تۈزۈلمىسى (تىكتونىكىسى) ئېراسىدا تۇرماقتا.

ئىنسانىيەت مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن يەر تۈزۈلمىسىدە زور ئۆزگىرىش — تىكتونىك ئېرا خاراكتېرلىك هادىسە يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، كىلىمات خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تەخمىنەن بىر مىليون يىللار ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق مۇز قاپلاش هادىسىسى ئىپتىدائىي ئىنسان هاياتىدىكى غايەت زور تەبىئەت هادىسىسى هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

4 - ئېرانىڭ باشلانغان چېغىدىلا كىلىمات تېزلىكتە قۇرغاقلاشتى، يايلاقلار تېخىمۇ قۇرغاق قۇملۇق ۋە يېرىم قۇملۇقلارغا ئايلىنىشقا باشلىدى. تۇران ۋادىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە چۆل قاپلىدى. گراشىموۋنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تارىم ۋادىسى بىلەن ماۋەرائۇننەهر ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ

---

① «قاراسۇق مەدەنىيىتى» سىبىرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى. بۇ مەدەنىيەت دىڭلىڭ - ساكلارغا تەۋە. قاراسۇق شۇ جايدىكى دەريانىڭ نامى، بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى شەهەرمۇ قاراسۇق دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان برونزا مەدەنىيىتىدۇر. بۇ مەدەنىيەت يەنىسەيدىن تارتىپ غەربكە قاراپ ئالتاي ۋە قاراغاندا رايونلىرىغىچە يېيىلغان.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

چۆللۈك بەلۋېغىغا مەنسۇپ بولۇپ، 4 ـ ئېرانىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ قۇرغاق بولغان. ھۆل ـ يېغىن قىسلىقى، ئېگىز تاغلىق رايونلاردا ھاۋا ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاجىزلىشىشى، تاغلىقلاردا مۇز قاپلاش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇز دەۋرىنىڭ بېشارىتى ۋە ئالامىتى ئىدى. ئارقىدىنلا ئاسىيا ـ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسمىنى پۈتۈنلەي مۇز قاپلىدى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەممە قىسمىدا ئۇنىڭ تاغلىق رايونلىرىنى ئاساس قىلغان مۇز قاپلاش ھادىسىسى يۈز بەردى. مانا ھازىرمۇ بۇ تاغلىقلاردا ئۇنىڭ قالدۇقى ساقلانماقتا. فىدچېنكو مۇزلۇقى ھازىر 77 كىلومېتىر سوزۇلغان، 500 مېتىر قېلىنلىقتا بولسا، ئۇ چاغدا 180 — 200 كېلومېتىر سوزۇلغان، بىر مىڭ مېتىر قېلىنلىقتا بولغان. دېڭىز يۈزىدىن 6 — 7 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇزلۇق چوققىلاردىن تاشقىرى، دېڭىز يۈزىدىن 5 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ۋە تاغ قاپتاللىرىدىمۇ ھازىرقى كۈندىمۇ چوڭ تىپتىكى مۇزلۇقلار ساقلانغان. مۇزتاغ ئاتا، كۆنگۈر چوققىسى، خانتەڭرى، تۆمۈرتۇ چوققۇسى، مۇزئارت، بوغدا ئۇلا چوققىلىرى ئالدىنقى تىپتىكى مۇزلۇقلارغا كىرىدۇ. 67 كىلومېتىر جايغا سوزۇلغان ئىنالچۈك مۇزلۇقى، 30 كىلومېتىر جاينى بېسىپ ياتقان تەككە مۇزلۇقى، 20 كىلومېتىر كېلىدىغان كاچىكار مۇزلۇقى، ئاقسۇنىڭ شەرقى، خانتەڭرىنىڭ جەنۇبىدىكى سالزاس مۇزلۇقى ئوتتۇرا تىپتىكى مۇزلۇق ھالىتىدە ساقلانماقتا. ئەگەر ھازىر دېڭىز يۈزىدىن 3000 — 3500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلاردا مۇز قاتلاملىرى ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا دېڭىز يۈزىدىن 1500 — 1800 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايلارنىمۇ مۇز قاپلىغانىدى. ھازىرقى بىر قاتار تاغ ئۈستى كۆللىرى — قارا كۆل، سېرىق كۆل، چېدىر كۆل، بوغدا كۆلى قاتارلىقلار ئەنە شۇ خىل مۇز قاتلاملىرىدىن ھاسىل بولغان.

مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈزلەڭ ۋە بوستانلىقلارنىڭ ئەڭ



www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى ھالىتى مۇز دەۋرى تاشلاندۇقلىرى بىلەن كېيىنكى قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلغان. تارىم ئويمانلىقىدىكى تېنما - چۆكمىلەرنىڭ قېلىنلىقى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ بىر مىڭ مېتىردىن كەم ئەمەس. فەرغانە ئويمانلىقىمۇ مۇزلۇق تاغلار تاشلاندىلىرى ۋە كېيىنكى دەريا تاشقىن لاتقىلىرى بىلەن تىنغان. ئامۇ دەريا (Oxus) ھازىرمۇ خارەزم زېمىنىگە يىلىغا 200 مىليون توننا لاتقا تاشلىماقتا. قانداق بولمىسۇن چوڭ تاغ تىزمىلىرى بىلەن يېپىلغان تارىم ئويمانلىقىغا چۆككەن ماددىلارنىڭ قېلىنلىقى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ تارىم ئويمانلىقى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا بويىچە ئالاھىدە بىر گېئو - خىمىيىلىك رايوندۇر. تارىم ئويمانلىقى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت رايونى ۋە بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئەڭ ياخشى ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت خەزىنىسىدۇر.

مەركىزىي ئاسىيا، پەلەستىن، ئاۋسترىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، بېلگىيە ۋە گېرمانىيىدە تېپىلغان نېئاندېرتال ئادىمىگە ئائىت پاكىتلار، ئۇلارنىڭ غار ئىچىدە ماكان تۇتقان، تاش پالتا بىلەن ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن، ئۇستىگە كىيىملىك يېپىنغان رەسمىي ئىنسان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئەڭ كەم دېگەندە 100 مىڭ يىللار ئىلگىرى مۇز دەۋرى ۋە قورقۇنچلۇق تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى باشلىغان. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 40 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى گروماگنون ئادىمى دەۋرىگە يەتكەندە، ئىنسانىيەت پاراسەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان.

شۇنداق قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھازىرغىچە زېمىن شەكلى ۋە ئەينى زامان جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدا ئىپتىدائىي ئىنسان تۇركۇمى — بىزنىڭ يىراق ئەجدادلىرىمىز، بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ۋە قەدىمكى ئىگىلىرى مەيدانغا كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

## 2 . مەركىزىي ئاسىيادا كونا تاش قورال دەۋرى ۋە ئىپتىدائىي پادىلىق تۇرمۇشى

ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۆتۈشىدىكى ئاساسىي نامايەندە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىبارەت . ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئىشلەپچىقىرىش قورالى — تاش سايماندىن ئىبارەت . ئىپتىدائىي ئىنسان دەسلەپتە تەييار ھالەتتىكى تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن . ئۇنىڭ مۇھىم شەكلى يارما (چاقما) قورال ھالىتىدىكى تاشتىن (ئەلۋەتتە ياغاچ ، سۆڭەكلەرنى مۇستەسنا قىلمىغان ھالدا) ئىبارەت ئىدى . بۇ تولىمۇ ئۇزاق قەدىمكى زاماننى كونا تاش قورال (پالېئولىت) دەۋرى دەپ ئاتايمىز . كېيىنچە بىر قەدەر سىلىقلانغان ، سىپتىلانغان ، ئىسلاھ قىلىنغان تاش قوراللار ئىشلىتىلدى . بۇ دەۋر — يېڭى تاش قورال (نېئولىت) دەۋرى دېيىلىدۇ .

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى ئاپىرىدە ماكانلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىللە ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولدى .

كونا ـ يېڭى تاش قورال دەۋرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى ئاساس بولۇپ ، ئەينى زاماندىكى باشقا قوراللار — ياغاچ ئەسۋابلار ، تېرە كىيىملەردە مۇنداق نەچچە ئون مىڭ يىللاپ ساقلىنىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى .

كونا تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرىنىڭ پاراللېل سىزىقىنى بويلاپ ئورۇنلىشىشى مۇز دەۋرىدە مۇز قاپلىغان رايونلار ۋە دەريا ئېقىنلىرى ، بوستانلىقلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان دائىرىلىرىنى ئېنىقلىۋېلىشقا پايدىلىق . مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى ئەنە شۇ ۋادىلار ، بوستانلىقلاردا ،

كاينوزويلىق دەۋرىنىڭ 3 - ، 4 - ئېراسى ئارىسىدىكى ئۆسۈملۈك، هايۋانات ۋە مۆھىت ئېكولوگىيىسى شارائىتىدا ياشىغان. ئۇلار تاش قورالغا (دەسلەپىدە تەييار تاش قورالغا) يۆلىنىپ، توپلىشىپ ياشاپ، كېيىنچە ئوتتىن پايدىلىنىپ، دەھشەتلىك يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن بىر قانچە يۈز يىللىغا سوزۇلغان مۇز دەۋرى زېمىستانلىقىنى يەڭدى. غار تۇرمۇشىدىكى ئوت — مۇقەددەس قۇدرەت ۋە قۇتلۇق ئۇمىد چېچىكى ئىدى. ئوت ئىنسانىيەتنى قوغدىدى، تاكامۇللاشتۇردى، ئۇلۇغ مەدەنىيەت سەھىپىسىنى يورۇتتى.

كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ قانچىلىك داۋاملاشقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن بولسىمۇ، مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ بۇ دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى روشەن.

مەركىزىي ئاسىيا كونا تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى مۇشۇ دەۋردە ياشىغان نېئاندېرتال ئادىمى[①] تىپىدىكى قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئادىمىدىن ئىبارەت.

1938 — 1939 - يىللىرى ئۆزبېكىستاندىكى بوزاۋ تالاش ساي نامىلىق قورۇپ كەتكەن دەريا بويىغا جايلاشقان دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ 500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تېشىكتاش غارىدىن مەركىزىي ئاسىيا نېئاندېرتال ئادىمىنىڭ بىر قانچە ئون كىشىلىك ئوۋچىلار كوللېكتىپى ماكانى تېپىلدى. تېشىكتاشتىن ئوۋچىلىق قوراللىرى، هايۋان سۆڭەكلىرى، يېقىلغان ئوت كۆل قاتلىمىدىن تاشقىرى، 8 — 9 ياشلىق نېئاندېرتال بالىنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى تېپىلدى. بۇ دۇنياۋى ئانتروپولوگىيىلىك

① «نېئاندېرتال ئادىمى» كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، «قەدىمكى ئادەم» باسقۇچىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تاش قاتمىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. 1856 - يىلى گېرمانىيىنىڭ دوسسېلدورف ۋىلايىتىدە، نېئاندېرت دەريا ۋادىسىغا يېقىن ئۆڭكۈردىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەمنىڭ تاش قاتمىسى.

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئەھمىيەتكە ئىگە ھادىسە سۈپىتىدە نېئاندېرتال باسقۇچىنىڭ ئىنسانىيەت راۋاجلىنىشىدىكى ئومۇم ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قالماستىن، ئۇ يەنە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئادەمنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسەتتى.

1982 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدىن پۈتۈنلەي تاشقا ئايلانغان «ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكى تېپىلدى. «ئاتۇش ئادىمى» ئاتۇش ئاغۇ يېزىسى يولىدىكى ئاچچىق كەنت ئېغىزىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىن تاشقا ئايلانغان ئاتنىڭ تاغاق سۆڭىكى تېپىلغان. «ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تېپىلىشى كاينوزويىلىق دەۋرنىڭ 4 - ئېراسىدىكى مۇھىم ئانتروپولوگىيىلىك ئىختىرا بولۇپ، ئۇ مۇنىڭدىن تەخمىنەن 30 — 40 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كرو - ماگنون — پاراسەتلىك ئىنساننىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئاساسلىق ئۆلگىسىنى تىكلىدى. باش شەكلىنىڭ چوڭلۇقى، ئۆرە يۈرۈپ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكى كرو - ماگنون تىپىدىكى قەدىمكى ئىنسانىيەتنىڭ نېئاندېرتال ئادەمدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي ئالامىتى ئىدى.

مەركىزىي ئاسىيادا ئىككىنچى قېتىملىق مۇز دەۋرى بىلەن ئۈچىنچى قېتىملىق مۇز دەۋرى ئارىسىدا ئۆتكەن ئاشۇر دەۋرىدە ئىنسانىيەت تېخى غارلاردا ياشىغان، تاش پالتا ئىشلەتكەن، ئوتتىن پايدىلانغان، غاردىن چىقىپ ئۇۋچىلىق قىلغان. ئاشۇر دەۋرى قوراللىرى تۈركمەنىستاننىڭ بالتىق دېڭىزىگە يېقىن ساھىلى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ تەڭرىتاغلىرى ئېگىزلىكىدىنمۇ تېپىلدى. سىنانتروپ شەكلىدىكى مەركىزىي ئاسىيا غار ئادەمنىڭ تارىخىي ئىزنالىرى ئۆز ئالدىغا تىزما ھاسىل قىلىدۇ.

جەنۇبىي ئۆزبېكىستان غارلىرىدىن تېپىلغان نېئاندېرتال ئادىمىگە تەئەللۇق تۇرارجاي، سەمەرقەنت ئوبلاستى ئامانقوتان غارىدىن تېپىلغان تاش پىچاق، تاش بەلچە ۋە تاغ ئۆچكىسى، ئات،



www.uyghurkitap.com

بۆرە ۋە ئېيىق ئۇستىخانلىرى بىلەن ياغاچ كۆمۈر ـ قوقاس قاتلاملىرى ، سۇرخان دەريا بايسۇن رايونىـــــى ماچاي غارىدىن تېپىلغان كونا تاش قوراللار ، تۈركمەنىستان كراسنوۋودسكي يېرىم ئارىلىدىن تېپىلغان تاش قوراللار بىزنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى نېئاندېرتال ئادىمى بىلەن پولېئوتروپ ۋە كرو ـ ماگنون ئادىمىنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى مۇز قاپلىغان ۋاقىتتىكى ھاياتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى كېڭەيتىدۇ .

ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ قىرغىزىستانغا يېقىن قاتناش يولىدىن كونا تاش قورال يادىكارلىقلىرى تېپىلغان . قەشقەر ئوپال يېزىسى ئاق دالا دېگەن جايدىن بىر قەدەر چوڭراق بىغىر رەڭ چاقما تاش قورال تېپىلغان . ئوپالنىڭ سۆسەر ئېغىز دېگەن يارلىقىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت 3 — 4 مېتىر قېلىنلىقتىكى كۆل قاتلىمى تېپىلغان . 1983 ـ يىلى كۆكئارت (پامىر )نىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى تاشقورغان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى جىرغالدىن 3 — 4 مېتىر قېلىنلىقتىكى ياغاچ كۆمۈر ۋە كۆل قاتلىمى بىلەن ئاق چاقما تاش قورال تېپىلغان . 1952 ـ يىلى ئاقسۇ كەلپىندىن تېپىلغان كونا تاش قورال يادىكارلىقلىرى جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا .

سىتەين كونا لوپ ـ كرورايىنا خارابىلىرىنى بويلاپ ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك سەپىرىدە شامال يالاپ ئېچىۋەتكەن كۆپلىگەن تاش ئوقيا سادىقى ، تاش پىچاق قاتارلىقلار بىلەن بىللە تېخىمۇ يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىـــــدىغان قوپال تاش قورال پارچىلىرىنى ئۇچراتقان . ئۇ لوپ بويىدىكى قۇرۇق دەريا ساھىلىدا ئۇچراتقان بۇ خىل تاش سايمانلارنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك نىشانىنـــــى كۆزلەپ داۋاملىـــــق ئىلگىرىلىگەن . قۇمۇل ـ تۇرپان ئارىسىدىكى يەتتە قۇدۇقتىن ، قۇمۇل قاراتۆپە ئېگىزلىكىدىن كونا تاش قورال دەۋرى ۋە يېڭى

تاش قورال دەۋرى ئارىلىقىغا ئائىت بىر قەدەر كۆپرەك تاش قورال يادىكارلىقلىرى تېپىلغان.

موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى سېلېنگا ۋە تورا دەريالىرى بويىدىن، ئورخۇن، خالخىن دەريالىرىنىڭ ساھىللىرىدىن، جۇملىدىن موڭغۇلىيە چۆللۈكىدىن كونا تاش قورال دەۋرىگە ۋە سەل كېيىنكى باسقۇچتىكى (12 — 20 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى) دەۋرلەرگە ئائىت تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. بۇ دەل مەركىزىي ئاسىيادىكى تاغلار ۋە قاپتاللار قېلىن مۇز بىلەن قاپلانغان دەۋر ئىدى. يەنىسەي، كراسنويارسكىي بىلەن مىنۇسىنسكىي رايونى ئارىسىدا، ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىرىدە مۇنداق يادىكارلىقلار بىر پۈتۈن بەلۋاغ ھاسىل قىلغان. بۇلار سېلېنگا، تورا، ئورخۇن، خالخىن تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان. تەكىتلەش ھاجەتكى، ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي ئاسىيادىكى كونا تاش قورال يادىكارلىقلىرى — چاقما تاش قوراللار، كۆل قاتلاملىرى، ئوۋلانغان ئېيىق، قاپلان، ياۋا ئات، تاغ ئۆچكىسى ۋە ئۇچار قۇشلار ئۇستىخانلىرى بىلەن كوللېكتىپ ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدە تولىمۇ يېقىنلىق ساقلانغان. مەركىزىي ئاسىيا غار ئادىمى مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ، مۇز سۇلىرىنىڭ بەھەيۋەت تاشقىنلىرى ئاخىرلاشقاندا، بۇ ساھىللارغا يېقىنلاشتى. دەريا ساھىللىرىدىن تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى مۇشۇ باسقۇچقا مەنسۇپ بولغان.

كونا تاش قورال دەۋرى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي تارىخى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانىيەت تېخى ئۇرۇقداشلىق جامائە تۈزۈمىگە ئۆتمىگەن، توپ ـ پادا سۈپىتىدە ياشىغانىدى. ئۇلار دەسلەپتە تەييار مېۋىلەرنى يىغىپ يېيىشتى، ئۆسۈملۈكلەر، بېلىقلار ۋە ھايۋانلارغا تايىنىپ ياشىدى. ئۇلار

تەييار تاشقا تايىنىشتىن چاقما تاش قورالى ياساشقا ئۆتكەندە ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پارلاق ئىشىكىنى ئاچتى.

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمى تەخمىنەن 15 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ تاش قوراللىرىنى تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلار سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش، سۆڭەك ۋە ياغاچلاردىن تاش پىچاق، تاش قىرغۇچ، تاش پالتا، تاش ساداق، سۆڭەك نەيزە، بىگىز ۋە يىڭنە، مۇڭگۈز بۇرغىنى ئىجاد قىلىشتى. سۆڭەك قوراللار تولاراق بۇغا مۇڭگۈزى، بۇقا مۇڭگۈزى ۋە قىسمەن دەنداندىن ياسالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز غار ۋە تاش قىيالارغا، سۆڭەك ۋە دەندانلارغا تۈنجى تەسۋىرىي سۈرەتلەر چېكىپ ئىپادىلەش خاراكتېرىدىكى گۈزەل سەنئەتنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

## 3. مەركىزىي ئاسىيادا يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە ئانا ئۇرۇقى جامائەسى

مەركىزىي ئاسىيادا مۇز دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى باسقۇچتا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە تەدرىجىي ئۆتۈش مۇمكىنلىكلىرىگە ئېرىشتى. يېڭى تاش قورال (نېئولىت) دەۋرىدە ئىنسانىيەت تەييار تاشنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىش ۋە تاشنى يېرىپ، سوقۇپ - سۇندۇرۇپ قورال قىلىشتىن تاشنى سىلىقلاپ ئىشلەشكە ئۆتتى. مېتال كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ كۈچلۈك جىسىم بولغان تاش ئەمدى ئىنسان ئېھتىياجى ۋە ئىرادىسىگە بېقىپ سىپتا قىلىنىپ پىششىقلاپ ياسالدى. تاشنى قىرىش، ئويۇش، تېشىش — ئەينى زاماندىكى تۈنجى «سانائەت ئىنقىلابى» بولدى. تاش ئوتىغۇچ، تاش پالتا،

تاش قاپا ، تاش نەيزە ۋە ئوقيا ئۇچى ، تېشىلگەن تاش مونچاق قاتارلىقلار بۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولدى . يېڭى تاش قورال دەۋرىدە سۆڭەك ، ياغاچ ۋە تېرە قوراللىرىمۇ زور ئىسلاھ قىلىندى . ئوتتىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ، تېرە ئەيلەش ، يىڭنىدە تېرە كىيىملىرىنى تىكىش ، ئاددىي كىگىز ـ پالاس ياساش ، مېۋىلەر ، كېيىنچە خېمىرلارنى ئېچىتىش ، ھۆۋانچا ۋە يارغۇنچاقنىڭ ياسىلىشى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاجايىپ ئۇتۇقى بولدى . كېيىنچە تاغ ئۆڭكۈرلىرى ، ساي ـ جىلغىلاردىن كۆپلەپ ساھىللارغا يۆتكەلگەن ، ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىك ۋە باقما چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىپتىدائىي ئىنسان تۇپراقتىن ئوتتا ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇشنى ئىختىرا قىلدى . تاشنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن ساپال (كاش ، كۇلال )چىلىق يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىككى قانىتى بولدى . ئىنسانىيەت تاكى ھازىرغىچە مۇشۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە يارىتىلىشقا باشلىغان قورال ۋە بۇيۇملاردىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكىنى يوق . ئۇلار تولۇقلاندى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ، خالاس .

مەركىزىي ئاسىيادا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى ئىپتىدائىي پادىلارچە تۇرمۇش شەكلىدىن ئانا ئۇرۇقى — تۇنجى ئاڭلىق نەسىلداشلىق جامائەسىگە ئۆتۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن . دائىمىي تۇرارجاي ، كوللېكتىپ ئەمگەك ، ئوزۇق ـ تۇلۇكنىڭ بىر قەدەر زاپاس ساقلىنىشى ، پائالىيەت رايونلىرى ۋە پائالىيەت تۈرلىرىنىڭ كېڭىيىشى ، نەسىل كۆپەيتىش ئېھتىياجلىرىنىڭ جىددىي بېسىمى ، يات جامائەلەر ۋە ئۇرۇقداش جامائەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۇردى . ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئەڭ دەسلىپىدە ئانا ھوقۇقىنى ئاساس قىلغان تەشكىلات — ئانا ئۇرۇقى جامائەسى (ماتېرىئارخاللىق تۈزۈمى )دىن باشلانغان . ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا ئىپتىدائىي

قانداشلىق - ئۇرۇقداشلىق — ئېتنولوگىيىلىك ئاڭ بىلەن ئىپتىدائىي ھوقۇق - نوپۇز ئېڭىنى نامايەندە قىلدى. شۇ ئاساستا ئىپتىدائىي تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى، ئەم - ئىرىم ئادەتلىرى، فولكلور ۋە مۇراسىم رىجىلىرى مەيدانغا كەلدى. يىراق ئەجدادلىرىمىز ئەگەر مۇز دەۋرى مۇھاسىرىسى ۋە غار تۇرمۇشىدا، تەييار تاش - توقماقلار بىلەن ئوتتىن پايدىلىنىپ، تەبىئەت قارنىدا، تەبىئەتنىڭ ئىنسيانكار بىر قىسمى بولۇپ ياشىغان بولسا، مۇز دەۋرىدىن كېيىنكى ئوچۇق زېمىندا مىللىيەتلىك تۇرمۇش رىلىسىغا قەدەم قويدى. مۇشۇ چاغدا، دەل مۇشۇ چاغدىلا مەركىزىي ئاسىيا خەلقىگە مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك تامغىسى بېسىلدى. ئانا ئۇرۇقدىكى نىكاھنىڭ چەكلىنىپ، باشقا ئۇرۇقلار بىلەن نىكاھلىنىشىنىڭ كۆچىيىشى قانداشلىق توقۇلمىسىنى كېڭەيتتى.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدە ئىنسانىيەت تەييار ئۈڭكۈرلەر ۋە قېزىلغان لەخمىلەردىن تاشقىرى يەنە ساتما ئۆيلەر ۋە چوڭ - كىچىك جامائە كەپىلىرى ياساشقان. ئۇلار دەريا ساھىللىرى ۋە بوستانلىقلارغا ئىجتىمائىي ھايات تورىنى يايدى. بۇ ھال ئىپتىدائىي ئېكىنچىلىك ۋە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلدى.

ئوقيانىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى مەرگەن - ئوۋچىلارنىڭ يەككە پائالىيىتىگە مۇمكىنلىك يارىتىپ بەردى. ئىت ۋە ئوۋ قۇشلىرى ئۇنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە كۆندۈرۈلدى. ئارقىدىنلا قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىقلارمۇ ئۆزلەشتۈرۈلدى. بۇ چاغلاردا ئات ۋە تۆگىلەر تېخى تەرسا ۋە ياۋا ئىدى. قارماق، تور ۋە نەيزىلەر بىلەن بېلىق تۇتۇش، ياغاچنى ئويۇپ (ياكى كۆيدۈرۈپ) ياسالغان قېيىقلاردىن پايدىلىنىش ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە راۋاجلانغانلىقىنى نىشانلىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئون

www.uyghurkitap.com

مىڭىنچى يىللار ئىچىدە تۈركمەن — خۇراسان زېمىنلىرىدا مۇز دەۋرى ئاخىرلىشىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بەش مىڭىنچى يىللاردا يەنسەي ـ ئوب ۋادىلىرى مۇزدىن يالىڭاچلىنىپ دەسلەپكى تېرىقچىلىققا مۇمكىنلىك ياراتقان بولۇشى ئېھتىمال. ئومۇمەن ئارخېئولوگلىرىمىز فرانسىيە ۋە ئىسپانىيىدىكى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتىدىن باشقا جايلار ھەققىدە ئۆز مۆلچەرلىرىنى قىسقا ئىپادىلەشكەن. بىز ئىندىئان ئەجدادلىرىنىڭ سىبىرىيىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە پۈتۈنلەي يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن مىلادىيىدىن 20 — 25 مىڭ يىللار ئىلگىرى كۆچكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك بېكىتىلگەن يىلنامىلەردىنمۇ مۇقەددەملىكىنى ھېس قىلىمىز.

1904 ـ يىلى ئامېرىكا ئارخېئولوگى پۇمپېللىي (Raphael pumqell) ئاناۋ ـ كوپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىگە جايلاشقان ئاشخابات شەھىرى ئەتراپىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇران زېمىنىدا مىلادىيىدىن توققۇز مىڭ يىللار ئىلگىرى يېڭى تاش قورال دەۋرى ھۆكۈم سۈرگەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ھ. پېئاكى بىلەن ج. ھ. فلېئورىنىڭ پىكرىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مىسىر ۋە مىسوپوتامىيە (بابىل ـ ئاسسۇرىيە) ئوخشاش دەۋردە يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغانلىقى ئېھتىمال.

ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ قالدۇقلىرى تاشكەنت رايونىدا، چىرچىق دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ساھىلىدا، سەمەرقەنت يېنىدىكى دارغامدا، زەرەپشان ۋە سۇرخان دەريالىرى ۋادىلىرىدا كۆپلەپ تېپىلغان. تۈركمەنىستاندىكى قاراقۇم چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ساقما تاش — بىيىك قوم دۆۋىسى يېنىدا ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ تۇرار جايى تېپىلغان. بۇ يەردىكى ئىككى مېتىر قېلىنلىقتىكى مەدەنىيەت قاتلىمىدىن تاش قىرغۇچ، تاش ئىدىش،

تاش سوقماق، هاۋانچا، توز سىزىقلىق نەقىشلەنگەن كاش (ساپال) قاچا سۇنۇقلىرى چىققان. تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان 100 — 120 كىشى سىغىدىغان جانباش قەلئەسى س. پ. تولىستوف تەرىپىدىن مىلادىيىدىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ تۇرار جايى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئانا ساي — يەنسەي ۋە ئەنقار (ئەنگار) ۋادىلىرىدا كونا يېڭى تاش قوراللار دەۋرى تۈتاشقان دەۋرگە ئائىت تاش سۆڭەك قوراللار ۋە تاشلاردىن ياسالغان ئوچاق، كۈل قاتلىمى، جۈملىدىن بۇغا مۈڭگۈزىدە يېپىلغان كەپە تېپىلغان. مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەت قاتلاملىرى شىمالىي قازاقىستان، ئالتاي، جەنۇبىي بايقال، تورا ۋە ئورخۇن ۋادىلىرى بىلەن ئوردۇس يايلىقىدىنمۇ تېپىلغان. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايانزاك دېگەن يېرى بىلەن زۇڭقارخان ئۇلا تېغىدىن تاش ئوچاق، تېشىپ ئىشلەنگەن تاش پارچىلىرى، ئىلمەك تاش پىچاق، تاش قىرغۇچ ۋە تاش ساداق بېشى تېپىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ بىردەك قەيت قىلىشىچە، مىلادىيىدىن 4 — 5 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بىپايان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇرۇقداشلىق جامائەلىرى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت باغلىنىشى بارلىققا كەلگەن.

شىنجاڭ يېڭى تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى ئەڭ كۆپ تېپىلغان رايونلارنىڭ بىرى.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوپال يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىن ئاق دالا، قۇرۇق دالا، دۆۋۈلۈق، ئۆگۈلۈقتىن ئىبارەت تۆت ئورۇندىن سىلىقلاپ سىپتا ئىشلەنگەن تاش ئورغاق، يارغۇنچاق، تاشتاختا، تاش قاچا، تاش ئۇرچۇق، تاش پىچاق، تاشپالتا، تاش ساداق بېشى قاتارلىق بۇيۇملار بىلەن كاش كوزا - كورىلارنىڭ سۇنۇقلىرى تېپىلغان. قەشقەر شەھىرىدىن يەنى ئىلگىرىكى

www.uyghurkitap.com

گېزىتخانا ئورنىدىن تاش كەتمەن تېپىلغان . ئېيتىلىشىچە، هازىرقى قەشقەر قەدىمكى كاشچىلىق - ساپالچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان . ئۇنىڭ «كاشغار» دەپ ئاتىلىشى، ئۇنىڭ تۇمەن دەرياسى لېۋىدىكى يارلىقلىرىدىن يېقىنقى زامانلارغىچە «كوزىچىلار مەھەللىسى»دە ياشىغۇچى ماھىر ئۇستىلار ساپال چىلاپچا، ساپال ئۇرىق، غېدىر، كۇپ، تەشتەك ۋە چىراغدان ياسايدىغانلىقى دىققەتكە سازاۋەر . ئامېرىكا تارىخچىسى پروفېسسور مىككوۋېرن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەملىكەتلەر» ناملىق كىتابىدا: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۇرىكى ھېسابلانغان تۇركىستاندا ... ياشىغان بىر قىسىم خەلقلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «كاش بۇيۇملىرىنى نەقىشلەپ ئىشلىگۈچىلەر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، دېگەنىدى .

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا خوتەندە قاشتېشىدىن ھەر خىل سىلىقلانغان ئاددىي بۇيۇملارنى ياساش تەدرىجىي روياپقا كەلگەنىدى . بۇنداق بۇيۇملار ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىلگەن . كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى بېخشېخر رايونىغا جايلاشقان غارى قەمەربەند غارىدىن تېپىلغان چەتتىن كەلتۈرۈلگەن قاشپالتا بۇ نۇقتىنى ئەستىقلايدۇ . خوتەن قاشتېشى تاش بۇيۇملار ئىچىدە مۆتىۋەر ئورۇن تۇتتى ۋە سېھىرلىك سانالدى . ئاپئاق ۋە سۈزۈك يۇرۇڭقاش — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «يۈي» دەپ ئاتالدى . كېيىنكى زامانلاردىكى «قاشقۇۋۇق» (قاشقاپقا) ئاتالمىسىمۇ مۇشۇ قاشتېشى بىلەن ئالاقىدار ئىدى . كونا نىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن بويلاپ كەتكەن ۋادىلىرىدا يېڭى تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ ئۇچرايدۇ .

ستەين 1906 - يىلى دېكابىر ئېيىدا كونا لوپ يولىدىكى كاكىلىكنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئابدال بېلىقچىلار كەنتىنىڭ ئادەم ئىزى ئۆچكەن كونا يولى بىلەن مېڭىپ يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت كۆپلىگەن بۇيۇملارنى تاپقان . ئۇ ئۆزىنىڭ

«سىرىندىيا» ناملىق كىتابىنىڭ (خەنزۇچە ئىسمى «سىتەيىننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىلىرى» ) 10 ـ بابىدا بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىش بىلەن بىللە كىتابىنىڭ 30 ـ نومۇرلۇق قىستۇرما رەسىمىدە بۇ ھەقتە نۇسخىلار كۆرسەتكەن . سىتەيىن 140 پارچە بۇيۇمنى تەتقىق قىلىپ ئۇنى مۇشۇ جاينىڭ مەھسۇلاتى دېگەن تونۇشقا كەلگەن . چۈنكى ياسالغان توقۇلمىلارمۇ شۇ زامانلاردا پەيدا بولغان .

ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تەۋە قارا يۇلغۇن دېگەن جايدىن چاقما تاش قوراللىرى بىلەن بىللە سۆڭەك بېگىز ۋە كۆپلىگەن گىل رەڭلىك كۆك نەقىشلىك كاش ئىدىش پارچىلىرى تېپىلغان . باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل دەريا ۋادىسىدىن رەڭدار ساپال جام ، رەڭدار ساپال كوزا ۋە تەشتەكلەر تېپىلغان . ئۇنىڭدىن تېپىلغان قولاقلىق ساپال كوزا بىر قەدەر نەپىس ياسالغان . قارا شەھەرنىڭ ئۇششاقتال قارا موران ۋادىسىدىن تاش چاق ۋە رەڭدار ساپال بۇيۇم سۇنۇقلىرى تېپىلغان .

ئالتايدىن قوش ساپاقلىق تاش كوزا ؛ موڭغۇلكۈرەدىن تاش كوزا (ئاياغ ) ، قولاقلىق ساپال كوزا ؛ غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى مازاردۆڭدىن تۆشۈك تېشىلگەن تاشپالتا ، ھاۋانچا تېشى قاتارلىقلار تېپىلغان .

تەڭرىتاغلىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئۈرۈمچى ، مورى ، چىتەي قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈتاش تاش ـ ساپال بۇيۇملار تېپىلدى . ھازىرقى كۆندە چىتەينىڭ بەنچىگۇ ، مورىنىڭ سىداۋگۇ ، ئۈرۈمچىنىڭ يۇئېرگو ۋە ئالغوي غوللىرى خارابە ئىزلىرى ئوتتۇرا تەڭرىتاغ يېڭى تاش قورال دەۋرى مەدەنىيىتى ئىزلىرى بولۇپ قالدى . مورىنىڭ جىنشىلياڭ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان تاش زەكەر ئىپتىدائىي جىنسىي ئېتىقادنىڭ يالدامىسى بولۇشى مۇمكىن . مورى سىداۋگو جىلغىسىدىن ئىپتىدائىي ئوچاق ، سۆڭەك بىزەك ۋە سۆڭەك يىڭنە قاتارلىقلار بىلەن ساپال

www.uyghurkitap.com

بۇيۇملار تېپىلغان. ئۈرۈمچى يۇئېرگو ۋە ئالغوي غوللىرىدىن قەدىمكى تاش قەبرىلەر، رەڭلىك ساپال بۇيۇملار، سۆڭەك قوراللار بىلەن مىس بۇيۇملار كۆپلەپ تېپىلغان. پىچاننىڭ خېشىچيەنزى دېگەن يېرى بىلەن تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل، يارغول، قاراخوجا، ئاستانە دېگەن جايلىرىدىنمۇ ئۈچلۈق تاش، تاش قىرغۇ، سىلىقلىغۇچى تاش، تاش مونچاق، تاش پالتا ۋە كۆپلىگەن ساپال بۇيۇملىرىنىڭ سۇنۇقلىرى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قۇلاقلىق چەشكە، ئۈستى گىلرەڭ ئاستى قارامتۇل نەقىشلەنگەن ساپال قاچا، تېگى تۈز، بويىنى ئۇزۇن رەڭلىك ساپال چۆگۈن قاتارلىقلار بار.

قۇمۇل — ئاراتۈرك — بارىكۆل دىيارىدا تېپىلغان تاش قوراللار ئىچىدە قۇمۇل تۇمۇرتى سېرىق تۆپىلىكىدىن تېپىلغان تاش قىرغۇ، تاش مېغىز، كەھرىۋا قوراللار بىلەن يەتتە قۇدۇقتىن تېپىلغان چوڭ تاش پالتا ۋە كۆپلىگەن سىپتا تاش قوراللار تېخىمۇ يىراق زامانلاردىن بېرى ساقلانغان، ئاراتۈرك (ئېۋىرغول) كارساڭ توقايلىقىدىن تاش ئوتىغۇچ، سوقما تام تېشى، تاش قاچا، سۆڭەك بېگىز، سۆڭەك پىچاق ۋە كۆپلەپ ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. بارىكۆلدىن شۇ خىل تاش قوراللار بىلەن قوش قۇلاقلىق رەڭدار ساپال قومرا تېپىلغان. بارىكۆل داخى يېزىسىدىن تېپىلغان بىر قۇلاقلىق ساپال قاچىغا گېئومېترىك نەقىش سىزىلغان. قۇمۇل لاپچۇق قارا دۆڭ قەدىمكى قەبرىلىرىدىن كۆپلەپ رەڭدار ساپال ئىدىش پارچىلىرى تېپىلدى. «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى»دا قەيت قىلىنىشىچە: «يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار جۇڭگونىڭ سەددىچىن رايونى، ئوردوس، رېخى ۋە لوپنۇر ئەتراپى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى يېنىدىكى تۇرپان بوستانلىقىدىن تېپىلغان قېزىلمىلارغا

تولىمۇ ئوخشىشىپ كەتكەن»[1] .

شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئۇزاق سوزۇلغان ئانا ئۇرۇقى دەۋرى ئۇتتۇق ۋە تەپەككۇر، ئېتىقاد ۋە سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. تىلنىڭ — بىر قەدەر ئېنىق، بىر قەدەر مۇرەككەپ لۇغەت فوندى ۋە گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان تاۋۇشلۇق تىلنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇنجى مەنىۋى مەدەنىيەت مەشئىلى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتتى. ئەجدادلىرىمىز تەپەككۇرى پادىلىق دەۋرىگە كۆرە يېڭى بىر تارىخىي شەكىلگە ئېرىشتى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئېستېتىك تەپەككۇر ۋە مەنتىقى تەپەككۇر ئۆز قۇدرىتىنى ماددىي ھايات ساھەسىدىلا ئەمەس، يەنە مەنىۋى ھايات ساھەسىدىمۇ يەنى ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇر ساھەسىدىمۇ نامايان قىلىشقا باشلىدى. قاچىلاش، ساقلاش بىلەن كىشىلەردە ئاددىي ھېساب ۋە ئاددىي بەلگە - تامغا ئېھتىياجلىرى تۇغۇلدى. مونچاق، تەسۋى شەكلىدىكى تىزىق تاش - سۆڭەكلەر بىلەن ئاددىي ئېرۇگىلىق بەلگە - تامغىلار مەيدانغا كەلدى. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ تۈرلۈك ئۇندۇرمىلىرى مۇشۇ دەۋردە — مۇشۇ ئۇلۇغ پەيدا بولۇش — گېنېئالوگىيىلىك دەۋردە ئوچۇق ياكى ئۇندۇرمە ھالەتتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغانىدى.

يېڭى تاش قورال دەۋرى ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۇنىڭ داۋامىنى بىز كېيىنكى مېتال قوراللار دەۋرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئانا ئۇرۇقى جامائەسىمۇ ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۇنىڭ تەسىرى ئاتا ئۇرۇقى تۈزۈمى (پاترىئارخاللىق) جامائەسى ۋە ھەتتا سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللەنگەن زامانلاردىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە، ھەر خىل تۈستە داۋام قىلدى.

---

① «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى» 1958 - يىلى «پەن نەشرىياتى» خەنزۇچە نەشرى، 46 - بەت.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ۋە ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇمى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەدەنىيەت تىپىنى پەرۋىش قىلغان ئۇلۇغ ئوماي — مۇقەددەس ئانا قارنى بولدى. مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئانا ۋە ئايال ئوبرازىغا بولغان ھۆرمىتى، ئايالنىقنى ئىلاھلاشتۇرۇشى ئۇلارنىڭ ئادەت ۋە ئېتىقادلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ھال مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا ئارىيانچە ۋە تۇرانچە نىكاھ شەكلى تەرزىدە تەكىتلەنگەن.

مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى تارىخىدا مىس ۋە تۇچ (برونزا) قوراللىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە مال - چارۋىچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نامايەندە قىلغان تۇنجى قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ئىش تەقسىماتى ئانا ئۇرۇقى تۇزۇمىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق ئۇلىنى تەۋرىتىپ «ئائىلىدە ئىنقىلاب پەيدا قىلدى»①، نەتىجىدە «ئايال جىنسى ئىككىنچى قاتارغا سىقىپ چىقىرىلدى»②، ئاقىۋەت ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ ئورنىنى ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئالغانلىقى بىلەن تۈگەللەندى.

## 4. مەركىزىي ئاسىيادا تۇچ دەۋرى ۋە ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى

مەلۇمكى، مەركىزىي ئاسىيا ئەڭ مەشھۇر سېرىق مېتال — مىس ۋە ئالتۇن مەدەنىيىتى رايونى ھېسابلىنىدۇ. مەركىزىي ئاسىيا مىس ۋە ئالتۇن بۇيۇملىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 1955 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 154 - بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 155 - بەت.

زىبۇزىننەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ .

مىس ئېھتىمال ئىنتايىن يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە زىبۇزىننەت ، نەقىش ـ بېزەك ماتېرىيالى قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . كېيىنچە ئۇ يەنە بىر خىل يۇمشاق مېتال — قەلەي (ستانئۇم ) بىلەن قوشۇلۇپ تۇچقا ئايلانغاندىن كېيىنلا ئۇ پالتا ، پىچاق ، قىرغۇچ ، نەيزە ۋە ساداق بېشى قاتارلىق تاش قوراللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى . مەلۇمكى ، كونا تاش قوراللار تەييار ياكى تولاراق ئۇرۇپ سۇندۇرۇلۇپ چاقما ھالەتتە ئىشلىتىلگەچ تولىمۇ قوپال ئىدى . يېڭى تاش قوراللار سۈركەپ سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالدى . بىلەي تېشى تۇنجى قىرغۇ ئىستانوكى رولىنى ئوينىدى . بۇ چاغدا ئىنسانىيەت ھەتتا ھاۋانچا ، يارغۇنچاق ، يىپ ئەشكۈچى ئاددىي تاش ئۇرچۇق ، تاش مونچاق ، چىۋىق ۋە قومۇشتىن توقۇلغان بۇيۇملارغا ئىگە بولدى . مىس ، تۇچ قوراللىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى تاش قوراللار ئىزىنى باسالمايدىغان ئەۋزەللىكنى ياراتتى . تۇنجى مېتال بولغان مىس (تۇچ ) ئوتتا تېز ئېرىيدىغان ، خالىغان شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان ، سۇنسا قايتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئەۋزەللىكلىرى بىلەن قەدىمكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارىغا ئىلھام بېغىشلىغانىدى . ئەڭ قەدىمكى مىس قوراللار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ مىڭىنچى يىللاردىن بۇرۇنقى مىسىر پىرئەۋنلىرى قەبرىسىدىن (تەخمىنەن 600 پارچە ) تېپىلغان . مىس بىلەن تۇچ تاش قورالنى پۈتۈنلەي سىقىپ چىقارغىنى يوق . تارىخ ئىلمىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 — 4 مىڭىنچى يىللار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن تاش بىلەن تۇچ بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرنى «ئېنېلوئىت» دەۋرى دەپ ئاتايدۇ .

تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخابات رايونىدىن تېپىلغان ئىككى پارچە (1 ـ ۋە 2 ـ ) «ئاناۋ» ناملىق تۆپىلىكنىڭ تۇپراق قاتلىمىدىن مىلادىيىدىن ئۈچ مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئېنېلوئىت

دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەر يادىكارلىقلىرى ئېچىلدى. بۇ يەردىن كېسەك تاملارغا گېئومېتىرىك نۇسخىلار سىزىلغان تۇرارجاي، بوغداي ـ ئارپا دانلىرى، كۆندۈرۈلگەن قوي ـ ئۆچكە ۋە كالا سۆڭەكلىرى بىلەن تاش يارغۇنچاق، ھەر خىل سىلىقلانغان تاش قوراللار، گېئومېتىرىك نۇسخىلىق رەڭدار ساپال بۇيۇم پارچىلىرى، جۈملىدىن يوپۇرماق شەكىللىك مىس پىچاق تېپىلغان. «ئاناۋ مەدەنىيىتى» دەپ نام ئالغان بۇ مەدەنىيەت شىمالىي ھىندىستان ۋە مېسوپوتامىيىدىن تېپىلغان شۇ خىل مەدەنىيەتكە قىسمەن ئوخشىسىمۇ، مۇھىمى شىنجاڭدىن تېپىلغان ئېنېئولىت دەۋرى يادىكارلىقلىرىغا، بولۇپمۇ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكى مۆلچەر تاغ باغرىدىن چىققان يادىكارلىقلارغا زامان ھەم مەدەنىيەت شەكلى جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. «كرورا گۈزىلى» ۋەكىللىكىدىكى «قەدىمىي زاراتكاھ جىلغا مەدەنىيىتى» (گۇمۇگو 古墓沟) بۇنىڭ مىسالىدۇر.

بىز مەركىزىي ئاسىيادىكى برونزا ۋە ئېنېئولىت دەۋرى مەدەنىيەتلىرىنى بىر قانچە مەركىزىي (تىپىك) نۇقتىلار بويىچە ئىگىلەشنى لايىق كۆرىمىز. گەرچە بۇ نۇقتىلار قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەر ئاساسىدا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىز قەدىمكى قەبرە جەسەتلىرىنى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات بىلەن مۇھاكىمە قىلماقچىمىز.

ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «قىلتېمىنار مەدەنىيىتى» بىلەن يەنسەي ۋادىسىدىكى مىنۇسىنسك تۆزلەڭلىكىدىن تېپىلغان «ئەفەناسىپ مەدەنىيىتى» «ئاناۋ مەدەنىيىتى» بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە بولغان. ئۇلار ساتما ئۆيلىرىنى قومۇشتا ياپقان، ئۆيگە يۇملاق ياغاچ تۈۋرۈكلەر بېكىتكەن.

قازاقىستان بىلەن غەربىي سىبىرىيىدىن تاكى كەك يېيىلغان دەشتى قىپچاق دالاسىغىچە «ئاندرونوپ مەدەنىيىتى»

يادىكارلىقلىرى تارقالغان . بۇ خىل مەشھۇر برونزا مەدەنىيىتى قازاقىستاننىڭ كراسنويارسكىي شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئارچىن دېگەن جاينىڭ جەنۇبىدىكى قايسىبىر ئاندرونوپ دېگەن رۇسنىڭ نامىدا ئاتالغان كەنتتىن دەسلەپ تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ نامدا ئاتالغان ھەم ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئىستېمال قىلىنغان . بۇ مەدەنىيەت ئارى ـ ئارىيانلارغا مەنسۇپ . ئۇلار تۆچتىن ئىسكىنە ، پالتىلار ياسىغان ، جامائە ئۆيلىرى بىلەن مال قوتانلىرى قۇرغان ، يۇڭ باش كىيىمى توقۇپ كىيىشكەن ، تېرىنى ئەيلەپ ئۇستۋاش ۋە ئاياغ كىيىمى كىيگەن . ئۇلارنىڭ ياسىغان كاش بۇيۇملىرىغا ھازىرقى گىلەملىرىمىزنىڭكىدەك گېئومېتىرىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن . ئۇلارنىڭ تۆچ دەۋرىدە ياراتقان مەدەنىيىتى يەنسەي (خېم) ۋادىسىدىن جەنۇبىي قازاقىستان ، قىرغىزستان ، خارەزم ، ئافغانىستان ۋە تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىغا تارالغان . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللارغا ئائىت بۇ خىل مەدەنىيەت بولۇپمۇ ئۇلار ياسىغان تۆچ پالتا رومىنىيە ، بۇلغارىيە ۋە ۋېنگىرىيىگە ، ساپالچىلىق جەھەتتە كاۋكاز قەبىلىلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن .

مىنۇسىنسك ئويمانلىقىدىكى قاراسۇق دەرياسى بويىدىن تېپىلغان مەشھۇر «قاراسۇق مەدەنىيىتى» ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تۆچتىن ياسالغان خەنجەر ، پىچاق ، نەيزە ، ئەگرى دەستىلىك پالتا ۋە مەشھۇر قاراسۇق قىلىچى بۇ مەدەنىيەتنىڭ سىكىف — دىڭلىڭ قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . «قاراسۇق مەدەنىيىتى» مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VIII ئەسىردىن بۇرۇن يەنسەي ، ئالتاي ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە بويلاپ ئاسىياچە ئاق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن سېرىق جىنسلىق قوۋملەر ئارىسىدا مۇئەييەن يېقىنلىشىش جەريانى يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . شۇ زامانلاردىن كېيىنكى مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى جەسەتلىرىدە شەرقتىن غەربكە سۇسلىشىپ جايلاشقان موڭغۇلوئىد

ئالامەتلىرى بايقالدى .

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، قارا دېڭىز بويىدىكى سكىفىيىدە تېپىك ئۆلگىسىنى كۆرسەتكەنلىكى تۈپەيلى سكىف (سكىتاي) مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان بۇ مەدەنىيەت «ئاندرونوپ مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان ئارىيان تېپىدىكى ئاق جىنسلىقلار مەدەنىيەتنىڭ قىسمەن سىبىرىق — تۈرك تېپىگە ئۆتكەنلىكىنى نىشانلاشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە . ئەگەر ئاندرونوپلار (ئارى ـ ئارىيانلار) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندى دەرياسى ساھىلىغا سىلجىغان بولسا ، سكىف مەدەنىيىتىنى ياراتقان ساك قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىلا جەنۇبىي سىبىرىيىدىن موڭغۇل يايلاقلىرى ، شىمالىي جۇڭگو ، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى بىلەن قازاقىستان ، ئورال ۋە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سىلجىدى .

سكىفلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئۆزىنىڭ ئىشپاركاي ، پارتاتۇئا ، مادىي قاتارلىق سەركەردىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قارا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى رايونلىرىنى چۆلغاپ ، غەربىي ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك ئاسورىيە مەملىكىتى بىلەن جەڭ قىلغان . ئۇلارنىڭ غەربتە قالغان تارمىقى كېيىنچە ئەزەربەيجان خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان .

ساك ـ سكىفلار دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئاتنى كۆندۈرۈشتە تولىمۇ ئىلگىرىلەپ ، «ئوغۇزخان ھارۋىسى» ئۆتۈقلىرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ — بىۋاسىتە ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىشقا — چەۋەندازلىققا ئۆتكەنىدى . ئۇلار «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نى ئىلگىرى سۈردى . ئات قوشقان جەڭ ھارۋىلىرىنى ئىشلىتىدىغان گرېك ـ ماكودونىيىلىكلەرگە ئۇستاز بولۇشتى . ھېپپوگراتنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى سۆڭەك تېڭىقچىلىقى ۋە تۇپراق ،

سۇ ، ھاۋا ، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات (تۆت فىزىس ) قارشىنى سىكىفلاردىن قوبۇل قىلدى .

سىكىفلار مەشھۇر ئالتۇن - مىس ھۈنەرسازلىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىزىدىن — جەنۇبىي سىبىرىيە ، شىنجاڭ ، يەتتە سۇ ، ماۋەرائۇننەھر ، ئورال ۋە قارا دېڭىز ساھىلىدىن نۇرغۇنلىغان ھايۋاننىڭ خىرىسچان ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مىس - ئالتۇن بۇيۇملار تېپىلدى . جەڭگىۋار ، كۆپتۈرمە ۋە بېلى تولغانغان ھالەتتە ئىشلەنگەن بۇ بۇيۇملار ھېلىمۇ قەدىمكى سەنئەتنىڭ ئەركىن ئۇسلۇبى شەكلىدە يېگانە سىستېما بولۇپ تۇرماقتا . ئۇلارنىڭ ھايات ئىزىدىن قاناتلىق تۆچ ساداق ئۇچى ، ھەر خىل (جۈملىدىن ئېيىق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ) تۇچ خەنجەر (ئىگەنەك ) ، تۇچ يىڭنە قۇتىسى ، تۇچ كۆرگۈ (ئەينەك ) ، قۇلاقلىرىغا ھايۋان نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئاسما تۇچ قازان ، كالا سۆرەيدىغان يېپىق مەپە ھارۋا ، شۇنداق ھارۋىنىڭ تۇچ بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن سۈرىتى ، بۇغا ۋە تېڭىقچىلىق ، تېرە ئەيلەش كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان قاچىلار تېپىلغان . بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تاسما توقىلىرى سىكىفلاردا ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولغان .

بىز ئالماتا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئېسىكى قورغان خارابىسىدىن تېپىلغان ئالتۇن زەنجىر - ھالقىلاردىن قۇراشتۇرۇلغان كىيىم (كىجىم ) ، دۇبۇلغىسى بىلەن شىمالىي ئالتاي بازىرىق (Pazirik 巴泽雷克) قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان ئالتۇن - مىس بۇيۇملارنىڭ تىپىك سىكىف يادىكارلىقى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ بەدىئىي ۋە ئېتنوگرافىيىلىك قىممىتى يۇقىرى ۋە روشەنلىكىنى تەكىتلەشكە ھەقلىقمىز .

ئانا تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان شىنجاڭ رايونىدىن ئېنېلوئىت ۋە تۇچ دەۋرىگە ئائىت كۆپلىگەن قېزىلمىلار تېپىلدى . بىز مىلادىيىدىن ئۇچ مىڭ يىللار ئىلگىرى ئالتاي

تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىك — ئارى ئاھالىلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گۇشى — ساك ئاھالىلىرى مىتال پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئۆتكەن، دەپ مۆلچەرلەيمىز. ئالتاي ۋىلايىتى سارسۇمبا ناھىيىسى «قىرمۇچ قەبرىگاھى»دىن سىلىقلانغان تاش ساداق ئوقى بېشى، مىس يىڭنە، مىس نەيزە بېشى، مىس ساداق بېشى، مىس پىچاق، مىس كۆرگۈ (ئەينەك) بىلەن ساپال بۇيۇملار تېپىلغان.

كۇنەس دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىن قوشقار بېشى نەقىش قىلىنغان مىس پىچاق تېپىلغان. 1983 - يىلى كۇنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ساكلار قەبرىستانلىقىدىن ئىچى كاۋاك، جۈپلەپ پايات قىلىنغان 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى، ئۈچ كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى ئەگمە ئۈچلۈق قالپاقلىق سىكىف - ساك جەڭچىسىنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغان مىس ھەيكىلى تېپىلغان. بۇ تېپىك ھەيكەل قالپىقى بىزگە يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى «ئۈچلۈق قالپاقلىق ساكلار» ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئەسلىتىدۇ. گرېك - ماكېدونىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئارقىغا قايرىلغان قالپىقى بىلەن سىكىفلار — ساكلارنىڭ ئالدىغا قايرىلغان قالپىقىدا تەسىر مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇقى بىر مۇئەممادۇر.

تېكەس ناھىيىسىنىڭ چولاقتېرەك دېگەن يېرىنىڭ تىلەشكەي دۆڭلۈكىدىن مىس پالتا، قىزىل مىستىن ياسالغان كالا بېشى شەكىللىك زىننەت بۇيۇمى تېپىلغان.

ئۈرۈمچى رايونى گۇچۇڭدىن مىس داڭقان، مىس قازان، مىس لېگەن، ھايۋان نۇسخىلىق ھالقا تېپىلغان. ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق ئالغوي جىلغىسىدىن قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرى قاتارىدا بىر قەدەر نەپىس ئىشلەنگەن شىر ۋە ئارسلان نەقىشلىق ئالتۇن ئىبادەت بۇيۇمى، ئۈستىگە بىر جۈپ ھايۋان ئوبرازى قوندۇرۇلغان مىس ئىسرىقدان، 32 سانتىمېتىر

ئېگىز تۇۋلۇك مىس پەتنۇس ، ئېگەر جابدۇقلار تېپىلغان . مورى ناھىيىسى «سىداۋگۇ» مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئېنېئولىت دەۋرى ئاھالە نۇقتىسى تېپىلغان تاش بۇيۇملار ئىچىدە مىستىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى بولغان . 31 سانتىمېتىرلىق مىس تاختىغا ئات بىلەن چېلىشىۋاتقان قاۋاننىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن . قاۋان ئاتنىڭ ئوڭ پۇتىنى ، ئات قاۋاننىڭ مۈرىسىنى چىشلەپ تۇرغان بۇ كۆرۈنۈش سىكىف ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن . ئاراتۇرك ناھىيىسى نوم يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى كارسان خارابىلىقىدىن تاش قورااللار بىلەن بىللە مىس بىگىز ، مىس ساداق بېشى ، تۆچ چەشكە تېپىلغان .

قارا شەھەر دەرياسىنىڭ قارا مودۇن — باش ئېقىنىدىن قېزىلغان 140 پارچە تاش قەبرىدىن مىس پىچاق ، ساداقنىڭ مىستىن ياسالغان ئۇچى تېپىلغان . كۇچانىڭ قارا دۆڭ مەدەنىيەت قاتلىمى بىلەن تاشقورغان قەدىمكى قەبرىلىرىدىن مىس ساداق بېشى ، مىس ھالقا ، ئۈزۈك ، بىلەزۈك ۋە كەھرىۋا ، سۆڭەك مارجانلار تېپىلغان .

مىس ۋە تۆچ قوراللىرى دەۋرى بىرىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ — كۆچمە چارۋىچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى . ئانا ئۇرۇقىدىكى ئاددىي جەمچى ۋە ئوۋچى بولغان ئەركەك جىنس ، بۇ دەۋردە جامائەنىڭ بىرىنچى ئەزاسى بولۇشقا باشلىدى . ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنى ئورنىنى ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئىگىلىدى . نۇرغۇن مىس قوراللار ئاتا ـ ئەركەك پائالىيىتىگە لايىقلاشقان ۋە نۇرغۇن تەسۋىرىي ئوبرازلاردا ئاتا ـ ئەركەك گەۋدىلەنگەن مىس دەۋرى قەھرىمانلىق فولكلورىنى يېتىلدۈردى .

مىس دەۋرى جىلغا مەدەنىيىتىنى كېڭەيتتى ، يايلاق مەدەنىيىتى تېپى مەيدانغا چىقتى . كىشىلەرنىڭ جاھانكەزدىلىك پائالىيەت دائىرىسى ئات تۇۋۇقىغا ئەگىشىپ ، يىراق جايلارغا

كېڭەيدى .

مىس ۋە تۇچ قوراللىرى دەۋرى ئېتنىك — مىللىي تۈركۈملەر ، تىل سىستېمىلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرى يېتەرلىك شەكىللەنگەن دەۋر بولدى . مىللىيەتلىك قەدىمكى تىل ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شۇنداقلا ماكان ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تۈركۈملىك ئالامەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت بىرلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى . ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر ئۇنىڭغا تارىخىي قاتلام بېغىشلىدى ، خالاس .

تۇچ قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللەنگەندە يۈز بەردى . مىسىر ۋە خۇاڭخې دەريا ياقىسىدىكى قەدىمكى ئېگىلىكى مۇناسىۋەتلىرىدە تىپىك كۆرۈلگەن بۇ ھادىسە مەركىزىي ئاسىيادا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە كۆرۈلدى . تۆمۈر — قارا ئالتۇننىڭ كەشىپ قىلىنىشى بۇ جەرياننى تېزلەتتى . مەركىزىي ئاسىيادا تۆمۈر تەخمىنەن ھىندىستان بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن بىر - ئىككى ئەسىر ئىلگىرى تۇرمۇشقا كىرگەن بولۇشى ئېھتىمال . كورىيىلىكلەر مىلادىيىدىن ئالتە ئەسىر ، ياپونىيىلىكلەر ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى تۆمۈر بىلەن تونۇشقان .

مەركىزىي ئاسىيادا بۇ خىل يۇقىرى ھارارەت تەلەپ قىلىدىغان ئېرىتىش تېخنىكىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىن باشلاپ ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن . سكىفلار ئاسورىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ، سۈرىيە ۋە پەلەستىننى ئىشغال قىلىپ ، تۇنجى قېتىم شەرق - غەرب ئالاقە يولىنى ئاچقاندا ، ئۇلار ئۇچقۇر چەۋەنداز ، يېڭىچە تۇچ ساداق ئوقى بىلەن بىللە قىسمەن تۆمۈر قوراللار بىلەن قوراللانغانىدى . ئاندرونوپلار (ئارى - ئارىيانلار) ئالتاينىڭ شىمالى بىلەن يەتتەسۇ رايونىدا ۋە ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدا تېرىقچىلىق مەركەزلىرىنى بىنا قىلغاندا ئۇلار تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى



www.uyghurkitap.com

ئېنىقلانغان.

مەركىزىي ئاسىيادىن تۆمۈر تاۋلانغان جايلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنچە مەلۇم بولدى. ئۈرۈمچى يېنىدىكى ساۋۇرغول قەدىمكى قەبرىلىرىدىن، مۇزئارت قەدىمكى ئۈسۈن قەبرىگاھلىقىدىن، تاشقورغاندىكى شاڭبو قەدىمكى قەبرىلىكىدىن ئاز مىقداردا تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ھالقا قاتارلىق بۇيۇملار چىقتى. خوتەن كونا نىيە خارابىلىرى بىلەن لوپ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاچچىقتاغ يانباغرىدىن، كۇچانىڭ شىمالىدىكى ئاغاي تېغى بويىدىن قەدىمكى چاغلاردىن قالغان رودىلار بىلەن ئېرىتىش قازىنى، داشقال دۆۋىلىرى تېپىلغان. تاشقى بايقال قەبرىگاھلىقىدىن مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ تۆمۈر ئۈزەڭگىسى تېپىلغان. كېيىنكى زامانلاردا يېزىلغان «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «دەريا - ئېقىنلار تەپسىلاتى» (水经注) قاتارلىق مەنبەلەردە كۇچانىڭ شىمالىدا تۆمۈركاندىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغانلىقى، باي — قۇمباشتىن مىس چىقىدىغانلىقى، چەرچەن ۋە يەكەن تاغلىرىدىن كۆمۈر چىقىدىغانلىقى، خوتەن ۋە قاغىلىقتىن ئالتۇن ۋە قاشتېشى ئېلىنىدىغانلىقى يېزىلغان.

مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تۆمۈر قوراللار تېپىلغان. بۇ قەبرىلەردە سىنىپىي پەرقلەر، ئاددىيلىق ۋە ھەشەمەت پەرقلىرى كۆرۈلگەن. مەركىزىي ئاسىيادا ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ۋە ئۇرۇقداش قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىمتىيازلىق ئاقسۆكەڭلىشىپ بېرىشى، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي بايلىققا بولغان ئىگىدارچىلىقنىڭ ئۆزگىرىشى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئىپتىدائىي سىياسىي ھاكىمچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرى مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت ئانا ماكاندا تاش قوراللىرى دەۋرىدىن باشلاپ شۇ زېمىندا

ئاپىرىدە بولۇپ، شۇ زېمىندا ياشاپ، جامائەلىشىپ كەلدى. ئاتنىڭ ۋە هارۋىنىڭ تۇرمۇشتا قوللىنىلىشى، مېتال بۇيۇملارنىڭ ئىنسانىي هايۋانات تەھلىكىسى ۋە تەبىئەت قورقۇنچىدىن بىر قەدەر ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە قىلىشى، جامائە ۋە ئۇرۇقداش قەبىلە شەكلىدىكى ئۇيۇشۇش، ئورتاق مىللىيەتلىك تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ هاسىل بولۇشى ئۇلارغا ئەبەدىيلىك هاياتىي ئىقتىدار بېغىشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئارى — ئاندرونوپلىرى ئىدى. مىلادىيىدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۇلار ئالتاي ـ يەنسەي دالاسىدىن هەر تەرەپكە قەدەم قويدى. ئارى ـ ئاندرونوپلارنىڭ جەنۇبقا، بولۇپمۇ «ئاۋېستا»①

كىتابىدا ئۇچۇر قىلىنغىنىدەك بەھەيۋەت ئۇرۇقداش قۇدرەت سۈپىتىدە هىند دەريا ساھىلىدىكى قەدىمكى خاراپپا شەھەر قەلئەسىگە باستۇرۇپ كىرىشى، غەربىي جەنۇب بويلاپ هازىرقى تۈركمەنىستاندىكى قەدىمكى ئالتۇن تېپە، تېپە هىسار قەلئەلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشى بۇ زېمىنلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى، مەدەنىيەت تۈسى ۋە ئېتىقاد خاسلىقلىرىغا سالماقلىق ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كەلدى. سىممىلىيان — سكىفلارنىڭ شەرقىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمكى قۇدرەتلىك مەملىكەتلەر — ئاسورىيە، ئوراتو، مىدىيىنى هالاك قىلىشى، بۇ زېمىننىڭ قەدىمكى تارىخىغا تېرەن چۆكمە تۆكتى. هازىرقى شىنجاڭ زېمىنىنىڭ شەرقىدىن تاكى سېرىق دەريا (خۇاڭخې)نىڭ ئوردۇس ئەگمىسىگىچە بولغان قىسمىدىن، تەيخاڭشەن ئېدىرلىرىغىچە بولغان زېمىندىمۇ ئاتلىق ـ ئوقياچى ئارى ـ

① «ئاۋېستا» زوروئاستېر دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. كىتاب ئاتەشپەرەسلىك تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى زوروئاستېر تەرىپىدىن يېزىلغان دېيىلىدۇ. تەبەرى ۋە بىرۇنىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، مۇئەللىپ بۇ كىتابنى سىرلانغان كالا تېرىسىگە يازغان. بۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرلەر ئىدى. «ئاۋېستا» ئەپراسىياپنىڭ ئىنزباسارى ئەرجەسپكە ئولپان تۆلىگۈچى گۇشتاسپ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋاقتىدا كۆيدۈرۈلگەن. ساسانىلار ئاتەشپەرەسلىكنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، «ئاۋېستا»نى قايتا بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ نەتىجىدە ئۇنىڭ قىسقا شەكلى «خوردا ئاۋېستا» مەيدانغا كەلگەن.

ئاندرونوپ قەبىلىلىرى پەيدا بولدى . كۆيفاڭ ، داخۇ ، بىدى دەپ ئاتالغان بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىزىدىن ساك ، توخرى ۋە موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان ھۇن قەبىلىلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقتى . تارىخ ئاتلىق چەۋانداز خەلقلەرنىڭ قەلئەچى پىــــيادە خەلقلەر ئۈستىدىكى غەلىبىسىنى دونايدىن خۇاڭخې ۋادىسىغىچە بولغان پايانسىز زېمىندا تەكرار قۇتلۇقلاپ كەلدى . مۇشۇ «بەدەۋى» خەلقلەر ئەينى زاماندا ئەڭ ئاقىلانە قورالانغان ، كېيىنكەن ، تەشكىللەنگەن ۋە كۈرەشكەندى . ئۇلارنىڭ ئىزىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت يولى — شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان كارۋان يولى ئېچىلدى . ئىنسانىيەت پەقەت شۇ چاغدىلا مورگان ئېيتقان «سىۋىلىزاتسىيە» تارىخىغا قەدەم قويدى .

## 5 . مەركىزىي ئاسىيادا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت

تارىخ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق كۈرەشلىرى تارىخى بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت . ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىنى تاكى يېزىق بىلەن ئىپادىلىگەنگىچە بولغان ئۇزاق زامانلار داۋامىدا تاش ۋە مېتالدىن ، كاش ۋە ئۈستىخاندىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، جۇملىدىن ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا «يېزىپ» قالدۇرغان .

مەلۇمكى ، ئىنسان ئۇچۇر قالدۇرغۇچى زاتتۇر . ئەگەر بىز ، يېزىقنى ئۇچۇر دەپ قارىغىنىمىزدا ، ئۇچۇرنىڭ ئىنسانىــيەت بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئەگەر ئۇ ساقلىنىپ قالغان بولسا ، ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ بىۋاستە ، بىرىنچى قول ، ئەمەلىي ۋە كونكرېت چۆكمىلىرى ھەرقانداق

رىخچىنىڭ ، بولۇپمۇ ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ ھەرپ بىلەن يازغان
ارىخىدىن چىنراق ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە . بۇ ھەقتە بىز مۇنداق
ارايمىز :

بىرىنچىدىن ، تارىخنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنى ياراتقان
ەلقنىڭ تارىخ ئىزى ، تارىخ چۆكمىلىرى ، تارىخ ئۇچۇرىنى ئاساس
ىلىپ مۇھاكىمە قىلىش كېرەك . ئۇ ، باشقا ۋاستىلىك ، يازما
ەلۇماتلارنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان
ىزان .

ئىككىنچىدىن ، تارىخنىڭ ئۇچۇرى ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ
ۇرمۇش – كەچۈرمىشلىرىدەك ئىزچىللىقتا ، سىستېمىلىقتا ،
ەنتىقىلىقتا ۋە ئەنئەنىۋىلىكتە ئىگە . ياسالما «پاكىت»لار
اتلىقى ، ياسالمىلىقى ، تەنها ۋە تاسادىپىيلىقى بىلەن سىگمەيدۇ .

ئۈچىنچىدىن ، ئۇچۇر تارىخ ھېسابلىنىدىكەن ، ھەممە
خەلقنىڭ تارىخى ئوخشاشلا تولىمۇ قەدىمىدۇر . يازما تارىخي
ەنبەلەر يېتەرلىك توپلىنىشى ، يېزىقتىن ئىلگىرىكى يېزىق
ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تامغا – بەلگىلەر روشەنلەشتۈرلۈشى ، پۈتۈن
ئۇچۇر تارىخى ئېتىبارغا ئېلىنىشى لازىم .

ئىپتىدائىي ئېتىقاد بۇنىڭدىن 40 — 50 مىڭ يىللار
ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا
باشلىغانىدى . بۇ ئېھتىمالەم كرو – ماگنون ئادىمى دەپ ئاتالغان
ۋە ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن مۇز دەۋرىدىكى پاراسەتلىك
ئىنساننىڭ تەپەككۇر شەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا
كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . قورقۇنچلۇق ۋە شۇ سەۋەبلىك
مەجبۇرىي ۋە زۆرۈرىي يوسۇندا «يۈكسەك» بولغان نەرسىگە
چوقۇنۇش ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئاساسىي ئالامىتى ئىدى .

ئىپتىدائىي ئادەم نەزىرىدە مەۋجۇت نەرسىلەر خۇددى تىرىك
ئادەمنىڭ ئۆلگەن ئادەمدىن ئۆزىنىڭ «جېنى» بىلەن
پەرقلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش «جان» ، «روھ» چۈشەنچىسى

بارغانسىرى ھەم يۇقىرى ھەم سىرلىك تۇسكە كىردى . ئۇلاردا ئادەمنى ئۇنىڭ جىنى باشقۇرغاندەك ، ھەممە نەرسىلەرنى شۇ نەرسىنىڭ «جىنى» ، «روھى» باشقۇرىدۇ ، دېگەن قاراش ئومۇملاشتى . كېيىنچە سىرلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى — بوران ، مۆلدۈر ، چاقماق ، يەر تەۋرەش ، تاشقىن ، تاغ گۈمۈرۈلۈشى قاتارلىقلار شۇ تەبىئەتنىڭ تېنىگە يوشۇرۇنغان «جان» — تەبىئەت تەڭرىلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ ، دېگەن قاراش شەكىللەندى .

ئىپتىدائىي ئادەمدە پۈتۈن تەبىئەتنى جانلىق ئىلاھلار باشقۇرۇپ تۇرىدۇ ، دېگەن قاراش بىلەن بىللە ، ئۆزلىرىنى جانلىق تەبىئەتنىڭ — ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەن قاراش ساقلاندى . ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىسى كۆپ بولغان ، ئۆزلىرىگە ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ياكى ئۆزلىرىگە خاسىيەتلىك كۆرۈنگەن ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ، ئۇلارنىڭ روھىغا سېغىنىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى .

ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىگە كەلگەندە ھەر بىر ئۇرۇقداش جامائە ياكى قەبىلە ئۆزلىرىگە خاسىيەتلىك ھېسابلانغان بىرەر ھايۋاننى بەلگە ـ نىشان قىلىپ ، ئۆزىنى مۇشۇ ھايۋان بىلەن ئۇرۇقداش ياكى تەقدىرداش دەپ قاراشقان . پەندە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئالگونكىن قەبىلىسىنىڭ تىلى بويىچە بۇ «توتېم» دەپ قوبۇل قىلىنغان . «توتېم» — ئۆز ئۇرۇق ـ جەمەت دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ . توتېم قائىدىلىرى يالغۇز ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدىلا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن ، بەلكى كېيىنكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ، قوۋم ۋە مىللەتلەر ھاياتىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىدى . تۆشۈكتاش غارىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملاردىن تۇياقلىق ھايۋانغا بولغان چوقۇنۇشنىڭ ئىپادىلىرىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن . ئۇلار ئۆلگۈچىنىڭ ھايۋان ئۇستىخانلىرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىشىنى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم قايتا تىرىلىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىنىشقان بولۇشى ئېھتىمال. تاكى يېقىنقى يىللارغىچە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆڭەك مونچاقلار، تۇپۇق ئاسقىلارغا بولغان ئەقىدىسى بىلەن مەلۇم ئەقىدىگە ئالاقىدار قەبرىلەرگە مۈڭگۈزلەر ئېسىپ قويىدىغانلىقى بۇ خىل ئادەتنىڭ تولىمۇ قەدىمىيلىكىنى تەستىقلايدۇ. ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇللار مانا مۇشۇ ھايۋانغا بولغان ئالاھىدە سېغىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. دەسلەپكى سېھىرگەرلىك، دۇرۇت ئوقۇش ۋە باخشىلىق پائالىيەتلىرىدىمۇ ھايۋان ئوبرازى ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان.

ئايال جىنسقا بولغان ھۆرمەت ئانا ئۇرۇقى دەۋرىدە شەكىللىنىپ بارغانسېرى سېھىرلىك خاراكتېر ئېلىشقا باشلىدى. كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى بىلەن قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن ياغاچ، لاي، كىگىز، تاش قونچاق شەكلىدىكى ئايال ئوبرازلىرى چىققان. XIX — XVIII ئەسىردە ياشىغان ئالبوت ۋە ئېسكىمۇس قەبىلىلىرىنىڭ خۇددى مۇز دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان شىمالىي سىبىرىيىدىكى ھاياتىدا ئۆلارنىڭ ياغاچ ۋە سۆڭەكتىن ئايال ئوبرازىدىكى قونچاقلار ياساپ ئۆلارغا چوقۇنۇش ئادىتى ساقلانغان. مۇنداق يېشى چوڭ ئايال ئوبرازلىرى ئۆلگەن پېشقەدەملەرنىڭ نامىغا ئاتالغان، تولا ھاللاردا ئۇنى قىزلار ئۆز يانلىرىدا ئېلىپ يۈرگەن. جان چاچتا، دەپ قارالغاچقا قونچاقنىڭ قۇلىقىغا تۆشۈك تېشىپ چاچ تىقىپ قويۇشقان. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۆلمەس روھ شۇ يەردە ياشاپ ھامىيلىق تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولغان. موڭغۇل خانلىقلىرى دەۋرىدە شەرققە كەلگەن غەرب مىسسىيونىرى روبلۇكنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرى ئاساسىدا ئېيتىشىچە، شۇ چاغدىكى قىپچاق قەبىلىلىرىدىمۇ بىر تېرە قاپچۇققا كىگىزدىن ياسالغان ئايالچە قونچاقنى سېلىپ ساقلاش، قونچاق قۇلىقىغا ئۆلگۈچىنىڭ چېچىدىن سېلىپ قويۇش، تاماق ۋاقتىدا قونچاقنىڭ ئاغزىغا

گۆش سوٰركەپ قويۇش ئادىتى بولغان .

ئالتاي تۈركىي قەبىلىلىرىدە توتېم ئېتىقادى ، هايۋانلار بىلەن (مەسىلەن بۆرە بىلەن ) نەسىلداش دېگەن چۈشەنچە ، ئايال ئوبرازىغا سېغىنىش (كېيىنچە ئوماي ئىلاھىغا تېۋىنىش ) ، يادا تاش سېھىرگەرلىكى ۋە كېيىنچە ئېپتىدائىي كۆپ ئىلاھلىق ئانىمىزملىق كۆزقاراشلار بولۇپ ئۆتكەن . تۈرلۈك ئەپسانىلەر ۋە قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى مۇشۇ خىل ئېتىقاد بىلەن زىچ باغلانغان .

شۇنى تىلغا ئېلىش هاجەتكى ، ئەڭ قەدىمكى قەبرە قۇرۇلۇشلىرى بىلەن دەپنە بۇيۇملىرى ئېپتىدائىي تۇرمۇش ۋە ئادەت ـ ئېتىقادنىڭ بىر پارچە ئەينىكى سۈپىتىدە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ . قەبرە يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىلىك مەقسەتلەرنى كۆزلەپ كۆمۈلگەن ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ئۆلگۈچىنى قىزىل تۇپراق (گىل ) بىلەن ئوراپ كۆمۈشتە ئۇ قايتا تىرىلگەندە قان بولۇش نەزەردە تۇتۇلغان . ئايال جەسەتكە ئۇ ياش بولسا هەر خىل زىبۇزىننەتلەر ، ياشانغان بولسا تەسۋى تۇتقۇزۇلغان . يىگىتنىڭ جەسىتى بولسا سىلىقلىغۇچى تاش ، جەڭچىنىڭ جەسىتى بولسا كۆكرىكىگە قالقان ، ئايىغىغا نەيزە ۋە ئات ئۈستىخىنى قويۇلغان ، بۇ ئەينى زاماندىكى قايتا تىرىلىش ئەقىدىسىگە ئالاقىدار ئىدى . مەلۇمكى ، ساك قەبىلىلىرىنىڭ هىندىستاندا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسمى كېيىنچە ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل قايتا تىرىلىش چۈشەنچىلىرىنى «سانسارا» ئەقىدىسى سۈپىتىدە براخمانىزم ۋە بۇددىزم ئېتىقادىغا سىڭدۈرگەنىدى . بىز شىنجاڭنىڭ لوپنۇر كۆلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى جەسەتلەر بىلەن قۇمۇل لاپچۇق قارا دۆڭدىكى قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ رەڭ بىلەن بويىلىپ ، قىزىل قوم ۋە گىل تۇپراققا كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز . مەن قارا دۆڭدىكى مۇنداق قەدىمكى قەبرىلەرنى ئېچىپ بۇنداق ئادەتنى نەق مەيداندا كۆرگەنىدىم . بارىكۆل ناهىيىسىنىڭ

تاغ باغرىدىكى قەدىمكى قەبرىگە ، تاش ـ شېغىللىق لەھەتكە باشقا جايدىن قىزىل تۇپراق يۆتكەپ كېلىنگەن . بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىرىدىن چاچ خالتىسىغا ئېلىنغان ئايال ئۆرىمە چېچى ، تۇچ كۆزگۈ (ئەينەك ) بىلەن ئىككى كۆكرىكىگە ئىككى پارچە قورساق قىسمى كۆپتۈرۈلۈپ قۇيۇلغان تۇچ «ئۇماي ئانا» سىمۋولىدىكى كىچىك ھەيكەل قويۇلغان ئايال جەسىتى چىققان . بۇ قىزىل تۇپراق ، ئۇماي ئانا ئوبرازى ، چاچ ۋە كۆزگۈ بىزگە بۇ ئايالنىڭ قوش پەرزەنتكە ھامىلىدار بولۇپ قازا قىلغانلىقىنى ئۇقتۇراتتى ، ئۇنىڭغا قايتا تىرىلىش ۋە ھوسىن تۇزەش ئۇمىدى بېغىشلانغانىدى . باركۆل ناھىيىسىدىن ئېچىلغان يەنە بىر قىزىل تۇپراق ئىچىگە كۆمۈلگەن جەسەتنىڭ بېشىغا بۆرە بېشى (سۆڭەك بولۇپ قالغان ) ، بىر يانغا ئوقيا ، بىر يانغا ئىرغاي ياغىچىنى ياپىلاقلاپ ئېگىپ ياسىغان ئات ئۈزەڭگىسى قويۇلغان . بۇ چەۋەنداز ئەركەكنىڭ جەسىتى ئىدى .

بىز مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىپتىدائىي فولكلورىدا ، قەبرە ئېتنوگرافىيىسىدە ، قىيا رەسىملىرىدە قۇياشقا ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئىزچىل ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز . ئېيتىش كېرەككى ، قۇياش ئېتىقادچىلىقى بىر قەدەر سوغۇق ـ مۆتىدىل بەلۋاغ ، تاغ ـ ئورمانلىق زېمىن ، يايلاق ـ جەزىرىلىك بىپايان ماكان بولغان مەركىزىي ئاسىيادا باشقا جايلارغا قارىغاندا كۈچلۈك ، ئومۇمىي خەلق خاراكتېرلىك ۋە ئىزچىل بولغان . بىز خەنزۇچە مەنبەلەردىن ھۇن ۋە تۈركلەرنىڭ قۇياشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇت — خاقانلىرىنىڭ يۈزىنى كۈنگە قارىتىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ، جەڭگە چىقىشتا قۇياشقا چوقۇنۇپ ، قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەك ، ھېرودوتنىڭ : «ماسساگېتلار ھەرقايسى تەڭرىلەر ئارىسىدا پەقەت قۇياشقىلا چوقۇنىدۇ . ئۇلار قۇياشقا ئاتاپ ئات قۇربانلىق قىلىدۇ ، چۈنكى ، پەقەت ئاتلا تېزلىكتە قۇياشقا تەڭ كېلىدۇ ، دەپ قارايدۇ» دەپ



www.uyghurkitap.com

يازغانلىقىنى كۆرىمىز . بىز ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى يەر نامىلىرى ئىچىدىن «كۇنتۇغمىش» ، «كۆك تەڭرىدىن بولمىش» قاغان نامىلىرى بىلەن «كۇنەس» ، «كۆنچى» قاتارلىقلارنى كۆرىمىز . بىز «ئاۋېستا» دەستۇرىدىن قۇياش ئىلاھى مېترا نامىغا بېغىشلانغان مەدھىيىلەرنى ئۇچرىتىمىز :

بىز مېتراغا چوقۇنىمىز . . .
ئۇ باشقۇرار غايەت يوغان ،
هارۋىسىغا چاق ئورنىتقان ،
مەشرىقا ياقتىن ئاسمان بويلاپ ،
يەتتە ئىقلىمنى كېزەر هامان . . .

قەدىمكى قىسمەن ئىران ۋە قىسمەن تۇرانىنى بىرلەشتۇرۇپ قۇرۇلغان فارفىيە (ئارشاك) دەۋرىنىڭ تام رەسىملىرىنىڭ بىرىدە تۇركىي خەلقلەر مەرگەن تەڭرى ، دەپ ئاتايدىغان قۇياش ئىلاھى مېترانىڭ ئاتقا مىنىپ ئوقيا ئېتىپ ، بۆرە ، شىر ، بۇغىلارنى ئالدىغا سېلىپ چېپىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن . قازاقىستاننىڭ ئالمالىق قىيا رەسىملىرىنىڭ بىرىدە ئىنسان بېشى قۇياش قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا چەمبىرىدە توققۇز نۇر توچكىسى ، ئەتراپىدا ئىككى قەۋەت كۆپلىگەن نۇر توچكىلىرى بولغان . ئالمالىق قىيا رەسىملىرىنىڭ يەنە بىرىدە ئاي بىلەن كۇن ئىككى مەرھەمەتلىك ئادەم شەكىللىك دەرەخ بولۇپ ، ئۇنىڭ نۇرلىرى مېۋە شەكلىدە چېكىلگەن بولۇپ ، ئارىلىرىغا ئۇنىڭ نۇرى ئاستىدا ئوتلاۋاتقان ئۇچ چارۋا مال رەسىمى سىزىلغان . بىز موڭغۇل يايلىقىدىكى چوغاي تېغىنىڭ[①] قىيالىرىغا قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان ئەركەك كىشى ئوبرازى

① چوغاي تاغلىرى — （阴山）هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خېتاۋ رايونىنىڭ شىمالىدىكى تاغلارنىڭ ئومۇمىي نامى .

www.uyghurkitap.com

سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز . فەرغانە ۋادىسىدىكى سەيمالتاش قىياسىغا خۇددى ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان كىشىلەر ئوبرازى چېكىلگەن . ئۇلارنىڭ يېنىغا تاش بىلەن مايۇان ئوبرازى سىزىلغانلىقى قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردا ئاساسىي ئېتىقاد سۈپىتىدە پەيدا بولغانلىقىنى ئەستىقلايدۇ . قازاقىستاننىڭ ئالما ئاتا يېنىدىكى تامغالىق قىياسىدىكى قوتاز ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ نۇر چېچىۋاتقان قۇياش تەڭرىسى ئادەم قىياپەتلىك بولۇپ ، قارا قوتاز بىلەن قۇياش ئادەم كۆكتەڭرى — قۇياش بىلەن يەر تەڭرىسى — يەر ۋە سۇ ئىلاھى ئۇماي قارىشىغا ئالاقىدار بولغان .①

بىز قۇياش ئېتىقادچىلىقى سىمۋولىزمى ئالامەتلىرىنى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تاشقى — زېمىن ئۈستىدىكى قۇياش شەكىللىك سىخېمىلىق ئالامەتلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز . بۇلار ئومۇمەن ئۈچ خىل بولغان . ئۇنىڭ بەزىلىرىگە — بولۇپمۇ يايلاق ۋە دەشتلەردىكى قەبرىلەر سىرتىغا يۇمىلاق قۇياش شەكلىدە تاشلار تىزىلغان . ئۇنىڭ بەزىلىرىگە خۇددى لوپنۇر ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلىك جىلغا (گوموگۇ )دىكىدەك ، يەر بويلاپ قۇياش چەمبىرى شەكلىدە بىر ياكى بىر قانچە ئورام ياغاچ قوزۇق قېقىلغان . بۇ خۇددى قازاقىستان تامغالىق قىياسىغا ياكى فەرغانە سەيمالتاش قىياسىغا سىزىلغان قۇياشنىڭ نۇر چاچقان كۆرۈنۈشىنى هاسىل قىلغان . ئۇنىڭ يەنە بەزىلىرى ، بولۇپمۇ قەبىلە باشلىقلىرى قەبرىگاهلىرى خۇددى هەيۋەتلىك بوز ئۆيدەك يۇمىلاق قۇياش شەكىللىك دۆڭ ئېگىزلىكىدەك دۆڭ ئېچىگە دەپنە قىلىنغان . مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى هەر خىل ئۈچار قانات ، ئات ، تاغ تېكىسى ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مېتال بۇيۇملار بىلەن ئارىيانلار ـ ساكلار ئاساس سالغان بۇددا —

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن : «مەركىزىي ئاسىيادا قۇياش ئېتىقادچىلىقى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا قاراڭ .

بورخان ئوبرازلىرىنىڭ نۇر چەمبەرلىرىدە ئۆزگەرگەن داۋامىنى ساقلىدى . بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك»تە «كۈنتۇغدى» ئىلىكنى نۇرنى ھەممىگە تەڭ يايدىغان ئىللىق قۇياشتەك ئادىل خاقانغا مىسال قىلغانلىقىنى كۆرىمىز . بۇ قۇياش ئېتىقادچىلىقى ئەنئەنىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادتىكى تەسىرىدىن پەقەت بىر مىسال .

مەركىزىي ئاسىيا ئەڭ قەدىمكى سەنئەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئادىمىنىڭ ئۆز روھىيىتىنى ئىپادىلىگەن مۇنداق ئوبرازلىق ئۇچۇر ـ تامغىلىرى بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئەقلى ، ئىجادىي تەسەۋۋۇر سەۋىيىسى ، روھىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئۇلارنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ھەرقانداق مەنىۋى ئىپادە — ئىپادە قىلىنغان مەزمۇن بىلەن مۇنداق مەنىۋى مەزمۇننىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە مۇنداق مەنىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكلىرى — شەرت ۋە سەۋىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئىپادىلەشمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشتەك كۆپ قىرلىق ئۇچۇردۇر .

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بارلىق ئىپتىدائىي سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۇلارنىڭ باياشاتلىقى ، ئېشىنغانلىقى ياكى تۇغما سەنئەتخۇمارلىقىنى پىشاڭ قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئەمەس . ئۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي روھىيىتىدىكى زۆرۈر ، دەخلىسىز ، ئەڭ ئالىي ، مۇقەددەس مەنىۋى ئېتىقادلىرىنى پىشاڭ قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن . ئۆزگىچىلىكى شۇكى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەدەن قىياپىتى ، ئاۋاز ساداسى ، قىياتاش ، ياغاچ ياكى مېتال بۇيۇمىنى ۋاستە قىلغان مۇنداق مۇقەددەس تامغىلىرىنى مۇنەۋۋەر ھاسىلات سۈپەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن ، خالاس . ۋەھالەنكى ، ئىپتىدائىي رېئال تۇرمۇش بىلەن

ئىپتىدائىي رىئال ئېتىقادنىڭ ئۇشبۇ ئوبرازلىق تامغىلىرىنى بىز مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئەلۋەتتە، ئىپتىدائىي ئۇسسۇللار، مۇزىكا ــ ناخشىلار، مۇراسىم كۆرۈنۈشلىرى ئەينەن ساقلانغان ئەمەس. ئەمما، بىز «قىيا رەسىملىرى»، ھۈنەرسازلىق يادىكارلىرىدىكى تەسۋىرىي تامغا ــ ئۆرنەكلەردىن ئىپتىدائىي تۇرمۇش، ئىپتىدائىي تەپەككۇر، ئىپتىدائىي ئېتىقاد، ئىپتىدائىي سەنئەتتىن ئۇچۇر ئالالايمىز. دەرۋەقە، 1200 گرادۇس قىزدۇرۇش ئۇسۇلىنى، تېرە كۆيەك (يەل بېرىش ئەسۋابى)نى ئىختىرا قىلغان قەدىمكى ئىنسانلار رەڭلىك ساپال بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە برونزىدىن (كېيىنچە تۆمۈردىن) پايدىلىنىشتا بەلگىلىك ئېستېتىك تەلەپچانلىقنى نامايان قىلغان. بۇ ھال كېيىنكى زەرگەرلىك، مىسكەرلىك ھۈنەرسازلىقىدا ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق قىياپىتىدە داۋاملاشقان.

1964 ــ يىلى (فرانسىيەدىكى) لا. مادلېن، 1875 ــ يىلى (ئىسپانىيەدىكى) ئالتامىرا غارلىرىدىن سۆڭەككە ۋە غار ئەتراپىدىكى قىيا تاشلارغا سىزىلغان قەدىمكى رەسىملەر ئېچىلغاندا كىشىلەر ھەيرانلىقتا تولغاندى. مۇنداق قىيا تاشلىرىغا سىزىلغان قەدىمكى تەسىملەر تاغلار ماكانى ۋە قىيا تاشلار دىيارى ھېسابلانغان بىپايان مەركىزىي ئاسىيادىن كۆپلەپ تېپىلماقتا. بىز ئۆزبېكىستان سۇرخان دەريا ئوبلاستى شىرابات رايونى زارائۇتساي جىلغىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قىيا تاشلارغا سىزىلغان ئوۋچىلىق تەسۋىرى رەسىملىرىدىن،① شۇ ئوبلاستىنىڭ بايسون رايونى ماچاي غارىغا سىزىلغان ھايۋان ئوبرازى سۈرەتلىرىدىن، پەرغانە ئوبلاستى سايمالتاش غارىغا

① «ئۆزبېكىستان سەنئەت تارىخى» ناملىق كىتابقا قارالسۇن.



www.uyghurkitap.com

سىزىلغان ئۇسسۇل ۋە ئېتىقاد مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى تەسۋىرىي رەسىملەردىن،[1] تاشكەنت ئوبلاستى چىرچىق رايونىدىكى مەيدانتال قىيا تاشلىرىغا سىزىلغان پانتوسىملىق تەسۋىرىي رەسىملەردىن،[2] نەۋائى شەھىرى شىمالىدىكى سەرمىش تېغىدا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق رەسىملەردىكى[3] يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۇرمۇشى ۋە سەنئىتىنىڭ قىسمەن ئۆلگىلىرىنى كۆرەلەيمىز. مۇنداق قىيا رەسىملىرى تەڭرىتاغلىرى، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغلىرى، كۆكئارت ۋە ئالتاي تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى «ئىنسانىيەت يولى» دەپ ئاتالغان ئەڭ ئىپتىدائىي ھايات ۋە قاتناش مەركەزلىرىدە بىر سىستېما ھاسىل قىلغان. خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ كەنتىدىن قاراقۇرۇم تاغلىرىغا كىرىش ئېغىزىدىكى قىيا تاشقا، كورلا قورۇقتاغ قىيالىرىغا، چەرچەن مۆلچەر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تاغنىڭ قىيا تاشلىرىغا، توقسۇن ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆجاي قىيا تاشلىرىغا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئون نەچچە جايىدىكى جىلغا ۋە تاغ قىيالىرىغا، مارالبېشى، مورى، قورغاس (تامتاش)، سارسۇمبا (تامبۇلاتاش)، چۆچەك (تارباغاتاي ئېغىزى)، بورتالا (كوڭقۇستاي، قاراسبو)، ئېمىل (قارا ئېمىل دەرياسى ياقىسىدىكى قارا تاش)، بۇرۇلتوقاي (قىزىل تاش بۇلاق)، تولى، ئارشاڭ، تېكەس، قىزىلكۇرە، توققۇزتارا، نىلقا ناھىيىلىرىنىڭ جىلغا ۋە تاغ تاشلىرىغا يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ھايۋان، ئوۋچىلىق، تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئۇسسۇل ۋە تۈرلۈك بەلگە ۋە ئالامەتلەر چۈشۈرۈلگەن كۆپلىگەن رەسىملەر سىزىلغان. قازاقىستاننىڭ تامغالىق قىيا رەسىملىرىدىن شىمالىي

---

① «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ژۇرنىلى، 1952 ـ يىل، 2 ـ سانغا قارالسۇن.
② «شەرق ھەقىقىتى» گېزىتى، 1966 ـ يىل، 26 ـ دېكابىر سانىغا قارالسۇن.
③ «ئۆزبېك تىياتىرى» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ تومىغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

تاغلىق ئالتاي — يەنسەي، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى لېنا دەرياسى باشلىنىدىغان كۆپ قاتلاملىق «چىڭگىزساي» قىيالىرى بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى ئورات ئايمىقىدىن ئالاشەن ئايمىقىغىچە بولغان 7 مىڭ 500 مېتىر ئارىلىقتىكى قىيا تاشلارغا نۇرغۇنلىغان قىيا رەسىملىرى سىزىلغان. بۇ قىيا رەسىملىرىدىن بىز ئىپتىدائىي ئىنسان نەزىرىدىكى هايۋانلار تۈركۈملىرىنىڭ هەر خىل قىياپەتلىرىنى، تاش ۋە ئوقيا قوراللارنى، ئىقابلىق ۋە ئوچۇق ئوۋچىلىق كۆرۈنۈشىنى، كۆندۈرۈلگەن تايغان ئىت، دەسلەپكى قاڭقا (هارۋا)، قەبىلە ئۇرۇشلىرى، ئاتقا مىنىشنى بىلىش، شاماننىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلىرى، قۇياش ئېتىقادى بىلەن نەسىل كۆپەيتىش يولىدىكى جىنسىي ئېتىقاد مۇراسىملىرىنىڭ كوللېكتىپ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بىر ياكى كۆپ كىشىلىك ئۇسسۇللۇق ۋە موللاق ئېتىپ سېھرىي ئۇسسۇل ئويناۋاتقان هالەتلىرىنى، هەر خىل تامغا ۋە هەرپ شەكىللىك قېلىپلىشىۋاتقان بەلگە سىزىقلىرىنى، دەسلەپكى گېئومېتىرىك شەكىللەرنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ تاللانغان قىيا تاشلارغا شۇنچە قىيىن هەم مۇشكۈللۇكتە چېكىپ ئىشلەنگەن بۇ قىيا رەسىملىرى ئەينى زاماننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئاكتۇئال ۋە مۇقەددەس مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن. ئۇ بىزدىن ئاددىيلا كۆز تاشلاپ قويۇشنى ئەمەس، بەلكى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىزدىنىشنى، تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز فەرغانە ۋادىسىدىكى سەيمالىتاش، ئالمائاتا يېنىدىكى تامغالىق، ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تاغلىرى ئېتەكلىرىگە سىزىلغان قۇياش ئېتىقادچىلىقى كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلىيار (كاڭجيا شىمىنزى) قىيالىرىغا سىزىلغان جىنسىي ئېتىقاد كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ هاياتلىق

مۇساپىسىدىكى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن روھىيەت سىستېمىلىرىنى كۆرىمىز .

مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەت ياغاچ ، سۆڭەك ، تۆچ قونچاقلار ، ئالتۇن - كۈمۈش ، تۆچ بۇيۇملار ، ساپال يادىكارلىقلاردىمۇ ئۆز ئۇچۇرىنى قالدۇرغان . كەڭ ماۋەرائۇننەھردىن تېپىلغان مېترا ، ئاناخىت ، خۇبىي قاتارلىق ئىلاھلارغا ئاتالغان قونچاقلار بىلەن سىبىرىيىدىكى قاي شەھەرچىسى (قاي گۇرۇدۇك )دىن 1905 - يىلى ئوكلادنىكوۋ تاپقان برونزىدا ياسالغان بېشىغا قۇش پەيلىرىدىن ئۆكە تاقىغان توققۇز شامانىڭ قويما ئوبرازى[1] بىلەن شۇ يىلى ئوكلادنىكوۋ سىمۇبىر دلوۋسكىدىن تاپقان بېشىغا بىر نەرسە قويۇۋالغان شامانىڭ قوللىرىنى قاناتتەك كېرىپ تۇرغان برونزا قۇيما قونچاق فىگۇرىسى[2] بۇ جەھەتتە يېتەرلىك چۈشەندۈرۈش قىممىتىگە ئىگە .

بىز سىكىف (سىكىتاي ) — ساك ھۇنەر - سەنئىتىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىكى مەركىزىي ئاسىيا يايلاق تۇرمۇشى ۋە ئېتىقادىغا ، سەنئەت ئىستىلىگە ئائىت قىممەتلىك ئۇچۇرلار گەۋدىلەنگەنلىكىنى بىلىمىز . ئالدىنقى قىسمى ئېنېلوئىت دەۋرىگە ، كېيىنكى قىسمى گرېك ، باكتىرىيە ۋە كۇشان سەنئىتىگە تۇتۇشىدىغان بۇ تارىخىي ھالقىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا مەركىزىي ئاسىيا سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇقەددەس تېمىلارغا بېغىشلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز . ھەر بىر ئالتۇن بۇيۇمدىكى سەنئەت ئوبرازلار تېرەن مەنىدارلىققا تولغان . بىز بۇ ھەقتە ئالاقىدار ماۋزۇلاردا داۋاملىق توختىلىمىز .

مەركىزىي ئاسىيادا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سەنئەتنى

[1] [2] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي يۇرت ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىياتى يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ، 1992 - يىلى ، 4 - سانىغا قاراڭ .

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلەندۇرگەن ئوبيېكتلارنىڭ بىرى بوز ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىن — باشقىچە ئېيتقاندا، تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ساھەلىرىدىن ئىبارەت. گەرچە كىگىز دە قۇراشتۇرۇلغان بوز ئۆيلەر مۇز دەۋرىدىكى غارلار، يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى تاغ ـ جىلغا مەدەنىيىتى دەۋرىدىن كېيىن ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئۇ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئادىمىنىڭ ئالەم تۇزۇلمىسى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. بۇنداق بوز ئۆيلەر ئالەم شەكلىدە يۇملاق بولۇپ، ئۇستى ئاسمانغا، ئاستى زېمىنغا سىمۋول قىلىنغان. تىك ياغاچ شادىلار ئاسمان ـ زېمىن مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۇرگەن. بۇنداق بوز ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى قۇياشقا — شەرق ياكى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىلغان. پۈتۈن بىر بوز ئۆي توققۇز خىل نەرسىدىن تەشكىل تاپقان. ئۇلار: كېرەگە، ئۇۋۇق، چاڭراق، چىغ (ئوراما)، ئىشىك، تۇۋرىلىك ۋە يۇزلۇك كىگىزلەر، باسقۇرباغ، بەلدەۋ، تىرمە ۋە ئۇۋۇق باغ تاشلىرىدىن ئىبارەت. بىز مىلادىيىنىڭ II — IV ئەسىرلىرىگە تەۋە ساك داھىيسىنىڭ قەبرىسى گەرچە كېسەكتىن ياسالغان بولسىمۇ ئۇ خۇددى بوز ئۆيدەك ئالەم كۆرۈنۈشىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقىنى كۆرىمىز. قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان تۇتىشىدىغان چۇ ۋادىسىدا بېشىغا تاج قاتارلىق بەلگە سىزىلغان ئوبرازلار ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بىرى شەرقىي ئالتايدىكى بىلۇخا دېگەن جايدىكى «ئۇچ مۇڭگۇز تاغ» بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇددى زېمىن ۋە تاغ شەكلىدىكى ئۇچبۇرجەك ئۇچ مۇڭگۇزلۇك ئوماي ئانا تەسۋىرى سىزىلغان. بۇ كۆرۈنۈشتە ئاسمان، تاغ، زېمىن ئوبرازى ئەكس ئەتكەن. قەدىمكى ئەجدادلار كائىناتقا سىمۋول قىلىنغان بوز ئۆي — يۇرت ماكانلىرىنى ئون ئىككى مۆچەلگە بۆلگەن. چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز يىللىرىنىڭ ئالمىشىشى بوز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان ئوتنى

ئوق قىلىپ ، ئۇنىڭ يۇمىلاق ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ، ئىشكنى باش ـ ئاخىر قىلغان . مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى خۇددى «ئۈچ مۈڭگۈز تاغ»دىكى ئوماي ئوبرازى بىلەن ئالما ئاتا يېنىدىكى «ئېسىك قورغان» قەبرىگاھلىقىدىن چىققان 18 ياشلىق ساك ـ سىكىف شاھزادىسىنىڭ ئۈچلۈق ئالتۇن دۇبۇلغىسىدەك ، ئۈچلۈق كۆلا شەكلىدە ئىزچىللاشتى . ھېرودوت ئۈچلۈق تەلپەكلىك ساكلار دەپ ئاتىغا ئالغان بۇ باش كىيىمى كۆنەستىن تېپىلغان تىزلىنىپ تۇرغان ساك جەڭچىسىنىڭ تۈچ ھەيكىلى بىلەن ، پېرسىيىدىكى بېھىستۇن[①] قىيا تاشلىرىغا ئويۇلغان كۆرۈنۈشلەردىكى تۇتقۇن قىلىنغان ساك تۆرىسى سىكۇنخا بىلەن داراغا ئولپان تۆلەۋاتقان ساكلار ئوبرازلىرىدىمۇ گەۋدىلەنگەن . قىزىل مىڭئۆيلىرىدىكى «تاشپاقىنىڭ سودىگەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى» قاتارلىق تام رەسىملىرىدىكى سودىگەرلەرنىڭ قالپاقلىرى بىلەن 1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان «ئات باقار» ناملىق ياغاچ ھەيكەلچىدىكى قالپاقنىڭ ، سىكىف ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىدىكى ئىت (سەك) ئەگەشتۇرۇپ ، ئاتتا ئارقىسىغا قاراپ ئوقيا ئېتىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ساكلارنىڭ قالپاقلىرى بىردەك بولغان .[②] بىچۈرىن 1829 ـ يىلى تارتىپ كەتكەن فوتو سۈرەتتە ئۇزۇن قالپاق كىيگەن قەشقەرلىق ئايال بىلەن (بۇ رەسىم ئارقا تەرەپتىن ئېلىنغان) ، قولىدا قارچۇغا تۇتقان قەشقەرلىق ئەركەك

① بېھىستۇن — دارا I نىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىراننىڭ ھەمادان شەھىرى يېنىدىكى بېھىستۇن دەپ ئاتىلىدىغان قىيا تاشلارغا ئويۇلغان قەدىمكى پارس ، ۋاۋىلون ۋە ئېلەم تىللىرىدا ئويۇلغان تېكست . ئۇنىڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 522 — 519 ـ يىللاردىكى ئاخمانىلار سۇلالىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنغان . قىيا تاشقا يەنە دارا I (دارىئۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ تۆھپىسى تەبرىكلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى رەسىملەر ئويۇلغان .
— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «سىكتاي — ساك — ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1992 ـ يىل ، 2 ـ سان .

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈشى بېرىلگەن .① كىيىم مەدەنىيىتىدە ئۆتۈك ۋە شالۋۇر مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى بولدى . ئاتلىق جەڭگىۋارلىق بىلەن زىچ باغلانغان بۇ خىل كىيىم مەدەنىيىتى بىر زامانلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوردىلىرىنىڭ «خۇرلار كىيىمىنى قوبۇل قىلىش» دولقۇنىنى بىر قانچە قېتىم ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى ، بۇ خىل ئۆتۈك ـ شالۋار مەدەنىيىتى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىغىچە جەڭگىۋارلىق ئالامىتى ھېسابلىنىپ كەلدى .

مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئېتىقادى ۋە سەنئىتى مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ئۆزىكى (يادروسى ) بولغان كىشىلىك پەلسەپە سىستېمىسى يارانقان مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت تىپىگە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ، باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ مۇۋاپىق تەسىرىنى چەتكە قاقمىغان ھالدا ، مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ، ئىرسىي قايتا گۈللىنىش ئىقتىدارىغا ، ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق ۋە ئىزچىللىق قابىلىيىتىگە ، رىقابەت كۈچى ۋە ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . بۇ مەدەنىيەت ئانىمىزم ، توتېمىزم ، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى ، شامانىزم ، ئاتەشپەرەسلىك ، مانىزم ، بۇددىزم ۋە ھازىرقى ئىسلام ئېتىقادى — مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا ئۆزىنىڭ تىپ ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى چېنىقتۇردى . ئۇنى ئىنكار قىلىش تەلۋىلىك ، ئۇنى يوق قىلىش ئەسەبىي خام خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ! ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز تىپىنىڭ ماھىيەتلىك ئالامىتى قىلغان غەربچە تەبىئەت پەلسەپىسى ، تەبىئەت تەقلىدچىلىكى ، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ۋە تەبىئىي ھوقۇقلىرى قاراشلىرى مەدەنىيەت تىپىگە ،

① لىۋدىسلاچىۋىر : «XXI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر» ، 1990 ـ يىل موسكۋا . رۇسچە نەشرى .

شۇنداقلا شەرقنىڭ ئىنسان بىلەن پادىشاھ — ئىمپېراتور — ھوقۇقدارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز تىپىنىڭ ماھىيەتلىك ئالامىتى قىلغان شەرقچە (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) شەكىلدىكى پادىشاھ ھوقۇقى ئىدىيىسى ، پادىشاھ ئىمتىيازى ئەخلاقى ، دەرىجىچىلىك ۋە نەسەبچىلىك قاراشلىرى مەدەنىيەت تىپىگە سىڭىشتۇرغاندا ، مەركىزىي ئاسىيا ئۈچۈن ئەنئەنە بولغىنى ئىنسان بىلەن قۇت — مۇقەددەس كۈچنىڭ — تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت تىپىدۇر . بۇ مەدەنىيەت تىپىدە ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ، ئىنسان بىلەن بەگ ۋە خاقاننىڭ مۇناسىۋىتى ، ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ئالەم رىجىلىرىنى ، ئالەم ئەقلىنى ، ئىلاھ بىلەن ۋىجداننى بىرلەشتۈرگەن كىشىلىك مەنتىقىسىنى ئاساس قىلغان ئاڭ ، قائىدە ، ئەنئەنە گەۋدىلەنگەن . ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن جەھەتتە ئىرۋسالىمدىن ھىندىقۇشقىچە بولغان زېمىندىكى مەدەنىيەت چەمبەرلىرى بىلەن كېلىشەلەيدۇ . دەرۋەقە ، سەددىچىندىن ئارتىلىپ كەلگەن ھوقۇق پەلسەپىسى بىلەن ئورال تاغلىرىدىن يامرىغان تەبىئەتچىلىك ئىدىيىلىرى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىگە ئۇنداق ـ مۇنداق تەسىر قىلغانلىقى كۆزگە شۇنچە روشەن تاشلانغىنىدىمۇ ، يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىنىڭ تىپىك ئۆزىكى مۇقىمدۇر . ئۇنىڭ ئىرسىي كۈچى — گېنى ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە : ئۇ ، ئۆزىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئاڭلىق بىلىش بىلەن تارىخىي ئەمەلىيەت جەھەتتە مۇكەممەل جارى قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ ، خالاس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىككىنچى باب

# مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى

## 1 . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئانتروپولوگىيىلىك مەلۇمات

ئىنسانىيەت تارىخى ھەممىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمرانلار ياكى سەلتەنەتلەر تارىخى بولماستىن ، بەلكى خەلق تارىخى ۋە مەدەنىيەتلەر تارىخىدىن ئىبارەت . تارىخ ھەممىشە ئۆزىنىڭ «ئەۋزەللىكنى تاللاش» ، «ھەقىقەتنى دەلىللەش» ، «يورۇقلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش» ، «ئىنسانىيەتنى تاۋلاش» پرىنسىپلىرىنى بىرگە ئۇقتۇرۇپ كەلدى . تەكرار ئېيتىش كېرەككى ، گەرچە تارىخ سەھنىسىدە ھەر قانداق ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن بولسىمۇ ، كىشىلىك تارىخى ئەقىلگە سىغدۇرۇپ بولماس ۋەقەلىكلەر بىلەن ئۆز يۈزىنى تىرنىلىۋالغان ئەسەبىي مەجنۇنغا ئوخشاپ قالغان ھالەتتە يەنە داۋام قىلىدىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى يەنىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈر قانۇنىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

مەركىزىي ئاسىيا مۆجىزىدار ، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايون . ئۇ ئۆزىنىڭ شىمالىي يېرىم شاردىكى ئەڭ چوڭ مۇتىدىل

بەلۋاغقا خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۆجىزىدار ، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك بولۇپ قالماستىن ، ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس مەدەنىيە تىپى بىلەن ، دۇنيانىڭ ھەر خىل مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ۋە سىنكىرىتلاشتۇرغانلىقى بىلەن ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئاساسىي مەدەنىيەت رايونلىرىغا مەڭگۈلۈك ئىتىنىك ۋە مەنىۋى تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىلەن ، كىشىلىك تارىخنىڭ ئۆتمۈش سىرلىرىنى ئېچىش ۋە كەلگۈسى مۇئەممالىرىنى يېشىشتىكى مۇھىم ھالقىلىق قىممىتى بىلەنمۇ مۆجىزىدار ، مەپتۇنكار ۋە سېھىرلىك رايوندۇر . چوغاي ـ چىلىيەنشەن ، ئالتاي ـ تەڭرىتاغ ۋە ئالتۇنتاغ ـ قاراقۇرۇم تاغلىرى خۇددى ئۈچ ئاچىلىق ئارا تىغىدەك پامىر (كۆكئارت ) تاغلىرىدا قوشۇلۇپ ، ھىندىقۇش ـ كوپېت① ۋە كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ، كاراپات تاغلىرىغىچە سوزۇلۇپ ، نېمىدېگەن ھەيۋەت تاغلار زەنجىرى ، زېمىن ئومۇرتقىسىنى ھاسىل قىلغان ـ ھە ؟ ئۇنىڭ شىمالى ئورمان ، يايلاقلار بىلەن قاپلانغان يېشىلزار زېمىن بولسا ، جەنۇبى بوستانلىقلارنى ئورىغان بىپايان قۇملۇقتۇر . مۇشۇ بىپايان زېمىندا مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ تارىخىي چۆكمىلىرى قالغان . قاراڭلار ، ھېلىمۇ بىز تىلغا ئالغان ئارا شەكىللىك ئۇلۇغ تاغلار ئومۇرتقىسى جايلاشقان زېمىندا مەركىزىي ئاسىيالىق سۇمېر — ئارىيان — تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ياشاپ تۇرۇپتۇ ! دۇنيادا يەنە قايسىبىر تاغ تىزمىلىرى مۇنداق بىر ـ بىرىگە تولىمۇ تەبىئىي تۇتۇشۇپ ئىككى چوڭ قىتئەنىڭ ئومۇرتقىسىنى ھاسىل قىلالىغان ؟ دۇنيادا قايسىبىر خەلق مۇنداق ئىككى ئۇلۇغ قىتئەنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى ۋە ئېتنولوگىيىلىك زەنجىر شەكلىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلەلىگەن ؟ ! بۇ قايسى خەلق ؟ ئەپسانە

① كوپېت تېغى — Kopet Dag 科佩特达格

شەكلىدىكى ياپەس ياكى تۆرنىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن بۇ خەلقلەر توغرىسىدا ئانتروپولوگىيە ئىلمى نېمىلەرنى دېيەلىشى مۇمكىن؟

مەركىزىي ئاسىيا زېمىنى ئۆز كۆكسىدە ياشىغان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ جەسەتلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان. ھازىرغىچە ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە ئىلمى بۇ زېمىندىن كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. ئەمما، غەرب ۋە شەرق مەنبەلىرىدە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى ھەر خىل ناملاردا ئاتالغاچقا، نوقۇل يازما ھۆججەت تېرمىنولوگىيىسى بويىچە ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك ھۆكۈم چىقىرىش ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى كۆرسىتىپ كەلدى. بۇ يىلنامىلەردە، ھەتتا يىلنامىچىلىقتا نوپۇز قازانغان جۇڭگو مەنبەلىرىدىمۇ بىر خىل قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى مەنبەداش خەلقلەر ئۆزىنىڭ جايلاشقان ئورنى، سىرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇنىڭ بىرەر تارمىقىنىڭ كۆچۈشى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت نامى، بىرەر تارىخچىنىڭ قىسقارتىپ قىلغان نام تەلەپپۇزى قاتارلىق سەۋەبلەردىن تۈرلۈك دەۋرلەردە، ھەتتا بىر دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا ھەر خىل نام (ياكى ئېروگلىفلىق يېزىق) بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ ناملار بەزىدە گرېك، رۇم، ئەرەب مەنبەلىرى بىلەن ھەتتا خەنزۇ ساياھەتچىلىرى، راھىبلىرى ئىشلەتكەن نام بىلەنمۇ ئوخشاشماي قالغان. بۇ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنى ئىمكانقەدەر پارچىلاپ، تارقاقلاشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە زىت قويۇپ ئىزاھلاشتىن لەززەتلەنگۈچىلەرگە دەستەك بولۇپ بەرگەن.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ۋە ئايلىنىپ يۇرۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى نوقۇل زېمىن بېكىنمىچىلىكى ئۆلچەملىرى بىلەن ئىزاھلايدىغان جۇغراپىيە تارىخشۇناسلىقى ئېقىمى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزغا يېڭى قىيىنچىلىق

تۇغدۇرۇشتى . ئۇلار بىر مىللىي گەۋدىنىڭ ھەر خىل جۇغراپىيىلىك بوشلۇقتىكى كۆرۈنۈشىنى بىر قانچە خەلق ياكى مىللىي گەۋدە قىلىپ قويۇشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىر مىللىي گەۋدىنىڭ ھەر خىل دىنىي مەدەنىيەتكە ئېتىقاد قىلغان چېغىدىكى يۇقىرى قاتلام بىلەن دىنىي ئۆلىمالار ئىشلەتكەن دىنىي دەستۇرلارنىڭ تىل - يېزىقلىرىنى ، قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق ئالامەت نۇقتىسىدا ئەمەس ، بەلكى كۆپ مىللەت ئالامىتى نۇقتىسىدا ئىزاھلاشتى . نەتىجىدە بىر مىللىي گەۋدە بىر قانچە مىللىي گەۋدە بولۇپ تەرىپلەندى .

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىكناملىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن يەنە ئىككى ھادىسە مەۋجۇت . ئۇنىڭ بىرى ، يېقىنقى زاماندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەسلى نامى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىغا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئورۇنلاشقان كىشىلەر ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ ئادەتلەنگەن ئەھۋالدۇر . ئارىيانلارنىڭ تىپىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان يەر نامى «ئاندرونوپلار» دېگەن مەركىزىي ئاسىيا ئانتروپولوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ۋەكالەت نامى بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر . ئۇنىڭ يەنە بىرى ، يېقىنقى زامان ئانتروپولوگلىرى قەدىمكى زامان ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ سۆڭەك ، قان ، تېرە ۋە تىل ئالامەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك ئالامەتلىرى بىلەن ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ناملىرىغا باغلاشتۇرۇپ نام قويۇپ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى . نەتىجىدە «موڭغۇل تىپىدىكى» (موڭغۇلوئىد) ، «شەرقىي ئىران تىپىدىكى» دېگەندەك ئاتالغۇلار كېلىپ چىقتى . مېنىڭچە ، بۇ ئاتالغۇلار شەرتلىك ، ئىزاھلىق ، سىمۋوللۇق كۆرسەتكۈچ سۈپىتىدە قوللىنىلىشى لازىم .

مەلۇمكى ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرىدە خۇددى نوھنىڭ پەرزەنتلىرى ھەر تەرەپتە ھەر خىل خەلقلەر تۈركۈملىرىنى ھاسىل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كاتتا تۈركۈم ھادىسىسى يۈز بەرگەنىدى . مۇز دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى بىر قانچە رايونلارنى تۇرمۇش چەمبىرى قىلغان . ياۋروپانىڭ غەربى ۋە شەرقىي قىسمى بىر ئالاھىدە چەمبەر ؛ شەرقى جەنۇبىي ياۋروپا — شىمالىي ئافرىقا — كىچىك ئاسىيا — كاۋكاز — مەركىزىي ئاسىيا — شىمالىي ھىندىستان بىر ئالاھىدە چەمبەر ؛ شىمالىي جۇڭگو — شەرقىي ۋە شەرقى شىمالىي ئاسىيا — يىراق شەرق بىر ئالاھىدە چەمبەر ؛ شەرقى جەنۇبىي جۇڭگو — شەرقى جەنۇبىي ئاسىيا (ۋە ئوكيانىيە ) ئالاھىدە بىر چەمبەر خاراكتېرىنى ئالغانىدى . گەرچە بۇ چەمبەرنىڭ ئىچكى قىسىملىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ ، ئەمما ئومۇمىي كىشىلىك تۇرمۇش — مەدەنىيەت تۈركۈملىرىگە نىسبەتلەشتۈرگەندە تاشقى پەرقلەر ئىچكى پەرقلەردىن كاتتا بولغان . نەتىجىدە بۇ چەمبەرلەردە ئورتاقلىقى بولغان مىللىيەتلىك ، ئېتىقاد ، تىل ئالامەتلىرى ، مىفولوگىيە (ئەپسانە ) ، فولكلور مەدەنىيەتلىرى بىلەن پىسخىكا ، تېرە رەڭدارلىقى مەيدانغا كەلدى . مۇشۇ ئىنسان تۈركۈمى چەمبەرلىرىدە ئەڭ كېچىككەندىمۇ يېڭى تاش قورال دەۋرى بىلەن ئېنېلوئىت دەۋرىگە كەلگەندە دەسلەپكى قانداشلىق جەمەت تۈركۈمى ، تىل گۇرۇپپىلىرى ۋە تىل سىستېمىلىرىنى شەكىللەندۇرۇپ ئۈلگۈردى . مۇنداق ئېتىنىك — ئېمىلداشلىق توقۇلمىلىرى بىلەن تىل ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەركىن كۆچۈپ يۈرگەن ئاتلىق ۋە چارۋىچى قەبىلىلەر غايەت زور رول ئوينىدى . بىرلەمچى چارۋىچى قەبىلىلەر تىلى دەپ ئاتالغان سەھرايى كەبىر — شىمالىي ئافرىقا

— ئەرەب خەلقلىرىگە مەنسۇپ سام (سىمىت) — خام تىلى سىستېمىسى؛ مەركىزىي ئاسىيا چەۋەندازلار تىلى بولغان تۇران تىل سىستېمىسى، باشقا تىل سىستېمىلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى شەكلى بولۇپ مەيدانغا چىققى.

ناھايىتى ئاددىي ھەقىقەت شۇكى، شىمالىي تەرىپى سىبىرىيىنىڭ ئىنسان ياشايدىغان جەنۇبىي يۈنىلىشىنى بەلدەم قىلغان، جەنۇبىي تەرىپى ئالتۇنتاغ، قاراقۇرۇم ھەتتا ھىند دەرياسىنىڭ شىمالىنى بەلدەم قىلغان مەركىزىي ئاسىيا كەڭلىكىدە قەدىمكى زامانلاردا ئىككى ئاساسىي ئېتنىك تۇركۇم ياشىغانلىقى مەلۇم. ئۇلار غەربىي تەرىپى ئورال - كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن شەرقىي تەرىپى بايقال كۆلى ۋە چىلىيەنشەن تاغلىرىغىچە بولغان زېمىندا ياشىغان ئارىيان تىپىدىكى ئېتنىك تۇركۇم بىلەن ئەسلى ماكانلىرى يىراق شەرق، ھىنگان تاغلىرى بىلەن خۇاڭخې ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىسمى بولۇپ، غەربىي قىسمى مەركىزىي ئاسىيانىڭ قىسمەن شەرقى تەرەپلىرىگە يېيىلغان موڭغۇلوئىد (توڭغۇز — تاتار) تىپىدىكى ئېتنىك تۇركۇم ئىدى. ئەگەر تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە ئارىيان تىپىدىكى ئېتنىك تۇركۇمنى تۇرانىيچە، باشقىچە ئېيتقاندا، ئاسىياچە، ئېنىقراقى ئوتتۇرا دېڭىز — كاۋكاز زۇنىلىرىدىكى ھازىرقى مىللەتلەر قىياپىتىدىكى ئاق جىنسلىق ئىنسان تۇركۇملىرى دېسەك، موڭغۇلوئىدلارنى ھازىرقى موڭغۇللاردا تىپىك ئۇلگىسىنى كۆرسەتكەن شەرقىي ۋە شەرقى شىمالىي ئاسىياچە سېرىق تەنلىكلەر دەيمىز. تىلشۇناسلار تەرىپىدىن «ھىندى - ياۋروپا» دەپ ئاتالغان بۇ سۆز تەكتىدىن مەركىزىي ئاسىيادىن تاكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىدىكى ياۋروپا مىللەتلىرىگىچە بولغان زېمىندىكى مەلۇم يېقىنلىققا قارىتىلغان. ھېلىمۇ مەركىزىي ئاسىيا ئۇيغۇر - ئۆزبېكلىرىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيىدە ئۇچراتقانلار ساكسون، گرېك، ئىسپان

دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغىنى بىكار ئەمەس. بىز گەرچە، سۇمېرلار، ئارىيانلار، سىمىلىيانلار ۋە سىكىفلارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تۆت مىڭىنچى يىللاردىن مىلادىيىدىن كېيىنكى VI ئەسىرگىچە شەرقى جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيادىكى تارىخىي ئىزلىرىدىن خەۋەردار بولساقمۇ (بۇ ھەتتا ھومېر داستانلىرىدا تىلغا ئېلىنغان)، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تارىخىي ئىزلىرىدىن خەۋەرسىزمىز.

بىز تارىخقا قانچىكى ئىچكىرىلەپ نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، تارىخنىڭ بىز مۆلچەرلىگەندىن تېخىمۇ يىراق، باي ۋە رەڭدارلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، مەركىزىي ئاسىيا شەرق بىلەن غەربكە سوزۇلغان ئەڭ ئۇزۇن مۆتىدىل ئىقلىم كارىدورى باغرىغا جايلاشقان. ئۇلار ئاسىيانىڭ يىراق شەرقىدىن ياۋروپانىڭ ئوكيان ساھىللىرىغىچە پەرۋاز كۆككىگە ئىگە ھەرىكەتچان خەلق بولغان. ئۇلار قاپتالدا قامالغان جۇغراپىيىلىك ياكى ئۆزىنى زېمىنگە باغلاپ قويىدىغان روھىي ئەندازىدىن خالىي ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا ياكى يىراق سىبىرىيىدىن مەڭگۈ يىراقلاپ كەتكەن خەلقلەرمۇ، يوقىلىپ كېتىپ، يەنە ئۆز ھالىتى ياكى ئۆزگەرگەن ھالىتى بويىچە قايتىپ كەلگەن خەلقلەرمۇ بولغان. بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى شىمالىي ئاسىيادىن ھايۋان ئىزىنى بويلاپ، ئالياسكا — كانادا مۇزلىقىدىن ئۆتۈپ ئامېرىكىغا موڭغۇلوئىد تىپىدىكى «ئىندىئانلار»نىڭ ئەجدادلىرى كۆچۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم. ئۇلارنىڭ بىر قېتىمدىلا كۆچكەن ياكى بىر قانچە قېتىم تارىخىي خاراكتېرلىك كۆچكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. «شۇنىسى ئېنىقكى، مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن شىمالىي ئاسىيا ئىنسانلىرى قانۇنىيەتلىك ھالدا يۆتكىلىش ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. بۇ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى بولۇپ مۇز ئېرىگەن بۇ ئېرادا ھازىرقى موڭغۇل قۇملۇقى كۆپكۆك يايلاق ئىدى.

ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ قىياپىتى، قان تىپى، ئەڭ ئىپتىدائىي ئىملىق تىل ـ تەلەپپۇزى، فولكلور مەدەنىيىتى قەدىمكى موڭغۇلوئىد تىپىدىكى سىبىرىيە ئاھالىسىگە تولىمۇ يېقىن بولغان. بۇ ئۇلار خېلى مۇقىملاشقان جامائە تۈرمۇشى، ئېتىقاد شەكلى، تاش قوراللار مەدەنىيەت تىپى ئاساسىدا كۆچكەنلىكىنى؛ بۇنىڭدىن 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىياغا يېقىن جايلاردىكى ئىنسان هاياتى مۆلچەرىمىزدىن خېلىلا راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېگۇر قەبىلىلىرى هازىرقى كارېلىيە ـ فىنلاندىيە تەرەپكە كۆچتى. ئامېرىكا ۋە كارېلىيە ـ فىنلاندىيىگە يۆتكەلگەن قەبىلىلەر ئۇ زېمىندا مەڭگۈ قالدى. مىلادىيىدىن 23 ئەسىر ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيادىن غەربكە كۆچكەن قەبىلىلەر ئىرېپول قەبىلىلىرىنى دوناي ۋادىسىغا سۈرۈپ قويدى. سۈمېرلار، گېرمان ئارىيانلىرى، هىندى ئارىيانلىرى، شەرقى جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئىلەم ئېگىزلىكىدە هەرىكەتلەنگەن ئارىيان ـ سكىفلار، ئۇلۇغ مىللەتلەر يۆتكىلىشى دەۋرىدىكى توخار، ساك، هۇن، ئاۋارلار مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك چەشمىسىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۆركەش ۋە تاشقىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئېتنىك — تارىخىي قانۇنىيەتنى پەقەت مەركىزىي ئاسىياچە — تۇرانچە تەپەككۇر مودېلى بىلەن چۈشىنىش ۋە ئىزاهلاش مۇمكىن.

سۈمېرلار مىلادىيىدىن 3 — 4 مىڭ يىللار ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيادىن ئىلەم ئېگىزلىكىنىڭ غەربىگە كۆچكەن تۇنجى مەدەنىيەتلىك خەلق دەپ قارالماقتا. ئۇلار بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىل ئىلگىرى شەھەر بىنا قىلغان. تارىختا «ئۇلۇغ شاھ شەھىرى» دەپ ئاتالغان ئوروكاگىنا شەھىرى دەل كېيىن سۈمېر قەھرىمانى گىلگامىشنىڭ پايتەختى بولدى. سۈمېرلارمۇ هازىرقى مەركىزىي ئاسىيالىقلاردەك پىيازنى «سۇم»، سول تەرەپنى

www.uyghurkitap.com

«كەپ (چەپ)» دەپ تەلەپپۇز قىلاتتى. ئۇلار كۆكتەڭرى، ئانا، يەر تەڭرى ئىلاھ، سۇ تەڭرىسى ئىنكە ۋە قۇياشقا سىغىناتتى.

سىبىرىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئامېرىكىغا كەتكەن موڭغۇلوئىد قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلاردىن كېيىن مەركىزىي ئاسىيادىن ئىلەم ئېگىزلىكىنىڭ غەربىگە كۆچكەن سۇمېرلار بىز ھازىرغىچە بىلىدىغان ئىككى تۈركۈم يىراق شەرق ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسانلىرىدۇر. ئۇلاردىن كېيىنمۇ بايقال ـ ئالتاي ئارىلىقى مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ قاينار بۇلىقى بولۇپ كەلدى.

مىلادىيىدىن 3 مىڭ يىللار ئىلگىرى تۇران زۇنىلىرىدا تاش ـ برونزا مەدەنىيىتى داۋام قىلدى. بايقال كۆلى ئەتراپىدا دەسلەپ بۆرىنى، ئىتنى، كېيىنچە بۇغىنى كۆندۈرگەن خەلق تاش پالتىنى ئىختىرا قىلىپ، ئورماندا ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى تىكلىدى. ئۇلار ئولتۇراق ماكانلار قۇرۇپ تور نۇسخىلىرى چۇشۇرۇلگەن ساپال بۇيۇملارنى ياسىدى. ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ئۇلارنىڭ مۇھىم ئوزۇق مەنبەسى ئىدى. قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىيىك تېپە، ئاشخابات يېنىدىكى «ئاناۋ مەدەنىيىتى» قاتلاملىرى ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلغانلىقى، يارغۇنچاقتا ئۇن تارتقانلىقى، رەڭدار ساپال ئىدىشلار ياسىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئارال دېڭىزى يېنىدىكى قىلتىمىنار بېلىقچىلىرى بىلەن لوپنۇر كۆلى بويىدىكى بېلىقچى قەبىلىلەر زاماندىش ياشىدى دېيىش مۇمكىن. ئەفاناشېپ چارۋىچىلىرىمۇ مۇشۇ دەۋر كىشىلىرى ئىدى.

ر. پومپېللي تەرىپىدىن دەسلەپ ئېچىلغان «ئاناۋ ئادىمى» سۆڭىكى ئۇستىدىكى ئېنىقلاش ئۇنىڭ كاۋكاز تىپىدىكى ئاق جىنسقا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.[①] «ئاناۋ مەدەنىيىتى» بىلەن غەربىي جەنۇبىي رۇسىيە ۋە شىمالىي رومىنىيىدە قەدىمكى

① ر. پومپېللي: «تۈركىستاندىكى تەكشۈرۈشلەر»، 1908 ـ يىل، (R. pumpelly: Explorations nit urkestan) گە قارالسۇن.

ۋاقىتلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان خەلقلەر قالدۇرغان ترىپولىي (tripolye) مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆپلىگەن ئوخشاشلىقلار روشەنلەشتى . مۇشۇ ئاساستا ترىپولىي مەدەنىيىتى مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىدار خەلقلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان دېگەن مۇھاكىمە مەيدانغا چىقتى . ھەتتا ۋ . گى . خلدى «ئارىيانلار توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە : «جۇڭگو مىللىتى گەرچە ئۆز تۇپرىقىدا بىنا بولغان بولسىمۇ ، قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي تەرەققىياتى ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتدار بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى »① دېگەن گىپوتېزىينى ئوتتۇرىغا قويدى .

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى يېقىنلىق تۇپەيلى يېڭى تاش قورال ۋە تۇچ دەۋرىنىڭ بېشىدىلا قان ، تىل ۋە ئېتنىك جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە سىڭىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، بىر قەدەر ئورتاق مەدەنىيەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا كىرىشكەنىدى . بۇ جەريان كۆپلىگەن قەبىلىلەر ، خەلقلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ - جېدەللەر ئىچىدىمۇ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان تارىخىي جەريان سۈپىتىدە داۋاملىشىپ تۇرغانىدى . مۇشۇ ئۆزلىشىش (ئاسسىمىلياتسىيە ) ۋە ئۆزگىلىشىش (دىسسىمىلياتسىيە ) جەريانىنى ئىستىسنا قىلىپ بىرەر ھازىرقى زامان مىللىتىنىڭ ئاتامىزامانلاردىكى «ساپ» ۋە «خاس» تارىخىنى ئۆزۈۋېلىپ يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس .

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار كۆرسەتتىكى ، بايقال ساھىلىدا ، مىنۇسىنسك ئويمانلىقىدا ، ئالتاي تاغلىرى ئېتىكىدە ، قازاقىستان ۋە غەربىي سىبىرىيە ئورمان - يايلاقلىرىدىن تاكى

① «V. G. childe: The Aryans» گە قارالسۇن .

جەنۇبىي ئورال بويلىرىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئاندرونوپلار (ئارىيانلار) ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت قالدۇقلىرىنى قويۇشقان، ئېنېئولىت دەۋرىگە مەنسۇپ بۇ قەدىمكى تۇران چارۋىچى خەلقلىرىنىڭ نامى ئۇنىڭ ئۈلگىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرى هازىرقى كراسنويارسكىي شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئارچىن رايونىغا تەۋە ئاندرونوپ كەنتىدىن دەسلەپ تېپىلغانلىقى ئۈچۈن پەن دۇنياسىغا شۇ نام بىلەن مەلۇم. ئۇلار دەسلەپ ئات بىلەن هارۋىدىن پايدىلانغان، ئۇلار نەچچە كىلومېتىر سوزۇلغان چوڭ - چوڭ كەنتلەر قۇرۇپ ئولتۇراق هاياتقا ئۆتكەن، ئۇلار ئوتتىن يۇقىرى هارارەتتە پايدىلىنىپ تۇچ ۋە رەڭدار — نەقىشلىك كاش (ساپال) بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقارغان، ئۇلار چوڭ چارۋا قوتانلىرى ياسىغان ۋە يۇڭدىن هەر خىل يىرىك توقۇلمىلار ياساشنى بىلگەن. تەكلىماكاننىڭ شەرقىي ياقىسىدىكى قەدىمكى كروراندىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن تۆت - بەش مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئايال جەسەت يېنىدىكى يۇڭ توقۇلمىلار بۇ خىل توقۇش ماهارىتىنىڭ ئېنېئولىت دەۋرىدە روياپقا چىققانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاندرونوپلار ئاتا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرى جامائە ئاقساقاللىرىغا چوڭ ھەجىملىك قەبرە - مەقبەرىلەر ياسىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى 10 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى دۆڭلەرنى هاسىل قىلغان.

ئاندرونوپلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىدىكى ئىككى مىڭىنچى يىللىرى تۆۋەنگە — ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا سۈرۈلدى. ئېهتىمالەم بۇنىڭغا قەبىلىلەرنىڭ يۆتكىلىشىگە سەۋەب بولغان نەرسىلەر — هاۋا رايى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، يايلاق ئېهتىياجى، ئات - هارۋا قاتنىشىنىڭ راۋاجلىنىشى سەۋەب بولغاندۇر. ئارخېئولوگىيىلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇلارنىڭ شىمالغا ئەمەس، جەنۇبقا ۋە شەرققە كۆچكەنلىكىنى كۆرسەتتى. «ئاندرونوپلار قەشقەرىيىدە (تارىم ۋادىسىدا) ۋە گەنسۇ

كارىدورىدا پەيدا بولدى »[1] ، بۇ يەردىكى قەدىمكى بىلىقچى ، كاشچى ، چارۋىچى ۋە تېرىقچى ئۇرۇقلار ئۇلارغا ئۆزلەشتى ، دىڭلىڭ ئۇيغۇرلىرى ئاندرونوپلارنىڭ شەرققە يۆتكەلگەن ۋە «گلازكوۋ مەدەنىيىتى »[2] بىلەن «قاراسۇق مەدەنىيىتى »نى ياراتقان بىر قانتىنىڭ ئەۋلادلىرى بولدى . ئاندرونوپلارنىڭ كۆچلۈك بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستانغا بېسىپ كىردى . بۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ پەنجاب رايونىدا خېلى ئۇزاق تارىختا ئىگە يەرلىك دارىۋىيان — قارا رەڭلىك خەلقلەرنىڭ خاراپپا شەھەر مەدەنىيىتى ھۆكۈم سۈرگەندى . ئېيتىلىشىچە ، شەرقى جەنۇبىي ئىراندىمۇ شۇ چاغدا دارىۋىيانلار بىلەن ئىرقداش خەلقلەر ياشىغان . «ئاۋېستا » كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ئارىيانلار «ئۆلتۈرۈش خان » ، «قاراخان » (ئۇ خەنزۇچىدە « 黑天 » دەپ ئاتالغان ئېندىرا ) ئىلاھلىرى رىغبىتىدە يەرلىك خەلقنى قىرغان ، خاراپپا قەلئەسىنى ۋەيران قىلغان ، يەرلىك خەلقنى پەس ( «داس » ) ، ئۆزلىرىنى «ئالىي » ئاتىغان . تارىخشۇناسلار «ئارى » ئاتالمىسىنى «ئالىي » ئىبارىسىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا .

ئاندرونوپ — ئارىيان قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى ۋە پامىرنىڭ شەرقى بىلەن غەربىگە يۆتكىلىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئىككى تارىخىي باسقۇچنى ھاسىل قىلدى . تۇنجى قېتىملىق يۆتكىلىش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللاردا يۈز بەرگەن . بۇ ھەقتە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1900 — 1500 ـ يىللارغا مەنسۇپ يىقىن شەرقنىڭ ئالامەتلىك يېزىقلىرى ( 楔形文字 ) بىلەن «ۋىدا » ( 吠陀 ) ۋە «ئاۋېستا » ( 阿吠斯陀经 ) ، «رىگاۋىدا » ( 梨俱吠陀 ) كىتابلىرىدىن مەلۇمات ئېلىش مۇمكىن ، ئىككىنچى قېتىملىق

---

① « Fleare, peake; steppe and sewn» ماقالىگا قارالسۇن .
② گلازكوۋ — ئىركۇتسكنىڭ ئىلگىرىكى نامى .

يۆتكىلىش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 140 ـ يىللىرىدىكى ساك — ياۋچى — توخرى (توخار) قەبىلىلىرىنىڭ گرېك ـ باكتىرىيە زېمىنىغا كۆچۈشى بولۇپ، بۇ ھەقتە جۇڭگو يىلنامىلىرىدە ئۇچۇر بېرىلگەن. خاراپپا مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغان خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ قېتىم قەندىھار مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۇشان مەدەنىيىتىنى ياراتتى. گەرچە كېيىنكى قېتىملىق كۆچۈشمۇ ئاندرونوپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈشى بولسىمۇ، ئارىدا ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مەزگىللەر تۈپەيلى، ئۇلار بىرىنچى قېتىملىق كۆچكەن ئەجدادلىرىغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان، ئېنىقىنى ئېيتقاندا تۈركلەشكەنىدى.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئارىيان ـ ئاندرونوپلارنىڭ ئىران — ئىلەم ئېگىزلىكىگە كۆچكەن بىر قىسمى يەرلىك خەلقلەر بىلەن قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئىران مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئېتنىك مەنبەسىگە ئايلانغان.

ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ ئاق جىنسلىق قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا قەبىلىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا مەنسۇپ ئادەم باش سۆڭىكى ئۈستىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك ئېنىقلاشلار ئىسپاتلىغان.

ئەلۋەتتە، مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان قەدىمكى باش سۆڭەكلىرى ئۈستىدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئانتروپولوگىيىلىك باھالاشقا قاتناشقان ھەرقايسى ئالىملارنىڭ بۇ باش سۆڭەكلىرى ئۈستىدىكى يەكۈنلىرىدە ئۇنداق ـ مۇنداق پەرقلەر بولدى. ئۇلار ھۇنلاردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارىغان ئوبيېكتلىرىنى «جەنۇبىي سىبىرىيە — تۇران تىپى»، «تەڭرىتاغ — ئالاي تىپى»، «پامىر — فەرغانە تىپى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا — ماۋەرائۇننەھر تىپى»، «ھىندى — ئافغان تىپى» ھەتتا «شەرقىي ئىران تىپى» دېگەندەك كاتېگورىيىلەرگە

ئاجراتتى . ئەمما ، ئومۇملۇق جەھەتتە مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنس ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ مىلادىيىدىن كېيىنكى دەۋرلەرگىچە بايقالدىن ئارال ساھىللىرىغىچە مەركىزىي ئاسىيا ئاساسىي ئىنسان تۇركۇمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى . ئۇلاردىكى مۇھىم پەرق ، مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنس كىشىلىرىنى ئاندرونوپ تىپى ۋە ئۇنىڭ بايقال ، تەڭرىتاغ ، ماۋەرائۇننەھر ھەم پامىر تەرەپكە تارقىلىشى ئاساسىدا ئىزاھلاش بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنس كىشىلىرىنى ئاندرونوپلار — ئارىيانلار تىپى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادا كۆرۈلگەن كاۋكاز — ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تىپى دېگەن ئىككى تىپقا ئايرىش بولدى . ئەمما ، كېيىنكى تىپ مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇمىنىڭ غەيرىي ئاندرونوپ تىپى بولۇپ پۈت تىرەپ تۇرالىغىنى يوق . ئېيتىش كېرەككى ، قەدىمكى باش سۆڭەكلەر ھەر خىل تارىخىي قاتلامغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ سۆڭەك ئالامەتلىرى يەنە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن تۇرمۇش مەدەنىيەت تىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك .

مەركىزىي ئاسىيا ئانتروپولوگىيىسى بويىچە باش سۆڭەكنى تەتقىقاتىغا پومپېلىي ، تولىستوف (تۈركمەنىستان ۋە خارەزمدە) ، گرىگورووف ، خالتوسوف ، بېرنىشتام (تاشكەنت ، چۇ - تالاس ۋادىلىرىدا) ، باسسون ، غولاموف (مۇرغاپ ، زەرەپشان ۋادىلىرىدا) ، گامبورگ ، گابونوۋا (فەرغانىدە) ، ئىسماغولوف ، ئاكسۇۋا (يەتتە سۇ ، ئوتتۇرا ئىلى دەريا بويىدا) ، بايوۋسكىي (قارا قولدا) ، چېرنىسكو ، يۈزنىموۋىچ (شەرقىي قازاقىستاندا) ، ئالېكسيوف (كراسنو يارسكىيدا) ، گېنزبورگ (تەڭرىتاغ — ئالايدا) ، يوسوپوۋىچ ، شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى (لوپنۇر رايونىدا) ، سوسنوۋسكى (بايقال — سېلېنگا تەرەپلەردە) ، كوزلوف (موڭغۇلىيىدە) ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشتى . ئىبانوۋسكىي (1890 - يىلى) ، دېبېتس (1949 - يىلى) ،

گېنزبورگ (1950 ـ يىللار) ، ئوشانىن ، پوتاپوف قاتارلىق ئانتروپولوگىيە ئىلمى خادىملىرى مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان باش سۆڭىكىنى قېزىش ، تەتقىق قىلىش ، تۈرگە ئايرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىشتا كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى .

پومپېلي بىلەن سېرگى ئاناۋ غارىدىكى باش سۆڭىكىنى سوقىچاق (ئات باشلىق) ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالىغا خاس «ياۋروپا» (بۇ يەردە ئاق جىنس دېمەكچى — ئاپتور) شەكلىگە كىرگۈزگەن . بايۇۋدىسكىي قارا قول (ئىسسىقكۆل) يېنىدىن تېپىلغان قەدىمكى يەتتە پارچە باش سۆڭەكنىڭ بەشىنى سوقىچاق شەكىللىك ، ئىككىسىنى قىسقا ئېڭەكلىك ئاق جىنسقا كىرگۈزگەن . گرىگوروف 1938 ـ يىلى تاشكەنت يېنىدىكى يېڭىيول دېگەن جايدىكى ساك مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىسى ئاساسىدا ئۇنىڭدىكى ئۈچ باش سۆڭىكىنى يەنىلا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالىي تىپىگە كىرگۈزگەن . ۋ . گىنزبورگنىڭ پىكرىچە ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارىيانلاردىن ئىلگىرىمۇ (قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىلا) سوقىچاق ئېڭەكلىك ئاق جىنستىكى ئادەملەر ياشىغان ، ئۇلار شىمالىي ياۋروپالىقلاردىن پەرقلىق بولۇپ ئوتتۇرا دېڭىز تىپىگە ئوخشىشىپ كەتكەن . ئۇ ئوغۇز ، تۈركمەن خەلقىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى مۇشۇ خىل كىشىلەرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ۋ . گىنزبورگ : «گەرچە بىز ساك ، ئوغۇز ، تۈركمەنلەرنى ئاناۋ ، ماچاي غارى كىشىلىرىنىڭ يىراق ، ئەمما بىۋاستە ئەۋلادلىرى دېيەلمىسەكمۇ ، مۇنداق بولۇشى تولىمۇ ئېھتىمال . ماۋەرائۇننەھردىكى قىسقا باشلىق ياۋروپاچە نەسىللىك كىشىلەر قەدىمكى كونا تاش قورال دەۋرىدىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . مۇنداق قىسقا باشلىق ياۋروپاچە نەسىللىك كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك ئاھالىسىنىڭ بىر

تۆرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرى ئۇنىڭدىن بىر قانچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى سوقىچاق ئېگەكلىك ماچاي ئادەملىرى بولۇشى ئېھتىمال»[1] دەپ يازغان.

تولستوف خارەزمدىن، كامبورگ بىلەن گاربونوۋا پەرغانىدىن، ماسسون مۇرغاف دەرياسىنىڭ ئاغزىدىن، غولاموف زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئايىغىدىن، بېرنىشتام تەڭرىتاغلىرىنىڭ تۆشىدىكى 3200 مېتىر ئېگىزلىكتىن شىمالدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەن ئاندرونوپلارنىڭ ئىزىنى تاپتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV — VI ئەسىرلەردىكى ساك، سارماتىن قەبىلىلىرىنىڭ هايات پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى ئاندرونوپ مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان. سىتەين «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» ناملىق كىتابىغا پ. ب. كوزلوپنىڭ تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن ئىلاۋە قىستۇرۇپ، توخارلارنى «هىندى — ساكلار»، ئاندرونوپ تىپىدىكى خەلقلەرنى «سىبىرىيە ساكلىرى» دەپ ئاتىغان. ئاۋرىل سىتەين كوزلوف تەرىپىدىن ئورخۇن بويىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ئادەم باش سۆڭىكىنى موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرىدىن خالىي هالەتتىكى ئارىيان نەسىللىك دىڭلىڭ ئادىمىنىڭ بېشى دەپ كۆرسەتكەن. ئاۋرىل سىتەيننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قەبرىگە كۆمۈلگەن جەسەت مەشھۇر گرېك تارىخچىسى هېرودوت (希罗多德 Herodotus مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 484 — 425 - يىللار) «تارىخ» ناملىق كىتابىنىڭ 4 - توم، 71 - ، 73 - ئابزاسلىرىدا بايان قىلغان ساكلارنىڭ دەپنە ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىنغان.

قەدىمكى باش سۆڭەكلەر ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلەر گەرچە ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ چاچ ۋە كۆز رەڭگى توغرىسىدا

---

① «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ژۇرنىلى، 1949 - يىل، 6 - سانىغا قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

توغرىدىن ـ توغرا ئۇچۇر بېرەلمىسىمۇ ، قەدىمكى جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى ساك ۋە شىمالىي قەبىلىلەرنىڭ بۇ جەھەتلىرىگە ئائىت بايانلار بۇ مۇھاكىمىمىزگە مۇمكىنلىكلەر تۇغدۇرىدۇ . ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە كەلگەندە ، ئۇنى ساك ، سارماتىنلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تىلى دەپ ھېسابلايمىز .

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىنىڭ بىر قەدەر كېيىنكى باسقۇچىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ جايلاردا موڭغۇلوئىد ئامىللىرىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى . كوزلوفنىڭ نوئىن ئۇلا (Noin — Ula 诺音乌拉) تېغىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى ئېچىشى XX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ زور ئۇتۇقى بولدى . 1925 ـ يىلى تورا دەرياسى ئېقىنىدىن يەنە 92 قەدىمكى قەبرىلىك تېزىمغا ئېلىندى .

بېرنىشتام 1938 — 1939 ـ يىللىرى قىرغىزىستان تالاس ۋادىسىدىكى كاتتا كۆمبۈ[1] قەدىمكى قەبرىسىدىن نوئىن ئۇلا ئادىمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دىقماق باشلىق جەسەتنى تاپقان . ئۇ بۇ خىل ئاق ـ سېرىق ئارىلاشما جىنىستىكى ئادەمنى ھۇن بولۇشى مۇمكىن دەپ كۆرسەتتى .[2]

يۇزىغوۋچىنىڭ تەكشۈرۈشچە ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئىچىدىكى لوپنۇر كىشىلىرى دىقماق باشلىق موڭغۇلوئىد ئامىللىرىغا ئىگە بولغان . قىنت — كۆرسىك قەدىمكى قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەر مىلادىيىنىڭ بېشىدىلا يەتتەسۇ رايونىدا موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرىگە ئىگە ھۇن ۋە ئاۋار قەبىلىلىرى ياشىغانلىقىنى كۆرسەتتى .

ل . ب . ئوشانىن قەدىمكى باش سۆڭەكلەرگە ئاساسلىنىپ

---

① ② ھۇن ئاتالغۇسىنى كۆم ، كۇن ئاتالغۇسى بىلەن ئىزاھلايدىغان تەتقىقاتچىلار بار . ئۇلار ھۇنلارنىڭ كۆنگە سېغىنىشى ۋە ئۇز ئاقساقاللىرىنى «كۇنبىي» (كۇنبېك) دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئاساسلىنىشىدۇ .

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئادەملىرىنى ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ.
بۇنىڭ بىرىنچىسى، سوقىچاق باشلىق خەلقلەر بولۇپ (تولاراق
غەربىي تۈركىستان رايونلىرىدا)، ئۇلاردا ئازراق موڭغۇلوئىد
تەسىرى كۆرۈلگەن. بۇنىڭ ئىككىنچىسى، دىقماق (قىسقا
باشلىق ئاق جىنسلىق خەلقلەر بولۇپ (تولاراق ماۋەرائۇننەھر
پامىر ئېگىزلىكى، قارا قالپاقىستان رايونلىرىدا)، ئۇلاردىم
ئايرىم موڭغۇللوئىد ئالامەتلىرى ئىپادىلەنگەن. ئوشانىن بۇنى
ئوتتۇرا ئاسىيا مىردولىچ ئىرقى دەپ ئاتىغان. ئۈچىنچى خىلى
بولسا دىقماق باشلىق خەلقلەر بولۇپ (تولاراق شىمالىي ئالتاي
ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرىدا)، ئۇلاردا موڭغۇلوئىد
ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى
ئارىيانلار (ئاندرونوپلار) تەدرىجىي مەركىزىي ئاسىيانىڭ
ئاساسلىق رايونلىرىغا سۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلارد
ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەر خىل دەرىجىدە موڭغۇلوئىد تىپىدىكى
خەلقلەرنىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە، ئۇلارد
ئەسلىدىكى ئاق جىنسلىق ئاساسىدا قىسمەن موڭغۇلوئىد
ئالامەتلىرى پەيدا بولغان. ئاندرونوپ ئادىمىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى
ھېسابلانغان سارماتىنلار دەۋرىدە بۇ خىل ئالامەتلەر ھاسىل
بولۇشقا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر كېيىنچە يەنىمۇ
كۈچەيگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن يەنە شۇ نەرسىمۇ
ئايدىڭلاشتىكى، ئاندرونوپ — ئارىيانلار بىلەن موڭغۇلوئىد
قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىيەدىن بىر مىڭ — بىر مىڭ بەش يۈز يىل
ئىلگىرىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش، نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتى
بىلەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئارىسىد
مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئالتاي ـ يەنسەي زونىلىرىنى دەسلەپكى
تەۋەللۇتگاھ (ئاپىرىدىگاھ) قىلغان يېڭى ئېتنىك گەۋدە —

مەركىزىي ئاسىيا ئارىيان تىپىدىكى بىرلەمچى ئاق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈملىرىدىن كېيىنكى، ئىككىلەمچى مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنسلىق ئىنسان تۈركۈمى — تۇرانىيلار (تۈركلەر) شەكىللەنگەن. بۇ جەريان ئاندرونوپلارنىڭ شەرققە — موڭغۇلوئىد تىپلىق ئىنسان تۈركۈملىرى زېمىنلىرىغا سۈرۈلۈشىدىن تاكى يېقىنقى زاماندىكى جۇڭغار ئويراتلىرىنىڭ ئالتاي، تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى پائالىيەتلىرىگىچە، ئۇزاق زامان، كۆپ قاتلام بويىچە يۈز بېرىپ ئۆتتى. چىڭگىزخان ئىستېلاسىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاقىۋەتلىرىگىچە غەربىي سىبىرىيە، ئالتاي، يەتتەسۇ، ماۋەرائۇننەھرىدە تۈركىي خەلقلەر يەنىلا ساك ـ ئاسىنا ئېتنىك ئۆلگىلىرى بىلەن خېلىلا روشەن تۈركلەشكەن ئارىيانلار تۈركۈمى ھالىتىدە ئىدى. سىيانپىي، جۇجان، قىتانلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ تۈركىي — ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇلوئىد ئامىللىرىنى تۈۋەن سالماقتىن ئاشۇرمىغانىدى. چىڭگىزخان يۈرۈشلىرى موڭغۇل — تاتار ئىرقىنىڭ قوراللىق يۈرۈش شەكلىدىكى مىللىي كۆچۈش ھادىسىسى خاراكتېرىنى ئالدى. نەتىجىدە قازاق دالاسى — دەشتى قىپچاقتىن تۈركمەن زېمىنىغىچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ موڭغۇلوئىد ئامىللىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى.

ئېيتىش كېرەككى، ئاندرونوپلارنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىلىرىدىكى ۋارىسلىرى — ساكلار ئورخۇن بويىدا كۆكتۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئۆزلىرىنى «تۇر»، «تۇرانى» دېيىشەتتى. ئىران مەنبەلىرىدىمۇ كوپىت تاغلىرىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىگىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىن «تۇران» ئاتالغان. قەدىمكى رۇستەم داستانى، ئەپراسىياپ رىۋايەتلىرى بىلەن ساكلارنىڭ ئىران شاھلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭنامىلىرىدىمۇ بۇ زېمىن «تۇران» نامىدا ئاتالغان. قەدىمكى ساك تۈركۈمىدىكى سوغدىلارنىڭ قەھرىمانى ئەپراسىياپ

تۇران شاھى دېيىلگەن. قەدىمكى «ئىنجىل»، «تەۋرات» دەستۇرلىرىدىنمۇ مۇقەددەم بولغان «ئاۋېستا»دا: «ساكلار — تۇران ئېلىدە ياشايدىغان جەڭچى تۇرلاردۇر»① دېيىلگەن. بۇ بىزگە، «ئاندرونوپ» ئىنسان تۇركۇمى بولغان ئارىيانلار ھىندىستاندىكى دارىۋىئانلارنى كەمسىتىپ ئۆزىنى «ئالىي» دەپ ئاتىغان «تۇران» ئىرقى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئىلاھىي كىتابلاردا زىكىر قىلىنغان «ياپەسنىڭ ئوغلى تۇر» بىلەن ھېچقانداق زىت ئەمەس.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، جەنۇبىي رۇسىيە، كاۋكاز تەرەپلەرگە سۈرۈلگەن ئارىيانلار، سىكىفلار، ئاۋار — ئالانلاردا موڭغۇلوئىد تەسىرى بىلىنەرلىك بولمىغان. جەنۇبىي ئالتاي، موڭغۇل دالاسى، شىمالىي جۇڭگوغا كۆچكەن ئارىيان ـ ساكلاردا بۇ ئالامەت كۆرۈنەرلىك بولغان. جەنۇبقا — ھىندىستانغا، ئىلەم ئېگىزلىكىگە سۈرۈلگەنلىرىدە شۇ يەرلىك ئېتنىك ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. بۇ تەبىئىي ھادىسە. شۇنداقتىمۇ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىر قىسىم ئاندرونوپ — ئارىيانلار ھەرقايسى جايلاردا ساقلىنىپ قالغان. گرىگورووف 1936 — 1940 ـ يىللىرى چۇ ۋادىسىدىن VII — VIII ئەسىردىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى كىشىلەرنىڭ قەبرىسىنى ئاچتى. گىنزبۇر ئۇلارنى ياۋروپا (ئاق) جىنسلىق كىشىلىرى دەپ ئىزاھلىدى. خالتوسوف چۇ دەريا ۋادىسىدىن 1886 — 1888 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تاپقان XIII — XIV ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى جەسەتمۇ خۇددى شۇنداق ئىزاھلانغانىدى.

ل. پوتاپوف «جەنۇبىي ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئوچېركلار» ناملىق ماقالىسىدە: «ئالتايدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە ئائىت ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ

---

① «شەرق يۇلتۇزى»، 1982 ـ يىلى، 10 ـ ئاي سانى «تاشكەنتنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق يىلنامىسى»گە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

ئىسپاتلىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭ — ئىككى مىڭىنچى يىللار ئارىلىقىدا بۇ يەردە ياۋروپا تىپىدىكى ئىنسانلار ياشىغان بولۇپ، ئۇلار هازىرقى جەنۇبىي ئالتايدىكى موڭغۇلوئىد تىپىدىكى ئىنسانلارغا ئوخشاشمايتتى. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، تۆچ ئېرىتىشنى بىلگەن. مەدەنىيىتى ۋە جىسمانىي هالىتى جەهەتتىن مىنۇسىنسك ئاهالىسى بىلەن بىردەك بولغان. ئۇلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدە ‹دىڭلىڭ› دەپ ئاتالغانلار بولۇشى ئېهتىمال. كىشىلىيوف ئۆزىنىڭ ‹جەنۇبىي سىبىرىيە قەدىمكى تارىخى› ناملىق ئەسىرىدە كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ۋە ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ‹دىڭلىڭ›لارنىڭ جىسمانىي شەكلى ۋە مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە هەل قىلدى»، «دىڭلىڭلار كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاسسىمىلياتسىيىگە ئۇچراپ، ئۆز تىلىنى تاشلاپ تۈرك تىلىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۈركلەرگە يەنىمۇ ياۋروپا تىپىدىكى ئىرقىي خۇسۇسىيەتلەرنى قوشتى»[1] دەپ يازغاندى. ۋەهالەنكى، ئۇشبۇ بايقال ئاندرونوپ ئەۋلادلىرى ئۆز ئانتروپولوگىيىلىك ئالامەتلىرى جەهەتتە كروران قەدىمكى جەسەتلىرى بىلەن زاغۇنلۇق قەدىمكى جەسەتلىرىگە[2] تولىمۇ يېقىن قەدىمكى (هازىرقى ئارىلاشقان ئامىللاردىن خالىي) ياۋروپا تىپىگە ئوخشايدىغان هەقىقىي مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنسى تىپىدىكى

---

① «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ژۇرنىلى، 1952 ـ يىل، 3 ـ سانغا قارالسۇن.

② «كروران قەدىمكى جەسەتلىرى» ئارخېئولوگلار 1979 ـ ، 1980 ـ يىللاردا لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى بىلەن تېيەن دەرياسى ئەتراپىدا ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە تېپىلغان. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3800 — 4000 يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. «زاغۇنلۇق قەدىمكى جەسەتلىرى» 1985 ـ يىلى چەرچەن ناهىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمى. قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

ئوخشاش ئىنسان تۈركۈمى ئىدى. شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى كىروران تېمەن دەرياسى ساھىلىدىن ۋە زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان جەسەتلەرنى ھازىرقى تاشقورغان تاجىكلىرى بىلەن ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ چاچ رەڭگى، بۇرۇن قاڭشىرى، باش سۆڭىكى ۋە باشقا جەھەتلەردە بىردەك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.①

## 2. مەركىزىي ئاسىيا سىكىف — ساك تارىخىنىڭ بايانى

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللاردىن مۇقەددەم مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان يىراق ئەجدادلىرىمىز — ئاندرونوپ — ئارىيانلار بىلەن كېيىنكى ئالتاي تۈركىي ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ياشىغان ئاساسىي ئىنسان تۈركۈمى سىكىف (سىكىتاي) — سارماتىن — ماسساگېت — ساكلاردىن ئىبارەت بولغان. گەرچە بىز مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىن تاكى مىلادىيىگىچە بولغان بىر قانچە ئەسىرگە ئائىت يازما مەنبەلەردە ساك خەلقلىرىنىڭ ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلسەكمۇ، بۇ مىللىيەتلىك نام يەنىلا ئاندرونوپ — ئارىيان ئەۋلادلىرىنىڭ ناملىرىدىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوپ — ئارىيانلىرى چوڭ بىر ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك كاتېگورىيىلىك نامى بولۇپ، بۇ بىزگە بۇنىڭدىن بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى بۇ ئىنسان تۈركۈمى ئۆز تىپىدىكى پۈتۈن ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە بىر خىل - بىر تۇتاش نامدا ئاتىلىشنى جاكارلىغان دېگەندەك قاراشتا بولماسلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەممە ئىنسان تۈركۈملىرىگە

① ژاڭ بو: «شىنجاڭ كىروران تېمەن دەريا ئايال جەسىتى ئىرقىي ئانتروپولوگىيىسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە 1994 - يىل، 4 - سان.

ئوخشاش ، بىر خىل ئاسىياچە ئاق جىنسلىق ، بىر خىل مىللىيەتلىك ئورتاقلىق ، بىر خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى ئالامەتلەرگە ئىگە بولغان مەركىزىي ئاسىيا (تۇران) ئارىيانلىرى ھەرقايسى رايونلاردا ھەر خىل ئۇرۇق ـ قەبىلە ياكى باشقا خەلقلەر قويغان ناملار بىلەن ئاتالغان . بىز ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ماكان ياكى تارىخىي قاتلاملىق زامان بويىچە قوللانغان (ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئاتالغان) ناملىرىنى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئانتروپولوگىيىلىك نامى بىلەن قارشى قويماسلىقىمىز ، ئۇزۇپ تاشلاپ ، پارچىلىۋەتمەسلىكىمىز لازىم .

شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، مىلادىيىدىن ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاسىياچە ئاق جىنسلىق ئىنسان توركۇملىرى — ئارىيانلار بايقال ، لوپنۇر ، باغراش ، ئارال بويلىرىدا ئانتروپولوگىيىلىك ئىز قالدۇرغان . ئۇلار بۇ ماكانلاردىكى ئاندرونوپ ئەۋلادلىرى — سىكىپ — سارماتىن — ماسساگىت — ساكلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرى ئىدى . دەرۋەقە ، ئۇلارنىڭ بىر قاتار يەرلىك ئالامەتلەرگە ياكى بۇنداق يەرلىك ئالامەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىش ئالامەتلىرىگە ئىگە بولۇشى تەبىئىي ئىدى . مەركىزىي ئاسىيادا يالغۇز تۆت تەرەپكە يۆتكىلىش ھادىسىسىلا كۆرۈلگىنى يوق ، يەنە قەبىلىلەر ئارا قوشۇلۇش ، پارچىلىنىش ، يۆتكىلىش ، ئۆز ھالىچە ياكى ئۆزگەرگەن ھالى بويىچە قايتىپ كېلىش ھادىسىلىرىمۇ كۆپلەپ تەكرارلانغان . توخارلارنىڭ ھىندىقۇشقا يۆتكىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىن «توققۇز چاۋۇپ»لارغا بۆلۈنۈشى ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ كۇچا ـ قارا شەھەر (ئاگنى) تەرەپكە قايتىپ كېلىشى بۇنىڭ بىر مىسالى . بۇنداق ھادىسە دۇنيا خەلقلىرى تارىخىدىمۇ سادىر بولغان . ياۋروپاغا گىرمالدى نېگىرلىرىنىڭ كۆچۈپ كەلگەنلىكى ۋە يېقىنقى زاماندا ئافرىقىنىڭ جەنۇبىغا ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆچۈپ بارغانلىقىمۇ ھېچقانداق غەلىتە ئەھۋال ئەمەس .

قەدىمكى «ئاۋېستا» دەستۇرىدا سىكىفلار «ئىسكاتا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى (جەڭنامىسى) «ماخاپخاراتا» داستانى بىلەن قەھرىمان رامانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن «رامايانا» داستانىدا «ئىسكىف» ئىبارىسى ئۇچرايدۇ.

پارس مەنبەلىرىدە سىكىف ئىبارىسى ئەمەس، «ساك» ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن ۋە ماسساگىتلارنى خۇددى سترابونغا ئوخشاشلا ساكلار دەپ كۆرسەتكەن.

قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدە پرومېتېنى زېۋس ئىسكىف دىيارىدىكى تاغقا باغلىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. گرېك دوختۇرلىرى — مەسىلەن ھىپپوگرات سىكىفلارنى كۆپ قېتىم «Exieai» دەپ تىلغا ئالغان ۋە ئۇلاردىن تۆت زات — تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت قارىشىنى قوبۇل قىلغان. ھېرودوت «گرېك — پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى» ناملىق كىتابىدا سىكىتايلار ھەققىدە كۆپلەپ ئۇچۇر قالدۇرغان. ئۇ سىكىتايلار بىلەن سارمات (سارماتىن) ئىبارىلىرىنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنى بىر تىلدىكى خەلق دەپ كۆرسەتكەن. زىنو «كىرىنىڭ ساۋاقلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ماسساگىتلار بىلەن ساكلارنى بىر خەلق دەپ ئېيتقان. سترابو (Strabo) «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە ماسساگىتلارنى ساكلارنىڭ بىر قىسمى دېگەن.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدە سىكىف — ساك قەبىلىلىرى پەرقلەندۈرۈلمەستىن «رۇڭ»، «غەربىي رۇڭ»، «ئىتچى رۇڭ» (犬戎)، «ئۇلۇغ خۇر»، «سەي قوۋملىرى (سەي جۇڭ)» دېگەن ئىبارىلاردە ئىپادىلەنگەن.

بىز «سىكىف»لارنىڭ «سىكەت»، «سىكىتا»، «سىكىتاي» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

ساك ئىبارىسى «ئوغۇزنامە»دە «ساقلاپ»، «ساقلاپ بېگى» شەكلىدە، «ئاۋېستا»دا «ساكلار جەڭچى تۇرلار» شەكلىدە، پارس

كىتابلىرىدا «ساك» ، «سەك» شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان . قەھرىمان رۇستەم ساك خەلقىنىڭ قەھرىمانى ئىدى . ھىندىستانغا سىڭىپ كىرگەن ئارىيان ئەۋلادلىرىنىڭ بۇددا دىنىنى ياراتقان شاھزادە سىددخادخارتىنى «ساكىيامۇنى» (ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتىغانلىقىغا قارىغاندا ئارىيانلار زامانىدىمۇ ساك نامىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ .

سكىف (سكىتاي)لار بىلەن ساكلار بىر خىل خەلقنىڭ ئوخشىمىغان جايلىشىشى ۋە ئاتىلىشى بولسا كېرەك . ماسساگېت — ئۇلۇغ سكىتايلار ياكى ئۇلۇغ ساكلار مەنىسىدە بولۇشى ئېھتىمال . سارماتىن (ساخروماتىن) قەبىلىلىرى يەنىلا سكىف - ساكلارنىڭ ۋارىيانتىدىن ئىبارەت .

سكىفلار گرېك مۇئەللىپلىرى ئەسەرلىرىدە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن شەرققە سوزۇلغان تەرزدە بايان قىلىنغان ، ساكلار نەقشى رۇستەم① قىيا يازمىلىرىدا ساكلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان تەرزدە تىلغا ئېلىنغان بولغاچقا ، تارىخچىلار غەربتىن شەرققە سكىفلار ، سارماتىنلار ، ماسساگېتلار ، ساكلار جايلاشقان دېگەن قاراشتا بولدى . نەقشى رۇستەم قىيالىرىغا پۈتۈلگەن ساكلار ئۈچ توركۇم بويىچە مۇنداق ئاتالغان : «ساكا خائۇماۋارگا» (Saka Haumavarga — ئامۇرگا ئامۇ — ئارال ساكلىرى) ، «ساكا تىيايتادا دارائىي» (Saka Tayaiyparadraya سىر دەريا كەينىدىكى ساكلار) ، «ساكا تىگراخائۇرا» (Saka Tigraxauda ئۇچلۇق تەلپەكلىك ساكلار) . ئۇلارنى تارىخچىلار كاسپىي — ئارال — ماۋەرائۇننەھر

---

① نەقشى رۇستەم — قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى دارىئۇس يەنى دارا I قاتارلىقلار دەپنە قىلىنغان جاي . دارا I نىڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 521 — 486 - يىللار)نىڭ پايتەختى پېرسىيىدىكى پېلىس ئەتراپىدا بولۇپ ، ھازىرقى شىرازنىڭ ئوردا - قەسىرلىرى بار . دارا I نىڭ قەبرىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ يۈزىگە مىخ شەكىللىك يېزىقتا بېغىشلىما ئويۇلغان . شۇڭا ئۇ «نەقشى رۇستەم» ئابىدىسى دەپ ئاتالغان .

— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن .

ساكلىرى ، سىر — يەتتە سۇ — ئالتاي ساكلىرى ، فەرغانە — ئالاي — تەڭرىتاغ ساكلىرى دەپ قارىماقتا .

يازما مەنبەلەر بىلەن قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن قارىغاندا ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىن گرېك - باكتىريە دەۋرىگىچە بولغان ئىراكىمېر — سىكىف — ساكلار مەركىزىي ئاسىيا ، جەنۇبىي رۇسىيىـــدە دەۋران سۈرگەن ئالتۇن دەۋر بولغان . ئۇلار كېيىنكى زامانلاردىمۇ يەنە ساك نامىنى ساقلىغان . «ساكىستان» (قىسقارتىلىپ «سىستان» دەپمۇ قوللىنىلغان ) ئىبارىسى ئۇنىڭ بىر مىسالى . تارىم ۋادىسىدىكى «ساقساق» ، «بەيساق» ، «ئېكساق» ، «ئوغۇساق» ، «ئونتۇساق» ، «سوزاق» ، «توققۇساق» قاتارلىق جاي نامـلــــرى بىـــلەن يەركەننىڭ «ساكا» (ساچېى ) دەپ ئاتالغانلىقى ساك ئىبارىسى بىلەن ئالاقىدار بولغان .

سىكىف — ساك خەلقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇلارنىڭ بىر ئېتنىك مەنبەلىكىنى كۆرسەتتى . «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV — VI ئەسىرلەردە ساك — سارماتىنلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوخشاش بولغان» ،[①] «ساك — سارماتىنلار ئاندرونوپلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر» ،[②] «دىڭلىڭلار غەربىي سىبىرىيىدىكى ياۋروپا ئاھالىلىرى بولۇشى ئېھتىمال»[③] «ئۇلارنىڭ مىـــلادىيىـــدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللاردا خۇاڭخې ۋادىسىغا كۆچكەن قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن ئالاقىسى قانداقلىـقـــى نامەلۇم» ، «توخارلار — ماسساگىت كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ بىر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت»[④] .

ئامېرىكا تارىخچىسى پروفېسسور مىكگوۋېرننىڭ «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى مەملىـــكەتلەر» ناملـــىق كىـــتابىـــدا

---

① ②③④ «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ رۇسچە نەشرىگە ئاساسەن 1960 — 1961 - يىل خەنزۇچە تەرجىمە نەشرى ، 1 - توم ، 625 - ، 629 - بەتلەر . يۇقىرىقى كىتاب ، 2 - توم ، 237 - ، 609 - بەتلەر .

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىشىچە «سارماتىن قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى بىر چاغلاردا موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلىگەن. شۇ چاغدا قەشقەرىيىنىڭ كۆپچىلىك يېرىنى ئىگىلىگەن خەلقنىڭ ئىرقى ۋە تىلى روشەن ۋە شۈبھىسىز ھالدا سارماتىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان» ھۇنلار دەۋرىدە غەربكە سۈرۈلگەن توخار، ئاۋار، ئالانلارمۇ ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. دەرۋەقە، بايقال ئەتراپىدا خورات ساك دۆلىتىنى قۇرغان ۋە كېيىن تۇرپان خۇجىيە ( 呼揭 ) لىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن قەبىلىلەرمۇ دەل دىڭلىڭلار تۈركۈمىدىن بولغان.

سكىف — ساك خەلقلىرىنىڭ جىسمانىي قىياپىتى تارىخىي مەنبەلەردە قوڭۇر چاچ، قاڭشارلىق، ئورا كۆز دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ تەسۋىر قەدىمكى جەسەتلەر ۋە ئىنسان قىياپەتلىك ئاسارئەتىقىلەر تەرىپىدىن تەستىقلاندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا مەركىزىي ئاسىيادا كۆپلىگەن قەدىمكى قەبرىلەر ئېچىلدى. لوپ — كروران، قۇمۇل — لاپچۇق قارادۆڭ قەدىمكى جەسەتلىرى مىلادىيىدىن 4 — 5 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئاندرونوپ تىپىدىكى نېئولىت دەۋرى ئادىمىنىڭ تارىم - تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى تۇرمۇشىنى بەرقارارلاشتۇردى. ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ ئۈرۈمچىگە يېقىن ئالغوي، يۇئېرگۇ، كۆجاي دېگەن جايلىرى بىلەن بارىكۆل قارا تاغ ئېتىكىدىن قېزىلغان قەبرىلەر بۇ يەردىكى قەدىمكى قاڭقى (گوشى) ئادەملىرى دېگەن كىشىلەرنىڭ تىپىك ساك ئالامەتلىرىنى ئىسپاتلىدى. ئالمائاتا يېنىدىن تېپىلغان «ئېسكى» (كونا) قورغان قەبرىگاھلىقىدىن مىلادىيىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىكى ساك شاھزادىسىنىڭ ئالتۇن زەنجىر كىيىمى (ساۋۇت)، دۇبۇلغىسى ۋە ئۆتۈكى تېپىلدى. بۇ بىر يۈرۈش ئالتۇن كىيىمگە بېكىتىلگەن بۆرە باشلىق توقا ۋە ئۇچلۇق دوبۇلغىدىكى بۇغا، ئارسلان ئوبرازلىرى ئۇنىڭ ياش ساك

شاھزادىسى ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر يەتكۈزدى . مىنۇسىنىڭ رايونىدىكى قاراسۇق قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان دىڭلىڭ ساكلىرى تېپىلمىلىرى ، شىمالىي ئالتايدىكى بازىرىق (پازىرىق ) قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن چىققان شامان ئالدىغا ئاتلىق كېتىۋاتقان بۇرۇتلۇق ئەركەكنىڭ رەسىمى چېكىلگەن رەڭدار چايشاپ ، تۆت چاقلىق ، شادا ـ قەپەزلىك مۇغ (جەسەت ) ھارۋىسى مودېلى ، بېشىغا بۇغا مۈڭگۈزى قادالغان ، يۈزىگە نىقاب تارتىلغان ئات بېشى شىمالىي ئالتاي — يەنسەي ساكلىرىنىڭ قىياپىتى ۋە مەدەنىيىتى چۈشەنچىلىرىمىزنى بېيىتتى . يەنە باشادارسكىي ، تونەتىنسكىي ، كاتاندىنسكىي قاتارلىق جايلاردىنمۇ ساك قەبرىلىرى قېزىلدى . بىز مېتالغا ئىشلەنگەن تېرە ئەيلەۋاتقان ، سۇنۇق تېڭىۋاتقان ، جەڭ قىلىۋاتقان ، ئىت ئەگەشتۈرۈپ كەينىگە ئوقيا ئېتىپ ئات چېپىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشلەردىن سىكىف — ساك قىياپەتلىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز .

سىكىف — ساكلار — «گىلگامىش » ، «ماخاپخاراتا » داستانلىرىنى ياراتقان خەلقنىڭ ئەجدادى بولۇش بىلەن نارات ، زارىنا ، سىپارتىرا ، تۇمارس ، شىراق ، ئەپراسياپ ، سىپىتامىن قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقان ئەۋلادتۇر . شەرقتە غەربىي جۇ سۇلالىسىنى غۇلاتقان چۈەنرۇڭ — ئىتچى مويلاۋلىق قەبىلىلەر دەل پارسلار ساكلارنى «سەك » (ئىتچىلار ) دەپ ئاتىغاندەك تايغان ئەگەشتۈرۈپ جەڭگە كىرىدىغان ساكلارنىڭ شەرقىي تارمىقى ئىدى . ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر زامانىدا جىن سۇلالىسى بىلەن كۈرەشكەن «جۇڭشەنگو » (ئاراغول ئېلى ) سەركەردىسى ۋۇدىمۇ ( 无敌 ) قەھرىمانلىق داستانلىرى ياراتقانىدى .

ساكلار ئاخمانىلار ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مىدىيە خانلىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۈرەشتى . دارانىڭ غەلىبىسىگە ئاتالغان غەربىي جەنۇبىي پېرسىيىدىكى بېھىستون تاش ئويمىلىرىغا داراغا ئولپان ئېلىپ كېتىۋاتقان كۇلالىق بىر قاتار ساكلار ئوبرازى ئويۇلغان .

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئالدىدا باغلانغان تۇتقۇن ساك قەھرىمانىنىڭ پورترېتى بولۇپ ، ئۇنىڭغا «ساك سىكونخې» دەپ يېزىلغان . بۇ سورخان دەريا بويىدىكى دالۋېرزىن تېپەدىن تۇرپان ئاستانىغىچە تېپىلغان كۇلالىق ساك ئوبرازى بىلەن قىياپەتداش بولغان .

سىكىف — ساكلار دەسلەپكى بوستان ـ شەھەر قەلئەلىرىنى قۇرغان . بۇ ئۇلارنىڭ سۇمېر ۋە ئارىيانلاردىن كېيىن بىر قەدەر كاتتىراق ھىسارلار تىزمىسى يارانقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . سورخان دەريا ، مورغاپ بويىدىن تاكى گەنسۇ كارىدورىدىكى چاۋۇپ (جاۋ ئۇ ) ، كاسان (گوزاك ) شەھەرلىرىگىچە شەھەر ـ قەلئە ھاكىمىيەتلەر سىستېمىسى سىكىف — ساكلار زامانىدا قەد كۆتۈردى . تىللا تېپە — مىلادىيىدىن 2 مىڭ 300 يىل ئىلگىرى ھىندىستاندىكى خاراپپا شەھەرچىسى بىلەن زاماندىش ئىدى . نامازكار تېپە خۇددى سۇمېر شەھەرلىرىدەك خىش سېپىل بىلەن ئورالغان شەھەرچە ئىدى . تورگىن تېپە ۋە ئامۇ بويىدىكى بىر قاتار قەلئەلەر شۇ چاغدا مەۋجۇت ئىدى . سېپتامىنىڭ ئىسكەندەرگە قارشى جەڭلىرى يەنە ئېگىزلىكلەرگە جايلاشقان ھەربىي ئىستېھكام شەھەرچىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتتى . قەشقەر (كاش + غار ) ۋە ساكا (يەكەن ) قاتارلىق ھازىرقى شىنجاڭدىكى 36 قەلئەمۇ ساكلار زامانىدا شەكىللەنگەن .

سىكىف — ساك قەبرىگاھلىقلىرىدا كۆرۈلگەن پەرقلەر بۇ زاماندا سىنىپىي پەرقلەر — قول ئىگىلىرى بىلەن قۇللار ، باياشات ئائىلىلەر بىلەن نامراتلارنىڭ روشەنلەشكەنلىكىنى كۆرسەتتى . ساكلارنىڭ دارا ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۆرىشى مىللەتنى قوللاشتۇرۇشقا قارشى كۆرەش ئىدى . قاراسۇق قەبرىگاھلىقىدىكى ھەشەمەتلىكتىن مايىمىر قەبرىگاھلىقىدىكى ھەشەمەت ئۈستۈن ئىدى . بۇ قەبرىنىڭ كەسمىسى 25 مېتىر ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر بولۇپ ، ئالتۇن بۇيۇملار ، ئاياللار ، قۇللار ، مىنگەن ئات بىلەن دەپنە قىلىنغان ، پۈتۈن قەبرە تاش

قۇرۇلما ھالىتىدە ياسالغان .

سىكىي — ساكلار ئاندرونوپ — ئارىيان نەسىللىك ئاق جىنس خەلقىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى بىلەن بىللە ، ئۇلار ئۆزلىرى جايلاشقان ياكى ھەرىكەتلەنگەن رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ، ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە موڭغۇلوئىد تىپىدىكى تەسىرگە ئۇچرىغان . بۇ ئەھۋال موڭغۇل دالالىرى ، ئالتاينىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە جەنۇبىي قىسمىدا بىر قەدەر روشەن كۆرۈلگەن . بۇ تەسىر ئوخشاش ۋاقىت ۋە ماكاندا ئەرلەرگە نىسبەتەن ئاياللاردا كۆپرەك بولغانلىقىنى قەدىمكى جەسەتلەر ئىسپاتلىغان .

سىكىي — ساكلار ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى بىللە ئېلىپ بارغان ، قويچىلىق ۋە قۇلانچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان . ئۇلار داڭدار چەۋەنداز ۋە مەشھۇر «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى»نىڭ ئىختىراچىلىرى بولغان .

مەلۇمكى ، هارۋا — قاڭقا يېڭى تاش قورال دەۋرى يارانقان مەدەنىي مۇھىت ئاساسىدىلا مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئات - ئۇلاغنى كۆندۈرۈش ، ساپال ۋە تاشتىن يارغۇنچاق ، چاق (يىپ ئېشىش ئۇسكۇنىسى) ، مويۇنچاق (مونچاق) قاتارلىق چەمبەرسىمان پىرقىرىغۇچى قورال ياساش چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىشى هارۋا چاقى چۈشەنچىسىگە ئېلىپ كەلدى . مەركىزىي ئاسىيادىكى «تۇران قاڭقىسى» خۇددى «ئوغۇزخان قاڭقىسى»دەك سىرىق سۆگەتنى سۇ - ئوتتا ئېگىپ چاق ياسىغاندىن كېيىنلا مۇمكىنلىككە ئايلاندى . دەسلەپكى هارۋا چاقلىرى چاپما بولماستىن سۆگەتتىن ئېگىلىپ چەمبەر قىلىپ ياسالغان بولغاچقا ئېگىز بولغان . ئىككى چاقلىق ئوقتىكى چاق قازىنى دەسلەپ ياغاچ قازانلىق بولۇپ ، سۆرەش ئېغىر بولدى . قاڭقا (هارۋا) غىچە مەركىزىي ئاسىيادا چاڭقا (چانا) قوللىنىلغان .

مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدە مىلادىيىدىن 1 مىڭ ،

www.uyghurkitap.com

500 يىللار ئىلگىرى سىزىلغان ھارۋا رەسىملىرى بار. گورنو بەدەخشاندا ئۈچ ئورۇندا قاڭقا رەسىمى ئۇچرىسا، قىرغىزىستان سايمالتاش، تۇۋا، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوبۇتسوم ساگەن جىلغىسى ۋە يامانىاي ئۇسۇ جىلغا قىيا رەسىملىرىدە، شىنجاڭنىڭ سارسۇمبە ناھىيىسى ئوتبۇلاق، دولانت جىلغىسىدىكى قىيا رەسىملىرىدە كۆپلىگەن ھەر خىل چىكىلگەن ھارۋا ئوبرازلىق رەسىملەر بار.① سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ ھارۋا شەكىللىرى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىر مىڭ، 2500 يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن تۈچ دەۋرىنىڭ پۈتۈن ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رەسىملەردىن قەدىمكىراقى ئوتبۇلاق، دولانت قىيا ھارۋا رەسىملىرى دىڭلىڭ قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرى «ئاتلىقلار» ۋە «قاڭقا» مەدەنىيەتلىرىنى موڭغۇل دەشتىگە، ماۋەرائۇننەھرگە، پامىر رايونىغا كېڭەيتكەندەك قىلىدۇ.②

ھارۋا تەسۋىرى مىلادىيىدىن 26 ئەسىر ئىلگىرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان سۇمېرلار تارىخىغا ئائىت مېسوپوتامىيىدىكى قەدىمكى جەڭلەرنى تەسۋىرلىگەن «ئۇر قوشۇنلىرى ئالغان ئەسىرلەر ۋە غەنىيمەتلەر» ناملىق رەسىمدە ئەڭ دەسلەپ ئىپادىلەنگەندى. بۇنىڭدىكى ھارۋا ئىككى كىشى تەڭ سىغىدىغان پاكار تۆت چاق (غىلدىرەك)لىق ھارۋا ئىدى. جەنگو دەۋرىگە ئائىت جۇڭگو ھارۋىلىرى (جۇملىدىن سىچۈەندە تېپىلغان خەن دەۋرىگە ئائىت قونچاق ئات ھارۋا) ئىككى چاقلىق ھارۋىلار بولۇپ، چاقلىرى كۆتەك تاپانلىق، تۆت يۈگۈسۇنلۇق ئىدى. لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن خەن دەۋرى يىللىرىغا توغرا كېلىدىغان قەبرىلەردىن تېپىلغان ھارۋىلارنىڭ دەپنە بۇيۇمىدىكى رەسىملىرى

---

① ② ۋ. ئا. رانوپ، ئا. ۋ. گورىسكى: «گورنى بەدەخشان ئاپتونومىيە رايونى قىيا رەسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» («سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ژۇرنىلى، 1966 ـ يىل، 2 ـ سان؛ جاڭ چېڭ شاۋ: «ئالتاي قەدىمكى ھارۋىلىرىنىڭ قىيالاردىكى رەسىملىرى» («يىپەك يولىدا تەسۋىرىي سەنئەت» توپلىمى. 167 ـ، 176 ـ بەتلەر.

مەركىزىي ئاسىيا هارۋىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەگمە ئېگىز چاقلىق هارۋىلار ئىدى . مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى مەيلى ئارىيان تىلىدا ، مەيلى شۇ تىل ئاساسىدا كېلىپ چىققان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان دەۋرلەردە بولسۇن شۇ خىل چاقلىق ياكى ئۇستىگە چېدىر تىكىلگەن هارۋىلاردىن پايدىلىنىپ كېلىشتى ، كېيىنكى تارىخىي مەنبەلەردە گاۋ جۇي ، گاۋچې (高车) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان «ئېگىز قاڭقىلار» ئەنە شۇ «ئوغۇزخان هارۋىسى»نىڭ ۋارىسلىرى ئىدى . تارىم بويىدا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان هەر بىر ئۇيغۇر دېهقان ئائىلىسىدە (ياللانما دېهقانلارنى هېسابلىمىغاندا) تېخى 1980 ـ يىللارغىچە ئەنە شۇنداق «يارىيار هارۋا» ساقلىنىپ كەلگەن . مۇنداق ئېگىز چاقلىق «يارىيار چارۋا»لىرى قۇملۇق ۋە يايلاقلاردا تېز هەم يەڭگىل يول يۈرۈش جەھەتتىن تۆمۈر تاپانلىق ، كۆتەك چاقلىق پاكار هارۋىلاردىن تولىمۇ ئەۋزەل ئىدى . گەرچە ، مىسوپوتامىيە ، مىسىر ، قەدىمكى جۇڭگو ، هىندىستان يىلنامىلىرى ۋە ئەپسانىلىرىدە هارۋىدا ئولتۇرۇپ جەڭ قىلىش (مەسىلەن ، جۇڭگونىڭ ئەجدىها قوشقان هارۋا توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ، هىندىستاننىڭ «ماخاپخاراتا» داستانى قاتارلىق) تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ ، بىراق ئۇلاردا ئاتنى ئېگەرلەپ مىنىش تەسۋىرلەنمىگەن . هومېر داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگىنىمۇ هارۋىدا جەڭ قىلغۇچىلار ئىدى . گەرچە مىلادىيىدىن يەتتە ئەسىر ئىلگىرىكى ئولىمپىك ماهارەت مۇسابىقىسىدە ئاتقا مىنىش ئويۇن سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ، كېيىنكىي چاغلاردا كۆرسىتىلگىنى يەنىلا هارۋىلىقلار مۇسابىقىلىرى بولدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىرلەردە گرېكلار سىكىفلار تەسىرىدە گەرچە ئاتلىق قوشۇن تۈزگەن بولسىمۇ ، بىراق سانى تولىمۇ چەكلىك ئىدى . پەقەت ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەۋرىدىلا گرېكلار كۈچلۈك بىر يۈرۈش هەربىي قوشۇن قۇرالىدى . رىم

ئىمپېرىيىسى پولكلىرى ئىچىدە ئۈچ كىشى بىر پولك بىرلىكى قىلىنغان ئاتلىق پولك (kinghts) بولغان . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ پىيادە پولكلىرىدا ئالتە مىڭ كىشى بولاتتى .

ئاتقا مىنىش ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور ئىپتىخار ۋە قەھرىمانلىق مۆجىزىسى بولدى . ئۇ ھەر بىر جەڭچىنى يەككە قەھرىمانلىققا چاقىرىدىغان مەكتەپ بولدى . قۇياش ئىلاھى مىترا — مەرگەن تەڭرىمۇ ئاتقا مىندۈرۈلدى . قەھرىمانلار ئاتلىرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىدىغان بولدى .

«ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» بىلەن «قاڭقىلىقلار مەدەنىيىتى» مۇناسىپ يوسۇندا شالۋۇر (شىم) ، ئۆتۈك ، كىگىز قالپاق ، تېرە تەلپەك ، ئېگەر ـ جابدۇق قاتارلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈردى . تۈرلۈك ئات جابدۇق ۋە ئاتلىق كىشى جابدۇنمىلىرىغا ئائىت زىننەت بۇيۇملىرى ھۈنەر ـ سەنئىتى شەكىللەندى . جۇڭگو يىلنامىلىرىدە يېزىلىشىچە ، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جاۋۋۇلىڭۋاڭدىن باشلاپ غۇزلارچە ئاتلىق قوشۇن قۇرۇش ۋە ئاتلىق قوشۇن كىيىمى كىيىش قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان . چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە ئاتلىق قوشۇن ئىشلىتىلگەن .

ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى مىنۇسىنىسكىي ئويمانلىقىدىكى مايئەمىرگە جايلاشقان بازىرىق قەدىمكى قەبرىسىدىن تېپىلغان كىگىزگە ئېگەرلەنگەن تورۇق ئاتنى مىنىۋالغان شىم كىيگەن قاڭشارلىق ، بۇرۇتلۇق كىشىنىڭ رەسىمى سىزىلغان . ۋەھالەنكى ، قەدىمكى زاماندا مىسىردا ، مېسوپوتامىيىدە ، گرېتسىيىدە ، رىمدا ھەتتا ئىسلامىيەتكىچە ھىندىستاندا شىم كىيىش ئادەتلەنمىگەنىدى .

سىكىف — ساكلار ئاتلىق — ئوقياچى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىگە ئاساس سالدى . ئۇلار سالما (Lasso) تاشئاتقۇ ، (Sling) ئوقيا ، ساداقدان (گرېكچە Gorytus ) ، زەھەرلەنگەن ۋە كۆيدۈرگۈچى ئوقلار ئىشلەتكەن .

دۇبۇلغا، قالقان ساۋۇت قاتارلىق قوغدىنىش ۋاسىتىلىرى ئىشلەتكەن. ھېرودوت ۋە ئىسخلۇس ئۇلارنى «ئوقياچى چەۋەندازلار» دېگەن. پارفىيىلىكلەر رىمغا ھۇجۇم قىلغاندا ساكلارنىڭ شۇ خىل جەڭ قوراللىرىنى ئىشلەتكەن. ساكلاردا جەڭگىۋارلىق مۇزىكىلىرى بولغان. قېزىلمىلار ئۇلارنىڭ «ئەگىنەك» نامىلىق خەنجەرلىرىنىڭ داڭق قازانغانلىقىنى كۆرسەتتى. سىكىف — ساكلار تۇنجى قېتىم مىسى — برونزا قوراللىرى بىلەن قىسمەن تۆمۈر قوراللار ئىشلەتكەن. تۇركلەر دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلار ھەقىقىي قۇيۇچ (پولات) قوراللىرى ماھىرلىرى بولغانىدى.

سىكىف — ساكلار قىيا رەسىملىرىنىڭ ماھىرلىرى، تۇرلۇك يېزىق شەكىلدىكى بەلگە ـ ئالامەتلەرگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر، فولكلور خاراكتېرىدىكى مۇراسىملار، ناخشا ـ ئۇسسۇللارنىڭ ئىجادچىلىرى بولۇش بىلەن بىللە تائام ئۇستىلىرى ۋە مېتال ھۈنەرسازچى ـ مىسكەرلەر ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئۆپچۆرىسىدە چېكىلگەن مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۇلار چەككەن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن مەركىزىي ئاسىياغا كىرگەن ئاپتورلار، يەرلىك خەلقنىڭ دىئونىس بايرىمىدەك مەي بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بايراملىرىنىڭ بارلىقىنى يازغان. ھېرودوت ماسساگېتلارنىڭ گۆلخان يېقىپ، ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، ئوتقا مېۋىلەر تاشلاپ، پۇراقلىرىدا شىركەيىپ بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل قىلىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۇرك»دە كەلتۈرگەن بەزمە ـ نەغمە قوشاقلىرىدىكى مەزمۇنغا ياندىشقان، ھازىرقى ئۇيغۇر تۇركلىرىنىڭ مەشرەپ ـ مىلسلىرى بىلەن تۇتاشقان.

سىكىف — ساكلار مېتاللورگىيىچىلەر ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىستىن «زوئومورفىن» (ھايۋان شەكلىدىكى)

كۆرۈنۈشلەر ياسايتتى . يولۋاس ، كېيىك ، بۆرە ، بۇغا ، ئات ، كالا ، ئارقار ، چوشقا ، بۈركۈت قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئېلىشىۋاتقان تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن قۇيما رەڭلىك مېتال سەنئەت بۇيۇملىرى بەدىئىي جەھەتتە سىپتا ، كۆپتۈرمە بولۇشى بىلەن ، بەزىدە بىر دائىرە تولۇق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى تولغاپ شەكلىنى تەتۈرىسىچە ئورۇنلاشتۇراتتى . ئۇلار قىممەتلىك مېتالغا ئالاھىدە غايە ـ ئېتىقاد بىلەن ئىشلەنگەن . بۇلاردىكى كۈچ ـ قۇدرەت ، قەھرىمانلىق ۋە ئۈمىدۋار روھ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ جەسەت ساندۇقلىرىدىكى نەغمە ـ ناۋا كۆرۈنۈشلىرى بىلەن مايمۇن شەكىللىك سازەندە ھەيكەلچىلەردە داۋاملاشتى . ئېيتىش مۇمكىنكى ، ئەينى زاماندا ھېچقانداق خەلق مۇنداق نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن مۇنداق نەپىس ئوبرازلار ياراتمىغان . ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ھۆكۈمدارغا ۋە ھوقۇققا چوقۇنۇش ئەمەس ، بەلكى تەبىئىي ـ ئەركىن روھ ۋە ئالەم قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەددەسلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

## 3 . دىڭلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى

مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك تەدرىجىي تەرەققىياتىدا دىڭلىڭ قەبىلىلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتقان . دىڭلىڭلار ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە ئايلىنىشىدىكى ئالاھىدە بىر تىپ ، دىڭلىڭلار مەسىلىسى يالغۇز ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مۇھىم مىللىيەتلىك مەنبەسى سۈپىتىدىلا ئەمەس ، يەنە تۈركلەشكەن خەلقلەرنىڭ ئاق جىنسلىق قان سىستېمىسىنى ئېنىقلاش ، ئارىيان — تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىزاھلاشتىمۇ



www.uyghurkitap.com

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دىڭلىڭلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر — ئوغۇز تۈركۈمىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ھالقا.

قەدىمكى جۇڭگو يىلنامىلىرىدە دىڭلىڭ ئاتالمىسى ھۇنلار خاقانلىقىنىڭ يىراق شىمال تەرىپىدىكى جەڭگىۋار بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى (ھاكىمىيەت) سۈپىتىدە ۋاستىلىك يوسۇندا، سىرتقى جەھەتتىنلا قىسمەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە شىمالىي دى (北狄)، جىنلار (真人)، جۇلى (朱离)، دىلى (狄离)، لوپان (林胡)، ئورمان خۇرلىرى (楼烦) قاتارلىق خەنزۇ ئېروگلىفلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى ئېتنىك تۈركۈم ناملىرى تىلغا ئېلىنىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دىڭلىڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خەۋەرلەندۈرۈلمىگەن. بۇ ھالەت يېقىنقى زامان تارىخشۇناسلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى چەكلەپ، دىڭلىڭلارنى پەقەت بايقالنىڭ غەربىدىكى كىچىككىنە بىر قەبىلە دېگەن قاراشقا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئارخېئولوگىيىلىك — ئانتروپولوگىيىلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ خىل قاراشنىڭ تار رامكىسىنى بۇزۇپ ئۆتتى. ھازىرقى كۈندە «دىڭلىڭ» ئىبارىسى كەڭ ئۇقۇمنى — پۈتكۈل سىكىق — ساك ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ شەرقىي گەۋدىسى ئۇقۇمىنى، سارماتىن (سارماجىنلار) ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. بۇ تولىمۇ مۇھىم ئېتنولوگىيە — جۇغراپىيىلىك ئورۇندا ياشىغۇچى خەلق بايقالنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي ساھىللىرىدىن تاكى سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان ئاساسلىق ئاندرونوپ — ئارىيان ئېتنىك قاينار بۇلاقلىرىنىڭ تىپىك نامايەندىلىرى ئىدى. ئۇلار زامان جەھەتتىن تۈرك ۋە ھۇنلاردىن مۇقەددەم بولۇشى بىلەن ماكان جەھەتتىن ھۇنلارنىڭ شىمالىدا، توڭغۇز قەبىلىلىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشايتتى. ئۇلارنىڭمۇ شىمالى ئىنسان كەم ياشايدىغان سوغۇق بەلۋاغ زېمىن بولۇپ، ئىپتىدائىي مۇزلۇق كىشىلىرىنىڭ پائالىيەت مەيدانى ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يىلۈي جۇ ( 耶律铸 ) ئۆزىنىڭ «قوش جىلغىدىكى مەست راھىبنىڭ خاتىرىسى» ( 双溪醉隐集 ) ناملىق نەزمىلەر كىتابىدا دىڭلىڭلار ھەققىدە ئىككى شېئىر يېزىپ، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «دىڭلىڭ» دەپ ئەمەس «دىيەن لىيەن» ( 颠连 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.① بۇ يەنسەي (خىم) بويى ۋە كوپېت تاغلىرىنىڭ بېرىسىدىكى ماۋەرائۇننەھرنىڭ قەدىمدە تۇران، دەپ ئاتالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. روشەنكى، بايقالنىڭ غەربىدىكى ئەنقار دەرياىدىن يەنسەي ۋە ئېرتىش دەريالىرى ئارىسىدىكى زېمىن قەدىمدە «تۇران» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ، 94 - مېرىدىئان، 52 - پاراللېل سىزىقى ئىزىدا بال ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدا، چاكالوۋسكىي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا «تۇران» ناملىق شەھەر مەۋجۇت. بۇ ئەتراپتا ھازىرمۇ «كراسنوتۇرانىسك»، «ئاچىن»، «توگۇچىن»، «تۇرا — خىم»، «تېلى»، «بالاخچىن»، «ئىنسكتىم»، «تۇرگىم» قاتارلىق شەھەرچىلەر بار. يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تارىمنىڭ «تۇران ساي» ( 突伦川 )، تەكلىماكاننىڭ «تۇران قۇم» ( 突伦碛 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى پاكىت.

دىڭلىڭ ئىبارىسى فىڭ جياشياڭ قاتارلىق تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ ئىزاھلانغان.② ئۇلارنىڭ بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدە ياشىغانلىرى «شىمالىي دىڭلىڭ» دەپ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدا يەنى يەتتە سۇ — سىر بويىدا ياشىغانلىرى «غەربىي دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغان. ما چاڭشۇ ئەپەندى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان قەدىمكى غەربىي رۇڭ ( 西戎 ) قەبىلىلىرىنى «غەربىي دەريا

---

① ما چاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار»، 1 - بەت.
② فىڭ جياشياڭ: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئىخچام توپلىمى».



www.uyghurkitap.com

دىڭلىڭلىرى» (河西丁令) دەپ ئاتالغان.[1] ئۇ يەنە «ۋېينامە» (魏略)، «ئۈچ پادىشاھلىق — ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى. غەربىي رۇڭ شەجەرىسى» (三国魏志西戎) قاتارلىق مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۇۋۇي، جۇچۇەن ۋە خۇاڭخېنىڭ غەربىي ئېقىنىدا خانىۋەيران بولغان نەچچە تۈمەن ئۇلۇغ غۇز (ماسساگېت — 大胡)لار ئىچىدە دىڭلىڭلار بولغان، دەيدۇ.[2]

شەرقىي خەن سۇلالىسى، ئۈچ پادىشاھلىق، ئون ئالتە پادىشاھلىق ۋە شىمالىي ۋېي دەۋرلىرىدە ھازىرقى گەنسۇ، سەنشى، خېبەي، خېنەن ئۆلكىلىرىدە بىر تۈركۈم دىڭلىڭلار ياشىغان ۋە زەيۋېي (翟魏) دۆلىتى تەسىس قىلغان. ئۇلار 383 ـ يىلدىن كېيىن كۈرەش قىلىپ، قۇربانلار بېرىپ، 388 ـ يىلى ۋېي تەڭرىخاقان نامىدا يەتتە ئايماقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاكىمىيەت قۇردى. 393 ـ يىلى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى دىڭلىڭلار دىڭجۇ ئايمىقى دىڭلىڭلىرى، يۈيسەن دىڭلىڭلىرى، شاڭداڭ دىڭلىڭلىرى، مىيۈەن دىڭلىڭلىرى دەپ ئاتىلىپ، تەدرىجىي ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتتى.

دىڭلىڭلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدە 乌揭 ۋۇجيە (呼揭 خۇجيە) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تىلغا ئېلىنغان. مەلۇمكى، «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە، ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ئۇيسۇن بىلەن خۇجيەدىن ئىبارەت ئىككى ئەل گۇاجۇنىڭ شىمالىدا ياشايدىغانلىقى، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر ۋاقتىدا ئۇيسۇنلار گۇاجۇدا ياشىغانلىقى، غەربىي دىياردىكى لۇلەن (楼兰 — كرورايىنا، كروران)، خۇجيە ۋە ئۇيسۇنلارنى ھۇنلارنىڭ بېسىۋالغانلىقى، ھۇنلار شىمالدا دىڭلىڭ، ۋۇجيە، جەنكۇن (坚

① ما چاڭشۇ: «شىمالىي دىلارۋە ھۇنلار»، 99 ـ بەت.
② شۇ كىتاب، 204 ـ بەت.

昆)نى بېسىۋالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . ۋۇجيەلەر خۇجيە دەپمۇ يېزىلاتتى . پادىشاھ خەن شۈەندى ۋاقتىدا ھۇنلار ئىچكى ئىختىلاپقا چۆكۈپ قالغاندا ، شىمالدىكى ۋۇجيەلەر «خۇجيە تەڭرىقۇتلۇقى» قۇرغان . بۇ ۋۇجيە — خۇجيە ئىبارىسىنىڭ بىر خەلقنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ . بۇ يەنە تۇرپان دىيارىدىكى خۇجيە قەبىلىلىرىنىڭ دىڭلىڭ جەمەتىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . رۇس ئارخېئولوگى بېرنىشتام توغرا ئېيتقان : تەڭرىتاغلىرى پېرسىيىدىكى بېھىستون ئابىدىسىدە يېزىلغان ساكلارنىڭ بۆشۈكى بولۇپ ، ئۇ شىمالىي ئالتاي دىڭلىڭلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى . ياكسارت ساك ھاكىمىيىتى پارچىلانغاندىن كېيىن بۇ خەلقلەر كانگىيە (قاڭلى) ، توخار ، خۇجيە ، ئۇسۇن ، سوغدى ناملىرىدا ياشىدى . خۇجيەلەر مەيلى گوشى ، قاڭقى ، ۋۇجيە دەپ ئاتالمىسۇن «قوجۇ» ساكلىرى ئىدى . كېيىنچە «گاۋچاڭ» ئىبارىسى ئۇنىڭ شەھەر قەلئە شەكلىدە خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولدى . ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە تۇرپاننى «خوجى» ، «قاراخوجى» دەپ ئىستېمال قىلىدۇ . جۇڭگو مەنبەلىرىدە شىمالىي جەنۇبىي سۇلالىلەر زامانىسىدىكى ئوخۇ (乌护)لارنى ئۇيغۇر ـ ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى دېگەن قاراش ساقلانغان . ئوخۇلار تېلى — تۈركىي تۈركۈمىنىڭ تۇرپاننىڭ شىمالىي قىسمىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىسمى ئىدى . مۇشۇ دەۋردە تورا — سېلېنگا دەريالىرى بويىدا ياشايدىغان يۈەنخې قەبىلىلىرى سۈي زامانىدا ۋېيخې دەپ تەلەپپۇز قىلىندى . ئۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخې ، كېيىنچە خۇيخۇ دەپ يېزىلىدىغان بولدى . ئوخۇ (乌护) ، يۈەنخې (袁纥) ، ۋېيخې (韦纥) ، خۇيخې (回纥) ، خۇيخۇ (回鹘) ئېرۋىگلىفلىرى دىڭلىڭ ئەۋلادى ، ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىدى . ئېگىز قاڭقىلار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) — تېلى دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ ، ئاساسلىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى تۇرانىيلار — دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرى

ئىدى. شىمالىي جەنۇبىي سۇلالىلەر زامانىدا ئۇلارغا پادىشاھلىق قىلغان تۆرە شۇجيە ( 树者 ) يۈەنخې ئۇيغۇرى ئىدى.

جۇڭگو يىلنامىلىرىدىكى ئىرۇگلىغلىق يېزىقلارنىڭ ھەر خىل يېزىلىشىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ھەر خىل ئىسىم قوللانغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ خەنزۇ يېزىقى ۋە خەنزۇ تەلەپپۇزىدىكى شۇنىڭدەك خەنزۇلارنىڭ قىسقارتىپ ياكى ئۆزگەرتىپ ئىسىم يېزىش ئالاھىدىلىكىدىكى ئادەت بولۇپ، بۇ ئىرۇگلىغلارنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋالماسلىق لازىم.

ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى نەسىل-نەسەب سۈپەت مۇقىملىقىنى بۇ خەلقلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى نام-ئاتالغۇلىرى بويىچە بەلگىلەشتەك بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەينى زاماندا قەبىلە ئىسمى ئۇيغۇر دەپ ئاتالمىغان، ئەمما ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تىپىغا تەۋە بولغان قەبىلىلەر، خەلقلەرنى ئۇيغۇرلاردىن چەتكە قاقماسلىق لازىم. ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا دەسلەپ توققۇز ئوغۇز ياكى ئون ئۇيغۇرلار تەركىبىدە بولماي، كېيىن بۇ ئىتتىپاققا قوشۇلغان، ھەم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يېتەكچى قەبىلە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، ئىدىقۇت، كۇسەن، قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا ئۇل قويغان ئازىزلار بولسا كېيىنچە ئۇيغۇرلارغا، ئورخۇن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە خان قەبىلىسى بولغان ياغلىقارلاردىن كۆپرەك ۋەكىللىك قىلدى. ۋەھالەنكى، ياغلىقارلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، سېرىق ئۇيغۇرلارغا ئايلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېتنىك قاتلىمىغا كىرگەن پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا ساك — تۇران قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ توخار، سوغدى، ھۇن قاتارلىق ئەۋلادلىرى شەرتسىز ھالدا ئۇيغۇر

ئېتنىڭ تۈركۈمى بويىچە مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولۇشقا قارىماي خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بايقالدىن سىر دەريانىڭ شىمالى ۋە باش ئېقىنىدا، لوپنۇر - تۇرپان دىيارىدا ياشىغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەس. دىڭلىڭلار ۋە دىڭلىڭ ساك — تۇرانىيلىكلەر خەن سۇلالىسىدىن مۇقەددەم غەربىي گەنسۇ رايونىدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرىدا كۆيفاڭ، تۇفاڭ، دى — زەي، چۆەنرۇڭ قاتارلىق ناملاردا ياشىغان. بۇ ناملار بىزگە مەلۇم بولغان يېگانە خەنزۇ ئىرۇگلىقىدىن ئىبارەت. دىڭلىڭلارنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالغان بۇ قەبىلىلەر ئۈچ پادىشاھلىق زامانىدىن شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر زامانلىرىغىچە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا تارىخىي چۆكمىلەر تاشلىغان. ئېيتىش كېرەككى، ھازىرقى زامان تارىخچىلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چىلىيەنشەن ئېتەكلىرىدە ياشىغان توخارلارنى كۆيفاڭ ۋە چۆەنرۇڭلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئەجدادلىرى دەپ قارىماقتا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (خەنزۇچە نۇسخا، 1 - توم، 626 - بەت)دا: «ئاندرونوپ ۋە سارماتىنلار جەسەت سۆڭەكلىرى ئۈستىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات ئۇلارنىڭ بىر مەنبەدىنلىكىنى ئىسپاتلىدى» دەپ يېزىلغان. ھازىر كۆپچىلىك تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنى تۈركلەشكەن ئاندرونوپ — سارماتىن تىپىدىكى خەلق دەپ قارىماقتا. «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (خەنزۇچە نۇسخا، 3 - توم، 1013 - بەت)دا؛ ئالتاي نويان ئۇلاردىكى شىبىي، كاتاندادىكى قەدىمكى تۈچ دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىگە ئائىت قەبرە يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ: «ئالتايدىن يەنسەيگىچە بولغان دىڭلىڭلار سىبىرىيىدىكى ياۋروپا تىپلىق خەلق ئىدى، ئۇلار مىلادىيىنىڭ

ئالدى ـ كەينىدە موڭغۇلوئىدلار بىلەن ئارىلاشقان» دەپ يازغان. تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قۇۋۋەتلىدى. بېرنىشتام، بارتولد، H. خىوۋواد، j. كلاپلود، ماچاڭشىۇ، مىگىۋېرىن، ل. پوتاپوف، تىڭ تيەن خۇڭبا قاتارلىق ئالىملار بۇ جەھەتتە قىممەتلىك نەتىجىلەر چىقاردى.

بېرنىشتام «شىمالىي ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ماقالىسىدە ئېرىتىش — ئوب ۋادىسىدا قەدىمكى ئىگۇرلار ياشىغان جايلارنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىلىرىنى تەكىتلىدى. H. خوۋورد «هۇنلار ھەققىدە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدە: هۇن تىلىغا ئېگور تىلى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، دەپ يازدى. ب. بارتولد: «تۈركمەن مىللىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە جۈملىدىن «تۈركمەن مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بەزى ماتېرىياللار» دېگەن ماقالىسىدە سىر دەريا ئوغۇزلىرى بىلەن ئورخۇن ۋادىسىدىكى خەلقنىڭ مىللىي مەنبەلىرىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىزدىدى ۋە «ئۇيغۇر (orur) لار ئوغۇز (oguz) لاردۇر» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. بارتولد مۇھاكىمىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ «توخرىلار ئۇيغۇر — ئوغۇزلار بىلەن بىر گەۋدە» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇيغۇر — ئوغۇزلار كېيىنچە تۈركلەشكەن ۋە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس موڭغۇلوئىد ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈۋالغان. بارتولد ۋە تېڭتيەن فېڭبا (藤田丰八) خوجيە — ۋۇجيەلەر شۈبھىسىز ئۇيغۇرلاردۇر، دەپ كۆرسەتتىشكەن①. روشەنكى، دىڭلىڭ ۋە توخار (توخرى)لار بىلەن خوجيە — ۋۇجيەلەر هۇن تەڭرىقۇتلىقىغا بىر دەك

① تېڭتيەن فېڭبا «شەرق ـ غەرب ئالاقىلىرى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات. غەربىي يۇرت قىسمى» 1943 ـ يىل، 61 ـ، 64 ـ بەت.

مۇناسىۋەتتە بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئوقياچى خەلقلەر ئىدى. «ۋېينامە»، «تاڭنامە»لەردە سىر دەريا ئوغۇزلىرى ـ تاشكەنت شاش (چەش)لىرىنى «羯室»، «赤时» دېگەن خەنزۇ ئىرۇگلىقى بىلەن ئىپادە قىلسا، تاڭ دەۋرىدە يەنە ئۇلار توخارلارنىڭ چىلىيەنشەن ئېتىكىدىكى چاۋۇپ (جاۋئۇ)دىن كۆچكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ «چاۋۇپلۇق توققۇز قوۋم»، «چاۋۇپلۇق توققۇز ئۇيغۇرلار» (昭武九姓回鹘) دەپ ئاتىغان. مەلۇمكى ئۇيغۇرلار «توققۇز قوۋم» دەپمۇ ئاتىلاتتى. دەرۋەقە، كېيىنكى تارىخىي جەرياندا تارىم بويىدا قالغان ياكى كۇشان ۋە سوغدى زېمىنى (سوغدىئانا)دىن قايتىپ كەلگەن توخارلار يەنە ئۇيغۇرلىشىپ كەتتى.

تىل جەھەتتىن دىڭلىك — خوجيە ئۇيغۇرلىرى تەتقىقاتىغا ل. پوتاپوف مۇھىم ھەسسە قوشتى. ئۇ «ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئومۇمىي بايان» ناملىق ماقالىسىدە: مىنۇسىنسك ئويمانلىقىدىكى تۈركى تىل، تۈركى تىلىنىڭ قىپچاق تىل تارمىقىغا تەۋە بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلى تارمىقىغا تەۋە، تۈركلەر تەدرىجىي بۇ يەردىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن، دەپ يازدى. تارىخىي پاكىتلار موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان قوشنا قەبىلىلەر، ھەممىدىن ئىلگىرى خاكاس قىرغىزلىرى ۋە ئاندرونوپ ئەۋلادى بولغان دىڭلىڭلارنىڭ تۈركلىشىشى، تۈركىي تىلنى ئۆزلەشتۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.① تۈركىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر (ئوغۇز) ۋە قىپچاق تىل گۇرۇپپىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تارماقا بۆلۈنۈشى بىلەن موڭغۇلوئىد تەسىرى دەرىجىسىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك پەرق مۇشۇنداق تارىخىي قاتلام بىلەن روياپقا چىققان.

---

① «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە نۇسخىسى، 2 ـ توم، 1014 ـ بەتكە قاراڭ.

ۋىزانتىيە تارىخچىسى نىكىتا (Nikita) ، گراماتىخ ، گېئورگى قاتارلىقلار رىم ئىمپېرىيىسىگە بېسىپ كىرگەن چەۋەنداز خەلقلەر ئىچىدە «oungri» ، «uighur» ، «ogor» ، «ounigour» ، «koutigur» ، «sarogour» قاتارلىق نامىلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن .

دېمەك ، ئۇيغۇر قەبىلە نامىنى تىلغا ئالغان «ئوغۇزنامە»دىن ئىبارەت بۇ ئېپوس بىزگە مەلۇم نۇسخىسى يېزىققا ئېلىنغان زامانلاردىن تولىمۇ مۇقەددەم ، ئۇيغۇر — ئوغۇزلار قاڭقا (هارۋا) يارىتقان زامانلارنىڭ تارىخىي يالدامىلىرىدىن بىرى . خەنزۇ يىلنامىلىرىدە ئۇيغۇر ئىبارىسى «خۇيخې» ( 回纥 ) ، خۇيخۇ ( 回鹘 ) شەكلىدە پەقەت ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا خاتىرىگە ئېلىنغان . ئۇيغۇر ئېتنىك گەۋدىسى ھەر خىل قەبىلە ، ھاكىمىيەت نامىلىرى بىلەن ھەر خىل ئاتالغان ياكى يەنە باشقىمۇ نامى بولغان نەسلداش ئارىيان (كېيىنچە تۈركى) — تۇران ئاندرونوپلىرىنىڭ ئورتاق مىللىي گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇلار تۇرلۇك تارىخىي ، جۇغراپىيىلىك ۋە ھۆكۈمرانلىق سەۋەبلىرى بىلەن چېچىلىپ ، قوشۇلۇپ تۇرغاندىمۇ يەنىلا مىللىيەتلىك — ئانتروپولوگىيىلىك ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىق چەمبىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان . ئۇلار مۇشۇ جانلىق — ھاياتىي گەۋدىدىن بىر قىسىم قەبىلىلەر ، گۇرۇھلارنى چىقىرىپ قويغان ۋە بىر قىسىم قەبىلىلەر ، گۇرۇھلارنى ئۆزلەشتۇرۇپ ، ئۆز مىللىتى تارىخىنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك قاتلام ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۇرگەن . ئۇلارنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئىزلىرى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاساسىي زۇنلىرىدا ، قىسمەن مەركىزىي ئاسىيانىڭ تاشقى چەمبىرىدىكى زېمىنلار ۋە خەلقلەر ، مەدەنىيەتلەر ئىچىدە قالغان . ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋە سىر دەريا ۋادىسىغا بولغان ئالاقىسىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ زېمىنگە كۆپلەپ سۇرۇلۇشى بىلەنلا ئىزاھلاشقا

تۇتۇنۇش بىلەن مەركىزىي ئاسىيادىكى هازىرقى مىللىي جۇغراپىيىلىك ۋە سىياسىي جۇغراپىيىلىك هالەتنى مۇتلەقلەشتۇرۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ زېمىنلاردىكى تارىخىي ئىز ۋە تەسىرىنى چەتكە قېقىش غەيرى تارىخىي خاھىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس .

دىڭلىڭلارنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە ئۇلارغا ئائىت قەدىمكى قەبرىگاھلىق قېزىلمىلىرى بىۋاستە ئەھمىيەتكە ئىگە .

بىز دىڭلىڭلارنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇلار ياشىغان كەڭ زېمىندىكى قىيا رەسىملىرى ، قەبرە قېزىلمىلىرىدىن بىلىمىز . قاراسۇق دەريا نامى بىلەن ئاتالغان «قاراسۇق مەدەنىيىتى» دىڭلىڭلارنىڭ برونزا قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ئىدى . قاراسۇق قەبرىلىرىدىن كۆپلەپ كالا ، قوي ئۇستىخانلىرى بىلەن ئاز مىقداردا ئات سۆڭەكلىرى چىققانلىقى ، بۇ ئەتراپتىكى قىيا تاشلارغا توپ ـ توپ كالا ، قوي ۋە تاغ تېكىلىرى ئوبرازى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئات ئوبرازى سىزىلغانلىقى دىڭلىڭ ئاندرونوپلىرىنىڭ مىلادىيەدىن بىر مىڭ يىللار ئىلگىرى تېخى بىۋاستە ئات مىنىشكە ئۆتمىگەن باسقۇچىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ . بىز بايقالنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئەنقار دەرياسى باشلىنىش ئېغىزىغا سىزىلغان سۇدا كېمە هەيدەپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئوبرازىنى — ئۇلار باشلىرىغا مۈڭگۈز قادىۋالغان — شۇنىڭدەك بايقال — تاغلىق ئالتاي رايونىدىكى قەدىمكى قىيا رەسىملىرىنى دىڭلىڭلارنىڭ تارىخىي ئىزى دەپ قارايمىز .

مىنۇسىنىسك رايونىدىكى يەنسەي دەريا ئېقىنىنىڭ ئارال تۆپرىقى بىلەن تاكار كۆلى بويىدىكى «تاكار مەدەنىيىتى»[①] مىلادىيەدىن سەككىز ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تاكى

---

① «تاكار مەدەنىيىتى» جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مىنۇسىنىسك رايونىغا يېقىن تاكار (Tagar 塔加尔) كۆلىدىكى تاكار ئارىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت ئىزى .
— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

هۇنلار بۇ رايوننى ئىشغال قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى دىڭلىڭلار ھاياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە . «تاكار مەدەنىيىتى» ھازىرقى مىنۇسىنىسك ، ئاباغان ئەتراپىدا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تۇرمۇش مەنبەسى قىلغان مەدەنىيەتنىڭ چۆكمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . بۇ چاغدا يەنىمۇ ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىغا كۆپلىگەن ئۆستەڭلەر چېپىلغان ، بىرونزا قوراللار دېھقانچىلىق ئېھتىياجىغا لايىقلاپ ياسالغان ، ئۇن تارتىدىغان قول يارغۇنچىقى بىلەن ئورما ـ يىغىم قوراللىرى مەيدانغا كەلگەن . بۇ مەركىزىي ئاسىيادا ساكلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان دەۋر بولۇپ ، سىتەيىن بۇ خىل مەدەنىيەت تىپىنى «سىبىرىيە ساك مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىغان . تاكار مەدەنىيەت تۇركۇمىدىن ئات ۋە ئات جابدۇقلىرى كۆپلەپ تېپىلغانلىقى ، بۇ دەۋردىكى قىيا رەسىملىرىدە ئاتلىق مال باققۇچىلار ، چانا ۋە قاڭقىغا قوشۇلغان ئاتقا يەنە ئادەم مىنىۋالغانلىقى ، ئاتلار غانجۇغا ۋە يۈگەنسىز بولۇپ ، ئۈستىگە ئېگەر سېلىنغانلىقى گەۋدىلەنگەن . بۇنىڭدىن باشقا ھارۋىغا كالا ، تۆگە قوشۇپ ، تۆگىگە مىنىۋېلىپ ئۇنى باشقۇرغانلىق تەسۋىرلەنگەن . ئۈستىگە ئادەم مىنىۋالغان مىس ھەيكەل تېپىلغان . قىيا رەسىملىرىگە كېسەك ئۆي بىلەن ياغاچ ئۆي رەسىمى سىزىلغان ، ئۆيدە ئوچاق بولغان . يەنە بىر قىيا تاشقا بىر كېسەك ئۆي ، ئۈچ ياغاچ ئۆي ، بىر بوز ئۆي سىزىلغان . قەبرىلەردىن قوي يۇڭى توقۇلمىلىرى ، تۇچ چوقۇغۇچ (جوتۇ) ، كەتمەنسىمان بەلچە ، ئوت ئورىدىغان چاپقۇ ، خەنجەر ـ پىچاقلار چىققان .

بىز ئالتاي ۋە ئۈرۈمچى يېنىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدىن (جۇملىدىن كۆجاي جىلغىسىدىن) تېپىلغان قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرىنىڭ «تاكار مەدەنىيىتى» گە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن كۆپ

تومۇلۇق «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»دا : «جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە ، ئىلى - ئېرتىش ۋادىلىرى ئارىسىدىكى يايلاقلاردا ياشىغان قەبىلىلەر شىمالىي قاڭقىل (شىمالىي جۇيىشى ، شىمالىي گۇشى )لار بولۇپ ، ئالتايدىن يەنىسەيگىچە بولغان يايلاقلاردا ياشىغان دىڭلىڭلار — قەدىمكى ياۋروپا تىپىدىكى خەلقلەر ئىدى . ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە شەرقتىن كەلگەن موڭغۇلوئىدلار بىلەن ئارىلاشقان»[①]
دەپ يازغانلىقىنى كۆرىمىز . «شىمالىي قاڭقى» قەبىلىلىرى تەڭرىتاغ خۇجىيە ، گۇشى ( 姑师 ) قەبىلىلىرى بولۇپ ، تەڭرىتاغ دىڭلىڭلىرى ئىدى .

«تاكار مەدەنىيىتى» بولسا «قاراسۇق مەدەنىيىتى»نىڭ داۋامى ئىدى .

تەڭرىتاغلىرى بويىدىكى ئاندرونوپ تىپىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت «مىنۇسىنسك مەدەنىيىتى» بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىدى . خۋاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىدىن كۆچۈپ كەلگەن ياۋچىلار بىلەن ئۇسۇنلار ئىلگىرىكى دىڭلىڭ — خۇجىيە — گۇشى قەبىلىلىرى بىلەن بىر ئىرقتىكى قەبىلىلەر ئىدى . «ئۇسۇنلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ تىلى بىر ئىدى . . . جۇڭغارىيىدىكى . . دىڭلىڭ ، خۇجىيەلەر كېيىنكى خۇيخې (ئۇيغۇر )لارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئىدى . . . »[②]

تاكار مەدەنىيىتى قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى بولۇپ ، ئۇ دىڭلىڭلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئىككى مۇھىم ھادىسىنى — ئېتنىك ئۆزگىرىش ۋە سىنىپىي پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسەتتى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرلەردە ئالتاي — مىنۇسىنسك رايونىدا تۆمۈردىن پايدىلىنىش كەڭ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى . قەبرىلەرنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدىن

① «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» ، خەنزۇچە نۇسخا ، 2 - توم ، 1013 - بەت .
② مىككوۋېرن : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەملىكەتلەر» ، 114 - ، 115 - بەتلەر .

كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىشى، ھەشەمەتلىك قەبرىلەرگە ئوندىن ئارتۇق ئات ۋە پۇتلاپ ئالتۇننىڭ بىللە كۆمۈلگەنلىكى، قەبرىلەردىن قاما كىيىم ـ كېچەك، ياپىلاق ئالتۇن بېكىتىلگەن زىبۇزىننەتلەر بىلەن بىللە مومىيا قىلىنغانلىقىنى، بولۇپمۇ مايئەمىردە ئېچىلغان 25 مېتىر كەڭلىك، ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى باي قەبرە يادىكارلىقلىرى سىنىپىي پەرقلەرنىڭ رەسمىيلەشكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تاكار مەدەنىيىتى ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان — تۈركلىشىش جەريانىغا كىرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئانتروپولوگىيىلىك ھادىسە ئىدى.

تۆمۈردىن كەڭ پايدىلىنىش، ئاتنى ئۇرۇشقا ئىشلىتىش، جەسەتلەرنىڭ ئەر ـ ئايال بولۇشىغا قارىماي قورالى بىلەن دەپنە قىلىنىشى، قىيا رەسىملىرىگە قوراللىق يۈرۈش تەسۋىرىنىڭ چېكىلىشى، ھەربىي قوراللارغا قۇتلۇق قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، دەپ ھايۋان ئوبرازلىرىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى، شىر، يولۋاس ۋە قارچۇغا باش شىر بەدەن ئويمىلار، بۇ زاماندا ئۇلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتقا ئايلانغان قەبىلە تۇرمۇشىنى ئىپادىلىدى. تاغلىق ئالتايدىكى نارۇم ئېقىنىنىڭ باشلىنىش جايى — مايئەمىر بىلەن ئورسۇر ئېقىنىنىڭ يېنىدىكى تۈياختىدىن تېپىلغان قەبرىلەر ئاساسىدىكى «مايئەمىر مەدەنىيىتى» تاكار مەدەنىيىتى بىلەن تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈردى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV — V ئەسىرگە ئائىت بۇ مەدەنىيەت ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق، كاشچىلىق، مېتال ھۈنەرسازلىقى، خەلقلەر قاتنىشى ئۇتۇقلىرىغا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن بىزنى تەمىنلىدى. تاغلىق ئالتاي رايونىدىكى كاتۇن ۋە بىيە دەريالىرى باش ئېقىنىدىكى بازىرىق قەدىمكى قەبرىگاھلىقى 1929 ـ يىلى قېزىلدى. بولۇپمۇ بازىرىق 1 ـ

قەبرىسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ — Ⅱ ئەسىرگە ئائىت قىممەتلىك يادىكارلىقلار چىقتى . بۇ قەبرىنىڭ سىرتى تاش قەبرە بولۇپ ، ئاستى مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز تاختىلار بىلەن تۇجۇپىلەپ ياسالغان . ئۇنى ئېچىشتا مۇزى قاينىتىلغان سۇ ئارقىلىق ئېرىتىلىپ ، ئاندىن ئېچىدىكى ياغاچ لەھەتگاھ ئېچىلغان ، ھەممە نەرسە رەڭدار پۇتۇن ۋە تونۇگۇنكىدەك چىققان . بازىرىق بىرىنچى ۋە بەشىنچى قەبرىلىرىدىن تۆت چاقلىق هارۋا چىققان . بۇ شادىلىق هارۋىدا ئورۇندۇق بولۇپ ، شادىلارنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا كىگىزدىن ياسالغان تۆت ئاققۇ (بايقۇش ) ئورنىتىلغان . بىر رەڭدار چايشاپ (زىلچە )گە ھايات دەرىخى تۇتقان تەڭرى (شامان ؟ ) بىر بۇرۇتلۇق چەۋەندازنى قوبۇل قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش توقۇلغان . يەنە بىر قىزىل رەڭدار گىلەمگە ئوتلاۋاتقان بۇغىلار ، قۇيرۇقى تۈگۈلگەن ئاتلارغا مىنگەن كىشىلەر تەسۋىرى گېئومېتىرىك نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەن . بۇنداق قۇيرۇقى تۈگۈلگەن ئات رەسىملىرىنى گابائىن خانىم يازغان «قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىدە مەدەنىي ھايات» ناملىق كىتابتىن ئۇچرىتىش مۇمكىن . بازىرىق قەبرىلىرىدىن سۇمۇرغ نەقىشلىق يىپەك ئات ياپقۇسى ، ئاق مېتال كۆزگۈ (ئەينەك ) ، ئالتۇن ياپراقلار تىزىلغان ئات تاسمىسى ، ئاتنىڭ يۈزلىكى ، جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن كۆلرەڭ ، كۈمۈشرەڭ قۇندۇز جۇۋا ، ئېسىل تاش مونچاقلار ، مىخلىغان ئالتۇن قاداقلار ، ئالتۇن بويۇملار ، قاش قاچىلار ، جەڭچى دۇبۇلغىسى ، سەرخىل قىممەتلىك سۆڭەك بويۇملار تېپىلغان . جەسەتلەر ئىپارلانغان ، يامان جىنلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ياغاچ جەسەت ساندۇقى سىرتىغا يولۋاسنىڭ باشقا بىر ھايۋاننى چىشلىگەن رەسىمى ئويۇلغان ، جەسەتكە مۈشۈك بېشى بولغان قاناتلىق ھايۋان ياكى قۇش تۇمشۇق ، بۇغا تەن ، مۈشۈك قۇيرۇق ھايۋان ئوبرازىدىكى قارانچۇق چېكىلگەن .

مىنۇسىنسك رايونى ئاباكان تاغلىرىدىن چىقىدىغان تاشتىپ

دەرياسى بويىدىن تېپىلغان تاشتىپ مەدەنىيىتى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ — Ⅱ ئەسىرلەردىكى دىڭلىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر يالدامىسى ئىدى. بۇ قەبرىلەر تۆمۈر قوراللارنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى، ئېكىنچىلىكنىڭ ئاساسىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، خەلقنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنى، كوللېكتىپ شام گۆرلەرنىڭمۇ بولغانلىقىنى، جەسەتلەر بىلەن قونچاقلار يېپەك رەخت كىيىندۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتتى.

## 4. مەركىزىي ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشى

مەركىزىي ئاسىيادا ھازىرقى كۈندە بۇ زېمىننىڭ ئەتراپىدىكى تېررىتورىيىلەردىن يۆتكىلىپ كەلگەن قوراللىق كىشىلەر، ھەر خىل كەسىپىي خادىملار بىلەن ئاققۇن ئاھالە مەلۇم سالماقتا ياشاپ تۇرۇۋاتقان، يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئاسىيا يەنىلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانا ماكانىدىن ئىبارەت.

مەركىزىي ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەر تەخمىنەن تۆمۈر قوراللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان دەۋرنىڭ باشلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەريان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاندرونوپ (ئارىلار) — ساكلار ئاساسىدا بىخ سۈرۈشى، تۈركىي خەلقلەر ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا تېخىمۇ زىچ بىر مىللىي گەۋدىگە يۈزلىنىشىنىڭ بىر ئۈزۈلۈپ، بىر داۋام قىلىپ بېرىشىدىن ئىبارەت بىر قانچە قاتلام بويىچە ئىزچىللاشتى.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشى دېگەندە بىز مەركىزىي ئاسىيادا بىرلەمچى ئېتنىك ئالامەتلىرى مۇئەييەنلەشكەن ئىنسان تۈركۈمى — ئاندرونوپ — ئارىلار (ئارىيانلار)دىن كېيىنكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىككىلەمچى ئىنسان تۈركۈمى بولغان خەلق — تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشىنى نەزەردە تۇتىمىز.

ئېيتىش كېرەككى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىرىنچىدىن، ئارىيانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، شەرق، غەرب، جەنۇبقا بىر تۈركۈم ئارىلارنىڭ يۆتكىلىشى، تەدرىجىي يەرلىك ئالامەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىشى — ئىرانى، ھىندى ئامىللىرىنى، جۈملىدىن سېرىق جىنسلىق موڭغۇلوئىد ئامىللىرىنى ئۆزلەشتۇرۇشى، ئىلگىرىكى ئاندرونوپ — ئارىلاردىكى تارىخىي خاراكتېرلىك پارچىلىنىش ئاساسىدا يۈز بەرگەن. روشەنكى، ئىنسان تۈركۈملىرى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىللەن ھەر قەدەمدە نوپۇس ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇنداق نوپۇس ماددىي تۇرمۇش چەمبىرى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرى ئىچىدە كۆپەيگەچكە، ھەم مىللىيەتلىكنى بەرپا قىلىش، كۈچەيتىش، ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىش، پارچىلاشقا ئېلىپ كېلىدۇ. ياراتقۇچى بىلەن يوقاتقۇچى بىر جەرياندىكى بىر نەرسە. بۇ يەردە كۆچۈش، باشقا چەمبەر ۋە خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇلارغا ئۆزلىشىش ياكى ئۇلارنى ئۆزلەشتۇرۇش ئاساسىي كاتالىزاتورلۇق رول ئوينايدۇ. مەركىزىي ئاسىيادىكى سۈمېر — ئارىيان — ساك تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە ئېلىپ بارغان يۆتكىلىشلىرى يالغۇز مەركىزىي ئاسىيانىڭلا ئەمەس، يەنە ھىندىستان، ئوتتۇرا - يېقىن شەرق، كىچىك ئاسىيا، غەربىي جەنۇبىي روسىيە، كاۋكاز، شەرقىي ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلۈشىگە سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تەسىر كۆچۈش قاتلاملىرى ئاساسىدا بىر قانچە قېتىم، ھەر خىل دەرىجىدە يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ بىر قەدەر تىنچ سادىر بولغانلىرىمۇ، جەڭ - جېدەللەر بىلەن يۈز بەرگەنلىرىمۇ، يەرلىك خەلقلەرنى كۆچۈرۈۋېتىپ ماكانلاشقان شەكىللىرىمۇ بولغان. ئاندرونوپ — ئارىلارنىڭ قالغان قىسمى — ئېنىقراقى

ساك تۈركۈمى شەرقىي ئاسىياغا سۈرۈلۈپ، بۇ يەردىكى ئاسىيا سېرىق جىنسى (پەن تىلىدا ئېيتىلغان موڭغۇلوئىدلار) بىلەن قىسمەن ئۇچرىشىپ، تەدرىجىي تۈركىي خەلقلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىككىنچىدىن، ئاندرونوپ — ئارىلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە مەركىزىي ئورنى ھازىرقى ئەنقار دەرياسى (بايقالنىڭ غەربى — يەنسەي - ئېرتىش ۋادىلىرى بولۇپ، بۇ ھازىرقى تاغلىق ئالتاي، شەرقىي شىمالى قازاقىستاندىكى قەدىمكى شىمالىي تۇران رايونىنى كۆرسىتىدۇ) خۇددى ھازىرمۇ تۇران قاتارلىق يەر نامىلىرى بولغاندەك (بۇ جاي جۇڭگو يىلنامىلىرىدىكى شىمالىي دىڭلىڭ ئىبارىسىگە توغرا كېلىدۇ)، يەتتە سۇدىن كوپېت تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىق قەدىمكى مەنبەلەر بىلەن ھازىرقى جۇغراپىيىلىك نام جەھەتتىمۇ «تۇران تۈزلەڭلىكى»، تۇران دېيىلىدۇ. ئاندرونوپ — ئارى — ساكلارنىڭ بۇ ماكانلىرىنىڭ نامى خەنزۇ يىلنامىلىرىدىكى غەربىي دىڭلىڭلارغا توغرا كېلىدۇ. ئالتاينىڭ جەنۇبى، تەڭرىتاغ، تارىم — تەكلىماكاندا ۋۇجيە (خۇجيە، گۇشى) نامىدىكى غۇز — قاڭقىل — قوچۇ (قوجۇ) ساكلىرى ياشايتتى، ئۇلار خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى تۇلۇن ساي (突伦川) تارىم ۋە تۇلۇن قۇملۇقى ئاھالىلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ تۇرانلار ئىدى. بۇ خەلقلەر چىلىيەنشەن — نەنسەن توخار — ساكلىرىنى ۋە خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى كۇيفاڭ، تۇفاڭ تۇرانلىرىنى ئۆز چەمبىرىگە ئالغانىدى. كەڭ تېررىتورىيە ۋە مۇناسىۋەت تەسىرىدىن بۇ ئۈچ تۈركۈم تۇران ساكلىرى مەلۇم پەرقلەرگە، ھەتتا شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىگە، ھاكىم - ئاتامانلارغا ئىگە (قەبىلە ئاتىسى) بولسىمۇ، بىر خىلدىكى ئانتروپولوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈملىرى ئىدى. موڭغۇلوئىدلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدە، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ھىنگان تاغلىرىدا ياشايتتى. ھەر خىل

www.uyghurkitap.com

توڭغۇز (ئۇنى خەن مەنبەلىرى شەرقىي خۇلار دەپ ئاتىغان) قەبىلىلىرى بىلەن يىن (شاڭ)، خۋا ـ شىيالىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىنسان تۈركۇمى ئىدى. پائالىيەتچان ئاندرونوپ — تۇرانىيلارنىڭ شەرققە، شەرقىي جەنۇبقا سۇرۇلۇشى، بىر قىسىم توڭغۇز قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىشى بىلەن ئارىلاردا تەدرىجىي موڭغۇلوئىد تەسىرى كېلىپ چىقتى. ئەلۋەتتە، بۇ دەسلەپكى قاتلامدا پەقەت بىر قىسىم ئالتاي ـ تەڭرىتاغ ئارىسىدىكى تۇران ساكلىرى ۋۇجۇدىدا كۆرۈلدى. نەتىجىدە موڭغۇلوئىد تەسىرى ئۇلار ئارقىلىق، بەزىدە بىۋاسىتە شىمالىي ۋە غەربىي تۇرانلارغا ئۆتتى. ئانتروپولوگىيىلىك مەلۇمات بويىچە شەرقىي تۇرانىيلارغا كۆپرەك، غەربىي تۇرانىيلارغا ئازراق، شىمالىي تۇرانىيلارغا تېخىمۇ ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك ئۆتكەن بۇ تەسىر، بىر قانچە تارىخىي قاتلام بىلەن كۈچىيىپ بارغان.

ئۈچىنچىدىن، موڭغۇلوئىد تەسىرى تاكى چىڭگىزخان ۋە جۇڭغارلارنىڭ قوراللىق كەڭ كۆلەملىك يۆتكىلىشىگىچە، ئاساسلىقى ساك — تۇرانىيلارنىڭ جەنۇبىي بايقالدىن خۋاڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا قاراپ ئىچكىرىلەپ كىرىشى بىلەن يۈز بەردى. شۇ چاغدا ساك — تۇرانىيلار ئىرقى (ئېتنىك) ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. بۇنى قەدىمدىن تاكى چىڭگىزخان دەۋرىگىچە ساك — تۈركىي خەلقلەرنىڭ موڭغۇل دالاسى بىلەن خۋاڭخېنىڭ باش ئېقىنىدىكى ھاكىمىيەت تارىخى بىلەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىزىق دائىرىسى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخان ۋە جۇڭغارلارنىڭ بىر قىسمى — چاغاتايخان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇلۇسىنىڭ تۈركلىشىپ كېتىشىمۇ، يىراق ئۆتمۈشنى بىلىشتە مۇھىم ھادىسىدۇر. شۇنداق بىر قانچە قېتىم تەكرار تەسىر ئارقىلىق ساك — تۇران ئارىيانلىرىدا ئىككى ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى. بىرىنچى، موڭغۇلوئىد تەسىرى ئەزەلدىن

قىسمەنلىكتىن هالقىمىدى . ساك — ئارىلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرى يەنىلا ئاق جىنس ئۇستۇنلۇكىنى ، سېرىق جىنستىن پەرقىنى ئىنچىل تاكى هازىرغىچە ساقلاپ كەلدى . ئىككىنچىدىن ، بۇ تەسىر ناتەكشى بولدى . بۇ تەسىرگە هەممىدىن كۆپرەك چىڭگىزخان ۋە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ جەنۇبىي ئالتاي — قازاقىستاندىكى يۇرۇشلىرىنىڭ چۆكمىسىگە ئۇچرىغان تۇركىي خەلقلەر ئۇچرىغانلىقى روشەن . ئۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇل شايبانىخان تەسىرى ماۋەرائۇننەهردە بۇ تەسىرنى سۇسراق بولىسمۇ كۇچەيتتى . تارىم — پامىر ئەتراپىدا بۇ تەسىر كىدانلار (قىدانلار ) ۋە فەرغانە چاغاتايخان ئۇلۇسلىرى تەسىرى ئارقىلىق يۇز بەرگەن .

تۆتىنچىدىن ، «تۇرك» ئىبارىسى بىر قاتلاملىق تارىخىي ئىبارە دەپ قارالماسلىقى كېرەك .

بېرىنشتام «قىرغىز مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدە : «ئاسسىمىلياتسىيە نەتىجىسىدە بىر قىسىم ساكلار تۇرك تىل گۇرۇپپىسىدىكى قەبىلىلەرگە ئايلانغان» دېسە ، بارتولد : «تۇرك» دېگەن نام بىرلىككە كەلگەن مىللەت نامى بولماستىن ، سىياسىي نام — قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە دۆلەتنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ «كۆكتۇرك خانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىسمى ئوغۇز بولۇشى مۇمكىن . تاردۇش بىلەن تۆلەسلەرمۇ ئوغۇزلارنىڭ تارمىقى ئىدى» دەپ يازىدۇ .

مېنىڭچە ، ئۈچ قاتلام — ئۈچ كاتېگورىيە بويىچە بۇ نامنى پەرقلەندۇرۇش كېرەك . بىرىنچى ، «تۇرك» ئىبارىسىنى هازىرقى زامان تۇركلوگلىرى ئورخۇن ئابىدىلىرى قاتارلىق يازما مەنبەلەر بىلەن تۇركىي خەلقلەرنىڭ تىل ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتىكى «تۇرك» ، «تۇركى» ئىبارىسى مەسىلىسى . ماهىيەتتە بۇ تىل ، مەدەنىيەت ، تارىخىي قانداشلىق

ۋە نومۇس ـ ئىپتىخار ئورتاق چەمبىرى مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىككىنچى ، «كۆكتۈرك» خانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تارىخ سەھىپىسىگە كىرىپ كەلگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرلەشكەن ھاكىمىيەت شەكلى . بۇ ھاكىمىيەت تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇنجى خانلىقى ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ھۇنلارمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى . ھۇنلاردىن ئىلگىرىمۇ بىر قەدەر كىچىكرەك «دىڭلىڭ ئېلى» ، «خۇجىيە ئېلى» ، «ئاراغول ئېلى (中山国)» ، «كۇيفاڭ» ، «تۇفاڭ» قاتارلىق ھاكىمىيەت ۋە قورغان ـ قەلئە ھاكىمىيەتلىرى بولغان . بۇنىڭدىن باشقا ، ھۇنلار بىلەن كۆكتۈرك خانلىقى پۈتۈن تۇران زېمىنلىرىدا ياشايدىغان ئۈچ چەمبەر (شىمالىي ، غەربىي ، شەرقىي تۇران) تۈركىي قەبىلىلەرنى تامامەن بىرلەشتۈرۈپ بولالىغانمۇ ـ يوق ، بۇ تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلە . ھۇنلار راسا كۈچەيگەندە ، بىر قىسىم توخارلار كۇشان ئىمپېرىيىسى قۇرغان بولسا ، كۆكتۈرك خانلىقى غەربىي شەرقىي خانلىقلارغا بۆلۈنگەندىمۇ كاۋكاز — دېنېپىر ئارىلىغا ، شەرقىي ياۋروپاغا كەتكەن ھۇن — ئاۋار تۈركلىرىنى باشقۇرمىغانىدى . ئۈچىنچى ، ئەڭ قەدىمكى تۇرانىيلارنى — ئاندرونوپ ساكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك . ئۇلار ھۇن خاقانلىقىدىن ئىلگىرى «دى» ، «زەي» ، «تۇفاڭ» (土方) ، «جىن» (禁,真) ، «جۇلى» (株离) ، «لىن لى» (林离) ناملىرىدا ، جۇملىدىن «تۇران» نامىدا ئەپراسىياپ ھاكىمىيىتى شەكلىدە ساقلانغان . ئەپراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا ، فرانزاسىيان) نامى «تۇر» نامى بىلەن «ئاۋېستا»دا ئۇچرايدۇ . يەنە ئۇ ئىران شاھى كەيخۇسراۋ بىلەن ئەپراسىياپ جەڭلىرى سۆيىتىدە خەلق ئارىسىدا كەڭ ساقلانغان ۋە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىگە ئاساس سالغان . بىز خوتەندە ساقلانغان ۋە شۇەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن پىلە قۇرتىنىڭ «شەرقىي تۇ ئېلى» (东土国)

دىن كەلتۈرۈلگەنلىكى رىۋايىتى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭدىكى «تۇر» (مەسىلەن : «پالۋانتۇر» قاتارلىق ئېگىز تۆپىلىك ياكى ئىستېھكام ، قاراۋۇل تۇرلىرى ) نامىلىرىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى ، بىزگە «تۇر» ، «تۇرك» ، «تۇران» مەنىلىرىنى ئەسلىتىدۇ . بەلكى قەدىمكى «تۇرانىيلار» شەھەر ـ قەلئەلىرى «تۇر» ئىبارىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتالسا كېرەك .

مېنىڭچە ، قەدىمكى ئارىيان — ساكلارنىڭ كۇلا شەكىللىك تۇماقلىرىنى «كۇلا» ، «ئۆرە تەلپەك» ، «بۆرك» ياكى باشقا نېمە دېيىشى نامەلۇم . ئەمما ، «كۆكتۇرك» دەۋرىدىكى تۇرك ئىبارىسى ئالتاي تاغ چوققىلىرىدەك تۇماقلارنىڭ يانلىرى قالپاق ـ شىلەپىدەك قاتلانغان — تۈرۈلگەن بولغاچقا — تۇرك تۇماقلىقلار ، دەپ ئاتالغان دېگەن سۆزدە مەلۇم ھەقىقەت بار . مەسىلە ، بۇ ئاتالمانىڭ كۆكتۇرك خانلىقىدىن ئىلگىرى بولۇشىدا گەپ يوق ، يەنە كېلىپ بۇنداق ئۇچلۇق قالپاق مېتال ڧىگۇرىلار ھازىرغىچە تېپىلماقتا . بۇنداق قالپاق ھازىرغىچە كىيىلىدۇ . ئۇ يەنە زېمىندىكى تۇر — ئىستېھكاملىرىغىمۇ ، كۆكتەڭرى ماكانى دېيىلىدىغان تاغ چوققىلىرىغىمۇ ئوخشايدۇ . خەلقلىرىمىزدە تىك ـ ئۆرە ھالەت «تۇر» ئىبارىسى بىلەن چېتىلغان يەنە قەبىلىلەرنى باش كىيىم بىلەن ئاتاش ، ھەتتا مەزھەپ ، گۇرۇھلارنىمۇ باش كىيىم بىلەن ئاتاش ئادىتى بار . مەسىلەن : قارا قالپاق ، ئاق تەقىيە ، قارا تەقىيەلىكلەر ، بۆركلى قەبىلىسى قاتارلىقلار .

بەشىنچىدىن ، ئارىيان — ئاندرونوپ — ساكلار بىلەن موڭغۇلوئىد ئىنسان تۇركۇملىرى ئاساسلىق ئانتروپولوگىيىلىك پەرقلىرى يالغۇز قەدىمكى جەسەتلەر تەتقىقاتىدىلا ئەمەس ، يەنە ھازىرقى ئۇيغۇر — ئۆزبېك — ئەزەربەيجان قاتارلىق تۇركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن ھەممە تۇركىي قان سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تەن تۈزۈلمىسىدىمۇ ئۆز ئىزچىللىقىنى ساقلىغان .

ئامېرىكىلىق پروفېسسور سىمىت : كۆپلىگەن

ئانتروپولوگىيە كىتابلىرىدا موڭغۇل ۋە تۈركىي مىللەتلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ . . . تۈركلەرنىڭ يۈز شەكلى سىلىق — تۈز بولۇپ موڭغۇللاردىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىق . تۈركلەرنىڭ چېچى دولقۇنسىمان ، يۈزى سوقچاق بولسا ، موڭغۇللارنىڭ چېچى تىك ، يۈزى دومىلاق كېلىدۇ . تۈركلەر ساقاللىق ، مويلۇق كەلسە ، موڭغۇللارنىڭ مويى ئاز دېگەندى . مۇشۇ ئاساستا مىكگوۋېرىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەملىكەتلەر» ناملىق كىتابىدا : «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ھۇنلار تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ بولۇپ ، موڭغۇللاردىن يىراق ئىكەنلىكى روشەن ھەم شۈبھىسىز . باشقىچە ئېيتقاندا ، ھۇنلار ئەسلى مەنبەئە جەھەتتىن ‹ئاق جىنسلىقلار › غا يېقىن بولۇپ ، ‹سېرىق جىنسلىقلار ›دىن يىراق ئىدى» دەپ يازىدۇ . ما چاڭشۇ ئەپەندى «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» دېگەن كىتابىدا ھۇنلارنىڭ تۈركلەرگە بولغان ئانتروپولوگىيىلىك مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ : «ھۇنلارنى ھەرگىزمۇ تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دېگىلى بولمايدۇ» دېگەندى . سىبىرىيىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلار كۆرسەتتىكى ، ھازىر تېپىلغان موڭغۇل مىللىتى ياشايدىغان بورىئات موڭغۇل (Buriat Mongols) دىن تېپىلغان قەدىمكى ئادەم باش سۆڭىكى دومىلاق موڭغۇل باش سۆڭىكىنىڭ ئەكسىچە ، ياۋروپا تىپىدا بولۇپ ، بۇ جايلاردا ئىلگىرى ئاندرونوپ — ئارىلارنىڭ ياشىغانلىقىنى كۆرسەتتى .

ئالتىنچى ، تۈركىي خەلقلەر تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ بېرىقى تەرىپىدىن باشلاپ ئىككىلەمچى تۇران — مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمى بولۇپ ئۆزگىرىشكە كىرىشكەن بولۇپ ، ئۇنى ئىلىك ئارسلان تۇمانخان تەرىپىدىن مىلادىيە 552 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇل — تاتار دالاسىدا بەرپا بولغان كۆكتۈرك خانلىقى زامانى بىلەن بەلگىلەش

گۆدەكلىكتۇر . جۇڭگونىڭ تاشپاقا پوستىغا يىن (شاڭ ) سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن XVI — XII ئەسىر ئىلگىرى ) يېزىلغان ئىپتىدائىي خەتلەردە شىمال ، غەربلەردە تۇفاڭ ( 土方 ) ، كۇيفاڭ ( 鬼方 ) ، يىڭ فاڭ (𢀛方 ) قەبىلىلىرى بولغانلىقى يېزىلغان .① «تارىخىي خاتىرىلەر »دە سېرىق ئىمپېراتورنىڭ شىمالدىكى خۇن جۇن ( 荤粥 )لەرنى يەڭگەنلىكى يېزىلغان . ۋاڭ گوۋېي (1877 — 1927 ) ئەپەندىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە ، چۇنچيۇ زامانىدا كۇيفاڭلارنى «دى » ( 狄,翟 ) دەپ ئاتىغان . ماچاڭشۇ ئەپەندى «شىمالىي دىلار ۋە هۇنلار » دېگەن كىتابىدا ، يىڭ فاڭ — ئاق دىلار ، كۇيفاڭ — قىزىل دىلار بولۇپ شىمال ۋە غەربىي تەرەپتىكى تۈركىي خەلقىنىڭ چۇنچيۇ زامانىدىكى ئىپادە قىلىنىشى دەپ كۆرسىتىدۇ . «زوجۇەن » ( 左传 ) ناملىق دەستۇردا دېيىلگەن «جۇڭگونىڭ نامى دايۇەن ( 大原 ) ، بەدەۋى دىلار ( 狄夷 )نىڭ نامى دالو ( 大卤 ) » دېگەن جۈملىدە «دى » ئىبارىسى بولۇپ ، چوڭ شورتاڭ زېمىن (چۆل ) بىلەن چوڭ تۈزلەڭ (توپىلىق يەر ) پەرقلەندۈرۈلگەن . ماچاڭشۇ يۇقىرىدىكىلەر ئاساسىدا خۇا ـ شيالار بىلەن تۈركلەر (Turk) زاماندىش ئىدى ، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XVI ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىكى جۇتەيۋاڭ گۇگۇڭ (قەدىمكى بەگ ) دەنفۇ ( 周太王.古公亶父 ) مويلاۋلىق دىلار ( 戎狄 )نىڭ بېسىمى ئاستىدا جەنۇبقا سۈرۈلۈپ غەربىي جۇ سۇلالىسىنى قۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئوغلى ۋە نەۋرىسى بولغان جۇ ئۇۋاڭ ، جۇ ۋېن ۋاڭلار شىمالىي دىلار بىلەن جەڭلەر قىلىدۇ . بۇ جەڭلەر «ناخشىلار كىتابى »دا قوشاق شەكلىدە كىرگەن . شىمالىي دىلار مىلادىيىدىن 771 يىل ئىلگىرى جۇ يۇۋاڭ ( 周幽王 )نى ئۆلتۈرىدۇ ، ئۇنىڭ ئوغلى جۇ پىڭۋاڭ جەڭدە

① بۇ يەردىكى فاڭ — تەرەپ ، يۇرت ، ھاكىمىيەت ، ئەل مەنىسىدە .

چېكىنىپ، پايتەختىنى گاۋجىڭ ( 镐京 )دىن لويىغا ( 邑雒 ) يۆتكەيدۇ. بۇ غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ باشلىنىشى. بۇ يەردە بىز مىلادىيىدىن 14 ئەسىر ئىلگىرىلا دى (تۇران) قەبىلىلىرى موڭغۇللۇئىدلار زېمىنىغا يېقىنلاپ كىرىش ۋە مۇداپىئە ھادىسىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، دىلارنىڭ «مويلاۋ» — بومبا ساقال ساك نەسىل خەلقلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئىش جەنگو (ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر) ۋاقتىدىن چىن شىخۇاڭغىچە «سەددىچىن» سېپىلى ئىستېھكامى ھەرىكىتىنى قوزغىدى. چىن شىخۇاڭ بۇ موڭغۇللۇئىدلار مۇداپىئە سېپىلىنى غەربتە لىڭتاۋ ( 临洮 ) غىچە، ھازىرقى لەنجۇنىڭ شەرقىغىچىلا سوزالىغانىدى.

يەتتىنچى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەيەردە موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچراپ تۈركىي ئانتروپولوگىيىلىك ھالەتكە ئۆتكەنلىكى مەسىلىسى ھەر خىل ئىزاھلانماقتا. مالۇۋ قاتارلىق كىشىلەر بۇ جەريان ئالتايدا يۈز بەرگەن. ئالتاي — تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆشۈكى دەپ قارايدۇ. ئۇ «جۇنامە، كۆكتۈرك شەجەرىسى»دىكى: «كۆكتۈركلەر ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي قىسمىغا جايلاشقان. ئالتۇنتاغ دۇبۇلغا شەكىللىك بولغاچقا، تۈرك سۆزى دۇبۇلغا سۆزىدىن كېلىپ چىققان» دېگەن جۈملىلەردىن پايدىلانغان. فىنىڭ جىياشىياڭ قاتارلىق كىشىلەرمۇ «تۈرك سۆزى قالپاقنىڭ تۈرۈلگەن قاسقىنىدىن كېلىپ چىققان، ئۇلار شۇنداق قالپاق كىيەتتى» دەيدۇ. قەدىمكى قوجۇ تىياتىر - ئويۇنلىرىدىكى «خۇنتۇ» — شۇنداق قالپاقنى كۆرسىتىدۇ. ماچاڭشۇ ئەپەندى تۈركلەر موڭغۇل يايلاقلىرىدا، گەنسۇ، شەنشى — سەنشى قاتارلىق جايلارنىڭ شىمالىدىن كەلگەن ۋە ئۇ يەرلەردە ياشىغان دەيدۇ. ئۇ، نوقۇل تاغ ۋە دۇبۇلغىنى ئەمەس، بەلكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بۇ ياققا باستۇرۇپ كېلىشىنى تىلغا ئالغان.

مىنىڭچە، ئۇمۇمەن بۇ جەريان قەدىمكى دىلار، تۇفاڭ،

كۈيفاڭلارنىڭ موڭغۇلوئىدلار — توڭغۇز تاتارلىرى ۋە خۇا - شيا قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن تاكى جوڭغارلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشىگىچە بولغان ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، بايقالدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلاردا تەدرىجىي يۈز بەردى. ئۇ، خۇسۇسەن، دەسلەپتە خۇا - شيا — جۇ سۇلالىلىرى، كېيىنچە جەنگو (ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر) زامانىدا دەسلەپ تۇرانىلارنىڭ كۆچمە چارۋىچىلىق قەبىلە، قەبىلە ئىتتىپاقى شەكلىدە، پائالىيەتچانلىق بىلەن، كېيىنچىرەك ئاتلىق ھالەتتە جەنۇبتىكى دېھقانچىلىق شەھەر مەدەنىيىتى رايونلىرى بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە تەقەززالىرى، ئۇرۇش، بۇلاش قىزغىنلىقى بىلەن بۇ ئىككى تىپتىكى خەلقلەر سۈركەلگەن رايونلاردا — ماچاڭشۇ تىلغا ئالغان جايلاردا ئۇرۇش، ئەسىر، قۇل، سودا - ئالاقە شەكلىدە باشلانغان. ئالتاينىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاسىنا ئۇرۇقى — كۆكتۈرك خانلىقى يېتەكچى ئۇرۇقىنىڭ ئاپىرىدەگاھى بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن پۈتۈن تۇرانى تۈركلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاپىرىدەگاھى بولغانلىقىنى مۇتلەقلەشتۈرمەسلىك لازىم. بۇ نىسپىي ھەقىقەتتۇر.

نېمە ئۈچۈن شىمالىي دىلار — دىڭلىڭلاردىن تاكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغىچە موڭغۇل يايلىقىدا — سېلېنگا، ئورخون ۋە تەسكەي تېغى بويىدا ھاكىمىيەت قۇرىدۇ، دېگەن مەسىلىمۇ بۇ قانۇنىيەت بىلەن تۇتاشقان. ئۇ بولسىمۇ ئاتلىق - قوراللانغان، كۆچمەن چارۋىچى شىمالىي قەبىلە خەلقلىرىنىڭ دېھقانچىلىق مەركەزلىرىگە يېقىنلىشىش، ئالاقە ئورنىتىش، دىنامىك قانۇنىيىتىدۇر. ئېچىۋېتىش بىلەن بېكىنىۋېلىش خاھىشى تۈپەيلى جەڭلەر يۈز بەرگەن ھەم مىللىي ئارىلىشىش ئامىللىرى كۆرۈلگەن. بىز ئومۇمەن ئاندرونوپ — ئارىلارنىڭ ئىران ۋە جوڭگو ئىمپېرىيىلىرى يېنىدا، ئاتتىلا ھۇنلىرىنىڭ رىم ئىمپېرىيىسى تۈۋىدە، سىكتايلارنىڭ گرېك - ماكىدونىيە

www.uyghurkitap.com

مەركەزلىرىگە يېقىن جايلاردا ھەربىي ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئۆزەك ـ بازىلار قۇرغانلىقىنى كۆرىمىز . بۇ خۇددى تۇپ تەپكۈچىنىڭ ۋاراتا باققۇچىغا يېقىن تۇرغانلىقىدەك ئەھۋال بۇنىڭغا قاراپ ، شىمالىي كاماندىنىڭ ماكانى پەقەت شۇ جاي ئىدى ، ئارقىسىدا بۇ كوماندا ئەزالىرى ، ئاساسىي ماكانلىرى بولمىغان دېيىش ، يۇقىرىدىكى قانۇنىيەتكە — ماركسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ئاسىيا مىللەتلىرى تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى بولغان چارۋىچى ۋە تېرىقچى خەلقلەر مۇناسىۋىتىگە زىت ، غەيرىي ئىلمى ، قاتمال ، چاكىنا قاراشتۇر .

سەككىزىنچى ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ كونكرېت شەكىللىنىش جەريانىنىڭ قانداق بولغانلىقى كۆپ قاتلاملىق ، مۇرەككەپ ، قىيىنراق ۋە يېڭى مەسىلىدۇر .

ل . پوتاپوف «جەنۇبىي ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوبزور» دېگەن ماقالىسىدە : «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئارىسىدا ئالتاي رايونىغا موڭغۇلوئىد كىشىلەر كىرىپ كەلگەن . . . ئۇلار توۋا ۋە غەربىي شىمالىي موڭغۇلىيە ئارقىلىق ئالتايغا كىرىشكەنىدى . بۇ جەريان ھۇنلار زامانىدا كۈچەيگەن . . . موڭغۇلوئىدلارنىڭ ئالتاي رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنى مىلادىيىدىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە مۇقىملاشتى» دەپ يازىدۇ . پوتاپوف مۇشۇ بىر قانچە ئېغىز سۆز ئارقىلىق تۈرك ۋە ھۇن قەبىلىلىرىنى موڭغۇلوئىد قىلىپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە ئالتاي رايونىنى ئىگىلىۋالغان قىلىپ قويىدۇ . بىزچە ، بىرىنچىدىن تۈركىي (جۈملىدىن ھۇن) قەبىلىلىرى موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان غەيرىي موڭغۇلوئىد خەلق ؛ ئىككىنچىدىن ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن موڭغۇلوئىد خەلقلەرنىڭ ئارىلىشىشى تولاراق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شىمالىي قۇملۇق ۋە سىرىق دەريانىڭ شىمالىي قىسمىغا يېقىنلاپ

كېلىشى ئاساسىدا يۈز بەرگەن؛ ئۇچىنچىدىن، موڭغۇلوئىد تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بۇ قەبىلىلەر مۇنداق تەسىرگە يولۇقمىغان يىلتىزى بىر ئانتروپولوگىيىلىك قېرىنداشلىرى ئارىسىغا (جۇملىدىن ئالتاي، يەتتە سۇ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا) مۇنداق تەسىرنى ئېلىپ بېرىشتا ۋاستىچىلىك رولىنى ئۆتىگەن؛ تۆتىنچىدىن، قەدىمكى ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ تۈركلەشكەن ئەۋلادلىرى موڭغۇلوئىد تەسىرىگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئۇچرىشى، مۇنداق تەسىرگە ئۇچراشنىڭ كۆپىيىپ ياكى سۇسلاپ بېرىشى تۈپەيلى ئۆز ئىچىدىن ئېتنىك پەرقلەرگە ئاجرالغان. مۇنداق تەسىرگە ئەڭ دەسلەپ توقباتلار ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭ غەربكە كۆچكەن قىسمى بولغان ئاۋارلار كېيىنچە بۇ تەسىرنى سۇسلاتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى «ئېگىز بوي، ئاق ئەت، قوڭۇر چاچ، كۆكۈش كۆز» قەبىلىلەردىن خاكاسلار (قىرغىزلار) بۇ تەسىرگە كۆپ قېتىم ئۇچرىغان. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياۋچىلار (توخرىلار)، قىرغىزلار ئارقىلىق بۇ تەسىرگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ياۋچىلار خوراسان رايونىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇلاردىكى موڭغۇلوئىد تەسىرى كېمىيىپ قالماستىن، ئۇلار ھەتتا شەرقىي ئىران تىلىنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئۆلگۈرگەن. تارىخىي ھادىسىلەردىكى مۇنداق كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ كۆرۈنۈش بىزنىڭ سەگەكلىكىمىزنى ئېزىقتۇرۇۋەتمەسلىكى لازىم. ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ تۈركلەشكەن ئەۋلادلىرى ئالتاي ۋە يەنسەي ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، يەتتە سۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى قەدىمكى ماكانلىرىنىمۇ تۈركلەشتۈردى. بۇنى بەن گۇ (班固) ۋە فەن يې (范晔)نىڭ «خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى توخارلار بىلەن كانگىيلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلىشىشى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇنى فەرغانىدە تېپىلغان رۇنىك شەكلىدىكى تۈركىي يېزىق، لوگوۋى

( 耶沃戈卢 ) ، كەتمەن تۆپەدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىسپاتلايدۇ . رۇنىك شەكلىدىكى يېزىق خوتەن قەدىمكى ئاقتام (ئاق سېپىلمۇ دېيىلىدۇ ) خارابىلىرىدىن چىققان كونا كېسەكلەردىنمۇ تېپىلدى .

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى ، مۇنداق مۇرەككەپ تارىخىي جەريان ئولتۇراقلاشقان ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىلەر بىلەن يېرىم ئولتۇراقلاشقان ياكى پۈتۈنلەي كۆچۈپ يۈرگەن باي چارۋىچى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىشىش جەريانىنى تېزلەتتى . ياۋچىلار ، توققۇز چاۋۇپلار ، كانگىيىلىكلەر تېزلىكتە مەشھۇر قەلئە ـ شەھەر مەملىكەتلىرىنىڭ گۈللەندۈرگۈچىلىرى بولۇپ قېلىشتى . ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلىشىشى ۋە تۈركلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى ۋە ساقلىنىپ قالغان ساك قەبىلىلىرىنى تۈركلەشتۈرۈشى شۇ چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشتى . ساقلىنىپ قالغان ساك قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلىشىش جەريانى بېرىنشتامنىڭ فەرغانىدە ، چىلىنوركىنىڭ سەمەرقەند ۋە بۇرغۇلۇقتا قويمازار ۋە لىۋاندوكىنىڭ بۇخارادا ، سېپىلېسپۇنىڭ چۈستا ، لېتۋىسكىنىڭ ۋالوختا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك ـ ئانتروپولوگىيىلىك خىزمەتلىرى ئاساسىدا ئىسپاتلاندى .

بۇلاردىن باشقا كۆكتۈركلەرنىڭ ئاسىنا ساكلىرى بولغان جۇجانلار تەرىپىدىن ئالتاي تاغلىرىدا تۆمۈر تاۋلاشقا سېلىنغانلىقى ، تۆمۈرچى قۇللار قىلىنغانلىقى ، تەدرىجىي ئاسىنا ئۇرۇقى باش ساك — تۈركلىرىنىڭ موڭغۇلىيىدىكى ئاشىد جەمەتى تەسىرىدە تۈركلەشكەنلىكى ، ئۆز نامىنى يەنىلا ئاسىنا ، دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە مەنبەلەر تەكرار قەيت قىلىدۇ . بىز كۆكتۈرك خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مەنبەلەرگە قارىساق ، قاغان چىقىدىغان ئۇرۇقنىڭ ئاسىنا ئۇرۇقى ئىكەنلىكى ئېنىق . كۆكتۈرك خانلىقىدا موخانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە

شىمالىي جۇ ، سۇي ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۆزى چاڭئەنگە باشلاپ بارغان شىمالىي قۇملۇق ، غەربىي دىيار (قورىغار) ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ توققۇزچاۋۋپلاردىن بولغان سازەندە ـ رەققاسلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان . بۇ يۇقىرىدىكى تۇران — ساك — كۆكتۈرك — ئۇيغۇر رايونلىرىنىڭ بىر خىل كۈيشۇناسلىق ۋە رەققاسلىق ، بىر تىل ۋە بىر مەدەنىيەتتىلىكىنى نامايان قىلىدۇ . ئاسىنا نامىدىكى داڭدار سەركەردىلەرمۇ ساك تۈركلىرىدىن بولغان . بىز تۇنيۇقۇقنىڭ ئاشىد ئۇرۇقىدىن چىققان مەشھۇر ۋەزىر — تۈركلەرنىڭ دانىشمىنى ۋە ئالىمى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . ئاشىد تۇنيۇقۇق (ئاشىد بىرىنچى ھېقىق تاش مەنىسىدە بولۇپ ، ئائىلىنىڭ بىرىنچى ئوغلى بولۇشى مۇمكىن) ئەۋلادلىرى ئىدىقۇت قارا قوجۇدا نەچچە ئەۋلاد دانىشمەنلەردىن بولدى .

يۇقىرىدا بايان قىلغانلاردىن مەلۇم بولىدىكى : 1) تۈركىي خەلقلەر مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارىيانلارنىڭ ئۆزگەرگەن — موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى ئىپادىلەنگەن ئانتروپولوگىيىلىك شەكلىدىن ئىبارەت ؛ 2) تۈركلەر ئىرق تىپى جەھەتتە موڭغۇلوئىد خەلقلەرگە ئەمەس ئارىيان — ساكلارغا ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئىرقىغا ئەمەس ، كاۋكاز تىپىدىكى خەلقلەرگە يېقىن تۇرىدۇ ؛ 3) تۈركلەر ھۇنلاردىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن ، مەركىزىي ئاسىيادىن كەڭ بولغان پۈتكۈل تۇران — مەركىزىي ئاسىيا ، سىرىق دەريانىڭ يۇقىرى رايونلىرىدا ، يەنى شىمالىي ، غەربىي ساھىلىنىڭ كۆپچىلىك رايونلىرىدا ياشىغان ؛ 4) ھۇنلار تۈركى خەلقلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقى شەكلىدىن ئىبارەت ؛ 5) موڭغۇلوئىد تەسىرى بارلىق ئارىيان — قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردە بىردەك ئىپادىلەنگەن ئەمەس . تۈركلەشكەن موڭغۇلوئىدلار بولۇشنى چەتكە قاقمىغان ھالدا ، بىز توقبات ۋە

قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ بۇ تەسىرگە (بولۇپمۇ شەرقىي تەرەپتە) كۆپرەك ۋە بىۋاستە ئۇچرىغانلىقىنى، ئۇيغۇر ۋە ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ تەسىرگە (بولۇپمۇ غەربىي تەرەپتە) ئازراق ۋە ۋاسىتىلىق ئۇچرىغانلىقىنى كۆرىمىز؛ 6) قەدىمكى دىڭلىڭلار ۋە هازىرقى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئارىيان — ياۋروپا جىنسىنى نىسپىي ساقلىغان هالدا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن؛ 7) ئەڭ قەدىمكى ئاندرونوپ — قاراسۇق — تاكار — تەڭرىتاغ — تارىم — تاشتىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ۋارىسى دىڭلىڭ - گۇشى (خۇجيە) ئۇيغۇرلىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي هاياتى ۋە سىياسىي هاياتىدا، تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئۇلگىلىك رول ئوينىغان.

شۇنداق قىلىپ تۈركىي خەلقلەر ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ ئورنىنى باستى، ئەۋلادلىرى ئەجدادلىرىنىڭ مەۋقەيىنى ئىگىلىدى، تۈركىي قەبىلىلەر قەدىمكى رىۋايەتلەردە زىكىر قىلىنغان «تۇران» رايونىنىڭ ئاساسىي پېرسوناژلىرى بولۇپ قالدى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تۈركىي خەلقلەر هازىرقى زامان بىر پۈتۈن (بىر گەۋدە) مىللىتى بولۇپ چىقمىدى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىچكى پارچىلىنىشى، تولا يۆتكىلىشى، شۇنداقلا قاراخانىيلار زامانىدا «تۈرك» ئىبارىسىنى ئىشلىتىپ، «تۈرك تىلى» (تۈركىي تىل ئەمەس) شەكىللەندۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قىلدان (قاراختاي)، چىڭگىزخان، جۇڭغارلار تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىملىق پارچىلىنىپ كېتىشى، ئوغۇز سالجۇقلىرىنىڭ كۆچۈشى قاتارلىقلار سەۋەب بولدى. هازىرمۇ تۈركىي خەلقلەر يەنىلا ئانتروپولوگىيىلىك مەنبەداشلىق — قانداشلىقتا، ئورتاق تارىخىي ئالامەتلەر ۋە قىسمەتلەرگە، تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت بىرلىكىگە، ئېتىقاد بىرلىكىگە ئىگە قېرىنداش مىللەتلەر تۈركۈمى ئىكەنلىكى شۈبهىسىز.

تۈركىي خەلقلەر ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈندى ، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇلار ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىكى پەرقلەرگە قاراپ ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈندى . بۇلار : ئۇيغۇر — ئوغۇزلار ۋە قىپچاقلاردىن ئىبارەت . ئۇيغۇر — ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار تارىخىغا ئائىت بەزى مۇلاھىزىلىرىمىزنى تېگىشلىك ئابزاسلاردا بايان قىلىمىز . تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىل گۇرۇپپىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .

## 5 . تۇران تىل سىستېمىسى ۋە ئۇيغۇر ، قىپچاق تۈركىي تىل گۇرۇپپىلىرى

ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى : فىن ـ ئۇگۇر (فىنلاندىيە تىلى ، شەرقىي روسىيە فىن تىلى ، ۋېنگىرىيە تىلى ) تىللىرى : ساموئېد (غەربىي سىبىرىيە خەلقلىرى ) تىللىرى : تۈركىي (تۇران ) تىلى ، توڭغۇز (شەرقىي سىبىرىيە خەلقى ، مانجۇ ، داغۇر ) تىللىرى ، موڭغۇل تىلىدىن ئىبارەت بەش تارماق تىل سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يەنە بەزى تىلشۇناسلار ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنى تۈركىي تىللار ، موڭغۇل تىلى ، توڭغۇز ـ مانجۇ تىل تارماقلىرىغا بۆلىدۇ . ئۇلار هازىرقى جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى بويىچە فىن ـ ئۇگۇر تىلىنى ياۋروپا تىلى سىستېمىسى سۈپىتىدە قاراپ ، ئۇنى فىنلاندىيە تىلى ، لوپار تىلى ، ئېسقون تىلى ، هۇنگار (ۋېنگىر ) تىللىرىغا ئاجرىتىدۇ . ساموئېد تىللىرىنى پارچە تىللار سۈپىتىدە ئايرىم بىر تەرەپ قىلىدۇ .

ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدا كۆپ تارماقلىق ئاساسىي تىل تۈركىي تىل ئىكەنلىكى روشەن . تۈركىي تىل

تارماق سىستېمىسىغا كىرىدىغان خەلقلەر ۋە تىللار، ئۇلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى، خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار تۈركلوگلار — تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقات ئېمىسى بولۇپ، بۇ يەردە چەتنەپ ئۆتىمىز.

تۈركىي تىلنى تىل سىستېمىلىرى شەكىللەنگەن تۈچ قۇراللىرى ياكى ئېنېلوئىت دەۋرىدە شەكىللەن تىل دېيىش كېرەكمۇ ياكى تۈركىي خەلقلەر شەكىللىنىش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن دېيىش كېرەكمۇ؟ بۇ مۇھاكىمە تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە.

شۇنى ئالدىن ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، تىل ۋە تىل سىستېمىسى مەسىلىسى توقۇل تىل ھادىسىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە، تىل سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئانتروپولوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات تارىخىنى تايانچ قىلغان سەۋەبىياتلىق سەمەرىدىن ئىبارەت. ئەگەر بىز ھازىرقى تۈركىي تىل سىستېمىسىنى ئۇلاردىكى ئومۇملىق ۋە ئايرىمىلىقلار بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈش، ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، مورفولوگىيىلىك، دىئالېكتولوگىيىلىك ۋە باشقا گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەرىپلەش بىلەنلا چەكلەنگىنىمىزدە تولىمۇ يۈزەكى بىر قاتلاملىق ئىلمىي خىزمەتتىن نېرىغا ئۆتمىگەن بولىمىز. مېنىڭچە، تۈركىي تىل مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئارىسىدا «شەكىللەنگەن» ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ بۇ ئىككىلەمچى ئانتروپولوگىيىلىك ئادىمىنىڭ تىلى سۈپىتىدە تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن دېيىشتىن كۆرە، بۇ تىلنى تۈركلەشكەن، ئېنىقراق ئېيتقاندا تۈركىي شەكىل ئالغان، تۈركىي خەلقلەر بولۇپ قايتا تەشكىل تاپقان ئاندرونوپ — ئارىيانلار ئەۋلادلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئۆزگەرگەن داۋامى دېيىش ھەقىقەتكە ئۇيغۇن. بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ جىسمانىي تۈزۈلۈشى، قان تىپىدە ئاسىيا ئاق جىنسلىرى دەپ ئاتالغان ئاندرونوپ —

ئارىيانلار ئەۋلادلىرىنىڭ يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھادىسە. «ۋېداس» (دانىش كىتابى) دەستۇرىگە كىرگەن «رىگاۋېدا» جەڭنامە كىتابىدا ئارىيان قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن پەنجئاپ ۋادىسىغا كەلگەن جەريانى ۋە جەڭلىرى بايان قىلىنىدۇ. مۇشۇ باياندىلا «تاران» (ئېقىن)، «قاناۋىچ» (خان ئاغىچى)، «پىتكا» (پۈتۈك، كىتاب)، «ئالىي» (مۆتىۋەر)، «داس» (پەس، تۆۋەن)، «گراما» (گەمە، كەنت)، «جىنابىل» (يۇرت بېشى)، «يابغول» (يامغۇر)، «مۇلۇت» (بۇلۇت)، «ۋاز ئورگ» (ئۈلۈغ، بۈزرۈك)، «پۈترا» (پەرزەنت، پۈشتى)، «نۇسخا» (پۇل)، «ئاباسىن» (ئانا دەريا، ئانا ساي)، «سىرۋۇتى» (سوراپ بىلىش)، «ئاغى» (ئاغا، ئاكا)، «ئاگاينى» (ئاغا ـ ئىنى، قېرىنداش)، «ئاگنى» (ئوت)، «ياجانا» (ئازنا، قۇربانلىق)، «ئوتتۇرا» (ئارىلىق جايلار)، «ئاتامان» (قەھرىمان)، «ئاناش» (بۆرنى پەس، پاناق)، «ۋىز» (بىز)، «ياۋانغ» (ياۋا، يات كىشلەر)، «ئىشغارا» (ھىمايىچى)، «ئۆلتۇرۇخان» (ئۆلتۇرگۇچى خان، ئۇرۇشقۇچى خان) قاتارلىق سۆزلەر ئۇچرايدۇ. گەرچە ھازىرقى زامان تۈركىي تىلى بىلەن قەدىمكى زامان پەنجئاپ ئارىيانلىرىنىڭ لېكسىكىسىنى بىۋاستە سېلىشتۇرۇش ئۆلچەملىك سېلىشتۇرۇش قائىدىسىغا ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەنلەر تۈركىي تىلنىڭ ئاسماندىن چۈشمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىمىغان (ياكى ئاساسەن ئۇچرىمىغان) ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مەۋجۇت تىلى ئاساسىدا ئۆزگىرىپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى ھىند ـ ياۋروپا تىللىرى بىلەن ئاندرونوپ — ئارىيان، ئاندرونوپ — سكىفلارنىڭ غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچكەن بىر قىسىم جەڭگىۋار

ۋە غالىب قەبىلىلىرى تەسىرى تۈپەيلى بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە . بۇ مۇھىمى گراماتىكىلىق جەھەتتە گەۋدىلىكىردەك مكگوۋېرن ۋە ۋ . شېمىدت بۇنى گراماتىكىلىق ئورتاقلىق جەھەتتە پەرەز قىلغانىدى . بىز بۇنى لېكسىكىلىق جەھەتتىمۇ پەرەز قىلىمىز .

ھۇن خانلىقى كۆپ قەبىلىدىن (تارىخىي مەنبەلەردە 24 قەبىلە دېيىلگەن ) تەشكىل تاپقان ئىختىيارىي ھەم مەجبۇرىي سىياسىي بىرلەشمە ئىدى . ھۇن خانلىقى تەركىبىدىكى فىن ـ ئۇگۇرلىرى بىلەن ساموييېدلار تۇران رايونىدىن قاچان يىراقلاپ كەتكەنلىكى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس . تۇڭغۇزلار ھۇن خانلىقىغا كېيىنچە قوشۇۋېلىنغان بولسىمۇ گەۋدىلىك ئورۇن تۇتمىغان . ھۇن خانلىقىدىكى ئاساسىي خەلق يەنىلا تۈركلەر ، جۈملىدىن كېيىنچە موڭغۇل خەلقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «ئورمان قەبىلىلىرى» بىلەن «يايلاق قەبىلىلىرى» (ب . يا . ۋلادىمىرزوف ) ئىدى . ئۇنداقتا بۇلاردىن باشقا يەنە «ھۇن»ناملىق ئېتنىك خەلق بولغانمۇ ؟ «ھۇن تىلى» دەپ ئاتالغان ئايرىم بىر مىللىي تىل بولغانمۇ ؟ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرسەتتىكى ھۇن نامى بىرەر ئېتنىك خەلقنىڭ خاس نامى بولمىغىنىدەك ، بىرەر تىلنىڭمۇ نامى بولمىغان .

ئۇنداقتا ، ھۇن خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئېتنىك گەۋدىسى تۈركىي قەبىلىلەرمىدى ياكى موڭغۇل خەلقىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان باشقا قەبىلىلەر (موڭغۇل تىلى قەبىلىلىرى ) مىدى ؟ بۇ مەسىلىگە كۆپلىگەن ئەسەرلەر بېغىشلاندى . ئالىملار ئەڭ ئاخىرى «ھۇنلار» تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىدى ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى . رېمۇسات ، كلاپروتى ، خاۋاننېس ، فرانكې ، رادلوف ، ھىرتى ، لائوفېر ، پاركېر ، پېللىئوت ۋە كرائۇسكىي قاتارلىق ئالىملار كۆپ يىللىق تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا «ھۇنلار» تىل ۋە ئېتنىك جەھەتتىمۇ

تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىمۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ساكلىرى، سارماتىنلىرىنىڭ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» تىپىگە، باشقىچە ئېيتقاندا «يايلاق مەدەنىيىتى» تىپىگە مەنسۇپ بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. ما چاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە هۇنلار» ناملىق كىتابىدا: «نۆۋەتتە هۇن تىلىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار هۇن تىلىنىڭ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى بىر تىل گۇرۇھى ئىكەنلىكىنى بىردەك تونۇپ يەتتى، بۇنىڭدا ھېچقانداق گۇمان بولماسلىقى لازىم»، هۇن تىلى تۈرك تىلى ئاساسىغا قۇرۇلغان، «هۇن تىلىنى تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ دېيىش ياۋروپا ئالىملىرىدا ئۈستۈنلۈك ئالغان پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىدۇ. جې. كلاپروتى «هۇنلار كۆكتۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھېسابلانغان تۈركلەردۇر» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئەسىر كۆكتۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى بولغان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ هۇنلار بىلەن، فىن - ئۇگۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەكىتلىگەن. ئۇ هۇنلارنى تۈركلەرنىڭ فىن - ئۇگۇر قىسمىغا باغلاپ ئىزاھلايدۇ. بېرنىشتام «هۇن تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» ناملىق كىتابىدا: «هۇنلاردا، هۇن قەبىلە ئىتتىپاقىدا تۈركىي تىل ئۈستۈنلۈك مەۋقەسىدە ئىدى» (لېنىنگراد نەشرى، 55 - بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ.

پېلليئوت بولسا خەنزۇ ھەرپى بىلەن خاتىرىلىنىپ قالغان هۇن ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىپ، هۇنلار ياكى كەم دېگەندىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

هۇنلارنىڭ ئىشلەتكەن تىلىنى گرامماتىكىلىق، لېكسىكولوگىيىلىك جەھەتتە تەتقىق قىلىشمۇ هۇنلار ئىشلەتكەن تىلنى موڭغۇل تىلىنىڭ غەربىي تارمىقى بولغان قالماق تىلىغا

www.uyghurkitap.com

باغلاش خاھىشىنىڭ (مەسىلەن H. خوۋورد ۋە S. P. پاللاس لار تەشەببۇس قىلغىنىدەك ) ئاساسسىزلىقىنى كۆرسەتتى.

مېنىڭچە، ھۇنلار ئىشلەتكەن تىل قەدىمكى دىڭلار ۋە دىڭلىڭلار ئىشلەتكەن بىر خىل تۈركىي تىل بولۇپ، بۇ تىل ھۇن دۆلىتىنىڭ ئاساسىي تىلى بولغان. ھۇنلار ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى موڭغۇل نەسىللىك خەلقلەر — ئۇغان ( 乌恒 )، سىيانپىي ( 鲜卑 ) قەبىلىلىرى ئۆز تىلىدا قالغان ۋە ئۆز تىلىغا تۈركىي ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلغان. شەرقىي رۇسىيىدىكى چۇۋاش تىلىنى ئالىدىغان بولساق، بارتولد، پومپېللىي قاتارلىقلار بۇ تىلنى ياۋروپاغا كۆچكەن ھۇنلار تىلىنىڭ بىۋاسىتە داۋامى دەپ ئىسپاتلىدى. بۇ تىل تۈركىي تىلىنىڭ قەدىمكى تىپىدىكى تىل بولۇپ چىقتى. فېھېر گومبوكىز قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇلغار ۋە ھازار تىلىمۇ چۇۋاش - ھۇن تىلىغا يېقىن ئۆلچەملىك تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جۇڭگو يىلنامىلىرىدە ئىزچىل قەيت قىلىنىشىچە، خەن - ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە «تېلى» ( 特勒 ) ۋە گاۋچې ( 高车 ئېگىز ھارۋىلىقلار ) دەپ ئاتالغان. سۈي - تاڭ دەۋرىدە ئۇلار خۇيخۇ (ئۇيغۇر ) دەپ ئاتالدى. «ۋېينامە، ئېگىز ھارۋىلىقلار شەجەرىسى»دە ئۇلارنىڭ «تىلى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش، بەزىدە ئازراق پەرقى بار» دەپ ئىزاھلانغان. ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە كۆچانىڭ شىمالىدا قېپقالغان بىر قىسىم ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى مىلادىيىنىڭ Ⅵ — Ⅴ ئەسىرلىرىدە «يۇرپان ئېلى» ( 悦般国 ) ناملىق شەھەر مەملىكىتى قۇرغانىدى. «يۇرپان» — ئاق قەلئە مەنىسىنى بېرەتتى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى ( 北史 )، ئېگىز ھارۋىلىقلار شەجەرىسى»دە: «بۇ مەملىكەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىلى ئېگىز ھارۋىلىقلار بىلەن ئوخشاش» دەپ ئۇچۇر بېرىلگەن.

ئەمدى ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت

قىلايلى .

كوزلوف 1926 ـ يىلى شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قەدىمكى ھۇن قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قەبرىسىدىن چىققان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ۋە سەنئەتلىك نەقىش نۇسخىلىرى بىلەن قازاقىستاننىڭ تۈركىستان رايونى ۋە جەنۇبىي روسىيە — كاۋكاز قەدىمكى مەدەنىيىتىنى سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقلارنى ۋە ھەتتا ئېلىنىزم① تەسىرىدىكى بۇيۇملارنىڭ شىمالىي موڭغۇلىيىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . ئۇجۇي ( 乌居 ) ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ياپونىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيە ، شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرى ھۇنلارغا خاس ھېچقانداق تۈچ ۋە نېئولىت دەۋرى مەدەنىيىتى بولمىغانلىقىنى ، مۇنداق ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئاندرونوپ — دىڭلىڭلارغا تەئەللۇق بولغانلىقىنى ، بۇنىڭدا موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەنلىكىنى ، تۆمۈر ئىختىراسىدىن كېيىنكى ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلاشما خاراكتېردە مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . بۇ ھۇن تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاندرونوپ — دىڭلىڭلار تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىش نەتىجىسىدە باشلانغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ئورغۇنلىغان ئاندرونوپ ۋە تۇران قەدىمكى قەبرىلىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلەر شۇنى كۆرسەتتىكى ، دىڭلىڭلاردا ئەركەكلەر چېچىنى چۇشۇرۇۋېتەتتى ، ئايال ـ قىزلار قۇلاقلىرىنى تېشىپ ھالقا ـ سۆكە تاقىشاتتى ۋە چاچلىرىنى سىكىلەك قالدۇرۇپ ئۇزۇن ئۆرۈۋالاتتى . بۇ ئادەت ھۇن ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئومۇميۈزلۈك داۋام قىلدى . مىلادىيىدىن كېيىنكى XVII ئەسىرگە يەتكەندە مانجۇلار بۇ ئادەتنى قوبۇل

① ئېلىنىزم — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە ئېلىپ بارغان ئىستېلاسى تۈپەيلى گرېك مەدەنىيىتى تەسىرىدە گرېكلەشكەن دۆلەتلەردە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت .

قىلدى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇ نەرسە روشەنلىشىدۇكى ، ئورال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق تىل گۇرۇپپىسى بولغان تۈركىي تىل ئەڭ قەدىمكى ئارىيان — دىڭلىڭلار تىلىنى ئۇل قىلىپ راۋاجلىنىپ شەكىللەنگەن . بۇ قەدىمكى تىل تۈركى تىلغا ئاساس سېلىش بىلەن بىللە ھىند ـ ياۋروپا تىللىرىدىكى بەزىبىر تىللارغا تەسىر كۆرسەتكەن ياكى مۇھىم بىر مەنبە بولغان . ئاۋايىپ ، مىلىر ، كاراكوف قاتارلىقلارنىڭ پەرىزىچە ، شەرقىي ئىران تىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان تىل يەرلىك كونا ئىران قەبىلىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئارىيان — ساك تىلىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبە ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن يەنە شۇ نەرسە روشەنكى ، ھۇن خانلىقى تېررىتورىيىسىدە تۈرك تىلى ، موڭغۇل تىپىدىكى خەلقلەر تىللىرىدىن باشقا مۇستەقىل ھۇن تىلى گۇرۇپپىسى بولغان ئەمەس . ھۇنلار ئىشلەتكەن تىل ئەڭ قەدىمكى دىلار ۋە دىڭلىڭلار تىلى ئۇلى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ ، ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى ، كۆكتۈرك خانلىقىدىن ئىلگىرى تۈركىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن .

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، مىلادىيىدىن كېيىن تارىخ سەھىپىلىرىگە كىرىپ كەلگەن ئاق ھۇنلار (ئېفتالىتلار) — پامىرنىمونلىرى شۇبھىسىز تۈركىي خەلقلەر ئىدى . ئۇلار كېيىنچە شەرقىي ئىران خەلقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى . ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىچە ، ئاق ھۇنلار موڭغۇل دالالىرىدىن ئەمەس ، جۇڭغار دالاسى ۋە يەتتە سۇدىن كەلگەن ، موڭغۇلوئىد (سېرىق) تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسى ئازراق بولغان خەلقلەر ئىدى . يەتتە سۇ ، فەرغانە (كەڭگۇردىكى) ئەتراپىدا گورىلوف تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان ، خارەزم (قۇياياز ، شەھىت ئەسەردىكى) رايونىدا مىلادىيە IV — V ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان ئاق ھۇن قەبرىلىرى

خۇددى «لىياڭنامە»دە زىكىر قىلىنغان ئادەت - قائىدىلەر بويىچە دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتتى. بەزى تارىخچىلار كورلا يېنىدىكى «كۆنچى دەرياسى»نى، ھۇن (كۆن) ئاقساقاللىرىنىڭ نامىغا، قۇياشقا سېغىنىشقا ۋە ھەتتا قەدىمكى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى كۇن خان نامىغا، ئاق ھۇنلارنى بولسا «ئاخۇن» نامىغا باغلاپ ئىزاھلىشىدۇ.

تۈركىي تىللار ئائىلىسى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسى بىلەن ئۇيغۇر (ئوغۇز) تىللىرى گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنىدۇ.

قىپچاق قەبىلىلىرى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردە ھۇن قوشۇنىنىڭ باتۇر (مەتە، 冒顿) تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي يۈرۈشلىرىدە دىڭلىڭ، جەنكۇن (قىرغىز)لار بىللە چىنسا (钦察) قەبىلىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغانىدى. بىرنىشتام قاتارلىقلارنىڭ پىكرىچە چىنسا — قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى نامى بولغان. بىز قەدىمكى مەنبەلەردە قىپچاقلارنىڭ ناملىرىنىڭ كۆپىنچە قىرغىز، باسمىل، ئوسكاك، سىرغۇپلار بىلەن بىللە يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. تارىخچىلار ئانتروپولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئاساسىدا ئالتاي تۈركلىرىنى شىمالىي ئالتاي ۋە جەنۇبىي ئالتاي تارماقلىرىغا بۆلىدۇ. ھازىرقى زامان جەنۇبىي ئالتاي تۈركلىرى: چۇي ۋە ئارغۇت دەريالىرى ئېقىنىدىكى تېلېكتىلار (چۇي كىرېلىرى)، باش كاۋوس ۋە ئولاگان دەريالىرى ساھىلىدىكى تېلىسلار (ئولاگان كىرېلىرى)، چىرىك دەرياسى بويىدىكى تېلىۋۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسى تەركىبى بويىچە قازاقلار، قىرغىزلار، باشقىرتلار، تۇبورلار، بارابىن تاتارلىرى، قىسمەن (ئەمما دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى چۈشەنچىسىدىكى) ئەسلىدىكى ئۆزبېكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئۆزبېك خان نامىنى

قوبۇل قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېك مىللىتىنى بۇ چۈشەنچىدىن پەرقلەندۈرۈش لازىم .

هازىرقى زامان شىمالىي ئالتاي تۈركلىرى : سۇرلار، كەركەنلەر ، كوشتىنلار ۋە تۇبالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تۇبالاردا شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئارىلاشمىچىلىقى خېلىلا روشەن . تىل گۇرۇپپىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا مانا مۇشۇ شىمالىي ئالتاي تۈركىي خەلقلىرى تىللىرى ئۇيغۇر - ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئانتروپولوگىيىلىك جەھەتتە ئۇلاردا موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى تولىمۇ سۇس . ئۇلار فىن - ئۇگۇر ۋە ساموييدلار بىلەن بىللە ئاسىياچە ئاق جىنس ئالامەتلىرى ئۈستۈن بولغان خەلقلەردۇر . مېنىڭچە ، قىپچاق قەبىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ تۈركلەشكەن يايلاق قەبىلىلىرى ياكى موڭغۇلوئىد تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان تۈركىي خەلقلەر بولۇپ ، ئۇلار دىڭلىك ۋە باشقا ئۇيغۇر - ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرگە بۇ تەسىرنى يەتكۈزۈش جەريانىغا قاتناشقان .

قىپچاق قەبىلىلىرى «خەننامە»نىڭ 94 - جىلدى بىلەن «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»نىڭ 30 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنىپ قالماستىن ، ئورخۇن مەڭگۈ ئابىدىلىرىمۇ باشقا قەبىلىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانىدى . قىپچاق قەبىلىلىرى قانداق شەكىللەنگەن ، ئۇلار مەركىزىي ئاسىيادا ئەسلىدىن بارمىدى ياكى دەشتى قىپچاق دالىسىدىن بۇياققا كەلگەنمۇ دېگەن مەسىلىلەرگە كەلگەندە بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن كونكرېت تارىخىي تېمىلار تېخى روشەن ئەمەس . شۇنداقتىمۇ قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە يېقىن ياشىغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن . دەشتى قىپچاق قەبىلىلىرىگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى ، شىمالىي ئالتاي تۈركىي قەبىلىلىرى يەتتەسۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا سۈرۈلگەندە جەنۇبىي ئالتاي تۈركىي قەبىلىلىرى قىپچاق دالىسىغا (قەدىمكى ئوغۇز دالىسىغا) سۈرۈلگەنىدى .

لوبلوك (Loblok) مەيلى ئورخۇندا ياكى جەنۇبىي ئالتايدا بولسۇن قىپچاق قەبىلىلىرىدە دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل قائىدە بويىچە ئورۇندالغانلىقىنى، قەبرە توپىسىغا ئۇدۇل قىلىنىپ ياغاچ قونچاق قادىلىپ، بىر دۆۋە توپا ئىچىدە شەرققە قاراپ ياتقۇزۇلغان جەسەتنىڭ قولىدا بىر تاۋاقنى تۇتۇپ ياتىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان. لوبلوكنىڭ ئېيتىشىچە: قىپچاقلار بىردىن «قاپچۇق» (قاپچىق) ئېسىۋالىدىغان بولۇپ، بۇ خىل تېرىدىن ياسالغان قاپچۇققا بىر كىچىككىنە تاش ھەيكەل سېلىنغان. بۇ ئادەت كېيىنچە ئالتايدىكى باشقا ئوۋچى قەبىلىلەر ئارىسىدىمۇ كېڭەيگەن. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن تارىخچىلار «قىپچاق» دېگەن نام «قاپچۇق»، «قاپچىق»، «قاپچاق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلىشىدۇ. مۆلدۇس (蒙都斯)لارنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، قىپچاقلار ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە بىر قىز ئاغزىغا ئۈچ پارچە مۆلدۈرنى ئېلىشى بىلەن تەڭلا ھامىلدار بولۇپ مۆلدۈسلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى تۇغقانمىش، ماركوپولونىڭ «ساياھەتنامە»سىدا يېزىلىشىچە، قىپچاقلاردا ناتىگەي (纳特盖) ئىسىملىك ئىلاھ بولغان. ھەر بىر تۈتۈندە بىردىن ناتىگەي نامىغا ياسالغان قونچاقلار ساقلانغان. ناتىگەينىڭ بىر خوتۇنى ۋە بىر قانچە ئوغۇللىرى بولغان. قىپچاقلار تاماق يېگەندە بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ بۇ قونچاقلارنىڭ ئاغزىغا سۈركەپ قويۇشنى ئۇدۇم قىلغان. تىلكت قەبىلىسىدىمۇ كېگىزدىن ياسالغان مۇشۇنداق قونچاقلار بولغان. VIII ئەسىردە قىپچاق يايلاقلىرىغا كەلگەن غەربىي ياۋروپا ساياھەتچىسى لوتانىن مۇشۇنداق ناتىگەي قونچاقلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە «ئەمىدگىل» (ئاتا - بوۋىلار) نامىلىق باشقا ئاتىلىشىنىڭمۇ بارلىقىنى يازغان. IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئەرەب جۇغراپىيىچىسى ئىبن خەلدات بىگانىڭ يېزىشىچە، بىر قىسىم قىپچاقلار كەمەك (克马克) دەپ ئاتىلىدىكەن. گەردىزى VIII

ئەسىردىلا كەمەكلەرنى قىپچاقلارنىڭ غەربىي تارمىقى بولۇپ، قوي ـ كالا باقىدىغان، قىمىز ئىچىدىغان خەلق دەپ يازغان. «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى»دا كەرەي ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قوشنا قەبىلىسى بولغان قەدىمكى نايمانلار موڭغۇل قەبىلىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان، «نايمانلار موڭغۇل قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك بولغان. . . ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان»[1] دەپ قەيت قىلىنغان. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابتا ئالتايغا كىرگەن نايمان قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلەشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تۈرك تىلىنى قوبۇل قىلىپ ئالتايغا يەرلىكلەشكەنلىك جەريانى تەپسىلىي سۆزلەنگەن. مەنبەلەردە بۇ بىر قىسىم موڭغۇللار تۇرمۇش جەھەتتە تۈركلەشتى، ئىلگىرى قوينى ياكى قورساقتىن يېرىپ، ياكى قان تومۇرىنى كېسىۋېتىپ ئۆلتۈرەتتى، كېيىن ئالتاي تۈركلىرى يوسۇنىدا قوي بوغۇزلايدىغان بولدى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئوغۇزلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى بىلەن بۇ قىپچاقلاشقان خەلقلەر ئارال دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان ھازىرقى قازاقىستان دالىسىغا — قەدىمكى ئوغۇز دالىسىغا يۆتكەلدى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ چوڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ۋە ھەرقايسى قىپچاق قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تەرەققىيات گەۋدىلىنىشكە باشلىندى. X — XV ئەسىرلەر ئارىسىدا تۈركىي خەلقلەر بىر پۈتۈن تۈرك مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشكە كىرگەن بىر جەريان ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. ئەمما چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بۇ جەرياننى توختاتتى، ئارقىدىنلا ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسلىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەكىللىنىشى بۇ جەرياننى

[1] «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 84 ـ بەت.

پارچە - پارچە ھاكىمىيەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ جەريانىنىڭ تارىخىي ئاقىۋىتى نەتىجىسىدە موڭغۇلوئىد تەسىرىگە زور كۆلەمدە ئۇچرىغان ۋە يېڭى ئېتنىك ناملار بىلەن ئاتالغان بىر قاتار قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر كېلىپ چىقتى. موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئەڭ كەم ئۇچرىغان خەلقلەرمۇ (مەسىلەن: قەشقەرىيە ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) كېيىنچە جۇڭغارلارنىڭ بۇنداق تەسىرىدىن خالىي قالالىغان ئەمەس. موڭغۇل ۋە تاتار قەبىلىلىرى موڭغۇلوئىد تەسىرىنى يەرلىك تۈركىي خەلقلەرگە ئۆتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئاقىۋەت يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن تىل، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك جەھەتتە ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلدى ۋە ھەتتا ۋولگا — قىرىم بويىغا كەتكەن موڭغۇل - تاتارلىرى ئۆز يىلتىزىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان ئېتنىك ئالامەتلەرگە ئىگە بولدى. بۇ رايونلاردا ئەينى زاماندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلى، ئۇلار يەنىلا تۈركىي ئالامەتلەردىن ھالقىپ كېتەلمىگەنىدى. XVI ئەسىردە ياشىغان ئەرەب تارىخچىسى جەلىل ئۆمەر ئالتۇن ئوردا خانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: قەدىمدە بۇ قىپچاقلار دۆلىتى ئىدى. تاتارلار بېسىپ كىرىپ قىپچاقلارنى بېقىندۇرۇۋالدى. كېيىنچە قىپچاقلار بىلەن تاتارلار ئۇرۇقلىشىپ، موڭغۇللارنىمۇ قىپچاقلاشتۇرۇۋەتتى، دەپ يازغان.

ئۇيغۇر - ئوغۇزلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى ۋە تارىخىي قىسمەتلىرىگە باغلىق ھالدا تىل گۇرۇپپىسىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. مېنىڭچە، ئۇيغۇر - ئوغۇز تىللىرى ئەڭ دەسلەپ تۈركلەشكەن ئاندرونوپ — ئارىيان تىلىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى ئېھتىمال. ئاندرونوپ دىڭلىڭلىرى ئەۋلادلىرى سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان. بەن گۇنىڭ «خەننامە» ناملىق كىتابىنىڭ «سۇئۇ شەجەرىسى» قىسمىدا: «دىڭلىڭلار ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى

دېڭىز (بايقال كۆلىنى كۆرسىتىدۇ — ئاپتور) ساھىلىدا ياشايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» نىڭ 30 ـ جىلدىدا شىمالىي دىڭلىڭلاردىن باشقا يەنە يارىش يارىقى (جۇڭغارىيە) ۋە يەتتە سۇدا ياشىغۇچى دىڭلىڭلار توغرىسىدىمۇ بىر قەدەر ئېنىق جۇغراپىيىلىك مەلۇمات بېرىلگەن. «ۋېي خانلىقى تەزكىرىسى» (魏略) «غەربىي بەدەۋىلەر شەجەرىسى» قىسمىدا كانگيىنىڭ شىمالىدا، يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا دىڭلىڭلار بار، بۇ «غەربىي دىڭلىڭلار» دەپ يېزىلغان. چاۋاننېس (chavannes) دىڭلىڭلارنى شىمالىي دىڭلىڭلار ۋە غەربىي دىڭلىڭلار دەپ ئاتاش سۇنئىي بولۇپ، ئەسلىدە ئۇلار بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ كۆرسەتكەنىدى. سوۋېت ئېتنوگرافى ئارخېئولوگلىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ئارقىلىق شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ئوڭگا دەرياسىدىن يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغىچە بولغان جايلاردا دىڭلىڭلار ياشىغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدىكى «شىمالىي دىڭلىڭ» ۋە «غەربىي دىڭلىڭ» قەبىلە ناملىرى ئەسلىدىن بىر خەلقنىڭ نامىدىن ئىبارەت ئىدى. ئامېرىكا تارىخچىسى مىككوۋېرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئېگىز ھارۋىلىقلار — خۇيخېلار (回纥) دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بولغان دىڭلىڭلار «ھىند ـ ياۋروپا تىلى»دا سۆزلىشىدىغان ئارىيانلاردىن ئىدى. ئۇلار كېيىن تۈركىي تۈس ئالغان. «خەننامە»نىڭ 94 ـ جىلدىدا گۇاجۇ (瓜州 داش ئاتا)نىڭ غەربىي شىمالىدا خۇجيەلەرنىڭ بارلىقى، ھۇنلارنىڭ رولان (كروران)، خۇجيە (قوجۇ ئۇيغۇرلىرى)، ئۇسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ئەلنى بېسىۋالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن چېكىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىش بولسا كېرەك. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نىڭ 98 ـ جىلدىدا دىڭلىڭلار بىلەن خۇجيەلەرنىڭ بىر پۈتۈن خەلق

ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ ئېگىز هارۋىلىقلار دەپ ئاتالدى . «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 217 - جىلدىدا گاۋجۇي — گاۋگۇي (ئېگىز هارۋىلىقلار)نىڭ Ⅶ ئەسىردىكى مەشهۇر ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن .

هازىرقى كۇندە ئۇسۇن قەبىلىلىرىنى هۇنلار تەسىرىدىكى «هىندى - ياۋروپا تىلى»دا سۆزلەشكۇچى خەلق ئىدى دېگۇچىلەر كۆپەيمەكتە . كىرائۇسي ، چارپىنتىر قاتارلىقلار «خەننامە»دە ئۇسۇنلار «كۆك كۆز ، قوڭۇر چاچ» ئىدى دېگەن مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ ، ئۇلارنى كاۋكاز تىپىدىكى ئاق جىنىس خەلق بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىشماقتا . «خەننامە ، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇسۇنلار ئۇلۇغ ياۋچىلار بىللە دۇنخۇاڭ (داش ئاتا) ئەتراپىدا ياشىغان دەپ يېزىلغان . شۇ كىتابنىڭ «هۇنلار تەزكىرىسى» قىسمىدا ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە ئۇسۇنلار گۇاجۇ (دۇنخۇاڭ)دا ياشىغان دەپ تەكىتلەنگەن . ئۇسۇنلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسيادىكى كانگىيە ، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر تۇركلىرىگە سىڭىپ كەتتى . بىر قىسمى كاڭگەيسەن تاغلىرى بىلەن كىنتى تاغلىرى ئارىسىدىن ، ئورخۇن ۋە تورا دەريالىرى ساهىلىدىن جەنۇبىي ئالتايغا يۆتكەلگەن كەرەي ، نايمان ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ هازىرقى قازاق مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى .

ياۋچىلار «خەننامە»دە كۆرسىتىلگەن «ئورا كۆزلۈك ، بومبا ساقاللىق ، ئاق يۈزلۈك» غەربىي يۇرت تىپىدىكى خەلق ئىدى . بەزىلەر ياۋچى - توخارلارنى ئۇلارنىڭ «توخرى» دەپ ئاتىلىشىغا قاراپ «تۇغلى» ئىبارىسىگە ۋە ئۇنى دىڭلىڭ — «تۇغلۇق» ئىبارىسىگە باغلايدۇ . ياۋچىلارنىمۇ ئاندرونوپ — ئارىيان تىپىدىكى خەلق دېگەن كۆز قاراش هېلىمۇ ئۇستۇنلۇككە ئىگە . كۇشان — ئۇلۇغ ياۋچى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالتۇن ئاقچىلىرىدا ئىپادىلەنگەن كۇشان خانلىرىنىڭ تۇسىگە قاراپ گاردىنېر ۋە

www.uyghurkitap.com

كېيىنكىلەر كۆشانلارنى «تۈرك قىياپەتلىك كاۋكاز تىپىدىكى خەلق» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتى. لېكوك تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان بۇددا تام رەسىملىرىگە قاراپ ئۇنىڭدا «كۆكۈش كۆزلۈك، ئاق يۈزلۈك» كىشىلەر تەسۋىرلەنگەن، دېگەنىدى.

بىرىنچىسى، تام ياۋچىلار بىلەن ئۇيغۇر - ئوغۇزلارنى بىر خەلق دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ تۈركمەنلەر ۋە قىرغىزلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ماقالىلىرىدە تۈركمەنلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسىنى ئۇيغۇر - ئوغۇزلار بىر مىللىي ئېتنىك گەۋدە دېگەن قاراش ئاساسىدا ئىزاھلىغان. ئۇ كاۋكاز قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ھۇن ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ تۈركمەنلەرگە يېقىنلىقىنى، ھۇنلاردا باش سۆڭەكنى كىچىكىدە زاكىلاپ ئۆزگەرتىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى، مۇنداق ئادەتنى بولمىغان ئۇيغۇرلار كېيىنچە بۇ ئادەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بىرىنچىسى، تام تۈركمەنلەر — ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ياۋچىلار ۋە ساكلارغا باغلايدۇ. ئۇ تۈركمەن رىۋايەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە» ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، جۈملىدىن «سۈينامە» 84 - جىلدىكى ئوغۇزلارغا ئائىت خاتىرىلەر بىلەن Ⅷ ئەسىردىكى توخارچە ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ، تۈركمەنلەرنىڭ كونا يۇرتلىرى ئىسسىقكۆل بويىدا بولغانلىقى، تۈركمەنلەر بىلەن ئۇيغۇرلاردا ئورتاق ئىسىم ۋە ئورتاق خان — ئوغۇزخان بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىرىنچىسى، تام تۈركمەنلەرنىڭ بىۋاستە ئاتا - بوۋىسى تۈركلەشكەن ئۇيغۇر - ئوغۇزلار دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. بىرىنچىسى، تام ئوغۇزخان ئوبرازىنى باتۇر تەڭرىقۇت ۋاقتىدىمۇ مەۋجۇت بولغان قەدىمكى ئوبراز ئىدى، دەپ كۆرسەتسە، تولىستوف «ئوغۇز شەھەرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە سىر دەريا بويىدا ئوغۇزلار ھۇن — ياۋچىلار زامانلىرىدا

(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ — Ⅳ ئەسىرلەر ) پەيدا بولغان دەپ كۆرسىتىدۇ .

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى ، ئورخۇن - يەنسەي ئابىدىلىرى ئۇيغۇر - ئوغۇز تىل گۇرۇپپىسى لەھجىسىدە يېزىلغان . كۆكتۈرك خانلىرى ھەشەمەتلىك شەھەر - قەلئە مەدەنىيىتى مۇھىتىدا تۇرغان زامانلىرىدا ئۇيغۇر - ئوغۇز تىلىنى خانلىق تىلى قىلغان . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقىتلاردىمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى . مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق تىل خەزىنە كىتابىنىمۇ ئاساسلىقى ئۇيغۇر — ئوغۇز — تۈركمەن تىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ يازغان . «ئوغۇزنامە» ، «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇل ھاقايىق» داستانلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر - ئوغۇز تىلى بويىچە ، باشقىچە ئېيتقاندا ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى بويىچە يېزىلغان . بىز تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىدىكى قەدىمكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۇيغۇر — ئوغۇز — قارلۇق ئېتنىك ناملىرىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرىمىز . پۈتكۈل چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىنىڭ بىر دەۋرىنى تەشكىل قىلدى . بۇ دەۋردە ئالتۇن ئوردا تۈركىي ئەدەبىياتىدىمۇ «ئۇيغۇرىزىم» (سامايلوۋىچ سۆزى) ئۈستۈنلۈكنى ئالغان بولۇپ ، مۇھەممەت خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى ، رابغوزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نەزمە - نەسرى ئەسىرى ، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «ھېكمەتنامە» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن . موڭغۇل خانلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىغا ھېرىسمەن بولغانىدى . بۇنىڭ ئاقىۋىتى سۈپىتىدە بىر قىسىم موڭغۇل ئەۋلادلىرى تۈركلىشىپ كەتتى . تۈركلەشمىگەن موڭغۇللار تاكى كەڭ موڭغۇل يايلاقلىرىغىچە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىشتى .

تېلى بىلەن تۆلۆس ئىبارىسىنىڭ بىر ياكى بىر ئەمەسلىكى

ھېلىمۇ ئىنقىلانمىغان بىر سىر . رادلوف ۋە يامسۇنلار ئۇنى بىر دېسە ، بارتولد ۋە مىلىئۇرانسكي مۇنداق دېيىشتىن شۇبھىلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ . ما چاڭشۇ «كۆكتۈركلەر ۋە كۆكتۈرك خانلىقى» ناملىق كىتابىدا : «دىڭلىڭ ، سۇلى (敕勒) ، ئېگىز ھارۋىلىقلار ، تېلىلار دېگەن ناملار بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ . «سۈينامە ، پېيجۇ ( 裴矩 ) تەزكىرىسى» دا ئېگىز ھارۋىلىقلار دۆلىتى «تېلى دۆلىتى» دەپ ئېلىنغان . ئورخۇن ئابىدىلىرىدە «تېلېس» سۆزى ئىشلىتىلگەن .

ھازىرقى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك نامى موڭغۇل نەسەبىدىن بولغان ئۆزبېك خاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوراللىق دەشتى قىپچاق ئۆزبېكخان قوۋمىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە شىمالىي خوراساننى ئىستېلا قىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ، ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى يەنىلا قىسمەن سوغدى ـ توخار ، ئاساسەن ئوغۇز — تۈركىي خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر - ئوغۇز تىلى گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن يېقىنلىقى روشەن . ئەگەر كېيىنكى زامانلاردا يەتتە سۇ ۋە قىپچاق دالاسىدىكى قىپچاق تىللىرى موڭغۇل ۋە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپ قېتىم ئۇچرىغان بولسا ، ئۆزبېكخان قىپچاقلىرى ئېتنىك جەھەتتە پۈتۈنلەي يەرلىك «كونا ئۆزبېك» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر - ئوغۇز تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە سىڭىپ كەتتى . دەرۋەقە ، مۇستەقىل ئۆزبېك خانلىقى ۋە قازاق خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ، خۇددى ۋىلادىمىرزوف ئېيتقاندەك چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىنكى ھادىسە بولدى .

شۇ نەرسىنى تەكىتلەش ھاجەتكى ، قىپچاق ۋە ئۇيغۇر - ئوغۇز تىللىرىلا ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك گەۋدىسى ھېچقانداق ئەزەلىيلىككە ئىگە ئەمەس . ئۇ تارىخىي يوسۇندا ئۆزگىرىپ

بارغان كۆپ قاتلاملىق ئۇزاق جەريانىنىڭ مەھسۇلى. بۇ خەلقلەرنىڭ ئاساسىي ئورتاقلىقىنى، قىسمەن پەرقلىرىنى، مۇنداق ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. مىللەتلەر تارىخى، بولۇپمۇ قېرىنداش مىللەتلەر تارىخى ئۆزگەرمەس قېلىپتىن چىققان خىش بولماستىن، بەلكى ھەممىشە ئارىلىشىپ تۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق تارىخىي ئېقىندىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۈچىنچى باب

# تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەتلەر ۋە ھېكايەتلەر

## 1 . «ئالتۇنباش بۆرە» سىمۋولى ۋە «ئوغۇزنامە» ئېپوسى

قەدىمكى تارىخ تەتقىقاتىدا خەلق فولكلورى ، ئەپسانە ، رىۋايەت ، قەھرىمانلىق ئېپوسى ، جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ، قىيا رەسىملىرى ، ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارنىڭ رولى چوڭ . ئېيتىش كېرەككى ، قەدىمكى خەلق فولكلور خەزىنىسى ئەپسانە ، ئاساسسىز دەپ قارىلىپ ھازىرغىچە چەتكە قېقىلىپ كەلدى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، تارىخ بىرىنچىدىن خەلقنىڭ تارىخى ، تارىخ خەلق ياراتقان مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ئۆچۈر تارىخى ، بۇنداق فولكلور مەدەنىيىتى خەلق تارىخىنىڭ مەلۇم قىسمىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ . ئىككىنچىدىن ، تارىخ بىز مۆلچەرلىگەندىن تېخىمۇ قەدىمى ، تېخىمۇ ھەرىكەتچان بولۇپ ، ھەممىنى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما مەنبە بويىچە ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ .

ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى تارىخىغا ئائىت رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر سانسكرىت (براخمان ، بۇددا ) فولكلورى ، ئىران

فولكلورى ، يەرلىك خەلقلەر فولكلورىدا ساقلانغاندىن باشقا گرېك ۋە جۇڭگو ئاپتورلىرى ئەسەرلىرىدە قىسمەن ساقلانغان. بۆرە ئەپسانىسى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تىپىك ئەپسانىدۇر.

جۇڭگو يىلنامىلىرىدە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئالتۇنباشلىق بۆرە، كۆك بۆرە ۋە بۆرىگە ياتلىق قىلىنغان مەلىكە توغرىسىدىكى قەدىمكى ئەپسانىلىرى خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ ئەپسانىلەر بايقال كۆلى، يەنسەي ۋادىسى، ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى، خېشى كارىدورى، تارىم — تەكلىماكان بويلىرى، پەرغانە — چۇ ۋادىلىرى، يەتتە سۇ رايونىدا بۆرە توتېمىنىڭ تارىخىي ئورتاقلىقىنى قىسمەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: جۇ موۋاڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى X ئەسىرلەردە) شىمالدىكى چۇەن رۇڭ (犬戎) قەبىلىلىرىگە يۈرۈش قىلغاندا تۆت ئاق بۆرە ئېلىپ قايتقانمىش. بۇ ئېهتىمال بۆرە باشلىق قەبىلە تۇغلىرىنى ئولجا ئالغانلىق بولسا كېرەك.

«جۇنامە. كۆكتۈرك تەزكىرىسى»دە بۆرە توتېمى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت ساقلانغان: كۆكتۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى هۇنلارنىڭ شىمالىدىكى سۇ ئېلى (索国)دا ياشىغان بولۇپ، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى ئاپاڭبۇ (阿谤步) دېگەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاغا - ئىنىلىرى ئون يەتتە كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىجىنىشتۇ (伊质泥师都) دېگەن بىرى بار ئىكەن. ئاپاڭبۇ ئەقىلسىزلىقىدىن ئېلىنى يوقىتىپتۇ. ئىجىنىشتۇ زېرەك بولۇپ، ئۇ هاۋاغا هۆرۈپ يامغۇر بىلەن بوران پەيدا قىلالايدىكەن. ئۇ ياز تەڭرىسى ۋە قىش تەڭرىسىنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلىنىپ تۆت ئوغۇللۇق بوپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق تۇرنىغا (白鸿) ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يەنە بىرى ئاقايان دەرياسى (阿辅水) بىلەن قاما دەرياسىنىڭ (剑水) ئارىلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ قىرغىز (契骨) دەپ نام ئاپتۇ. ئوغۇللارنىڭ يەنە بىرى زىئاگىل (处折水) دەرياسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ ئەڭ چوڭى نادىلو ( 纳都六 ) دېگەن بولۇپ، جەنسكۇكەش ( 践斯知折施山 ) تېغىدا جايلىشىپتۇ. كېيىنچە چوڭ ئوغۇل خوجا سايلىنىپ قالغانلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى «كۆكتۈرك» دەپ ئاتىشىپتۇ.

چىلوشىنكوف «قازاق ـ قىرغىز تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە سىبىرىيە خەلقلىرى ئارىسىغا تارقالغان مۇنداق بىر ئەپسانىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ يۇقىرىدىكى ئەپسانىگە يېقىنلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: قەدىمكى زاماندا سىدۇخان دېگەن كىشى بولۇپ ئاسمانخان قىزىغا ئۆيلىنىپ تۆت ئوغۇل كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئاقغازخان بولۇپ ئالتاينىڭ شىمالىدىكى ئابۇ (ئوب — ئاپتور) دەرياسى بىلەن گەن (خېم، يەنسەي — ئاپتور) دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا يۇرت سورىغان. ئۇنىڭ ئېلى خاكاس ئىدى. يەنە بىرى قارا ساقال ( 黑胡 ) بولۇپ ئاقخا دەرياسى بىلەن يەنسەي دەرياسى ئارىلىقىدا خان بولغان. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى شۇيىسى بولۇپ چۇ دەرياسى ساھىلىدا خان بولغان. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى نادىلوش بولۇپ چۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا خان بولغان. ئۇ كۆچىيىپ باشقىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ چوڭ خان بولغان ۋە نامىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان.

روشەنكى بۇ ئىككى مەنبەدە بىر رىۋايەت سۆزلەنگەن.

«جۇنامە. كۆكتۈرك تەزكىرىسى»دە بۆرە توتېمى يەنە مۇنداقمۇ ھېكايە قىلىنىدۇ: ھۇنلارنىڭ بىر تۈرى بولغان كۆكتۈركلەرنىڭ ئۇرۇق نامى ئاسىنا بولۇپ، ئۇلار قوشنا قەبىلىلەر بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ، پۈتۈن نەسلى قۇرۇپ كەتكەنىدى. پەقەت ئارىدا ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالىلا ئامان قالغان. غالىب قەبىلە قوشۇنلىرى بۇ بالىنى سەبىي كۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتمەي پۇت ـ قولىنى كېسىۋېتىپتۇ، ھەمدە بىر ئۆسكىلەڭ چۆپلۈككە تاشلىۋېتىپتۇ. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ

يېنىدا بىر چىشى بۆرە پەيدا بولۇپ، بالىنى گۆش يەتكۈزۈپ بېرىپ بېقىشقا كىرىشىپتۇ. بۆرە بۇ بالىدىن ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ. ھېلىقى غالىب ئەلنىڭ خانى يوقىتىلغان خەلقتىن بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئادەم ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر يېنىدا ياتقان بۆرىنىمۇ ئۆلتۈرمەك بولغاندا، بۆرە قوجۇ دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. بۆرە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭىيىپ سىرتتىن ئۆيلىنىپ كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئاسىنا ئىكەن.

بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ئەپسانە بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئۇيسۇن خانى كۇنمىنىڭ (昆莫) بۆرە تەرىپىدىن ئاسرىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

توخار (ياۋچى)لار چىلىيەنشەن — دەشتئاتا (دۇنخۇاڭ) ئارىلىقىدا ياشىغان چاغلىرىدا قوشنا قېرىنداش ئەل ئۇيسۇن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ ناندۇ ھېكىنى ئۆلتۈرۈپ، زېمىنىنى بېسىۋالىدۇ. ئۇيسۇنلار ئىلى ۋادىسىغا كۆچىدۇ. بۇ چاغدا ناندۇنىڭ ئوغلى كۇنمى بوۋاق بولۇپ، چۆلدە ئىگە ـ چاقىسىز قالغانىدى. ھۇن تەڭرىقۇتى چۆلدە بىر بوۋاقنى چىشى بۆرە ئېمىتىپ بېقىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپىدا قۇشلار گۆش يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سېھىرلىك بىلىپ، ياخشى كۆرۈپ بۇ بوۋاقنى بېقىۋالىدۇ. كۇنمى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەھۋالنى چۈشىنىدۇ ۋە ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۇن قوشۇنلىرىنىڭ ياۋچىلارغا قارشى يۈرۈشىگە قاتنىشىدۇ. بۇ چاغدا ياۋچىلارمۇ ئىلى ۋادىسىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. كۇنمى ياۋچى خانىنىڭ بېشىنى ئېلىپ باش سۆڭىكىدىن شاراپ ئىچىدىغان جام ياساتقان ۋە ياۋچىلارنى باكترىيە تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان.

بۆرە سىمۋولىغا بېغىشلىغان ئەپسانىلەرنىڭ بىر ۋارىيانتى ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان: ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، بىر تاغنىڭ قاپتىلىدا قامىلىپ ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كەپتۇ. مۇشۇ ھالەتتە تۇرغاندا بىر بۆرە پەيدا بولۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ بىر غارغا كىرىپتۇ. ئۇزۇن غارنىڭ نېرىقى چېتىدىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان بىر يايلاققا چىقىپتۇ. بۆرە ھالاكەتتىن قۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بۆرىنى ئىلاھىي ھايۋان ھېسابلاپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن سېغىنىدىغان بوپتۇ.

جۇڭگونىڭ «جۇنامە»، «سۈينامە» ۋە «تاڭنامە» قاتارلىق يىلنامىلىرىدە تۈرك — ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئالتۇنباش بۆرە[1] بەلگە قىلىنغان بايراقنى خادىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ يېنىغا قاراۋۇل قويىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەنگەن. «جۇنامە» 50 - جىلد، «سۈينامە» 84 - جىلدلاردا بۇنى «ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق بېشارىتى» دەپ ئىزاھلانغان.

بىز ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل تۇغۇلسا «بۆرە» دەپ ئىشارەت قىلىنىدىغانلىقىنى، بۆرە توپۇقىنى تۇمار ئورنىدا ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

ئۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن بۆرە ئوبرازى تېپىلغان. 1969 — 1970 - يىللىرى ئالما ئاتا يېنىدىكى ئېسىكى قورغاندىن تېپىلغان مىلادىيىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرىكى ئالتۇن كىيىمنىڭ ياقا - ئېتەكلىرىگە، كەمەرلىرىگە بۆرە بېشى توقا قىلىنغان. كۆلتېكىن ئابىدە تېشى ئۈستىگە بۆرە بېشى نەقىشى چېكىلگەن. مەن بارىكۆلدىكى بىر قەدىمكى قەبرىگە دەپنە قىلىنغان كىشىنىڭ باش تەرىپىگە بۆرە بېشى بىللە

① بۆرە دېگەن سۆز خەنزۇ مەنبەلىرىدە يەنە «附离» دەپمۇ يېزىلغان.

كۆمۈلگەنلىكىنى كۆردۈم . تاجىكىستاننىڭ قەلئەئىي كاخكاخ تېمىغا ئىككى ئوغۇلنى ئېمىتىۋاتقان چىشىي بۆرە تەسۋىرى سىزىلغان .[1] روسىيە ئارخېئولوگلىرى موڭغۇلىيىدىن بىر ئىبادەتخانا خارابىسىنى قېزىپ تاپقان كەمەر توقىسىغا بىر ئانا بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل ئېمىپ تۇرغانلىقى چېكىلگەن . 1955 ـ يىلى موڭغۇلىيە خاڭگاي ئۆلكىسىدىن بىر ئابىدە تېپىلغان . ئۇنىڭغا ئانا بۆرىنى ئېمىپ تۇرغان بالا شەكلى چۈشۈرۈلگەن .

ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر نوقۇل بۆرىگىلا ئەمەس ، يەنە باشقا نەرسىلەرگە — لاچىن — شۇڭقارغىمۇ سېغىنغان . شۇنىڭدەك ، بۆرە توتېمى ئۇيغۇر — تۈركىي خەلقلەردىن باشقا خەلقلەرگىمۇ ئېتىقاد ئالامىتى بولغان . بىز قەدىمكى نېمىسلار (گېرمان قەبىلىلىرى )نىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى كىتلېخنىڭ ئۆزى ئېمىپ چوڭ بولغان ئانا بۆرە قامىلىسىدە ئۆزىنى «بۆرە كىتلېخ» دەپ ئاتىغانلىقىنى ، سوغدىلارنىڭ «ۋىرك» ، پارسلارنىڭ «ۋىركانە» ، ئۇدۇن — ساكلىرىنىڭ «بىرىگە» دېگەن ئىبارىلىرى «ئاۋېستا»دا «ۋېھركا» دەپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز . سلاۋىيان خەلقى «ۋولك» ، ئانگىلو ـ ساكسونلار «ۋولف» دەپ ئاتەتلەنگەن «بۆرە» سۆزى قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى بۆرىنى ئېمىپ چوڭ بولغان قوشكېزەكلەر — رومۇلۇس بىلەن رېمۇس رىۋايىتى رىملىقلارنىڭ ئانا بۆرىگە بولغان ئېتىقادىنى ئىسپاتلايدۇ . ئىندىئانلاردا خېلى نۇرغۇن قەبىلىنىڭ بۆرە توتېمى بولغانلىقى بۇ خىل ھادىسىنىڭ يىراق كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى گېنېئالوگىيىلىك ئاساسلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

ئەلۋەتتە ، بۆرە ھەرقايسى دەۋرلەردە پەرقلىق ئېتىقاد سىمۋولى قىلىنغان . ئۇ يالغۇز شەپقەتلىك ئانا بولۇپ قالماي ،

---

[1] ك . پوگاچېنكوۋا ، ل . رېمپىل : «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىنىڭ ئوچېركلىرى» ، موسكۋا ، 1982 ـ يىل رۇسچە نەشرى ، 138 ـ بەتكە قاراڭ .

يەنە جەڭ مۇئەككىلى ھېسابلانغان . ئاشخابات يېنىدىكى قەدىمكى فارفىيە (ئارشاك ) تام رەسىملىرىنىڭ بىرىدە ئاتلىق قوغلاش ئىلاھى — مەرگەن تەڭرى ئوقيا ئېتىپ ، نۇر چېچىپ كېتىۋاتقان ئالدىدىكى قېچىپ كېتىۋاتقان بۇغا ، كېيىك قاتارلىق ھايۋانلار ئارىسىدا قارا بۆرە ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بىر كۆرۈنۈش بار .

يىغىنچاقلىغاندا ، بۆرە توغرىسىدىكى مەنبەلەر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى بىر توتېمى بولۇپ ، ئۇ كۆك تەڭرىنىڭ زېرەك ۋەكىلى ، جەڭ مۇئەككىلى ، خەلق قىسمەتلىرىنىڭ خاتىرىسى ، نەسەپ تامغىسى ، نىجادىيەت بېشارىتى ، شەپقەت سىمۋولى ، ئۈمىد ئالامىتى قىلىنغان . مۇنداق ئىلاھلاشقان سىمۋول ئانا ئۇرۇقى جامائەسى يىمىرىلگەن ، ئاتا ئۇرۇقى ھوقۇقچىلىقى ۋە ھەتتا سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللەنگەن دەۋرلەردىمۇ يەنىلا «ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىق» ئالامىتى بولۇپ قېلىۋەرگەن .

بۆرە سىمۋولى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا تېپىك ئىپادىسىنى تاپقان .

* * *

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئېپوسلار ئىچىدە ھازىرغىچە ئىخچام شەكىلدە يېتىپ كېلەلىگىنى شۈبھىسىز «ئوغۇزنامە»دىن ئىبارەت . بىرىنچىسى، بۇ ئېپوسنىڭ ھۇن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى مەشھۇر خاقانى باتۇر تەڭرىقۇت زامانىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى ، دەپ ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى تەكىتلەيدۇ .

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئىلىم دۇنياسىدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردە قەلەمگە ئېلىنغان (يازما ئەدەبىيات شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن ) بىر قانچە خىل نۇسخىلىرى مەۋجۇت . XIV ئەسىردە ياشىغان ئىران

تارىخچىسى راشىدىن «جامىئۇلتاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، XV
ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى مىرخەند «رەۋزە
تۇسساپا» ناملىق ئەسىرىدە، XVI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر
تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»
ناملىق ئەسىرىدە، XVII. ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيا
تارىخچىسى ۋە خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى
تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ
پراگمېنتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشقانىدى. 1669 - يىلى
يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك»دىكى «ئوغۇزنامە» تېكىستى
ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە نۇسخا تېكىستلەر ئاساسىدا ئاپتور
تىلى بويىچە ھېكايە قىلىنغان ئەڭ ياخشى نۇسخا بولغانلىقى
ئۈچۈن 1815 - يىلى نېمىس ئالىمى دېنتىس بۇ تېكىستنى
نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. 1890 - يىلى ۋ. ۋ.
رادلوف بۇ ئەسەرنىڭ فوتو سۈرەتلىك نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى.
1912 - يىلى ئەخمەد زەكى ۋەلىدى توغان، 1928 - يىلى رىزانۇر
بۇ ئەسەرنىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقتى. ئانچە ئۆتمەي
«ئوغۇزنامە»نىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېخىمۇ قەدىمكى
نۇسخىسى پ. پېللىئوت (P. Pelliot) تەرىپىدىن تۇرپاندىن
تېپىلدى. ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئارسلانخان — ئىدىقۇت زامانىدا
XIII ئەسىردە كۆچۈرۈلگەنلىكى پەرەز قىلىنغان بۇ نۇسخا 21
ۋاراق 42 بەتلىك ھەجىم بىلەن پارىژ مىللەتلەر كۇتۇپخانىسىدا
ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا خۇددى تۇرپاندىن تېپىلغان «ئالتۇن
يارۇق»، توختام - ۋەسىقىلەر، «تۇرپان تېكىستلىرى»
تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن باشقا قوليازمىلاردەك ئىسلام
مەدەنىيتى تەسىرىدىن ناھايىتى ئىلگىرىلا كۆچۈرۈلگەنلىكى
بىلەن باشقا نۇسخىلاردىن زور پەرقلىنىدۇ. پېللىئوت 1930 -
يىلى بۇ نۇسخىنى ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ ئېلان قىلغاندىن
كېيىن، بۇ ھەقتە 1932 - يىلى ۋ. بانگ (W. Bang) ۋە رەشىد

www.uyghurkitap.com

رەھمەتى ئارات (Rashid Rachmati Arat) خاس ئەسەرلەر يازدى. بۇ نۇسخا فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، تۈركچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا ئېلان قىلىندى. 1959 ـ يىلى ئا. م. شىرباك «ئوغۇزنامە»نىڭ سلاۋيانچە يېزىقتىكى ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەپ چىقتى. ئۇنىڭغا رۇسچە تەرجىمىسىمۇ ئىلاۋە قىلىنغاندى.

شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، تۇرپاندىن تېپىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» ئېپوسى بىلەن ئوبۇلغازى باھادىرخان تەرىپىدىن يېزىلگەن «ئوغۇزنامە» ئېپوسى تىل ۋە ۋەقەنىڭ تارىخىي ئالامەتلىرى جەھەتتە كۆپ پەرقلىنىدۇ. ئوبۇلغازى باھادىرخان «ئوغۇزنامە»نى ئىسلام شارائىتىغا، ئۇنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى ئۆزى ياشىغان دەۋر كىتابخانلىرىغا لايىقلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن پېللىئوت نۇسخىسىدىن كۆپ سۇنئىيدۇر. بۇ ھال بىزگە، پېللىئوت نۇسخىسى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ تۇنجى ياكى ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى ئەمەسلىكىنى مۆلچەرلىشىمىزگە، ئۇنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە ئۇزاق زامانلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەندىن كېيىن، بىر قانچە خىل ھېكايەت شەكلىدە يېزىققا ئېلىنغانلىقىنى مۆلچەرلىشىمىزگە، بۇ نۇسخىنىڭ شۇ خىل يېزىق نۇسخىلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخا ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىشىمىزگە پاكىت بولۇپ بېرىدۇ.

كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورۇپ ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇل ئانا كۆكسىدىن بىر يۇتۇم ئوغۇز سۈتىنى شوراپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەممىدى. زۇۋانىغا كېلىپ ئۈمىلىدى. مېڭىپ ـ يۈرۈپ يىگىت بولدى. بۇ يەردە بىر زور ئورمان بولۇپ نۇرغۇن دەريا (مۆرەن)لار، ئېقىنلار (ئۆگۈز) بار ئىدى. ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلار ياشايتتى. بىر كۈنى ئوغۇز قاغان ئاسماندىن

(كۆكتوٗن ) چوٗشكەن نوٗر (يارۇق )نى كۆردى . نوٗر ئىچىدە بىر قىز توٗراتتى . قىزنىڭ يوٗزىدە يالقوٗن چىقىرىپ توٗرغان (ئاتەشلوٗق ) بىر مېڭى بار ئىدى . ئوٗ قوٗتوٗپ يوٗلتوٗزىغا (ئالتوٗن قازۇق ) ئوخشايتتى . قىزنىڭ گوٗزەللىكىدىن (كۆرۈگلوٗك ) كۆك تەڭرىسى كوٗلەر ئىدى . ئوغوٗز قاغان ئوٗ قىزنى ئالدى . قىز هامىلىدار (تۆل ـ بوغاز ) بولدى . ئوٗچ ئوغوٗل توٗغدى . بوٗلارغا كوٗن ، ئاي ، يوٗلتوٗز دېگەن ئات قويدى . ئوغوٗز قاغان ئوۋغا چىقىپ بىر كۆلنىڭ ئىچىندىكى بىر دەرەخنى (ياغاچنى ) كۆردى . دەرەخنىڭ قوۋزىقىدا بىر قىز بار ئىدى . ئوغوٗزخان ئوٗ قىزنى ئالدى ، ئوٗ ئوٗچ ئوغوٗل توٗغدى . ئوغوٗزخان بوٗلارغا كۆك ، تاغ ، دېڭىز (تەڭىز ) دەپ ئات قويدى . ئوٗنىڭدىن كېيىن ئوغوٗزخان چوڭ (بەدۇك ) توي قىلدى . ئەلگە يارلىق چىقاردى . قىرىق شىرە ، قىرىق ئورۇندۇق ياساتقوٗزۇپ (چاپتوٗرۇپ ) ، توٗرلوٗك ئاشلار ، سوٗرمەلەر ، چوبيانلار ، قىمىزلار تەييارلاتتى . تويدىن كېيىن (سوڭ ) ، ئوغوٗزخان بەگلەرگە ، جامائەتكە (ئەل ـ كوٗنلەرگە ) موٗنداق يارلىق قىلدى :

مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان ،
ئاللالىڭ يا تاكى قالقان .
تامغا بىزگە بولسوٗن بوٗيان ،
كۆك بۆرە بولسوٗنغىل ئوران .
تۆموٗر (تەموٗر ) نەيزە (يىدە )لەر بول ئورمان ،
ئاۋ يېرىدە يوٗرسوٗن قوٗلان .
تاكى تالوٗي (دېڭىز ) تاكى موٗرەن ،
كوٗن توٗغ بولغىل كۆك قورىقان (قورغان ) .

ئوٗنىڭدىن كېيىن ئوغوٗزخان تۆت تەرەپكە (سارى ) يارلىق چىقىرىپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى ، ئوٗنىڭدا : مەن ئوٗيغوٗرنىڭ قاغانى

www.uyghurkitap.com

بۇلامەن ، يەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ قاغانى بولسام كېرەك تۇرۇر . . . » دېيىلگەن . ئوغۇزخانغا ئوڭ تەرەپتىن ئالتۇن قاغان ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىزىل ياقۇت سوۋغا قىلىپ بويسۇندى . سول (چوڭ ) تەرەپتە (ياڭاقىدا ) ئۇرۇم قاغان بولۇپ شەھەرلىرى (بالىق ) كۆپ ، چېرىكلىرى كۆپ ئىدى . ئۇ بويسۇنمىدى (باقمادى ) . ئوغۇزخان جەڭگە ئاتلاندى . قىرىق كۈندە مۇز تاغ ئېتىكىگە كەلدى . سەھەردە ئوغۇزخان تۇرغان قورغانغا (قۇرغان ، بارىگاھ ) بىر نۇر چۈشىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆك تۈلۈكلۈك ، كۆك ياللىق بەدۈك بىر ئەركەك بۆرە چىقىدۇ . بۆرە ئوغۇزخانغا سۆز قىلىدۇ . شۇ سۆز بويىچە يۈرۈش باشلىنىدۇ . بۆرە ئاتلىق قوشۇن بىلەن بىللە ماڭىدۇ . يولدا ئىتىل مۇرەن دېگەن بىر تالۇي (چوڭ دەريا ) بار ئىدى . ئىتىل بويىدا ، قارا تاغ ئېتىكىدە ئۇرۇش باشلاندى . ئوق (ئوقيا ) ، يىدە (نەيزە ) ، قىلىچۋازلىق بولدى . ئىتىل قانغا بويالغاندا «ئوغۇزخان باستى ، ئۇرۇم قاغان قاشتى » . ئۇرۇم قاغاننىڭ ئورس بىك ئىسىملىك ئىنىسى بار ئىدى . ئورس بىك ئوغلىنى تېرەن دەريا ئارىسىدا تاغ بېشىدىكى ياخشى بىر قەلئە (بالوق )نى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويغان ئىدى . ئوغۇزخان قەلئەگە يۈرۈش قىلغاندا بۇ ئوغۇل نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سوۋغا قىلىپ : «سەن مېنىڭ قاغانىم ، بۇ شەھەرنى ئاتام ماڭا ياخشى ساقلاشقا تاپشۇرغان ئىدى . بىزنىڭ بەختىمىز (قۇتىمىز ) سېنىڭ بەختىڭ ، مەن مەڭگۈلۈك دوستلۇقتىن چىقمايمەن » دېدى . ئوغۇزخان روھلاندى ۋە ئۇنىڭ شەھەرنى ياخشى ساقلىغانلىقى ۋە ھىممەتلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ساقلاپ » دەپ ئات قويىدۇ . ئىتىل چوڭ دەريا بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشتە قوشۇندا ئۇلۇغ ئوردۇ دېگەن بىر بەگ بار ئىدى . قابىلىيەتلىك ئىدى . ئۇ ياغاچلارنى كېسىپ سال ياساپ قوشۇننى ئۆتكۈزدى . ئوغۇزخان روھلىنىپ ئۇنى مۇشۇ يەرگە قىپچاق بېگى قىلىپ تەيىنلەپ كەتتى . يەنە كۆك تۈكلۈك ، كۆك

يالـلۇغ ئەركەك بۆرىنى كۆردى . بۆرىگە ئىز بېسىپ يۈرۈش قىلدى . بىر كۈنى ئوغۇزخان ئامراق بولغان چوقۇرتەن ئايغىر قېچىپ كەتتى . بۇ جايدا ئۇلۇغ بىر تاغ بار ئىدى ، ئۈستىدە مۇز قاپلىنىپ تۇراتتى . بۇ تاغنى مۇز تاغ دېيىشەتتى . ئات مۇز تاغقا قاچقان ئىدى . ئوغۇزخاننىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتىن (چالاڭ ـ بولاڭدان ) قورقمايدىغان بىر قەھرىمان (قاغاز ) چېرىكى بار ئىدى . توققۇز كۈندە ئاتنى تۇتۇپ كەلدى . ئوغۇزخان روھلىنىپ ئۇنىڭغا «قارلۇق» دېگەن ئاتنى (ئۇنۋاننى ) بېرىپ ، ئۇنى بۇ يەردىكى بەگلەرگە باشلىق قىلىپ قويۇپ كەتتى . يولدا ئىشىكى (تاغامى ) ئالتۇندىن ، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن ، تاملىرى تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئۆي كۆرۈندى . ئۆي قۇلۇپلاقلىق (قاپولۇغ ) بولۇپ ، ئاچقۇچى يوق ئىدى . ئوغۇزخان تېمۇر دوقاغۇل نامىلىق چېرىكىنى چاقىرتىپ سەن مۇندا قېلىپ ، بۇ ئىشىكنى ئېچىپ ماڭا خەۋەر قىل ، ئىسمىڭ «قال ـ ئاچ» بولسۇن دەپ ، يولغا راۋان بولدى . جۇرجىت دېگەن ئەلگە كەلدى . جۇرجىت قاغان ئوغۇز قاغانغا قارشى چىقتى . ئوغۇز قاغان ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى (كەستى ) ، نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە (بارغۇ ) ئىگە بولدى . بۇ نەرسىلەرنى يۈكلىمەككە ئاتلار ئازلىق قىلدى . چېرىكلەر ئىچىدە چوڭقۇر پىكىرلىك بىر بارماقلۇق يۇسۇن بىلىك دېگەن كىشى بار ئىدى . ئۇ بىر هارۋا (قاڭقا ) چاپتى . ھەممە ئەجەبلەندى (شاشتى ) ، يەنە نۇرغۇن هارۋىلار ياساتتى . بۇ هارۋىلار ماڭغاندا «قاڭقا . . . قاڭقا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرغاچقا ئوغۇزخان ئۇڭا «قاڭقا» دېگەن نام بەردى ، هارۋا ياسىغانلارغا «قاڭقالۇغ» («شەجەرىئى تۈرك »دە «قاڭقىلى» دېيىلگەن ) دەپ نام بەردى . يەنە بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سىندۇ ، تاڭغۇت ، شاغام تەرەپلەر (جاڭغاق )گە ئايلىنىپ ، بۇ يەرلەرنىمۇ بويسۇندۇردى . يەنە كۈندۈنكى بۇلۇڭدا باراكا دېگەن جاي بار ئىدى ، ئۇ ھەم باي ھەم ئىسسىق يۇرت ئىدى . ئۇ يەرنى بويسۇندۇردى . كېيىنچە

www.uyghurkitap.com

ئوغۇزخان ئالدىدا ساقاللىرى ئاقارغان ، چاچلىرى مۇزلۇق ، يۇزلىرى ئۇزۇنچاق بىر قېرى (قارت ) كىشى پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۇرك ئىدى . بىر كۈنى ئوغۇزخان چۇشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۇچ كۈمۈش ئوقنى چۇشىدى . ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقا سوزۇلغان ئىدى . ئوغۇزخان كۆرگەن چۇشىنى ئۇلۇغ تۇرككە سۆزلەپ بەردى . ئۇ :

ئۆمرۈك (ياشارغۇ ) بولسۇن ئۇزۇن ،
سەلتىنىتىڭ (تۇرەلىك ) بولسۇن تۇزۇن .
كۆك تەڭرى بەرى چۇشۇمدە كەلتۇرسۇن ،
تالاي تۇرۇر (چەكسىز ) يەرنى ئۇرۇغۇڭغا بەردۇرسۇن

دېدى . ئوغۇزخان بالىلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا : كۆڭلۈم ئاۋۇنى خالاپ تۇرسىمۇ قېرىدىم ، جەسۇرلۇقۇم (قاغاز لۇغۇم ) يوقالدى ، دېدى . ئالتە ئوغلىنى تۇن (غەرب ) ۋە كۈن (شەرق ) تەرەپكە بۇيرىدى . ئۇچ ئوغلى يولدا ياتقان ئالتۇن يانى تېپىپ كەلدى ، ئۇچ ئوغلى يولدا ياتقان ئۇچ كۈمۈش ئوقنى تېپىپ كەلدى . ئوغۇزخان روھلاندى . ئۇلۇغ قۇرۇلتاي چاقىردى . ئۇ ئۇلۇغ ئوردا (بەدۇك ئوردۇ )غا . . . قىرىق غۇلاچ موما قاداتتى ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئالتۇن توخۇ (تاغۇق ) ، ئايىغىغا (ئاداغىغا ) بىر ئاق توشقان (قويۇن ) قويدى . سول يانىغا قىرىق غۇلاچ يەنە بىر موما قادىتىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇ ، ئايىغىغا قارا توشقان قويدى . ئوڭ تەرەپتە بوز ئوقلار ، سول تەرەپتە ئۇچ ئوقلار ئولتۇردى . قىرىق كېچە - كۈندۇز يېيىشتى - ئىچىشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئوغۇللىرىغا يۇرتلارنى تەقسىملەپ بېرىپ سۆز قىلىشقا باشلىدى . . .①

---

① ئېپوس شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغان .

مانا بۇ ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئاساسىي ھېكايەت مەزمۇنى. بىرىنچى دەرىجىلىك تارىخىي قىممىتى تۆپەيلى بىز بۇ ئېپوسنىڭ ئاساسىي ھېكايىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرىئى تۈرك»دە ئوغۇزخاننىڭ قاراخاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئوغۇزخاننىڭ يۇقىرىدا سانالغان ئالتە ئوغلىدىن باشقا ياش خوتۇنلىرىدىن بولغان يەنە تۆت ئوغلىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلاردىن كىنە، كۇنە، تۇر باتلى، كىرايلى، سولتانلى، ئوقلى، كۆكلى، سوجىلى، ھىراسانلى، يۇرتچى، جامچى، تۇرۇمچى، قۇمى، سەرقى، قۇرچۇق، سوراچۇق، قاراچۇق، قازغۇرت، قىرغىز... ناملىق نەۋرىلەر كۆرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.①

«ئوغۇزنامە» ئېپوسى توغرىسىدا ياۋروپا تارىخچىلىرى نۇرغۇن ئەتىجىلىك مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، بۇ قىممەتلىك دەستۇرنىڭ ھەقىقىي سىرىنى تېخى روشەنلەشتۇرگەنلىكى يوق.

«ئوغۇزنامە» نوقۇل ئەپسانە، نوقۇل بەدىئىي تەسەۋۋۇر مەھسۇلى بولماستىن تارىخىي چىنلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تارىخىي بەدىئىي ئەسەردىن ئىبارەت. ئۇ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلاتىدۇر.

«ئوغۇزنامە»نىڭ باش قەھرىمانى ئوغۇزخان تارىخىي شەخسمۇ؟ بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنىڭ ئاساسىي سالمىقى ئوغۇزخان مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە تارىخىي شەخسنىڭ ئەپسانىۋىلەشتۈرۈلگەن تەسۋىرىدىن ئىبارەت دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنداقتا بۇ تارىخىي شەخس زادى كىم؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل مۇلاھىزىلەر بايان قىلىندى. ئى. ماركىۋارت «ئوغۇز قاغان

---

① ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرىئى تۈرك» قازان، 1891 ـ يىل باسمىسى، 18 ـ، 19 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

داستانى ئۇستىدە بەزى مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسىدە بىمەنىلىك بىلەن ئۇنى چىڭگىزخانغا باغلايدۇ. ن. يا. بىچۇرىن «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زاماندا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدا ئومۇمىي مۇھاكىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە ئوغۇزخاننى باتۇر تەڭرىقۇتقا باغلايدۇ. بۇ پىكىرنى قوللىغۇچىلار كېيىنكى چاغلاردىمۇ مەيدانغا چىقىشتى. بېرنىشتام «تۈركمەن مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بەزى مەنبەلەر» ناملىق ماقالىسىدە ھەققانىي ھالدا بۇ خىل قاراشنى رەت قىلىدۇ. بېرنىشتامنىڭ كۆرسىتىشىچە، قۇيان (呼衍) — ئوغۇز قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان باتۇر تەڭرىقۇت گەرچە جاھانگىر قاغانلاردىن بىرى بولسىمۇ، بىراق مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلى ئۆلگەن باتۇر تەڭرىقۇت ئوغۇزخاندىن ناھايىتى كېيىنكى تارىخىي شەخس ھېسابلىنىدۇ.

ھادى ئاتلاس «سىبىرىيە تارىخى» ناملىق كىتابىدا، ئوغۇزخان ھىجرىيە كالېندارىدىن 3400 يىل ئىلگىرى ياشىغان،[①] دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ مىلادىيىدىن XXVII ئەسىر ئىلگىرى دېگەنلىك بولۇپ، قىرغىزلارنى ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ نەسلىدىن بولغان، ئۇ چاغلاردا قىرغىزلار «غىيان - غۇن» (جەن - كۇن) دەپ ئاتىلاتتى، دەيدۇ. بۇ تولىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن مۇھاكىمە بولۇپ قالغان. مىراد رەمزى «تەلفىقۇلئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە: «قىرغىزلار ئەسلىدە ئوغۇزخان ئەۋلادلىرى ئىدى»[②] دەپ يازىدۇ.

مېنىڭچە، «ئوغۇزخان» ئېپوسىنى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەڭ قوراللىرى، توتېم ئېتىقادى، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى خۇسۇسىيەتلىرى، ھېكايىنىڭ

---

① ھادى ئاتلاس: «سىبىرىيە تارىخى»، ئورنبورگ، 1911 - يىل باسمىسى، 20 - بەت.
② مىراد رەمزى: «تەلفىقۇلئەخبار»، ئورنبورگ، 1892 - يىل باسمىسى، 1 - جىلد، 256 - بەت.

جۇغراپىيىلىك يۆنىلىنىشى، قەبىلىلەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار بىلەن ئىزاھلاشنى، باشقىچە ئېيتقاندا، «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ئارقىلىق شۇ ئېپوپېيىنىڭ ئۆزىنى ئىزاھلاشنى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئارقىلىق ئىزاھلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. روشەنكى، ئوغۇزخان قىسسىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 — 2000 - يىللار ئارىسىدىكى ئارىيان — ئاندرونوپلارنىڭ سىبىرىيىدىن ئالتاي تاغلىرىنى كېزىپ جەنۇبقا قاراپ — ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا قاراپ يۈرۈش قىلىشى بىلەن باغلانغان.

«ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەن ئېتنىك تىپ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئاندرونوپ — دىڭلىڭ تىپى بولۇپ، مۇنداق تەسىرگە ئۇچرىغان باتۇر تەڭرىقۇت ۋە تىپىك موڭغۇلوئىد ئادىمى بولغان چىڭگىزخان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئېپوستا ئوغۇزخان: «ئوشۇل ئوغۇلنىڭ ئۆڭلۈكى چىراغى كۆك، ئاغزى ئاتەش قىزىل، كۆزلىرى ئال، چاچلىرى، قاشلارى قارا ئىدى» دەپ، ئوغۇزخان ئالغان قىزنى بولسا: «كۆزى كۆكتىن كۆكراق، چاچى مۆرەن ئوسۇغىدەك، چىشى ئۈنچىدەك» دەپ، ئوغۇزلارنىڭ جەنۇبتىكى قېرى ئۇلۇغ تۈرك بولسا: «ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، ئۇزۇن يۈزلۈك» دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئوبرازلار سوقىچاق يۈزلۈك، قوڭۇر چاچلىق، كۆكۈش كۆزلۈك، بومبا ساقال ئارىيان — ساكلار سىياقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئانتروپولوگىيىلىك مەلۇماتلار بۇ نۇقتىنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلىدى.

«ئوغۇزنامە» ئانىلىق ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ يىمىرىلىپ ئاتىلىق ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەنلىكىنى، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى تۈزۈمىنىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى، قاغانلىققا چىققاندا ۋە مۇھىم ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە قورۇلتاي چاقىرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئېپوستا

www.uyghurkitap.com

كۆككە ، قۇياشقا ، سۇغا ، زېمىنگە بولغان ئېتىقادىكى ھۆرمەت ئېتىقادتىن باشقا جەڭ مۇئەككىلى كۆك بۆرە سىمۇۋولى ئوبرازلاشتۇرۇلغان . بۇ كۆك بۆرە ئېپوستا كۆكتىن چۈشكەن يورۇقلۇق ئىچىدە كۆك تەڭرىنىڭ ئىپادىلىگەن ھامىيلىقى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ . بۇ ھەتتا رەسمىي شامان ئېتىقادى شەكىللىنىش ئالدىدىكى دېئىزملىق (تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ) ئېتىقاد (تەڭرى يالبارغۇ )دىن بېشارەت بېرىدۇ .

ئاتقا يالغۇز مىنىش ۋە قاڭقانىڭ ئىختىرا قىلىنىشى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى يەنە بىر ئاچقۇچلۇق دېتالدىن ئىبارەت . يۇقىرىدىكى بابلاردا بىز هارۋا رەسىملىرى سىزىلغان ئەڭ ئىپتىدائىي قىيا تاش رەسىملىرى ئۈستىدە توختىلىپ ، بەزى ئالىملارنىڭ بۇنى «ئوغۇزخان قاڭقىسى» دەپ ئاتىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندۇق . «ئوغۇزنامە»دا هارۋىنىڭ ئەمدى ئىختىرا قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ ھەيرانلىقتىن روھلىنىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ماڭغاندىكى ئاۋازىغا قاراپ «قاڭقا»[1] دەپ ئىسىم قويغانلىقى يېزىپ قالدۇرۇلغان . هارۋا ياساش ، شىرە ـ ئورۇندۇق ياساش ئېنېئولىت دەۋرى ئاتالمىسى بويىچە «چاپتى» دەپ ئېلىنغان . «تۆمۈر» (تەمۈر ) سۆزى جەڭ قوراللىرىدا ، قالئاچ ئۇنىۋانى ئالغان چېرىكنىڭ ئىسمىدا ۋە تاملىرى تۆمۈردىن ياسالغان ئۆيدە ئۈچ جايدا ئۇچرايدۇ . بۇ ياكى تۆمۈر ئەمدىلەتىن ئىستېمال قىلىنغان مۇھىتنىڭ ئىپادىسى ياكى كېيىنكى نۇسخىلارغا قوشۇلغان ئىبارە بولۇشى مۇمكىن .

«ئوغۇزنامە»دىكى ھەربىي يۈرۈش قەبىلە ۋە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىنلا ئەمەس ، مۇھىمى تارىخىي جەھەتتىمۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىزاھلىنىشى لازىم .

---

① «شەجەرىئى تۈرك»دە «ارابە» (هارۋا) دەپ يېزىلغان .

«ئوغۇزنامە»دىكى ھەربىي يۈرۈش شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ داۋاملىشىپ، ئاخىر «چىراغى قارا» (چىراي قارا) ئىسسىق ھىندىستانغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئېپوستا كۆرسىتىلگەن جايلار مۇنداق: ئوغۇزخان «ئۇلۇغ ئورمان»غا يېقىن جايدا تۇغۇلغان. پېللىئوت نۇسخىسىدا ئاتا ئىسمى ئەمەس، ئانىسى ئاي قاغان يۇرت ئاقساقىلى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ يۇرتتا ھەر خىل قۇش ـ ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، بۇ «بۇندا كەلگەنلەر كېيىك كۆپ ـ كۆپ، بۇندا ئۇچقانلار قۇش كۆپ ـ كۆپ» دەپ يېزىلغان. ھەربىي يۈرۈش مانا مۇشۇ «كۆپ مۇرەن»، «كۆپ ئۆگۈز»لىك جەنۇبىي سىبىرىيىدىن باشلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبتىكى «ئالتۇن قاغان» يۇرتى ئالتاي بويىسۇندۇرۇلۇپ، تېخىمۇ تۆۋەندىكى «ئۇرۇم قاغان» دىيارىدا جەڭ بولىدۇ. بۇ تەگرىتاغلىرىدىن بېشارات بېرىدۇ. يولدا ئۇچرىغان ئىتىل سۈيى ھازىرقى ۋولگا دەرياسى بولماستىن بەلكى مۇز داۋان يېنىدىكى ئىدىل دېگەن جاي بولسا كېرەك. ئىتىل ئىلى دەرياسىنىڭ مۇز داۋاندىن ئاپىرىدە بولغان باش قىسمى ياكى ئاقسۇ، مۇزئارت دەريالىرىنىڭ باش ئېقىنى بولۇشى ئېھتىمال. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىشىدىن كەچۈرگەن كۆپ قېتىملىق يۆتكىلىش نەتىجىسىدە دەريا ـ زېمىن ئىسىملىرى كۆپ قېتىم يۆتكەلگەن. بىز تۇران دىيارىدا بىر قانچە ئاقسۇ، يەركەنت، تاش بېلىق، سۇلى ئۆزەن، ئىدىل ـ ئىتىل، ئانقىرامۇران قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىتىل نامىنىڭ ۋولگىغا تەققاس قىلىنىشىمۇ مۇشۇنداق كۆچۈش ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن. «شەجەرىئى تۈرك»تە: «قىرغىزلارنىڭ بىر تەرىپىدە ئىبىر، سىبىر دېگەن ئىككى يۇرت بولغان، سىلىنگىر ۋە ئەنقارا مۇرەن دېگەن ئىككى دەريا بولغان» دەپ يېزىلغان. ئەمما بۇ ئەنقارا مۇرەننى كىچىك ئاسىيادىكى ئەنقەرە شەھىرى نامى بىلەن قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟! ئىمىل ـ ئىتىل ئالتاي

تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىغا خاس قەدىمكى يەر ـ سۇ نامى ئىدى . كېيىنچە موڭغۇل ـ تاتارلار ۋولگىنى ئىتىل ، دېڭىزنى ئىمىل دەپ ئاتاشتى . فىشېرا (opuwepa) «سىبىر تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئەنقارا مۇرەننى سېرىق دەريا (خۇاڭخې) دەپ مىللېر (г. ф миер) مۇ «سىبىرخانلىقى» ناملىق كىتابىدا ئەنقارا مۇرەننى ئامۇر دەرياسى دەپ ئىزاھلىدى . ھادى ئاتلاس «سىبىر تارىخى»دا ئۇنى ئانگار[①] دەپ يازغان . «ئوغۇزنامە»نىڭ پېللىئوت (تۇرپان) نۇسخىسىدا سىندۇ ، تاڭغۇت ، شاغام ، «باراكا — ماسار قاغان يۇرتى» دېگەنلەر بايان قىلىنمىغان بولۇپ ، بۇ ئېپوسنىڭ كېيىنكى كېڭەيتىلگەن ئۇلانمىسىدەك قىلىدۇ . ئەگەر رىۋايەت دەپ ھېسابلانغاندىمۇ «سىندۇ» شىمالىي ھىندىستاننى ، «شاغام» شام — كەشمىرنى ، «باراكا» قەدىمكى باكتىرىئاينا دىيارىنى كۆرسەتسە كېرەك . بۇ جايلار ئەگەر سۇرىيە — مىسىر دەپ ئىزاھلىنىدىكەن ئېپوس تولىمۇ ئەپسانىلەشتۇرۇۋېتىلگەن بولىدۇ . «ئوغۇزنامە»دە ماسار قاغان پەقەت باراكا ناملىق باي يۇرتنىڭ خانى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان . بۇ خۇددى جاڭ چەننىڭ باكتىرىئايانىغا كېلىپ ئۇنى «باي يۇرت» دەپ تەسۋىرلىگىنىدەك باي يۇرت ئىدى . «ماسار قاغان يۇرتى» ماسساگىتلار ياشىغان دىيار ، دەپ ئىزاھلىنىشىمۇ تەسەۋۋۇردىن يىراق بولمىسا كېرەك . باكتىرىئاينا دىيارى قەدىمكى ماسساگىتلار دىيارى ئىدى .

«ئوغۇزنامە» ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيا قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى شەجەرىسىنى يورۇتۇشتا قىممەتلىك دەستۇر . ئېپوستا «ئۇيغۇر» ئىبارىسى بىرلا ئورۇندا ، بىراق ھالقىلىق ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان . ئۇ : «مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولامەن» دېگەن . شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى ، بۇ سۆز ئۇنىڭ ئايال — ئانا قاغان

① بۇ بايقالنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دەريا .

— ئاي قاغاندىن قاغانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ تۇنجى ئاتا قاغان سەلتەنىتىنى جاكارلىغان بىرىنچى قۇرۇلتايدا جاكار سۆپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۈرك بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنكى ئۆز سەلتەنىتىنى ئوغۇللىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ يەردە ئوغۇز — ئۇيغۇر — تۈركتىن ئىبارەت نەسەب سىزىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوغۇز، تۈرك ئادەم (ئاقساقال) نامى بىلەن، ئۇيغۇر قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقى نامى بىلەن نامايەندە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «ئالتۇن قاغان»، «ئۇرۇم قاغان»، «ساقلاپ» (ساك)، «قارلۇق»، «قالئاچ»، «قاڭقىل» (ئېگىز هارۋىلىقلار، چارقىلىقلار)، «تاڭغۇت»... لار تىلغا ئېلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك تۈزۈلمىسى ماكان ۋە زامان قاتلىمى هاسىل قىلغان. ئوبۇلغازى باهادىر خاننىڭ «شەجەرىئى تۈرك» ناملىق كىتابىغا ئىلهام ۋە مەنبە بولغان نەرسىمۇ دەل مۇشۇ ئېتنىك قاتلام ۋە تۈزۈلمە ئىدى. «ئوغۇزنامە»دە «ئالتۇن قاغان»، «قىپچاق»، «جۇرجىت»لار ئوغۇز قوشۇنى تەركىبىدە ئەمەس، بەلكى قوشۇۋېلىنغان ۋە ئۇچراشقان قەبىلىلەر سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ سىندۇ قارا دارائۇدىئانلىرىدىن باشقا قەبىلىلەر خۇددى بىر ئانتروپولوگىيىلىك مەنبە سۈپىتىدە هېچقانداق يات ياكى تەئەججۈپلىنەرلىك ئىپادىلەنگەن ئەمەس.

ساكلار توغرىسىدا ئىنسانىيەتنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى كلاسسىك تارىخچىسى سىماچيەن بىلەن هىرودوت بىر دەك مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ دارا زامانىدا ئىشلەنگەن بېھىستون قىيا تاشلىرىدىكى «ساك سكۇنخا» تەسۋىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشتىن تاشقىرى بەن گۇ، فەن يې (شەرقتە) ۋە سترابون، جۇستىن (غەربتە) ئەسەرلىرى ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلانغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇسۇن ۋە توخارلار ساكلار

www.uyghurkitap.com

نەسلىدىن دەپ تىلغا ئېلىنغان . بۇ ئوبۇلغازى باھادىرخان ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان «يۇرتچى» ئاھىنىنى «يوجى» قەبىلىسىگە ، «كونە» نامىنى «كۇنمى — ئۇسۇن» قەبىلىسىگە قىياس قىلىش مۇمكىن . ساك سۆزى خەنزۇ تەلەپپۇزىدا « 塞 » دەپ يېزىلغان بولۇپ ، بۇ «قەلئە» ، «قورۇل» ، «مۇھاپىزەت» مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ . ھازىرقى كۈندىمۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىدە «ساق» (ساك) سۆزى بىلەن تۈرلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان يەر ئىسىملىرى ساقلانماقتا . «ئاۋېستا» كىتابىدا ساكلار توغرىسىدا توختىلىپ ئۇلارنى : «جەڭچى تۈرلار» دەپ تەرىپلىگەن .[①] بۇ ساكلار بىلەن تۈركى خەلقلەر ئارىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان كۆزقاراشنىڭ سۇنئىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ . زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنىنىڭ ئىختىراچىسى زورو ئاستېرنى ھالاك قىلغان ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە قارشى ئالدىغىمۇ ، كەينىگىمۇ ئوق ئېتىپ «خۇد ـ خۇر» دەپ نام ئالغان خەلق ساكلار ئىدى . مۇشۇ مەنىدە توخارلارنىڭ چىلىيەنشەن ئېتەكلىرىدىن شەرقىي ئىران چېگرىسىغىچە يۆتكىلىشى ئۆز دىيارىدىكى كۆچۈش ئىدى .

736 ـ يىلى (ھىجرىنىڭ 114 ـ يىلى ) يېزىلغان «كىتابەئى تۈركىيە»دە زىكىر قىلىنىشىچە : «قاڭقىل ۋە قالىئاچلار ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى» دېيىلگەن . «تاڭغۇت» ھەققىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە ئۇلار «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن . پەخرىدىن مۇبارەكشاھ مەرۋەرۇدى «تارىخ» ناملىق كىتابىدا : «تاڭغۇتلار تۈرك ۋىلايەتلىرىدىن بىرىدۇر» دەپ يازغان . شېمىدت (J. Schmidt) : تاڭغۇتلار XⅢ — XⅣ ئەسىرلەردىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ھېسابلىنىپ كەلگەن خەلقلەر ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . بىز قەدىمكى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئېتنىك

① «شەرق يۇلتۇزى» ، 1983 ـ يىل ، 9 ـ سان ، 149 ـ بەتكە قارالسۇن ،

سوستاۋىدىكى تاڭغۇتلارنىڭ كېيىنچە تۈبۈت ۋە موڭغۇل تەسىرىدە ئەسلىدىكى ئېتنىك تەركىبتىن ياتلاشقان يېڭى تاڭغۇتلارغا ئايلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ جەرياندى سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆز بېشىدىن كەچۈرمەكتە. بىراق تاڭغۇتلارنىڭ ياتلىشىشى XIII — XIV ئەسىرلەردىن خېلىلا ئىلگىرى باشلانغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «ئورۇس بېگ» ئىبارىسىگە كەلگەندە بۇنى رۇس خەلقى، دەپ ئىزاھلاش يېقىننى كۆرەرلىكتۇر. شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدە «ئورۇس بېگ» نامى ئۇزاقتىن بار ئىدى. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئورۇم قاغاننىڭ ئىنىسى، ساقلاپ بېكىنىڭ دادىسى ئورۇس بېك دېگەن كىشى، دەپ بايان قىلىنغانلىقى تاسادىپىي بولمىغان. «رەۋزەتۇسسافا»نىڭ 15 -، 16 - بەتلىرىدە، «شەجەرەئى تۈرك»نىڭ 28 - بېتىدە، «لۇغەت چاغاتاي ۋە تۈركى»نىڭ 62 - بېتىدە، «سىبىر تارىخى»نىڭ 27 - بېتىدە بىردەك كۆرسىتىلىشىچە، رۇسىيە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇشتىن ئىلگىرى چىڭگىزخان قوشۇنىدا قىرغىز ئىناللىرىدىن (ئاقساقاللىرىدىن) بىرىنىڭ ئىسمى «ئورۇس ئىنال» ئىدى.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ باشقا بالىلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان «جامچى»، «تۆرۈمچى»، «قۇمى»، «قۇرچوق»، «سوراچوق»، «قاراچوق» قاتارلىق پەرزەنت ناملىرى بىزگە تارىم بويىدىكى ئىپتىدائىي قەلئەلەر — جام، قۇمباغ («خەننامە»دە قۇمى)، شورچۇق، بۈگۈر («خەننامە»دە رۇمتاي)، قارا شەھەرلەرنى ئەسلىتىدۇ. ئەلۋەتتە، سىكتاي — سىكىفلار ۋولگا، دېنېپىر ۋە مىسىرلارغا ئات تۇياقلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرغان. شۇنداقتىمۇ «ئوغۇزنامە»دىكى سەپەر لىنىيىسى بايقال — ئانگار — يەنسەي بويىدىكى شىمالىي تۇراندىن ئالتاي بويلاپ پەنجاپ ۋادىسىغىچە بولغان زېمىنگە تولىمۇ

ماستۇر .

ئېيتىش كېرەككى ، ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى قاراخان ، قەدىمكى تۈرك ئېتىقادىدىكى «قاراخان تەڭرى» بولۇپ ، بۇ ئارىيانلارنىڭ «黑天» (ئېندرا) ئىلاھىغا تەققاستۇر . هازىرقى خاكاس قىرغىزلىرى ئىچىدىمۇ قاراخان تەڭرى ، مەرگەن تەڭرى رىۋايەتلىرى ساقلانغان .

«تۈرك» نامى ئېپوسنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئاخىرىدا بىر پېرسوناژ سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ بەلكى 2 - قۇرۇلتاينىڭ ئېتنوگراپىك سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر شۇنداق دېيىلگەندە ، ئوغۇزخان تەزكىرىسى ئوغۇز — ئۇيغۇرلاردىن تۈركلەرگىچە ، ئاندرونوپ — ئارىيانلاردىن تۈرك — تۇرانلارغىچە بولغان ئۇزاق تارىخنى چۈشىنىشتە مۇشۇ خەلقلەر ئۆزى يازغان باھاسىز تۇنجى هۆججەت هېسابلىنىدۇ . بۇ دەستۇر «رىگۋېدا» جەڭنامىلىرىدە ئوغۇز ئېپوسى شەكلىدىن براخمان ئەپسانىسى شەكلىنى ئالغان بولۇشى دىققەتكە سازاۋەر !

## 2 . ئەپراسىياپ — ئالپ ئەرتۇڭاخان رىۋايىتى

ئەگەر «ئوغۇزنامە» ئېپوسى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە توتېمىزم دەۋرىدىكى ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى شەكلىدە جەنۇبىي سىبىرىيەدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت تارىخىي هادىسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىپادىلىسە ، «ئەپراسىياپ» لېگېندىسى ئىپتىدائىي شەهەر - قەلئە ۋە زوروئاستېر دىنىغا ئالاقىدار مەركىزىي ئاسىيا تۇران قەبىلىلىرىنىڭ ئاخمانىيلار ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرىكى ئىران شاهلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇهىم جەريانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . «ئوغۇزنامە»



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېپوسىدىن كېيىن جاڭ چەننىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇچۇرى ئارىسىدىكى تېخىچە يورۇتۇلمىغان مىڭلارچە يىللىق قاراڭغۇلۇقى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان خەۋەر ئىران - تۇران جەڭلىرى ۋە ئەپراسىياپ رىۋايىتىدىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى، ئەپراسىياپ — تۇران تارىخىنى ئىزاھلاشتىكى مۇھىم ھالقا. ئۇ ئارىيان ئەۋلادلىرىنىڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە ئورخۇن — تارىم ۋادىلىرىدىكى بىردەكلىكى ۋە ئەنئەنىگە ۋارىسلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئەپراسىياپ بىلەن ئالىپ (ئەلب) ئەرتۇڭاخاننى ئىككى كىشى، بىرىنى ئەپسانىۋى قەھرىمان، يەنە بىرىنى توڭاتېكىن قىلىپ قويۇشى، ئۇلارنىڭ ساكلار بىلەن تۇركلەرنى بىر - بىرىدىن مۇتلەق ئايرىۋېتىشىدىن بولغان.

ئەپراسىياپ ئالدى بىلەن تۇرنىڭ نەۋرىسى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىران ئىمپېراتورلىرىغا قارشى ساك — تۇران قەھرىمانى، بىر قاتار تۇران قەھرىمانلار تۇركۈمىدىكى گەۋدىلىك نامايەندە. ئۇنىڭ نامىدا شەھەر — ئەپراسىياپ — قەدىمكى مالاكەنت (سەمەرقەنت) شەھىرى بولغان. بۇ شەھەرنىڭ V — VI ئەسىرلەرگىچە ساقلانغانلىقى ئەپراسىياپنىڭ ئەپسانىۋى تۇسىگە قارىغاندا تارىخىي چىنلىق بېغىشلايدۇ. ئىران — تۇران (ساك) جەڭلىرى يالغۇز ئەپراسىياپ ئارقىلىقلا ئەمەس، يەنە تۇمارىس قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ بىر قاتار جەڭلىرى ئارقىلىق، جۈملىدىن بېھىستۇن سىزمىلىرىدا دارا I تەرىپىدىن قوللاشتۇرۇلغان ساكلار، ساك قەھرىمانى سىكۇنخان ئوبرازى ئارقىلىق تارىخىي چىنلىققا ئىگە.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىككى ئۇلۇغ ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەپراسىياپ بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى يازغانلىرى بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭا مەرسىيىسى قوشاقلىرى بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئەپراسياپ دۆلىتىنى ئۆز دۆلىتى، دەپ ئاتىغان قاراخانىيلار، دەل «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسى قاراخان — قاراخان تەڭرى نامىنى قوللاندى. بۇ نوقۇل «غەربىي»، «ئۇلۇغ» مەنىلىرى بىلەن چەكلەنمىگەن. ئەپراسياپ نامى ساك — تۇرانلىقلار، توخار ۋە سوغدىلار، ياغمىلار ئارقىلىق ھەتتا يىراق ئورخۇن، سېلىنگا ۋادىلىرىغىمۇ تونۇشلۇق ئىدى.

مەلۇمكى، مەركىزىي ئاسىيانىڭ كەڭ بوستانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى «غەربىي دىيار»دا ئىپتىدائىي ئولتۇراقلاشقان بوستان شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرى شەكىللەنگەن چاغلاردا پېرسىيە — ئىران تېررىتورىيىسىدە پىشالىتلار ۋە كېياندىتلار پادىشاھلىقلىرى بەرپا بولغان. ئۇلار پېرسىيىلىكلەرنى ئاساس قىلغان بىرلىككە كەلگەن ئاخمانىيلار ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تارىخىي جەريانىغا يۈزلەنگەنىدى. بۇ ھال پېرسىيە قۇلدارلىق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئۇرۇشلىرىغا ۋە سىرتقا قارىتا — تولاراق شەرقىي ۋە شەرقى شىمالىي يۆنىلىشتىكى «تۇران» قەبىلىلىرىگە قارىتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېلىپ كەلدى. بۇ كۆپ ئەسىرلىك ئىران — تۇران جەڭ - جېدەللىرىنى قوزغىۋەتكەنىدى. بۇ ھەقتىكى تارىخىي خاتىرىلەر بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى ئىلەم ئېگىزلىكىدە يۈز بەرگەن ئېتنوگرافىيىلىك ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بىلەن تارىخىي خاتىرىلەر تۆچ دەۋرىدىلا چوڭ كۆلەملىك مىللىي كۆچۈشنىڭ سىبىرىيىدىن باشلىنىپ بىر تارمىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستان ۋە ئىلەم (ئىران) ئېگىزلىكىگە قاراپ، يەنە بىر تارمىقى ئوغۇز دەشتى ئارقىلىق كاۋكاز، قارا دېڭىز ساھىلى ۋە

كىچىك ئاسىياغا قاراپ يۆزلەنگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئاندرونوپلار، دىڭلىڭ ۋە ئوگۇرلار، سىكىفلار، سارماتىنلار، جۈملىدىن كىممېرىلارنىڭ پائالىيىتى بۇنىڭ مىسالىدۇر. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»دا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك بىردەكلىكى تەكىتلىنىپ: «ئاندرونوپلار بىلەن سارماتىنلارنىڭ قالدۇق ئۆستىخانلىرى ئۆستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇلارنىڭ بىر مەنبەدىن ھاسىل بولغانلىقىنى كۆرسەتتى»، «ئاندرونوپلار... سارماتىنلارنىڭ بىۋاسىتە ئاتا - بوۋىلىرىدۇر»، شۇنىڭ بىلەن بىللە «قەدىمكى تىللاردىن سىكىفيە تىلى، سافرۇماتىن (كېيىنكى سارماتىن) تىلى، ساك تىلى ۋە ھازىرقى تىللار ئىچىدىكى سارماتىن تىلىنىڭ بىر خىل مەھەللىۋى شېۋىسىدىن ھاسىل بولغان ئوسېتيا تىلى ھىند - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ھىند - ئىران تىلىنىڭ شەرقىي ئىران گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ»[①] دەپ كۆرسىتىلگەن.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، تارىخچى يۇقىرىقى ئىبارىلەرنى تارىخشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە يۆزلەنگەن ھالدا ئەمەس، بەلكى تىلشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، بولۇپمۇ بۈگۈنكى تىللارنى تۈرگە ئايرىش نۇقتىئىنەزەرى بويىچە ھازىردىن ئۆتمۈشكە يۆزلەنگەن ھالدا بايان قىلغان. ئاندرونوپ - ئارىيان قەبىلىلىرىنىڭ تىلى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى تىلى ئىدى. ئۇنىڭ «ھىند - ياۋروپا» ۋە «شەرقىي ئىران» كېلىشلىرىگە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب كېيىنكى بىر قانچە مىڭ يىللىق ئۆزگىرىشنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ «ئەلمىساقتىن بېرىقى»، «ئەزەلىيلىك» ئەمەس ئىكەنلىكى

① «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 626 - بەت.

www.uyghurkitap.com

روشەن . ئەمما ، دۇم كۆمتۈرۈلگەن تارىخىي قاراش مىلىخچە پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا — ئامۇ ، تارىم ۋە غەربىي سىرىق دەريا (خۇاڭخې ) ساھىلىدا ئىران نەسلىدىكى خەلقلەر ياشىغان دېگەن غەلىتە قاراشنى پەيدا قىلىپ كەلدى . بۇ غەلىتە قاراش بويىچە ئىران ـ تۇران جەڭلىرى ۋە ئەپراسىياپ ، تۇمارىس ، شىراق ھېكايەتلىرىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس .

ئامېرىكا تارىخچىسى خېس ، موئىن ۋە ۋېلىيامالار بىرلىشىپ يازغان ئامىباب «دۇنيا تارىخى»دا : «يىراق قەدىمكى زامانلاردا بىر قېتىم ئاق تەنلىق كىشىلەر شىمالىي ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن . . . ئۇلار ئۇ يەردە قارا تەنلىك كىشىلەرنى ئۇچراتقان ۋە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، تەبىئىي ھالدا مەغرۇرلىنىپ ئۆزلىرىنى ئارىيان دەپ ئاتاشتى . ئارىيان دېمەكلىك ئېسىل ۋە يۇقىرى ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان دېگەن سۆز ئىدى» (1 ـ توم ، 61 ـ بەت ) دەپ يازىدۇ . ئۇلار بۇ دەۋرنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى — مىڭىنچى يىللار ئارىسىدا ، دەپ تەخمىن قىلىشقان . ئۇلار يەنە بۇنى جۇڭگودا جۇ سۇلالىسى مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ، بابىلىيگە كاسسىتلار بېسىپ كىرگەن ، يۇنانىستان ۋە كىچىك ئاسىيادا تىرۇيا ئۇرۇشى يۈز بېرىشكە يېقىنلاشقان ، مىسىرغا ھىكوسلار بېسىپ كىرىپ يېڭى ئىمپېرىيە مەيدانغا كەلگەن زامانغا دەۋرداش ئىدى ، دەپ جەدۋەللەشتۈرگەن . بۇ يەنە غەربىي ئاسىيادا ئاسورىيە ۋە داۋۇت ـ سۇلايمان خانلىقى مەيدانغا كەلمىگەن ، يۇنانىستاندا زىۋسقا چوقۇنۇش ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەن ، ئەڭ تۇنجى پەيلاسوپ تاللىس ۋە ئەڭ تۇنجى شائىر ھومېر تېخى دۇنياغا كەلمىگەن زامانلار ئىدى .

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىللارغا ئائىت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان «رىگاۋېدا» دەستۇرىدا بۇ جەڭ بىر مىڭ كۆپلىكتىلىق قوشاق بىلەن بايان قىلىنغانلىقى مەلۇم . ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئىلاھىي كىتابى ھېسابلانغان «ئاۋېستا» دىمۇ

ئارىيانلارنىڭ شەرقىي ئىرانغا سۈرۈلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. كىچىك ئاسىيادىكى كاباتۇشىيە قەدىمكى خىتتى (Hittite) دۆلىتى پايتەختى بوغۇز قۇبى خارابىلىقىدىن نېمىس ئالىملىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XIV ئەسىرگە ئائىت ھۆججەتلەرنى تېپىشتى. بۇنىڭدا خۇددى «رىگاۋىدا»دا نامى تىلغا ئېلىنغان ئىنەدارا، ئورۇۋنا، مىترا، ناسات ئىلاھلىرىنىڭ ئىسملىرى چىققان. مىسوپوتامىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى كاشت ھاكىملىرىنىڭ ئىسمى ئارىيانچە ئاتالغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئاندرونوپ — ئارىيانلار مەركىزىي ئاسىياغا سۈرۈلۈپ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچراپ، تۈركىي خەلقلەر قىياپىتىدە قايتا مەيدانغا چىققىنىدەك، ئۇلار شىمالىي ھىندىستان، شەرقىي ئىران، ئىلەم ئېگىزلىكىگە ۋە مىسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىگە قاراپ سۈرۈلۈپ ئۇ يەردىكى پېرسى، پەھلىۋى، مىدىيە، جەنۇبىي كاۋكاز خەلقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ «ھىند ـ ئىران تىلى» خەلقلىرىگە ئايلانغان. موڭغۇل دالىسى، شىمالىي جۇڭگو ئېگىزلىكى بىلەن ئىلەم ئېگىزلىكى ئارىسىدىكى كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتە سۇ ۋە تارىم ۋادىلىرىدا بىر مەزگىل بىر قەدەر ساپ ئارىيان — ساك قەبىلىلىرى موڭغۇلوئىد، ھىند ۋە ئىران تەسىرىدىن خالىي ھالەتتە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى كېيىنچە ھۇنلار، ئۇسۇنلار، توخارلارنىڭ موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان كۆچمەن قەبىلىلىرى تۈركلەشتۈردى. بۇ ھازىرقى زامان مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئېتنىك ئاساسى بولۇپ قالدى.

ئىران ۋە تۇران جەڭلىرى دەل ئارىيانلار پارچىلانغان، ئەمما ئىراندا ئاخمانىلار، تۇراندا ھۇنلارنىڭ قۇلدارلىق ئىمپېرىيىلىرى تېخى شەكىللەنمىگەن دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

پارس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ «شاھنامە» غايەت زور بەدىئىي ـ تارىخىي داستان سۈپىتىدە نوقۇل ئەدەبىيات

تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئوبۇلقاسىم
پىردەۋسى تەرىپىدىن 971 — 1005 ـ يىللىرى ئارىسىدا پۈتۈپ
تاماملانغان بۇ داستاندىن ئىلگىرى «شاھنامە»دە سۈرەتلەنگەن
تارىخىي ھادىسىلەر قانچىلىك تەسەۋۋۇرلەشتۈرۈلۈشىدىن
قەتئىينەزەر خەلق ئارىسىدا مىڭ يىللاپ ساقلانغان ۋە ماھارەتلىك
شائىرلارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشىغا ئىلھام بېغىشلىغانىدى.

«شاھنامە» ئىران ـ تۇران قەدىمكى تارىخى توغرىسىدىكى
رىۋايەتلەشتۈرۈلگەن مۇھىم بىر مەنبە. ئۇنىڭدىكى بىر قەدەر
ھەقىقىي دېتاللار كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ قالماستىن، ھەتتا
بىر قەدەر ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن دېتاللارمۇ كىشىنى چوڭقۇر
ئويلاندۇرىدۇ.

«شاھنامە» ئۆز دەۋرىنىڭ «يارالمىش» قاراشلىرى بويىچە،
سۆزنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۆتىنچى پەيغەمبەر
نوھتىن باشلايدۇ. بۇ «رەۋزەتۇسسافا»، «تارىخى مۇلكى ئەجەم»،
«تارىخى ھەمىدىي» قاتارلىق تارىخ كىتابلىرى ئۇچۇنمۇ ئورتاق
ئەھۋال ئىدى. ئېيتىلىشىچە، توپاندىن ئامان قالغان
ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى نوھنىڭ «سام»، «ھام»،
«يافەست» ناملىق ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئىنسانىيەت بۇ ئۈچ
ئوغۇلدىن پەيدا بولغان. شەرققە جايلاشقان يافەستىن 11 ئوغۇل
بولغان. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى «تۇر»، ئىككىنچى
ئوغلىنىڭ ئىسمى چىن بولغانمىش.① «شاھنامە»دە «دارىيايى
شەھىد (بال ئاقىدىغان دەريا)» ئىران — تۇران چېگرىسى
ئىدى، دېيىلىدۇ.

«شاھنامە» داستانى تارىخىي ۋاقتىئىينەزەر بىلەن ئىنچىكە
كۆزىتىلگىنىدە، ئۇنىڭدا سىبىرىيە، ئالتاي، يەتتە سۇ ۋادىسىدىن
سۈرۈلگەن ئارىيان قەبىلىلىرىنىڭ «تۇر» نامىدا («ئاۋېستا»

① مولللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، 1905 ـ يىل قازان باسمىسى، 8 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

تىلى بىلەن ئالغاندا «ساك ـ جەڭگىۋار تۇرلار» نامىدا) پامىرنىڭ ئىككى ئېتىكىگە ماكانلاشقاندىن كېيىنكى ھاياتىنى بايقىۋېلىش مۇمكىن. ئارىيانلار ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى — تۇنجى ئولتۇراقلاشقان مەدەنىيەتنى يارىتىدۇ. قەشقەر، قاش، زەرەپشان، سۇرخان ۋە ئىككى دەريا ئارىسىدا (ماۋەرائۇننەھر) جۈملىدىن ھازىرقى ئافغانىستان ۋە شىمالىي پاكىستاندا ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئە ھاكىمىيەتلىرى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ خىل تارىخىي جەريان ئەل ئارىسىدا تولىمۇ ئۇزاق زامانلاردا لېگېندا ۋە ئەپسانە سۈپىتىدە ساقلانغاندى. ئۇ ئاللىقاچانلاردىلا «رىگاۋېدا» قوشاقلىرى بىلەن «ئاۋېستا» دەستۇرىگە ئاساس بولغان. «شاھنامە» ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئېپوس شەكلىدىكى ئىپادىسى بولدى. بۇ ئۈچ پارچە ئەسەردىن بىز «ئارىيان» دەپ ئاتالغان جەڭگىۋار تۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئىران قەبىلىلىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى بىردەكلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ماجىرالىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. مىللىي ئىپتىخار ۋە ئەپسانىلەشتۈرۈش تۈپەيلى بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەت بىر ياكى بىر قانچە قەۋەت تۇمانلاشتۇرۇلغان، خالاس.

«شاھنامە» «ئاۋېستا» ۋە خەلق ئەدەبىياتىغا ئاساسلانغان. پىشتالىتلار (Peshtadit) سۇلالىسىنىڭ تۇنجى شاھى كىيامورس ئىنسانلارغا تېرىقچىلىقنى ئۆگىتىدۇ. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى «ئىلاھىي تېرىقچى» (شىڭ نۇڭشى) ئوبرازىغا ئوخشايدۇ. كىيامورسنىڭ ئوغلى سىماق بولۇپ، ئۇنى «دىۋىلەر» ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. دىۋە سۆزى پەھلىۋىچە، پارسچە، ئەرەبچە سۆز بولماي «ئاۋېستا»دا يېزىلغان ئارىيان ئىبارىسى «دىۋا» ئىدى. سىماقنىڭ ئوغلى خۇشناق پىشتالىتلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى شاھى بولۇپ، ئۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش قانۇن ـ يوسۇنلىرىنى تۈزىدۇ. ئۇ تۇنجى قانۇنچى ۋە ئەخلاقشۇناس سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ئۈچىنچى پادىشاھ تاخمۇرس (تاخمۇر) 30 يىللىق

ھۆكۇمرانلىقىدا تىنچ ئاسايىشلىق ئورناتقان . «ئاۋېستا» كىتابىدا ئۇنىڭ نامى «ئالتۇن زامان» (تاخ — مورس) دەپ شۆھرەتلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئەلپ كۇش» ئىدى . ئەلپ كۇشنىڭ ئوغلى قەھرىمان بولۇپ ، ئۆزىگە كەلگەن شاھلىق نۆۋىتىنى ئوغلى جەمشىتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . جەمشىتنىڭ ئۆز ئىسمى نامەلۇم ، جەمشىت ئىبارىسى يەتتە ئەسىر پادىشاھلىق قىلغان ، دەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈلىدىغان بۇ پادىشاھنىڭ شۆھرەت نامى بولۇپ ، «ئالەم يورۇقى» دېگەن سۆز ئىدى . كىتابتا نوھ بىلەن زاماندىش بولۇپ ئىككى مىڭ يىل ياشىغان بەھرەم ۋە كورەڭ دېگەن ئىككى كىشى جەمشىتنىڭ ئۇستازى ، مەسلىھەتچىسى دېيىلىدۇ . بەھرەم جەڭ پىرى ، كورەڭ تېرىقچىلىق ئۇستىسى بولغانمىش . بەھرەم كېيىنچە جەڭ يۇلتۇزى مارسنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى . «شاھنامە»دە جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە ، ئوغۇللىرى قىجرائىنىڭ شاراب ۋە ساداق ماھارىتى كۆيلىنىدۇ . ئۇنىڭ توز ۋە ناخىت ناملىق ئوغۇللىرىمۇ بولغان ، ناخىت — ۋېنىرا (چولپان) سىمۋولى بولۇپ قالغان .

جەمشىتتىن كېيىن پىشتالىتلار سەلتەنىتىدە ناخىتنىڭ ئوغلى ئەپتىيننىڭ ئوغلى پىرىدۇن (ئەفرىدۇن) بەشىنچى پادىشاھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ . ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن جەمشىتنىڭ ئوغۇل - نەۋرىلىرى بۇ سەلتەنەتكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى . پىرىدۇننىڭ ئۇستازى پاراخ دېگەن دانىشمەن بولۇپ ، پىرىدۇننىڭ تامغا — مۆھۈرىگە «پاراخ ئوغلى پىرىدۇن» دەپ ئويۇلغان . «شاھنامە» دە پىرىدۇن «زۇھاق ماران» ناملىق ئۈچ باشلىق ئەجدىھانى يوقىتىپ ، بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەن ، دەپ تەسۋىرلەنگەن . «ماران» — يىلان - ئەجدىھا دېگەن سۆز بولۇپ «مۆرەن» — دەريا سۆزىگە ئاھاڭداش ئىدى .

«شاھنامە»دە كىيامورستىن پىرىدۇنغىچە ئارىلىقتا ئوتتۇرا

ئاسيادىن چىقىپ ئىلەم ئېگىزلىكىنى ئىگىلىگەن غالىب ئارىيانلار سۈرەتلەنگەن. پىرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ سەلىم، تۇر، ئىراژ دەپ ئاتالغان. پىرىدۇن ئىران ھەتتا ئەرەب زېمىنىنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدا بۆلۈنۈش خاھىشى كۆچەيگەن. ئىراژ بۆلۈنمەسلىك تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرغاچقا سەلىم ۋە تۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىيان قەبىلىلىرى ئىران ۋە تۇرانغا بۆلۈنىدۇ. ئەمما پىشتالىستلار سۇلالىسىنىڭ پىرىدۇندىن كېيىنكى ئالتىنچى پادىشاھلىقى بۆلۈنمەسلىك تەشەببۇسىدىكى ئىراژنىڭ ئوغلى مانۇچېھرغا، يەتتىنچى پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ئوغلى نەۋرۇز (نوراز)غا تېگىدۇ.

پىرىدۇننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇر بولۇپ «ئاۋېستا» كىتابىدا تۇر بىرلىك — ئىتتىپاقنى بۇزغۇچى ئۆكۈز سۈپەتلىك ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەنسە، «شاھنامە»دە ئۇنى پىرىدۇن دۆلىتىدىن تۇران — چىننى بۆلۈۋېلىپ تۇران خانلىقىنى قۇرغۇچى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

تۇر تۇران خانلىقىنى قۇرغاندىن باشلاپ نەچچە ئەۋلاد تۇران — ئىران جەڭ - جېدەللىرى داۋاملىشىدۇ. بۇ جەڭلەر تۇران، ئىران، تىزىئان (ئەرەبىستان) دائىرىلىرىگىچە كېڭىيىدۇ. جىددىي ئېلىشىشلار سىستان (ساكلار يۇرتلىرىدىن بىرى)، كابۇلىستان (باكترىئاينا) ۋە زال بىلەن رۇستەمنىڭ يۇرتى بولغان سىستان بىلەن كابۇلىستان ئارىسىدىكى (ئاراكوشيا) زېمىنلىستاندا داۋام قىلىدۇ. مانا بۇ جەڭلەر «داستانى رۇستەم» ۋە «شاھنامە» داستانلىرىنىڭ ئاساسىي سۈژىتىنى تەشكىل قىلغان.

بۇ ھېكايەتتە بايان قىلىنىشىچە، تۇردىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى پىشان تۇرانغا يۈز يىلغا يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، كۆپ قېتىم ئىراننى بويسۇندۇرۇش، تۇران ئاساسىدا ئىراننى بىرلەشتۈرۈش كۈرىشىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئىنىسى زايىشىم

www.uyghurkitap.com

زەبلىستان بىلەن چىنىنى باشقۇرغان .

ئەپراسىياپ تۇرانىنىڭ تۇر ۋە پىشاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى خانى بولۇپ ، پىشاننىڭ ئوغلى ئىدى . ئەپراسىياپ (ئەفراسىياب) ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن بوۋىسى تۇردىن باشلانغان ئىران ـ تۇران ئۇرۇشىنى ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزۈپ ، ئىران پىشتالىتلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىدۇ . بۇ ئەسناغىچە بۇ سۇلالە مانوچېھرى ۋە نەۋرۇز باشچىلىقىدا جەڭ ئىچىدە داۋام قىلىپ كەلگەنىدى . نەۋرۇز تەختكە چىقىپ يەتتىنچى يىلى ئەپراسىياپ تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىدۇ .

ھېكايە قىلىنىشىچە ، ئىرازنىڭ كىچىك ئوغلى ، مانوچېھرىنىڭ ئىنىسى ، نوراز (نەۋرۇز)نىڭ تاغىسى كەيكۇبات خېلى ئىلگىرىلا ئوردا ئىختىلاپلىرىدىن قېچىپ ئەلبۇرۇس تېغىغا (كاۋكاز تاغلىرىغا) چىقىپ كەتكەنىدى . زال (داستان)نىڭ ئوغلى رۇستەم كەيكۇباتنى ئېلىپ كېلىدۇ . نەتىجىدە ئىراندا ئىككىنچى سۇلالە — كېياندىتلار (keyandit) سۇلالىسى مەيدانغا كېلىدۇ . مەردان بايدىلدا يېفنىڭ يىكرىچە ، ئىستەقىر قەلئەسىنى پايتەخت قىلغان كېياندىتلار سۇلالىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 932 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەنلىكى تەخمىنلەنگەن .①

«ئەپراسىياپ» لېگېندىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅶ — Ⅵ ئەسىر ئارىلىقىدا تۇران ـ ئىران جەڭلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋجىگە چىققان ھالىتىنى تەسۋىرلەيدۇ . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅵ ئەسىردە كىر ۋە دارانىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى تۇران ـ ئىران (ئاخمانىلار سۇلالىسى) جەڭلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ . ھىرودوتنىڭ ئېيتىشىچە ، ماسساگېتلارنىڭ بۇ جەڭدىكى غالىب سەركەردىسى تۇمارىس بولغان . مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅳ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ماكادونىيىلىك

---

① «رۇستەمى داستان» ، ئالمائاتا نەشرى ، 598 ـ بەت .

ئىسكەندەرگە قارشى جەڭلەرگە ئاتلانغانىدى. «شاھنامە» داستانلىرىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى نەزملەشتۈرۈلگەن.

«شاھنامە»دىكى ئەپراسىياپ ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

تۇرنىڭ ئوغلى پىشان ئىرانغا يۈرۈش قىلىپ ماڭغاندا ئايالى ھامىلىدار بولۇپ، ئوغۇل تۇغىدۇ. ئالپ بەگلەر ئوغۇلغا «ئەپراسىياپ» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئەپراسىياپ پىشالىتلار سۇلالىسىنىڭ ياش پادىشاھى نوراز بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان جەڭنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا پىشان ھايات بولۇپ، ئەپراسىياپ شاھزادە ئىدى. ئەپراسىياپ نورازنى يېڭىپ ئەسىرگە ئالىدۇ ۋە ياپتاق ئاتقا مىندۈرۈپ يۇرتىغا — دادىسىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا ئەپراسىياپنىڭ ئىنىسى ئاغرىراس باغلىنىپ ئەسىر بولغان نورازنى كۆرۈپ: ئەسلىدە ھەممىمىز ئەپرىدۇن بوۋىمىزنىڭ ئەۋلادى ئىدۇق. مانا ئەمدى دۈشمەن بولۇپ قالدۇق دەپ كۆز يېشى قىلىدۇ. ئەپراسىياپ پىشالىتلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ، نورازنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، زال ئوغلى رۇستەمگە: سەن پىرىدۇننىڭ گۈرزىسىنى ئېلىپ، رەخش تۇلپارىنى مىنىپ، ئىلبۇرس تېغىغا بېرىپ، مانۇچىھرىنىڭ ئىنىسى كەيكۇباتنى ئېلىپ كەل، ئۇ ئىگىسىز قالغان ئىراننى باشقۇرسۇن، دەيدۇ. كەيكۇبات كېياندىتلار سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. ئۇ قېرىغاندا ئورنىغا بۇ سۇلالىنىڭ ئىككىنچى شاھى بولۇپ ئوغلى كەيكاۋۇس چىقىدۇ. بۇ سۇلالىگە زەبىلىستانلىق زال ۋە ئۇنىڭ ئوغلى رۇستەم مەدەت بېرىپ تۇرغانىدى. رۇستەم ئۆز ئوغلى سوھراپ بىلەن چېلىشىشتا يېڭىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئوغلىنى ھىيلە بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، ئۆزىمۇ قېرىندىشى شاپات تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، شاپاتمۇ ھالاك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى سىياۋۇش[1] زالنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ئۇ ھۆسن جامالىنىڭ گۈزەللىكى تۈپەيلى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئىشتىياقلىرىنى قوزغاپ، ئۇنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدىن ئۇدۇل ئەپراسىياپ مەملىكىتىگە يول ئالىدۇ. ئەپراسىياپ ئۇنى قىزغىن كۈتۈپ كۈيئوغۇل قىلىدۇ. ئەمما ھەسەتخور ئەمەلدارلار تەسىرى بىلەن ئەپراسىياپ تەرىپىدىن بۇخارا يېنىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە سىياۋۇشنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ بوۋىسى ئەپراسىياپقا قارشى ئاداۋەتلىك جەڭگە ئاتلىنىپ، كېياندىتلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى شاھى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. كەيخىسراۋنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن رۇستەم، پرامىرىز، بارزۇ، بىجان، گودزار، كيو قاتارلىق باتۇرلار باشلىغان 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھىندىستان بىلەن كەشمىرنى ئوراپ تۇرانغا يېقىنلىشىدۇ. ئەپراسىياپمۇ 14 بەگلىك ۋە پۈتۈن تۇراندىن ھېسابسىز قوشۇن تۈزىدۇ. كيۇ ئەلچى بولۇپ تۇرانغا كەلسىمۇ سۆھبەت بۇزۇلۇپ ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ئەپراسىياپ شاشقا (تاشكەنت تەرەپكە) چېكىنىدۇ. كېيىن چىندىن ئاتلىق، جەڭ ھارۋىلىق قوشۇن كېلىدۇ،[2] جەڭگە ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن پىللارمۇ قاتناشتۇرۇلىدۇ. كەيخىسراۋ ئەپراسىياپنىڭ شەيدان ناملىق ئوغلىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئەپراسىياپنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا تۇران خەلقى قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كەيخىسراۋ ئەپراسىياپنىڭ يەنە بىر ئوغلى جاھان (جاھان خان)نى شاشقا پادىشاھ قىلىپ، ئۆزىمۇ شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ، شاھلىقنى تاغىسى (كەيكاۋۇسنىڭ يەنە بىر ئوغلى) لاھراسپقا تاپشۇرىدۇ. ھېرودوت كەيخىسراۋنى تۇران — ساك سەركەردىسى تومارىس ئۆلتۈرگەن دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. لاھراسپنىڭ ئوغلى كەشتاسپ (پاراخىزات)

---

① «ئاۋېستا»دا «سىياۋارشان» دەپ ئېلىنغان.
② بۇ قەدىمكى تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتەتتى.

كىياندىتلار سۇلالىسىنىڭ بەشىنچى شاھى بولغان . مۇشۇ زاماندا ئوتقا چوقۇنىدىغان زەردۇشت دىنى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، بۇنىڭ يىراق يىلتىزى قۇياشقا چوقۇنىدىغان «كۆنچى» ، ئېتىقادى قەدىمكى تۇران — مەركىزىي ئاسىيا ئېتىقادى ئىدى . گېگېل «تارىخ پەلسەپىسى» ناملىق كىتابىدا : «كەشتاسىپ شۈبھىسىز زىندا مىللىتىدىن بولۇپ ، زىندا دەستۇرىدا تۇران مىللىتى — شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەر تىلغا ئېلىنغان» دەپ يازغان . ئىسپاندىيار كەشتاسىپنىڭ ئوغلى بولۇپ ئۇ رۇستەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكە ، كىياندىتلار سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى شاھى ئىسپاندىيارنىڭ ئوغلى باھمان بولىدۇ . باھماننىڭ قىزى ھەمەي يەتتىنچى پادىشاھ بولىدۇ .

ئەپراسىياپ ھەققىدە مەركىزىي ئاسىيا مەنبەلىرىدىن ھېسابلانغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، «رەۋزەتۇسسافا» ، «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ، «بۇخارا تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئىجابىي ياقتىن توختالغان .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بۇ قەھرىماننى تاجىكلار ئەپراسىياپ دەپ ، تۈركلەر ئالىپ ئەرتۇڭا دەپ ئاتايدۇ ، دەپ مۇنداق نەزم قىلىدۇ :

بۇ تۈرك بېكلارىندىن ئاتى بېلگۈلۈك ،
تۇڭا ئەلىپ ئەر ئېردى ، قۇتى بېلگۈلۈك .

تاجىكلار ئەيۇر ئانى ئەپراسىياپ ،
بۇ ئەپراسىياپ ئالدى ئەللەرنى تالاپ .

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە : تۈركلەرنىڭ مەشھۇر باتۇر خانى ئەپراسىياپ تۇڭا ئالىپ ئەر دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇ خۇددى شىردەك قەھرىمان ئىدى ، تۇڭا شىر بولۇپ پىلنى

يەڭگۈچى كۈچلۈك ھەيۋىنىڭ لەقىمى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالىپ ئەرتۇڭانى غايىۋى پادىشاھ سۈپىتىدە بىلىملىك ۋە قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرغۇچى قىلىپ تەسۋىرلىگەن . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە يېزىلىشىچە : ئەپراسىياپنىڭ مەركىزىي شەھىرى قەشقەر ئىدى . ئەپراسىياپنىڭ قاز ئىسىملىك قىزى قازۋىن ۋە قۇم شەھەرلىرىنى سالدۇرغان . قۇم ئىسىملىك شەھەر قۇملۇق بولغان . ئىلى ۋادىسىغا ئاقىدىغان سۇنىڭ نامى قاز سۈيى دەپ ئاتىلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولغان . ئەپراسىياپنىڭ مەرۋى شاھى جان ۋە باراساغۇن دېگەن ئوغۇللىرى بولۇپ ، باراساغۇننى شۇنامىلىق ئوغلى بىنا قىلغان . مەھمۇد قەشقەرى ئۆز بوۋىسىنىڭ بارساغانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن . ئۇ يەنە : خاتۇن سۆزى ئەپراسىياپنىڭ قىزلىرىدىن بولغانلارغا ، تارىم سۆزى ئەپراسىياپ ئەۋلادى ھېسابلانغان ئاياللارغا قارىتىلىدۇ ، دەپ يازغان ، تېكىن سۆزى ئەسلىدە قۇل دېگەن سۆز بولۇپ گەرچە بۇ ئۆزىنى كەمسىتىش مەنىسىدە بولسىمۇ ئەپراسىياپ باللىرىدىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىغان ، دەپ ئىزاھلىغان .

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە ئەپراسىياپ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان ، ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن مەرسىيە قوشاقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرسەتكەن . ئەينى زاماندا توقۇلغان ۋە «ئەپراسىياپ» ئېپوسىدىن دېرەك بېرىدىغان بۇ قوشاقلارنىڭ تارىخىي قىممىتى تولىمۇ يۇقىرى . ئۇ ئەينى زامان تۇران ئاھالىسىنىڭ ئەپراسىياپقا (خۇسۇسەن مىللىي كۈرەش ئەۋجىگەن پەيتتە) بولغان قىزغىن ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە ، يەنە ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تىلىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ قىممەتلىك . ئەلۋەتتە ، بۇ تىلنى نوقۇل كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تىل ، دەپ ئىزاھلاشقا ئاساس بولمىسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۈستىگە

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» گەرچە ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىڭ ھەققىدە بىر قانچە ئورۇندا توختالسىمۇ، خەلق ئىچىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە قوشاق مىسال كەلتۈرۈلمىگەن. بۇ ئەپراسىياپ مەرسىيىسى قوشاقلىرىنىڭ تارىخىي چىنلىقىنى كۆچەيتىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ قوشاقلارنىڭ بەزى پارچىلىرى مۇنداق:

ئەلىپ ئەر تۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز [يارىماس[1]] ئاجۇن [دۇنيا] قالدىمۇ،
ئۆزلەك [زامان] ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئۆزلەك قامۇغ [پۈتۈنلەي] كوۋىرداي [يولدىن چىقتى]،
ئەردەم - ئارىغ [ئەخلاق-ئىنساپ] ساۋرداي [كىمەيدى]،
يۇنچىغ [تۆۋەن، پەسكەش] ياۋۇز [يامانلار] توۋارداي
[كۆپەيدى]،
ئەردەم بىگى يارتىلۇر [پەزىلەتلىك بەگ قالمىدى].

ئولىشىپ ئاران بۆرلايۇ [چۇقان سېلىپ يىغلاشتۇق]،
يىرتىن ياقا ئۇرلايۇ [ياقا يىرتىپ پەريات كۆتۈردۇق]،
سىقىپ ئۈنى يۇرلايۇ [ئاۋازلىرىمىز مۆڭلىنىپ چىرقىراپ
كەتتۇق]،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتىلۇر [كۆزىمىزگە ياش قاپلاپ ئىششىپ
كەتتى].

سىتەيىن «مەركىزىي ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش خاتىرىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 237 - بېتىدە:

[1] تىرناق ئىچىدىكىسى كونا سۆزنىڭ ھازىرقى يەشمىسى.

«سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئەپراسىياپ خارابىلىقىغا زىيارەت قىلدۇق . بۇ كانگىيە كونا پايتەختىنىڭ قالدۇقى بولۇپ ، ئۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين زامانىسىدىكى تارىخچىلار ماراكاندا① دەپ ئاتىغاندى» دەپ يازغان . بۇ خارابە يېنىغا ئەپراسىياپ مۇزېيى ياسالغان بولۇپ ، بۇ خارابىدىن تېپىلغان ئەپراسىياپنىڭ قىزىل ساپالدىن ياسالغان ھەيكىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ (خەنزۇچە نەشرى ) 2 ـ توم ، 1068 ـ بېتىدە بۇ ھەيكەلنىڭ بەدىئىي ئۈتۈقلىرى تىلغا ئېلىنغان . ستەين خوتەن «دەندان ئۆيلۈك خارابىلىقىدىن رۇستەم تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن رەسىمنى تاپقان ۋە يۇقىرىدا ئىسمى بايان قىلىنغان كىتابىغا ئىلاۋە قىلىپ كىرگۈزگەن .

ياپونىيە تارىخچىسى يۇجىلياۋدى ( 羽溪了谛 )نىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق كىتابىنىڭ 51 ـ بېتىدە : «تۇران شاھى ئەپراسىياپ (Afrasiab) يەنى مۇرغاپ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى Badgheis شاھى بارلىق كۈچى بىلەن زوروئاستېر دىنىنى يىمىرىپ ، بۇددا دىنىنى يۆلىگەن» دەپ يازغان . بۇ 763 ـ يىلى تەڭرىقاغان بۆكەخانىنىڭ مانى دىنىنى ، 954 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخانىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىدەك ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز تارىخىي ۋەقە بولغان . موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق كىتابىنىڭ 16 ـ بېتىدە سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى «ئەپراسىياپ ئەۋلادى» دېگەنىدى . تارىخ مەنبەلىرىدە قاراخانىيلار ئۆزلىرىنى ئەپراسىياپقا تەققاس قىلىپ «ئىد دۆلىتى ئەپراسىياپ» دەپ ئاتىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ .

---

① مەرقەنت سۆزىنىڭ گرېكچە تەلەپپۇز قىلىنىشى .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مەلۇم بولدىكى ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي سەمەرىسى بولغان ئېپوس ۋە لېگېندىلار تارىختىن ھالقىغان توقۇلما ۋە مۇبالىغىلەر بىلەن بېزەلگەن بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا تارىختىن تاشقىرى ھادىسە ئەمەس . «شاھنامە» بولۇپمۇ ئەپراسىياپ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بىزگە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ئارىسىدىكى مۇھىم بىر قىسىم تارىخىي ھادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ . بۇنىڭ داۋامى ئاخمانىلار ئىمپېراتورلىرىغا قارشى مەركىزىي ئاسىيا تۇران — تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۈرەشلىرىدىن ئىبارەت .

ئەپراسىياپ رىۋايىتى يىراق «ئاۋېستا»دىن تاكى ھازىرغىچە ئىزچىللىشىپ كەلدى . ئۇ ، ھەرقانچە ئەپسانە ـ رىۋايەت شەكلىنى ئالسىمۇ ، يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا — تۇران تۈركلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغان تارىخىي چىنلىقىنىڭ فولكلور شەكلىدۇر . ئۇنىڭ رىۋايەتلىرى چىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ . چۈنكى ، ئۇ چىنلىقتىن رىۋايەتلەشتۈرۈلگەن .

## 3 . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭلىرىگە ئائىت تارىخىي رىۋايەتلەر

سىكىفلارنىڭ كاۋكازىيە ، پەلەستىن — ئاسۇرىيىدىكى پائالىيىتى بىلەن بىر قىسىم ئارىيانلارنىڭ ئىلەم ئېگىزلىكىگە يۆتكىلىپ كېلىشى گەرچە قەدىمكى دۇنيا تارىخىدا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ، بۇ ھادىسىنىڭ تارىخىي تەسىرى ۋە تارىخىي ئاقىۋىتى

www.uyghurkitap.com

تېخى ھۇنلارنىڭ ياۋروپاغا يۆتكىلىشى ۋە رىم ئىمپېرىيىسىگە باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدەك يېتەرلىك ئىزاھلانغان ئەمەس. بۇنىڭغا تارىخىي مەنبەلەرنىڭ دېگەندەك مول بولماسلىقىدىن باشقا، «غەرب مەركەزلىك نەزەرىيىسى»نىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. قەدىمكى ئىران بىلەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي مۇناسىۋىتى ئەلۋەتتە مىس ـ تۇچ قوراللىرى دەۋرىدىكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان سىكىف ۋە ئارىيانلارنىڭ كۆچۈپ بېرىشى، ئېلىپ بارغان جەڭلىرى بىلەن باشلانغان. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ئىران خەلقلىرىنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇران خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇدرەتلىك ئاسۇرىيە دۆلىتى بېسىمى ئاستىدا مىدىيە تېخى مۇستەقىل دۆلەت قۇرالمىغانىدى. ئاسۇرىيىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IX ئەسىرگە ئائىت خاتىرىلىرىدە مىدىيىنىڭ نۇرغۇن پارچە تېررىتورىيىلەرگە ئاجرالغانلىقى، ئۇنىڭدا كۆچمەن ۋە يېرىم كۆچمەنچى قەبىلىلەر ياشايدىغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ بىر قەدەر مەدەنىي ھېسابلىنىدىغان شىمالىي قىسمىدىكى ئاھالىنىڭ تېخى ئىران تىلىنى بىلمەيدىغانلىقى يېزىلغانىدى. بۇ چاغدا مەركىزىي ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن سىكىفلار قۇدرەتلىك بابىل — ئاسۇرىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتتى، ئۇنى تەھلىكىگە ۋە مۇھاسىرىگە ئېلىپ قويدى. بۇ ھال مىدىيىلىكلەرنىڭ جانلىنىشىغا، قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا تېخىمۇ ئىلھام بولدى. ھىرودوتنىڭ كۆرسىتىشىچە، مىدىيىلىكلەرنىڭ ئاسۇرىيىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قايتقان يولباشچىسى دىئائوكونىڭ يېتەكچىلىكىدە مىدىيىلىكلەر

ئاسۇرىيىگە قارشى مەيدانغا ئۆتتى . سىكىفلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 673 - يىلى مىدىيىلىكلەر باش كۆتۈرۈپ مۇستەقىل ئىران دۆلىتىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى تىكلىۋالدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە مىدىيە زېمىنىگە كىرگەن سىكىفلار سەردارى كىئاكسار مىدىيە ياش - ئۆسمۈرلىرىگە قىزغىنلىق بىلەن چەۋەندازلىق ۋە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ئۆگىتىشنى قول ئاستىدىكىلەرگە تاپىلىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ مىدىيە پايتەختى ئىكباتان (خامادان) كۆپ مىللەتلىك شەھەر بولۇپ قالدى .

مىدىيە بىلەن سىكىفلارنىڭ ھەمكارلىق ۋەزىيىتى ئۇزاققا بارمىدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە ياشىغان گرېك تارىخچىسى كتېسىي ساكلارنىڭ ئايال سەركەردە زارىنا باشچىلىقىدا مىدىيىلىكلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، مىدىيىلىك ئەسىرلەرنى سىر (تانائىس) دەرياسىنىڭ بويىغا يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان . بۇ چاغدا سىكىفلار بىلەن ئاسۇرىيىلىكلەر دوستلاشتى ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 640 - يىلى ئىلەم ( 依兰 ) ئېگىزلىكىنى بېسىۋالدى . بۇ چاغدا ئىراندا مىدىيىدىن تاشقىرى، پېرسىيە، ئاككاد، لىدىيە، سۈمېر، بابىلىيە (بابىلئون) قاتارلىق مەيدە مەملىكەتلەر بار ئىدى . مىدىيە كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ يېڭى قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بابىلىيىنىڭ كونا قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ھوقۇق تالىشىش غەربىي ئىران ۋەزىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى . مۇشۇ پۇرسەتتىن پېرسىيىدىكى ئاخمانىلار قەبىلىسىدىن چىققان كىر II (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 529 — 558 - يىللار) ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 553 - يىلى مىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى ۋە پېرسىيىنى ئاخمانىلار پادىشاھلىقى دەپ جاكارلىدى . پارسلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئورۇنۇشى كۈچلۈك ئىدى . ئۇلار شەرققە ياكى

www.uyghurkitap.com

غەربكە يۈرۈش قىلىشتا ئارسالدىلىق قىلدى . نەتىجىدە كىر ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرىغا — شەرققە ھۇجۇم قىلدى . ئۇ ساكلارنىڭ سەركەردىسى ئاموركنى ھىيلە ئىشلىتىپ تۇتۇپ كەتتى . بۇ چاغدا ساكلارنىڭ زارىنادىن كېيىنكى يەنە بىر ئايال قەھرىمانى ، ساك سەركەردىسى ئاموركنىڭ خوتۇنى سپارېترا ئەر ـ ئاياللاردىن تەشكىللىگەن زور قوشۇنغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ ئاموركنى ئازاد قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن كىر بابىلىيە ، لىدىيە ۋە مىسىر بىرلەشمە پرۇنتىغا قارشى ساك — سكىفلارنىڭ ھەربىي ياردىمىنى قوبۇل قىلدى . ئۇ بابىلىيە ۋە لىدىيە زېمىنلىرىنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغانىدى .

گرېك تارىخچىسى ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ تومىدا مۇنداق دېيىلىدۇ : «كىر ئاسۇرىيىنى شىمالىي ئاسىيا قوشۇنلىرى ئارقىلىق يەڭدى . بابىل ئاسۇرىيىنىڭ ئاساسلىق شەھىرى ئىدى . بۇ ئىنتايىن گۈزەل شەھەرنى شىملامىس ۋە نىتوكلىس ناملىق ئاتاقلىق ئىككى ئايال پادىشاھ باشقۇراتتى . كىر ھىيلە ئىشلىتىپ دەريا سۈيىنى شەھەرگە قويۇۋېتىپ ھۇجۇم قىلىش يولى ئېچىۋالغان ۋە بابىلىيىنى ئۆز زېمىنىگە قوشۇۋالغان .» شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىنى پېرسىيە شاھى ، بابىل شاھى ، سۈمېر شاھى ، ئاككاد شاھى ، لىدىيە شاھى ، تۆت ئەتراپنىڭ شاھى ، جاھان شاھى ، شاھلارنىڭ شاھى ( «شاھىنشاھ» ) — ئىمپېراتور جاكارلىدى . مانا بۇ كۆپ خىل تىلدىن بىر تىلغا قاراپ يۈزلەنگەن ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن ئىبارەت . ئامورگ ساكلىرى كىرنىڭ بابىلىيىگە ، كېيىنچە گرېتسىيىگە قارشى يۈرۈشلىرىگە ئىشتىراك قىلدى . بۇلار تەركىبىدە باكترىيىلىك ۋە سوغدىيىلىق سەركەردىلەر ۋە زور قوشۇن بولغان . ئەمما ھىيلىگەر كىر مىسىرغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئۆز

ئىتتىپاقچىلىرى — ساكلارغا قارشى ئاتلىنىدۇ. كېياندىتلارنىڭ ئۇرۇق ـ نەسلىدىن بولغان كىر II نىڭ مۇنداق قىلىشى ئارقا سەپتىن ئەنسىرەشتىن بولغانمۇ ياكى كۆپرەك ئوتتۇرا ئاسىيا چەۋەندازلىرىغا ئىگە بولۇش، ئۇلارغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىش، جەڭ غەنىيمەتلىرىگە ئۆزى يەككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن بولغانمۇ، بۇ نامەلۇم. تارىخچى ھېرودوتنىڭ ئېيتىشىچە، كىر[1] II ماسساگېت (ئۇلۇغ ساكلار) دەپ ئاتالغان ساكلارنىڭ يەنە بىر قەبىلىسىنىڭ ئايال سەركەردىسى تومارىسنى ئۆزىگە نىكاھلىق قىلىش باھانىسىدا بۇ يۇرۇشنى باشلىغانىدى. تومارىس ساكلارنىڭ زارىنا، سپارېترادىن كېيىنكى يەنە بىر ئايال سەركەردىسى سۈپىتىدە تارىخ بېتىگە يېزىلغان.

تومارىس مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 529 ـ يىلى ساك قوشۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئامۇ دەريا بويىدا ئاخمانىلار قوشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىدۇ. جەڭ ئالدىدا تومارىس كىرغا خەت يېزىپ: «سەن تىنچلىق خالامسەن. ماسساگېتلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆمرۈڭنى ئۆزارتىشنى خىيال قىلما! ئۇرۇشمەن دېسەڭ مەيلى دەريادىن ئۆتۈۋالغىن، ئۈچ كۈنلۈك يىراققا چېكىنىپ بېرەيلى. ئەگەر سەن تۇرغان قىرغاقتا ئۇرۇشمەن دېسەڭ، بۇنىڭغىمۇ بىز تەييار. شەرت بىر. ئۇ بولسىمۇ نامەردلىك قىلما!» دەپ ئۇقتۇرىدۇ. كىر ھىيلىگەرلىككە ئادەتلەنگەچكە تومارىسنىڭ ئوغلى سپارگانىز باشلىق بىر تۈركۈم ماسساگېتلارنى مەست قىلىپ تۇتۇپ كېتىدۇ. تومارىس ئامونىڭ نېرىسىدىكى كىرغا خەت يېزىپ: «قانخور! شۆھرەتسىز ئىش قىلدىڭ. ئوغلۇمنى جەڭدە ئەمەس، ھىيلە بىلەن تۇتقۇن قىلدىڭ. نەسىھەت شۇكى، ئوغلۇمنى قايتۇر، كەلگەن يېرىڭگە زەخمەتسىز قايت! سۆزۈمنى

① رىۋايەتتە كىر II گە كەيخىسراۋ، دەپ نام بېرىلگەن بولۇپ، بۇ باشقا ـ باشقا تارىخىي شەخسلەر ئىدى.

ئاڭلىمىساڭ ، تەڭرىم قۇياش نامىدىن ئانت ئىچىمەنكى ، سەندەك قانخورنى سەن قانائەتلەنمىگەن قان بىلەن مەست قىلىمەن » دېگەن . بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان كىر سىپارگانىزنى ئۆلتۈرگەچكە جەڭ باشلىنىدۇ . تۇمارىس ئاخمانىلار قوشۇنى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ كىرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى قان تولدۇرۇلغان ئىدىشكە تاشلاپ ، جەڭدىن يەكۈن چىقىرىدۇ ، ئۇ : «قانخور ! غالىب ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ ، پەرزەنت داغىنى سالدىڭ ، قانغا ئۆمۈر بويى تويمىدىڭ . ئەنتىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى قان بىلەن تويغۇزىمەن . بېسىپ كىرگۈچىلەرنىڭ جاجىسى مانا مۇشۇ ! » دەپ خىتاب قىلىدۇ .

گرېك مەنبەلىرىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك بۇ ئېپىزوت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئايسۇلۇ» داستانىنىڭ ئەسلى بولۇپ ، ئۇ داستاندا ئايسۇلۇ ۋە ئۇنىڭ باتۇر ئوغلى كۈن باتۇرنىڭ داراغا قارشى جەڭلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ . ھېكايىدە سۆزلىنىشىچە ، دارا ۋە ئۇنىڭ قەيسەر قاتارلىق سەركەردىلىرى تۇراننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭلەردە مەغلۇپ بولۇپ ، ئاخىرى ھىيلە ئىشلىتىشكە كىرىشىدۇ . شىكاردا يۈرگەن كۈن باتۇرنىڭ ئالدىغا دارا زۇلمىدىن قاچقان كىشىلەر ، دەپ بىر قىسىم ئادەملەر كېلىدۇ . ئۇلار قىزغىن مېھمان قىلىنىدۇ . دۈشمەن مەست بولغان ساكلارنى ئۆلتۈرۈپ ، كۈن باتۇرنى تۇتقۇن قىلىپ كېتىدۇ . دارانىڭ سەركەردىسى قەيسەر خەت ئارقىلىق ئايسۇلۇنى ئۆزىگە نىكاھلىق بولۇشقا زورلىماق بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئايسۇلۇ ۋە قەيسەر قوشۇنلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك جەڭلەر باشلىنىدۇ . قەيسەرنىڭ ئاپتاپپەرى دېگەن قىزى كۈن باتۇرنى ئوغرىلىقچە قاچۇرۇۋېتىدۇ ، ساكلار غەلىبە قىلغان چاغدا ئايسۇلۇ بىلەن ئوغلى كۈن باتۇر خۇشال ئۇچرىشىدۇ . تۇمارىس ، سىپارگانىزنىڭ

ئايسۇلۇ ۋە كۈن باتۇر، دەپ خەلق ئەدەبىياتىدا ساقلىنىشى بىزگە ئالپ ئەرتۇڭا بىلەن ئەپراسىياپ ناملىرىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم قىلىدۇ.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى ئىران شاھلىرىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، تۇران شاھى ئەپراسىياپنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردە، جۈملىدىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بۇ ئەكسى ھالدا تەسۋىرلىنىپ قالماستىن، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىمۇ ماكدونىيىلىك ئىسكەندەر داراغا قارشى جەڭلەر قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (ئەلۋەتتە مۇشۇلا ئەمەس) ئىجابىي تەسۋىرلەنگەن. «ئاۋېستا» كىتابىدا بولسا ئەجدىھانى يوقاتقان داخا (ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزى ئارىسىدىكى ماسساگىتلار) باتۇرى كېرشاسىپ بىلەن تۇران شاھى ئەپراسىياپ ئىجابىي قەھرىمان سۈپىتىدە خاراكتېرلەنگەن.

گرېك تارىخچىسى پولىېننىڭ «ھەربىي ھىيلىلەر» ناملىق ئەسىرىدە دارا I گە قارشى ساك پادىچىسى شىراقنىڭ ھېكايىتى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھېكايە خەلق ئىچىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: دارا قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى زېمىنىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، ساك رەھبەرلىرىدىن ئومارگ، ساكسىفار، ئۇئاھىرىس قاتارلىقلار دۈشمەنگە قارشى جەڭ پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ياندا تۇرغان چوپان شىراق ساك رەھبەرلىرىگە ئۆز پىلانىنى تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ پىلان بويىچە شىراق ئۆزىنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ئۆزىنى ھۆكۈمرانىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان قىلىپ كۆرسىتىپ دارانىڭ ئالدىغا بارىدۇ ھەمدە دارا قوشۇنلىرىنى ساكلار بار جايغا باشلاپ بېرىشقا ۋەدە قىلىدۇ. شىراق دۈشمەننى پايانسىز چۆلگە باشلاپ كىرىدۇ. چۆلنىڭ

ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە شىراق دۈشمەنگە ندا قىلىدۇ: «مەن سىلەرنى يەڭدىم، يالغۇز بېشىم بىلەن پۈتۈن بىر قوشۇننى يەڭدىم. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسى يەتتە كۈنلۈك يول، خالىغان تەرەپكە يول بولسۇن. بەربىر ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈسىلەر. مەن بولسام مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان، مېنىڭ قېنىم مۇشۇ زېمىنگە تۆكۈلۈشى كېرەك». بۇ ھېكايە ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىنىڭ 3 ـ بابىدا: «دارىئۇس[①] گىياھسىز دەشتى ـ چۆلگە ئالداپ كىرگۈزۈلگەن» دەپ يەكۈنلەنگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەر ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ زاماندىشى خارېس مىتتلېنسكى يېزىپ قالدۇرغان زارىئادر بىلەن ئاداتىدا توغرىسىدىكى ھېكايىدىن ئىبارەت. ھېكايە قىلىنىشىچە، سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ماسساگىتلارنىڭ باشلىقى زارىئادر بىلەن سىر دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ساكلار شاھى ئومارگىنىڭ قىزى ئاداتىدا بىر ـ بىرىنى چۈشلىرىدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇشىدۇ. زارىئادر يولغا چىقىپ تانائىس (سىر) دەريادىن ئۆتۈپ ئاداتىدانىڭ يۇرتىغا بارغىنىدا دەل ئاداتىدانىڭ باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىنىۋاتقان تويى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئەسنادا زارىئادر ئاداتىدانى ئېلىپ قاچىدۇ ۋە ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.

يۇقىرىدا، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ غەربىي ئاسىيا بىلەن، مۇھىمى ئىران تېررىتورىيىسىدىكى پادىشاھلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت رىۋايەتلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. بۇ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا سكىف — ساك — تۇران — تۈركلەرنىڭ مېسوپوتامىيە ۋە ئېلام دىيارىدىكى قۇلدارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى

① دارىئۇس — دارانىڭ يەنە بىر ئىسمى.

روشەنلەشتۈرۈشتە مۇئەييەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرى ئاساسىدا قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سىر دەريا (خۇاڭخې — ياشىل ئۆگۈس، سارى ئىرماق)نىڭ شىمالىي ۋادىسىدىكى تارىخىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەر بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

## 4. كۆي — دى قەبىلىلىرىنىڭ سىرىق دەريانىڭ شىمالىدىكى ھايات پائالىيىتىگە دائىر رىۋايەتلەر ۋە خاتىرىلەر

جۇڭگونىڭ بىر قەدەر ئىشەنچلىك تارىخىي ئۆچۈرى ئەدىب، تارىخشۇناس سىماچيەننىڭ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 135 ـ ياكى 145 ـ يىللار) «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدىن باشلانغان. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تارىخىي مەنبەلەر مەيلى قانچىلىك رىۋايەتلەشتۈرۈلگەن بولمىسۇن ئۇ يەنىلا مۇھىم تارىخىي قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرىنىڭ ئاخمانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئۆچىنچى تەرەپ — گرېكلار ۋە يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز ئۆچۈرلىرى بولغانلىقىنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلار يېگانە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆپ قىسمى ئۇردا ھۆججەتلىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

مەركىزىي ئاسىيا ئارىيان — ساكلىرىنىڭ شىمالدا — بايقال كۆلى جەنۇبىدا، شەرقتە چىلىيەنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا

www.uyghurkitap.com

ياشىغانلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغانىدۇق. ئۇلارنىڭ قاچان خۇاڭخې (سېرىق دەريا) ۋادىسىغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئانتروپولوگىيىسىگە مەنسۇپ بولغان كۈي — دى ( 隗，翟 ) قەبىلىلىرى سېرىق پادىشاھ دەپ ئاتالغان خۇاڭدى زامانىسىدىن باشلاپ، شيا، شاڭ (يىن)، جۇ قەبىلىلىرى، كېيىنچە چۇنچيۇ ۋە جەنگو پارچە ھاكىمىيەتلىرى بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ سېرىق دەريا ۋادىسىنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش تارىخىي جەريانىغا قاتناشقان. «تاغ - دەريالار قورئىنى» ( 山海经 )، «زوجۇەن» ( 左传 )، «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» ( 国语 ) قاتارلىق مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، شاڭ — جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇنىڭ چىڭياڭ ( 庆阳 ) رايونى، نىڭشانىڭ گۇيۈەن ( 固原 ) رايونى، موڭغۇل يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋېشۇي ( 渭水 ) دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھىلى ۋە ئوردۇس يايلىقىدا «يىڭ فاڭ» (𡆵方)، «تۇفاڭ» ( 土方 )، «كۈيفاڭ» ( 隗方 ) دەپ ئاتالغان قەدىمكى قەبىلىلەر ياشىغان. بۇ قەبىلىلەر ئەينى زاماندا كىچىك ھاكىمىيەت قۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ياشىغان ياكى باشقۇرغان جايلار «فاڭ» — دائىرە، ئەل، يۇرت، دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى «يىڭ»، «تۇ»، «كۈي» دەپ ئاتالغانىدى. «زوچۇەن»، «گويۈي»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ ئۈچ ئاتالمىنىڭ ئاساسلىقى «كۈي» بولۇپ، ئۇ «دى» ( 翟 ) قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە نامى بولغان. «دى» ئىبارىسى «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە»دە « 狄 »، « 北狄 » دەپ كۆرسىتىلگەن.① «ۋېينامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»دە

① بۇ ئەھۋال چۇنچيۇ دەۋرىدىن كېيىن يۈزبەرگەن بولۇپ، ئەينى زاماندىكى سىللىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر قەدەر كەسكىنلىكى تۈپەيلىدىن، ۋەھشىي ھايۋان ( 犭 ) بەلگىسى قويۇلغان دى ھەرپى قوللىنىلىشقا باشلىغانىدى.

«狄» سۆزىنى دىڭلىڭ سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى، دەپ ئىزاھلىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، جۇملىدىن، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئېتنىك مەنبەسى ھېسابلانغان كۆيفاڭ — شىمالىي دى — دىڭلىڭلار① مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللار ئارىسىدا ئۆز پائالىيىتىنى سېرىق دەريانىڭ شىمالىي ۋە غەربىي ساھىللىرىغا كېڭەيتىپ، ئېپتىدائىي مەھەللىۋى ھاكىمىيەتلەر بەرپا قىلغان. ئۇلارنىڭ شاڭ، جۇ، چۇنچيۇ سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەينى زامان ۋەزىيىتىگە كۆرە پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ كەتكەن ئەمەس.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XVIII ئەسىردە خېبى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يىشۈي (易水) ۋادىسىدا ياشىغۇچى شاڭ قەبىلىلىرى شەندۇڭ، خېنەن، لياۋدۇڭ زېمىنلىرىگە كېڭىيىپ تۇنجى قۇلدارلىق دۆلىتى — شاڭ (يىن) سۇلالىسىنى قۇردى. شۇ چاغدا غەربتىكى جۇ قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى جىلى (季历) شاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بىلەن غەربكە يۈرۈش قىلىپ كۆي رۇڭلاردىن 20 دىۋاڭ (翟王)نى ئەسىر ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆي — دى ئىبارىسىنىڭ بىر ئېتنىك مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، كۆيلارنىڭ كۆپ قەبىلىلىك خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

تاشپاقا قېپىغا ۋە تۇچ بۇيۇملارغا يېزىلغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا شياڭ سۇلالىسى ئاساسلىق قوشۇن يۆتكەپ غەرب ۋە غەربىي شىمالدىكى يىڭ فاڭ، تۇفاڭ، كۆيفاڭدىن ئىبارەت كۆي — دىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. بۇنداق ئۇرۇشلار ئىچىدە شاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ پادىشاھى ئۇدىڭ

① يېقىنقى زامان تەتقىقاتچىلىرىدىن «تۇفاڭ» سۆزىنى «تۈرك»، «تۇران»، «تۇرپان» دەپ، كۆيفاڭ سۆزىنى «ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇرلار» دەپ، «دى» «شىمالىي دى» سۆزىنى «تۈرك»، «تۇران»، «شىمالىي تۇران» دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بار.

(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IX ئەسىرنىڭ باشلىرى) باشچىلىقىدا ئۇدا ئۈچ يىل ئېلىپ بارغان ئۇرۇش بىلەن شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇي پادىشاھى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى) ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ يىللىق جەڭ ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ نۇرغۇن كۈي — دىلار قەبىلە باشلىقلىرى ۋە خەلقى ئەسىر ئېلىنىپ قۇل قىلىنغان، يەرلىرى شاڭ زېمىنىگە قوشۇۋېلىنغان. بۇ ئۇرۇشقا شاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان جۇ خانلىقى (周方国) زور كۈچ بىلەن ماسلاشقان. شاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى سىشەن (磁县) ناھىيىسىدىكى كۈي بەگلىك شەھىرى (鬼侯城) ياكى توققۇز بەگلىك شەھىرى (九侯城) بېگىگە «كۈي بېگى» مەنسىپى بېرىپ ئۇنىڭ قىزىنى شاڭ سۇلالىسىنىڭ جۇۋاڭ (纣王) پادىشاھى خانىشلىققا ئالغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XII ئەسىردە جۇ قەبىلىلىرى غەربىي شىمالدىكى جەڭگىۋار قەبىلىلەرنى ئۆزىگە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىرلىكتە جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1122 ـ يىلى شاڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ جۇ سۇلالىسىنى بەرپا قىلغان. شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى شۇ شىڭ (受辛) (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1154 — 1122 ـ يىللار) ئۆزىنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ غەربىي جۇ ۋە شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى قۇلدارلىق ھاكىمىيەت تارىخى كۈي — دى قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا راۋاجلانغان.

جۇ سۇلالىسى جەنۇبتىكى قەبىلىلەرنى «مەن» (蛮)[1] دەپ، شىمالدىكى (جۇملىدىن غەربتىكى) قەبىلىلەرنى «يى»

① «مەن» — ياۋايى مىللەتلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

( 夷 )[1] دەپ ئاتىغاندا، شىمالىي دىلارنى «يى دى» ( 夷翟 ) دەپ ئاتاشقان. بۇ چاغدا كۆي — دىلار جۇ سۇلالىسىگە يېقىنلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شىمالىي دىلار، دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. «چۈنچيۇ»، «زوچۇەن» كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، ئۇ چاغدا جۇ سۇلالىسى «دايۇەن» ( 大原 )، يى دى قەبىلىلىرى «دالو» ( 大卤 ) دەپ ئاتالغانىدى.

ئەگەر شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆي — دىلار سالماقلىق تەسىرگە ئىگە بولغان، جۇ پادىشاھلىقى مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغان بولغان بولسا، جۇ پادىشاھلىقى شاڭ سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ جۇ سۇلالىسىنى بەرپا قىلغاندىن باشلاپ بۇ ۋەزىيەت ئۆزگەردى. ئىككىنچى قۇلدارلىق مەملىكىتى بولغان جۇ سۇلالىسى (ئادەتتە غەربىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ) گۇگۇڭ تەنفۇ ( 古公亶父 ) دىن باشلاپ كۆي — دىلارنىڭ ئاتلىق قوشۇن تۇتۇش، ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ كۈچلۈك ھەربىي ھاكىمىيەت قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ كۆي — دىلار ۋە ئۇلار ياشىغان تېررىتورىيىلەر جۇ قەبىلىسى قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تالان - تاراج قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا قويۇلغان ئۈچ ئىدىشقا چېكىلگەن «لياڭ بونىڭ جەڭ ئىشلىرى» ( 梁伯戈 ) ناملىق خاتىرىدە «كۈيفاڭ ياۋۇزلىرى»، «لياڭ بو ياساتقان» دېگەن خەتلەر بىلەن لياڭ بو باشچىلىقىدا ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدە كۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر تەسۋىرى بېرىلگەن. جۇ كاڭ ۋاڭ ( 周康王 ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى X ئەسىرلەر ) زامانىدا قويۇلغان «كىچىك مىڭ داڭقىنى» ( 小孟鼎 ) دا جۇ كاڭ ۋاڭنىڭ ئەمرى بىلەن مىڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى قېتىملىق كۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك ئۇرۇش

[1] «يى» — بەدەۋى مىللەتلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

خاتىرىلەنگەن . داڭقانغا يېزىلغان خەتلەرگە قارىغاندا ئىككى قېتىملىق جەڭدە قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئۈچ كىشى قولغا چۈشكەن ، 5149 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ، 20 مىڭغا يېقىن كۆيفاڭلىقلار ئەسىر ئېلىنغان ، بۇنىڭدىن باشقا جەڭ هارۋىسى ، ئات ، كالا ۋە قويلاردىن نۇرغۇن غەنىيمەت ئېلىنغانلىقى مەلۇم . جۇ كاڭ ۋاڭ تۇتقۇن هالەتتە تۇرۇپمۇ ئۆزى بىلەن مۇنازىرىلەشكەن كۆي ئاقساقىلىنى سوراق ئۈستىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

جۇ كاڭ ۋاڭنىڭ مىڭغا بۇيرۇق بېرىپ كۆيفاڭلارغا قارشى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىدىن كېيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئۇلار ھەققىدە ئۇچۇر بولمىدى . تارىخشۇناسلارنىڭ پەرەز قىلىشىچە ، بىر قىسىم كۆيفاڭلار جۇ سۇلالىسىگە ئەسىر ئېلىنىپ جۇ قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا قوشۇلۇپ كەتتى ، بىر قىسمى شەرققە يۆتكىلىپ تەيخاڭشەن تاغلىق رايونىغا كەتتى ، ئاساسلىق بىر قىسمى موڭغۇل يايلاقلىرىغا ۋە ئۇ يەردىن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلى ساھىلىغا يۆتكەلدى . بۇ مەشھۇر دىڭلىڭلار ياشىغان رايون ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن تارىخىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار ۋە شىمالىي جىن ( 北晋 ) بىلەن تەيخاڭشەننىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى دىلار ( 狄人 ) ئەنە شۇ كۆيفاڭلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ .

سىماچيەننىڭ يېزىشىچە جاۋ ۋاڭ زامانىغا كەلگەندە جۇ سۇلالىسى «ئادالەتتە كەمچىل» بولۇشقا باشلىغان . شۈەن ۋاڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 789 - يىلى غەربىي رۇڭ ( 西戎 ) لاردىن مەغلۇپ بولۇپ ، قايتا قوشۇن تۈزمەكچى بولغاندا خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان . جۇ يۇۋاڭ ( 周幽王 )نىڭ قېيناتىسى شېن خۇ ( 申侯 ) كۆچمەنچى چۈەن رۇڭ ( 犬戎 ساك —مويلاۋلار )لار بىلەن بىرلىشىپ لىشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە جۇ

يۇۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئوغلى جۇ پىڭۋاڭ ( 周平王 )نى خانلىق سەلتەنىتىگە ئولتۇرغۇزغان . سىماچيەننىڭ يېزىشىچە ، چۇەنرۇڭلار جۇ يۇۋاڭنى ئۆلتۈرگەندە چىن بېگى چىن شاڭگۇڭ ( 秦襄公 ) جۇ سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ۋە پايتەختنى لوي — خازىرقى لوياڭغا يۆتكەلگەن . مانا بۇ شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ باشلىنىشى . ئانچە ئۆتمەي ھەرقايسى بەگلىكلەر مۇستەقىل بولۇۋالغاچقا ،شەرقىي جۇ سۇلالىسى ئەمەلدە كىچىككىنە رايوننىڭ ھاكىمىيىتى بولۇپ قالغان . نەتىجىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅷ ئەسىردىن باشلاپ بەش پادىشاھلىق — چى ( 齐 ) ، چۇ ( 楚 ) ، چىن ( 秦 ) ، جىن ( 晋 ) ، سۇڭ ( 宋 ) بەگلىكلىرى ھاكىمىيەت باشقۇرغان . شەرقىي جۇ سۇلالىسى ئەمەلدە مۇشۇ بەش پادىشاھلىق بولۇپ ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 ـ ، 403 ـ يىللىرىغىچە تارىخ سەھنىسىدە ياشاپ كەلگەن .

بەش پادىشاھلىق ئىچىدىكى جىن ( 晋 ) بەگلىكى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1027 ـ ، 369 ـ يىللار ) بىلەن شىمالىي دىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆي — دىلارنىڭ خۇا ـ شيا قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە بىر تارىخىي سەھىپىسىنى ئاچقانىدى .

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، شىمالىي دىلار سېرىق دەريانىڭ شىمالىي ساھىللىرىدا ، شەنشى — سەنشى ئېگىزلىكىدە ، خېبىيدىكى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي — غەربىي ئېتەكلىرىدە ، كېيىنچە شىمالىي جۇڭگو پەس تۈزلەڭلىكىدە ياشىغان . ئۇلار شامان دىنىدىكى ئادەت بويىچە تۇرغان ئورۇنلىرىغا قاراپ ئاق دىلار (غەربتە ) ، قىزىل دىلار (جەنۇبتا ) دەپ بۆلۈنگەن .[①]

---

① شامان دىنىدا شىمال قارا ، شەرق كۆك ، غەرب ئاق ، جەنۇب قىزىل رەڭ بىلەن پەرقلەندۈرۈلەتتى .

«كالامنامە» ( 论语 )دە كۆرسىتىلىشىچە ، سېرىق دەريا ۋادىسىدىكى جىن مەملىكىتىدە خۇاشيالارغا نىسبەتەن شىمالىي دىلار ، بولۇپمۇ قىزىل دىلار كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنىدى . جىن دۆلىتى دەسلىپىدە يۈز لى كېلىدىغان كىچىك بەگلىك بولۇپ ، «چۇنچيۇ . ھەزرىتى زو جاۋگۇڭنىڭ 15 يىللىق تەزكىرىسى» ( 春秋:左氏昭公十五年传 )دە يېزىلىشىچە : «جىن تاغ ئارىسىدا بولۇپ ، رۇڭ دىلار بىلەن قوشنا ئىدى» . جىن دۆلىتى قۇرۇلۇپ چۇنچيۇ دەۋرىگىچە ئارىلىقتىكى IV ئەسىر ئىچىدە ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش يولىدا كۆپ ئۇرۇندى . بۇ ئاساسەن شىمالىي دىلارنى «قوغلىشىپ ئۆزلەشتۇرۇۋېلىش» ، «قول قىلىپ تارقىتىۋېتىش» ، «يەر - زېمىنلىرىنى مال بېرىپ ئالماشتۇرۇۋېلىش» ۋە «ھەربىي ۋاستىلەر بىلەن يىراقلارغا ھەيدىۋېتىش»دىن ئىبارەت تۆت تاكتىكا ئارقىلىق تەدرىجىي ئورۇندالدى . جىن دۆلىتى بىلەن شىمالىي دىلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرى بار ئىدى . جىن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى (جۇملىدىن چۇنچيۇ دەۋرىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى ) تېررىتورىيە كېڭەيتىشنى خالايتتى . سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ۋە ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان شىمالىي دىلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى مال - مۈلۈك ھېرىسچىلىقى بىلەن بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى قىلىشقا قىزىقاتتى . نەتىجىدە ، يەر - زېمىنى مال - مۈلۈككە تېگىشىش ئاساسىدىكى «تىنچ» مۇناسىۋەت بىلەن پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان قانلىق جەڭلەر بۇ بىر تارىخىي مەزگىلنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى .

پادىشاھ جىن شەنگۇڭ ( 晋献公 ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 677 — 652 - يىللار ) ، جىن ۋېنگۇڭ ( 晋文公 ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 652 — 636 - يىللار )دىن باشلاپ

سىستېمىلىق يوسۇندا. تېررىتورىيە كېڭەيتىش ( 启土 )
سىياسىتى قوللىنىلدى . بۇنىڭدا شىمالىي دىلاردىكى «مالغا
قىزىقىپ يەردىن ۋاز كېچىدىغان» ( 贵货易土 )
خۇسۇسىيەتتىن پايدىلىنىپ ، «مال بېرىپ يېرىنى ئىگىلەش»
( 予之货而获其土 ) تەدبىرى قوللىنىلدى . بۇ ئۇسۇل ئۇرۇش
ئۇسۇلىدىن تېز ۋە ئۈنۈملۈك بولۇپ قەبىلىلەر مۇناسىۋىتىدە
نىسپىي «تىنچ» ۋەزىيەت پەيدا قىلدى . بۇ ھەقتىكى پىكىر
ئىختىلاپلىرى ۋە مۇھاكىمىلەر «گوييۈي ، جىن ھەققىدە كالام»
( 国语.晋语 )دا : «دىلار كەڭ قۇملۇقتا تارقالغان . جىن
ئېلىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ، جىنلارنىڭ تېررىتورىيە
كېڭەيتىشى مۇۋاپىق بولماسمۇ» ( 狄之广漠,于晋为都,晋之
启土,不亦宜乎? ) دەپ يېزىلغان . دېمەك ، بۇ ئەينى زاماندىكى
تارىخىي خاراكتېرلىك سىياسىي تېما ھېسابلانغان زېمىن
كېڭەيتىش ئىدى .

ئۆز يېرىنى مال ـ مۈلۈككە تېگىشىپ ماكانسىزلاشقان
شىمالىي دىلار داۋاملىق تەيخاڭشەن تەرەپكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى .
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار توپلىشىپ بوراندەك تېزلىك بىلەن
تەيخاڭشەننىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىردى . ئۇلار (مۇھىمى
قىزىل دىلار ) چى ( 齐 ) ، جىڭ ( 郑 ) ، جۇ ( 周 ) ئۈچ
دۆلەتنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش
ئۈچۈن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 663 ـ يىلىدىن 659 ـ يىلىغىچە
بولغان 3 — 4 يىل ۋاقىت ئىچىدە سەردار لوزى ( 潞子 )
باشچىلىقىدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇردى . لوزى قىزىل دىلارنىڭ
قەبىلە ئاقساقىلى ئىدى . بۇ تارىختىكى بىرلەشكەن شىمالىي دىلار
دۆلىتى بولۇپ ، خۇا ـ شيا (جۇڭچيۇ ) دۆلەتلىرى تەرىپىدىن
ئېتىراپ قىلىنغان ئورتاق تېررىتورىيىگە ، ئورتاق ھاكىمىيەتكە ،
ئورتاق سىياسەتكە ئىگە دۆلەت ئىدى . «زوچۇەن»دە يېزىلىشىچە
شىمالىي دىلار دۆلىتى ھازىرقى شىمالىي شەنشى ، شىمالىي ۋە

www.uyghurkitap.com

شەرقى جەنۇبىي سەنشى، جەنۇبىي خېبېي ۋە غەربىي شەندۇڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇلار سەنشىدىكى لى گو (黎国) مەملىكىتىنى بېسىۋالدى، ئۇنىڭ پادىشاھى ۋېي (卫 国) مەملىكىتىگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يەنە بىر قانچە ئۇششاق مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىپ ھەتتا جىن مەملىكىتىگىمۇ قايتا باستۇرۇپ كىردى. جىن مەملىكىتى بىلەن شىمالىي دىلار ئارىسىدىكى مەشھۇر چى جىڭى (箕之役) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 645 - يىلى سەنشىنىڭ تەيگۇ رايونىدا يۈز بەرگەندە بۇ جەڭگە غەربتىن كەلگەن ئاق دىلارمۇ قاتناشقان. جەڭدە جىن سەركەردىسى شيەن جېن (先轸) ھالاك قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىمالىي دىلار، قىزىل دىلار ۋە ئاق دىلار بىلەن جۇڭچيۇ مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك جەڭ خەترى بارغانسېرى تەشۋىشلىك قىرغاقتا قاراپ يۈزلەندى. ئەمما، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 629 - يىلىغا يەتكەندە شىمالىي دىلار مەملىكىتىگە ئۇيۇشقان دىلار ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاق دىلار جىن دۆلىتى بىلەن تىنچ ئۆتتى، جىنلار مۇشۇنداق تىنچ شارائىتتا چىن دۆلىتىگە بىمالال يۈرۈش قىلالىدى. تارىختىكى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە بىرلىككە كەلگەن شىمالىي دىلارنىڭ پارچىلىنىشىغا لوزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ياش ئوغلى يىڭئېر (婴儿)نىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە ئەدەپسىزلىكى سەۋەب بولغان. «زوچۇەن»دە يىڭئېرنىڭ بەش تۈرلۈك ئەيىبى خاتىرىلەنگەن. جىن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى جىن چېڭگۇڭ (晋成公) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 599 - يىلى شىمالىي دىلار دۆلىتىدە يۈز بەرگەن تەپرىقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، شىمالىي دىلارغا قاراشلىق زەنخەن (攒函) دېگەن جايدا شىمالىي دىلار ھاكىمىيىتىدىكى يېتەكچى قەبىلە بولغان قىزىل دىلارنى يېتىم قالدۇرۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ باشقا

دىلار ( 众狄 ) ئاقساقاللىرى بىلەن كېڭەشمە ئاچتى . قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لوزى باشچىلىقىدىكى قىزىل دىلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئالدانغان باشقا شىمالىي دى قەبىلىلىرى يوقىتىلدى . جىن چىڭگۇڭ لوزى باشچىلىقىدىكى قىزىل دىلارنى تارمار قىلىش ئۇچۇن جەڭگە ئاتلىنىپ سەنشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلىدى ، گېنېرال شۇن لىنفۇ سول تەرەپتىن غايەت زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇمغا ئاتلاندى . شۇنىڭدىن كېيىن جىن دۆلىتىنىڭ چېگرىسى شىمالدا تەييۈەنگە ، شەرقتە تەيخاڭشەنگە ، شەرقىي جەنۇبتا شاك سۇلالىسى خارابىلىقلىرىغا يېتىپ بېرىپ ، پۈتكۈل قىزىل دىلار زېمىنىدىن باشقا ، يەنە شىڭ ( 邢 ) ، ۋېي ( 卫 ) ، جۇ ( 周 ) دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنىمۇ ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى . قىزىل دىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاق دىلارنى يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى . ئۇلار بەزىدە جىن ، بەزىدە چىن دۆلەتلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ تۇردى . بۇنىڭغا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 602 - يىلى جىن دۆلىتى چىنغا قارشى جەڭدە ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 583 - يىلى چىن دۆلىتى جىنگە قارشى جەڭدە ئاق دىلاردىن پايدىلانغانلىقىنى مىسال قىلىش مۇمكىن . ئاقىۋەتتە ، ئاق دىلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 580 - يىلى جىن دۆلىتى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى . ئەسىر ئېلىنغان قىزىل دىلار بىلەن ئاق دىلار جىن دۆلىتى ئەمەلدارلىرى بىلەن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇلى ياكى يانچىسىغا ئايلانغاندىن تاشقىرى ، خېلى نۇرغۇن بىر قىسمى جىن قوشۇنلىرىدىكى «دى چېرىكلىرى» ( 狄卒 ) سۈپىتىدە جەڭ مەيدانىغا مەجبۇرىي ئەۋەتىلدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 589 - يىلىدىكى جى ئەن ئۇرۇشى ( 齐鞍之战 ) بۇنىڭ مىسالى . بۇ ئۇرۇشتا دى چېرىكلىرىنىڭ جىن دۆلىتىگە يۈز ئۆرۈپ قاچقانلىقى ۋە قىزىل دىلار باشچىلىقىدىكى شىمالىي دىلار ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولۇپ بىر ئەسىردىن كېيىن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 496 - يىلى شى

www.uyghurkitap.com

چىڭ فۇ ( 析成鲋 ) باشچىلىقىدا جىن سۇلالىسى ھۇجۇم قىلىپ جاڭدۇ ( 绛都 ) شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكى مەلۇم. «زوچۇەن . شۈەنگۇڭنىڭ 15 ـ يىلى»دا ، جىن جىڭگوڭ ( 晋景公 )نىڭ ئەسىر ئېلىنغان شىمالىي دىلارنى ھەرقايسى ئەمەلدارلارغا بىر ئائىلىگە بەشتىن قۇل قىلىپ بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن . بۇ مۇتلەق سان ئەمەس ئىدى . يالغۇز گېنېرال شۈن لىنفۇ ( 荀林父 )غا 4 — 5 مىڭ قۇل ( 狄臣千室 ) بەرگەندىن تاشقىرى ، لى دۆلىتى ( 黎国 ) بەگلىرىگىمۇ دى قۇللىرىدىن نۇرغۇن سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن . ئۇلار تەخمىنەن جەنگو دەۋرلىرىگە يەتكەندە شۇ جايدىكى خۇاشيا مىللەتلىرى تەركىبىگە ئۆزلىشىپ ، ئۆز ئەجدادلىرىغا قارشى ، يەن ـ خۇاڭنىڭ ئەۋلادىمىز دېگىلى تۇردى !

قىزىل ۋە ئاق دىلاردىن كېيىن باشقا پارچە دىلار ( 众狄 ) ۋۇزۇڭ ( 无终 ) باشچىلىقىدا شىمالىي خېبىيدە شەنرۇڭگو ( 山戎国 ) دەپ ئاتالغان يېڭى دۆلەتنى قۇردى . ۋۇزۇڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 569 ـ يىلى جىن دۆلىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تىنچ ـ ئىناق ياشاشنى تەشەببۇس قىلغانىدى . سەككىز يىللىق تىنچلىقتىن كېيىن كۆچەيگەن جىن ئەيگوڭ ( 晋悼公 ) يەتتە بەگلىكنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 542 ـ يىلى ۋۇزۇڭ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ شەنرۇڭگو — داغىستان دۆلىتىنى يوقاتتى .

شىمالىي دىلارنىڭ سىرىق دەريا بويىدىكى يەنە بىر يېڭى ھاكىمىيىتى ھېسابلانغان جۇڭشەنگو ( 中山国 ) ئاق دىلارنىڭ شيەنيۈي ( 鲜虞 ) قەبىلىسىنى ئاساس قىلىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 506 ـ يىلىدىن 296 ـ يىلىغىچە 210 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى . ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 307 ـ ، 210 ـ يىللىرىدا جاۋ ( 赵 ) دۆلىتىنىڭ ئاتلىق قوشۇن تۈزۈپ ئېلىپ بارغان 17 يىللىق شىددەتلىك ئۇرۇشى ۋە يەن ( 燕 ) دۆلىتىنىڭ

بۇ ئۇرۇشقا قاتنىششى ئاساسىدا ئاخىرى يىمىرىلدى . جۇڭشەنگو ئاق دىلارنىڭ سەركەردىسى ئۇگۇن ( 武公 ) تەرىپىدىن جىن ۋە چۇ ( 楚 ) ئۇرۇشى مۇھىتىدا شەكىللەنگەنىدى . شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاغ بولغانلىقى ئۈچۈن «جۇڭشەنگو» دەپ ئاتالغان بۇ دۆلەت شەرقتە يەن ، غەرب ۋە غەربىي جەنۇبتا جاۋ ، شەرقىي جەنۇبتا چى ( 齐 ) دۆلەتلىرىگە تۇتاش بولۇپ ، تەيخاڭشەندىن شەندۇڭغىچە ئارىلىقتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقانىدى . ئۇنىڭ قالدۇق كۈچلىرى باشقا شىمالىي دىلار بىلەن قوشۇلۇپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرلەردە ئورخۇن بويىدىن سۈرۈلۈپ كەلگەن ھۇنلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىگە ئايلاندى .

* *

چۇنچيۇ دەۋرلىرىدىكى كۈي — دىلار بىلەن خۇا - شيا قەبىلىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەت ئىدى .

«گۇيۈي . جۇ ھەققىدە كالام»دا كۆرسىتىلىشىچە : «دىلار — كۈيلاردىن ئىبارەت» بولۇپ ، «كۈي جەمەتىدىكىلەر قىزىل دىلار» ئىدى . جىن ۋىنگۇڭ چۇڭ ئېر ( 重耳 ) ئاق دىلار ۋە قىزىل دىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىككى قىزنى ئېلىپ قايتقان . ئۇنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇكۈي ( 叔隗 ) ، كىچىكىنىڭ ئىسمى جىكۈي ( 季隗 ) ئىدى . ئۇ چوڭىنى جۇ شياڭۋاڭغا ( 周襄王 ) بېرىپ ، كىچىكىنى ئۆزى ئالغان . ئۇلارنى كۈي خانىش ( 后隗 ) دەپ ئاتىغان . جىن ۋىنگۇڭ چوڭ ئەرنىڭ ئانىسى ئاق دىلارنىڭ قويان ( 狐偃 ) قەبىلىسىنىڭ قىزلىرىدىن بولغان قويان خانىش ( 狐姬 ) ئىدى . ئۇ جىن شيەنگۇڭغا تەگكەندىن كېيىن دادىسى خۇتۇ ( 狐突 ) ۋە قېرىندىشى جىن شيەنگۇڭنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشقان . جىن شيەنگۇڭنىڭ

www.uyghurkitap.com

قويان خانىشتىن باشقا شياۋرۇڭزى ( 小戎子 ) ئىسىملىك رەپىقىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن جىن خۇيگۇڭ يى ۋۇ ( 夷吾 ) تۇغۇلغانىدى. چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ئاساسلىق دۆلەتلەردىن بىرى بولغان جىن دۆلىتىنىڭ پادىشاھى جىن چىڭگۇڭ (بەزىدە جىن جىڭگۇڭ 晋景公 دەپمۇ رىۋايەت قىلىنىدۇ) سىڭلىسىنى قىزىل كۇي — دىلارنىڭ باشلىقى يىڭئېر ( 婴儿 )گە ياتلىق قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۇي — دىلارغا تەگكەن خۇاشيا قىزلىرىدىن تۇغۇلغانلار كۆپىنچە يۈن ( 𤞤 )، جى ( 姬 ) فامىلىسىنى قوللانغان. ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى «كۇيفاڭ، خۇينى، يەنيۈك قەبىلىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ( 鬼方昆夷 狁考 ) ناملىق ماقالىسىدە تۇچ قاچىلارغا يېزىلغان ئېپىگراپىيىلىك ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ چۇنچيۇ دەۋرىدە نۇرغۇن چۇنچيۇ بەگلىرى كۇي — دىلار بىلەن قۇدىلاشقان دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بۇ ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئىدى، ئەلۋەتتە.

خۇاشيالار بىلەن كۇي — دىلار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتتىمۇ بىر - بىرىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى. كۇي — دىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان سېرىق دەريا ۋادىسىدىكى خۇا - شيا قەبىلىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ۋە ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشى تەدرىجىي كۇي — دىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى، چارۋىچىلىق بىلەن بىللە يەنە دېھقانچىلىق ئېلىپ بېرىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتۈش بىلەن تەخمىنەن بىر ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن بولۇشى ئېھتىمال. شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇا - شيا قۇلدارلىق مۇھىتى كۇي — دىلاردىكى سىنىپىي بۆلۈنۈشنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىمۇ ئۆزىگە خاس قۇلدارلىق ئالامەتلىرى بىلەن خاراكتېرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزۇلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇش ۋە قۇل بولۇش خەۋپى ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇرۇشىغا، ئىپتىدائىي دۆلەت ۋە شەھەر - قەلئەلەر

قۇرۇشقا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭشەنگو دۆلىتىنى مىسال قىلساق، ئۇنىڭ پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىما ۋە يۈزلەپ ئەمەلدار، نەۋكەرلىرى بولغان. كۆي — دىلارغا شەرقىي غوزلار — تۇڭغۇزلاردىن سىيانپىي، ئوغان قەبىلىلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە ياكى بىرلەشمە ھۇجۇم مەنپەئىتى تۈپەيلى ئارىلىشىپ - قوشۇلۇپ تۇرغانىدى. بۇ ھال تەدرىجىي يوسۇندا موڭغۇل يايلىقىدا، جەنۇبىي سىبىرىيىدە ۋە ئالتايدا موڭغۇلوئىد تەسىرىگە يول ئېچىپ بەردى.

خۇا - شيا قەبىلىلىرى ۋە دۆلەتلىرىمۇ كۆي — دىلاردىن ئاتلىق قوشۇن تۈزۈش ۋە غوزچە كىيىنىشنى ئۆگەندى. شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا كۆي — دىلارنىڭ ئاتقا مىنىش ماھارىتى خۇا - شيا قەبىلىلىرىگە كىرىشكە باشلىغانىدى. گۇگۇڭتەنفۇ ئوردىغا ئاتلىق قاتنايدىغان بولغان. «جاۋ چەۋەندازلىرى تۈمەنگە، يەن چەۋەندازلىرى ئالتە مىڭغا» ( 赵骑万匹,燕骑六千匹 ) يەتكەن، ئاتقا مىنىشكە ئەگىشىپ كۆي — دىچە كىيىم پاسونلىرىمۇ چۇنچيۇ پادىشاھلىقلىرىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان. «جىن ۋېنگۇڭ چەكمەندىن چاپان، قوي تېرىسىدىن جۇۋا كىيىپ، بېلىنى كەمەردە باغلاپ قىلىچ ئېسىپ، دۆلەت باشقۇرغان». «جەنگوسې» ( 战国策 )دا يېزىلىشىچە، جاۋ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ۋۇلىڭۋاڭ ( 赵武灵王 ) ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ: «كىيىم - كېچەك، قورال - ياراغنى قايسى ئەپلىك بولسا شۇنى قوللىنىش» ( 衣服器械,各使其用 ) تەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇپ گۇڭ زىچىڭ ( 公子成 ) قاتارلىق ئۆكتىچىلەرنى قايىل قىلغان. ۋۇلىڭۋاڭ گۇڭ زىچىڭغا: «بۇگۈن خۇ (غوز) پاسونىدا كىيىنىش كۆڭۈل ئېچىش ئىستىكى بىلەن بولۇۋاتقىنى يوق»، «شاڭجۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ خۇ — دىلار ماكانلىرىنى ئىگىلەشنى ئىستىسەممۇ، بۇنى كۆرەلمەي ئالەمدىن ئۆتىدىغان ئوخشايمەن»

( 今吾欲继襄主之业，启胡翟之乡，而卒世见也 ) «خۇلار
ماكانى جۇڭشەن ، مېنىڭ بولۇشى لازىم !» ( 胡地中山，吾必有
之! ) ، شۇ سەۋەبلىك كۇي — دىلارنىڭ ئاتلىق چاغدا كىيىدىغان
كىيىم - كېچەكلىرىنى ئىگىلىۋېلىش زۆرۈر ، چۈنكى «تالىپ
هارۋا هەيدىسە ئاتنىڭ مىجەزىنى بىلەلمەيدۇ . قەدىمكى ئادەت
بويىچە بۇگۈنكىگە مۇئامىلە قىلىــــــنسا ، ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا
ماسلىشالمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن . ئاخىـــرى ئۇ جۇڭشەنگو
دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى . ئەمما بۇ جاۋ دۆلىتىنى چىن شىخۇاڭ
قوشۇنلىرى هالاك قىلدى .

كۇي — دىلار ناخشا - ئۇسسۇلغا ماهىر خەلقلەر ئىدى .
غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان ليۇ شياڭنىڭ «مۇهاكىمە بېغى»
( 刘向：说苑 ) ناملىق كىتابىــدا سېرىق پادىشاه لىڭ لۇن
( 伶伦 ) دېگەن كىشىنى غەربىي كۇنلۇن[1] تېغىغا ئەۋەتىپ ،
ئۇ يەردىكى سۇمۇرغ - قەقنۇسلار ئاهاڭىدا مۇزىكا ئىشلەشنى
تاپشۇرغان ، دەپ يېزىلغان . «جۇ ئىكراملىرى» ( 周礼 ) ۋە
«چى قەبرىگاهلىقىنىڭ يىلنامىســـى» ( 汲家纪年 ) دېگەن
كىتابلاردا يېزىلىشىچە ، مىلادىيىدىن XXI ئەسىر ئىلگىرى (بۇ
تەخمىن ) «تۆت تەرەپ» مۇزىكىلىرىنى ئىگىلىگەن تىلۇ (  )
ناملىق سەنئەتچى بولغانلىقى مەلۇم . جۇ سۇلالىسى ئوردىلىرىدا
كۇي — دىلار قاتارلىق هەرقايسى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ناخشا
- ئۇسسۇللىرى ئوينالغان . «زوچۇەن . يىڭگۇڭنىڭ 5 - يىلى»
دە يېزىلىشىچە ، بۇ تۆت تەرەپ نەغمىلىرى ( 四裔乐 ) دەپ
ئاتالغان . «كونا تاڭنامە . مۇزىكا تەزكىرىسى»دە شىمالىي دىلار
ئات ئۈستىدە كاناي ، دۇمباق چالىدىغانلىقى ، «شىمالىي دى
ناخشىلىرى» ( 北狄歌 ) بار بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن . فرانسۇز
ئالىمى ئاۋگۇست كومىت ۋە جۇڭگو مۇزىكا تارىخچىسى ياڭ

① بۇ چېگىدىي — گەنسۇ ئارىسىدىكى كۇنلۇن تېغىنى كۆرسىتىدۇ .

يىنلۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، شىمالىي دىلار بىلەن غەربىي شىمالدىكى غوزلارنىڭ مۇزىكىلىرى بىر سىستېما، بىر گەۋدە بولغان.

«تارىخىي خاتىرىلەردە خواجى نەسەبنامىلىرى» (史记货殖列传)دە كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭشەنگودىكى ئاق دىلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماهىر بولۇپ نامراتلىق تۇپەيلى باشقا ئەللەرگە بېرىپ سەنئەت سېتىپ هايات كەچۈرگۈچىلەر، سەنئەتچى قۇللار بولغان. ئۇلار ئۇزۇن يەڭ كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، قاشلىق ئېتىپ، پۇتلىرىغا «شى» (屣) دەپ ئاتىلىدىغان تاپانسىز ئۇچلۇق ئۇسسۇل كەشلىرى كىيىپ، نەپىس ئۇسسۇللار ئوينايدىكەن. شەندۇڭ ئۆلكىسى لىنزىيۇلياڭ كەنتى (临淄郎家庄)دىكى 1 ـ نومۇرلۇق شەرقىي جۇ (چۇنچيۇ) دەۋرىگە تەئەللۇق قەبرىگاهلىقتىن مانا شۇ خىل ئايال ئۇسسۇلچى تەسۋىرى ئىپادىلەنگەن قونچاق تېپىلغان. تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ خىل سەنئەتچىلەر ئېغىر قۇللۇق ياكى خارلىق ئىچىدە ياشىغانلىقى مەلۇم. بىز كۆي — دىلارنىڭ سەنئەت ماهىرلىقىدىن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر سىستېما هاسىل قىلغان ئالاهىدىلىكلىرىنى هېس قىلالايمىز. قۇدرەت تاپقاندا ئات ئۈستىدە پەرۋاز قىلغان، هالسىزلانغاندا سەنئەتچى قۇل بولۇپ قالغان بۇ تەقدىر مىلادىيىدىن تولىمۇ بۇرۇن ئىنتايىن تېرەن بىر هەقىقەتنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ بولسىمۇ، دائىمىي جەڭگىۋارلىق قىممىتىنى سەنئەتنىڭ هامىيسى قىلىشتۇر.

*　　　*

بىز تۇران تارىخىغا ئائىت رىۋايەت ۋە هېكايەتلەر ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى چوڭ قورۇقلۇقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

شەرقىدە — خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا، كاسپىي دېڭىزى ساھىلىدا، يىراق شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار پائالىيىتى بىلەن قىسمەن تونۇشتۇق. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قىسمەنكى، بىزگە مىلادىيىدىن ئون نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى زاماندىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI — VII ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئاجايىپ تارىخنىڭ پەقەت قىسمەن، تولىمۇ ئاددىي ئۇچۇرى يېتىپ كەلگەن. بۇ ئاجايىپ قەھرىمانلىق لېگېندىلىرى، ئېپوسلىرىنىڭ پەقەت ئازغىنە بىر قىسمى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ رىقابەتلىك يىراق تارىختىكى جەڭگىۋار تارىخى ۋە سەلتەنەت تەنتەنىلىرىدىن بىزگە خەۋەر بېرىدۇ. بۇ تارىخ تېرەن ۋە تەكرار گەۋدىلەنگەن ئۆلمەس ھېكمەتلەر بىلەن تولغان.

تۆتىنچى باب

# مەركىزي ئاسىيا شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرىنىڭ جۇغرا- پىيىلىك تەپسىلاتى

## 1 . سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە بوستان مەملىكەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى

بىز قەدىمكى تۇران — مەركىزي ئاسىيالىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىپايان تۇران زېمىنىدا ياشاپ ، ساپ ئاسىياچە ئاق جىنسلىق ئاندرونوپ — ئارى دەۋرىنى ۋە قىسمەن سېرىق — موڭغۇلوئىد (دادەن ) تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاق جىنسلىق — تۇركوئىد دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بىلدۇق . بىز تۇر ، تۇرا ، تۇران ئىبارىلىرىنىڭ بۇ ئىككى قاتلامنىڭ ئالدىنقىسىدا يوقلۇقى ، كېيىنكىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى قاراشلىرىنىڭ ئاساسسىزلىقىنى ، بۇ ئاتالما شەرقتە جۇ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە «خۇا» ، «شيا»لار بىلەن بىللە «دى» (ھەتتا تۇفاڭ ، كۇيفاڭ دېگەن ) ئىرۇگلىق بىلەن ئاتالغان بولسا ، غەربتە «تۇر» ، «جەڭگىۋار تۇرلار» دېگەن ئىبارە بىلەن قەدىمكى ئىلاھىي ئەپسانىلەردە ۋە «ئاۋېستا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز .

دېمەك ، تۇران زېمىنى ئارى (ئاريان ) ۋە تۇركىي

www.uyghurkitap.com

ئەجدادلار ماكانىدۇر.

بۇ ماكاننىڭ تارىخى ھەقىقىي مەردانىلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىنغاندا كىشىنى چۆچۈتەرلىك يىراق، چەكسىز ئىقلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى روشەنلىشىدۇ. بىزگە ئايانكى ئەجدادلىرىمىز قەبىلە سۈپىتىدە يۆتكىلىش تارىخىنىلا ئەمەس، يەنە ئانا ماكانلىرىنى بىر – بىرلەپ تارايتىۋېلىش تارىخىنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن.

بىز يىن (شاڭ) سۇلالىسى تۇنجى قۇل ئىگىلىكى دۆلىتى بولۇپ قۇرۇلغان زامانغا نەزەر سالايلى. ئۇ چاغدا نە سەددىچىن سېپىلى، نە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىن بولسۇن. ئۇ چاغدا چىن شىخۇاڭ تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن چۇ ۋە چىن بەگلىكىنىڭ زېمىنى شاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتىدا ئىدى.

تارىخ ئەلۋەتتە ئۆتۈپ كەتتى. مىللەتلەر تەركىبى بىلەن زېمىنلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەمما، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر مىللىي مەدەنىيەت تىپى ۋە چەمبىرىنى تېخىمۇ خاسلاشتۇردى. بۇ مەدەنىيەت تىپىدا زېمىن كۆزقارىشى، مىللەت – قەبىلىلەر قارىشى، تارىخ قارىشى، غايىۋى كەلگۈسى قاراشلىرى مۇجەسسەملەندى. مۇشۇ مەدەنىيەت تىپلىرى ئۆزگەرمىگەن شارائىتتىكى ئىجتىمائىي – سىياسىي گۇرۇھلارغا نەزەر سالساق، ئۇلار قانداق ناملار بىلەن ئاتىلىپ، ئۆزئارا قانلىق جەڭلەر قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ باشقا مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىگە بولغان زېمىن، مىللەت، تارىخ ۋە غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرى رىجىسى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىغان «گۆدەك چال»لار نۇرغۇن. مەن مۇشۇ ئىلمىي ھەقىقەت نۇقتىسىدىنلا بۇ ئەجدادلىرىمىز زېمىنلىرى يەرمەنكىسىنى يايماقچىمەن. بۇ ھەر ئىككى تەرەپكىمۇ، پۈتۈن ئۈچىنچى تەرەپ ئىنسانىيەتكىمۇ مەنپەئەتلىك تەپەككۇر ئىلھامىدۇر.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى پاراللېل مەزگىلدە رويابقا چىققىنى يوق .

شۇنى ئومۇمەن تىلغا ئېلىش مۇمكىنكى ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئىچىدە — غەربىي ئاسىيادا تۆمۈر ئىختىرا قىلىنغان ۋە ترويا ئۇرۇشلىرى يۈز بەرگەن ، ئاسۇرىيە دۆلىتى گۈللەپ چۈشكۈنلەشكەن ۋە يېڭى بابىل دۆلىتى مەيدانغا كەلگەن . جۇڭگودا جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر بىخ سۈرۈشكە باشلىغان ، ھىندىستاندا بىراخمانىزم مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەن ئېرادا — دۇنيانىڭ بۇ بىرلەمچى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن كېيىن — ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۇملىدىن يارىش يازىقى (جۇڭغارىيە) ، يەتتەسۇ ، ماۋەرائۇننەھىر ، تارىم ۋادىلىرى ، گەنسۇ كارىدورى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە — موڭغۇل يايلاقلىرىدا يېزا ئىگىلىك رايونلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى . بۇ رايونلاردىكى ئولتۇراقلاشقان ئىجتىمائىي تۇرمۇش دائىملىق راۋان دەريا ۋادىلىرىغا تايانغانىدى . بۇ خىل دائىمىي راۋان دەريا ۋادىلىرى بولسا مۇزلۇق تاغلارنى — تىلەن (جىلەن ، چىلىيەنشەن) تېغى ، تەڭرىتېغى ، چوغاي تېغى ، كۆكئارت (پامىر) تېغى ، قاراقۇرۇم تېغى ، كوپېت تېغى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق تارماقلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى . تېررىتورىيىنىڭ كەڭلىكى ، تاغلار ۋە تاغلار ئارىسىدىكى ۋادىلارنىڭ تەكلىماكان ، قىزىلقۇم ، قارىقۇم قاتارلىق چۆللۈكلەر تەرىپىدىن كېسىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك ھاياتىمۇ ئىنتايىن تارقاق ھالدا شەكىللەندى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىنى كۆرسىتەلەيدىغان يازما مەلۇماتلار — «رىگاۋېدا» ، «ئاۋېستا» خاتىرىلىرى ۋە قەسىدىلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ يىلنامىلىرى ۋە گرېكلارنىڭ يازما مەنبەلىرىدىمۇ بۇ

رايونلاردا بوستان مەملىكەتلىرى — شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرى بولغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ ، گەرچە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى دائىملىق يالداما قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، يەنىلا بوستان مەركەزلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى .

ئولتۇراقلىشىش سۇغىرىش سىستېمىلىرىنىڭ كاپالىتى ئاساسىدىلا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ، ئەلۋەتتە . سۇغىرىش سىستېمىلىرى — سۇنئىي سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى — مەركىزىي ئاسىيا قۇرغاق رايونىدىكى تېرىقچىلىق ھاياتىنىڭ ئۇل ـ ئاساسى بولۇپ ، ئۇ بىر تەرەپتىن تۇچ ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئېكىنچىلىك قوراللىرىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىنى شەرت قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن سۇنئىي سۇغىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتىنىڭ بەرپا بولۇشىنى شەرت قىلاتتى . مىراپلىق ـ ھاكىمىيەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك خىزمىتى ھېسابلىناتتى .

ف . ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك سۇنئىي ئۇسۇلدا سۇغىرىش جامائە كوللېكتىپىنىڭ ياكى ھاكىمىيەت مۇئەسسەسىنىڭ خىزمىتى ھېسابلىناتتى . مىڭلىغان يىللاردىن بېرىقى تارىخ ئىسپاتلىدىكى ، دەريا ئېقىنلىرىدىن سۇنئىي قانااللار (ئۆستەڭلەر) ئارقىلىق سۇ باشلاپ سۇغىرىش ھەر قاچان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىگىلىك خىزمىتى بولۇپ كەلگەن .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII — VI ئەسىرلەردە تۆمۈردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن سۇنئىي سۇغىرىش ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيەتلىرى كېڭەيدى . خۇددى بېرنىشتام «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى كۆچمەنچى مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا» ناملىق

ماقالىسىدا كۆرسەتكىنىدەك، ئولتۇراقلىشىش ۋە ئىپتىدائىي دۆلەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى — چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭدىن قول ھۈنەرنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن باغلىق ھالدا يۈز بېرىپ، ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ھاياتىغا، دىنىي ئېتىقادىغا ۋە كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

تارىم دەرياسى بويىدىكى كاشغارىيە (قەشقەر — يەكەن)، تىجەن (گېرىرود) دەرياسى بويىدىكى ئارىييا (ھېرات)، مۇرغاپ دەرياسى بويىدىكى مارجىئانا (مەرۋى)، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى باكتىرىئانا (بەلخ، بەغتەر)، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى خارەزم، قاشقا دەريا ۋە زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى سوغدىئانا (سوغداق، سوغدى)، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى كۇچا (يۇرپان)، تۆۋەن ئېقىنىدىكى كرورايىنا (روران، كروران) ۋە باشقىلار مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى يېزا ئىگىلىك مەركەزلىرى ۋە ئىپتىدائىي شەھەر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قارارگاھلىرى ئىدى. بۇ شەھەرلەر شەرقىي جۇ — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى بەزى كۆي — دىلارنىڭ شەھەر - قەلئەلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە ئىدى. ئومۇمەن بۇ شەھەر - قەلئەلەر مەركىزىي ئاسىيا ۋە موڭغۇل يايلاقلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئالتاينىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى بەزى يېزا ئىگىلىك مەركەزلىرىدىن پەرقلىق ھالدا نۇقۇل قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە بېكىنمە ھاكىمىيەتنى ئاساس قىلماستىن بىر قەدەر مۇستەھكەم يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە قول سانائىتى بىلەن سودا - ئالاقىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شەھەرلەر مىلادىيىدىن خېلى ئىلگىرىلا باشلانغان ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرى تەرىپىدىن «ئۇلۇغ يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان خەلقئارا

www.uyghurkitap.com

سودا قاتنىشى رىشتىسىگە ئۇلانغان بولغاچقا ، تارىخنىڭ پەرۋىشىگە ئېرىشىپ ، تارىخنىڭ دولقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ داۋاملىق راۋاجلاندى . مەلۇم مەنىدە بۇ ، يايلاق ئىمپېرىيىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىمپېرىيىلىرىنىڭ تارىخىي تەقدىرى بىلەنمۇ ئالاقىدار ئىدى . گەرچە ، بوستانلىقلاردىكى تېرىقچى مەملىكەتلەردىن يايلاق ھاكىمىيەتلىرى — كۆچمەن دۆلەتلەر پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ ، يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ سودا ـ ئالاقىگە بولغان قىزغىنلىقى ، بېكىنمە ھالەتكە قارشى جەڭگىۋارلىقى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ كۈچلۈك سودا ـ ئالاقە ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەنىدى . گەرچە ئۇلار قەلئە ـ قورغانلار قۇرمىغان ھالەتتە بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ئومۇمىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى . ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا بوستان ـ يايلاق ، جەنۇب ـ شىمال مۇناسىۋىتىنىڭ دەۋر قىلىش قانۇنىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ .

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىدا تەبىئىي مۇھىتنىڭ رولى زور بولغان بولۇپ ، ئولتۇراقلىشىشتا كۆكەرتىشكە بىر قەدەر ئاسان جايلارنى ئۆزىگە پاناھ قىلغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىدا مىللىي — ئىرقىي ئالامەتلەرنىڭمۇ ، باشقىچە ئېيتقاندا ، ئېتنىك تۇرمۇش شەكلىنىڭمۇ رولى زور بولغان . ئېنگېلس «ئىرق — ئىقتىسادىي كاتېگورىيە» دېگەنىدى . ئىرق تارىخنىڭ مەھسۇلى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخقا تەسىر كۆرسىتىدىغان مىللىي تۇرمۇش شەكلىدىن ئىبارەت . تارىخىي مەنبەلەر بىلەن ئانتروپولوگىيىلىك ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئاندرونوپ — ئارىيانلارغا خاس ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ ۋە ساك — تۇرك مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ، كۆپىنچە تاغلىرى ئېتەكلىرىدە ، مەركىزىي ئاسىيا ھەتتا شىمالىي

ھىندىستاندىكى جۇلام، چىنئاب، راۋىي، بىياس، ساتلىر دەريالىرىدىن ئىبارەت پەنجئاپ رايونىدا كەڭ تارقالغانلىقىنى بىردەك ئىسپاتلىدى. بۇ ھال قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا شەھەر مەملىكەتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچتىكى ئۈچ بەلگىسىنى — سۇغىرىشقا قۇلايلىق بوستانلارنى ئاساس قىلغانلىقى، ئارىيان — تۈركىي ئېتنىك تۈرمۇش شەكلىنى، بىر بوستان — بىر شەھەر دۆلىتى بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

«ئاۋېستا»دا ئامۇ دەريا «رەخا»، «رەنخا»، «ئارانخا» دېگەن ناملاردا ئاتالغان. ھىرودوت بۇ دەريانى «ئاراكىس» دەپ ئاتىغان. ئۈچ يۈز ئاتمىش ئۆستەڭگە بۆلۈنگەن دەپ يازغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن كېيىن بۇ دەريا گرېكچە «ئوكىس»① ياكى «بەغىش» نامىدا ئاتالدى. سىر دەريانى بولسا «تانايىس» دەپ ئاتىغان. سىكىفلار دون ساھىلىغا كۆچكەندە ئۇنىمۇ «تانايىس» دەپ ئاتىغان بولۇپ، دوننىڭ «ئېمىل» دەپ ئاتىلىشى كېيىنكى كۆچمە نام ئىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن بىللە شەرققە يۈرۈش قىلغان تارىخچى ئورلىئان «تانايىس» دەرياسىنى ئىككى ئورۇندا دەپ كۆرسەتكەن. سىر دەريانى «يەكسارت» دېگەن خاس نام بىلەنمۇ ئىزاھلىغان. زەرەپشان دەرياسىنى گرېكلار «پولتىمېنت» (شۆھرەتلىك ئېقىن) دەپ ئاتىغان. پەھلىۋى تىلىدا ئىرانلىقلار بۇ دەريانى «نامىك» (ھۆرمەتلىك سۇ) دەپ ئاتىغان. جۇڭگو يىلنامىلىرىدا بۇ دەريا پەھلىۋى تەلەپپۇزى بويىچە «نامى» دەرياسى دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «زەرەپشان» نامى گرېك ھەتتا ئاخمانىلار موداخىلىسىدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت بولغان، شۇنىڭدەك غەيرىي تىلدا ئاھاڭ بويىچە تەلەپپۇز قىلىشتىن تاشقىرى مەنىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىش ھەتتا ئايرىم نام بىلەن ئىپادىلەش ئەھۋاللىرىمۇ

① بۇ ئىبارىنى «ئۆگۈز» — دەريا دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بار.

www.uyghurkitap.com

ساقلانغان .

تارىم دەرياسى توغرىسىدا جاڭ چيەن ۋە بەن گۇلار بۇ دەريانى «بېيبوخې» (شىمالدىكى ئۆركەشلىك دەريا) دەپ ئاتىغان بولۇپ ، ئۇ چاغدا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىمۇ خۇددى شۇنداق «جەنۇبتىكى ئۆركەشلىك دەريا»نىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغاندى . پتولېمي «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا تارىمنى «ئۇيگۇردىس» دەرياسى دەپ ئاتىغان . سترابوننىڭ يېزىشىچە ، بۇ دەريانىڭ سۈيى تېرىقچىلىققا ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى زور قىسمى «چۆل - قۇملۇق مەملىكەت»لىرىگە كىرىپ ، قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ ، دېيىلگەن . تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۇنىڭ تۇران ساي ( 突伦川 ) دېگەن نامىمۇ بولغان . مەھمۇد قەشقەرى تارىم ھەققىدە توختالغاندا ئۇنى : ئەپراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان ئاياللارغا خاس ئىسىم دەپ كۆرسىتىدۇ . تارىم — تېرىم سۆزى بولۇپ سۇغارغۇچى دەريا ، تېرىقچىلىق ۋادىلىرىنى تەمىنلىگۈچى دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە مۇنداق تېرىقچىلىققا ئائىت كۆپلىگەن قەدىمكى قوشاقلارنىڭ نەمۇنىلىرى كۆرسىتىلگەن . بۇ قوشاقلار كىشىگە ئىختىيارسىز ھالدا جۇڭگونىڭ «نەزمىنامە» ( 诗经 )سىنى ۋە قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ نىل دەرياسىغا بېغىشلىغان تېرىقچىلىق ناخشىلىرىنى ئەسلىتىدۇ .

شۇ نەرسىنى ئىزاھلاش ھاجەتكى ، ئولتۇراقلىشىش ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيەت يارىتىش شەكلىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك كاتېگورىيىلىك ئۇقۇم . بۇ ئۇقۇم بىرەر قەبىلە ياكى ئانتروپولوگىيىلىك خەلقلەر گەۋدىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياكى قىسمەن شەھەر - قەلئە ھاياتىغا قەدەم قويغانلىقىنى ، شۇنىڭغا مۇناسىپ يېزا ئىگىلىك ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . بۇنىڭدىن مۇنداق ئولتۇراقلاشقان

تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيەت شەكلىدىن ئىلگىرى شۇ خەلقلەر ئولتۇراقلاشمىغان، دائىما تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرگەن دېگەن مەنە كېلىپ چىقماسلىقى كېرەك. مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان چاغلىرىدىمۇ «قەيەردە ئوت - چۆپ بولۇق بولسا، شۇ يەرگە يۆتكىلىپ» يۈرگەن ئەمەس. «قەيەردە ئوت - چۆپ بولۇق بولسا، شۇ يەرگە يۆتكىلىپ يۈرۈش» دېگەن ئىبارە پەۋقۇلئاددە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا مىكرو جەھەتتە، مۇئەييەن ھەرىكەت دائىرىسى ئىچىدە چىنلىق ھېسابلانسىمۇ، ماكرو جەھەتتە، چەكسىز ھەرىكەت دائىرىسى ئىچىدە چىنلىق ئەمەس ئىدى. مەركىزىي ئاسىيا ئىنسانلىرى قەدىمكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ۋە ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى دەۋرىدە نىسپىي مەنىدە بولسىمۇ مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. ئەلۋەتتە، مەركىزىي ئاسىيا قەبىلە - قوۋملىرى ۋە خەلقلىرى قەدىمكى دۇنيادىكى بىرقانچە قېتىملىق زور كۆلەملىك كەلكۈنسىمان چوڭ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا زېمىنلىرىدىن يىراق قىتئەلەر ۋە يىراق رايونلارغا كۆچتى. بۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي سەۋەبلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئاقىۋەتلىرى بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق كاتېگورىيىسىدىن ھالقىغان ھادىسە ھېسابلىنىشى كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرت - ماكانلىرىغا ئىشتىياقسىزلىقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىلمۇ ئەمەس. كۆچكەن قەبىلىلەرنىڭ يۇرت سېغىنچىنى ئىپادىلىگەن قوشاقلىرى بىلەن يېڭى كۆچۈپ بارغان جايلىرىغا ئەسلى يۇرتلىرىنىڭ يەر - سۇ ئىسىملىرىنى يۆتكەپ بارىدىغان ئادەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بىز قازاقىستاننىڭ شىمالىدىكى بوتا ئۇستى ئوچۇق كان يېنىدىن تېپىلغان تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئاھالە ياشىغان پونكىتنىڭ خېلى كەڭ دائىرىدە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاكادېمىك ئوكلادىنكوفنىڭ جاكارلىشىچە: دائىرىسى 15 گېكتار

كېلىدىغان بۇ ئاھالە پونكىتى بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان بوتالىقلارنىڭ ئولتۇراق ماكانى ئىدى . بۇ جايدىن 200 ئېغىز ئۆي ۋە ئاندرونوپ مەدەنىيىتى تىپىگە تەئەللۇق 60 مىڭ خىلدىن ئارتۇق بۇيۇملار تېپىلغان . تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخابات شەھىرىدىن تاسىس ئاگېنتلىقىنىڭ 1981 - يىلى 27 - ئۆكتەبىر بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا زەرتېپە ئىپتىدائىي ئېرىقچىلىقتىن بوستان مەملىكىتىگە قەدەم قويۇشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئاھالە پونكىتى بولۇپ ، پروفېسسور ماسسوننىڭ ئىزاھلىشىچە ، كاۋكازىيىدىكى ئورارتو دۆلىتىدىن مىڭ يىل ئىلگىرى ، مىلادىيىدىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن . بۇ شەھەر قىياپىتىگە يۈزلەنگەن كونا قەلئەدىن ئالتۇندىن ياسالغان بۆرە بېشى بېزەك بۇيۇمى چىققان . 1980 - يىلى ئاپرېلدا تەكلىماكاننىڭ شەرقىدىكى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ، شىمالىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى قەبرىگاھدىن تېپىلغان ۋە 1992 - يىلى ياپونىيىدە كۆرگەزمە قىلىنغاندا ياپونىيە ئانتروپولوگىيە ، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى دۇبەن جىنجىڭ ( 渡边直经 ) ، گوەن يېنشۇن ( 关野雄 ) تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى مۇمىيا» دەپ باھالانغان «كروران گۈزىلى» ۋە كىچىك بالا جەستى بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان يۈك ، چىۋىق توقۇلما بۇيۇملارمۇ ئىپتىدائىي ماكانلىشىش ئالامەتلىرىنى كۆرسەتتى . مۇنداق ئولتۇراقلىشىش مىساللىرىنى موريدىن ، ئۈرۈمچىدىكى ئالغۇي توپ قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا كۆپلىگەن جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار ئارقىلىق ئىسپاتلاش تامامەن مۇمكىن . بۇ بىزگە ئولتۇراقلاشقان - ئولتۇراقلاشمىغان دېگەن ئىبارىلەرنى نىسپىي ، تارىخىي چۈشىنىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئاندرونوپ — ئارىيانلار تۆۋەنگە سۈرۈلگىنىدە گەرچە ئاھالە

پۈنكىتلىرى، ھەتتا بىر قەدەر چوڭ ھەجىملىك قەبىلە مەركەزلىرى قۇرغان بولسىمۇ، تېخى يېزا ئىگىلىك قەبىلىسى سۈپىتىدە ئولتۇراقلاشمىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يەرلىك قوڭۇر تەنلىك قەبىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ «ئارىلار» (ئالىي، ئېسىل كىشىلەر) دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئۆز ئىسمى بويىچە گرېك، ئىران ۋە جۇڭگو مەنبەلىرى بىردەكلا «ساقلار» (ساكلار) دەپ ئاتىغان. ساك تەركىبىگە ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي، باش ـ ئاياغ ئېقىنىدىكى قەبىلىلەر ئەمەس، ھەتتا غەربىي گەنسۇ رايونىدا ياشىغان ئۇسۇن ۋە ياۋچى (توخرى، توخار) قەبىلىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇ چاغدا ھىندىستاندا پارچە ھاكىمىيەتلەر ساقلانغان بولۇپ، ھىندىستان دېگەن بىر پۈتۈن جۇغراپىيىلىك نام مەيدانغا چىقمىغانىدى. شىمالىي ھىندىستاندىن — ئاساسەن ھىمالايا تېغىدىن مىنتو تاغلىرىغىچە ئارىلىقتىكى جايلارنى سانسكرىت يېزىقىدىكى كىتابلاردا «ئارىيا بادۇ» (ئارىلارزېمىنى) دەپ ئاتايتتى. بۇ چاغدىكى ساك تىلى قەدىمكى ئارىلار (ئارىيانلار) تىلى بولۇپ، ئانتروپولوگىيە ئىلمىدىكى خاس ئاتىلىشى بويىچە «ئاندرونوپ» قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۇران تىلى ئىدى. بۇ چاغدا ئىراندا ئارىيان تىلى ئۈستۈنلۈك ئالمىغان بولۇپ، ئېلام، خوررىت، كاسسىت، پارس ۋە پەھلىۋى تىللىرى مەھەللىۋى تىل ھېسابلىناتتى. ھىندىستاندا بولسا گەرچە ھەربىي ئۈستۈنلۈك ئارىيانلار ئىلكىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما تىل جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بىر قىسىم ئارىيان تىلىنى ئۆزلەشتۈرگەن ھالدا يەنىلا خاراپپا مەدەنىيىتىنى ياراتقان يەرلىك قەبىلىلەر تەرىپىدە ئىدى.

مەركىزىي ئاسىيادا بىرىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى — چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئايرىمچە خاس ئىگىلىك شەكلى سۈپىتىدە دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى ساكلارنىڭ كۆچمەنچى خاراكتېرىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ

مۇستەھكەملىنىش ۋە ئاخىرلىشىش دەۋرىدە يۈز بەردى. ئەڭ دەسلەپكى ئولتۇراقلاشقان بوستان مەملىكەتلىرى كۆچمەنچى بەدەۋى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىنىڭ خاتىمىسىنى گەۋدىلەندۈردى. ئارقىدىنلا ئىككىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى — چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى بولۇپ ئۆتتى. قول ھۈنىرى تەقەززا قىلغان ئولتۇراقلىشىش، شەھەر ھاياتى ۋە سودا مۇئامىلىسى ئوخشاشلا قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى تەقەززا قىلاتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە ئۇنى تەمىنلەپ تۇرغان يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىق مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي شەھەر مەملىكەتلىرى (قەلئەلىرى)نىڭ مۇستەھكەم ھايات گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مەزمۇت ئۈچ پۇتلۇق تىرەك بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئەمدى مۇنداق ئولتۇراقلىشىشنى رەڭلىك ساپال ياكى ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدىكى ئاھالە مەركەزلىرى بىلەن بىردەك تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى سودا مۇئامىلىسى شەھەر - قەلئەلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىقتىساد مەركەزلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى «چارۋا يوللىرى» ئورنىنى يېڭى «كارۋان يوللىرى» ئىگىلىدى. سۇنئىي سۇغىرىش خىزمىتىدىن باشقا كارۋان يوللىرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى تەمىن ئېتىش ھاكىمىيەتچىلىكنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى قاتارىغا قوشۇلدى. بۇ ئىپتىدائىي تاۋار، قىممەت ۋە ئۆلچەم كاتېگورىيىلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ ھال بەدەۋىلىك دەۋرىنىڭ يالدامىسى بولغان قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن بولىدىغان تاشقى مۇناسىۋەت ئورنىغا ئۇنى قىسمەن ساقلاپ قالغان ھالدا، مال ئالماشتۇرۇش بىلەن بولىدىغان تاشقى مۇناسىۋەتنى دەسسەتتى. بۇ بەدەۋىلىكتىن مەدەنىيەتكە قاراپ چامدالغان زور بىر قەدەم بولدى.

تۆۋەندە تۆرلۈك تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئاساسىدا قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا قەبىلىلىرى ۋە خەلقلىرى ياشىغان ئاساسلىق شەھەر ـ قەلئەلەر ۋە بوستان مەملىكەتلىرىنىڭ ئومۇمىي تارىخى — جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز . بۇ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخى ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي نەتىجە بولۇپ ، كېيىنكى تارىخىي ھادىسىلەر ۋە رىقابەتلەرنىڭ مەركىزىي مەيدانىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان .

مەركىزىي ئاسىيادا دەسلەپكى ھاكىمىيەت مەركەزلىرى بىلەن شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىكى تارىخىي ھادىسە . بۇ جۇغراپىيىلىك جەھەتتە ھەرقايسى بوستانلىقلارنى — چۆل ـ جەزىرە بىلەن قورشالغان سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى بىرلىك قىلغان ۋە تەدرىجىي شىمال ـ جەنۇب ، شەرق ـ غەرب قاتنىشىنى بويلاپ زەنجىر ھالقىلىرى شەكلىنى ئالغان . قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر ئىزىدا يېڭى شەھەر ـ قەلئەلەر ياسالغان ياكى قۇم ئاپىتى ، ئۇرۇش ۋەيرانلىقى تۈپەيلى كونىلىرىنى يانداپ يېڭى شەھەر ـ قەلئەلەر بىنا بولغان .

مەركىزىي ئاسىيا شەھەر ـ قەلئەلىرىنىڭ توپونومىيىلىك شەجەرىسى مەسىلىسى تولىمۇ مۇرەككەپ كەچۈرمىشلەر تۈپەيلى پەقەت نىسپىي ھالدىلا روشەن . يەر ناملىرى ھەر خىل مەنبەلەردە ھەر خىل يېزىلغان . جۇڭگونىڭ «24 تارىخى» ۋە بۇددا ساياھەتنامىلىرىدا قارىمۇقارشى ئەھۋال ساقلانغان . بىر تەرەپتىن ، ئۇ تولىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر يەتكۈزسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، يەر ناملىرى ، جاي مۇساپىلىرى تولىمۇ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە پەرقلىق ھالەتتە بايان قىلىنغان . ھەتتا خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيەت تىپى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئۆز ئالدىغا بىر يۇرۇش نام قويۇلغان . جۇ سۇلالىسى ئۇچۇن شىيا

ئىبارىسى غەربىنى ، چىن ئىبارىسى تېخىمۇ غەربىنى كۆرسەتكەچكە ، باكتىرىيە «داشيا» ، رىم — ۋىزانتىيە «داچىن» دەپ ئاتالغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى . بەزى شەھەر ـ قەلئەلەر بىرەر ھەرپى ، ياكى يېنىدىكى بىرەر تاغ ـ دەريانىڭ نامىدىكى بىرەر ھەرپ بىلەن ئىپادە قىلىنىۋەرگەن . بۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىدىكى ئۆز ئالدىغا بىر ئۇقۇم ۋە ئىبارە سىستېمىسى تۈزۈش ئالەم مودېلى قارىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر . ئىككىنچى مەنبە بولمىغان ئەھۋالدا ، بىز شەرتلىك ئالامەت سۈپىتىدىلا بۇ خەتلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇرمىز .

## 2 . كۈي — دى قەبىلىلىرىنىڭ شەھەر ـ قەلئەلىرى توغرىسىدا قىسقىچە تەپسىلات

مەركىزىي ئاسىيادا ئىپتىدائىي بوستان مەملىكەتلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش جەريانى ئاسىيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە قول ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم ئوچىقى ھېسابلانغان چۇنچيۇ ۋە ئاخمانىلار خانلىقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . شەرقتە شەرقىي جۇ — چۇنچيۇ ۋە جەنگو دەۋرلىرىدىن باشلاپ جۇڭگو تەدرىجىي فېئوداللىق بىر پۈتۈن دۆلەت يۈزلىنىشىگە قاراپ راۋاجلانغان بولسا ، غەربتە گاھىدا بابىلىيە ، گاھىدا مىدىيە ، گاھىدا پېرسىيە پادىشاھلىقلىرى ئۈستۈنلۈك قازىنىش يولىدا بىر ـ بىرى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بېرىپ ئىراننى بىرلىككە كەلتۈرۈش يۈزلىنىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىغانىدى . بۇ ھال قول ئىگىلىكى دۆلەتلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش خاھىشىنى پەيدا قىلىش بىلەن بىللە ، مەركىزىي ئاسىيادىكى يېڭى ئۆسۈپ كېلىۋاتقان كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇلدارلىق دۆلەتلىرىدىكى ھەشەمەتلىك بايلىقلارنى تالان ـ تاراج قىلىش خاھىشىنىمۇ كۈچەيتكەنىدى . بۇ

ھال بىر تەرەپتىن ، قۇل ئىگىلىكى دۆلەتلىرىنىڭ بىر قەدەر تېز بىرلىككە كېلىشىگە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، كۆچمەنچى ياكى يېرىم كۆچمەنچى قەبىلىلەرنى تېخىمۇ بىرلىشىشكە سەپەرۋەر قىلىپ قويغانىدى .

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، ئىپتىدائىي بوستان مەملىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى نوقۇل باشقا قەبىلە ياكى دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش زۆرۈرىيەتلىرىدىن يۈز بەرگەن تارىخىي ھادىسە بولماستىن ، بەلكى ئۇ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر زۆرۈرىيەتلىرى ئاساسىدا تەدرىجىي يوسۇندا يۈز بەرگەن تارىخىي ھادىسىدىن ئىبارەت . شۇنداقتىمۇ بىر قاتار پاكىتلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ چوڭ قۇل ئىگىلىكى مەدەنىيىتى مەركەزلىرىگە يېقىن رايونلىرىدا ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئەلەرنىڭ ئۇنىڭ يىراق يايلاق قىسمىغا نىسبەتەن بالدۇرراق مەيدانغا كەلگەنلىكى ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغۇچى ئامىللار ئىچىدە چوڭ قۇل ئىگىلىكى مەدەنىيىتى مەركەزلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدىن ئىبارەت بۇ بىر تارىخىي ئامىلنىڭ سەل چاغلانماسلىقى لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ . بۇ ھال ، مەركىزىي ئاسىيادا ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ناتەكشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى . ئومۇمەن ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ — تۇران زېمىنىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىسىنى ئۈچ ئاساسىي گۇرۇپپىغا : سىرىق دەريا ۋادىسىدىكى كۆي — دى ساكلىرى ، تەڭرىتاغ ۋە تارىم ئەتراپىدىكى ۋۇجىيە — ئوغۇز ساكلىرى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي پامىر يەنى تۇران ساكلىرى گۇرۇپپىلىرىغا بۆلۈش مۇمكىن . بىز تۆۋەندە مۇشۇ ئۈچ ئاساسىي گۇرۇپپا بويىچە شەرقتىن غەربكە قاراپ بۇ رايونلاردىكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز .

www.uyghurkitap.com

سىرىق دەريا (خۇاڭخې) ۋادىسىدىكى كۆي — دىلار قورغان (ياكى باشقۇرغان) شەھەر ـ قەلئەلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈش مۇمكىن.

موڭغۇل يايلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە سىرىق دەريانىڭ شىمالى ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى قىزىل دىلار، ئاق دىلار قورغان «شەنرۇڭگو» (山戎国)، «شىمالىي دىلار دۆلىتى» (北狄国) ۋە كېيىنكى «جۇڭشەنگو» (中山国) شەھەر قەلئەلىرىنى بىر گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن. بۇ شەھەر قەلئەلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەنشى — سەنشى — خېبېينىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ياسالغان سەددىچىن سېپىلى مۇشۇ شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندى. بۇ شەھەر ـ قەلئەلەر ئىچىدە بىر قەدەر ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جۇڭشەنگو مەركىزىي شەھىرى لىن شۇ (灵寿) هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭشەن (平山) ناھىيىسى سەنجى (三汲) يېزىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا سەككىز كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە تۆت كىلومېتىر كېلەتتى. تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە قەلئە سېپىلى 27 مېتىر قېلىن توپىدا سوقما قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئالتۇنلۇق[1] بولۇپ، تاش قەبرىلەر ھېلىمۇ ساقلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، جۇڭشەنگو (قىيار) ئېلىگە قاراشلىق يەنە گوچېك شەھىرى (藁城) خارابىسى مەۋجۇت، تارىخىي خاتىرىلەردە چوڭ قەلئە ـ شەھەرلەردىن جۇڭرېن (中人)، گۇ (顾) شەھىرى، كىچىك قەلئەلەردىن فىڭلۇڭ (封龙)، تاش گۇزەر (石邑)، نىڭجا (宁葭)، چۈيياڭ (曲阳)، دەنچۇ (丹邱) قەلئەلىرىنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ جايلاردىن تېپىلغان تۇچ ئىدىشلاردا خۇددى بايقال ۋادىسىدىكى دىڭلىڭلار دىيارىدىن چىققان تۇچ

① جۇڭشەن پادىشاھى رۇڭنىڭ قەبرىسى (中山王墓) شۇ جايغا جايلاشقان.

بۇيۇملارغا خاس مىللىي ئۇسلۇب بىلەن خۇا - شيا ئۇسلۇبى ئارىلاشما تەسىر كۆرسەتكەن.

سېرىق دەريانىڭ غەربىي ساھىلى ۋە چىلىيەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى كۆي — دىلار قورغان شەھەر - قەلئەلەر تېخىمۇ قەدىمى، تېخىمۇ كۆپ بولۇپ ئۇلار يەنە بىر گورۇپپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ يەردە ياشىغان مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى خەلقلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «غەربىي رۇڭلار»، «بۈيۈك غوزلار» ( 大胡 )، «غەربىي غوزلار»، «ساكلار» دەپ ئاتالغان. يىن (شاڭ) سۇلالىسى دەۋرىدە تاشپاقا قېپىغا يېزىلغان خەتلەردە بۇ جايلاردا يىڭ فاڭ (𢀛方)، تۇفاڭ ( 土方 )، كۈيفاڭ ( 隗方 ) دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرى بارلىقى يېزىلغان. بۇ يەردىكى «فاڭ» ھەرپى شەھەر - قەلئەلەرنى، كىچىك ھاكىمىيەت بىرلىكىنى ئىپادىلەيتتى. غەربىي جۇ سۇلالىسىدىن شەرقىي جۇ سۇلالىسىگە ئۆتۈشكە سەۋەب بولغان نەرسىمۇ دەل جۇ يۇۋاڭنىڭ چۈەنرۇڭ ( 犬戎 )لار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغانلىقى بولغانىدى.

سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە، غەربىي رۇڭلارنى خۇا - شيا زامانىدىن باشلاپ بايان قىلىدۇ، غەربىي ۋە شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ غەربىي رۇڭلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. بۇ سېرىق دەريا ۋادىسىنىڭ خۇا - شيا ۋە رۇڭلارغا تەۋە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» ( 国语 ) دېگەن كىتابتا: چى خۈەن گوڭ ( 齐桓公 )، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 603 — 573 - يىللار) غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئاق دىلار (يۇرتىغا بارغانلىقى، بۇ جايلارنىڭ ئاق غوزلار دىيارى ( 白部胡 ) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئاق تۇرك شەھىرى ( 白土城 )نىڭ بولغانلىقى، بۇ دىياردا يەن ( 延 )، يىن ( 银 )، سۈي ( 绥 )

دىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دا قەدىمكى «تەسىرنامە» ( 尚书 )دە تىلغا ئېلىنغان «غەربىي رۇڭ» ئىبارىسى «غەربىي يۇرت» ( 西域 ) دېگەن ئىبارە بىلەن بىر دەپ كۆرسىتىلگەن. «خەننامە»گە شەرھى يازغان شۈي سۇڭ ( 徐松 ) : غەربىي رۇڭ، ئاق دى، غەربىي غۇز، ئاق غۇزلارنىڭ ھەممىسى بىر خەلق، دەپ ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدى.

غەربىي رۇڭلارنىڭ ياشىغان زېمىنلىرىدا ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئە ھاكىمىيەتلىرىدىن زادى قانچىسى بولغانلىقى روشەن ئەمەس. سىماچيەننىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، جەنگو دەۋرىدىكى چىن مۇگۇڭ ( 秦穆公 ) غەربىي رۇڭلارنىڭ سەككىز دۆلىتىنى بېقىندۇرغان، چىن خۇيۋاڭ ( 秦惠王 ) يىچۇ ( 义渠 ) ۋادىسىدىكى 25 شەھەرنى ئۆزىگە قارىتىپ، لۇڭشى ( 陇西 )، بېيدى ( 北地 )، شاڭجۈن ( 上郡 )نى بويلاپ غەربىي رۇڭلاردىن قوغدىنىش سېپىللىرى سالغان. بۇ جايلار تېخى شەنياڭ، شىئەنلەرگە يېقىن بولۇپ، تيەنشۈي ( 天水 ) رايونى ئەتراپىنى كۆرسىتەتتى. چىن سۇلالىسىنىڭ تەدرىجىي غەربكە سىلجىشىغا ئەگىشىپ سەددىچىن سېپىلىمۇ ھەم ئۇنىڭ دەرۋازا - قوۋۇقلىرىمۇ يۆتكىلىپ تۇرغان. چۇنچيۇ دەۋرىدە سېلىنىشقا باشلىغان بۇ سېپىل چىن شىخۇاڭنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگىنىدىن كېيىنلا «تۈمەن يوللۇق سېپىل» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سەددىچىن سېپىلى شەرقتە لياۋ دۇڭدىن غەربتە لىن جاۋ ( 临洮 )غىچە سوزۇلغان بولۇپ، لۇڭشى، بېيدى، شاڭجۈن شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. «بامبۇكقا يېزىلغان سالنامە»دە بۇ قېتىمقى سېپىلنى يەنىمۇ غەربكە سۇرۇش خىزمىتىگە چىن خۇيۋاڭنىڭ ئەمر بويىچە لۇڭجا ( 龙贾 ) باشچىلىقىدىكى دىۋىزىيە قاتناشقان. بۇ چاغدا قاشقوۋۇق ( 玉门关 ) ۋە كۇنقوۋۇق ( 阳关 ) لۇڭلې ( 龙勒 ) ناھىيىسى يېنىدا

بولسا، كېيىنكى ۋېي (后魏) سۇلالىسى دەۋرىدە شۇ چاڭ (寿昌) ناھىيىسىگە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جىن چاڭ (晋昌) ناھىيىسىگە يۆتكەلدى. بۇ گەنسۇنىڭ كۆپ قىسمى دېگەنلىك ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، چۇنچيۇ دەۋرىدىن چىن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رۇڭلارنى بويسۇندۇرۇشىغىچە، سېرىق دەريانىڭ غەربىي (باش ئېقىنى) ساھىلىدا «يىچۈي پادىشاھلىق غەربىي رۇڭ دۆلىتى»① ۋە «دالى (大荔) رۇڭ دۆلىتى» بولغانلىقى مەلۇم.

يىچۈ (义渠) ھازىرقى تيەنشۈي (天水) رايونى بولۇپ، ئۇنى چىن سۇلالىسى مۇنقەرز قىلىپ، بېيدى ۋىلايىتى (北地郡)غا ئۆزگەرتكەن ۋە ئىلگىرىكى سېپىلنىڭ سىرتىغا سەددىچىن سېپىلىنى قايتا سالدۇرغان. خەن دەۋرىدە دەسلەپ بېيدى ئايمىقى (北地道)، كېيىنچە تيەنشۈي ۋىلايىتى (天水郡) دەپ ئاتىغان. بۇ دىياردا باجۇ شەھىرى (绵诸城) بولغانلىقى، ئۇ چىن جۇ (秦州)غا ئۆزگەرتىلگەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا خۇنرۇڭ (绲戎) قەلئەسى بولغانلىقى مەلۇم. يەنە باشقا دىۋەن (翟獂) قەلئەسى بولۇپ، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەنرۇڭ بازىرى (獂戎邑) دەپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەنداۋ (獂道) ئايمىقى دەپ ئاتالغان. ليۇجۇ بازار قەلئەسى (刘拘邑城) يىچۈيدىكى يەنە بىر شەھەر ئىدى. بۇلاردىن باشقا نىڭجۇ (宁州)، چىڭجۇ (庆州) شەھەر - قەلئەلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. بەزى تارىخچىلارنىڭ پىكرىچە، يىچۈينىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى نىڭجۇ، چىڭياڭ (庆阳) ئەتراپىدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىزچە، چىن (秦)، نىڭ (宁)، چىڭ (庆) ئىبارىلىرى چىن خۇيۋاڭنىڭ يىچۈي قاتارلىق 25 شەھەر

① بۇنى بىدى رۇڭگو (北地戎国) دەپمۇ ئاتىغان.

ئۆستىدىكى زەپەر تەنتەنىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزگەرتىلىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن .

دالى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن لىن جىن ( 临晋 ) دەپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ ، هازىرقى چاۋيى ( 朝邑 ) ناهىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ . چىن خۇيۋاڭ بويسۇندۇرغان دالى رۇڭلار دۆلىتىدە ئۇچ ( 乌氏 ) شەھىرى بار ئىدى . بۇ هازىرقى ئەندىڭ ( 安定 ) ناهىيىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقانىدى . جۇييان ( 朐衍 ) شەھىرى دالى شەھەر - قەلئەلىرىنىڭ يەنە بىرى بولۇپ ، هازىرقى جەنجۇ ( 盐州 ) ئىزىدا ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا يەنجۇ ( 延州 ) ، يىنجۇ ( 银州 ) ، سۈيجۇ ( 绥州 )دىن ئىبارەت ئۇچ يۇرتمۇ ئاق دىلار شەھەر - قەلئەلىرى هېسابلىناتتى .

ئالتۇن قەلئە ( 金城 ) دەپ ئاتالغان لەنجۇ ( 兰州 )نىڭ كونا بىر ئىسمى لىنجۇ ( 令居 ) ئىدى . بۇ شەھەر چىن خۇيۋاڭ بويسۇندۇرغان 25 شەھەر - قەلئەنىڭ بىرى هېسابلانغان .

چىن سۇلالىسى دەۋرىدە سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە ئورالغان غەربىي دىلار شەھەر - بالىقلىرىدىن باشقا چىلىيەنشەن تېغىدىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان جايلارغا ئۇسۇن دۆلىتى بىلەن تۇخار دۆلىتى جايلاشقانىدى .

«دەريانىڭ غەربىدىكى قەدىمكى ئىشلار» ( 河西旧事 ) دېگەن كىتابتا : «چىلىيەنشەندە ئارچا - قارىغاي قاتارلىق بەش خىل دەرەخ ئۆسىدۇ ، ئوت - سۈيى ياخشى ، قىشلىقى ئىللىق ، يازلىقى سالقىن ماكانلار بار» دەپ يېزىلغان . «مىڭ جىژ» ( 明志 ) دېگەن كىتابتا : گەنجۇنىڭ شىمالىدا قەدىمكى چىلىيەن شەھىرى ( 祁连城 ) ۋە ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا چىلىيەن تېغى بارلىقى يېزىلغان . چىلىيەنشەن ئاقتاغ ، بوغدا تېغى ، جەنۇبىي تاغ دەپ ئاتالغان . سىماچيەننىڭ تارىخىي ئۇچۇرىغا قارىغاندا ، بۇ تاغ جاڭيې — جۇچۇەن ئارىلىقىغا جايلاشقان ، هۇن تىلىدا «تىلەن»

دەپ ئاتالغان بۇ تاغلىق دىيار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 ـ يىلى خەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن . سىماچيەننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ، مەلىكە شىجۈن ئىلى دىيارىغا كۆچكەن ئۇسۇن ئىلىگە ياتلىق قىلىنغاندا سەددىچىن سېپىلى لىنجۇ (لەنجۇ )نىڭ غەربىگە قاراپ جىددىي سېلىنىۋاتقان هازىرقى جۇچۇەندە ( 酒泉 ) شۇيجۇ ۋىلايىتى ( 肃州郡 ) تەسىس قىلغان ۋاقىتلار ئىدى .

توخارلار بىلەن ئۇسۇنلار ئالتۇن بالىق ( 金城 )دىن دەشتىئاتا ( 沙州 شاجۇ )غىچە ياشىغان مەركىزىي ئاسىيا تىپىدىكى قەبىلىلەر هاكىمىيىتى بولۇپ ، خۇا ـ شيالار بىلەن غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇي — دىلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئىدى . سىماچيەننىڭ كۆرسىتىشىچە ، جەنگو دەۋرىدە ئۇسۇنلار گۇاجۇ ( 瓜州 )دا ياشىغان بولۇپ ، خۇجيەلەر ( 护揭 ) گۇاجۇنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشايتتى . گۇاجۇ توغرىسىدا «قىسقىچە زېمىن تەپسىلاتى» ( 括地志 ) دېگەن كىتابتا : لياڭجۇ ، گەنجۇ ، شۇيجۇ ، گۇاجۇ ، ساجۇلار تۇخار زېمىنلىرى ئىدى ، دەپ يېزىلغان . ساجۇ بىلەن گۇاجۇ بولۇڭكۇر دەرياسى بويىدىكى دۇنخۇاڭ بىلەن ئەنشىنى كۆرسەتسە ، لياڭجۇ ۋۇۋېينى ، گەنجۇ جاڭيېنى ، شۇيجۇ جۇچۇەننى كۆرسىتىدۇ . «قامۇسنامە» ( 通典 )دە يېزىلىشىچە : لياڭجۇ ۋىلايەت ئىسمى بولۇپ ، شەهەر ئىسمى گۇزاڭ ( 姑藏 ) ياكى گەيزاڭ ( 盖藏城 ) دەپ ئاتالغان ؛ گەنجۇ ۋىلايەت ئىسمى بولۇپ ، شەهەر ئىسمى خەن دەۋرىدە لېدى — ئېرگىنول ( 觻得 ) ، تاڭ دەۋرىدە جاڭيې دەپ ئاتالغان ؛ شۇيجۇ ۋىلايەت ئىسمى بولۇپ ، شەهەر ئىسمى خەن دەۋرىدە لۇفۇ ( 禄福 ) ، تاڭ دەۋرىدە جۇچۇەن دەپ ئاتالغان .

تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە ، تۇخارلارنىڭ ئاساسىي خانلىق شەهىرى تىلەن (چىليەن ) تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى چاۋۇپ شەهىرى ( 昭武城 ) ئىدى . بۇ هازىرقى

جاڭيې ۋىلايىتىگە قاراشلىق گاۋتەي ( 高台 ) ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ . «تارىخىي خاتىرىلەر»گە شەرھى يازغان شۈي شۈگىنىڭ پىكرىچە ، چاۋۇپ ئىسمى قەدىمكى كۈي — دىلارىنىڭ چاۋۇپخان (سىيائۇپخان ) ناملىق خاقانىنىڭ نامىغا قويۇلغان . تۇخارلار ئۆز ماكانلىرىدىن باتۇر تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھۇن خانلىقى قىرغىنچىلىقى تۇپەيلى ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان . ۋەھالەنكى تۇخارلار ئۆزلىرى كۆچەيگەن ۋە ھەتتا ھۇن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى تۇمەن تەڭرىقۇتقا ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ تۇرغان زامانلىرىدا ، ئۇسۇن كۇنمى خانلىرىنى ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغانىدى . تۇخارلار ئۇسۇنلار ئىزىدىن ئىلى ۋادىسىغا بارغاندا ئۇسۇنلار كۈچەيگەن بولۇپ ، تۇخارلارنىڭ بۇ يەردە ماكانلىشىشىغا يول قويمىغاچقا ، تۇخارلار پامىرنىڭ غەربىگە — باكترىيىگە جايلاشتى . غەربىي خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا كەشمىرگە ماكانلاشقان تۇخار خانلىرىدىن ئوتولاخان ( 乌头劳 ) ئۆزىنى چاۋۇپخان دەپمۇ ئاتىغان . غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى زامانىدا ئۆزىنى «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلار» ( 九姓昭武回鹘 ) دەپمۇ ئاتىغانىدى .

سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ھۇنلار تەزكىرى» قىسمىدا : گۇاجۇنىڭ غەربىي شىمالىدا خۇجيەلەر ياشايدۇ ، دېگەن سۆزى بىزنى مەشھۇر «غەربىي يۇرت» ( 西域 ) بوسۇغىسىغا ئېلىپ كېلىدۇ .

تۆۋەندە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر بەلۋېغى بولغان ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز . سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ تېمىنى ماۋزۇغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز .

## 3 . لوپ — خوتەن يۆنىلىشىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ جۇغرا ـ پىيىلىك تەپسىلاتى

شىنجاڭ قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە «سەنۋېي» ( 三危 ) ، «خۇاڭفۇ» ( 荒服 ) ، «بىنفۇ» ( 宾服 ) دەپ يېزىلدى . غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تاكى XVⅢ ئەسىرگىچە «غەربىي يۇرت» ( 西域 )[①] دەپ ئاتالدى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە : غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ تولىسى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلەر ( 城郭诸国 )دىن ئىبارەتتۇر ، دەپ يېزىلغان .

ئامېرىكا تارىخچىسى مىكگوۋېرن «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» ناملىق كىتابىدا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئانتىك دەۋرىدىكى گرېك شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرىدەك تۈزۈلگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالغانىدى . ئەگەر گرېك شەھەر مەملىكەتلىرىنى دېڭىز سۈيى كېسىپ تۇرغان ، بۇ شەھەر مەملىكەتلىرى ئېگەي ۋە ئادرىياتىك دېڭىزىنىڭ ئۆركەشلىرىگە يۈزلىنىپ تۇرغان بولسا ، غەربىي يۇرتتىكى بوستان دۆلەتلىرىنى چۆل ـ جەزىرىلەر كېسىپ تۇراتتى ۋە بۇ شەھەر ـ قەلئەلەر دولقۇنلۇق تەكلىماكاندىن ئىبارەت قۇم دېڭىزىغا يۈزلىنىپ تۇراتتى .

---

① بەن گۇ ( 班固 ) «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قىسمىغا شۇي سۇڭنىڭ يازغان ئىزاھاتىدا قەدىمكى ئىبارە بويىچە دۆلەت يۇرت دەپ ئوقۇلاتتى ( 古音国读 域如 ) دەپ يازغان . «گۇاڭيافا تەپسىرات» ( 广雅释诂 ) دېگەن كىتابتا : يۇرت دۆلەت دېمەكتۇر ( 域,国也 ) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن غەربىي يۇرت — غەربتىكى ئەللەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . «غەربىي يۇرت» دېيىلگەن بۇ زېمىننىڭ ئەسلى تۇرانىيە ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر .

شىنجاڭنىڭ غەربىي يۇرت دەپ ئاتىلىشى گەرچە غەربىي خەن سۇلالىسىگىچە چىن سۇلالىسىنىڭ ئىچكى جۇڭگودىكى چەنگو (ئۇرۇشقۇچى) دۆلەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى ئىش بولسىمۇ، كېيىنچە غەربىي يۇرت ئىبارىسى شىنجاڭنىڭمۇ غەربىي قىسمىدا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى.

شىنجاڭنىڭ، جۇملىدىن پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلىرى ئۈستىدە توختالغاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مۇنداق ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلەر بىلەن بىللە مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغىچە ساقلانغان، هازىرقى كۈندە «رىم خارابىلىرىدەك» سىرلىق خارابىگە ئايلانغان قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭنى تەڭرىتاغلىرى شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئىككى رايونغا بۆلۈپ تۇرغان بولۇپ، قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر تولاراق جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا جايلاشقان. ئەمما، شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىجتىمائىي هايات ئىزلىرى شىمالىي شىنجاڭدا ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلەر بولمىغان نوقۇل دالا ئىدى، دېگەن مۇهاكىمىنىڭ ئاساسسىزلىقىنى ئىسپاتلىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئاقىدىغان ئېقىنلار يالغۇز مۇزلۇق چوققىلار، قارلىق قاتلاملىق جىلغىلار ۋە تاغلىقلارغا جايلاشقان كۆللەردىن ئېقىپ چۈشىدىغان هازىرقى كۈندە هەممىگە مەلۇم بولغان دەريالار بىلەنلا چەكلەنمىگەن. قەدىمكى زامانلاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ دەريالىرىمۇ هەرگىزمۇ يۇلتۇز دەرياسى، قارا شەھەر دەرياسى، مۇزئارت دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، توشقان دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، خوتەن دەريالىرى، چەرچەن دەرياسى بىلەنلا چەكلەنمىگەن. ئالبېرت هېرمان (Albert Herrmann)

نىڭ «جۇڭگو تارىخىدىكى سودا يوللىرى خەرىتىسى» ناملىق ماتېرىيالىدا قەدىمكى زامانلاردىن تاكى مىلادىيىنىڭ IV ئەسىرىگىچە تەكلىماكاننىڭ شىمالىدىكى تارىم دەرياسىغا پاراللېل بولغان ئويكاردېس (Oekhardes) ياكى ئېكارا (Ekhara) ناملىق زور بىر دەريانىڭ تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا ئاقىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ مىلادىيىنىڭ II ئەسىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى پتولېمېىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى «ئۇيغۇردىس» ناملىق دەريا كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمغا سىڭىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرىغا ئوخشايدۇ. بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئۇنىڭ دەريالىرى پامىر تېغىدىن ۋە يۇتيەن (于阗)دىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن ھاسىل بولغان» دەپ يېزىلغان. شۇ كىتابتا پامىرغا تەكلىماكاننى بويلاپ ماڭىدىغان شىمالىي ۋە جەنۇبىي يولدىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ، جەنۇبىي تاغ (ئالتۇنتاغلىرى) ئېتىكىدىكى «دولقۇنلۇق دەريا»نى بويلاپ پىشامشاندىن (كونا لوپنىن) غەربكە ماڭسا يەكەنگە بارىدۇ، بۇ جەنۇبىي يول؛ شىمالىي تاغ (تەڭرىتاغلىرى) ئېتىكىدىكى «دولقۇنلۇق دەريا»نى بويلاپ ئالدىنقى گۇشى (ئالدىنقى قاڭقىل)دىن غەربكە ماڭسا سۇلې (قەشقەر)گە بارىدۇ، بۇ شىمالىي يول، دەپ يېزىلغان. «دەريا - تارامالار تەپسىرى» (河水注) ناملىق كىتابتا: جەنۇبىي دەريا خوتەن دۆلىتىدىن چىقىپ ئوم دۆلىتىنىڭ (扜弥国) شىمالىنى بېسىپ جىڭجۆ (精绝) دۆلىتىگە ئېقىپ كىرىدۇ، دېيىلگەن. بۇ كىتابتا جەنۇبىي دەريانىڭ داۋاملىق ئېقىپ چەرچەنگە بارىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بىز مىلادىيىنىڭ III — IV ئەسىرلىرىگىچە بولغان جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى ئىپادىلەيدىغان يەر - سۇ تەپسىلاتلىرى بىلەن بۇددا ئاقارتىلىرىنىڭ ساياھەتنامىلىرىدىن تەكلىماكاننىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە بەھەيۋەت قۇم دۆڭلىرىدىن

هاسىل بولغان «ئاق ئەجدىھا تۆپىلىكى» (白龙堆) بارخانلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمىز. مىلادىيىنىڭ III — IV ئەسىرلىرىدىن كېيىنكى مەنبەلەردە بۇ ھەقتە ھېچقانداق مۇنداق «ئاق ئەجدىھا تۆپىلىكى» بارخانلىرىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنمىغان. قىياسىمىزچە، مىلادىيىنىڭ III — IV ئەسىرلىرىدە تەكلىماكاننىڭ شەرقىدىكى نەملىك قەۋىتى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان كەڭ بوستانلىقلاردا يۈز بەرگەن قۇرغاقلىشىش ھادىسىسى ئارقىلىق بۇ «ئاق ئەجدىھا تۆپىلىكى» بارخانلىرى — ئېنىقراق ئېيتقاندا قۇم تېغى تەكلىماكاننىڭ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىنى مەركەز قىلىپ كۆچكەن. نەتىجىدە، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىدا «قۇملۇقتىكى شاھخەي شەھىرى» دەپ تەسۋىرلەنگەن شامال يالىغان تىلسىم شەھەر قىياپىتىدىكى قۇملۇق يا داڭ قالدۇقلىرى قالغان. كۆچكەن قۇم بۇگۇنكى كورلا — لوپ ئارىسىدىكى قەدىمكى كارۋان يولى بويىغا جايلاشقان بوستان شەھەر- قەلئەلىرىنى كۆمۈپ، بىر قىسىم ئاھالىنى ئۆز ھالىتى بويىچە قۇم دېڭىزىغا غەرق قىلغان، بىر قىسىم ئاھالە تارىم بويىنى بويلاپ تەخمىنەن يەكەن دەرياسى ساھىللىرىغىچە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان. بىز يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا- ئاياغ ئېقىنىدىكى مەكىت، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى يەر- سۇ نامىلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدا قەدىمكى لوپنۇرلۇقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەر- سۇ نامىلىرى ۋە قوشاقلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ساقلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. قۇم كۆچۈش تۇپەيلى گەرچە مۇزئارت ۋە يۇلتۇز دەريالىرىدىن قوشۇلۇپ تۇرغان كۈچلۈك ئېقىن تەسىرى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ لوپنۇرغا قۇيۇلۇش مىقدارى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك راۋان ۋە مول بولمىغان. «ئويكار» ياكى «ئېكارا» دەرياسى دەپ پەرەز قىلىنىۋاتقان ئۆركەشلىك «جەنۇبىي دەريا» بولسا، شەرقىي



www.uyghurkitap.com

شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا يۆزلەنگەن كۆچلۈك قۇم ھۇجۇمى تۈپەيلى پارچىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا مەھەللىۋى ئېقىن - تارامىلار ھالىتىگە چۈشكەچكە لوپنۇر كۆلىگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ ھال لوپنۇر كۆلىنىڭ سۇ مەنبەسىنى ۋە دائىرىسىنى زور دەرىجىدە تارايتقان. بۇ ھادىسىگە ئەگىشىپ قاتناش لىنىيىسىدىمۇ ئۆلگىرىكى ئاۋات جەنۇبىي يول ئۈنتۈلۈش، بۇ يولدىكى شەھەر - قەلئە ۋە بېكەتلەر خارابىگە ئايلىنىش ھالىتىگە دۇچار بولغان. غەربىي شيالار (تاڭغۇتلار) گەنسۇ كارىدورىدا ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرغان ۋاقىتلارغا يەتكەندە ئۆلگىرىكى دۇنخۇاڭ — بۇددا مەدەنىيىتىمۇ يىپەك يولىدىكى مەرۋايىتتەك جۇلالىق ھالىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، يېرىم ئۈنتۇلغان تىلسىمغا ئايلىنىپ قالغان.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئەلەر توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەردىن باشقا جۇڭگو مەنبەلىرى، بولۇپمۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىن باشلانغان بىر قەدەر سىستېمىلىق مەنبەلەر ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

چىن — خەن سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىكى «يۈيگۇڭ» (禹贡)، «پاساھەتلىك سۆزلەر» (尔雅)، «جۇاڭزى» (庄子)، «ليېزى» (列子)، «نەسىرنامە» (尚书) بولۇپمۇ «تاغ - ئېزىملار قۇرئى» (山海经)دا شىنجاڭدىكى بەزى تاغلار، كۆللەر، دەريالار ھەققىدە رىۋايەت شەكلىدىكى مەلۇماتلار ئىپادىلەنگەن. شۇنداقتىمۇ جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا ساياھىتى ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا ئائىت بىۋاسىتە تەكشۈرۈشى ئاساسىدا يېزىلغان «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» شىنجاڭنىڭ مىلادىيىگىچە بولغان ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئە ھاياتىنى يورۇتىدىغان مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىشى كېرەك.

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، رىۋايەتلىك شەكىلدىكى

جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار بىلەن ئوردا تارىخى سۇپىتىدە يېزىلغان جۇغراپىيىلىك تەزكىرىلەردە كۆرسىتىلگەن يەر ــ جاي نامىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى تەتقىق قىلىنىشى لازىم. بۇ ناملارنىڭ بەزىلىرى ئەينى زامان مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن مۇھىت مەنزىرىسىگە قاراپ قويۇلغان (مەسىلەن قاراقۇرۇم تېغىنى «جەنۇبىي تاغ» دېگەندەك)، بەزىلىرى مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ قويۇلغان (مەسىلەن «ئاق ئەجدىھا تۆپىلىكى» دېگەندەك)، بەزىلىرى كونا رىۋايەتلەرنىڭ نامى بويىچە قويۇلغان (مەسىلەن «شەنخەيجىڭ بىرىنچى قامۇس» 1 - جىلدىكى نياۋزې كۆلىنى (泑 泽) لوپنۇر كۆلى دېگەندەك)، بەزىلىرى يەرلىك تەلەپپۇزنى تولۇق ياكى قىسمەن ئىپادىلەش ئاساسىدا قويۇلغان (مەسىلەن قۇمباشنى «姑墨» دېگەندەك)، بىز يەرلىك تەلەپپۇز بويىچە قويۇلغان نامىلارنىڭ خەن — تاڭ دەۋرىدىكى ئىشلىتىلىشىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قىسقارتىپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (بولۇپمۇ بۇددا راھىبلىرى كىتابلىرىدا) بىر قەدەر ئۆزۈن ھەرپلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈمىز.

ئۆز ئالدىغا ئىسىم قويۇش خەن سۇلالىسى مەنبەلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا ئىلگىرىكى چۇنچيۇ دەۋرلىرىدە يېزىلغان رىۋايەت خاراكتېرىدىكى ئەنئەنىلىك ئاتالغۇلارغا مۇخالىپ بولۇپ قالماسلىق بىر خىل قائىدە ھېسابلانسا كېرەك. بۇ چاغدا باكترىيىنى توخار (大夏)، ۋىزانتىيىنى داكچىن (大秦)[①] دەپ ئاتاشقان. خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ دوكلاتىنى چۇنچيۇ دەۋرىدىكى جۇغراپىيىلىك چۇشەنچە بويىچە ئاڭلىغانىدى. ئۇ خوتەندە قاشتېشى چىقىدىغانلىقىنى، خوتەننىڭ جەنۇبىدا ئالەمنىڭ چېتى ھېسابلانغان بەھەيۋەت تاغ بارلىقىنى ئاڭلاپ «ئېريا»، «يۈيبىنگجى» (禹本记) قاتارلىق كونا كىتابلاردىكى «دەريا

---

① بۇ قەدىمدە چىن زېمىنىنىڭ شيا زېمىنىنىڭمۇ غەربىدە بولغانلىقىغا قىياس قىلىپ قويۇلغان بولۇشى ئېھتىمال.

كۇنلۇن تېغىدىن چىقىدۇ» دېگەن سۆزنى ۋاراقلاپ، جاڭ چيەن دېگەن جەنۇبىي تاغ (ئۇيغۇرچە قاراقۇرۇم، قاراڭغۇ تاغ)نى «كۇنلۇن» دەپ ئاتاشقا بۇيرىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۇنلۇن تېغى چىڭخەيدىكى كۇنلۇن تېغىنىڭ خاس نامى ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى»گە ئىزاھات يازغان ۋاڭ كەييۈن ( 王闿运 )، بۇ ھەقتە توختىلىپ: «قەدىمكى كۇنلۇن تېغىنىڭ نامىنى كىشىلەر شۇنىڭدىن بېرى قالايمىقان ئىشلىتىپ كەلمەكتە» دەپ يازىدۇ. چۇنچيۇ دەۋرلىرىدە دۇنيانىڭ بىر چېتى، دەپ ئاتالغان كۇنلۇن تېغى بىلەن روشۈي ( 弱水 ) دەرياسى مانا مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئەپسانە ئۈچۈن تىپىك مىسال. بىز كۇنلۇن ئىسمىنى جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ھەتتا ئافرىقىدىكى نېگىرىيىدىمۇ (كۇنلۇن دۆلىتى)، جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى بىلەن ھىندونېزىيە ئارىلىقىدىكى كۇنلۇن ئاراللىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. چۇنچيۇ رىۋايەتلىرىدە كۇنلۇن قۇياش پاتىدىغان تاغ ھېسابلانغان، قۇياشنىڭ پۈتۈن بىر كۈنلۈك سەپىرى شەرقىي دېڭىزدىكى فۇساڭ دەرىخىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، غەربتىكى كۇنلۇن تېغىغا قونىدىغان ئالتۇن سۇمۇرغنىڭ سەيىر قىلىشىغا ئوخشىتىلغانىدى. روشۈي دەرياسى بەزىدە شىمالدىكى بايقال كۆلى، بەزىدە غەربىي دىياردىكى ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ۋە ھەتتا ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە يۆتكىلىپ ئىپادىلەنگەن. شۇنداق بولغانلىقى تۈپەيلى، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى يەر - جايلىرى، شەھەر - قەلئەلىرى توغرىسىدا تارىخىي چىنلىق، جۇغراپىيىلىك چىنلىق، تارىخىي ئۆزگىرىش چىنلىقى، ئارخېئولوگىيىلىك چىنلىق ۋە مەھەللىۋى ئېتنىك چىنلىق بىلەن يازما مەنبەلەرنى بىرلەشتۈرگەن مېتودولوگىيىلىك يول تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

* *

www.uyghurkitap.com

غەربىي يۇرتتا غەربىي خەن سۇلالىسىگىچە مەيدانغا كەلگەن 36 دۆلەتنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي بوستان شەھەر ـ قەلئەلىرى ئىدى . ئۇلار جۇغراپىيىلىك ، ئاھالە ۋە ئىگىلىك جەھەتتىكى پەرقلەرگە ئاساسەن چوڭ ـ كىچىكلىك ، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق ، ئولتۇراقلىشىش جەھەتتىكى مۇقىم ـ مۇقىمسىزلىق جەھەتتىن بىر خىل سەۋىيىدە بولمىغان . كونا شەھەر ـ قەلئەلەرمۇ ، ئەمدىلەتىن قەلئە ھالىتىگە قاراپ كېتىۋاتقان يېرىم كۆچمەنچى ياكى ئاساسىي ئاھالىسى يېقىن ئەتراپنى كۆچۈپ يۈرىدىغان ھاكىمىيەت ـ ئاھالە پونكىتلىرىمۇ بار ئىدى . ئومۇمەن بۇ شەھەر ـ قەلئەلەردە كىشىلىك ھايات دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، ھۈنەرۋەنچىلىك ، سودا ـ سېتىق ، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىققا تايىناتتى .

غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەت دېگەن ، بۇ سۆزدىن ئەزەلدىن — ئەبەتكىچە 36 دۆلەت ئىدى دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ . ئۇ بەزىدە بىر قانچە ئاساسىي ۋادىلار ، بوستانلىقلار ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىنى تايانچ قىلغان مەركىزىي شەھەرلەرگە يىغىنچاقلاشقان . بەزىدە ئۈششاقلىشىپ كەتكەن . خەن يىلنامىلىرىدا دېيىلگەن 56 دۆلەت دەل بۇنىڭ دەلىلى .

شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىش كېرەككى ، غەربىي يۇرتتىكى بۇ شەھەر ـ قەلئە مەملىكەتلىرى مەركىزىي ئاسىيا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئىراندىكى ھەرقايسى ئۈستۈنلۈك تالاشقۇچى دۆلەتلەر باسقان تارىخىي يول بىلەن مېڭىپ ، ئۆز ئارا يىغىنچاقلىشىپ ، بىرلىككە كېلىش جەريانىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلىگەن ئەمەس . ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئاندرونوپلار — ئارىيانلار ، سىكىفلار ، ئوگۇزلار ، ئاۋارلار ، ماسساگىتلار نامى بىلەن ئاتالغان ھەم تۇچ ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدە سىرىق دەريانىڭ شىمالىدىن قارا دېڭىز ساھىلى ، بايقال ۋادىسىدىن مىسوپوتامىيە ۋادىسىغىچە تەسىر كۆرسەتكەن خەلق تارىخىنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ھۇن خانلىقى ، خەن سۇلالىسى ، ئىران ۋە

ماكېدونىيە ئىمپېرىيىلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك، سالماقلىق تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىراسخورلىرى قۇرغان گرېكلەشكەن دۆلەتلەر (ئېللىنىزىم) دەۋرىدىمۇ، باتۇر تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى هۇن خانلىقىنىڭ باقلاۋ مەهكىمىسى قۇرۇلغان دەۋرىدىمۇ، خەن ۋۇدى باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ يول قاتناش ئورگىنى — تۇرغاق مەهكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، غەربىي يۇرتتىكى بۇ شەھەر مەملىكەتلىرى مەيلى ئۆز كۈچىگە يۆلەنگەن هالدا ياكى سىرتقى كۈچ تەسىرى بىلەن تەلتۆكۈس بىرلىككە كەلمىگەن مۇستەقىل كىنەزلىكلەر سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئۆز قوشۇنى بولغان، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ياكى سۈلھىلىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىگەن. قەدىمكى زامان مەركىزىي ئاسىيا تارىخى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ هال پۈتكۈل «غەربىي يۇرت» سىياسىي قىياپىتىدىكى بىر ئورتاقلىق هېسابلىنىشى كېرەك. مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىياسىي تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا گەرچە يىرىك بىرقانچە خانلىقلار مەيدانغا كەلگەن ۋە هەتتا شىنجاڭ رايونىدا قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى، جۇڭغار خانلىقى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار «غەربىي يۇرت»تىكى 36 بوستان دۆلەتلىرىنى پۈتۈنلەي بىرلەشتۈرۈپ كېتىشكە قادىر بولالمىغانىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان تۇرغاق مەهكىمىسى گەرچە فەرغانە ئۇرۇشى غەلىبىسىنى تەمىنلەش، قەدىمكى يىپەك يولى كارۋان سودىسىغا قاتنىشىش، شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈزىتىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ مەهكىمە غەربىي يۇرتتىكى بىرەر شەھەر - قەلئە دۆلىتىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلمىغان ۋە بۇ شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرەلىگەن ئەمەس. شۇ چاغدىكى ئەڭ كىچىك شەھەر دۆلىتى بولغان چىدىركۆل ( 乌垒 ) يەنىلا دۆلەت بېگى شىچان ( 驷鞑 )

رىياسەتچىلىكىدە بولۇپ، تۇرغاق مەھكىمىسىگە 2 ـ قەلئە لويلىلىق (埒娄城) بىرلىگەنىدى، خالاس.

تۆۋەندە بىز ئاساسلىق بوستان بەلۋاغلىرىنى تۇتقا قىلىپ، ئالدى بىلەن لوپ — خوتەن يۆنىلىشىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## كونا لوپ يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر ـ قەلئەلەر:

لوپچىن — كروراينا (楼兰) دۆلىتى. ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خارابە ئورنىغا جايلاشقان. ئۇ لوپنۇر ساھىلىدىكى ئەڭ چوڭ غەربىي دىيار دۆلەتلىرىدىن بىرى ئىدى. لوپچىن دۆلىتى قاچان شەكىللەنگەنلىكى نامەلۇم. قەدىمكى ھايات ئىزلىرى بۇ جايدا مىلادىيىدىن 5 — 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئاھالە ياشىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 1980 ـ يىلى ئاپرېلدا لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن تەخمىنەن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئىپتىدائىي قەبرىگاھلىقتىن بۇنىڭدىن 4 — 5 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان قاڭشارلىق، سېرىق چاچلىق ياش ئايال بىلەن بىر بالىنىڭ تەبىئىي مۇمىيا بولۇپ كەتكەن جەسىتى، يىرىك توقۇلغان يۇڭ رەخت كىپەنلىك، كىگىز تەلپەك، چىغ توقۇلمىلار، بۇغداي دېنى، ياغاچ ـ تاش ئەسۋابلار، ياغاچتىن ئويۇلغان قونچاق، تاش مارجان قاتارلىق ئىپتىدائىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تېپىلغان.

كونا لوپچىنلىقلار دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. لوپنۇر كۆلى جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە ھەر خىل ھەرپلەر بىلەن (临海,牢兰,辅日海,盐泽,蒲昌海, 泽 ) ئىپادە قىلىنغان. لوپنۇر ئاتالمىسىنى لىپ نۇر — تولغان كۆل دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بولغان. لوپچىن

توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات بەن گۇنىڭ «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۆرۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ شەرقتىكى خان تۇرىدىغان شەھىرى ئۇنى （ 扜泥城 ） دەپ ، يېڭى شەھىرى ئىشۇن （ 伊循城 ） دەپ ئاتالغان . دېھقانچىلىق قىلىشمۇ يەرلىرى شورلۇق بولغاچقا ئاشلىقنى قوشنا دۆلەتلەردىن كىرگۈزگەن . ئەينى زاماندا لوپچىنىڭ شەرقىدە «ئاق ئەجدىھار تۆپىلىكى» بولۇپ ، جوبىن دەرياسى كونا لوپ شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغاچقا ، بۇ جاي ئاۋات بىر بوستانلىق بولغان . غەربىي خەن سۇلالىسى سەركەردىلىرىدىن جاۋ پونۇ （ 赵破奴 ） بۇ دۆلەتنى بويسۇندۇرغان . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى بوجېزى （ 傅介子 ） ئۇنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى ۋېتوگىت （ 尉屠耆 ）نى خان قىلىپ ، دۆلەت نامىنى پىشامشان دەپ ئۆزگەرتكەن . «تاڭنامە» دە قەيت قىلىنىشىچە ، كېيىنكى جۇ （ 后周 ） دەۋرىدە بىر قىسىم دىڭلىڭ قوشۇنلىرى پىشامشانغا كىرگەن . بۇ چاغدا 4 مىڭ كىشىنىڭ تارىم بويلاپ غەربكە ماڭغانلىقى ، قالغانلىرىنىڭ قۇمۇلغا كەتكەنلىكى مەلۇم . بۇ هال قۇمۇل ۋە كونا لوپ خەلقىدە تارىخىي بىردەكلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ، دېگۈچىلەر بار . هازىرقى قۇمۇلنىڭ غەربىدە «لوپچىك» （لاپچۇق） دېگەن يېزا بولۇپ ، ئۇنى لوپ ، لوپچىن بىلەن سېلىشتۇرغۇچىلار بولغان . شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ جايدا «Navapa» （ 纳缚波 ） دۆلىتى بولغان بولۇپ ، هازىر خارابىگە ئايلانغان دېيىلگەن ، ستەين كونا لوپنۇر خارابىلىرىدىن «Kroraina» دېگەن خەتنى تاپقان . ئۇ بۇنى بۇ يەردىكى بىرەر هۆكۈمرانىنىڭ نامى بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلغان .[1] ئۇنىڭچە ئۇنى （كونا شەھەر） شەھىرى مىرەن

---

① هازىر كونا لوپ خارابىسىنى كرورآينا دەپ ئاتىغۇچىلار خېلى كۆپ .

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، ئېشۇن شەھىرى چاقىلىق بولسا كېرەك . ياپونىيە تارىخچىسى داگو شىڭجىن ( 大谷胜真 ) «قەدىمكى كرۇران دۆلىتىنىڭ پايتەختى» ناملىق ماقالىسىدا يۇقىرىقى پىكىرلەرنى قۇۋۋەتلىگەن هالدا بۇ كونا شەھەرنى كاچاڭ (چەرچەن) دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان ۋە لوپنۇرغا قۇيۇلىدىغان جايىدىكى قارا قوشۇننىڭ ئابدال دېگەن جايىدا دەيدۇ . ستەيىن بۇ ئەتراپتىن لوپ چىن (Napçin) دېگەن خەتنى تاپقان . بۇ چوڭ لوپ شەھىرى دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن . ستەيىن مۇشۇ خەت ئاساسىدا ئۇنى شەھىرىنى «چوڭ لوپ» ، ئېشۇن شەھىرىنى «كىچىك لوپ» — لوپچۇك دەپمۇ قىياس قىلغان . تارىخىي يىلنامىلەردە بۇ ئىككى شەھەردىن باشقا يەنە تاش شەھەر ( 石城 ) ۋە «ناجىكەنت» ( 弩支城 )[①] دېگەن ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ . ناجىكەنت (Najkant) لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا ئۇچ يول يىراقلىقتا دېيىلگەن . داگو شىڭجىن تاش شەھەر ئاتالمىسى توغرىسىدا توختىلىپ ئۇنى پىشامشان (ئۇنى شەھىرى) بىلەن بىر دەپ كۆرسەتكەن . ئېشۇن شەھىرىنى هازىرقى «مىرەن» ( 米兰 ) خارابىسى دېگۈچىلەر بار . فىڭ چېڭجۈننىڭ تەكشۈرۈشىچە خەن دەۋرىدە مىرەن ئېلى بولمىغان ، ئۇنى شەھىرى بوگۇنكى چاقىلىقنىڭ يېنىدا بولۇپ ، ئېشۇن شەھىرى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مىرەن خارابىسىدىن ئىبارەت . قەدىمكى مىرەن شەھىرى 1959 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەينى زاماندا خېلى ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى . بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان توققۇز ئېغىز ئۆي سۇۋالغان ۋە نەقىشلەنگەن بولۇپ ، ئاستىدىن ئاچ سېرىق رەڭلىك گىلەم ۋە

---

① بۇ ئىككى شەھەرنى 675 ـ يىلى سەمەرقەنتتىن ئۆز كىشىلىرى بىلەن يۆتكەلگەن كاڭ يەندىيەن ( 康艳典 ) ناملىق سەركەردە سالغان بولۇپ سوغدى ئاهالە رايونى دەپمۇ قارىلىۋاتىدۇ .

يۈك پالاز پارچىلىرى تېپىلغان ۋە كۆپلەپ تارشا پۈتۈكلەر چىققان . گەرچە قەدىمكى لوپچىن ۋە مىرەن شەھەرلىرى خارابىگە ئايلىنىپ كەكتەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان خارابە ۋە قەدىمكى قەبرىگاھلىقلىرى قىممەتلىك تارىخىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ .

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قارا قوشۇن خارابىسىنى «قاراقوشۇن» شەھىرى ، ئابدال يېزىسىنى «ئابدال ئەمىرلىكى» دېگۈچىلەر بار . بۇنىڭدىن باشقا «مەردەك شەھىرى» بولغانلىقى مەلۇم . بەزى مەنبەلەردە لوپنۇر دۆلەت قوتان ئاھالىسىنى «قارا قوشۇن» ئاھالىسى[1] بولۇپ ، كۆچكەن دەپ ئىزاھلانغان . ھازىر لوپنۇرلوقلار ئارىسىدا بۇ توغرۇلۇق بەزى رىۋايەتلەر ساقلانغان .

چەرچەن ( 且末 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە چەرچەن دۆلىتىنىڭ خانلىق قەلئەسى چەرچەن شەھىرى دېيىلگەن . بۇ ئىسىم ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ ، «ۋېينامە» ، «سۈينامە» ، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى» ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە «تاڭنامە» قاتارلىق مەنبەلەردە بىردەك چەرچەن (چېمو ) دەپ يېزىلغان . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە «جۇرچەن» دەپ يېزىلىپ، چىنغا بارىدىغان يولدىكى شەھەر ، دەپ ئىزاھلانغان . بۇ «جۇرچىن» دېگەنلىك بولىدۇ . «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا چەرچەن يېنىدىكى چىم تانا ( 折摩驮那 ) قەلئەسى تىلغا ئېلىنغان . شۈەنزاڭنىڭ خەۋەر بېرىشىچە : چىم تانا قەلئەلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ ئادەم ۋە تۇرخۇن تۈتەكلىرىدىن ئەسەر قالمىغان تاشلاندۇق شەھەر ، دېيىلىدۇ . شۈەنزاڭ چىم تانانى خوتەن بىلەن لوپنۇر ئارىسىدا دەپ ئىزاھلىغان . ۋېي سۇلالىسى

---

[1] «قارا قوشۇن»لارنى غەربىي تۈرك قوشۇخان ( 哥舒 ) بىلەن ئىزاھلىغۇچىلار بار .

www.uyghurkitap.com

دەۋرىدىكى راھىب سۇڭ يۈن ( 宋云 )نىڭ ئۇچۇرىغا قارىغاندا چەرچەندە يەنە چىم ، موگەن ۋە مو ( 麼 ) قاتارلىق ئۈچ شەھەر بولغان . يەر ئاستىدىن چىققان يادىكارلىقلاردا «calmadana» (چالمادانا ) دېگەن خەتلەر بولغان . بۇ شۆھنزاڭنىڭ چەرچەن تېررىتورىيىسىدە ئۇچراتقان ئەمدىلەتىن تاشلانغان «چىم تانا» خارابىسى بولسا كېرەك . چالمادانا شەھىرى بۇ جاينى بېسىپ ئۆتىدىغان ئالايرودا ( 阿来辱大 ) دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى تۈپەيلى شۇ پېتى تاشلانغان بولۇپ ، بىر زامان قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ شەھەرنى كېيىنچە قۇم دېڭىزى يۇتۇپ كەتكەن . ھازىرقى چەرچەن دەرياسى بويىدىكى بىر بوستانلىق بولۇپ ، ئۈييايلاق ، جىنكۆل ، ئارال ، توغراقلىق ، باغئېرىق ، قوشساتما ، تاتاراڭ ، يېڭىئۆستەڭ قاتارلىق ئون نەچچە يېزىدىن ئىبارەت .

جىڭجۆ - نىران ( 精绝 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە : جىڭجۆ دۆلىتىنىڭ خانلىق قەلئەسى جىڭجۆ شەھىرىدە ، دېيىلگەن . بۇ قەدىمكى كىچىك مەملىكەت قارا مۇران دەرياسى بىلەن نىيە دەرياسى ئارىسىدىكى كونا نىيە خارابىسى ئورنىدا بولۇپ ، ئەسلىدە نىيە ياكى جىڭجۆ دەپ ئاتالغانلىقى روشەن ئەمەس . بۇ دۆلەتكە يېقىن بولغان دۆلەتلەرنىڭ كىچىك ۋەن (كىچىك پەركان ) ، رۇڭلو ، دەپ يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا ، جىڭجۆ نامى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . بۇ خارابىلىق ئورنىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە «نىنا» (Nina) دېگەن نام چىققان . بۇ نىيە سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن . «تاڭنامە . يەر - زېمىن تەزكىرىسى»دە خوتەننىڭ ئالتە شەھىرىدىن بىرى رەن شەھىرى ( 兰城 ) دېيىلگەن . بۇ كونا نىيە بولۇشى ئېھتىمال . «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دا ، بۇ ئىسىم «نىرەن» ( 尼壤城 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان . جىڭجۆ (نىرەن ) خوتەندىن يىراق شەرقتىكى كىچىك

شەھەر ـ قەلئە دۆلىتى بولۇپ تولا ۋاقىتلاردا لوپچىن — كونا لوپ دۆلىتىگە بېقىنغانىدى . جىڭجۇ دۆلىتىنىڭ شىمالىدىن ئاقىدىغان «ئىكارا» دەرياسى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بۇ مەملىكەت تەخمىنەن Ⅲ ئەسىردە قۇملۇقتىكى خارابىگە ئايلانغان . مۇنداق قۇملۇقتىكى خارابىگە ئايلانغان لوپ — خوتەن ۋادىسىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ مۇھىم بىر ئورتاقلىقى خارابىنىڭ چەكسىز قۇملۇقتا قالغانلىقىدىن سىرت ، خارابە ئورنىنىڭ پەسرەك جايىدا ، كىچىك سازلىق ياكى توقايلىق ئىچىدە قالغانلىقىدىن ئىبارەت . بۇ پەسلىك ۋە سازلىق كونا بوستان مۇھىتىنىڭ قالدۇقى سۈپىتىدە ئەسىرلەر داۋامىدا تەدرىجىي قۇرغاقلىشىپ بارغان . قۇرىغان دەريا ئىزىدا ئۆسۈپ قاغجىرىغان توغراقلىقلار قالغان . ھازىرقى كونا نىيە (نىرەن ) خارابىسىنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ شىمالدىن جەنۇبقا 10 كىلومېتىر ، شەرقتىن غەربكە ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ . ئەتراپى بارخانلار بىلەن قاپلانغان . 1959 ـ يىلى فېۋرالدا ئۇ يەردىن ئېچىلىپ قالغان «مۇمىيا» جەسەتلەر ، كۆپلىگەن يىپەك بۇيۇملىرى تېپىلدى . «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دا خۇددى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ دادىسى مەۋلانا شەيخ جالالىدىن كېتىكىنىڭ قۇم بېسىش ئالدىدىكى شەھىرى كېتىك[①] ھەققىدە ئالدىن ئېيتقانلىرىغا ئوخشايدىغان بىر رىۋايەت سۆزلەنگەن . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، ئارخات ( 罗汉 )[②] ، بىر ھەپتىدىن كېيىن يامغۇردەك قۇم ياغىدۇ ، بۇ شەھەردە ھېچنەرسىنى قويماي بېسىپ كېتىدۇ دېگەن . 7 ـ كۈنى كېچىسىدىن تاڭ ئېتىشقا ئۇلىشىش بىلەن شەھەرنى قۇم يامغۇرى كۆمۈۋەتكەن . ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى تۆشۈكلەردىن چىقىپ قاچقان . بۇ يەردە

① ھازىرقى كۇچا-چەرچەن رايونىدا؟

② بۇددا ئۆلىماسى .

تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىپتىدائىي جامائەگە خاس سىلىق تاش قوراللار (ئىمام جاپپار سادىق مازىرى ئەتراپىدا)، تۆمۈر تاۋلىغان قەدىمىي جاي، بۇغداي، ئارپا دانلىرى، ئۆرۈك، شاپتۇل ئۇچكىلىرىدىن قىلىنغان ئىسقىرت، ئۈزۈملۈك خارابىلىرى، ئات، قوي سۆڭىكى بىلەن بۇركۇت تىرنىقى، يۇڭ، كەندىر توقۇلمىلار، تېرە ئەيلەيدىغان ياغاچ، مىس ۋە تۆمۈر ساداق ئۇچى، چىۋىقنى توقۇپ سۇۋالغان تاملار، گىرېك ئۇسلۇبى ئىپادىلەنگەن نەقىشلىق لىم ـ تۈۋرۈكلەر، ياغاچ كاسا ـ تاۋاقلار، ئەينەك ۋە قەھرىۋا مارجانلار، مىس ھالقا ـ بىلەزۈك، مىس نۇسخا تامغىسى، مىس ئەينەك ۋە قىسمەن بۇددا (بىرلا توپىدىن ياسالغان جەسەت كۆلى مۇنار قالدۇقى) يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىن تېپىلغان بۇيۇملار ۋە ئارىشا پۇتۇك خەتلەردىن كونا ئىرانىنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى سودا ئالاقىسىدا مۇھىم بىر قونالغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

جىڭجۇ (ئىرەن) دۆلىتىنىڭ يېنىدا، ھازىرقى كونا نىيە خارابىسىنىڭ جەنۇبىدا ئولىن (打令城) شەھىرىنى خان قەلئەسى قىلغان كىچىك بوستان مەملىكىتى بولغانلىقى، بۇ قەلئەمۇ كونا لوپچىن دۆلىتىگە بېقىندىغانلىقى يېزىلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە بۇ قەلئە دۆلىتىنى كىچىك پاركان — كىچىك فەرغانە (小宛国) دەپ ئاتىغان. بۇ قارا مۇران دەرياسى بويىدىكى شەھەر ـ قەلئەنىڭ ئەسلى نامى ۋە نېمە ئۈچۈن ساماۋى قۇلانلار ماكانى، دەپ ئاتالغان فەرغانە بىلەن ئوخشىتىلىپ نام قويۇلغانلىقى نامەلۇم.

كونا لوپقا بېقىنغان، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە خوتەنگە تەۋە بولغان كىچىك بوستان شەھەر ـ قەلئەلىرىنىڭ يەنە بىرى بىقىن (卑品) شەھىرىنى ئاساس قىلغان رۇڭلو (戎卢国) دۆلىتى بولۇپ، بۇ قۇملۇقتا قالغان قەلئەنىڭ سىرى تېخى مەلۇم ئەمەس.

**قەدىمكى خوتەن يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر ـ قەلئەلەر :**

ئۇمى — ئۇزۇن تات (弥 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئەينى زاماندىكى بىر قەدەر چوڭ شەھەر ـ قەلئە دۆلىتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان ، خانلىق قەلئەسى بىلەن دۆلەت نامى بىردەك ئاتالغان . شۇ كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى خوتەن (ئۇدۇن) ، كۇچا (كۇسەن)گە تۇتىشىدۇ ، دېيىلگەن . جەندىل ئەندىر دەرياسى (ئىكارا؟) بويىدىكى بۇ ئەڭ مەشھۇر تەكلىماكان دۆلىتى «كېيىنكى خەننامە»دە ئاجىزلاشقانلىقى ، نوپۇسى كېمەيگەنلىكى كۆرسىتىلگەن . «تاڭنامە»دە ئۇدۇننىڭ شەرقىدە ئۈچ يۈز يول ئارىلىقتا جەندىل دەرياسى ۋە جەندىل (ئۇمى) شەھىرىنىڭ كونا قەلئەسى بارلىقى خەۋەر قىلىنغان . بۇنىڭدىن بۇ شەھەرنىڭ خارابىگە ئايلانغان ۋاقتى چىم تانا قەلئەسىدىن ئىلگىرىراق بولغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن . شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دا بۇنى جاۋشاڭما (桥赏弥) — Kaucambi دەپ ئاتىغان . ئۇمى قەلئەسىنىڭ جۇمى (拘弥) ، جوشيەڭمى (拘 弥) ، قۇمى (俱密 Kumidh) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىش ئەھۋالىمۇ بار . بەزى تارىخچىلار ئۇنى كونا كىرىيە خارابىسى دېسە ، ستەيىن ئۇنى كىرىيە بىلەن ئۇدۇن خوتەن ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن تەتى (uzun tati) خارابىلىقى دەپ ئىزاھلىغان . ھازىر بۇ جاي كىرىيە ناھىيىسى تەۋەلىكىدە . قەدىمكى ئۇمى دۆلىتىنىڭ خارابىگە ئايلىنىشى ، مىلادىيىنىڭ 175 ـ يىلى ئۇدۇن خانى ئەنگونىڭ باستۇرۇپ ۋەيران قىلىشىدەك ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن باشقا مۇھىمى تەكلىماكان جەنۇبىدىكى جەندىل دەرياسىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋە قۇم كۆچۈش ھادىسىسىنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن بولغان .

كونا چىرا (渠勒) دۆلىتى ئۇمىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك

بىر دۆلەت بولۇپ ، ئۇنىڭ خانلىق قەلئەسى كەنت ( 逮都城 ) شەھىرى بولغان . بۇ قەلئە دۆلىتى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە خوتەن (ئۇدۇن ) خانلىقىغا تەۋە بولغان ، كېيىنچە كۆچكەن قەۋم تېگىدە قالغان . ھازىرقى چىرا (چىرىيە ) ناھىيىسى شىمالدا ئۇمى ، جەنۇبتا كەنت قەلئەلىرى زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

خوتەن — ئۇدۇن ( 于阗 ) دۆلىتى . خوتەن ھەققىدىكى تۇنجى مەلۇمات سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر — فەرغانە تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان . ئۇنىڭدا خوتەننىڭ غەربىدىكى سۇ غەربىي دېڭىزغا ، شەرقىدىكى سۇ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ دېيىلگەن . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە يۇيتيەن ، دەپ كۆرسىتىلگەن كونا خوتەن ھازىرقى خوتەن دائىرىسىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ بەزى قەلئەلىرى خارابلاشقان . كونا خوتەن قارۇشتى يېزىق تارىشا پۈتۈكلىرىدە «گوھتان» دېيىلىپ ، ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە ئومۇمەن يۇيتيەن دېيىلىپ ، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . غەربىي شىمال يەر ئەھۋالىدىن ئىلاۋىلەر» قاتارلىق مەنبەلەردە «ئۇدۇن» ، «خوتەن» دەپ قوللىنىلغان ، خوتەن دۆلىتى ئۇمى دۆلىتى ياردىمى بىلەن مىلادىيىنىڭ 61 ـ يىلى گۇاڭدىخاننىڭ باشچىلىقىدا يەكەن خانلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ، ئۇمى ، رۇڭلو ، كونا چىرا ، كونا گۇما شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ چوڭ بىر خانلىققا ئايلانغان . خوتەن سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . ئۇنىڭ خانلىرى ئۆز ئىسىملىرى بېشىغا ۋېجيا — ماچىن نامىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان . بەلكى بۇ نام ماھايانا مەزھىپىدىكى بۇددىزم ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كونا خوتەنگە تېخىمۇ قەدىمىي بولۇشى ئېھتىمال . شۆنزاڭ خوتەننى كوستانا (Kostana) دەپ ئاتىغانلىقى

ئۇچۇن «يېڭى تاڭنامە»دىمۇ «يۇيتيەن ياكى كوستانا، ياكى خەننا، ياكى چويدەن، شىمالىي دىلار يۇيدۇن دەيدۇ، باشقا غۇزلار گودەن دەيدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدا شىمالىي دىلار ۋە غۇز قەبىلىلىرىنىڭ «ئۇدۇن» دەيدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. «كوستانا» ئاتالمىسى راھىب شۈنزاڭنىڭ خوتەن ھەققىدىكى سانسكرىت ئەپسانىلىرىغا ئاساسلىنىپ قويغان نامى بولۇپ، ئاساسسىز ئىدى.①

كونا خوتەن — ئۇدۇن كۆپ شەھەرلىك قەدىمىي دۆلەت ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خانلىق قەلئەسى «غەربىي شەھەر» (西城) دەپ يېزىلغان. ستەيىن «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىدا قاراقاش ۋە يۇرۇڭقاش (ئاققاش) دەريالىرى ئارىسىدىكى بوززان رايونىدىكى يوتقان (Yotkan) خارابىسىنى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ پايتەختى دەپ كۆرسەتكەن. خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندىنىڭ پىكرىچە، خەن دەۋرىدىكى غەربىي شەھەر خوتەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاقسىپىل (阿克斯比尔古城) خارابىسى بولۇشى مۇمكىن. خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىدىن 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يوتقان خارابىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر سازلىققا ئايلانغان. بۇ جايدىن بەش مېتىر چېرەنلىكتىن ساپال قونچاق، ساپال قاش ۋە سۆكەك بۇيۇملار چىققان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ھايات ماكانلىرىنىڭ بىرى بولغان. يوتقان خارابىسىدىن ئېللىنىزم، بۇددىزم ۋە كۇشان مەدەنىيىتىگە دائىر ئالتۇن ھەيكەل، قاپارتمىلىق نىقابلىق تىياتىرچىلار كۆرۈنۈشلىرى ئىشلەنگەن ساپال ئىدىش سۇنۇقلىرى تېپىلغان. بۇ يەردىن 1959 - يىلى ئالتۇن ئۆردەك تېپىلدى. مىرزا ئابابەكرى (1364 — 1511)

① «كوستانە» يەر ئەمچىكى دېگەن بولۇپ، شۈەنزاڭ ئاسوكا خانىنىڭ كىچىك ئوغلى بۇ يەر ئەمچىكىنى ئېمىپ چوڭ بولغان ۋە خوتەنگە بۇددىزمنى تارقاتقان، دەپ ئىزاھلىغان.

www.uyghurkitap.com

قەشقەرىيىگە خان بولغان چاغلاردا بۇ يەردىن 27 كوزا كېپەك ئالتۇن قېزىۋالغان . 1866 ـ يىلى خوتەننىڭ ھېكىم بېگى نىياز قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيىنى يوتقان خارابىسىغا باشلاپ كىرىپ تۇپراق ئېقىتىش ئۇسۇلىدا ئالتۇن توپلىغان . تېپىلغان پۇللارغا قاراپ يوتقان شەھىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدىن باشلاپ خارابىگە ئايلانغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن . يوتقان شەھىرىنىڭ ئىسمى ئورخۇن ئابىدىلىرى ئىچىدىكى «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى»دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا «يوتقان يەر»نىڭ غەربىدىن بەش يۈز يول يىراقلىقتا ئېگىز تاغ بار ، دېيىلگەن . خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئېيتقان ئاقسېپىل قەلئەسىنى «چىن ـ ماچىن» دېگۈچىلەر بار . بۇ خارابە خوتەن شەرقىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى دەشتكە جايلاشقان بولۇپ ، ھازىر لوپ ناھىيىسىنىڭ خاڭگىيا رايونىغا تەۋە . بۇ خارابىدىن خەن ، تاڭ ، سۇڭ سۇلالىلىرى بىلەن قەشقەر خانلىقىنىڭ مىس ، تۆمۈر پۇللىرى تېپىلغان . ساپال پىل ، ئات بېشى ، مايمۇن ۋە پىلە قۇرتى شەكلى ۋە يىپ ئىگىرىش چاقىنىڭ شەكىللىرى ، سۆڭەككە ئويۇلغان كىچىك ئارسلان ، مىس خەنجەر ، مىس ھالقا ، مىس پىل نۇسخىسى تېپىلغان . ئاقسېپىل خارابىسىدىن ئۆرۈلگەن سېپىل كېسەكلىرىگە يېزىلغان ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرپلەر تېپىلغان . بۇلار قىممەتلىك تەتقىقات مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ .

«كېيىنكى ۋېينامە»دە خوتەندە بەش شەھەر بار ، دەپ كۆرسىتىلگەن . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە ئەنجۇن ( 安军 ) ، گەن ( 绀 ) ، جەنۇبىدا يىن ( 银 ) ، لۇ ( 卢 ) ، مى ( 湄 ) ، جەنۇبىدىن 1300 يول يىراقلىقتا يۈي ( 玉 ) ئايماقلىرى بولغان ، دەپ يېزىلغان . بۇ جايلار قەيەرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى نامەلۇم . بۇنىڭدىن باشقا ، خوتەننىڭ غەربىدىن ئىككى يۈز يول يىراقلىقتا گۇ شەھىرى ( 固城 ) ، 390 يول

يىراقلىقتا جىلان ( 吉良 ) شەھىرى ، غەربىي جەنۇبىدىن 380 يول يىراقلىقتا گۇما ( 皮山 ) شەھىرى ، شەرقىدىن 300 يول يىراقلىقتا كەن ( 坎城 ) phimana — شەھىرى ، 600 يول يىراقلىقتا لەن ( 兰城 ) Nina — (كونا نىيە ) شەھىرى ، جەنۇبىدىن ئالتە يۈز يول يىراقلىقتا خۇنۇ ( 胡弩城 ) شەھىرى بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن . بۇ جايدىكى كەن شەھىرىنى شۇەنزاڭ «بىما» ( 媲摩城 ) شەھىرى ، لەن شەھىرىنى «نىران» ( 尼壤城 ) دەپ كۆرسەتكەن . شۇەنزاڭ خوتەندە يەنە بۇخار ( 波伽儿城 ) شەھىرىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان . شۇ نەرسە روشەنكى ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەندىن چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ئورۇندالغان كۈي - نەغمىلەر ئىچىدە «بۇخار نەغمىسى» بولغان . گەرچە قەدىمكى خارابە بولسىمۇ نىيە بىلەن چەرچەن ئارىلىقىدا كونا توخار ( 古睹货罗国 ) دۆلىتىنىڭ قەلئە خارابىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى شۇەنزاڭ قاتارلىق سەيياھ راھىبلار يېزىپ قالدۇرغان . بۇ ياۋچىلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانىدا بىر مەزگىل قۇرغان شەھەر - قەلئەلىرى بولۇشى ئېھتىمال . كۆپلىگەن ئالىملار ياۋچىلارنىڭ ئەسلى قەبىلە نامى «توخرى» بولۇپ ، ياۋچى ئۇنىڭ دۆلەت ئىسمى ، جەڭگىۋار قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامى ، دەپ قارىماقتا .

قەدىمكى خوتەن كۆپ ۋادىلىق ماكان بولغان . «خەننامە» دە كۆرسىتىلىشىچە ، خوتەندىكى دەريالار «جەنۇبىي تاغ»دىكى چۇمچا ( 仇摩置 ) دېگەن جايدىن چىقىپ شىمالغا ئاققىنى خوتەنگە ، غەربىي شىمالغا ئاققىنى «جەنۇبىي دەريا» ( 南河 ) غا قوشۇلىدۇ ، دېيىلگەن . خوتەن دەريالىرى قاراقاش ، يۇرۇڭقاش ، كۆكقاش دېيىلگەن . كۆكقاش ھازىر نامەلۇم . «كېيىنكى ۋېينامە»دە خوتەننىڭ شەرقىدىن 20 يول يىراقلىقتا شۇچى ( 树枝 ) دېگەن چوڭ دەريا ئاقىدۇ ، دەپ يېزىلغان بولسا ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا ئۇشۇبا ( 首拔 ) ياكى

جىش ( 计式 ) دەرياسى.دەپ يېزىلغان . بۇ دەريانىڭ زادى قايسى دەريالىقى نامەلۇم . بىز يەنىلا خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ تاغدىن ۋە ئالتۇنتاغدىن ئاپىرىدە بولغان بەھەيۋەت «دولقۇنلۇق جەنۇبىي دەريا» (ئىكارا دەرياسى )نىڭ قۇرۇپ قۇم بېسىشى بۇ ۋادا ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن بوستانلىقلارنى قۇم دېڭىزىغا غەرق قىلغان ، دەپ قارايمىز . هازىرقى قاراقاش ، لوپ ناھىيىلىرى قەدىمكى خوتەننىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، تېخى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ناھىيە تەسىس قىلىنغانىدى .

## 4 . يەكەن ۋە تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ جۇغرا- پىيىلىك تەپسىلاتى

يەكەن ۋە تارىم ۋادىسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى يەنە بىر مۇھىم قەدىمكى مەدەنىيەت رايونى بولۇپ ، بۇ ۋادىلار كۇنگۇر چوققىسى ، كۇنگۇرجۇبې چوققىسى ، مۇزتاغ ئاتا ، خانتەڭرى ، مۇزئارت چوققىلىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن كەڭ سۇ مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلىنىدۇ . بۇ ۋادىلاردىكى قەدىمكى بوستان شەھەر ـ قەلئەلەرنى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلىمىز .

**يەكەن — قەشقەر يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر ـ قەلئەلەر :**

يەكەن — قەشقەر يۆنىلىشىدىكى شەھەر ـ قەلئەلەر پامىر ئېتىكىدىن ئاپىرىدە بولغان دەريا ۋادىلىرىدىكى بوستانلىقلاردا بەرپا بولغان . يەكەن دەرياسى پامىردىكى مۇزتاغ ئاتا چوققىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىدىكى يانبۇلاق ۋە تاشقورغان دەريالىرى بىلەن قاراقۇرۇم تېغىدىن كېلىدىغان لاسكو دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ، شۇنىڭدەك قاغىلىقنى بېسىپ ئۆتىدىغان تىزناپ

دەرياسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان . قەشقەر دەرياسى بولسا تورغات دەرياسى ، قىزىل دەرياسى ۋە كۆنگۈر چوققىسىدىن ھاسىل بولغان گەز دەرياسىنىڭ قوشۇلغان ئېقىنىدىن ھاسىل بولغان . يەكەن دەرياسىنىڭ تاشقورغاندىكى باش ئېقىنى بىلەن پەنجى دەرياسىنىڭ ۋاخان دەريا تارمىقىنىڭ باش ئېقىنى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئىنتايىن يېقىن بولغان ئىككى يۈزىدىن قارشى تەرەپكە قاراپ تارىم ۋە ئامۇ دەريالىرىنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ . ئومۇملىق جەھەتتە قەشقەر — يەكەن يۆنىلىشىدىكى بوستانلىقلار گەرچە كونا لوپ ۋە خوتەن يۆنىلىشىدىكى بوستانلىقلاردەك قۇم كۆچۈش ۋە قۇرغاقلىشىشنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىگە ئۇچرىمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ، بۇ بوستانلىقلارمۇ سۇسىز دەشت ـ جەزىرىلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا خارابىگە ئايلانغان قەدىمكى ھايات ماكانلىرى ئاز ئەمەس .

شىيە — كۆك قوجۇ ( 西夜国 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە شىيە بىلەن زىخۇ دۆلىتى ( 子合 国 ) بىر دەپ ، «كېيىنكى خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ ئىككىسى باشقا ـ باشقا دەپ كۆرسىتىلگەن . «كېيىنكى خەننامە»دە كۆرسىتىلىشىچە : زىخۇ دۆلىتى خۇجەن غولى ( 呼犍谷 )غا جايلاشقان بولۇپ سۇلې (قەشقەر )گە مىڭ يول كېلىدۇ ، دېيىلگەن . خۇجەنگو — خۇجەن يارلىقى كۆكيار (Khoukhe yar) شەھىرى ئىدى . شۇي سۇڭنىڭ ئىزاھلىشىچە ، «زىخۇ» سۆزى «غۇز» دېگەن ئاھاڭنى ئىپادىلىشى مۇمكىن . يار ئاتالمىسىغا كەلگەندە (خوتەن ۋە باشقا جايلاردىكى ئەگرى يار ، كىرىيار ، كۆكيار ، نىرىيار قاتارلىق ) شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى ، ئۇ «تۆپە» ، «دۆڭ» ئاتالمىلىرىدەك قەدىمكى ئاھالە ئولتۇراق نۇقتىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان . قوجۇ ، قوجا ، يار سۆزلىرى ھازىرقى كوچا ، رەستە ، مەھەللە ، قەلئە

مەنلىرىگىمۇ ئىگە بولغان. شىيە دۆلىتىنى يول ئېرىق (yal arik) دېگەن جايدا دەپ ئىزاھلىغۇچىلار بار. «كېيىنكى ۋېينامە» ۋە «تاڭنامە» قاتارلىق كىتابلاردا ئۇ شجۇيبان (悉居半国)، جۇجۇي (朱居国)، جۇجۇيبان (朱俱磐)، چاجۇيكا (斫句迦) دېگەن خەت ۋە ئاھاڭلاردا تەلەپپۇز قىلىنغان. تاڭ دەۋرىدە زىخۇ دۆلىتى شىيە، بولى (蒲犁)، يىنەي (依耐)، دېرو (得若) قاتارلىق تۆت جاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئومۇمەن قاغىلىق — تاشقورغان رايونلىرىنى كۆرسىتەتتى. ھازىر شىيە — زىخۇ قەلئەلىرىنىڭ ئورنى قاغىلىق ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ.

يەكەن — ساكئۆي (沙车) دۆلىتى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: ساكئۆي دۆلىتىنىڭ خانلىق قەلئەسى ساركۇي شەھىرى دېيىلگەن. بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۇشان، فارغانىگە بېرىشتىكى مۇھىم سودا مەركىزى ئىكەنلىكى، يېرىنىڭ ئۇنۇملۇك، ئادەملىرىنىڭ قاۋۇللۇقى ئۇچۇر قىلىنغان. «تۆمۈر تېغى بار، قارا قاش چىقىدۇ» دېيىلگەن. «تاغ ـ دەريالار قامۇسى» (山海经) ۋە «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» (新疆图志)دە يەكەننىڭ جەنۇبىدىن ئىككى يۈز يول يىراقتىكى مىردەي (密尔岱) تېغىدىن رەڭگارەڭ ئېسىل تاش چىقىدۇ، دېيىلگەن. يەكەن مىلادىيىنىڭ بېشىدا خوتەننى بويسۇندۇرغان بولۇپ، مىلادىيىنىڭ 61 ـ يىلى خوتەن خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. مىلادىيىنىڭ 86 ـ يىلى مۇستەقىل بولۇپ كۈچەيگەن. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە قەشقەر خانلىقىغا قوشۇۋېلىنغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىلىرى زامانىدا مۇستەقىل بولغان بولۇپ سۇساق (渠莎) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قەشقەر خانلىقىغا تەۋە بولغان.

يەكەن بوستانلىقى يەكەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان

بولۇپ، يەكەن دەرياسى قاغىلىق، تاشقورغان، ئاقتۇ، يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، ئاۋات قاتارلىق يەتتە ناھىيىنى بېسىپ ئۆتۈپ تارىم دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ يەكەنگىچە بولغان قىسمى زەرەپشان، يەكەندىن كېيىنكى قىسمى يەكەن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. يەكەن ئىبارىسى «ياركەنت» دېگەنلىك بولۇپ «يارلىق شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەشكەنت، قوشراب (قوش بازار) ئودىلىق قاتارلىق رايون - يېزا ناملىرىمۇ تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە. «دەريا - ئېقىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى» (水经图说) ناملىق كىتابتا يەكەن ۋادىسى بارچۇق قەبىلىلىرىگە قاراشلىق يۇرت دەپ كۆرسىتىلگەن. مېنىڭچە بارچۇق قەبىلىلىرى كونا لوپچىن — مىرەن خەلقىگە مۇناسىۋەتلىك خەلق بولۇپ، ئۇ يەرلەر قۇمغا غەرق بولغاندا تارىم بويلاپ يۇقىرىلاپ كۆچۈپ يەكەن ۋادىلىرىغا تارالغان بولۇشى ئېھتىمال. بۇ خەلقلەرنىڭ جىسمانىي تۈزۈلۈشى، هايات ئادەتلىرى، مەشرەپچىلىك ئەنئەنىلىرىمۇ قۇمۇل ۋە كونا لوپ خەلقى بىلەن ئوخشاشلىقتا ئىگە. موللىر (Moller) نىڭ پىكرىچە، بارچۇق تىلى كونا ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، تۇخار ئامىللىرى كۆپ بولغان تىل. چىڭگىزخانغا كۈيئوغۇل بولغان ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارتتېكىن بەلكى بارچۇق قەبىلىسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىر قىسىم تارىخچىلار قەدىمكى تۇرپاندىكى گۈيشى (车师) قەبىلىلىرى بىلەن يەكەندىكى ساكئۆي (莎车) قەبىلىرىنىڭ نامىدىكى بىردەكلىكنى، قەدىمكى يەكەن ۋە تۇرپاندا كاڭ (康) فامىلىسىدىكىلەرنىڭ بولغانلىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دەپ قارىماقتا. مىلادىيىنىڭ 29 - يىلىدىكى يەكەن خانى ۋە سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاڭئەندە ياشىغان بىر مۇنچە قارا قوجۇلۇقلارنىڭ ئىسمى كاڭ (قاڭقىلى) بولغان.

www.uyghurkitap.com

## پامىر ئېتىكىدىكى قەدىمكى قەلئە دۆلەتلىرى:

ئودىيانا ( 乌托 ) دۆلىتى «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە تاغلىقتا تېرىقچىلىق قىلىدىغان، ئېشەك ۋە تۆگە ئات كۆپ چىقىدىغان، تاشتىن ئۆي قوپۇرۇلىدىغان كىچىك قەلئە مەملىكىتى دېيىلگەن. «تاڭنامە»دە ئۇدۇ « 乌笃 »، شۈەنزاڭنىڭ ساياھەتنامىسىدا «ئۇتۇ» ( 乌茶 ) دەپ يېزىلغان. بۇ پامىرنىڭ غەربىدىكى ئودىيانا (uda) قەلئەسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

تاشقورغان — بولۇ ( 蒲犁 ) دۆلىتى بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولى، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دېرو ( 德若 ) دەپ يېزىلغان. «يېڭى تاڭنامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خېبەنتو ( 喝盘陀 )، خەنتو ( 汉陀 )، كېگۈەتەن ( 渴馆檀 )، كېرتو ( 渴罗陀 ) دەپ ئېپادە قىلىنغان. «دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى»دا بولۇر يېڭىسار بىلەن يەكەن ئارىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا جايلاشقان تاغلىق رايون دېيىلگەن، تاشقورغاننىڭ يەنە «ئىشكۆل»، «ساربكۆل» دېگەن ناملىرى بولغان.

بالائۇر ( 无雷 ) دۆلىتىنى «كېيىنكى خەننامە»دە يەكەندىن چىقىپ، بولى ئارقىلىق داۋاملىق غەربىي تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرسە بارىدىغان كىچىك قەلئە دېيىلگەن. «دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى»دا ئۇنى «قاشرو» قەشقەرنىڭ غەربىدىكى پامىر تېغى ئىچىدە دەپ كۆرسەتكەن. ئۇنى بەزىلەر ئۇلۇغچات دېسە، بەزىلەر غەربىي بورات قەبىلىلىرى ياشىغان جايلارنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەدىمكى يۇرت دېيىشىدۇ.

يى ناي ( 依耐 ). «خەننامە»دە تىلغا ئېلىنغان كىچىك دۆلەت بولۇپ، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە قەشقەر خانلىقىغا قارىغان. «دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى»دا

يېڭىسارنىڭ جەنۇبىدىكى كونا خارابىلىق يى ناي خارابىسى دەپ كۆرسىتىلگەن. يېڭىسارنىڭ غەربىي شىمالىدىن 50 كىلومېتىر يىراقتا ئاقتۇ كونا خارابىلىقى بولۇپ، خەلق ئىچىدە «ئاقباشخان» شەھىرى دېيىلىدۇ. بەزى تەتقىقات مەنبەلىرىدە ئۇنى «خەننامە»دە تىلغا ئېلىنغان جېنجوڭ شەھىرى (桢中城)نىڭ كونا ئىزى دەپ يېزىلغان.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە پامىر ئارىسىدىكى بىر قانچە كىچىك تاغلىق دۆلەتلەر تىلغا ئېلىنغان. بۇلار پامىرنىڭ ئالاي جىلغىسىدىكى تاۋقۇي (桃槐)، سوغۇن (休循)، جۇەندۇ (捐毒) دۆلەتلىرىدىن ئىبارەت.

سۇلې — كاشغار (疏勒国,迦舍罗国) دۆلىتى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا سۇلې دەپ يېزىلغان. قەدىمكى تۇبۇتلىلۇقلار ئۇنى «Sulig» — سۇلىق دەپ ئاتىغان. ھەقىقەتەن قەشقەر دىيارى بىر قانچە بوستانلىقلار تەڭ ئۆتكەن، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەھلىكىسى كونا لوپ — خوتەن ۋادىلىرىدىن ئاز بولغان سۇلۇق دىيار ئىدى. «تاڭنامە - جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە قەشقەر كاشا (佳沙) دەپ يېزىلغان. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دا كاشلې (迦舍罗) — قاشلې دەپ يېزىلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە دۆلەت نامى بىلەن خانلىق قەلئە نامى ئوخشاشلا سۇلې دېيىلگەن بولسا، شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە دۆلەت نامى كاشلې بولۇپ، خانلىق قەلئەسى سۇلې دېيىلگەن. مانا بۇ كاشغار ئىبارىسىنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت. «ئۆلىما راھىبلار تەزكىرىسى»، «ئۆلىما راھىبلار تەزكىرىسىنىڭ داۋامى»ناملىق كىتابلاردا سالې (沙勒) دېيىلگەن. بەزى ئالىملار ئۇنى سۇلىمى دەپ ئىزاھلىشىدۇ. مىلادىيىنىڭ II

www.uyghurkitap.com

ئەسىرىدە ياشىغان مەشھۇر جۇغراپىيىچى پتولېمى قەشقەرنى ساراگا (saraga) دەپ يازغان . خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ ئىبارە ( 沙落加, 沙罗加 ) يېزىقلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن . خەنزۇ يېزىقىدىكى مەنبەلەردە غەربىي پامىرلىقلار ، مەسىلەن فەرغانىلىقلار بىلەن باكتىرىيىلىكلەر قەشقەرنى سالۇگو ( 娑罗 佉沙) دەپ ئاتىغان ، دېيىلگەن . «ۋېي تەزكىرىسى . غەربىي رۇڭلار شەجەرىسى »دە قەشقەر جې شى ( 竭石 ) دەپ ، «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى »دا جې چا ( 竭叉 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »دە قەشقەر شەھىرى «كاشغار » ، «ئوردا كەنت » ، «ئوردا بالىق » دەپ ئاتالغان بولۇپ ، ئەپراسىياپ بىنا قىلغان دېيىلگەن .

قەشقەرنىڭ سۇلې دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ سۇلۇق ماكان بولغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن . «تاڭ تەزكىرىلىرى» ( 唐志 ) دە سۇلې شىمال ، جەنۇب ، غەرب ئۈچ تەرەپتىن تاغلىق بولۇپ ، شەھەر سۇلار ئارىسىغا جايلاشقان ، قىزىل دەرياسى قارلۇقلار تېغىدىن ئېقىپ كېلىدۇ ، دېيىلگەن . بۇ پامىر — خوتەن ئەتراپىدا قارلۇقلار ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بەزى مەنبەلەردە يامانيار دەرياسى قاش كۆچۈك داۋانىدىكى قارا كۆلدىن (تاڭ يىلنامىلىرىدا 大龙池 دېيىلگەن ) چىقىپ تاغبالىق ، تاشبالىق قەلئەلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ ، دېيىلگەن . قىزىل (تاڭ يىلنامىلىرىدا 赤水 دېيىلگەن ) دەرياسى يامانيار بىلەن قەشقەرنىڭ جەنۇبىدا قوشۇلىدۇ . «كېيىنكى ۋېينامە»دە كۆرسىتىلىشىچە ، پامىرنىڭ تارتاش داۋان ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىنكى يەكەن — قەشقەر تۈزلەڭلىكىدە شال ، بۇغداي ، تېرىق ، كەندىر قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى ، مىس ، تۆمۈر ، قەلەي ، گۆڭگۈرت ۋە زەرباپ يىپەك ( 锦绵 ) ماللار چىقىدىغانلىقى يېزىلغان . شۇەنزاڭ ئۆز ئەسىرىدە قاشىلى دۆلىتى تۆت تەرىپى بەش مىڭ يولدىن ئارتۇق بولۇپ ، زىرائەت ئەلۋەك ، گۈل - مېۋىلىرى

باراقسان، يېپەك ماللىرى ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى نەپىس، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر دۆلىتى (خانلىقى) تېررىتورىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

قەشقەرنىڭ كاشغار، قاشغار، كاشلى، قاشلى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ كاش — ساپال بۇيۇملىرى ئىشلەيدىغان قەدىمكى غارلىق كەنت ئاساسىدا① راۋاجلانغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزى مەنبەلەردە قاشغار ئىبارىسى خىش تاملىق شەھەر، قاشتەك گۈزەل شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن. فرانسۇز تارىخچىسى لىۋىي «قارۇشتى دۆلىتى ۋە قارۇشتى يېزىقى» (佉卢瑟吒国与佉卢瑟吒文字) ناملىق ماقالىسىدا قارۇشتى (كارۇشتى) يېزىقى دەسلەپ قەشقەردە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، قەشقەر قارۇستانلى (佉路赦怛勒) دىن ئىبارەت، دەپ كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى پەيزاۋات (伽什) ئاتالمىسىدا كاش - قاش ئاتالمىسىدىكى تەلەپپۇز ساقلانغان. سىماچيەن «فەرغانە تەزكىرىسى»دە تېرىگە يېزىلغان يېتىق يېزىلىدىغان (ئۇ چاغدا خەنزۇ يېزىقى بامبۇككا تىك يېزىلغاچقا) يېزىقنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ كونا رۇسىيىلىكلەر شىنجاڭدىكى پامىر — تەڭرىتاغ ئەتراپىدىن تاپقان ۋە 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى مۇختاغدىن تاپقان خەتلەر جۈملىسىگە كىرەتتى. ئورخۇن يېزىقى، ئاقسېپىل يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە قارۇشتى يېزىقى ئارىسىدا تولىمۇ زور يېقىنلىق ساقلانغان.

قەشقەر «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قەشقەرنىڭ باكتىرىيە، فەرغانە، كانگىيىگە قاتنايدىغان مۇھىم سودا مەركىزى ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىلگەن. ئۇ كۆپ شەھەرلىك مۇھىم بوستان دۆلىتى بولۇپ، خانلىق قەلئە سۇلې شەھىرىدىن

① ھازىرقى قەشقەرنىڭ تۆشۈك دەرۋازىسى تەرىپىدە، ھېلىمۇ ساپال ئىشلەيدىغان يارلىق بار.

www.uyghurkitap.com

باشقا جېنجۇڭ شەھىرى ( 桢中城 ) بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «كېيىنكى خەننامە . بەنچاۋ تەزكىرىسى»دە سۇلې دۆلىتىدە بايكەنت شەھىرى ( 盘橐城 ) ، ئۇچ شەھىرى ( 乌即城 ) ، چېنجۇڭ شەھىرى ۋە دۆڭ قورغان شەھىرى ( 顿中城 )نىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . «سۈينامە»دە خانلىق قەلئەسى تۆت چاسا بولۇپ بەش يول كېلىدۇ ، دېيىلگەن . ئۇ بەيلۇن «شىنجاڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مەدەنىي بۇيۇملار ئۈستىدە تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىسىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئەسكى ھېسار» خارابىسىنى خەننامىدىكى ئۇچ شەھىرى دەيدۇ . ئۇچ ئېھتىمال ئۇچ رابات مەنىسىدە بولۇشى مۇمكىن . ئۇ يەنە يېڭىسارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاقباشخان خارابىسىنى چېنجۇڭ شەھىرىنىڭ خارابىسى دەپ كۆرسىتىدۇ . ھازىرقى توققۇزاق تەرەپتە يەنە «مەن كەنت» خارابىسى ساقلانغان .

ئۇتوغول — بارچۇق ( 尉头国 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇتۇ دۆلىتى كىچىك قەلئە دۆلىتى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، ئۇچ پادىشاھلىق ۋە شىمالىي ۋېي زامانلىرىدا كۇسەن خانلىقىغا ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر خانلىقىغا تەۋە بولغان . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇتۇ « 蔚头 » دەپ ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، قەلئە نامى جويىسىد شەھىرى ( 据史得城 ) دەپ يېزىلغان . ئورنى قىزىلسۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى قوشتاغ ( 孤石山 ) يېنىدا دېيىلگەن . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەر خانلىقىغا بېقىنغان . قاراخانىيلار زامانىسىدا بارچۇق شەھىرى دېيىلگەن . قارا قىتانلار ۋاقتىدا يىڭجۇ ( 鹰州 ) — قۇش ئايمىقى بۇ جايغا جايلاشقان .

ئۇتوغول — بارچۇق ھازىرقى مارالبېشى دائىرىسىدە . مارالبېشى تەۋەسىدە قەدىمكى زامانلاردىلا ئولتۇراقلىشىش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت باشلانغانىدى . 1981 - يىلى يازدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 70 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان

قۇملۇقتىن قەدىمكى بىر خارابە تېپىلدى.[1] بۇ شەرقتىن غەربكە 20 كىلومېتىر ، شىمالدىن جەنۇبقا ئون نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان خارابىدا بىر قەدىمكى شەھەر ۋە كىچىكرەك ئۈچ قەلئە ئورنى ساقلانغان . ئۇنىڭ ئەتراپىدا قەدىمكى يېزا بار . بۇ يەردە قەدىمكى ئۆيلەر ، كۆزىتىش مۇنارىنىڭ 3 — 4 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قالدۇق سۇپىسى ساقلانغان . قۇم دۆۋىلىرى ئىچىدىن ساپال سۇنۇقلىرى ، زىننەت بۇيۇملار ، مېتال قۇيما ئەسۋابلار ، كۇسەن دۆلىتىنىڭ پۇلى تېپىلغان . بۇنىڭدىن باشقا تارىخچىلار مارالبېشى تۇمشۇق تېغىدىكى كونا قەلئە خارابىسىنى بارچۇق شەھىرىنىڭ كونا ئىزى دەپ قارىماقتا . مارالبېشىدا ئاقساقمارال دېگەن رايونمۇ بار . مارال ( 鹿 ) — لۇ بىلەن باش ( 头 ) — تۇنىڭ ئوتۇ بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ، بۇ تەتقىق قىلىنمىغان .

## ئاقسۇ — كۇچا يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر - قەلئەلەر :

ئاقسۇ - كۇچا يۆنىلىشىدىكى بوستانلىقلار تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئاساسلىق سۇ سىستېمىلىرىدىن ئاقسۇ دەرياسى ، ئۆگەن دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دەريادىن سۇ ئىچىدۇ . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا بۇ دىياردا ئۇنسۇ ، زەرقۇم (قۇم) ، كۇسەن قاتارلىق شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرىنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان .

ئۇنسۇ ( 温宿 ) دۆلىتى . بىر قەدەر ئومۇملاشقان كۆز قاراشتا مىلادىيىنىڭ ئالدىدىكى ئۇنسۇ ھازىرقى ئۇچتۇرپان دەپ قارالماقتا . ئۇچتۇرپان ئاتالمىسىغا كەلگەندە ، ئەسلى ئۇنىڭ

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) ، 1982 - يىل 13 - ئاپرېل ، 2 - بەت .

ئىسمى ئۇچ تېغىدىن ( 乌赤 ) ئېلىنغان بولۇپ، تورپان ئاتالغۇسى مانجۇلار قورغان چېك سۇلالىسى دەۋرىدە تورپاندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئاھالىگە قارىتىلغان. «خەننامە ـ غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇنسۇ دۆلىتىنىڭ خانلىق قەلئەسى ئۇنسۇ شەھىرى دېيىلگەن. ئۇنسۇ ئاتالغۇسى خانتەڭرى، تۆمۈر چوققىلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان ئۇچتۇرپان كوكشا دەرياسى، ئىدىل دەرياسى، توشقان دەرياسى، قومىلاق دەرياسى، تاڭناغاق دەرياسى، قومباش دەرياسى، قاراتال دەرياسى، قوباق ئاقچى دەرياسى، قەشقەر دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلار قوشۇلىدىغان جايىنى كۆرسىتە كېرەك. «غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسى تەتقىقاتى» ( 西域图考 )دا كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ دەۋرىدە دەريالار قوشۇلىدىغان جايدا شىد شەھىرى ( 史德城 ) بولغان. بۇ ئۇچتۇرپان ۋە ئاقسۇ دەريالىرى قوشۇلىدىغان جايىنىڭ شىمالىدىن ئىككى يۈز يول يىراقلىقتا بولۇپ، بۇ شەھەر خارابىگە ئايلانغان. شۇ دەۋردە ئۇچ تېغى « 于祝 » دەپ خاتىرىلەنگەن. «خەننامە» دە ئۇنسۇنىڭ «يەر ۋە نەرسىلىرى پىشامشان ئەللىرىگە ئوخشايدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ كونا لوپ ۋە ئۇنسۇ خەلقىدىكى يېقىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇم ( 姑墨 ) دۆلىتى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قۇم دۆلىتى خانلىق قەلئەسى بولۇپ جەنۇبىي شەھەر دېيىلگەن. قۇم دۆلىتى تولا چاغلاردا كۇسەنگە تەۋە بولغان. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق كىتابلاردا قۇم ئاتالغۇسى « 跋禄迦 » (valuka) دەپ يېزىلغان. بۇ راھىب شۈەنزاڭنىڭ قۇم سۆزىنى سانسكرىتچە ئىپادىلىشى ئاساسىدا بولغان بولۇپ، قومبالىق مەنىسىنى بېرەتتى. شۈەنزاڭ ۋالۇكا دۆلىتىنىڭ خانلىق قەلئەسى 5 — 6 يول ئارىلىقنى چۆرىدەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. «تاڭ تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابتا ( 唐志 ) قۇم سۆزى ئاقسۇ

دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى قۇم دەرياسىنىڭ بويىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن نام دېيىلگەن. ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 70 يول يىراقلىقتا قۇمباش دېگەن يۇرت بار. تارىخىي خاتىرىلەردە قۇمدا تاشبالىق (石城)، بارخان (拨换城) قەلئەسى بولغانلىقى يېزىلغان. «بارخان» ئەپراسىياپنىڭ ئوغلى دېگۈچىلەر بار. «تارىخى رەشىدىي»، «تارىخى ھەمىدىي» قاتارلىق كىتابلاردا ئاقسۇ «ئەردەبىل» دەپمۇ ئاتالغان. رىۋايەتلەردە «شەھىرى بەر ـ بەر» دېگەن ناممۇ ئۇچرايدۇ. قۇم دۆلىتى ئومۇمەن ئاقسۇ بولۇپ، كونكرېت قەلئە خارابىلىرىنى كونكرېت تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كۇسەن (龟兹) دۆلىتى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە كۇسەن تارىم بويىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت (خانلىق) بولغان. ئۇنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا خىللانغان ئاساسىي قوشۇنى 20 مىڭدىن ئاشقانلىقى مەلۇم. «خەننامە»دە كۇسەننىڭ نامى — چيۇزى (龟兹)، خانلىق قەلئەسىنىڭ نامى يان (延城) دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە»دە پايتەخت ئىسمى جۈيبان، كۈييان (居延城) شەھىرى دەپ يېزىلغان. «تاڭنامە»دە بۇ پايتەخت قەلئەسى ئېرىلۇ شەھىرى (伊逻卢城) دېيىلگەن، تۆت تەرىپى 17 — 18 يول چوڭلۇقتا بولۇپ ئۈچ قات سېپىل بىلەن — شەھەر سېپىلى، ئوردا سېپىلى ۋە ھەرەم سېپىلى بىلەن ئورالغان.

كۇسەن (Kushina, Kueichi) شەھەر ـ قەلئە دۆلىتى جايلاشقان ئۆش (كوكشا) دەرياسى، قىزىل دەريا، مۇزئارت دەريا، كاچۇڭ دەريا، ئۆگەن دەريا ۋە تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بىپايان كەڭ زېمىندا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا خۇددى «خەننامە»دە زىكىر قىلىنغان «يەرلىك ئاھالىلەر» ياشىغانىدى. كۇسەن دىيارىدا كۆپلىگەن شەھەر ـ قەلئەلەر، ئىبادەتگاھلار، بوستانلىق يۇرت ـ كەنتلەر بولغان. بۇ شەھەر ـ قەلئەلەر

www.uyghurkitap.com

تەخمىنەن تۈمۈرنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىلەنلا شەكىللىنىشكە يۈزلەنگەن بولۇشى مۇمكىن . تارىمنى ئەڭ دەسلەپ بويسۇندۇرغان ۋە ئۇنى «تېرىم» دەپ ئاتىغان خەلقمۇ كۇسەنلىكلەر ئىدى . مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى ئاشۇكا پادىشاھلىقىدىكى ھىندىستانغا كۇسەن نامى بىلەن مەلۇم ئىدى . كۇسەننىڭ ئاساسلىق پايتەختى ھېسابلىنىۋاتقان قارا دۆڭ (چوڭ تۆپە) شەھىرىنىڭ تۆۋەنكى مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئىپتىدائىي ھاياتقا مەنسۇپ تاش پىچاق ، تاش ئورغاق ، سۆڭەك ، بېگىز ، سۆڭەك يىڭنە ، سۆڭەك ئوقيا بېشى ، ساپال ، مىس ۋە دەندان بۇيۇملار تېپىلغان .

ھازىرقى كۇچا ، شايار ، توقسۇ ، باي ئەتراپلىرى قەدىمكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ ئاساسىي رايونى ئىدى . كۇچا ۋادىسى مۇزئارت چوققىسىنىڭ ئېتىكىدە ، تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ ، شىمالدا ئۆگەن دەرياسى شەرقىي جەنۇبقا ئاقىدۇ . ئەسلىدە مۇزئارت دەرياسى ئاق ئېغىز ۋە قارا ئېغىز ئېقىنلىرىدىن قوشۇلۇپ موسۇر دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ . موسۇر دەرياسى كېيىن يەنە مۇزئارت ۋە قىزىل دەريالىرىغا بۆلۈنىدۇ . قىزىل دەرياسى ئۆگەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېقىنى بولۇپ ، قىزىل دەرياسى ئاقتاغدىن باشلىنىدۇ . بۇ تاغ «سۇينامە»دە ئاجى تېغى (阿羯田山) ، «تاڭنامە»دە ئاجىتىيەن تېغى (阿羯山) دەپ يېزىلغان . بۇ ھال قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ ئاق (ئاچ) سۆزىنى ئۆز ئىسىملىرىغا قوشۇپ (خەنزۇچىدا 白) فامىلە قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇشى ئېھتىمال . كۇچادا يۇقىرىقى دەريالاردىن تاشقىرى مۇزئارتنىڭ شەرقىدىكى كۆكنەك تېغىدىن كېلىدىغان مىرتىيان دەرياسى ۋە ئوشۇرساي دەرياسى (بۇ ئىككىسى ساقلىق كۆلىگە قۇيۇلغان) بىلەن ئىشباش دەرياسى (بۇ دەريا ئاتۇينەك كۆلىگە قۇيۇلىدۇ) ئۆتىدۇ .

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە كۇچا «كۇچا» ، «كۇسەن» دەپ

ئىپادە قىلىنغان . «كۇچا» سۆزى «كوچا» ، «يار» سۆزى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ ، يۇرت ، قەلئە ، شەھەر مەنىسىنى بىلدۈرەتتى . كونا لوپ رايونىدا «رەن» ، «چىن» سۆزلىرى مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرگەندەك خوتەن رايونىدا «يار» سۆزى ، كۇچا ، تۇرپانلاردا بولسا «كوچا» سۆزى مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرەتتى . پىللىيوت كونا تۇرپاننى «قارا قوجۇ» — (Qara khoĕo) قارا يار مەنىسىدە ئىزاھلىغان . كۇسەنگە ئالاقىدار ئەڭ تۇنجى خەنزۇچە مەنبە بولغان «خەننامە»دە قارا قوجۇ « 高昌壁 » ، يارغۇل « 交河壁 » دەپ يېزىلغان . ئاخىرقى نام — يار سۆزى ھازىر ئېتىبارسىز قالدۇرۇلماقتا . «گاۋچاڭ» — «بى» دېمەكلىك بولۇپ ، قوجۇ — كوچا دېمەكلىكتۇر . « 高昌壁 » ئاتالمىسى «يۇقىرى گۈللەنگەن تام» بولماستىن « 高昌 » دېمەك خۇجيە — قوجۇيار « 壁 » دېمەكلىكتۇر . قارا قوجۇ — تۇرپان بولغىنىدەك ئاق قوجۇ كۇچا ئىدى . كۇچادىكى شامىيار قەلئەسىمۇ «يارلىق شەھەر» ، «شەھىرى يار» مەنىسىنى بېرىدۇ . كەنت ، يار ، كوچا ، تۇر ئىبارىلىرى خەنزۇ يېزىقىدا يەنە «تەي 台 » دەپمۇ يېزىلدى .

قەدىمكى كۇسەندە كۆپلىگەن قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر بولغان . «سۇبېشى قەدىمكى قەلئەسى» ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن (شەرققە قىيسايغان ھالدا) 23 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆلتاغ ئىچكى سۇ بېشى دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ ، خارابىگە ئايلانغان . «ئۇچقات شەھەر (ياكى چوڭ شەھەر) قەدىمكى قەلئەسى» كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 60 كىلومېتىر يىراقتىكى چۆللۈكتە خارابىگە ئايلانغان . «ساڭرام شەھىرى» ئۇنىڭدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ كۆل بويىدا خارابىگە ئايلانغان . «توپا قەلئەسى» توقسۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ ، شەھەر سېپىلى ئىزى تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە ساقلانغان . توقسۇ ناھىيىسى غەربىتىن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتا «ئۇچقات

www.uyghurkitap.com

شەھەر »نىڭ خارابىسى جايلاشقان . بىر دېھقان ئۇنىڭدىن ئالتۇن كرېست تاپقانلىقى مەلۇم . شايار ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆلدە «بوستان توغراق» كونا قەلئەسى جايلاشقان . شايار ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا تەخمىنەن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتا «تاش دۆڭ» قەلئەسى ، شايار ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتا «يېڭى مەلىك يانتاق شەھەر» قەلئەسى بار . بۇنىڭدىن باشقا «تارىخى راشات» ناملىق كىتابتا تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىنىڭ بېشىدا قۇم باسقان «شەھىرى كېتەك» ھەققىدە مەلۇماتلار يېزىلغان .

كۇسەنىنىڭ شىمالىدا Ⅲ — Ⅳ ئەسىرلەردە «يۇرپان» ( 悦般 ) دۆلىتى بولغانلىقى مەلۇم . بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ، يۇرپان ئاق ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپ ، كۇسەنلىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن . يۇرپان ئاق شەھەر دېگەن مەنىنى بېرىدۇ .

كۇسەن بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ ھىنايانا مەزھىپى مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېلىمۇ قىزىل ، قۇمتۇر ، سىم - سىم ، مازار باغ ، قىزىل قاغا ،① توغراق يىلان ، تېتى ، توغراقنىڭ دەڭ قاتارلىق بۇددا مىڭئۆي خارابىلىرى ساقلانغان .

**يۇلتۇز — باغراش يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر - قەلئەلەر :**

يۇلتۇز — باغراش يۆنىلىشىدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئەلەر بىر تەرەپتىن ئېغىرغول — تۇرپان يۆنىلىشىدىكى ، يەنە بىر تەرەپتىن كونا لوپ يۆنىلىشىدىكى ، شۇنىڭدەك ئاقسۇ — كۇچا يۆنىلىشىدىكى شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن تۇتۇشىدىغان مۇھىم

① قاغا — تۆر مەنىسىدە .

بەلۋاغقا جايلاشقان . ئۇلارنىڭ مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى مۇنداق :

يۈلى — قارا قارمان ( 尉犁 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە بۇ دۆلەتنىڭ خانلىق قەلئەسى ۋېلى شەھىرى دېيىلگەن . ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ يېنىدا دېيىلگەن بولۇپ ، شەھەر شىمالىدىكى كۆك بۇلاق ( 紫泥泉 ) ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن . ۋېلى ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەلىكىدە دەپ قارالماقتا . «دەريا - ئېقىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى»دا يېزىلىشىچە ۋېلىنىڭ ئورنى بوستان (باغراش ) كۆلىنىڭ غەربى ، كۇچانىڭ شەرقىدە دېيىلگەن . «كېيىنكى خەننامە . بەنچاۋ تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە ، بەنچاۋ يەنجى (قاراشەھەر )گە سەپەر قىلغاندا ئاۋۋال ۋېلىغا كەلگەن . قارا شەھەر تەرەپتىكىلەر دەريادىكى قومۇش كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋەتكەچكە بەنچاۋ ۋېلىدىن قومۇش يۆتكەپ كەلگەن . كۆپچىلىك مەنبەلەردە قاراشەھەر دەرياسىنىڭ باغراش كۆلىنى تولدۇرۇپ ئاشقان قىسمى بولغان كۆنچى دەرياسى ۋېلىغا ئاقىدۇ ، دەپ يېزىلغان . شۇنىڭغا قارىغاندا ۋېلى قەدىمكى «شەھىرى بولۇك» بولۇشى ئېھتىمال . «شەھىرى بولۇك» ھازىرقى كورلىنىڭ غەربىگە 70 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ، ۋېلى كۆپ ۋاقىتلاردا يەنجىگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان . كۆنچى دەرياسى ئاتالمىسى ھەققىدە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى چوڭقۇر يارداڭدا ئاقىدىغان بولغاچقا «گون» (تېرەن ، چوڭقۇر ) دەريا ، دەپ ئاتالغان ، دەريا ئەتراپىدىكىلەر «گونچىلەر» ، «گونچى» دېيىلگەن ، كۆنچى سۆزى گونچى سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ ئىزاھلىسا ، باشقا تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز «كۈن» ئىبارىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، قۇياشقا چوقۇنۇشنى بېشارەت بېرەتتى ، دەپ ئىزاھلىشىدۇ .

يەنچى — ئۇنچى ( 焉耆国 ) دۆلىتى . «خەننامە . غەربىي

يۇرت تەزكىرىسى»دە يەنچى دۆلىتىنىڭ خانلىق قەلئەسى يۈەنچۈي قەلئەسى (员渠城) دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە»دە بۇ شەھەر «دەريا جەنۇبى» شەھىرى (南河城) دېيىلگەن. يەنچىنىڭ نامى راھىب فاشيەننىڭ «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا ئۇيى (乌彝) دېيىلگەن، شۈەنزاڭنىڭ ئەسىرىدە: «ئاگنى» (阿耆尼)① دېيىلگەن. يەنچىنى «ۋۇجى» (阿耆) دەپ ئوقۇشمۇ بولغان. يەنچى — ۋۇچى — ئاگنى قاتارلىق ھەرپلەر ھەر خىل ئىزاھلانماقتا. بۇنىڭدا چى (耆) مۇھىم ھەرپ بولۇپ، قەدىمدە «چى» ئوقۇلغان. بۇ ھازىرقى كۆنچى دەرياسىدىكىدەك «چى» بولۇشى، شۇنىڭدەك «چىن» بولۇشمۇ ئېھتىمال. «يەن»، «ۋۇ»، «ئا» ھەرپلىرى «قارا»، «چوڭ»، «ئارا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا بۇ «قاراچىن»، «ئاراچىن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئوتتۇرىدىكى شەھەر، قارا شەھەر دېگەن سۆز بولۇپ چىقىدۇ. يەنچى دۆلىتىنىڭ پايتەختى مەسىلىسىگە كەلگەندە «يۈەن چۈي» سۆزى «كۆك» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمال. مەسىلەن، چاڭجياڭ دەرياسى «يان»، «كۆك» دەريا دېيىلگەن. خانلىق قەلئەسىنىڭ جايلاشقان ئورنى «دەريا - ئېقىنلار تەپسىلاتى» (水经注) دا «تۆت سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا، دەريالىق دىياردا» دېيىلگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مەنبەلەردە يۇلتۇز (قايدۇ) دەرياسى باغراش (بوستاننۇر) كۆلىگە قويۇلۇش ئالدىدا ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ؛ شەھەر مۇشۇ ئىككى سۇ ئارىسىدا دېيىلگەن. ھازىر غەربىي شىمال تەرەپتىن كېلىپ، قايدۇ دەرياسىغا قوشۇلىدىغان سۇ يوقالغان بولغاچقا كېيىنكى مەنبەلەر بۇ ھەقتە ئۇچۇر قىلمىغان. «كېيىنكى ۋېينامە»دە يەنچى شەھىرى ئاقتاغنىڭ جەنۇبىدىكى 70 يول

① ئارىيان تىلىدا ئوت — ئاگنى دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان.

كېلىدىغان جايدا دېيىلگەن . قايدۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن 40 يول كېلىدىغان جايدا كونا شەھەر خارابىسى بولۇپ ، خەلق ئۇنى «قىرىق يول قەلئەسى» دەيدۇ . بۇ كونا خانلىق قەلئەسى بولۇشى ئېھتىمال . «دەريا - ئېقىنلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى»دا يۇلتۇز دەرياسى قارا شەھەر دەرياسىنىڭ غەربىي ئېقىنى ، قابۇچقا دەرياسى شەرقىي ئېقىنى دېيىلگەن . «كېيىنكى خەننامە»دە كۆل سۈيى تاغ ئارىسىغا سىغدالغان بولۇپ ، شەھەر ئوتتۇز نەچچە يول نېرىدا دېيىلگەن . شۇەنزاڭ قارا شەھەر خانلىق قەلئەسى ئەتراپى 6 — 7 يول كېلىدىغان چوڭ شەھەر ، دەپ يازغان .

قارا شەھەر ئەتراپىدا بىر قانچە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى بار . چۈيخۈي ( 曲惠 ) قەدىمكى شەھەر خارابىسى ھازىرقى خۇشۇتتا بولۇپ قارا شەھەر بىلەن 58 كىلومېتىر ئارىلىقتا . بۇ شەھەرنىڭ قەلئە سېپىلى ساقلانغان . قارا شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن 14 كىلومېتىر يىراقلىقتا «سىرىقدۆڭ» ( 萨尔墩 ) قەدىمكى شەھەر خارابىسى جايلاشقان بولۇپ ، دائىرىسى خېلىلا چوڭ . شىكچىن ( 锡科沁 ) قەدىمكى شەھەر خارابىسى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىن بەش يول يىراقلىقتىكى يەنە بىر شىكچىن قەدىمكى شەھەر خارابىسى قوش سېپىللىق بولۇپ ، سېپىل ئۇللىرى ساقلانغان . بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى يەنچى شەھىرى ، دەپ مۆلچەرلىگەن .

قارا شەھەر تەۋەسىدىكى قەدىمكى خارابىلەرنىڭ ئەسلى ئەھۋالى ۋە ۋىشۈي ( 危须 ) ، يۈلى ( 尉犁 ) ، يەنچى قاتارلىق قەلئەلەرنىڭ ئېنىق ئورنى ھازىرغىچە مۇئەييەنلەشكىنى يوق .

قارا شەھەر — چوڭ شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ «كېنگىت» ، «چالىش» دەپمۇ ئاتالغانىدى . قارا شەھەردىكى شورچۇق مىڭئۆي خارابىلىرىدا بۇددىزمنىڭ گۈللەنگەن باسقۇچىدىكى بۇددا سەنئىتى گەۋدىلەنگەن .

ۋىشۋي — ئۈششاقتال (危须)، ۋۈلۈي — چېدىر (乌垒)، چۆل قۇدۇق (渠犁) شەھەر - قەلئەلىرى.

بۇ ئۈچ قەلئە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «دۆلەت» دەپ يېزىلغان: ۋىشۋي دۆلىتى خانلىق قەلئەسى ۋىشۋي شەھىرى بولۇپ چۈيخۈي قەلئەسىگە يېقىن ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئەتراپقا خۇشۇت موڭغۇللىرى ئورۇنلاشقان بولۇپ، هازىر خۇشۇت ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. هازىرقى بۇگۇر ناھىيىسى قەدىمكى ۋۈلۈي، لۈنتەي، چۆلى شەھەر دۆلەتلىرى جايلاشقان يۇرت بولۇپ، هازىرقى بۇگۇرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ۋۈلۈي (چېدىر)، شەرقىي جەنۇبىدا چۆلى (چۆل قۇدۇق)، غەربىدە لۈنتەي (رۇمتاي)[①] قەلئەلىرى بولغان. بۇ كىچىك شەھەر - قەلئە خانلىقلىرى تولا هاللاردا كۈسەن ياكى يەنچىگە تەۋە بولغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە فەرغانىگە يۈرۈش قىلغان خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە يول - قاتناش بىخەتەرلىكى زۆرۈرىيەتلىرى بىلەن چېدىر كۆل يېنىدا قورۇ (坪娄城) قەلئەسى قۇرۇلدى. بۇ قەلئە باشقا بەگلىكلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا تەسىر قىلمىغان ئاساستا بىر قانچە يۈز ئەسكەرلىك ئامبال مەھكىمىسىنىڭ قارارگاھى بولغانىدى. بۇ دەسلەپكى ئاشلىق - ئوتياش تېرىغۇچى ھەربىي بىرىگادا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئىختىرا قىلىنغان.

## 5. شەرقىي ۋە شىمالىي تەڭرىتاغ شەھەر - قەلئەلىرىنىڭ جۇغرا- پىيىلىك تەپسىلاتى

تۆۋەندە قۇمۇل — تۇرپان ۋە تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا ۋە

① هازىرقى بۇگۇرنىڭ سىدىيار دېگەن جايىغا توغرا كېلىدۇ.

شىمالىدىكى بوستان دۆلەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك شەجەرىسىنى ئىككى ئاساسىي يۆنىلىش بويىچە — قۇمۇل — تۇرپان يۆنىلىشى ۋە شىمالىي تەڭرىتاغ يۆنىلىشى بويىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا بۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشقان — يېرىم كۆچمەن ئىككى تۇرلۈك ھاكىمىيەت شەكلى بولغان.

## قۇمۇل — تۇرپان يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر - قەلئەلەر:

ئېۋىرغۇل — قۇمۇل (伊吾) دۆلىتى. قۇمۇل قەدىمدە «كۇنىۇ» (昆吾) دەپ ئاتالغان. جۇ مۇۋاڭ غەربىي رۇڭلارغا يۈرۈش قىلغاندا كۇنىۇلار قىزىل پىچاق (ئېھتىمال مىس پىچاق) سوۋغات قىلغان، دېگەن رىۋايەت بار.[①] قۇمۇل ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر زامانىدىلا ھۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەنلىكى مەلۇم.[②] قۇمۇل غەربىي خەن دەۋرىدە يىۋۇ (伊吾)، شەرقىي خەن دەۋرىدە يىۋۇلۇ (伊吾卢) دەپ يېزىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى «ئېۋىرغۇل» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «كۇن» (昆) سۆزى بىلەن «قۇم» (قۇمۇل) سۆزىنىڭ «ئېۋىرغۇل» سۆزى بىلەن «قۇمغۇل»، «قۇمۇل داۋان» سۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق، بۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. يۈەن سۇلالىسىدىن باشلاپ قۇمۇل ئاتالمىسى ئۇستۇنلۇك ئېلىشقا باشلىغان.

قۇمۇل تاغلىرى ۋە بوستانلىقلىرى قەدىمكى ھايات ئىزلىرىغا باي بىر رايون بولۇپ تۆمۈرتى توغۇچى، قارا دۆڭ، كاساڭ، يەتتە قۇدۇق قاتارلىق جايلاردىن يېڭى تاش قورال دەۋرى يادىكارلىقلىرى ۋە قەبرە - جەسەتلىرى تېپىلغان.

ستەيىننىڭ لوپ ساھىلىدىكى قىدىرىشلىرى ئاساسىدا

---

① ② «يۈەن خې زامانىدىكى ئايماق - ناھىيىلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» (元和郡县图志) گە قارالسۇن.

چىقىرىلغان خۇلاسىسىدا ئېشۇن قەدىمكى شەھىرىنى لوپچۇق، دەپ ئاتىغانىدى. بۇ شەھەرنىڭ «ناچىكەنت» — يېڭى شەھەر دېگەن نامىمۇ بولغان. بىز قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان قەدىمكى لاپچۇق شەھەر خارابىسىنى، قەدىمكى ئاھالە قەبرىستانلىقىنى ۋە «قالما»، «قازما»، «مامىچى تورا» قاتارلىق ئونغا يېقىن تۇر خارابىلىرىنى كۆرىمىز. لاپچۇق شەھەر خارابىسىنىڭ «ناجى» ناملىق ئىسمى بولغان. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى لوپچىنلىقلار بىلەن قۇمۇللۇقلارنىڭ بولۇپمۇ لاپچۇقلۇق غوزلارنىڭ يېقىن تارىخىي بىرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لاپچۇق شەھىرىنىڭ ئەينى زاماندا توققۇز ئوغۇز سىمۋولىدا توققۇز دەرۋازىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىرمۇ بۇ جايدا ياشايدىغان خەلق بۇ شەھەرنى «توققۇز قوۋۇق» خارابىسى دەپ ئاتايدۇ. قۇمۇل رايونىدا چوڭ ـ كىچىك قەدىمكى ھايات نۇقتىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان.

قۇمۇل قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ مۇھىم بىر ماكانى بولۇپ، جاڭ چيەن «موقىدۇل» (ماقادور — ماھادۇر) مۇقامىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرغانىدى. بۇ ھازىرمۇ «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» نامى بىلەن قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىدە ئويناماقتا. بىز سۈي ـ تاڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا ـ نەغمىلەر ئارىسىدا «ئېۋىرغول نەغمىسى»نىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

باركۆل (蒲类国) دۆلىتى. باركۆل دەسلەپتە ھازىرقى ئاراتۈركتىن مورى ناھىيىسىگىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. كۆپلىگەن ئالىملار باركۆل — بارسكۆل (يولۋاس كۆل) دېگەن سۆز، ئۇنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان «مورى» ئىبارىسى بىلەن ئالاقىسى بار، بەلكى ئۇ چاغلاردا «موركۆل» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا. باركۆل — مورى رايونى شەرقىي شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى ھايات ماكانلىرىنىڭ بىرى. 1977 ـ يىلى شىنجاڭ ئاسارئەتىقىلەر

باشقۇرۇش ھەيئىتى مورى ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تۆت جىلغا دېگەن جايدىن ئىپتىدائىي جامائە كەنتىنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپقان. بۇ جۇڭگونىڭ غەربىي جۇ سۇلالىسى باشلىنىش ھارپىسىغا توغرا كېلىدىغان ئىپتىدائىي جامائە مەدەنىيەت ئىزىدىن ئوچاق ئىزى، كۆل ئازگىلى، تاش، سۆڭەك ۋە مىس بۇيۇملار، زىرائەت قالدۇقلىرى تېپىلغان. تاش بۇيۇملار ئىچىدە تاش كەتمەن، تاش يىپ ئىگىرگۈچ، تاش تەخسە، تاش مونچاق، مىس زىبۇزىننەتلەر، ياغاچ ۋە ساپال چىنىلەر، تېرە ۋە توقۇلما كىيىملەر تېپىلغان. بۇ ئەتراپتىكى قەدىمكى قەبرىگاھلىقتىن ياغاچ لەھەتگاھقا كۆمۈلگەن جەسەتلەر بىلەن بىللە ئوقيا، نەيزە، ھايۋان ۋە ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاختاي تېپىلغان. بۇ تاختىدا بىر ئوقيا (ئادىمى سىزىلمىغان) يەنە بىر ئارقارغا بەتلەنگەن. قېچىۋاتقان ھايۋانلار، ھەر خىل تامغا - بەلگىلەر، بىر ئەر بىر ئايالنىڭ تىزلانغىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرغانلىقى، ئايال بولسا تۇنجى ھامىلىدار قىياپىتىدە سىزىلغان. يەنە ھەر خىل ئەپسۇن خاراكتېرلىك بەلگىلەر سىزىلغان. بۇنىڭدىن بارىكۆل — مورى ئەتراپىدا مىلادىيىدىن 1 — 2 مىڭ يىل ئىلگىرىلا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن تەڭ شۇغۇللانغان ئاھالە ياشىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە بارىكۆل غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى سۇپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خانلىق قەلئەسى تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربىدىكى سويۇيگۇ ( 疏榆谷 ) جىلغىسى، دەپ كۆرسىتىلگەن. ھۇن خانلىقى مەزگىللىرىدە بارىكۆل ئۇزاق بىر مەزگىل ھۇنلارنىڭ باتىسخان پائالىيەت رايونى بولغان. ئۇ كېيىنچە ئېۋىرغۇلغا تەۋە بولۇپ كەتكەن. بارىكۆل ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاتلىق قاتناشنىڭ مۇھىم بىر تۈگۈنى بولۇپ، ئۇ تىلەن تاغلىرى، چوغاي تاغلىرى ۋە ئۆتۈكەن تاغلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تەگرىتاغلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. ئۇ كېيىنچە ھۇن چەۋەندازلىرى ھەم كۆكتۇرك چەۋەندازلىرىنىڭ مۇھىم قارارگاھى بولدى. ھازىر بارىكۆل ناھىيىسى تەۋەسىدە داخا قەدىمكى شەھەر خارابىسى ساقلانغان.

قارا قوجۇ — قاڭقىل دۆلىتى (高昌车师国). «قارا قوجۇ» دېگەن خەت 1908 - يىلى تۇرپاندىكى شىمالىي تاغدىن تېپىلغان. يەرلىك خەلق بۇ يەرنى «قارا خوجا» دەپ ئاتاپ كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ھازىرقى قارا خوجا، ئاستانە، يارغول ۋە ئۈرۈمچى ئەنسەن تېغىدىكى ئالغوي، يۇئەرگۇ قاتارلىق جايلاردا جۇملىدىن جىمىسار، مورى ئەتراپىدا قەدىمكى زاماندىلا خۇجيە، ئۇجيە (护揭, 呼揭, 乌揭) گۇشى — گۇجوي (姑句, 姑师) خەلقلىرىنىڭ ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۇن تەگرىقۇتلۇقى شەكىللىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە دىڭلىڭ، كوي — دى، كونا لوپ خەلقلىرى بىلەن يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. خۇجيە، گۇشى، چې شى (车师) دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى خۇجيە — قوجۇ دىڭلىڭلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۇن تەگرىقۇتلۇقىغا قارشى كۆتۈرۈلۈشلىرى ۋە «ئوقياچى خەلقلەر» سۈپىتىدە ھۇن تەگرىقۇتلۇقى تەركىبىگە كىرىشى بىللە بولغان. «قوجۇ» ئىبارىسى «خۇجيە»، «گۇشى»، «گۇجوي» ئاتالمىلىرى قوجۇ، گاۋچاڭ ئاتالمىسىدۇر. بەزى تارىخشۇناسلار بۇ سۆزنى قاڭقىل (车师) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ ھازىرغىچە تۇرپاندا ساقلانغان «قاڭقا بازار» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «ھارۋا (قاڭقا) ياسىغۇچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى زامانىدا تۇرپانلىق سودىگەرلەر ئىچىدىن چاڭئەن، لوياڭدا ۋاپات بولغانلارنىڭ قەبرە تېشىغا يېزىلغان ئىسىم - فامىلىسى ئالدىغا «كاڭ (康)» ھەرپى يېزىلغانلىقى

بەلكىم «قاڭ»، «قاڭقا» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمال. بۇنىڭغا 682 - يىلى ئۆلگەن كاڭ بۇقا (康磨伽) بىلەن ئۇنىڭ لوياڭدا ئۆلگەن ئىنىسى كاڭ لۇمەي (康留买) ۋە يەنە كاڭ ئەرشان (康阿善)، كاڭ يۇدۇ (康伏度) ① قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

تۇرپان رايونىدا ھايات ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغان. بىز تۇرپان ئاستانە كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈكتىن، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى شىڭگىل يېنىدىكى چۆللۈكتىن، يارغولدىكى قۇرۇپ كەتكەن «سۇلۇق بولاق» دېگەن جايدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان سىلىقلاپ ئىشلەنگەن تاش قوراللارنىڭ، ئۇچلۇق، ئاي ۋە يېرىم ئاي شەكىللىك قىرغۇلارنىڭ، پالتىسىمان تاش قورالنىڭ، تاش مونچاق، تاش تېشىدىغان تاش، جۈملىدىن ئاددىي ۋە رەڭدار ساپال چۆگۈنلەرنىڭ سۇنۇقلىرى چىققانلىقىنى كۆرىمىز. قاراغوجا يارلىقىنىڭ شىمالىدىن سىلىقلانغان تاش پالتا ۋە رەڭدار بىر قولاقلىق ساپال قاچا بىلەن يىرتقۇچ بېشى شەكلىدىكى مىس قەدەھ چىققان. ئايدىڭكۆل، سىڭگىم، توقسۇن، پىچان سۇ بېشى ئەتراپىدىن چىققان ساپال بۇيۇملارمۇ بۇلارغا ئوخشاش بولغان. ئۈرۈمچى نەنسەن ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن كوزا، ئىۋرىق، رەڭدار ساپال بۇيۇملار ۋە قوي، كالا، ئات باش ئۇستىخانلىرى تۇرپاندىكىگە ئوخشاش بولغان.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى چېشى (گۇشى) قەبىلىلىرى پۈتكۈل شەرقىي تەڭرىتاغ ۋە ھازىرقى جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى قەبىلىلەر ئىدى، ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر بۇ جايلاردا دىڭلىك مەدەنىيىتى تىپىدىكى مەدەنىيەتنىڭ كەڭ

① شاڭدا ئەپەندى: «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت»، 14 - بەت.

www.uyghurkitap.com

تارقالغانلىقىنى كۆرسەتتى . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كۆپ توملۇق «دۇنيا ئومۇمي تارىخى»دا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردا ياشىغان دىڭلىڭ قەبىلىلىرى بىلەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭىنچى يىللاردا (خۋا ـ شيا ، يىن (شاڭ ) ۋە غەربىي جۇ دەۋرىدە ) سېرىق دەريانىڭ شىمالىدا ، موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان دىڭلىڭلارنىڭ[1] مۇناسىۋىتى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان . شۇ كىتابنىڭ 2 ـ تومىدا شىمالىي چېشى (گۇشى ) قەبىلىلىرىنى ئىلى — ئېرتىش ۋادىسى ۋە جۇڭغارىيىدە ياشىغان ، دەپ كۆرسىتىلدۇ . مېنىڭچە ، دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ، ئۆز تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا موڭغۇلىيىدىن تەسكىرىگە ئۇچرىمىغان ئاندرونوپ — ئارىيان تىپى ۋە بۇ تەسىرگە ئۇچرىغان تۈركلەشكەن تىپىغا مۇيەسسەر بولغان . بۇنداق موڭغۇلىيىدىن تەسىرى كۈي — دىلارنىڭ سېرىق دەريا ساھىلىدىكى ھاياتىدا ۋە ھۇنلارنىڭ توڭغۇز قەبىلىلىرىنى (پورتۇ موڭغۇل ) ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى ئارقىلىق قويۇقلاشقان بولۇشى مۇمكىن . شۇ سەۋەبلىك بىز بېرىنشتامنىڭ «تۈركمەن مىللىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە دائىر بەزى ماتېرىياللار » دېگەن ماقالىسىدىكى : چېشىلار — ھۇنلار تەركىبىدىكى ئۇيغۇرلار دېگەن پىكىرىگە قوشۇلمىز . روشەنكى ، خۇجيە — چېشى قەبىلىلىرى قۇمۇل — تۇرپان — جۇڭغارىيە ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېتنىڭ گەۋدىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى .

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا تۇرپاندا مەنزىرىلىك ئايدىڭكۆل ساھىلى ، ئاستانىدىكى «ئۆچكەن دەريا» ئېقىنى ، يارغۇلدىكى ئاچا ئېقىن ۋە كۆپلىگەن «سۇلۇق بۇلاق»دەك سۇ مەنبەلىرى بولغان . ھاياتنىڭ راۋاجى بىلەن يېڭى يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە

[1] كۈي — دى قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

بارغانسېرى قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا پائال تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن كارىزچىلىق ئۇسۇلىنى قوللانغان . شۇ نەرسە روشەنكى ، كارىزچىلىق ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونلار ئاھالىسىنىڭ يەر سۇغىرىشتىكى مۇھىم بىر ئۇسۇلى بولۇپ ، ئۇ ساك — سارماتىن قەبىلىلىرىدە خېلىلا ئومۇمىي تېخنىكا ئىدى . «غار ئىز» (كارىز ) دەپ نام ئالغان ۋە «غارلار» تۇتاشتۇرۇلىدىغان بۇ خىل يەر ئاستى كانال سىستېمىسى گەنسۇ كارىدورىنىڭ ياۋچى — ساكلار ياشىغان قىسمىدا ، تۇرپاندا ، ئالان قەبىلىلىرى ياشىغان كاۋكازدا ئۆزىنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن . «دەريا - ئېقىنلار تەپسىلاتى» ( 水经注 )دا قەدىمكى زاماندا دەشت ئاتا — دۇنخۇاڭدا سۇلې ( 索勒 ) دېگەن خان سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ، دېيىلگەن . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇسۇنلار دۇنخۇاڭدىكى چېغىدا قازما ئېرىق ( 穿筑 ) بىلەن شۇغۇللانغان دېيىلگەن . ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى «غەربىي يۇرتتىكى قۇدۇق - ئېرىقلار ھەققىدە تەتقىقات» ( 王国维：西域井渠考 ) ناملىق ماقالىسىدا ، بۇ خىل Kāriz (كارىز ) تېخنىكىسى تۇرپان ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا ئادەتلەنگەن ، دەيدۇ . سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «فەرغانە تەزكىرىسى» قىسمىدا خەن ۋۇدى قوشۇنلىرى شەھەرنى قامال قىلىۋالغاندا فەرغانىلىكلەر قۇدۇق كولاپ سۇ ئىچكەن ، دەپ يازغان . بۇ ئىپتىدائىي ۋە ئېلېمېنتلار ھەممىگە باب ئۇسۇل ئىدى .

تۇرپان ئويمانلىقىدا ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال . چۈنكى ، بۇ ھال كونا لوپ ، ئۈۋرغۇل ۋە تىلەن تېغى (چىلىيەنشەن ) ئېتەكىدىكى قەدىمكى قەلئەلەردىن تولىمۇ كېچىكمەي كېتىشى تارىخىي مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى .

www.uyghurkitap.com

«گاۋچاڭ» ( 高昌 ) ئاتالغۇسى «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان . ئۇنىڭدا گاۋچاڭ ، دەپ ئەمەس بەلكى گاۋچاڭ تاملىقى ( 高昌壁 ) دەپ يېزىلغان . شۈي سۈڭنىڭ ( 徐孙 ) ئىزاھاتىچە ، گاۋچاڭ تاملىقى دېگەن سۆز گۈجۈي تاملىقى ( 姑句 )دىن كېلىپ چىققان . يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاۋياڭ گۈيچى ( 欧阳圭齐 ) يازغان «قارا قوجۇدىكى چېشى جەمەتى تەزكىرىسى» ( 高昌偰氏家传 ) دېگەن ئەسەردە گاۋچاڭ — قارا قوجۇ دېمەك ، دېيىلگەن . ئۇنىڭ ئىزاھلىشىچە ، قارا سۆزى «قارا تاغ»دىن ئېلىنغان بولۇپ ، قوجۇ دېمەك گاۋچاڭنىڭ ئەسلى يەرلىك تەلەپپۇزىدىن — خۇجيەدىن ئىبارەت . بۇ شەھەر ئاستانە ( 广安城 )نىڭ شەرقىدىن 60 يول يىراقلىقتىكى قاراغوجىنى كۆرسىتىدۇ . خەن ۋۇدى ۋاقتىدا قارا قوجۇ — قارا تاغ ئېتىكىدىكى كوچا قەلئەلەشتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن . ئۇ گاۋچاڭ لوي ( 高昌垒 ) دەپ ئاتالغان . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇ چېشى ئالدىنقى ئېلى[1] ( 车师前国 ) ، خانلىق قەلئەسى يارغول شەھىرى ( 交河城 ) دېيىلگەن . «كېيىنكى خەننامە»دە : ئېۋۇرغۇلدىن بىر مىڭ ئىككى يۈز چاقىرىم يۇرگەندە چېشى ئالدىنقى قىسمىغا بارغىلى ، ئۇنىڭدىن بەش يۈز يول ماڭغاندا چېشى كېيىنكى قىسمى بولغان چىنمەن شەھىرى ( 金满城 )گە بارغىلى بولىدۇ ، دېيىلگەن . بۇ چىمسار (چىم شەھەر ) ئىدى .

تۇرپان قەدىمكى شەھىرى خەلق ئىچىدە «دەقىيانۇس شەھىرى» دەپمۇ ، «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . «تۇرپان» ئاتالمىسى قەدىمكى خوتەن مەنبەلىرىدە «تۇرپانا» (turpana) دەپ يېزىلغان بولۇپ ، ئېھتىمال كۆچا (ئاق قوجۇ ) يېنىدىكى «يۈيپان» قەلئەسىگە ئوخشاش بىر قەدەر قەدىمىي نام

① بەزى تەتقىقاتچىلار چېشى ئالدىنقى ئېلىنى ئۇي قاغىلىل ، چېشى ئارقا ئېلىنى تۇرە قاغىلىل دەپ ئىزاھلىغان .

بولۇشى مۇمكىن . «تۇرپان» — تورلۇق (سېپىللىك) شەھەر ، دېگەن مەنىگە يېقىن . خەلق ئېچىدىكى «توپا ئاتا» سۆزىگە كەلگەندە «توپا ئاتا» — قارا تاغنىڭ كونا بىر نامى بولۇپ «قارا قوجۇ» سۆزى بىلەن «توپا ئاتا قوجۇ»[1] بىر مەنىگە ئىگە . ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى دەشت ئاتا (داش ئاتا ، تاش ئاتا) ، توپا ئاتا ، ئەۋلىيا ئاتا قاتارلىق ناملار بىلەن ئۆز ماكانلىرىنى ئاتاشقان . تۇر — سېپىل ، تۇرپان ئاتا — سېپىللىك شەھەر دېمەكتۇر .

قەدىمكى قارا قوجۇ شەھىرى ئۈچ قات سېپىللىق شەھەر ئىدى . شەھەر سېپىلى ، ئوردا سېپىلى ۋە شىمالدىكى ھەرەم سېپىلىنىڭ ئىزى ھېلىمۇ ساقلانغان . شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە ئىبادەتخانا خارابىسى ساقلانغان . يارغول ئىككى دەريا ئېقىنى ئارىسىغا جايلاشقان يار ئۈستىدىكى شەھەر بولۇپ ، ئۈچ دەرۋازىسى بولغان . ھازىر شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىر قەدەر ياخشىراق ساقلانغان بولۇپ ، كوچىلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ . ھازىرقى توقسۇن ناھىيىسى ئۇ چاغدا تۇرپان دىيارىغا تەۋە بولۇپ ، كېيىنچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن . پىچان «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خوخۇ دۆلىتى (狐胡国) دەپ خانلىق ئورنى چېشى لۈيگو (لۈكيار ، لۈكچىن)[2] دەپ يېزىلغان . بۇ قەلئە شەرقىي خەن دەۋرىدە لۈيجۇڭ (柳中) ، شىمالىي ۋېي دەۋرىدە بەيجې شەھىرى (白棘城) دېيىلگەن . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇتقا كەلگەن ۋاڭ يەندى ليۇجۇڭ (六种) دەپ يازغان . پىچان نامى پىشامشاندىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇپ ، ئەڭ قەدىمكى نامى لۈكچىن بولغىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق . پىچان[3] قەدىمكى

① بۇ سۆز بۇزۇلۇپ «توپ ئاتا غوجام» بولۇپ قالغان .
② 车师柳谷 دېگەندىكى — 谷 يار ، جىلغا سۆزى لۈكچىن دەپ ئاتالغانلىقى چىن سۆزنىڭ كىشى ئولتۇراقلاشقان كەنت مەنىسىنى ئېنىقلاشتا ئەھمىيىتى بار .
③ قەدىمكى خوتەن يېزىقىدا پىچان «پىئوچانا» دەپ يېزىلغان .

زامانلاردا لوپنۇر بويىدىكى ئاھالىلەر بىلەن قوچۇ ئاھالىلىرىنىڭ تارىخىي بىردەكلىكىنى ئىسپاتلاشتا مۇھىم بىر جۇغراپىيىلىك تارىخىي تېما ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

## جىمىسار — ماناس — ئىلى يۆنىلىشىدىكى ئاساسلىق شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى:

جىمىسار — ماناس ئارىسىدىكى شەھەر - قەلئەلەرگە ئالدى بىلەن چېشى ئارقا ئېلى (车师后国) كىرىدۇ. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ دۆلەتنىڭ خانلىق قەلئەسى ئۇتۇگۇ (务涂谷) يارلىقى دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ شەھەر كىممەن قەلئاسى (金满城) دېيىلگەن. بۇ قەدىمكى قەلئە ساتو (沙畹) نىڭ پىكرىچە جىمىسارنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىقتا بولۇپ، ھازىر ئىزسىز يوقالغان. كۆكتۈركلەر زامانىدىكى قاغان خوتو شەھىرى (可汗浮图城) كېيىنكى بېشبالىقنىڭ ئورنى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى جىمىسارنىڭ شىمالىدىكى كونا خارابىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى خوتو شەھىرى بىلەن ئوتو شەھىرى نامىنىڭ ئاھاڭ يېقىنلىقىدىكى سەۋەب تېخى مەلۇم ئەمەس. قەدىمكى چېشى ئارقا ئېلى يىپەك يولىنىڭ شىمالىي يۆنىلىشىدىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل ئىدى. بۇ جاي تارىختا تولاراق قارا قوچۇ خانلىقىغا تەۋە بولۇپ كەلگەن. ئىدىقۇت خانلىقى ۋاقتىدا سۇڭ سۇلالىسىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭ يەندى بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. ئالايىدىن ئاتا مۇلۇك مۇھەممەد جۇۋەينىنىڭ (1226 — 1283) «تاۋارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە بېشبالىقتىكى ئىدىقۇت ۋەزىيىتى تەسۋىرلەنگەن.

يۇلچى (郁立师国)، شانخىن (单恒国)، چىم (且弥国)، ئۆتەنزىل (乌贪訾离国) قاتارلىق ئەللەر ھازىرقى فۇكاڭ، سانجى، ماناس ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئە

دۆلەتلىرى بولۇپ ، ئۇلار تولا ۋاقىتلاردا ئىدىقۇت خانلىقىغا تەۋە بولغان .

هازىرقى فۇكاڭ ناھىيىسى «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى يۇلىچى ئېلى بىلەن ئارقا چېشى ئارىسىدىكى جايلارغا جايلاشقان بولۇپ ، تاڭ زامانىدا ياللى ( 耶勒 ) دەپ ئاتالغان جاي ئېھتىمال يۇلىچى بولۇشى مۇمكىن . ھازىرقى سانجى ناھىيىسى خەن دەۋرىدىكى شانخىن ۋە چىم ئەللىرى ئارىسىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ . سانجىنى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە ياڭىبالىق (يېڭى شەھەر ) دەپ يازغان . ھازىرقى ماناس خەن دەۋرىدىكى ئۈتەنزىلىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ . بۇ يەردە كېيىنچە جانبالغاسۇن (جانبالىق ) شەھىرى قۇرۇلغان . بۇ شەھەر بېشبالىق تەۋەلىكىدە بولۇپ ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى . جۇغراپىيە تەزكىرىسى — غەربىي‌شىمالىي زېمىن ئىلاۋىسى»دە ، بۇ بەش شەھەر : بېشبالىق ، تاغۇس ، ياڭىبالىق ، قۇتبا ،[①] جانبالىق دەپ تىزىملانغان .

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى ، مەيلى تۇرپان ۋە مەيلى يارىش يازىقى (جۇڭغارىيە دالاسى ) بولمىسۇن قەدىمدىن خۇجىيە — گوشى — چېشى — قاڭقىل — گاۋچې قەبىلىلىرىنىڭ ماكانى ئىدى . بۇ جايلار مەركىزىي ئاسىيادا ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى ، كۆكتۈرك خانلىقى ، پوروتو ئۇيغۇر (كونا ئۇيغۇر ) خانلىقلىرى كۈچەيگەن ۋاقىتلاردا شۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ سىياسىي تەسىرىدە بولغان . «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ( 北史 ) ، 97 ـ جىلدتا ئۇلۇغ ياۋچىلار قەبىلىلىرى ئېگىز چاقلىقلار (ئېگىز قاڭقىلىقلار )نىڭ بىر قىسمى ، خۇجىيە ۋە دىڭلىڭلار بىرلىشىپ ئېگىز قاڭقىلىقلارنى تەشكىل قىلغان ، دەپ كۆرسىتىلگەن .

ئۇسۇن دۆلىتى ( 乌孙国 ) ۋە ئىلى دۆلىتى ( 伊列国 ) . خەن

① قۇتبا — قەدىمكى خوتەن يېزىقىدا قۇتاناي دەپ يېزىلغان . بۇ نامنى بەزىلەر قۇت (بەخت ) زېمىن دېسە ، بەزىلەر «جىن ـ ئالۋاستى كۆپ زېمىن» دەپ ئىزاھلىماقتا .

www.uyghurkitap.com

سۇلالىسىدىن جىن سۇلالىسىغىچە بولغان جۇغراپىيىلىك تەزكىرىلەردە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ساھىلىدا چېشى قەبىلىلىرى ئاساسىدىكى ئىلى دۆلىتى بولغانلىقى، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ساھىلىدا ئۇسۇن دۆلىتى بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئىلى دۆلىتى ئەسلى قەدىمكى دىڭلىڭ — چېشى قەبىلىلىرىنىڭ ماكانى بولۇپ، كېيىنچە ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىرىدە بولغان. كۆي — دىلار دىڭلىڭلار، كېيىنچە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھۇنلارغا قارشى كۈرىشىگە ماسلىشىپ بۇ جايلاردىكى ھۇن ھاكىمىيىتى تەسىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىدى. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ بۇ يەردە دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان تېلى، ئېگىز قاڭقىلىقلار ياشاشقا باشلىدى. تاڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدە بۇ يەرلەردە غەربىي كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە قەبىلىلەر ياشىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئىلى دۆلىتى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى تاشقى ئىلى ۋە يەتتەسۇ رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

ئۇسۇنلار ئەسلىدە سىرىق دەريانىڭ باش ئېقىنىدىكى تىلەن تاغلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ، خۇجىيەلەر بىلەن تۇتاش ھالەتتە گۇاجۇدا ياشايدىغان يۇڭرۇڭ (允戎) — ئاق رۇڭلار ئىدى. ئۇلار تىلەن تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى — ھازىرقى جۇ چۈەن ئەتراپىدىكى ياۋچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئىلى ۋادىسىغا يۆتكەلگەن. ئۇسۇنلار ئۇ چاغدا قايتا گۈللىنىپ 180 مىڭ قوشۇنلۇق زور دۆلەتكە ئايلانغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خەۋەر قىلىنىشىچە، ئۇسۇن ئېلىنىڭ خانلىق قارارگاھى ئاليار — قىزىليار شەھىرى (赤谷城) بولغان. بۇ شەھەر تارىخىي مەنبەلەردە قىزىلتاغ (赤山城)، دۇندۇ شەھىرى (顿多城) دەپمۇ ئاتالغان. شەھەر ئورنى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن مۇھاكىمە يوق، بەزى مۇئەللىپلەر

ئۆنى تېكەس ئەتراپىدا دېسە ، بەزىلىرى ئۆچ — ئاقچى ئەتراپىدا ، بەزىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدا دېيىشىدۇ .

ئوسۇنلار قەدىمكى زاماندا كۆچمەن چارۋىچى دۆلەت بولۇپ ، ئۇلارنىڭ توخارلار بىلەن ۋە ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە يېقىنلىقىنى ئاساس قىلغان ، بىرى يۆتكەلسە ، ئىككىنچىسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بارىدىغان مۇناسىۋەت بولۇپ ، ھاكىمىيەت زىددىيەتلىرى ئومۇمىي قەبىلە ئىتتىپاقلىرىدا بولغانغا ئوخشاش ئۇرۇشلارغىمۇ سەۋەب بولغان . بۇ نۇقتا بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن كۆشەندە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ناتوغرا تەرغىب قىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ ، بۇنداق ئەھۋال تۈزىتىلىشى لازىم .

ئوسۇن دېگەن سۆز خەنزۇ تەلەپپۇزى بولۇپ ، ئەسلى قانداق ئاتىلىدىغانلىقىنى (ئاسىيۇ دېگۈچىلەرمۇ بار ) يەنى مۇتلەق مەنىدە «ئۇسۇن» دېيىشنى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ . غەربىي جۇڭغارىيە ۋە ئىسسىقكۆل — ئوش ۋادىسىغا كۆچكەندىن كېيىنكى يۈگۈرۈك — ئاق مويلاۋلار — ئوسۇنلارنىڭ نامى شۇ نامدا تارىخ بېتىدە قايتا كۆرۈلمىدى . بۇ ئاق ھۇن دېيىلگەن ئېفتالىتلار بىلەن قانداق ئالاقىگە ئىگە ، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

## 6 . تۇران تۈزلەڭلىكىدىكى قەدىمكى شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئوبزورى

ماۋەرائۇننەھر ۋە غەربىي پامىر دىيارىدىكى شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرىمۇ بوستانلىقلارنى مەركەز قىلىپ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان . بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار يالغۇز ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر بىلەن ئىزاھلىنىپ قالماستىن ، يەنە «ئاۋېستا» ، «رىگاۋېدا» ، «شاھنامە» ،

«خەننامە» ۋە ئىسكەندەر. زۇلقەرنەيننىڭ ھەمسەپەر تارىخچىلىرى تەمىنلىگەن كۆپلىگەن مەنبەلەر ئارقىلىقمۇ ئىزاھلانغان.

تۇران تۇزلەڭلىكىنىڭ كەڭ داللىرى پامىر — ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغ — ئالاتاۋ تاغ تىزمىلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان دەريا ـ ئېقىنلار بىلەن سۇغىرىلىپ كەلگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللار ئارىسىدا تىجەن (گېرىدود) ۋادىسىدا، ھېرات (ئارىيا) ۋە مۇرغاپ ۋادىسىدا مەرۋى (مارجىئانا)، ئامۇ (ئوكسۇس، ۋاخشۇ، جەيخۇن) دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا بالىق (باكتىرىيە)، قاشقار ۋە زەرەپشان ۋادىسىدا سوغدى (سوغدىئانا)، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا خارەزىم، سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا پەرغانە (پەركان) قاتارلىق جايلار قەدىمكى دېھقانچىلىق مەركەزلىرى ئاساسىدا ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىغا كىرگەنىدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VI — VII ئەسىرلەردە تۆمۈردىن پايدىلىنىش ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ جىددىيلىشىشى بۇ جەرياننى تېزلەتتى. «ئاۋېستا» دەستۇرىدا تۆمۈرچىلىك ئۇستىسى كاۋىي ۋە ئۇنىڭ ئارى داخكا ناملىق ئەجدىھارنى يەڭگەنلىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە تۆمۈرنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش مۇھىتى ئەكس ئېتىلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى خارەزىم ۋە كونا ئەپراسىياپ شەھەر خارابىسى ئۇستىدىكى تەكشۈرۈشلەردىن بۇنىڭغا دائىر مۇھىم قالدۇقلارنى ئېنىقلاپ چىققان.

سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر»، بەن گۇنىڭ «خەننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ زېمىندىكى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچمەنچى دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئوبزورى تونۇشتۇرۇلغان. تۆۋەندە بىز سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي يۆنىلىشى بويىچە ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچمەنچى دۆلەتلەر

ئۇستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتىمىز :

## تۇران تۇزلەڭلىكىدىكى ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى دۆلەتلەر :

پەركان — فەرغانە دۆلىتى ( 大宛国 ) . فەرغانە دۆلىتى توغرىسىدىكى دەسلەپكى يازما مەلۇمات سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ «فەرغانە تەزكىرىسى» قىسمىدا بېرىلگەن . بۇنىڭدا خەن ۋۇدى قوشۇنلىرىنىڭ گېنېرالى لى گۇاڭلى باشچىلىقىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 ـ ، 100 ـ يىللىرىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق فەرغانىغا[1] قىلىنغان يۈرۈش تەسۋىرلەنگەن . ئۇنىڭغىچە ، غەرب مەنبەلىرىدە ، جۈملىدىن ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا فەرغانە توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەنىدى . ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە ، ھىرودوت يازغان «كۆلا — ئۆچلۈق قالپاقلىق ساكلار» (ساكا — تىگراخائۇدا ) ئېھتىمال پەركانلىقلار بولۇشى مۇمكىن . فەرغانىلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ساياھىتىگىچە بولغان ھاياتى ، ئۇلارنىڭ ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى روشەن ئەمەس . بىراق جاڭ چيەن فەرغانىنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە تىلغا ئالغان . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇنىڭ 60 مىڭ قوشۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى ، پايتەختىنىڭ گۈيشەن — كاسسان شەھىرى ( 贵山城 ) ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭغا يەنە 70 دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك شەھەر ـ قەلئەلەر تەۋە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان .

پەركان دۆلىتىنىڭ ئورنى ھەققىدە تېخى بىرلىككە كەلگەن تونۇش يوق . ئىران تارىخشۇناسى گېرز فېلد (Herz feld) ئۆزىنىڭ «ساكستان» ناملىق ماقالىسىدا پەركان دۆلىتى ھازىرقى

---

① خەنزۇچە «داۋەن» (چوڭ چىنە ) ئىبارىسى ئېھتىمال تېرەك داۋاندىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن .

فەرغانە ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىدىكى پامىر رايونىدا ئىدى ، دېيىدۇ. بۇنداق دېيىشنىڭ ئانچە ئاساسى يوق . «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىلاتى» ( 西域图考 )دا كۆرسىتىلىشىچە، پەركان دۆلىتى ھازىرقى قوقان سەككىز شەھىرى جايلاشقان جايلار ، دېيىلگەن . شەرقىي خەن سۇلالىسى يىلنامىسى بولغان «كېيىنكى خەننامە»دە پەركان (داۋەن ) ئىبارىسى تىلغا ئېلىنماستىن ، بەلكى ئارغىماقلىرى ۋە ئۈزۈم ھارىقى مەشھۇر بولغان سوگى (سوغداق 粟戈 ) دۆلىتى — سوغدىيە تىلغا ئېلىنغان . «شىمالىي ۋېي» يىلنامىسىدا فەرغانە «پولۇنا» ( 破洛那 ) دەپ ، «تاڭنامە»دە «شەرقىي زەبولىستان» ( 东曹 ) ياكى «سودۇيسانا» (ئوشرۇسانا )[1] دەپ تىلغا ئېلىنغان . بۇ ئۇنىڭ «سوغدىيانا» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقىدىن ، بىر مەزگىل سوغدى بىلەن بىر ئىكەنلىكى ياكى سوغدىنى پەركاننىڭ بىر مەزگىل ئۆزىگە قاراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . تارىخىي مەنبەلەردە نارىن (ئۈنچە ) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېگىزلىك فەرغانە ، جەنۇبىدىكى ئېگىزلىك سوغدىيانا ، دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . ئۇنداقتا فەرغانە ۋە سوغدىيانا پاراللېل نام بولۇپ چىقىدۇ . بىز پەركان دۆلىتى فەرغانە ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى دۆلەت ، ئۇ بەزىدە سوغدىيانانىڭ قىسمەن زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە بەزىدە كانگىيىگە تەۋە بولغان ، دەپ قارايمىز .

پەركاننىڭ خانلىق قەلئەسى بولغان گۇيشەن شەھىرى بىلەن كاتتا قورغاندىكى كۇشان شەھىرىنىڭ ئالاقىسى ئېنىق ئەمەس .[2]

سىماچيەن كۇشان شەھىرىنى كانگىيىدىكى بەش كىنەزلىكنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئايرىم تىلغا ئالغانىدى . گېنېرال لى گۇاڭلى بارغان ئەرشى شەھىرى قوقاننىڭ جەنۇبىدا دېيىلسىمۇ ئورنى

---

① ھازىرقى ئۆرە تۆبە (جىزان بىلەن دۇشەنبە ئارىسىدا )

② بۇ توخارلارنىڭ تىلەن تېغى (جىلىيەنشەن ) ئېتەكلىرىدىكى كۇزان ، كۇچا — كۇسەن ، كۇشان ، كاسان قاتارلىق شەھەرلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە ، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ !؟

ئېنىق ئەمەس. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئۇنى ئاراۋان يېزىسى يېنىدىكى «مەرھەمەت» شەھەر خارابىسىغا قىياس قىلىشماقتا. پەركان دۆلىتىدىكى قالغان شەھەر - قەلئەلەر ھەققىدە مۇئەييەنلەشكەن مەلۇمات يوق. سىماچيەن بىلەن بەن گۇنىڭ يىلنامىلىرىدا پەرغانىلىقلارنى چوڭقۇر كۆز، ساقال - بۇرۇتلۇق خەلق، تىل جەھەتتە تاكى ئارشاك (فارفىيە) خانلىقىغىچە ئۆز ئارا چۈشىنىشىدۇ، ئۆرپ - ئادىتى ئۇلۇغ ياۋچىلار ۋە فارفىيىلىكلەرگە ئوخشايدۇ، بۇغداي، گۈرۈچ تېرىيدۇ. ئۈزۈم ھارىقى مەشھۇر، ھەممە ئۆيدە ئۈزۈم ھارىقى ياسايدۇ، ئاتلىرى سەر خىل ۋە كۆپ بولۇپ، بېدە يېيىشكە ئادەتلەنگەن، دەپ بايان قىلىنغان.

خارەزم ( 欢潜 ) دۆلىتى. خارەزم قەدىمكى ئولتۇراقلاشقان ئاھالە رايونلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سىماچيەن ئۆزىنىڭ «فەرغانە تەزكىرىسى»دە «خۇەن چيەن» ( 欢潜 ) نامىنى تىلغا ئالغان. ياپونىيە ئالىمى بەي ئوكۇچى ( 白乌库吉 ) ئۆزىنىڭ «كاڭجۇي سوغدى تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىسىنىڭ مۇقەددىمە (5 - بەت) قىسمىدا «خۇەن چيەن»نى خارەزم دەپ كۆرسىتىدۇ. تولىستوفنىڭ پىكرىچە، خارەزم «خەننامە»دە تىلغا ئېلىنغان كاڭجۇي بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا تولىستوف ئاخمانىلار ۋە گرېكلار كاڭجۇي (كانگىيە) ئاتالمىسىنى قوللانمىغانلىقى، خارەزم ئاتالمىسىنى قوللانغانلىقى، جۇڭگو مەنبەلىرىدە خارەزم ئاتالمىسىنى قوللانمىغانلىقى، كاڭجۇي ئاتالمىسىنى قوللانغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. ۋەھالەنكى «ئاۋېستا»دا «خارەزم» ۋە «كانگى» ئاتالمىسى بىللە قوللىنىلغان بولۇپ، دەسلىپىدە بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىر ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئاۋېستا»دا تىلغا ئېلىنغان داخىلار سىماچيەننىڭ كىتابىدا دايى ( 大益 ) دەپ ئېلىنغان بولۇپ خۇەن چيەن بىلەن بىللە قويۇلغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى

www.uyghurkitap.com

1938 ـ ، 1939 ـ يىللىرى خارەزمنىڭ جانباش قالا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئاچتى . قوش سېپىل ئىزى ۋە شەھەر رەستىسى روشەن ساقلانغان بۇ خارابىدىن قۇل ئىگىلىكى تۈزۈمى دەۋرىگە ئائىت خارەزم پۇللىرى تېپىلغان .

فارفىيە خانلىقى ھەققىدە جاڭ چيەننىڭ ۋاستىلىق بەرگەن مەلۇماتىدا ئۇنىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكى ، بۇغداي ، گۈرۈچ تېرىلىدىغانلىقى ، ئۈزۈم ھارىقى چىقىدىغانلىقى ، يۈزچە شەھەر ـ قىشلاقلىرىنىڭ بولغانلىقى ، قوي تېرىسىگە يېزىلغان خەت (parchment) قوللىنىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . جاڭ چيەن ئۇسۇندىكى چاغدا ئورۇنباسار ئەلچىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدى . بۇ چاغدا فارفىيە ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىن ھالقىپ ئىران ، مىسوپوتامىيە ۋە ئەرمىنىيىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزگەنىدى .

باكترىيە ( 大夏国 ) دۆلىتى . باكترىيە ئۇلۇغ توخرىلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن ئۇ يەرگە جاڭ چيەن يېتىپ كەلگەن . ئۇنىڭغىچە باكترىيە ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك شەھەر ھاياتى تارىخىنى ئۆتكۈزگەنىدى . ئۇ چاغلاردا ئامۇ دەريا بىلەن ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ ئارىسى باكترىيە (دىيار باغتار) دەپ ئاتىلاتتى . توخارلار (توخرىلار) سوغدىيانانى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن باكترىيە رايونىنى ئۆزىگە قاراتتى . ئۇسۇن ، كانگىيە ۋە سوغدىيانانى ئۆز ئىچىگە ئالغان باكترىيىنىڭ تىل ، ئۆرپ ـ ئادىتى بىردەك ئىدى . باكترىيىنىڭ قەدىمكى پايتەختى باغتار ـ زارىئاسپا (بەلخ) شەھرى خانلىق پايتەختى بولغان . جاڭ چيەن باكترىيە ئاھالىسىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇقلۇقىنى ، سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى تىلغا ئالغان . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە كەشمىر (罽宾) دۆلىتى تۈنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان . كەشمىر ھەققىدىكى تەپسىلاتتا ئۇ يەردە دانلىق زىرائەت تېرىلىدىغانلىقى ، باغۋەنچىلىك ، قول ھۈنەرى ۋە سودىگەرچىلىكنىڭ راۋاجلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن .

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، ئۇلۇغ تۇخارلارنىڭ كەڭ ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراسان رايونلىرىدىكى پائالىيىتى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سىر دەريا بويىدا ياشىغان كانگىيلىكلەرنىڭ تارىخىي پائالىيىتى بىلەن زور ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىدى . جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇلۇغ تۇخارلار بىلەن كانگىيە خانلىرىنىڭ بىر ئېتنىك كىشىلەر ئىكەنلىكى كۆپ قېتىم قەيت قىلىنغان . بۇ ھال ئېتنىك جەھەتتە ئوخشاش قەبىلىنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلاشقان ، يەنە بىر قىسمى كۆچمە ھايات كەچۈرۈش ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكىنىڭ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىياغا خاس تارىخىي ئالاھىدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . ئۇلۇغ توخارلار ۋە كانگىيلىكلەرنىڭ سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريانىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا تېز روناق تېپىشىمۇ بۇ جايلاردىكى ماسساگىت — ساك قەبىلىلىرى بىلەن ئېتنىك يېقىنلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى . ئۇلۇغ تۇخارلار ماۋەرائۇننەھرنى ئارقا تېرەك قىلىپ تۇرۇپ ، باكتىرىيىدە كۇشان ئىمپېرىيىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى . كېيىنچە ئۇلار ئېفتالىتلار تەرىپىدىن چۇشكۈنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا توققۇز چاۋۇپ پارچە ھاكىمىيەتلىرى سۈپىتىدە داۋاملىق ياشىدى . بۇلار سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدا يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مايمارغ ( 米国 ) ، قاشقا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھرىسەبز ( 史国 ) ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كاسانىكا — كاتتا قورغان ( 何国 ) ، بۇخارا ( 安国 ) ، پىنكەنتنى مەركەز قىلغان تاشكەنت ( 石国 ) ، سودۇسانا ( 曹国 ) ، مەرۋى ( 穆国 ) ، ئۇناش ( 乌逷国 ) ، غەزنە ( 漕矩吒国 ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ توققۇز چاۋۇپلار — توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى ، دەپ ئاتالدى .①

① شالڭ دا : «تالڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ۋە چاڭئەن مەدەنىيىتى» ، 32 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

## تۇران تۇزلەڭلىكىدىكى ئاساسلىق قەدىمكى كۆچمەن دۆلەتلەر :

كانگىيە — قاڭلى ( 康居国 ) دۆلىتى : كانگىيە توغرىسىدىكى دەسلەپكى مەلۇمات سىماچيەننىڭ «فەرغانە تەزكىرىسى»دە بېرىلگەن. «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بۇ ھەقتە قايتا مەلۇمات بېرىلگەن . بۇنىڭدا كانگىيە فەرغانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن ئىككى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، خانلىق پايتەختى پىتەن شەھىرى ( 卑阗城 ) ، خان قىشتا لايلو ( 乐越匿 ) دېگەن جايدا قىشلايدۇ ، دېيىلگەن .

كانگىيىنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس . كانگىيە توغرىسىدا گرېك مەنبەلىرى ھېچ نەرسە دېمىگەن . ۋەھالەنكى ، گرېكلەر سوغدىيانا ۋە مالاكاندا (ماۋەرائۇننەھر ۋە سەمەرقەنت ) توغرىسىدا كۆپ توختالغانىدى . ئەسىرگە ئائىت پەھلىۋى — ئىران مەنبەلىرىدە خارەزم VI — VII چېگرىسى يېنىدا «كاڭدىز» ناملىق شەھەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ، خالاس . ئۇنداقتا سىماچيەن خىل قوشۇنلىرى 90 مىڭ (بەن گۇ 120 مىڭ ) دەپ كۆرسەتكەن بۇ زور مەملىكەت زادى قەيەردە؟ س . پ . تولىستوف كانگىيىنى خارەزم . كانگىيە ۋە خارازم ناملىرى بىر دۆلەتنىڭ ئىككى مەنبەدە ئىككى خىل ئاتىلىشى ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ .

كانگىيە «كاڭدىز»مۇ ياكى «قاڭلى»مۇ؟ كانگىيە قەدىمكى ھىندىستان ئېپوسى «ماخاپخاراتا»دا «كانكى» دەپ تىلغا ئېلىنغان . بۇ «ئاۋېستا»دىمۇ قەيت قىلىنغان . كۆپلىگەن تارىخچىلار ئۇنى «قاڭقا» (هارۋا ) بىلەن باغلاپ «قاڭقىل» ، «قاڭلى» دەپ ئاتىماقتا . يەنە بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇ «سەمەرقەنت» ، «سوغدىيانا» دەپ ئىزاھلانغان . «تاڭنامە»دە ئۇ ساموجيەن ( 萨末建 ) ، ساموجيەن ( 飒秣建 ) دەپ تىلغا

ئېلىنغان بولۇپ ، سەمەرقەنت دەپ ئىستېمال قىلىنماقتا . جۇڭگو يىلنامىلىرىدا كانگىيە بەش كىنەزلىككە بۆلۈنگەن كۆپ نوپۇسلۇق زور دۆلەت بولۇپ ، بۇ كىنەزلىكلەرنىڭ بىرىنچىسى ، «خەننامە» دىكى سۇرۇڭ يابغۇلۇقى （[illegible] 王）، «يېڭى تاڭنامە»دىكى شەھرىسەبىز （史国） بولۇپ ، بۇ توخارىستان يولىدىكى تۆمۈر قاپقىغا يېقىن ؛ ئىككىنچىسى «خەننامە»دىكى فۇمو يابغۇلۇقى （附墨王）، «يېڭى تاڭنامە»دىكى كۇشان شەھىرى （何国）؛ ئۈچىنچىسى يۈيرو يابغۇلۇقى （窳匿王）، «تاڭنامە»دىكى تاشكەنت （石国）؛ تۆتىنچىسى جى يابغۇلۇقى （[illegible] 王） بولۇپ ، «تاڭنامە»دىكى بۇخارا （捕喝,布豁,安国）؛ بەشىنچىسى ئاۋجەن يابغۇلۇقى （奥鞬王） بولۇپ ، «تاڭنامە» دىكى گۈلى （过利）، خوشۇ （火寿） ياكى خارەزم دەپ تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ قەدىمكى ئۆركەنچىنى كۆرسەتسە كېرەك . دېمەك ، خەن يىلنامىلىرىدىلا كانگىيىنىڭ كۆپ يابغۇلۇق بىرلەشمە ھاكىمىيەت ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان . رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، باھار ئوبلاستىدىكى بۇخارانى ، جۇملىدىن كانگىيىنى ئەپراسىياپ ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان سىياۋۇش سالغان ، ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ بۇخارادا ، ئۇنىڭ شەنىگە سىياۋۇش سەيلىسى داۋام قىلغان دېيىلىدۇ . ئۇنداقتا كانگىيە تار مەنىدە فەرغانە ۋە خارەزىمدىن باشقا پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . كەڭ مەنىدە ھەتتا بىر چاغلاردا خارەزىمنىمۇ ئۆز تەسىرىگە كىرگۈزگەن كەڭ شىمالىي ئامۇ ، جەنۇبىي سىر دەريا ئارىسىدىكى سوغدى رايونلىرىمۇ ؟ ئۇنداقتا بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ ! «خەننامە» قاتارلىق جۇڭگو يىلنامىلىرىدا ئۇ «كۆچمەنچى دۆلەت» ، ئادەتلىرى ئۇلۇغ توخارلار بىلەن ئوخشاش ، دېيىلىدۇ .

بەزى ئالىملار كانگىيىنى ، جۇملىدىن توخارلارنىمۇ ماسساگىتلار ، دەپ قارايدۇ . ھىرت (Hirth) كانگىيىلىكلەرنى تۈركچە «يابغۇ» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن تۈرك — تۇران

www.uyghurkitap.com

ئاھالىلىرى ، دەپ كۆرسەتسە ، مىگگوۋېرن كانگكىلىكلەرنى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ساكلار دۆلىتى ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېھتىمال تۇخارلار كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتسا كېرەك . بىز كانگكىنىڭ قەدىمكى ھاكىمىيەت تارىخىنى باسقۇچلار ۋە قاتلاملار بويىچە تەتقىق قىلىش لازىم ، دەپ قارايمىز . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ يەردىكى تارىخىي يېقىنلىقنى ئىنكار قىلىش تولىمۇ قىيىن .

يەنسا ( 奄蔡 ) قەبىلىلەر ئىتتىپاقى . كانگكىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ ، بارتولد كاسپىي ۋە ئارال دېڭىزى ئارىسىدىكى كۆچمەنچى قەبىلىلەرنى ئاۋار — ئالانلار ، دەپ كۆرسىتىدۇ . «خەننامە»دە يەنسا ھەققىدە خەۋەر بېرىلمىگەن . كېيىنچە ، يەنسا ئىبارىسى قىپچاقلار ، دەپ قارالدى .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا ، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئولتۇراق ئاھالە جايلاشقان كەڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئىپتىدائىي شەھەر – قەلئە ھاكىمىيەتلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى خارابىگە ئايلانغان ؛ بەزىلىرى داۋاملىق راۋاجلىنىپ ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا ھۆسن قوشقان . يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەھەرلەردىن تاشقىرى ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر قىسمىدا قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە يەنە نۇرغۇن شەھەرلەر ، شەھەر تۈركۈملىرى بولغان : فەرغانە رايونىدا ئەندىجان ، ئوش ، خوجەند ، مەرغىيانە ، ئۆزكەنت ، كاسان ، ئاخسىكەنت قاتارلىق شەھەرلەر ؛ تۈركىستان رايونىدا شاش (تاشكەنت ) ، بالاساغۇن ، ئوترار ، تالاس (يەسسە ) ، سايرام (ئىسپىجاب ) شەھەرلىرى ؛ سوغدى رايونىدا ۋە باشقا ماۋەرائۇننەھر زېمىنلىرىدا تېرمېز ، كۇبادىئان ، ۋەخش ،

سىگانىئان، نەسىف، كېتىش (شەھرىسەبىز) خوتتالىيان قاتارلىق شەھەرلەر؛ خارەزمدا ئۈرگەنچ، نىسا، جۇرجان قاتارلىق شەھەرلەر؛ توخارىستان رايونىدا دېربېگىزا، ئاخچا، شىبىرگەن، كېلىف، كەتتەم، پەرۋەرد، فارياب، مېيمېنې، چېچېكتۇ، گۇرزىۋان، دەرزەپ، بەلخ، قۇندۇز، تالقان، غەرخەر، رەگ، يەكتال، يومغان، سارىق جۇيان، رۇستەك، قەلئەئى شاھى نەزەر، بەگى ئەۋرەز، دەشتى قەلئە، شەھرى راۋان، ئارخاڭ ساراي، ئاق ساراي، باميان، بەگى ھەبەش، بەھرەز، بەربەر، بۇست قاتارلىق شەھەر ـ قەلئەلەر؛ قىپچاق رايونىدا خەزەر، بۇرتاس، سارىر زاخاپ، ھاجى تارخان قاتارلىق شەھەرلەر بولغان.

ئىلاۋە: قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ساك — تۈرك خەلقلىرىنىڭ شىمالىي دىڭلىك — تۇران رايونلىرى — ئېرتىش — يەنسەي — بايقال — تەسكەي تاغلىرى ئەتراپىدىكى شەھەر ئاھالە رايونلىرى ھەققىدە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى كۈندە يۈزلىگەن شەھەرلەر قەد كۆتۈرگەن بۇ ۋادىدا قەدىمدە ئەجدىھار بالىق، قۇنجۇ (مەلىكە) بالىق، خاتۇن بالىق، قارابالغاسۇن شەھەرلىرىدىن مۇقەددەم قانداق شەھەر ـ ئاھالە نۇقتىلىرى بولغانلىقى ھازىرغىچە سىر.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئېپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلىرى بىلەن جۇغراپىيىلىك يەرناملىرى يەنىلا ئارىيان — تۇران ئىبارىسى بىلەن ئاتالغان. ھىڭگان تاغلىرى «ھىڭگان تۆگە»لىرى تەسۋىرىدە، قاراتېكىن جىلغىسى، تەڭرىتاغلىرى، پەنجىكەنت ۋە بېشبالىق شەھەرلىرى، قۇم، تۇر، غول، يار، جەند (قەند، كەنت)، تاشبالىق، تېرەكداۋان، بايكۆل (بايقال)، ئانا ساي (يەنسەي)، ئېرتىش، قاراقۇرۇم، تەكلىماكان، تۇران، ئاراغول، ئېۋىرغول، ئالتاي، زەرەپشان، ئالغۇي، ئىلى دەريا قاتارلىق يەر ـ جاي ئىسىملىرى ئۇنىڭ بىر

قىسىم مىسالى . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بەزىدە ئۆزىنىڭ يەر ـ سۇ ناملىرىنى كۆچكەن زېمىنلىرىگە ئېلىپ كەتكەن . سۇلې دەريا ، گوزان — كۇسەن — كاسان ، كۇشان ، ئاقسۇ ، چاۋۇپ ، يۇرچى ، توخرى ، قاشقا دەريا قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىر قىسمى . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كۆچكەندىن كېيىنكى يەر ناملىرىنى تولاراق ئۇتتۇرا تۇزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرى ئۆزگەرتىپ نام قويغان . ئوردۇس (خې تاۋ ) ، قاش قۇۋۇق (يۇيمىن گۇەن ) ، چاۋۇپ (جاۋئو ) ، داش ئاتا (دۇنخۇاڭ ) قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قىسمەن مىسال . يەنە خۇجيە يارلىقى — قوجۇ يار (گاۋچاڭ بى ) ، يارغول (جاۋخې ) ، قاڭقىل (چېشى ) قاتارلىق مەنىسى ياكى ئاھاڭىغا قاراپ ئۆزگەرتىپ نام قويۇلغانلار بولغان . بۇلارنىڭ ئاستىدا يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا ئارىيان — تۇران يەر ناملىرىنىڭ ئولى ياتقانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك .

يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلىرى بىلەن كېيىنكى مەركىزىي ئاسىيا شەھەرلىرى ئاساسىي تارىخىي قىممىتى بويىچە بېكىنمىچىلىك ئىستېھكاملىرى بولۇپ مەيدانغا چىقمىدى . ئەكسىچە ، ئوچۇق — سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ئېھتىياجلىرى بىلەن ياسالغان . ئۇلار ئەسلا چوڭ دۆلەت سېپىللىرى سالمىدى ، قەلئە ـ سېپىل ، ئىستېھكاملىرىغا ئەسلا سەددىچىندەك «تاقاق» (گۇەن 关 ) نامىدا ئىشىك ـ قاپقا نامى قويمىدى . مەلۇمكى ، سەددىچىندە «تاغ ـ دەريا تاقاقى» ، «جيا يۈي تاقاقى» ، «قاش قاپقا تاقاقى» ، «كۇنگەي تاقاق» دېگەن دەرۋازىلار بولغان . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك روھىيىتى ئۇچۇن ئىككى نەرسە — تاقاق (بېكىنمىچىلىك ) ۋە ئۆز تاقاقلىرىنىڭ سىرتىدا قىلىچ ئوينىتىش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسابلانغان . بۇنداق بېكىنمىچىلىك تەۋرىتىلگەن ، يىپەك يولى ئالاقىلىرى تەسىرى ئۆتكۈزۈلگەن ئۇلۇغ تارىخىي جەريانىنى مۇھىمى مەركىزىي

ئاسىيالىقلار ئۇلارغا تۆھپە قىلدى . ۋاھالەنكى ، كۆپلىگەن پادشاھ ، تارىخچى ، شائىرلار (جۈملىدىن مەشھۇر شائىر دۇفۇ ) پۈتۈن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك تەرەققىياتىنى بىكىنمە سەددىچىن كاتېگورىيىسىدىن ئوچۇق يىپەك يولى كاتېگورىيىسىگە كۆتۈرگەن مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈستىدە ئىنچىل ناتوغرا قاراشتا بولدى . ئۇلار ئۆزىنىڭ شىمالىدىكى ۋە غەربىدىكى خەلقلەر تەسىرى تۈپەيلى يېقىنقى زامان دېگىز قاتنىشىغىچە ، خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ مول ھوسۇللۇق يېشىل زېمىن بولغان چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا نىسبەتەن تەرەققىي قىلغانلىقىدىكى ، پۈتۈن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغانلىقىدىكى سەۋەبنى ئويلىمىدى . ئەكسىچە ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن بۇ يېڭى زېمىنگە تېرىمچى ئەۋلىيادىن مىراس قالغان ئاللىقانداق مەدەنىيەتنى ئۆگەتكەن مەرىپەتپەرۋەرلىكلىرىنى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكلىرىنى كۆپ ئويلاشتى . «سەددىچىن قەلبىمدە» دېگەن شېئىردىكىدەك (بۇنداق نەزملەر نۇرغۇن ) بېكىنمىچىلىك ۋە سىرتقا نوپۇس يۆتكەشتىن ئىبارەت بۇ خىل سەددىچىن روھى جۇڭگو ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ مەنۋى سەددىچىنى بولۇپ كەلدى . ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىغا ۋە مەدەنىيلىكىگە تەتۈر تاناسىپ بۇ روھىيەتنى كەلگۈسىدە تەنقىدلىگۈچى خۇاڭدى (سېرىق پادشاھ ) ئەۋلادلىرى تۆرەلسە ، پۈتۈن ئۆتمۈش سەھىپىلىرى قايتىدىن قارالغۇسى . ئەمما بۇ ، ھەققانىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئاجايىپ ئەقلىي ئويغىنىشقا باغلىق ، ئەلۋەتتە !

## مىلادىيىدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكىچە ئاندرونوپ — ئارىيلار تارقالغان زېمىن



ئىزاھات : 1 . قارا دېڭىز ، 2 . كاسپىي دېڭىزى ، 3 . ئارال دېڭىزى ، 4 . ئىسسىقكۆل ، 5 . بالقاش كۆلى ، 6 . زايسان كۆلى ، 7 . لوپنۇر كۆلى ، 8 . باغراش كۆلى ، 9 . بايقال كۆلى ، 10 . لېنا دەرياسى ، 11 . ئەنقا دەرياسى ، 12 . سېلېنگا دەرياسى ، 13 . ئورخۇن دەرياسى ، 14 . تۇغلا دەرياسى ، 15 . ئۇرال دەرياسى ، 16 . سىر دەرياسى (سەيخۇن) ، 17 . ئامۇ دەرياسى (جەيخۇن) ، 18 . ئىلى دەرياسى ، 19 . تارىم دەرياسى ، 20 . خوتەن دەرياسى ، 21 . ھىندىقۇش تېغى ، 22 . چەككەن شەھىرى ، 23 . داتۇڭ شەھىرى ، 24 . بېيجىڭ شەھىرى ئورنى ، 25 . سېرىق دەريا (خۇاڭخې)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بايقال كۆلى ساھىلىدىن تېپىل-
غان يېڭى تاش قوراللاردىن نەمۇنە



بايقال سىبىرىيىدىن تېپىل-
غان كونا تاش قوراللاردىن نەمۇنە



ئاندرونوپ —ئارىلارنىڭ ساپال ۋە تۇچ
بۇيۇملىرى



ئەگەنەك خەنجىرى



ئەينى دەۋرگە ئائىت ئوق باشاقلىرى



مىنوسىنسك تاكار مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى



↱ ئالما ئاتا «ئېسىكى قورغان قەبرىگاھلىقى»دىن تېپىلغان ساك شاھزادىسىنىڭ ئالتۇن كىيىمى ۋە كىيىم گىرۋەكلىرىدىكى بۆرە بېشى نەقىشلەنگەن توقا





مۇراسىم ئۇسسۇللىرى چېكىلگەن قىيا رەسىملىرى



شىمالىي ئالتاي بازىرىق قەبرىسىدىن تېپىلغان چايشاپتىكى ئاتلىق دىڭلىك ئادىمى



لوپنۇرنىڭ شىمالىدىن 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تېپىلغان «كروران گۈزىلى»-نىڭ جەسىتى ۋە ياپونلار كومپيۇتېردا ئەسلىگە كەلتۈرگەن رەسىمى

www.uyghurkitap.com



چەرچەن ناھىيىسى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى»دىن تېپىلغان ئەر – ئايال جەسەتلەر



« زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى » دىن تېپىلغان
يەنە بىر ئايال جەسەت



1991- يىل بارچۇق تەۋەسىدىن تېپىلغان ، مارالبېشى ناھىيىلىك
مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى جەسەت



1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى نىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان 2000 يىللار ئىلگىرىكى تال - تال
ئۆرۈمە چاچلىق ئايال جەسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئاۋرېل ستەيىن لوپنۇر رايونىدىن تاپقان جەسەت ساندۇقىدىكى مۇكەممەل مۇمىيا



مىلادىيە I – II ئەسىرلەرگە تەئەللۇق لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ، يىگىرمە نەچچە خىل رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇپ ھاسىل قىلىنغان ئاسما رەسىمنىڭ پارچىلىرى .



نەقشى رۇستەمگە دارا ئىشلەتكەن ساك ئەسىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ باشچىسى
(كىشەنلەنگەن كىشى) سىكۇنخا



ياغا زەي تارتىۋاتقان سىكىف
رەسىمى



قەدىمكى گرېك قاچىسىغا
سىزىلغان سىكىفلار



سۇنۇق تېڭىۋاتقان ساك (قاچىغا ئىشلەنگەن)



→—— تۇرپان ئاستانىدىن 1972 ـ
يىلى تېپىلغان ئۇزۇن تەلپەك ساك
ـــ خوجىيە ئاتباقار ھەيكىلى



←—— جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭ ـ
لىكىدىن تېپىلغان VII ئە ـ
سىردىكى سەنئەتچى ھەيكىلى



1



2



3



4

قەدىمكى ئۇچلۇق تەلپەكلەر :   1- رەسىم كوئنەستىن تېپىلغان 2500 يىللار ئىلگىرىكى مىس ھەيكەل . 2- رەسىم چەرچەن زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان 3000 يىللار ئىلگىرىكى يۇڭ تەلپەك . 3- رەسىم تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان 1300 يىللار ئىلگىرىكى ياغاچ ھەيكەل 4- رەسىم تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيىسىگە تەۋە سۇبېشى كەنتىدىن تېپىلغان 2400 يىللار ئىلگىرىكى جەسەتنىڭ 45cm ئېگىزلىكتىكى باش كىيىمى





فەرغانە سايمالتاش قىياسىدىكى كۈنگە سېغىنىش ئۇسسۇلى كۆرۈ- نۈشلىرى



ئالما ئاتا يېنىدىكى تامغالىق تاشتىكى قارا قوتاز ــزېمىنگە مىنگەن قۇياش (كۈن) تەڭرىسى قىيا رەسمى



شىمالىي ئالتاي بازىرىق قەبرى-
سىدىن تېپىلغان جەسەت هارۋىسى



ئاخمانىلار شاهى دالاپارستىكى
بىخستۇن قىياسىغا ياساتقان ئۇلپانچى
خەلقلەر تەسۋىرى



موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان سىكىفلار ئەي-
نىكى (كۆرگۈ)سىنىڭ ئارقىسىغا سىزىلغان
رەسىملىرى



شىمالىي ئالتاي بازىرىق قەبرىستانلى-
قىدىن تېپىلغان قىزىل گىلەم



مىس بۇغا (سىكىفلار يادىكارلىقى)







سىكتاي سارماتىنىلارنىڭ برونىرا
(مىس) زىنىنەت ۋە ھۈنەر سەنئەت بۇ-
يۇملىرى: قاناتلىق ئىلاھ (مېترا)، بۆرە
بېشى، ئارقار قوندۇرۇلغان دوبۇلغا، ئې-
لىشىۋاتقان ھايۋانلار ۋە تاسما توقىلىرى











www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتاب تورى

## ئىككىنچى بۆلۈم

# قەدىمكى تۇراندا ھۇن، توخارۋە ئېفتالىت سەلتەنەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىرىنچى باب

# ئىسكەندەرنىڭ تۇرانغا كىرىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئاقىۋىتى

## 1 . ئىسكەندەرنىڭ تۇرانغا كىرىشى

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىزگۇ ۋە قاباھەت، زوراۋانلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى دەسلەپتە يورۇقلۇق ۋە جاھالەت شەكلىدە، يورۇقلۇق مالائىكىسى بىلەن زۇلمەت دىۋىسى ئوبرازىدا ئۇزاق زامانلار داۋاملاشتى. مېنىڭچە، بىرەرمۇ مىللەت ۋە بىرەرمۇ مىللىي ئېتىقاد بۇ تۇيغۇدىن تەپەككۇر دەرياسىدىن سۇ ئىچمەي ئۆلگەن ئەمەس. كېيىنچە، ھاكىممۇتلەقلىق (دىسپوتىزم) بىلەن خەلقچىللىق (دېموكراتىيە) ئىزگۇ ۋە قاباھەت، يورۇقلۇق ۋە جاھالەتنىڭ ئەپسانىۋى تۈستىن خالىي، رېئال دۇنيادىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىپى بولۇپ كىشىلىك تارىخقا كىرىپ كەلدى. گرېكلارنىڭ ئىككى تۈھپىسى ھېسابلانغان ئىلىم - پەن بىلەن دېموكراتىيىنىڭ دەسلەپكى گۈلدەستىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەبەدىي خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان تۆھپە بولۇپ قالدى.

گرېكلاردا زېۋس بىلەن پرومىتى ئاساسىي ئەپسانە تېمىسى بولغىنىدەك، ئافىنا دېموكراتىيىسى بىلەن سپارتا ھاكىممۇتلەقلىقى، بالقان يېرىم ئارىلىدىكى بۇ كۆپ ئارال —

شەھەرلىرىك مەملىكەتكە ھەر ياقتىن يىغىلغان خەلقلەر ۋە مەدەنىيەتلەردىن توپلانغان ئىككى ئىقىمنى گەۋدىلەندۈردى . بىر دۆلەتتىكى ئىككى شەھەر ھاكىمىيىتى گەۋدىلەندۈرگەن بۇ ئىككى خىل ئىدىيە ۋە تۈزۈم ماھىيەتتە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىككى خىل ئىدىيە ۋە تۈزۈمنىڭ زىددىيىتىنى كۆرسەتتى . مەن ياشلىق چاغلىرىمدا دېموكراتىيە بىلەن ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى ۋە كۈرەش تارىخىغا ئائىت «سولۇن قانۇنىدىن رېخستاگنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىگىچە» نامىدا بىر كىتاب يېزىشنى ئارزۇ قىلغان بولساممۇ ، پۈتۈن ئۆمرۈمنىڭ گۆھەر يىللىرىنى ھېلىقى كۆيگەن «رېخستاك» ئىس - تۈتەكلىرى نابۇت قىلغاچقا ، جازا لاگېرىدا پەقەت نەپەس ئېلىش ئەركىنلىكى بىلەنلا تىنىقىمنى داۋاملاشتۇرالىدىم .

مەركىزىي ئاسىيالىقلار ساپ ئالتۇندەك ساپ دېموكراتلار بولمىسىمۇ ، ئۇلار تەختكە چىققان تەڭرىقۇت بىلەن قاغانلارنىڭ بويىنىغا يىپەك ئارقان تاشلاپ ، تەڭرى بىلەن ئەل - يۇرت ئالدىدا مۇقەددەس قۇت نامىدا قەسەم ئىچىپ كەلگەن بولۇپ ، دائىما ئۆزىنى ئالتۇن شىر تەختىنىڭ ئۈستىدە ، مۇقەددەس ئاي - كۈننىڭ ئاستىدا تۇتقان . بۇ شەرق ھاكىممۇتلەقلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ پۇقرا ھەم غەيرىي مىللەتلەرگە بولغان ھاكىممۇتلەق مۇناسىۋىتىدىن پەرقلەنگەن .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە مەركىزىي ئاسىيالىقلار خۇاڭخې ، مىسوپوتامىيە ، گرېكلار بىلەن ئۇچرىشىپ رەسمىي ھاكىممۇتلەق ۋە دېموكراتىك قاراشلارنىڭ تارىخىي تەسىرىگە ئۇچرىدى ، ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىلىق پەرقلىرىنى كۆردى . قانچىلىك جەڭلەر بەدەل قىلىنغانلىقى ۋە قانچىلىك ئاڭلىق مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر بۇ بىر سېلىشتۇرما ئىدى . كېيىنكى تۇمارىس ، شىراق ھېكايەتلىرى بىلەن «ئىسكەندەرنامە» ، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرى ،

www.uyghurkitap.com

ئەپراسىياپ، كۈنتۇغدى ئىلىك غايىۋى پادىشاھ قاراشلىرى، زاككاخ ۋە يەجۇجى - مەجۇجى ھېكايە - رىۋايەتلىرى بۇنىڭ مېۋىسى بولدى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ قانلىق جەڭلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، گرېك ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنى ئۇلۇغلاش ئىستېلا قىلىنغۇچى مىللەت ئۈچۈن بىر مەردانىلىك. ئىستېلا قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئۇلۇغلىشىدىن ئىبارەت بۇنداق نامەردلىككە بۇنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۇراندا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى چوڭ ئىلمىي تېما. بۇ گرېك — ئېللىن مەدەنىيىتىدە مەركەزلەشكەن يىپەك يولىنىڭ بىرىنچى چوڭ تىپتىكى ئېقىمى ئىدى. تۇراندا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى نوقۇل ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك گرېك مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىياغا تەسىرى مەنىسىدە ئىزاھلانماسلىقى كېرەك. روشەنكى، قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئىككى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتلىك جەريان ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەندى.

بىرىنچىدىن، گرېك مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل تىپتىكى مەھەللىۋى، مىللىي مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھالقىغان بىرىنچى تىپتىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت سۈپىتىدە قەدىمكى مىسىر، بابىل — ئاسۇرىيە، مەركىزىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق جەمغۇرلىنىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلدى. گرېكلار تۇنجى ئۇنىۋېرسالىزمچىلار سۈپىتىدە ئۆزلىرى ئېرىشەلىگەن شەرق ۋە غەربنىڭ بىر قاتار ئاساسىي مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى گۇمانىزم ئاساسىدا يەكۈنلىدى. مۇنداق ئۇنىۋېرسالىزم جەريانىغا گرېكلار شاگىرتلار قىياپىتىدە قاتناشقانىدى. بىز بىر مۇنچە گرېك مۇتەپەككۇرلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ غەيرىي گرېك دىيارلىرىدا تەلىم ئالغانلىقىنى بىلىمىز. گرېك مەدەنىيىتىنىڭ

جەمغۇرلىنىش جەريانىغا سىكىفلارنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوپلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان سىكىفلار كاۋكازىيە، پەلەستىن، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ساھىلى ۋە ئىراندىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. سىكىفلار قارا دېڭىز ساھىلىدا گرېكلار بىلەن بىللە ياشىدى. كۆپلىگەن گرېك تارىخچىلىرى (مەسىلەن ھىرودوت، پوللېن ۋە سترابو)، گرېك تىبابەتچىلىرى (مەسىلەن ھېپوگرات) سىكىفلار، ساكلار، ماسساگىتلار مەنبەلىرىدىن ئوزۇقلانغان. گرېكلار بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرگە مەركىزىي ئاسىيا ماسساگىتلىرى بەزىدە ئىرانلىقلارنىڭ، بەزىدە گرېكلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى سۈپىتىدە قاتناشقان. بۇ ھال تۈچ قوراللىرى ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيا ئاندرونوپ — سىكىف — ماسساگىتلىرى بىلەن گرېكلار ئوتتۇرىسىدا ئەڭ قەدىمكى بىۋاسىتە باغلىنىشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىياپەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن تولىمۇ تەۋۋەزۇلۇق شەكىلدە مەركىزىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكىنى يوق. باشقىچە ئېيتقاندا، ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ئارقىلىق — قانلىق ھەربىي مۇداخىلە ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىياغا كىرىپ كەلدى. تۆۋەندە مانا مۇشۇ تارىخىي جەريان ئۈستىدە توختىلىمىز.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 549 - يىلى پېرسىيە شاھى كىر (كىرۇس) مىدىيىنى بېسىۋېلىپ ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلىپ ئىراننىڭ بىرلىككە كېلىشىگە زور تۆھپە قوشتى. ئەمما مىللىي دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن كىنەزلىك ئۆزىنىڭ جەڭ ۋە ھاكىمۇتلەق ۋاستىلىرى بىلەن ھەر خىل مىللەتلەر

ۋە دۆلەتلەردىن تەشكىل تاپقان دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرەلمەيتتى . ئىران ئاخمانىلار ئىمپېراتورلىرى مەملىكەت ئىچىدە قوللانغان ۋاستىلەر بىلەن دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرغىلى بولىدۇ ، دەپ ئويلىغانلىرىدا تارىخىي خاتالىققا يول قويدى . ئۇ مىللىي دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچىدىن خەلقئارا ئىستېلاچىغا ئايلاندى . بۇ غالىبلىقتىن مەغلۇپلۇققا يېتەكلەيدىغان كاتېگورىيىلىك خاتالىق تۇپەيلى سادىر بولدى . ئاخمانىلار دارا ۋاقتىدىلا ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 517 - يىلى مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەلۇم قىسمىنى بېسىۋالغانىدى . بۇ هال «نەقشى رۇستەم» ناملىق تاش ئويمىدا تەرتىپ بويىچە ئىرانغا بويسۇنغان 7 - رايون (ئۆلكە) ۋە مىللەت نامىدا پۈتۈلگەن . ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى كىچىك ئاسىيانى تالىشىش جەريانىدا قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان گرېتسىيە (يۇنانىستان ) بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى . ئۇرۇش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 492 - يىلىدىن باشلىنىپ ، ئۈزۈلۈپ هەم داۋام قىلىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 331 - يىلىدا ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ هالاكىتى بىلەن ئاخىرلاشتى .

ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى قەدىمكى بابىل — ئاسۇرىيە ، مىدىيە ۋە پېرسىيە ئاساسىدىكى ئاسىياچە هەربىي هاكىممۇتلەقلىقنىڭ بىر ئۆلگىسىنى تىكلىگەن بولسا ، گرېتسىيە شەهەر - قەلئە مەملىكەتلىرى ، بولۇپمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 594 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان سولۇن قانۇن ئىسلاهاتى ۋە بىرىنچى قېتىملىق ئالتۇن دەۋرى هېسابلانغان پېرىكلىس (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 500 — 429 - يىللار ) هۆكۈمرانلىقىدا بىر مەهەل گۈللەنگەندىن كېيىن ئافېنا ئاقسۆڭەكلەر دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى شەهەر دۆلىتىنىڭ ئۆلگىسىگە ئايلانغانىدى . ئافېنا گرېتسىيىسى بىلەن ئاخمانىلار پېرسىيىسىنىڭ ئىككى تۈرلۈك قۇلدار هاكىمىيىتى سىياسىي

شەكىلىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك سىلىشتۇرمىسىغا ئايلانغانىدى .

گرېتسىيە تاقىم ئاراللىرىدىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرى ئۆزئارا زىددىيەتلەر تۈپەيلى تېخى بىرلىككە كەلمىگەنىدى . بىز بۇ ھالەتنىڭ ھومېرنىڭ «ئىلىئادا» داستانىدىن تاكى ماكېدونىيىلىكلەر زامانىغىچە سوزۇلغانلىقىنى كۆرىمىز . شەھەر فېدېراتسىيىلىرى كۈچ ۋە سودا ، مەدەنىيەت ۋە شۆھرەتتە بىر - بىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ تۇرغان مەزگىللىرىدە ، ئۇلاردا كۆرۈلگەن خاھىش بىرلىشىش بولماستىن ، بىر - بىرىنى چەتكە قېقىش خاھىشى ئىدى . قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ تۇنجى ئالەمشۇمۇل ئۈلگىسىنى تىكلىگەن گرېتسىيە شەھەر فېدېراتسىيىلىرىنى ئۇلارنىڭ دېموكراتىيىلىك ياكى ھاكىممۇتلەقلىق سىياسىي تەشەببۇستىكى مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ياكى سىناتلار كونگرېسى ئەمەس ، بەلكى «بەدەۋى» ، دەپ ئىلىك ئېلىنمىغان ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ قىلىچى بىرلىككە كەلتۈردى . بۇ «بەدەۋىلەر» مەدەنىيەتلىك گرېتسىيىدىن ئۇنى تىزگىنلەشنىڭ ھەممە زۆرۈرىي شەرتلىرىنى — ھەربىي ، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنى تولىمۇ چېۋەرلىك بىلەن ئۆگەنگەنىدى . ماكېدونىيىلىكلەر گرېك شەھەر فېدېراتسىيىلىرىنى بىرلەشتۈردىلا ئەمەس ، ئۇ يەنە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىنى دۇنياۋى سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىقتى . بۇ مۇھىم ئىككى تۆھپىنى گرېك ئاقسۆڭەكلىرى ئورۇندىيالمىغانىدى . رىم ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلغۇچى «بەدەۋى» كۈچلەرنى بۇ جەھەتتە ماكېدونىيىلىكلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش قىيىن ، ئەلۋەتتە .

ياش ماكېدونىيە كارولى فىلىپ ئەسىر بولۇپ ، بارىمتاي[1] سۈپىتىدە گرېك شەھەر فېدېراتسىيىلىرىنىڭ بىرى بولغان دىبېستا ئۈچ يىل گۆرۈدە تۇردى . دىبېس ئافىناغا قوشنا شەھەر

① بارىمتاي — شاھزادىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتتە گۆرۈدە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى . بۇ كونا ئۇيغۇر تىلىدا «ئورۇنچاق» دەپمۇ ئاتالغان .

www.uyghurkitap.com

ئىدى . فىلىپ گرېكلارنىڭ باياشات ھاياتى ، مەدەنىيىتى ۋە قورالىنىڭ ئەھۋالىغا قىزىقتى . فىلىپ ۋاپات بولغان دادىسىنىڭ ئورنىغا كارولۇققا چىقىش ئۈچۈن ماكېدونىيىگە قايتقاندىن كېيىن ، كۈچلۈك قوشۇن تۈزۈپ ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 338 - يىلى ئافېنانى بويسۇندۇردى ، ئافېنانىڭ بويسۇنۇشى پۈتكۈل گرېتسىيىنىڭ ماكېدونىيىگە بويسۇنغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى .

فىلىپ پاراسەتلىك ئىدى . ئۇ گرېك — ئاخمانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قېلىۋاتقان زىدىيەتلەرنىڭ ئۆز زىممىسىگە چۈشكەنلىكىنى ۋە گرېك شەھەر فېدېراتسىيىلىرىدىكى مۇئەييەن ئەۋزەللىكلەرنى ، گرېتسىيىنىڭ تېخى گۈللىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . ئۇ گرېتسىيە شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىكىنى ، مەدەنىيەت مۇھىتىنى ۋە باياشاتلىقىنى بۇزمىدى ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلدى . ئۇنىڭ قىلغىنى گرېتسىيە فېدېراتسىيە يىغىنى ئېچىپ ، ھەرقايسى شەھەر ئاپتونومىيىلىرىنى ئۆز قولىدا بىرلەشتۈرۈپ ، غايەت زور ھەمجەھەتلىك كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى . فىلىپ كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا قەستكە ئۇچراپ ئۆلگەچكە ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى 20 ياشلىق ئوغلى ئىسكەندەر (ئالېكساندر) داۋاملاشتۇردى .

ئىسكەندەر ماكېدون نەسلىدىن بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە گرېك مەدەنىيىتىنىڭ پەرزەنتى ئىدى . ئۇ ھومېر داستانلىرىنىڭ مەپتۇنى ، ئارىستوتېلنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، دۇنيانى گرېكلاشتۇرۇش خىيالىنى ھەربىي ۋاستىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىشنى ئىستەيتتى . ئۇنىڭ غايىلىرى تېخى تەسەۋۋۇر ئىدى .

ئىسكەندەرنىڭ خاراكتېرىستىكىسى ۋە ھەربىي ئەمەلىيىتى : مەدەنىيەتتىكى راۋانلىقنى ساقلاپ قېلىش ، ھاكىمىيەتلەردىكى راۋانلىقلارنى پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخىي تاناسىپقا

مەركەزلەشكەن . قۇلدارلار دېموكراتىيىسى ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ يىگىت كەڭ خەلق ئاممىسىنى مەدەنىيەت چۈشەنچىسىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەنىدى . شەخسىي قەھرىمانلىقتا چوقۇنغۇچى ئىسكەندەر خەلققە نىسبەتەن شەپقەتسىز بولدى . ئۇ بىرەر ئىبادەتخانىنى ساقلاپ قېلىشنى پۈتۈن شەھەر ھاياتىنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتىشتىن ئەلا بىلەتتى . ئۇ ھەقىقەتەن قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر دېموكراتىيىسى پەيلاسوپلىرى شەكىلدىكى ئىستىبلاچى سەركەردىنىڭ تارىخىي ئوبرازىنى ياراتتى .

ئىسكەندەر 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كىچىك ئاسىيانى ئالدى . سۇرىيىگە يۈرۈش قىلغاندا ئاخمانىلار ئىمپېراتورى دارا Ⅲ (دارىئۇس Ⅲ مۇ دېيىلىدۇ ) بىلەن ئۇچراشما جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 333 ـ يىلى ئىسوس (iss) جېڭىدە تەكەببۇر دارا Ⅲ نىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى دەرھال قوغلاپ يوقىتىشقا كىرىشمىدى . بۇنىڭغا ئۇنىڭ تارىخىي بىلىمى ۋە ھادىسىلەرنى پەلسەپىۋى مۇھاكىمە قىلىشى ياردەم قىلدى . ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەرھال مىسىرغا يۈرۈش قىلدى . مىسىرلىقلار ئاخمانىلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تولىمۇ بىزار بولۇپ كەلگەچكە ، ئىسكەندەرنى «پىرئەۋن» دەپ ئاتاپ تولىمۇ شۆھرەت بىلەن كۈتۈۋالدى . مەشھۇر ئىسكەندىرىيە شەھىرى ئۇنىڭ شەرىپىگە ئاتالدى . مىسىرغا يۈرۈشنى تاللاش ئىسكەندەر ئۈچۈن «زەپەرلىك دەم ئېلىش» ۋە «شۆھرەتلىك جەڭ» ، دارا Ⅲ ئۈچۈن «بىر قانتىدىن ئايرىلىش» ۋە «ئىچكى بۆسۈلۈش بوھرانى» بولدى . ئازغىنا قوشۇن بىلەن ئالەمشۇمۇل ھەربىي يۈرۈشكە چىققان ئىسكەندەر بۇ ھېكمەتنى ئۆز مۇھاكىمىسىدىن ئۆتكۈزگەنىدى .

مىسىردىن پېرسىيىگە قايتقان ئىسكەندەر تىگىر ۋادىسىدا دارا Ⅲ نىڭ يېڭى قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشتى . ئىسكەندەر «ئاۋۋال قالايمىقان قىلىش ، ئاندىن زەربە بېرىش» تاكتىكىسىنى

www.uyghurkitap.com

قوللىنىپ ، قۇدرەتلىك دارا قوشۇنلىرىنى قالايمىقان قىلىپ ئاربالا تۈزلەڭلىكىگە سۈرەپ كىردى ۋە ئارقىسىدىن يوقاتتى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 331 ـ يىلقى ئاربالا جېڭى دارا ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى . ئىسكەندەر دەرھال پېرسىيە ئىمپېرىيىسى قوشۇۋالغان بابىلىيىگە (بابىلونغا ) ھېچقانداق قارشىلىقسىز كىرىپ كەلدى . ئۇ ئاخمانىلارنىڭ ئەسلى تايانچى بولغان پېرسىيىگە كىرگەندە دارا Ⅲ نىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرىدىغان تۈنجى مەشئەلنى ئۆز قولى بىلەن تاشلىدى . بۇ ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى ھالاكىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى . ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسچىسى كىرنىڭ ھەقبەرىسىگە بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ بولۇپ ، شەرققە — مەركىزىي ئاسىياغا يۈزلەندى .

شۇ نەرسىنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى ، ئىسكەندەرنىڭ ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسىنى پارچىلاپ ھالاك قىلىش جەھەتتىكى پەلسەپۋى ۋە ھەربىي تەدبىرلىرى كەڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىغا ئۈيغۇن كەلمىدى . ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا كىچىك ئاسىيا ، سۈرىيە ، مىسىر ، بابىلىيە ۋە پېرسىيىنى بېسىۋالغان ئىسكەندەر مەركىزىي ئاسىيانىڭ بوسۇغىسىدىلا 3 — 4 يىل تۇرۇپ قالدى . ئۇ گەرچە ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش ، يول قويۇش ۋە ئاسىيالىشىش تەدبىرلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئاساسىي رايونى — ماۋەرائۇننەھردە پۇت تىرەپ تۇرالماي ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . بۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى مۇنداق :

ئىسكەندەر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 329 ـ يىلى ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېشىپ مەركىزىي ئاسىيا بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى ۋە دەسلەپىدە قەدىمكى باكتىرىيىنى ئىشغال قىلدى . ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى ۋاقتىدىكى باكتىرىيە ۋە سوغدىئانا (ماۋەرائۇننەھر ) ۋالىي (سەتراب )سى بېسس بۇياققا قاچقان دارا Ⅲ نى ئۆلتۈرۈپ ،

ئۆزىنى ئاخمانىلار شاھى ئارتاكسېركس (Artacserx) دەپ جاكارلىغانىدى. ئىسكەندەرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بېسس ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا — قەدىمكى بۇخارا — سەمەرقەنتكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا باكترىيە كىنەزى بەخشۇن بەرتا (ئاكسارت)، ئىراندىن قاچقان كىنەز دەتەفەرنىلەر قوشۇلدى. دەسلىپىدە ئۇلارغا مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىپتامىن (سىپتاما، سىپتامىنىس) باشچىلىقىدىكى چەۋەندازلىرى بىلەن سىر دەريا بويىدىكى داخى ماسساگېتلىرى مەدەت بېرىپ تۇردى. بېسس قوشۇنلىرى ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ، كېمىلەرنى كۆيدۈرۈپ، قاشقا دەرياسى بويىدىكى نەۋتاكا (شەھرى سەبىز)گە جايلاشقانىدى.

ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى تىز كىنىلەشتە ئىرانلىق ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلىنىش سىياستى بېسس ئىتتىپاقىنى داۋالغۇتۇپ قويدى. سىپتامىن بىلەن دەتەفەرىن ئىسكەندەر ئالدىغا بېسسنى تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى ۋە ئۇنى قولغا چۈشۈردى. ئىسكەندەر سىپتامىنىنىڭ ۋەدىسىگە بىنائەن بەلگىلەنگەن جايغا ئۆز سەركەردىسى پىتلومى لاگنى ئەۋەتتى. سىپتامىن ئاخمانىلارنىڭ بۇ كونا ۋالىيسىنىڭ ئۆز يۇرتىنى داۋاملىق دەپسەندە قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ مەركىزىي ئاسىيا مەسىلىسىدە ئىرانلىق ئاقسۆڭەك قاچقۇن سەترابلەرنىڭ ساتقۇنلۇقىدىن دائىم ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭدەك، خىزمەت كۆرسىتىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشنىمۇ خالىمايتتى. سىپتامىن بېسسنى ئۆز قولى بىلەن پىتلومى لاگغا تاپشۇرۇپ بەرمەستىن، مەلۇم بىر قىشلاقتا قالدۇرۇپ، ئىسكەندەر كىشىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ؛ يىراقلاپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا تۇرانىيلىرىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا قانلىق

www.uyghurkitap.com

كۆرەشلىرىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى . بۇ كۆرەشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ، ئاخمانىلار ئىمپېرىيىسى بىلەن گرېك — ماكېدونىيە خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا زىددىيەت ئاياغلاشقان ھالەتتىكى ئىستېلا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى خاراكتېر ئالغانلىقىدا ئىپادىلەندى . بىر قانچە داستانلاردا ئارىستوتېلنىڭ ئىسكەندەرگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئېپىزوتلار مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىلغاندى .

ئىسكەندەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەربىي پائالىيىتىگە ئائىت بىر گە يېتىپ كېلەلىگىنى پەقەت ئورريئان ، كورتىسي زۇف ، سترابون ، دىئودور قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ ، بۇنىڭدىن باشقا نىزامىنىڭ «ئىسكەندەرنامە» ، خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «ئائىنەئى ئىسكەندەر» ، ئەلشىر نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانلىرىدا ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا بەزى بەدىئىي ياكى تارىخىي بايانلار ساقلانغان .

دىئودور (Diodorus 狄奥多鲁斯) نىڭ 17 - كىتابىنىڭ پۈتمىگەن قىسمىنىڭ ساقلىنىپ قالغان تىزىسلىرىدا ئىسكەندەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا ئۈچ يىل ئاۋارە بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆچمەنچى خەلقلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشىدىكى ئۈچ ئاساسىي باسقۇچ ئېنىق كۆرسىتىلگەن . ئىسكەندەر مەركىزىي ئاسىيادا پۈتكۈل شەرققە قىلغان يۈرۈشلىرى بويىچە ۋاقتى ئۇزۇن ، قىيىنچىلىقى ئېغىر ، جەڭ تاكتىكىسى مۇرەككەپ ، چىقىمى زور ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى . ئىسكەندەرنىڭ غالىب بايرىقى مەركىزىي ئاسىيادا تۇنجى قېتىم سۇندى ۋە شەخسەن ئۆزىمۇ ئەجەللىك يارىدار قىلىندى . مەركىزىي ئاسىيادىكى مەغلۇبىيەتلەر ئۇنى سىر دەرياغا زادى يېقىنلىشالماسلىققا ، پامىر تاغلىرىدىن شەرققە يۈزلىنەلمەسلىككە

ۋە ئارقىغا — ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈشكە سەۋەب بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئىتتىپاقچى ئىزدەش، ئاسىيالىشىش سىياسەتلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نىزالار ۋە قوشۇندىكى يۇرتقا قايتىش سادالىرىنىمۇ ئۇلغايتتى. كەيخىسراۋ، كىر ۋە دارانىڭ ئۆلۈم تۆپرىقى بولۇپ قالغان تۇرانىيە دىيارى ئىسكەندەرنى ئۆمۈرلۈك روھىي ۋەھىمىگە سالغانىدى.

ئىسكەندەر ئارىيە (ھېرات)نى قولغا كىرگۈزگىنىدىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مەرغىيانا (مەرۋى) ۋە باكترىيە (بالىق، باغتەر) شەھەر - قەلئەلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ماۋەرائۇننەھر — سوغدى زېمىنىگە يەنى ئەپراسىياپ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاساسلىق ماكانىغا ئۆتمەكچى ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان ئاساسلىق قىيىنچىلىق ئامۇ — سىر (ئوكسۇس — ياكسارت) دەريالىرى ئارىسىدىكى سوغدىيانا ۋە پامىر تەرەپتىن بولدى.

سىپتامىن بېسىنى ئىسكەندەر قوشۇنلىرىغا قالدۇرۇپ ئامۇ دەرياسىدىن شىمالغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر ماراكاندادا قوشۇن قالدۇرۇپ، بىر قىسىم كۈچلەر بىلەن مىلادىيىنىڭ ئالدىدىكى 329 - يىلى باھاردا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سىپتامىننىڭ ئىزىنى قوغلاشقا چۈشتى. يولدا ئاڭا ئوسرۇشان تاغلىرىدىكى خەلق قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ ئارقا سەپ قوشۇنلىرىنى قىرىپ تاشلىغانىدى. ئىسكەندەر بۇ خەلققە قارشى جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، تۇنجى قېتىم يارىدار بولدى. ئوررىئاننىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىسكەندەر بارلىق كۈچ بىلەن بۇ تاغنى ئىگىلەپ، بىر قېتىمدىلا بۇ تاغدىكى 30 مىڭ ئاھالىدىن 22 مىڭىنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ خىل كۈچ كۆرسىتىش تۇپەيلى گەرچە بەزى تۇران — ساك قەبىلە ئاقساقاللىرى ئىسكەندەر ئالدىغا ھۆرمەت ئەلچىلىرى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنداق ھالەتنى تېز ئارىدا غەزەپلىك كۆتۈرۈلگەن خەلق

قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۈچلۈك ساداسى بىسىپ كەتتى، بۇ قوزغىلاڭغا سپىتامېن يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇسرۇشان تېغىدىكى قىرغىنچىلىق سەمەرقەنت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىسكەندەرنى ئىرانلىقلار زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى، دەپ تونۇپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىش ئۇمتۇلۇشلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي ئىشتىراكچىلىرى «دەريا بويى ۋارۋارلىرى» دەپ ئاتالغان سىر دەريا ۋە يەتتە سۇ رايونىدىكى كانگىيە ساكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇغدىيە ۋە باكترىيىدىكى كەڭ خەلق توپى ئاۋاز قوشقانىدى. كورتسىي روفىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئىسكەندەر ئامۇ دىن ئۆتۈپ سوغدى دىيارىغا كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانى قولغا كىرگۈزۈش ئۈمىدىدە باكترىيىدىكى زارىئاسپو شەھىرىدە شەھەر ۋە رايون باشلىقلىرى ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى جاكارلىدى. بۇ يىغىنغا پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىملىرى ئۆزلۈكىدىن كېلىشى لازىم ئىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە يۇقىرىدا دېيىلگەن قوزغىلاڭ پارتلىدى. ئىسكەندەر دەرھال سپىتامېنغا كىشى ئەۋەتىپ بۇ قوزغىلاڭنى تىنجىتىپ، تۆھپە كۆرسىتىپ يىغىنغا كېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئەمما، سپىتامېن قوراللىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ بۇ خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ كەتتى. ئىسكەندەر «يىغىن ھېيلىسى»نى يىغىشتۇرۇپ جەڭگە ئاتلاندى. سپىتامېن گازا قاتارلىق يەتتە شەھەرنى جەڭ ئىستېھكامى قىلدى. ئىسكەندەر بەش شەھەر ـ قەلئەگە جىددىي ھۇجۇم قوزغاپ ئىككى كۈندە ئۇنى ئىشغال قىلدى. ئۇ شوتا قويۇش، ساداق ئېتىش ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىش، سېپىل تاملىرىنى كولاش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللانغانىدى. سپىتامېن كىشىلىرى ماراكەندەدىكى ئىسكەندەرنىڭ ھەربىي لاگېرىنى قامال قىلىۋالدى، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئىككى ياندىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىندى. ئىسكەندەر بۇ

قېتىم قايتا ياردار بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن تۇران تىلىنى بىلىدىغان فارنۇخ دېگەن سەركەردىنى قوماندان قىلىپ سپىتامىنگە قارشى قوشۇن ئەۋەتىپ ، ئۆزى دەريا نېرىسىدىكى ساكلار بىلەن بىۋاستە سوقۇشماقچى بولدى . ئۇ سوغدىدىكى بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن 17 كۈن ئىچىدىلا «ئىسكەندەر ئېسخاتا» (يىراقتىكى ئىسكەندەر ) قەلئەسىنى ياساتقۇزدى . قەلئە پۈتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر جەڭگە ئاتلانغانىدى . ئۇ سال ۋە تۇلۇملار بىلەن سىر دەرياغا چۈشتى . ھەممە خىلدىكى گرېك قوشۇنلىرىغا دۇچ كەلگەن شىمالىي سىر تۇران — ساكلىرى چۆلگە چېكىندى . ئىسكەندەر چەكسىز دەشتىي چۆل لېۋىدە تەشۋىشلىنىپ تۇرۇپ قالدى . قوشۇن ئىچىدە باشلانغان مەيدە كېسەللىكلىرى ئۇنىڭ ھالىنى قويمىدى . نېمە قىلىشىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . سپىتامىنگە قارشى قوشۇن باشلاپ كەتكەن فارنۇخنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى . بارغانسېرى ئۇلغۇيۇۋاتقان سپىتامىن قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان فارنۇخ ئىسكەندەردىن قايتا ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولغانىدى . ئىسكەندەر كروپولدىن فارنۇخقا قوشۇن يۆتكەپ ياردەم قىلغاندىن كېيىنلا سپىتامىن قوشۇنلىرى ماراكەندە قامالىنى تاشلاپ بۇخارا تەرەپكە چېكىندى . فارنۇخ ئىز قوغلاپ چۆل ياقىسىغىچە باردى . سپىتامىن قوشۇنلىرى چېكىنگەن قىيايەتتە دۈشمەننى ئالداپ ، گاھ ئوڭدىن ، گاھ سولدىن ھەرىكەتچان زەربە بېرىپ قاتتىق ۋەيران قىلدى . ئۆزۈن نەيزە تۇتقان ، قالقانلىق سەپ تارتىپ ماڭغان ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئاتلىق ھەرىكەتچان زەربە بەرگۈچى سپىتامىن قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئاخىرى فارنۇخ ئىسكەندەرگە ئۆزىنىڭ ھەربىي لاياقەتسىزلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئىستېپا بەردى . شۇ چاغدا ماختانچاق قوماندان كاران ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ، زەرەپشان دەرياسىدىن ئاتلىق

قوشۇننى كەچكۈزۈپ ئۆتكۈزۈپ، بۆكتۈرمە قىلىنغان تۇران ساكلىرىغا دۇچ كېلىپ مەغلۇپ بولدى. سىپتامىن مۇشۇ پۇرسەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ماراكەندىدىكى بىر قىسىم ماكىدونىيىلىكلەرنى بىر كىچىك ئارالغا ئالداپ كىرگۈزۈپ، كۆپچىلىكىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شەھىرى ماراكەند (سەمەرقەنت)نى قايتىدىن قامال قىلىۋالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىسكەندەر تۆت كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ماراكەندىگە يېتىپ كەلدى، سىپتامىن دەرھال قامالنى بوشىتىپ، بۇخارا ئارقىلىق چۆلگە چېكىندى. ئىسكەندەر سىپتامىننى غەزەپ بىلەن قوغلايدۇ ۋە زەرەپشان قىرغاقلىرىدا ياتقان كاران باشچىلىقىدىكى قوشۇنلارنىڭ جەسەتلىرىگە بېغىشلاپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن قايتا چۆل ياقىسىغا كېلىدۇ ۋە ئارقىغا يېنىشتا ئۇچرىغانلىكى ئاھالە رايونلىرى، ئېتىزلار ۋە باغۋارانلارغا قىساسكارلىق بىلەن ئوت قويىدۇ. يازما مەلۇماتلاردا ئىسكەندەرنىڭ 120 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى قىرىپ تاشلاپ، ئوسرۇشان تاغلىرىدىكى قىساسكارلىقىدىن ئون ھەسسە ئاشۇرۇپ ئارتۇق قان تۆككەنلىكى دەلىللەنگەن. قىشنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە غەلىبە ئىشەنچىسىنىڭ قاراڭغۇلىشىشى تۈپەيلى ئىسكەندەر سوغدىدا پېۋكالاي باشچىلىقىدا ئۈچ مىڭ كىشىلىك پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى بىخەتەر ھېسابلىغان جايغا — باكتىرىيىدىكى زارىئاسپ قەلئەسىگە قىشلاشقا قايتىپ كېلىدۇ.① مانا بۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلى باھاردىن كەچ كۈزگىچە بولغان بىر باسقۇچ.

مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئىسكەندەرگە قارشى كۈرىشى

---

① 1880 - يىلى غولام مۇھەممەد قاتارلىق بۇخارا سودىگەرلىرىنىڭ قاراقچىلار تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭغا مۇناسىۋەتى بىلەن تېپىلغان «ئوكسۇس (ئامۇ دەريا) خەزىنىسى» غارى ئىسكەندەرنىڭ شۇ چاغدىكى يالدامىلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەزىنە لوندوندا كۆرگەزمە قىلىنماقتا.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىنچى باسقۇچقا كىردى . يۈز مىڭلاپ قۇربانلارنى بەرگەن بۇخارا ـ سەمەرقەنت ئاھالىسى ، كەڭ تېرىقچى سوغدى خەلقى تېخى ھالىغا كېلەلمىگەنىدى . ئەمما كۆچمەنچى ساكلار بۇ باسقۇچتا مۇھىم رول ئوينىدى . ئەمما بۇ باسقۇچ ئىسكەندەرنىڭ يېڭى مۇھاكىمىلىرىنى قوزغاتتى . ئۇ قاتتىق ھارغىنلىق ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيىدىكى ئېغىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرىنى ھېس قىلغاچقا ، تۇران ئاھالىسىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ سىياسىي ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىشقا تەمشەلدى . ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 329 ـ ، 328 ـ يىللىرى ئارىسىدا زارىئاسپ شەھىرىدە باكترىيە ھاكىملىرى يىغىنىنى چاقىردى . سەلبى ئۇلگە سۈپىتىدە تۇتقۇندىكى بېسىس سوت قىلىندى ؛ باشقۇرۇشتا «غەيرىي خەلقنى غەيرىي خەلق بىلەن باشقۇرۇش» يولىنى تۇتۇپ سەتراب (ۋالىي ، 行省总督 Satrap )نى پارسلاردىن ، ئېپىسكوپ (ھەربىي نازارەتچىلەر )نى ماكېدونىيىلىكلەردىن قويدى . ھاكىمىيەت بېشىغا قويۇلغان پارس سەترابلارنىڭ ئىلگىرىكى ئاخمانىلار دەۋرىدىكىدىن پەقەت ئالتۇن پۇل چىقىرىش ۋە ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇن تۇتۇش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىلا پەرقلىق ئىدى . ئىسكەندەر تەدرىجىي ئاسىيالاشتى . تىز پۈكۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ، مىدىيىچە ئۇزۇن تون كىيىش قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى . ھەربىي ھاكىمۇتلەقلىقىنىڭ ۋەسۋەسىسى ئارىستوتېلنىڭ شاگىرتى بولغان بۇ ياش سەركەردىنى ئاسىيا شاھلىرىغا ئوخشىتىپ قويدى . بۇ خىل سىياسەت خېلىلا ئۈنۈم بەردى . تەسلىم بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە تېخىمۇ كۆپرەك تېررىتورىيىنى قوشۇپ بېرىۋېتىش ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتتى ، بېتەرەپ ھەتتا بەزى دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈشكە باشلىدى . خارەزم شاھى فاراسمان ئىسكەندەرگە 1 مىڭ 500 چەۋەنداز بىلەن ياردەمچىلەر ئەۋەتتى . ياۋروپاغا ئولتۇراقلىشىپ قالغان سىكىفلارمۇ ئۇنىڭغا دوستانە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ، ئارقا

جەھەتتىن ئۇنى خاتىرجەم قىلدى . ئۇ يەنە غەربتىن يالالنما قوشۇن يۆتكەپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى .

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 328 - يىلى باھارنىڭ كىرىشى بىلەن يېڭى بەلگىلەنگەن سەترابلارغا بويسۇنماي شەھەر قەلئەلىرىنى ئىگىلىۋالغان سوغدى رايونىدىكى قوزغالغان خەلققە قارشى بەش ئەترەت قوشۇن ئەۋەتكەن ئىسكەندەر ، بۇ ئەترەتلەرنىڭ بىرىگە ئۆزى قوماندانلىق قىلغانىدى . جەڭ ۋە ئۆگۈت - تەشۋىقات بىللە ئېلىپ بېرىلىپ سوغدىئانا بويسۇندۇرۇلدى . جازا ئۇرۇشىدىن قايتقان ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ماراكاندا (Maracanda سەمەرقەنت ) شەھىرىگە جەم بولدى . سوغدىئاناغا سەركەردە گېفستىيوننى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى . سوغدى رايونى غايەت خارابلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەرگە قايتىدىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە پەرمان بەردى . بۇ ھەربىي مەقسەت ياكى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس . سترابوننىڭ مەلۇماتىچە سەككىز شەھەر ، يۇستىننىڭ مەلۇماتىچە 12 شەھەر قايتا بىنا قىلىنغانلىقى مەلۇم .

سپىتامىن شىمالدىكى داخى ( Dahae 达 赫 人 ) — ماسساگېتلار ئارىسىدا ئىدى . ئۇ ئىسكەندەرنىڭ سوغدى زېمىنىگە قوشۇن ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، تۇيۇقسىز ئالتە يۈز ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن باكتىرىيىدە پەيدا بولۇپ قالدۇ . ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ھەربىي ئىستىھكاملىرىغا ، ھەتتا زارىئاسپ شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغايدۇ . ھودۇققان ئىسكەندەر كىراتىر باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەندە سپىتامىن بىردىنلا غايىب بولۇپ چۆلگە چېكىنگەنىدى . كىراتىر ئىز قوغلاپ سپىتامىن بىلەن تۇتۇشىدۇ ، سپىتامىن ياردەمگە كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ماسساگېتلار بىلەن كىراتىرغا زەربە بېرىپ ، چۆلگە كىرىپ كېتىدۇ . سپىتامىن قايتىدىن قوشۇن توپلاپ سوغدىدىكى باگا

ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلغاندا، يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ سەككىز يۈز يارامىلىق چەۋەندازىدىن ئايرىلىپ چۆلگە كىرىپ كېتىدۇ. بۇ سپىتامېننىڭ ئاخىرقى قېتىملىق جېڭى ئىدى. بۇ چاغدا بەزى سۇغدى، باكتىرىيە چەۋەندازلىرى دۈشمەنگە تەسلىم بولىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئۆزى قاتناشقان بەھەيۋەت جەڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ماسساگىت ئاقساقاللىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى پارچىلىۋەتكەنىدى. ئۇررىئاننىڭ يېزىشىچە، ماسساگىتلارنىڭ بەزى ئاقسۆڭەكلىرى قەھرىمان سپىتامېننىڭ بېشىنى كېسىپ ئىسكەندەرگە ئەۋەتكەن. كۇرتىسي روفىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، سپىتامېننىڭ مېھرىبان خوتۇنى ئېرىگە تەسلىم بولۇش مەسلىھەتى بەرگەندە رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيقۇلۇق ۋاقتىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئىسكەندەر لاگېرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن.

ئەپراسىياپ ئەۋلادى، زارىنا، سپارېترا ۋە تۇمارىستىن كېيىنكى يەنە بىر كۆرۈنگەن تۇران قەھرىمانى، ھەرىكەتچان «تۇران تاكتىكىسى»نىڭ ماھىرى سپىتامېن ئەنە شۇنداق تارىخي رىۋايەتلەرنى قالدۇرۇپ ياش ھاياتىدىن ئايرىلغان. ۋ. ۋ. گرىگورىيېف «گرېك - باكتىرىيە خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ يەردە — تۇراندا ئەجنەبى ياۋغا بوي ئېگىشنى خالىماس قەبىلىلەر، چاقىرىلمىغان مېھماندىن خەلق قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىغان قوللار مەيدانغا چىقتى» دەپ يازدى. سپىتامېننىڭ خىيانەتكارانە ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن، گەرچە داغدۇغىلىق جەڭلەر يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توختاپ قالمىدى، بەلكى ئۇ داۋاملىشىپ ئۈچىنچى باسقۇچقا كىردى. بۇ باسقۇچ ماۋەرائۇننەھر شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ كىنەزلىرى (ئەپەرخلىرى)نىڭ داۋاملىق ئىسكەندەرگە تەسلىم بولۇشى ۋە خارەزمدىن باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاساسلىق ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىنىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىشى بىلەن ئاياغلاشتى.

ئىسكەندەر «ئاسىيالىقلارنى ئاسىيالىقلار بىلەن باشقۇرۇش» يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ماراكاندادىكى بىر زىياپەتتە ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنىسى، ئەڭ سادىق سەپدىشى، ئىسكەندەرنى گرانىكا يېنىدىكى جەڭدە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان كىلتوسنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. كرېتۇس ئىسكەندەرنىڭ «ئاسىيالىشىش» سىياسىتىگە نارازى ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ ساراي تارىخچىسى كىللىفىن بىلەن «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئوررىئاننىڭ خەۋەر بېرىشىچە، شۇ تەنتەنىلىك زىياپەتتە يۈز بەرگەن تىزلىنىپ سالام بېرىش ۋە ئاسىياچە رەسمىيەتلەردىن غەزەپلەنگەن كرېتۇس ئىسكەندەرنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆلتۈرغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تىزلىنىپ تۇرغان ئىرانلىق سەترابلارنى كۆرسىتىپ: بۇ زىياپەتتە ئەركىن كىشىلەرگە ئورۇن قالدۇرۇلماپتۇ، ئورۇننى پۇتۇنلەي قۇللار ۋە ياۋايىلار ئىگىلەپ بوپتۇ! سەن ئىسكەندەر ئەمدى داداڭنى قىلىپ دېمەستىن، «ئامون»[①] دەپ جاكارلامسەن؟ دېگەن ئىدى.

ئىسكەندەرنىڭ «ئاسىيالىشىش» سىياسىتى ماكېدونىيىلىكلەر ئارىسىدا خېلىلا نارازىلىق پەيدا قىلغان. ئۇ ئۆز لاگېرىدا بىر قانچە قېتىم سۇيىقەستچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز مۇخالىپلىرىنى يەرلىك ئۇسۇلدا «چالما كېسەك» ياكى «ساداق ئۆلۈم» بىلەن يوقاتتى.

ئۈچىنچى باسقۇچتا ئىسكەندەر بەزى جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. ئىسكەندەرگە بويسۇنمىغان سوغدى ئاقساقاللىرى تۆت مۇھىم تاغلىق قەلئەگە جايلىشىۋالغانىدى. ئۇلار ئۇ يەردە پۇرسەت

---

① «ئامون» مىسىرلىقلارنىڭ خۇداسى بولۇپ، مىسىرلىقلار ئىسكەندەرنى خۇدانىڭ ئوغلى پىرئەۋن دەپ شۆھرەتلىگەنىدى.

كۆتۈپ ياتاتتى . مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە بۇلار : سوغدى قىيا قەلئەسى ، سىزىمتىر قىيا قەلئەسى ، ئارىماز قىيا قەلئەسى ۋە خارئىن قىيا قەلئەسىدىن ئىبارەت ئىدى . ئوتتۇرىدىكى ئىككى قىيا قەلئەسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان . ئىسكەندەر بۇ «قاچقۇن ئەپەرخلەر» (بەگلەر) ئۈستىگە 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلدى . سوغدى قىيا قەلئەسىنىڭ زادى قەيەردىلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ ، كىشىلەر ئۇنى ھىسار تاغ تىزمىلىرىدا بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ . قەلئە تىك تاغدا بولۇپ ، ئاستىدا قېلىن قار ياتاتتى . ئىسكەندەر قەلئە تۆۋىدە توختاپ قالغاندا قەلئەدىكىلەر مەغرۇرلۇق بىلەن «قەلئەگە چىقىشىڭ ئۈچۈن ئەسكەرلىرىڭنىڭ لاچىن قاناتلىرى بولۇشى كېرەك» دەپ زاڭلىق قىلىشتى . ئىسكەندەر ماكېدونىيىلىك تاغ يىگىتلىرىدىن ئۈچ يۈزنى تاللاپ ، قوزۇق ۋە ئارقان ئىشلىتىپ كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە قەلئەگە چىقتى . ئىسكەندەرنىڭ 30 تاغ يىگىتى سىيرىلىپ ئۆلگەنىدى . ئىسكەندەرگە ئەسىر چۈشكەنلەر ئىچىدە باكترىيىدىن قېچىپ كەلگەن پادىشاھ بەخشۇن بەرتا (ئاكسارت) ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ، جۈملىدىن گۈزەل قىزى رۇخسانە (رۇخشانە) بار ئىدى . ئىسكەندەر رۇخسانەنى كۆرۈش بىلەن تەڭ جەڭ زىددىيەتلىرى ۋە غالىب بىلەن ئەسىر (قۇل) پەرقلىرىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانلىقى مەلۇم . ئوررىئان ئىسكەندەرنىڭ رۇخسانەگە ئۆيلىنىشىنى ، ئاكسارتنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنى ماختاپ يازغان بولسا ، كۇرتسىي روف بۇ جەھەتتە ئىسكەندەرنى ئەيىبلەپ يازغان . كېيىنچە شەرق كلاسسىكلىرى نىزامى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، ئەلىشىر نەۋائى بۇ ھەقتە قىزىقارلىق بەدىئىي ئېپىزوتلار يېزىشقان .

خارئىن قەلئەسى ئورمانلىق ئىچىدىكى قىيالىق قەلئە بولۇپ ، ئەتراپىغا خەندەك كولانغان ، يۇقىرىدىن شارقىراتما ئاقىدىغان جاي ئىدى . بۇ قەلئەنىڭ ئېنىق ئورنى نامەلۇم . 1981

- يىلى تاسىس ئاگېنتلىقىنىڭ 16 - ئىيۇل فرۇنزا (بىشكەك) تىن بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا قىرغىزىستاندا «ئىسكەندەر خەزىنىسى» دەپ ئاتالغان غايەت زور بىر غار تېپىلغان. بۇ غار كۆك جىيە دەرياسىنىڭ 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىياسىغا جايلاشقان بولۇپ ئارچا - قارىغاي ۋە ئوت - چۆپ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ كەلگەن. غار ئىچى ئاق تاش ۋە يېشىل تۇز تاش پەلەمپەي ۋە كارىدورلۇق بولۇپ يۈز مېتىردىن ئارتۇق ئىچكىرىلىگەندىن كېيىن يۇملاق شەكىللىك يول بىلەن ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا چوڭ زالغا كىرگىلى بولىدىكەن. زالنىڭ كەينىدە يەنە بىر تار يول بولغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ غار ماۋەرائۇننەھرنىڭ قىرغىزىستان قىسمىدىكى ئەڭ زور غارلاردىن بىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ھەر ھالدا بۇنى خارئىن قىيالىق قەلئەسى دېيىشكە ئاساس بولمىسىمۇ، خارئىن قىيالىق قەلئەسىمۇ خۇددى شۇ خىل قىيالىق غار بولۇشى تولىمۇ ئېھتىمال ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بۇ جايغا خارائىن قاتارلىق بىر قانچە كىنەز - بەگلەر يوشۇرۇنغانىدى. ئىسكەندەر ياغاچ كېسىپ خەندەكنى ياپقاندىن كېيىن قەلئەگە ھۇجۇم قىلدى. قەلئە ئېھتىمال ئاكسارتنىڭ تەشۋىقاتى تۈپەيلى تېز تەسلىم بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىسكەندەر تەسلىم بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە مەرھەمەت قىلدى ۋە بۇ قەلئەنى قايتا ھەدىيە قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ماۋەرائۇننەھردىكى جەڭلەر ئاخىرلاشتى. ئىسكەندەر ئاراي دېگەنگە (ئېھتىمال سوغدى بەگلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك) سوغدىنىڭ ھاكىملىقىنى بېرىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلى ئامۇ دەرياسىدىن چېكىنىپ، شەرقىي جەنۇبنى بويلاپ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئەسلىدىكى باكترىيە شاھى ئاكسارتنى قايتىدىن باكترىيىگە شاھ قىلىپ بەلگىلىدى.

ئىسكەندەر ھازىرقى ئافغانىستان تېررىتورىيىسىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 327 ـ يىلىنىڭ باش باھار پەسلىدە تاغلىق قەبىلىلەر بىلەن بىر قۇر ئېلىشىپ، 3 ـ ئايدا ئاندىن ھىندىستانغا راۋان بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى ھەربىي پائالىيەتلىرى ئايرىم تېما بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە بايان قىلىشنىڭ بىۋاستە زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. ئىسكەندەر ھىندىستاندا كەڭ قوللۇق بىلەن قىساسكارلىقنى بىرلەشتۈرۈپ بىر قاتار غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى غەلىبىسى ئانچە زور بولمىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە ماكېدونىيىگە قايتىش ئىنتىلىشى پارتلىغانىدى. ئۇ ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ، سوزىئانادا چوڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ماكېدونىيىلىكلەر بىلەن ئاسىيالىق ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ نىكاھلىق بولۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ نەزىرىدە ئىرانلىقلار بىلەن ماكېدونىيىلىكلەر، ئاسىيالىقلار بىلەن ياۋروپالىقلارنى قايتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ ئالامىتى، ئۆزى ئېلىپ بارغان جەڭ — قىرغىنلارنى مۇقەددەسلەشتۈرۈشنىڭ بىر نىقابى ئىدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 323 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئىسكەندەر ۋاپات بولدى. رىۋايەتلەردە ئۇ ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئادەم كۆچۈرۈشنى ۋەسىيەت قىلغان، دېيىلگەن.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى گەرچە قانلىق ھادىسىلەر بىلەن يۈز بەرگەن تارىخىي ھادىسە بولسىمۇ، بۇ ھال شەرق بىلەن غەرب ئالاقىلىرى تارىخىدا تەسىرلىك بىر تارىخىي مەزمۇننىڭ يېڭى مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. مەركىزىي ئاسىيادا گرېك — ماكېدونىيىچە تىپىك قۇلدارلىق تۈزۈمى ۋە ئېللىنىزملىق مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكى تەسىرى بۇ مۇقەددىمىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


بىۋاستە داۋامى سۈپىتىدە يۈز بەردى.

مەركىزىي ئاسىيا ئىسكەندەرگە كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارنى يەتكۈزدى، ئەمما، ئۇ گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە يولۇقتى. بۇ تەسىر ئىسكەندەردىن كېيىنكى سېلېۋكىلار سۇلالىسى دەۋرىدە — گرېكلەشكەن دۆلەتلەر تىزمىسىدا، گرېك — باكتىرىيە زامانلىرىدا ئۆزىنى روشەنلەشتۈردى.

سىپتامىن ھادىسىسى تۇران تۇپرىقى قۇللۇقتا چۇشۇرۇلگەندە مىللىي ئازادلىق تۇغىنى ئىلگىرىدىكى ھاكىمىيەتلەر تەركىبىدىكى ئەمەلدار - بەگلەردىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر كۆتۈرىدىغانلىقىنى بىر ھەقىقەت سۈپىتىدە ئىسپاتلىدى. ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيانقى تۇرانلىقلارنىڭ خەلق ھەرىكىتى تارىخىدا بۇ ھەقىقەت كۆپ قېتىم ئۆزىنى نامايان قىلدى.

## 2. چىن ۋە ماچىن دىيارى ھەم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ تۇرانغا باستۇرۇپ كىرگەندە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ تۇران زېمىنىدىكى مەغلۇبىيىتىنى شۆھرەتلىك سۇلھىلەر، يول قويۇشلار بىلەن يوپۇقدىغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پېردىككا بىلەن ئانتىپاتىر دەۋرىدە، جۈملىدىن سېلېۋكىلار سۇلالىسى دەۋرىدە خارەزم بىلەن شەرقىي سارماتىيىلار — قەشقەرىيە شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى، شۇنىڭدەك سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرى بۇ خىل گرېك — ماكېدونىيە

ئىشغالىيىتى تەركىبىگە كىرمىگەنىدى. ھازىرغىچە گرېك مۇئەللىپلىرىنىڭ بۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە قەشقەرىيە ۋە خوتەن دىيارىنىڭ گرېك — ماكېدونىيە دائىرىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت ھېچقانداق يازما مەنبە مەلۇم ئەمەس. بىراق، مەركىزىي ئاسىيا تارىخچىلىرىنىڭ قولىيازمىلىرى، خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئىسكەندەر ئاساسىي قەھرىمان قىلىنغان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرىدا ئىسكەندەرنىڭ بۇ دىيار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۆزلەنگەن. بۇنىڭدا مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ خىل مەنبەلەردىكى مۇھاكىمىلەر بىردەك بولۇش بىلەن بىللە، ئۇ ئەينى زاماندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دۇچ كەلگەن تارىخىي مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولغان. بىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شۇ خىل مەنبەلەر ئاساسىدا يېزىلغانلىقىنى، كېيىنكى تارىخىي كىتابلاردا، مەسىلەن «رەۋزەتۇسسافا»دا، جۈملىدىن مەشھۇر شەرق كلاسسىكى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا بۇ پىكىر شېئىرىي شەكىلدە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ دۇنيا تارىخىدىكى، بولۇپمۇ مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى تارىخىدىكى بوشلۇقنى يۇقىرىقى مەنبەلەر بىلەن تولدۇرۇشتىن پايدىلىنىشقا باشقا يول يوق. چۈنكى، ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدىكى پۈتۈن تارىخىي چىنلىق گرېك مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن ئەڭ ئاخىرقى مۇتلەق قىرغاققا يەتكۈزۈلگەن ئەمەس.

XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق 43 جايدا توختالغان. ئۇ: ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تۈركچىدۇر. لېكىن ئۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان باشقا تىللىرىمۇ بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم چىنلىقلارنىڭ باشقا يېزىقلىرىمۇ بار، دەپ يازىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندا

www.uyghurkitap.com

پۈتۈنلەي تۈركلەشكەن ئارىيان — دىڭلىڭلار — ماسساگېتلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ياردەم قىلىدىغان ئىزاھات . بۇ نۇقتا بۇ خەلقلەرنىڭ گرېك — ماكېدونىيىلىكلەر بىلەن ئالاقىسىنى ئىسپاتلاشتىكى بىر مۇقەددىمە . مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ : «ئۇيغۇر — زۇلقەرنەين تۈرك شاھى بىلەن سۈلھى قىلغاندىكى بەش شەھەرلىك ۋىلايەتنىڭ نامى» ، «زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ۋىلايىتىگە يېقىنلاپ كەلگەندە تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ يىگىت ئەۋەتىدۇ . ئۇلار بېشىغا ئېگىز قالپاق كىيگەن بولۇپ ، پەرلىرى خۇددى لاچىندەك ئىدى .[①] ئۇلار ئوقنى ئالدىغا قارىتىپ قانداق ئاتسا ، ئارقىغا قارىتىپمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتار ئىدى . بۇلارغا زۇلقەرنەين تەئەججۇپلەندى ۋە (ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ — ئاپتورنىڭ قوشۇمچىسى ) «ئىنەن خۇزخۇرەند» (باشقىلارغا موھتاج بولماي ، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن ) دېدى ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايلار «خۇزخۇر» دەپ ئاتالدى . «خۇزخۇر سۆزى يەنە ئالمىشىپ ئۇيغۇر ھالىغا كەلدى»

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ باشقا بىر جايىدا ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرى دېگەن نامنى بىردىنلا «چىن» دېگەن نامغا يۆتكەپ يۇقىرىقى ئېپىزوتنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ : «زۇلقەرنەين چىنگە يېتىپ كەلگەندە تۈركلەر شاھى ئۇرۇشقا ياش يىگىتلەردىن بىر گۇرۇھ ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ . بۇ چاغدا ۋەزىر پادىشاھغا : سىز پۈتۈنلەي ياشلارنى ئەۋەتتىڭىز ، ئەسلىدە يېشى چوڭراق ، جەڭ تەجرىبىسى بار كىشىلەرنى ئەۋەتىش لازىم ئىدى ، دەيدۇ . پادىشاھ

---

① شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي مەنبەلىرىدە كۆي ( 隗 ) ، دى ( 狄 ) — زەي ( 翟 ) قەبىلىلىرىنىڭ باشلىرىغا لاچىن قانىتىدىن ئۈكە قادايدىغانلىقى يېزىلغان ؛ ئۇيغۇر ( 回鹘 ) ئىبارىسىنى ئىپادىلىگەندە بۇ خەتنىڭ لاچىندەك پەرۋاز قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇشى لازىملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈنگەن ۋە قۇش ئالامەتلىك خەت قوللىنىلغان .

بۇ تەكلىپنى توغرا تېپىپ يېشى چوڭراق كىشىلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار كېچىدە ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرىدىن بىرى قىلىچ بىلەن زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرىدىن بىرىنىڭ بەدىنىنى كىندىكىگىچە چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ. ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ بەلۋېغىدا ئالتۇن ھەميان بار ئىدى، ھەميانغا قىلىچ تېگىپ كېسىلىپ، قانغا بويالغان ئالتۇنلار يەرگە چېچىلدى. ئەتىسى سەھەر تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا بويالغان ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ئۇنى «ئالتۇن قان» جېڭى دەپ ئاتاشتى. مۇشۇ جايدىكى چوڭ تاغمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالدى. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بولغان بۇ تاغ ئەتراپىدا كۆپلىگەن سەھرا تۈركلىرى ياشايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر تۈرك شاھى بىلەن سۇلھى تۈزدى».

مەھمۇد قەشقەرى بۇ كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلارنى تېخىمۇ قەدىمكى قاراخانىيلار خاقانلىرىدىن ئاڭلىغانلىقلىرىنى دەلىل قىلىپ «ئىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن بىلەن مۇھەممەد زاكىر توغانخان ئاتىسىدىن ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى ماڭا شۇنداق سۆزلەپ بەرگەنىدى» دەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى «خۇزخۇر» ئىبارىسى بىلەنمۇ، «چىن» ئىبارىسى بىلەنمۇ بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇ تۇران بىلەن تۈرك سۆزىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئېگىز قالپاق «سەھرا تۈركلىرى» ماسساگېت — ئۇلۇغ ساك قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. ئۇ ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلارنىڭ چېگرىسىنى بەزىدە دەۋرلىرى بويىچە پەرقلەندۈرۈپ، بەزىدە پەرقلەندۈرمىگەن. ئۇ بەزىدە تۇبۇت، كىنگۇت، كوچۇ، كامى، تالاس، بوكۇر، تۈرۈم شەھەرلىرىنى؛ بەزىدە سۇلمى، قوچۇ، چىنبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق شەھەرلىرىنى ئۇيغۇرلار ياشىغان شەھەرلەر دەپ تىلغا ئالغان. بۇنىڭ قايسى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغانلىقىنى كۆرسەتمىگەن

www.uyghurkitap.com

بولسمۇ، ئالتۇنتاغ (خوتەننىڭ جەنۇبى)دىن تالاس دەرياسى، قۇمۇلدىن گىلگىت ياقىسىغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر (كۇيفالىڭ) — «خۇزخۇرەند» قەبىلىلىرىنىڭ ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى بىلەن توقۇنۇش ۋە سۇلھىلىشىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، تۇران زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن بىر يېرىم ئەسىر بۇ جايدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن سېلېۋكىلار سۇلالىسى بىلەن پامىر ۋە شەرقىي پامىر دىيارىنىڭ، سىر دەرياسىنىڭ بويىدىكى تالاس دىيارىنىڭ ئالاقىسى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. روشەنكى، بۇ جايلار ئېخىمۇ قەدىمكى زامانلاردىن تاكى يىپەك سودىسىنىڭ ئېچىلىشىغىچە بىر پۈتۈن ئېتنىك رايون ۋە سودا رايونى ھېسابلانغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائى ئۆز زامانىسىغىچە بولغان تارىخىي ۋە بەدىئىي مەنبەلەر ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەرىپەتپەرۋەر پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە «خاقانى چىن شاھزادىسى پەرھاد» باش قەھرىمان قىلىنغان «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى بىلەن «ماكېدونىيە شاھزادىسى ئىسكەندەر» باش قەھرىمان قىلىنغان «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنى ياراتتى. داستاندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن چىن خاقانى ئارىسىدا ئۇرۇش سېپى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ دوستانە سۇلھىلەر بىلەن ئاياغلاشقان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. داستان مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ: چىن خاقانى ئىسكەندەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ، بىراق بۇ ئەلچىلەر ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمايدۇ. ئاخىرى خاقان بىر كېچىدە ئەلچى قىياپىتىگە كىرىپ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ ئىسكەندەر بىلەن تەنھا سۆزلىشىشنى، ئەگەر ئىشەنمەسلىك بولسا ئۆزىنى باغلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. باغلانغان «ئەلچى» ئىسكەندەر بىلەن

يالغۇز سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ چىن خاقانى ئىكەنلىكىنى، ئىسكەندەرگە پۈتكۈل پادىشاھلىقنى، شەخسەن پۈتكۈل خەزىنە بايلىقنى بېرىشكە رازى ئىكەنلىكىنى، بىراق ئۆز ئېلىنىڭ مۇستەقىللىقىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خاقانى چىن غالىب سەركەردىنىڭ مەقسىتى بايلىق، شۆھرەت ۋە جاھانغا ھاكىممۇتلەق بولۇش بولسا بۇنىڭ نېمە ئېتىبارى بولىدىغانلىقىنى، دۈشمەنلىشىشتىن دوستانە سۆلھىلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى سۆزلەپ ئىسكەندەرنى قايىل قىلىدۇ. خاقانى چىن بۇ سۆھبەتنىڭ مەخپىيلىكىنى شەرت قىلىپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن رەسمىي ئەلچىلەر سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى، شۇنىڭدىن كېيىن شاھانە ۋە دوستانە زىياپەتلەر ئۆتكۈزۈشنى ئىسكەندەر بىلەن پۈتۈشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشلار تولىمۇ ئۈنۈملۈك ئورۇندىلىپ، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ھىندىستانغا قاراپ چېكىنىدۇ.

بۇ سۆھبەت ئۆزىنىڭ مەخپىيلىكى بىلەن گرېك ئاپتورلىرىغا مەلۇم بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بۇ تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئەينى زاماندىكى تەقەززاسىغا ئۇيغۇن بولۇشى بىلەن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى رىۋايەت بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

نەۋائىنىڭ ئىسكەندەر ئوبرازىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بەدىئىي تىپ ئىسكەندەر بىلەن تارىخىي شەخس ھېسابلانغان ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر گەرچە بىر مەنبە، بىر شەخسكە قارىتىلغان بولسىمۇ باشقا - باشقا خاراكتېردىكى شەخسلەر دەپ ھېسابلىنىشى كېرەك. تارىخىي شەخس ئىسكەندەر شۈبھىسىز ئىستېلاچى ئىدى. بۇ ئاساسىي تارىخىي پاكىت. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ گرېك دېموكراتىك قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر پەلسەپىسىنىڭ پەرزەنتى سۈپىتىدە جاھىل ۋە يېرىم ۋەھشىي ھېسابلىنىپ كەلگەن ماكېدونىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە سەركەردىلىرىدىن پەرقلىق

www.uyghurkitap.com

هالدا شەرق مۇھىتىنى ئۆگەندى ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى شەرقنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلدى. ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ سېلېۋكىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ئىسكەندەرنى بىر قەدەر ئىجابىي شەخس سۈپىتىدە يادقا ئېلىشنى تەقەززا قىلدى . ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ئوتوپىك جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى توغرىسىدىكى پىكىرلەر تەرەققىياتى ئۇلۇغ ئالىم ئەل فارابىنىڭ پەزىلەتلىك شەھەر (ئېسىلبالىق) ۋە ئۇنىڭ پەيلاسوپ رەئىسى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۇنتۇغدى ئىلىك ۋە باراۋەرلىك جەمئىيىتى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ، مازداقچىلارنىڭ باراۋەرلىك جەمئىيىتى توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ، شىئە مەزھىپى ۋە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرىنىڭ ئىمام مەھدى ئاخىر زامان توغرىسىدىكى غايىۋى ئىمام قاراشلىرىنى پەيدا قىلدى . موڭغۇل — چاغاتاي ئىستېلاچىلىرى زامانىدىن كېيىن نىزامى گەنجىۋى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، ئابدۇراخمان جامى ، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائى ئىسلام دۇنياسىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى پەيغەمبەر ھېسابلىغان ئومۇمىي روھىي ئاتموسفېرا تەسىرىدە ، ئۇنى ئىجابىي ئوبراز يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ، غايىۋى پەيلاسوپ سەركەردىنىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلەشتى . ئەلۋەتتە ، بۇ تارىختىكى ئۆتمۈشكە ئەمەس ، بەلكى ئەينى زامان رېئاللىقلىرىغا قارىتىلغان غايىلەشتۈرۈش توقۇلمىسى ئىدى .

ئۇنداقتا «چىن ۋە ماچىن» ئىبارىلىرىنى قانداق ئىزاھلاش لازىم؟ گەرچە بۇ تېمانىڭ مۇھاكىمىمىزنىڭ داۋامى بولمىسىمۇ ، قوشۇپ ئىزاھلاپ كېتىشنى زىيانسىز ھېسابلايمىز . چۈنكى ، بۇ ئىبارىلەر ئومۇمەن ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى تارىخىغا كۆپ چېتىلىدىغان ، ئەمما تولىمۇ چىگىشلىشىپ كەتكەن بىر

مۇھىم مۇھاكىمە تېمىسى .

چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇيغۇر — تۈرك ، ئەرەب ۋە پارس ئالىم - ئەدىبلىرىنىڭ تارىخ ، جۇغراپىيە ، تىلشۇناسلىق دەستۇرلىرىدا ، ساياھەتنامىلىرىدا ۋە شېئىر - داستانلىرىدا مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل يوسۇندا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان ، ھەممىگە تونۇش نام بولسىمۇ ، لېكىن مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە ، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ قوشكېزەك ئىبارىنىڭ تارىختىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىنى چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاشتا يول قويغىلى بولمايدىغان خاتالىقلار كۆرۈلۈۋاتىدۇ .

مەلۇمكى ، چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا ، مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ، مەشھۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ داستانلىرىدا ، لۇتفى ۋە زەلىلى قاتارلىق شائىر - ئەدىبلەرنىڭ غەزەللىرىدە ؛ نىزامى ، پىردەۋسى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، ھاجۇ گىلمان قاتارلىق پارس كلاسسىكلىرىنىڭ داستانلىرىدا ؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب سەيياھلىرى ۋە تارىخچىلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ؛ ئارىيان ۋە بۇددىزم دەستۇرلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان .

بىزنى چىن ۋە ماچىندىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك ئىبارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسى ھەققىدە جىددىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەۋاتقان سەۋەب يېقىنقى ۋە بۈگۈنكى زاماندىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ياكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ياكى ئىلمىگە يات غەرىزىنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ھەم كۆچەپ ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان خاتا قاراشلىرىدۇر . ئېنىقىنى ئېيتقاندا چىن ۋە ماچىن ئىبارىسى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش ساقلانماقتا .

بىرىنچى خىل قاراش : چىن ۋە ماچىن چەت ئەللىكلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

«چاينا» (CHINA) دېگەن سۆزى بولۇپ، توغرىدىن ــ توغرا پۈتۈن تەرجىمىسى «جۇڭگو» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چىن شىخۇاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن كېيىن قۇرۇلغان چىن سۇلالىسىنىڭ نامىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ، دېگەن كۆز قاراش. بۇ قاراشتا «چاينا» ئاتالغۇسىنىڭ هازىرقى تەرجىمىسى «جۇڭگو» دېگەن چۈشەنچە بىلەن چىن سۇلالىسى ۋە چىن، ماچىن ئاتالمىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىش ئەهۋالى كۆرۈلگەن.

ئىككىنچى خىل قاراش: «چاينا» ئىبارىسى چىن شىخۇاڭ[1] بىلەن ئەمەس، بەلكى چىڭ (مانجۇ) سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى هەم ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە بۈيۈك برىتانىيىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايون هىندى ــ چىنى ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە كېلىشىملەر بىلەن باغلانغان هالدا خەلقئارا ئىستېمالغا كىرىپ كەلدى دېگەن قاراش. B. leufer ئۆزىنىڭ «چاينا ئاتالغۇسى هەققىدىكى تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىسىدا تۇنجى قېتىم بۇ ئاتالغۇنى چىن شىخۇاڭ بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاهلاشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت «چاينا ئىبارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ماقالىسىدىمۇ چىن، تاۋغاچ، خىتاي ئىبارىلىرىنىڭ مەنبەلىرى هەققىدە توختالغان.

مېنىڭچە، هازىرقى ئىنگلىز تەلەپپۇزىدىكى «چاينا»

---

① شۇنى ئېيتىش كېرەككى، چىن شىخۇاڭ دېگەن سۆز «چىن سۇلالىسىنىڭ باشلامچى ئىمپېراتورى» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى يىڭ جىڭ (嬴政) ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى جۇ شياۋۋاڭنىڭ ئاتباقارى بولۇپ، ئات بېقىشتىكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يىڭ (嬴) فامىلىسى بېرىلىپ هازىرقى تيەنشۈي ئەتراپىدا بىر پارچە زېمىننى سۇيۇرغال قىلغان. بۇ سۇيۇرغاللىق جاي چىن (秦) دەپ ئاتالغان. چىن شىخۇاڭ كېيىنچە هازىرقى شەنشىنى ئىگىلەپ پادىشاهلىق قۇرۇپ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققاندا ئۆز پادىشاهلىقىغا «چىن» نامىنى بەرگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ، ئاشۇ فامىلىگە مۇيەسسەر بولغان بولۇشى ئېهتىمالدىن يىراق ئەمەس.

ئىبارىسى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جوڭگونى ئىسپادىلەيدىغان ئىبارە بولۇپ، ئۇ مانجۇلار قۇرغان چىڭ (清) سۇلالىسىنىڭ نامى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جوڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ياكى سۇلالىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ۋە بىر دەۋر ئىچىدە قوللىنىلغان نامى بولۇپ، پۈتۈن جوڭگو ھەرگىزمۇ ئىزچىل يوسۇندا بىر سۇلالە نامىدا ئاتالغان ئەمەس!

بىز جىن (金)، جىن (晋)، چىن (秦)، جىن (真)، ۋە چىڭ (清) ئاتالمىلىرىنى، چاينا ئىبارىسىنى، چىن ۋە ماچىن ئۇقۇملىرىنى تارىخىي يوسۇندا پەرقلەندۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئالدى بىلەن «چىن» ۋە «ماچىن» ئاتالغۇسىنى ھەققىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ھىندى دەرياسىنىڭ باشلىنىش قىسمىدىكى بەش ئېقىن (پەنجئاب) ئىچىدە «چىنئاب» دېگەن دەريا بولۇپ، ئۇ چىندىن ئېقىپ چىققان دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ياپونىيىلىك تارىخچى يۈجىلياۋدى «غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى» ناملىق كىتابىنىڭ 313 ـ بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى) «پامىر تېغىنىڭ غەربىدە چىنئاب (chenab) ۋە جىلام (Jhelam) دېگەن ئىككى دەريا بولغان» دەپ يازغان. بۇ ئىككى دەريا لاۋى، بىئاس، ساتلېر دەريالىرى بىلەن قوشۇلۇپ بەش دەريا — پەنجئاب ۋادىسىنى ھاسىل قىلغان، بۇ دەريالار ھىندى دەرياسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

S. لېۋى (S. levi) نىڭ كۆرسىتىشىچە، ھىندىلار «چىن» دېگەن ئاتالغۇنى پامىر (كۆكئارت، قارلىقتاغ) ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە قارىتىپ ئىشلەتكەن. فىڭ چىڭجۈن (冯承钧) ئەپەندى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 99 ـ

بېتىدە «شەرقىي شىيالار بىلەن ھىندىلار ئارىسىدىكى زېمىن سانىسكرىت تىلىدا ‹چىن › دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ يازغان.

ھىندىستاننىڭ «مانۇ قانۇنى» ، «ماخاپخاراتا» ، «قەدىمكى ھادىسىلار» (古事记) قاتارلىق قانۇنشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات دەستۇرلىرىدا «چىن» ئىبارىسى تىلغا ئېلىنغان . «قەدىمكى ھادىسىلەر» ناملىق رىۋايەت كىتابىدا «مانۇنىڭ توققۇز ئوغلى ۋە بىر قىزى بولۇپ ، بۇ قىز ئاي ئىرونىڭ ئوغلى بۇدۇ بىلەن نىكاھلىق بولىدۇ . ئۇلاردىن بولغۇسى ‹ئاي خان › تۇغۇلىدۇ . مانۇنىڭ ‹شېكەر خان › دېگەن ئوغلى مانۇنىڭ ياردىمىدە ‹چىن › يېرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەپ ‹ئايتۇ › قەلئەسىنى سالىدۇ ، بۇ ‹ئايتۇ › ئايخانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ»[1] دېيىلگەن .

ئەنگلىيىلىك ستەين ئۆزىنىڭ «serindiya»[2] ناملىق كىتابىدا فىڭ چېڭجۈن ئەپەندى «لولان ۋە پىشامشان مەسىلىسى» ناملىق ماقالىسىدا لوپچىن (Nop — chin) ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان . ئۇلارنىڭ پەرىزىچە ، لوپ — كونا رورەن (كرووران) شەھىرىنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىدىكىنى ، چىن سۆزى بولسا ، شەھەر - قەلئە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ سۆز قەدىمكى مىنوسىنىڭ ۋادىسىدىكى تۇران ، تۇران چىن ۋە قارا شەھەرنىڭ ئاراچىن دېگەن نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە ، كىشىنى تېخىمۇ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ .

ستەين «قەدىمكى خوتەن» (1907 - يىلى ) ناملىق كىتابىدا خوتەننى «ماچىن» دەپ تىلغا ئالىدۇ (ھازىرمۇ خوتەندە «چىنماچىن شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان خارابە بار ) . ما — ماھا — ماغا ئاتالغۇلىرى قەدىمكى ئارىيان ھەتتا ياۋچىلار تىلىدا چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب تاڭ شۇەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» ناملىق

---

① ئا . ئوسىپوفنىڭ «X ئەسىرگىچە ھىندىستان تارىخىنىڭ ئوچېركى» خەنزۇچە نەشرى

② بۇ كىتاب خەنزۇچىغا ‹西域› ، غەربىي يۇرت دەپ تەرجىمە قىلىنغان .

كىتابىدا «خوتەن پادىشاھلىرىنىڭ پېشۋاسى شەرقىي تۈرك شاھزادىسى ( 东土帝子 ) بولۇپ، ئۇ ھىندىستانلىق پادىشاھ ئاسۇكا بىلەن زاماندىش ئىدى» دەپ يازغان. خۇنىن (Hunin) «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار» (Antiqwties from Sentral asia) ناملىق ئەسىرىنىڭ 12 ـ بېتىدە بۇ شەرقىي تۈرك شاھزادىسىنى «شەرقىي تۈرك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئىدى» دەپ ئىزاھلىغان.

ئارىيانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولمىش مەشھۇر كىتاب «ئاۋېستا»دا «چىن» ئىبارىسى ئىپادىلەنگەنلىكى مەلۇم. ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XI ئەسىرلەرگە ئائىت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىي دىنىي دەستۇرى «تەۋرات» تا چىن — «گوك»، ماچىن — «ماگوك» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، چىن — ياپەسنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن. تارىخچى مىرخەند «رەۋزەتۇسسافا» ناملىق ئەسىرىدە، موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك — ياپەسنىڭ ئوغلى، نوھنىڭ نەۋرىسى، چىن ۋە ماچىن بولسا تۈركنىڭ ئوغۇللىرى، دەپ بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقەرىمۇ «تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

فىڭ چىڭجۈن ئەپەندى «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ ـ جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ناملىق كىتابىدا قەشقەر ھەققىدە: قەشقەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى بىر دۆلەت ئىدى. چىن ئاتالغۇسىنىڭ مەپھۇمى مۇشۇ دۆلەتنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇنىڭ چېگرىسى كۇشان بىلەن

① «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 37 ـ بەت

تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن ، مۇنداق دۆلەت پەقەت قەشقەر بولۇشى ئەقىلغا مۇۋاپىق دەپ يازغان . لۇي جىن ئەپەندى «بۇددىزىم مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەلىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «كۇشان خاقانلىرىدىن بولغان كانىسكىنى چىنتەنلىك ( 真檀 ) ئىدى» دېگەن يەكۇننى چىقارغان .

رىم ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ئەسىرلەردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى رىم شائىرى گوراس (Horase) نىڭ داستانىدا ، مىلادىيە Ⅰ ئەسىردە ياشىغان رىم شائىرى پلىنىي (PLiny 普林 尼) نىڭ «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن پتولېمىي (Ptolames) نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا چىن ئېلى ۋە يىپەك مەملىكىتى تىلغا ئېلىنغان . فىڭ چىڭجۈن : پتولېمىينىڭ يىپەك مەملىكىتى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى قەدىمكى تۇران (مەركىزىي ئاسىيا )دىكى سۇلې (قەشقەر ) بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ دېگەن .[①] پىتلومىنىڭ ئەسىرىگە مەنبە بولغان مارىنوسنىڭ (Marinus) ساياھەتنامىسىدە چىن (ceni) ۋە يىپەك مەملىكىتى (seres) دېگەن ئىبارىلەر تولىمۇ روشەن تىلغا ئېلىنغان .

مىلادىيە Ⅲ ئەسىردە ياشىغان ئەبۇدەلىف ئىسىملىك ساياھەتچى ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە «بۇخارادىن چىنگىچە» كەلگەنلىكىنى يازغان . سامانىلار سۇلالىسى شاھى سۇلتان ناسىر بىننى ئەخمەت ۋاقتىدىكى ئابدۇللا ھىسسار بىننى ئەل مەھەلھىل (Abudula Misar bin al mahalhil) ئۆزىنىڭ «ساياھەتنامە»سىدە چىنگە بارغانلىقىنى يازغان . مەلۇمكى ئابدۇللا ھىسسار بىننى ئەل مەھەلھىلنى سامانىلار شاھى سۇلتان ناسىر بىننى ئەخمەت قەشقەردىكى قاراخانىيلار ھۇزۇرىغا 943 - يىلى نىكاھ ئەلچىلىرى قاتارىدا ئەۋەتكەنىدى .

① فىڭ چىڭجۈن : «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىز تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» ، 99 - بەت .

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دە «جەيخۇندىن چىنگىچە بولغان قەبىلىنى چىگىل قەبىلىسى» دەپ تەرىپلىگەندە چىن، دەپ قەشقەرىيىنى نەزەردە تۇتقانلىقى شۈبھىسىز. ئەلىشىر نەۋائىمۇ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا ياغما ۋە چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئىسكەندەر بىلەن توقۇنۇشقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا چىن ۋە ماچىنغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى قىرىققا يېقىن ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئىزاھلايدۇ. 1 ـ توم، 38 ـ بەتتە «مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم» دەپ يېزىپ ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى يەنسەي (ئاناساي) دەريا ۋادىسىدىكى قىرغىزلارنى «قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان» دەپ كۆرسەتكەن. ئاندىن تۈرك قەبىلىلىرى بولغان خىتاي، تاۋغاچ توغرۇلۇق «خىتاي — چىن دېمەكتۇر»، «تاۋغاچ — ماچىن دېمەكتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 952 ـ بېتىدە «تاۋغاچ» ئىبارىسىگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىزاھات بەرگەن:

(1) تاۋغاچ — «ماچىن» ئېلىنىڭ نامى، (2) تاۋغاچ — تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈكى، (3) تاۋغاچ — بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە دېگەن مەنىدە.

ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن كۆكتۈرك خانلىقى زامانىدا توقباتلار — تاۋغاچ، تاڭلار — تاڭجازى، قىتانلار — خىتاي دېيىلگەن. بۇ مىللەتلەر شۇ دەۋردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مىللەتلەر ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «چىن»نى ئۈچكە بۆلۈپ كۆرسەتكەن. يەنى يۇقىرى چىن — تاۋغاچ، ئوتتۇرا چىن — خىتاي، تۆۋەن چىن — قەشقەر، (1 ـ توم، 592 ـ

بەت ) .

مەھمۇد قەشقەرى ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتلەرنى «ئاردا چوڭ سېپىل ۋە چىن يېنىدىكى تاغ ـ دېڭىزلار بولغىنى ئۈچۈن يەجۇج ۋە مەجۇجلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس» (1 ـ توم ، 39 ـ بەت ) دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن . كىتابىغا كىرگۈزگەن خەرىتىدىمۇ بۇنى پەرقلەندۈرگەن . «تات تاۋغاچ» ئىبارىسىنى «بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ» (2 ـ توم ، 409 ـ بەت ) دەپ كۆرسەتكەن . «چىگىل ، ياغما ، توخسى ، ئارغۇ ، ئۇيغۇر قاتارلىق يۇقىرى چىنغا قەدەر جايلاشقان قەبىلىلەر» دېگەن بايانلارنى 2 ـ تومنىڭ 64 ـ ، 78 ـ ۋە 88 ـ بەتلىرىدە تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئالغان . 1 ـ توم ، 151 ـ بېتىدە «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى . ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار . بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن» دەپ يازغان بولسا ، 3 ـ توم ، 567 ـ بەتتە «تۈركمەن» ئىبارىسىگە ئىزاھ بەرگەندە «خاقان ‹شۇ xu › چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ ، زۇلقەرنەين ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ . ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ . زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ . توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەين ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ . بۇ توقۇنۇش ‹ئالتۇن قان › دېگەن يەردە بولغانىكەن . بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە ‹ئالتۇن قان › دەپ ئاتىلىدۇ . زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ» دەپ يازغان . دېمەك مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئىككى بايانىدا «ئۇيغۇر ئېلى» بىلەن «چىن»نى يانداشتۇرۇپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز . بىز يەنە ئۇنىڭ تۈرك يېزىقى توغرىسىدا توختالغاندا «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى

ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن» (1 ـ توم ، 11 ـ بەت ) دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ ، «چىن» ئىبارىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز . چۈنكى «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق مەشھۇر كىتابتا تۇرپاننى «چىنجىكەنت» دەپ ئاتىغانلىقى ھەممىگە ئايان . مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ 1 ـ توم ، 517 ـ بەتتىكى «كەرەم» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا «يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلىقلار تىلىدا» دەپ قوشۇپ قويغانلىقىنى كۆرىمىز . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۆۋەن چىن ، دېگەندە قەشقەرنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى كىتابنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن .

مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن نەسرىي ۋە كېيىنچە يەنە نەزمىي مۇقەددىمىدە چىن ۋە ماچىن ئىبارىلىرى مۇنداق چېلىقىدۇ :

«بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر ، ئۇ چىن ھېكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن ، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسانغانكى ، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بېيىتلارنى باشقىلارغا بىلدۇرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزرەكتۇر . چىن ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى ، مەشرىق ۋىلايىتىدە ، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە ، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى يازالىغىنى يوق . بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە ، غايەت ئۇزلۇقى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن ، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەردى . چىنلىقلار ‹ئەدەبۇلمۇلۇك› (شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ) دەپ ئاتىدى ؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى ، ‹ئاينۇل مەملىكە› (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى ) دېسە ، مەشرىقلىقلار ‹زىننەتۇلئۇمرا›

www.uyghurkitap.com

(ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى؛ بەزىلەر «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدى.»

بۇ باياندىكى «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق» دېگەن جۈملىدىكى «چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى» دېگەن بۆلەك بىلەن «مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىستان ئەللىرىدە، تۈركىي سۆز بىلەن بۇغراخان تىلىدا» دېگەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، «چىن ۋە ماچىن» ئىبارىسىنىڭ «قىتان» ئىبارىسىدىن پەرقلىق تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى» ھېچقاچان «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى كۆرۈپ بۇ ھەقتە باھا يۈرگۈزۈۋاتقان سۇڭ سۇلالىسى ئالىم - ھېكىملىرى ئەمەسلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز.

ستەين ئۆزىنىڭ خوتەن — لوپ ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ساياھىتىدە مىلادىيىنىڭ بېشىدىكى كانگىيە يېزىقىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتتە «چىنىستان» (cinastan, cynstn) دېگەن ئىبارىنى ئۇچراتقان. بۇ ئىبارە «چىنىستانى ئىلىك بىگ» (چاشتانى ئىلىك بەگ) داستانىنىڭ نامى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىزىقارلىق تېما كېلىپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەكۈن ئەمەس.

ستەين «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 173 - بېتىدە سۇي — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوتەن خانلىرى ۋە چاڭئەندە ياشىغان خوتەنلىكلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا قويغان يۈ چى ( 尉迟 ) ئىروگىلىفىنىڭ تۈبۈتلۇقلاردا رىجايا

(rijaya) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئاساسلىنىپ، ئەسلى خوتەنلىكلەر «ۋېي چىن» (weichin) دەپ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ. «ماھا» چوڭ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەينى زاماندا رىم ئىمپېراتورلۇقى «دا چىن» (大秦 داكچىن) دەپ ئىشلىتىلەتتى ھەم بۇ چىن ئىبارىلىرى ئوخشىمىغان پاراللېل ئىبارىلەر بولۇپ، خەنزۇ يېزىقىدا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ۋېي چى (ھازىر ۋېجايا، ۋايسارا دەپ ئۆزىمىز ياسىۋالغان ئىبارە) تاكى خوتەننىڭ ئاخىرقى بۇددا پادىشاھىغىچە قوللىنىلغان. قاراخانىيلار ئۇنى ماچىن نامى بىلەن ئاتىغان. بۇ ھال ۋېي چى ئىبارىسىنىڭ ماچىن ئىبارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يۇ چىشىڭ (尉迟胜) «غالىب غالىبى» مەنىسىدە ئەمەس «غالىب ماچىنى» مەنىسىدە بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسىگە زامان جەھەتتە يېقىن تۇرىدىغان قاراخانىيلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەندە «ۋېي چى» سۆزى ئەمەس، بەلكى «ماچىن» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغانلىقى روشەن. ئى. بېرتىشىندىرنىڭ ئەرەب تارىخچىلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان قەشقەر — خوتەن ئارىسىدىكى (1017 ـ يىلقى) ئۇرۇش چىن ـ ماچىن ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان. ستەين فرانسۇز ئالىمى گرېنارد (M. Grenard) نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ ئەينى چاغدىكى خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ پادىشاھىنى «Jagal — Khalkahalu of Machin» — ماچىن شاھى ياغلۇ قالقالۇ دەپ يازغان. بۇ خەلق ئىچىدە «قالقالۇ ماچىن» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەل «ۋېجايا»، «ۋايسارا» دەپ خاتا قوللىنىلىۋاتقان ماچىندۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر تۈرك ئەدەبىياتىدا «چىن»، «ماچىن» ئىبارىلىرى كۆپ ئىستېمال قىلىندى. بۇ لۇتفى، سەككاكى، نەۋائى، زەلىلى قاتارلىق ئۇيغۇر نەسەبىگە تەۋە كلاسسىك شائىرلار تەرىپىدىنلا ئەمەس، ھەتتا ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى،

فۇزۇلى ، ھەتتا «يولۋاس تېرىسىنى يېپىنغان باتۇر» داستانىنىڭ ئاپتورى گىروزىن شائىرى رۇستاۋېلى شوتانىڭ ئەسەرلىرىدە تۇران نامى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن . لۇتفى «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا چىن ۋە ماچىن ئارىسىدىكى قېرىنداشلار ئۇرۇشىدىن پەرياد چېكىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان :

نى يالغۇز چىنۇ ماچىن تەڭسۇقىدىن ،
كى بارچە دۇنيانىڭ تەڭسۇقلىقىدىن .

قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق دەپ گۇرۇھ بولۇشۇپ ، تۈگىمەس تەپرىقچىلىق قويۇنلىرىنى قوزغىغان خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى خانىۋەيران قىلىشىپ پەيدا قىلغان جاھالەتلىك يىللىرىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا ئۆتكەن سەرسان ـ سەرگەندانلىق ھاياتىنى :

چىندا مۇساپىردۇرمەن ماچىن ئىچىدە غېرىب ،
يار يۈزىدىن كۆرمەدىم مۇنچەكى مەن سارغىيىپ .①

دەپ ئىپادىلىگەن . XIX ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان تالانتلىق شائىر موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ تارىخىي داستانى «غازات دەر مۈلكى چىن» (مەنىسى «چىن يېرىدىكى مۇقەددەس ئۇرۇش» )دە ئىلى ۋادىسىنى «مۈلكى چىن» دەپ ئاتىغان . بۇ «مۈلكى ئەجەم» ، «مۈلكى خوتەن» دېگەندەك ئادەت خاراكتېرلىك ئاتاش ئەلۋەتتە .

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن»

---

① «زەلىلى دىۋانى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 300 ـ بەتكە قاراڭ .

داستاندا يارىتىلغان چىن شاهزادىسى پەرھاتىنىڭ ئوبرازى بىزگە
ھەرگىزمۇ ھازىرقى ئەرەب ، پارس ۋە تۈرك تىللىرىدا «جۇڭگو»
نى «چىن» دەيدىغان پاكىت تۈپەيلى «جۇڭگو شاھزادىسى» بولۇپ
تۇيۇلمايدۇ . «چىن» ۋە «ماچىن»دىن ئىبارەت بۇ
توپونومىيىلىك نام تارىختا ئۇيغۇر — تۈرك خەلقلىرى ياشىغان
غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ . جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندىمۇ
«شاھنامە»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدا «چىن» ئاتالمىسى
جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تارىختا تۈركىي خەلقلەر
ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ ، ئۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى
ئۆلكىلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ ، دەپ ئەسكەرتكەن .
يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مۇنداق مۇھاكىمىگە كېلىش
مۇمكىن . ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مەركىزىي ئاسىياغا بېسىپ
كىرگەندە «چىن» قەبىلىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان . ئەمما
ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەشەببۇسكارلىقى تۈپەيلى سۈلھى
بىلەن ئاخىرلاشقان . بۇ «چىن» قەبىلىلىرى ئەپراسىياپنىڭ
«تۇران» قەبىلىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى .
«چىن» ۋە «ماچىن» ئىبارىلىرى قەدىمكى «غەربىي يۇرت
شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى»گە باغلىنىشلىق ئاتالغۇ بولۇپ ،
تولىمۇ قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى . بۇ ئاتالغۇ بىلەن چىن شىخۇاڭ
بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرغان سۇلالىنىڭ نامىنى
ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ئاساس يوق . چۈنكى بۇ ئاتالما چىن
سۇلالىسى زامانىسىدىن تولىمۇ قەدىمىي بولغان دەستۇرلاردا تىلغا
ئېلىنغان . روشەنكى ، كېيىنكى كۆنلەردە ئاغدۇرۇلغان ۋە ئەينى
زامان سىياسىي مۇھىتىدا نامىنى نىشانە قىلغىلى بولمايدىغان
چىن سۇلالىسىنىڭ نامى «چىن» ۋە «ماچىن» ئىبارىلىرىگە
ئاساس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، جۇ سۇلالىسى
زامانىدىلا ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چۇنچيۇ دەۋرىدىلا شىمالدىكى

مىللەتلەر «真人» (جىنلار) دېيىلگەن[①] چىن سۇلالىسىغىچە سوقۇلغان سەددىچىن تېپەنشۇي ۋادىسىغا يەتمەي ئاخىرلاشقان بولۇپ، سىپىل سىرتى «چىن» دەپ ئاتالغان. بۇ، ئومۇمەن مەركىزىي ئاسىيانى كۆرسىتىدىغان تۇران زېمىنى چىن، خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن — ماچىن دېيىلىدىغانلىقىنى، «ئوتتۇرا چىن» ئىبارىسى «ماچىن» ئىبارىسىدىن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. گرېكلەشكەن دۆلەتلەر ۋە سېلېۋكلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ماۋەرائۇننەھر

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى ھەربىي پائالىيىتى ئۈچ يىلغا سوزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گرېك — ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ بۇ زېمىندىكى ھەربىي - سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا سوزۇلدى. بۇ ئۇنىڭ ماكېدونىيە مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىشىدىن تاكى مۇستەقىل باكتىرىيە ۋە فارفىيە (— 帕提亚 Parthia ئارساك 安息) دۆلەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىستىكىسى؛ بىر پۈتۈن ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىپ نۇرغۇنلىغان ئېللىنىزملىق — گرېكلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى؛ گرېك مەدەنىيىتى بىلەن ھەرقايسى رايونلارنىڭ يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ يېڭى ئۇنىۋېرسالىزملىق ئارىلاشما مەدەنىيەتكە قاراپ يۈزلىنىشى؛

① «ۋېينامە»دە «شىمال قوشاقلىرى» (北歌) نىڭ «جىنلىقلارنىڭ ناخشىلىرى» (真人歌) ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.



www.uyghurkitap.com

ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئېلىپ بارغان يېڭى ئىچكى ئۇرۇشلار ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلغا ئايلىنىشى ئاساسىدا كۆپ مىللەتلىك خەلقئارا قۇللار بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

ئېللىنىزم — گرېكلىشىش دەۋرى ئىسكەندەرنىڭ ۋاپاتىدىن باشلانغان ئوردا كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ئىسكەندەرنىڭ ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قانچە ئىمپېرىيىلەرگە ئايرىلىپ كېتىشىدىن تاكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىچە بولغان بىر پۈتۈن دەۋرگە قارىتىلغان . بۇنىڭ ئاساسىي نامايەندىسى ئىسكەندەر سەركەردىسى پتىلومى رەھبەرلىكىدىكى مىسىرنىڭ ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىدىن مۇستەقىل بولۇپ ئايرىلىپ چىقىشىدىن تاكى ئۇنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئىبارەت .

پتىلومى باشقۇرۇپ تۇرغان مىسىر ئۆز ئالدىغا پتىلومى ئىمپېرىيىسى بولۇپ ماكېدونىيىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن ، گرېك — ماكېدونىيە بىر ئىمپېرىيە ، بۇ ئارىلىقتىكى جايلارنى باشقۇرۇپ تۇرغان سېلېۋك (سېللوگ ) ھاكىمىيىتى يەنە بىر ئىمپېرىيە بولۇپ قالدى . بۇ ئۈچ ئىمپېرىيە ئارىسىدا دۈشمەنلىك كۈچىيىپ ، قانلىق جەڭلەر بولدى . ماۋەرائۇننەھر بۇ چاغدا ئۈچ پارچىغا ئاجرىلىپ كەتكەن ماكېدونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سېلېۋك ئىمپېرىيىسى تەركىبىدە بولدى . بۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى مۇنداق :

ئىسكەندەرنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن تۇران زېمىنى شۇنداقلا ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە كۈچلۈك تەسىر قوزغاتتى : ئۇ ئىشغال قىلغان ھەرقايسى ئەللەر خەلقىدە ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق ئىنتىلىشلىرى ئۆستى ، گرېك — ماكېدونىيىلىك قوشۇنلاردا ۋە ياللانما قوشۇنلاردا ئۆز يۇرتىغا قايتىش خاھىشى كۈچەيدى ، ماكېدونىيىلىك سەركەردىلەر ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش

www.uyghurkitap.com

زىددىيەتلىرى ئۆتكۈرلەشتى . سەركەردە پېردىككا يۇرتقا قايتىشقا توپلانغان يىگىرمە مىڭ پىيادە ، ئۈچ مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى «ئىسيانچىلار» دېگەن بەتنام بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ ، قىرىپ تاشلىدى . ماكېدونىيە ھەربىي گۇرۇھى ئىسكەندەرنىڭ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلىنىش سىياسىتىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، ماكېدونىيىلىكلەردىن سەتراپ (ۋالىي )لار بەلگىلىدى . بۇ ئىشتا پەقەت ئىسكەندەرنىڭ قېيىناتىسى ئاكسارت بىلەن پېردىككانىڭ ئىرانلىق قېيىناتىسى ئاترۇپاتدىن باشقىلارغا يول قويۇلمىدى . سوغدى ۋە باكترىيىگە ماكېدونىيىلىك فىلىپپى دېگەن كىشى قوش سەتراپ قىلىپ بەلگىلەندى . پۇتكۇل ئىسكەندەر ماكېدونىسكىي ئىمپېرىيىسىنىڭ كەڭ شەرقىي قىسمىغا ئۇنىڭ رۇخسانەدىن بولغان ئوغلى بالاغەتكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن مەسلىھەتچى نىقابىغا كىرىۋالغان سەركەردە پېردىككا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئانتىپاتىر ئون ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئىسكەندەرنىڭ ئوغلىنى ۋە رۇخسانىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى .

مىسىرنى باشقۇرۇۋاتقان پتىلومىنىڭ مۇستەقىللىق جاكارلىشى ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاياغلىشىپ ، گرېكلەشكەن دۆلەتلەر سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى نامايان قىلدى . پتىلومى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پتىلومى II قۇرغان ۋە كۈچەيتكەن پتىلومى سۇلالىسى مىسىردىن باشقا ، سىپرۇس ، پەلەستىن ، جەنۇبىي سۇرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ ئەسىر داۋام قىلدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 312 - يىلى ئىسكەندەر سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان سېلېۋكۇس (سېللوگ ، Seleucus 塞琉古 )كە بابىلىيىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى . ئۇ ئون يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز تېررىتورىيىسىنى داۋاملىق كېڭەيتتى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى

303 ـ يىلىغا يەتكەندە ئۇ ئانتىپاتىر قولىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانى تارتىۋالدى . ئۇنىڭ قۇرغان سېلېۋك سۇلالىسى ناھايىتى چوڭ زېمىننى — مىدىيە ، پېرسىيە ، سوزىئانا (ئېلەم ئېگىزلىكى) ، فارفىيە ، باكتىرىيىنى ، كېيىنچە يەنە شىمالىي مىسوپوتامىيە ، شىمالىي سۈرىيە ، بىر قىسىم كىچىك ئاسىيا زېمىنىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى . ئۇ ھىندىستاندىكى ئەڭ زور دۆلەت ماگادخا بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاپ ، ئۇنىڭغا ئىسكەندەر تەسىرىدىكى پەنجئاب ، گىدروسىيە ، ئاراخوزىيە ، پاراپامىسىدا زېمىنلىرىنى سوۋغا قىلىپ ، شەرقتە تىنچ ۋەزىيەت يارىتىپ ، بارلىق كۈچى بىلەن غەربتە ئۆز سەپداشلىرى بىلەن زىددىيەتلەشتى . بۇ ھال گرېتسىيە ، پتولومىي ۋە سېلېۋكىلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئىمپېرىيىنىڭ ئۆزئارا خىرىس قىلىشقان ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇردى .

خارەزم ئاخمانىلار ، ئىسكەندەر ۋە سېلېۋكىلار دەۋرىدىمۇ ئۆز مۇستەقىللىقىدا قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ① ئاساسلىق مەدەنىيەت رايونلىرى باكتىرىيە ، مەرغىيانا ، سوغدىئانا بىرلا سەترابنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەنىدى .

سېلېۋك ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئانتىئوخ I زامانىدا ماۋەرائۇننەھر شەھەر ـ قەلئەلىرىنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بويىچە مەڭگۈ گرېكلەشتۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى . ئۇ شەھەر ـ قەلئەلەرگە كۆپلەپ گرېك كۆچمەنلىرى ، غېرىب ـ مۇساپىرلىرى ، ئەسكەرلىرى ۋە تېرىقچىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ ، يەر ـ جاي ناملىرىنىمۇ «سېلېۋكىيە» ، «ئانتىئوخىيە» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاشقا باشلىدى . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، سېلېۋكىلار سۇلالىسى زامانىدا

① بۇ ئىبارە ئۇ چاغدا مەنىداش بولغان «ترانسئوكسانىيە» (ئامۇ نىڭ نېرى تەرىپى) دەپ ئىشلىتىلەتتى .

گرېكلارنى ماكانلاشتۇرۇش ۋە قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا شەھەر - قەلئەلىرىگە نازارەت قىلىش مەقسىتىدە نازارەتچى قەلئەلەر، ھەربىي ۋە يېرىم ھەربىي قەلئەلەردىن 75 جايدا بەرپا قىلىنغانلىقى مەلۇم. سېلېۋكىلار سۇلالىسى چەكسىز دېڭىزدەك پايانسىز كەتكەن تۇران زېمىنىدىكى قەبىلە - قوۋملەردىن مۇداپىئە كۆرۈش، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كېسىۋېلىنغان زېمىننى پۈتكۈل تۇران — مەركىزىي ئاسىيادىن مەڭگۈ پەرقلەشتۈرۈۋېتىش نىيىتىدە نۇرغۇنلىغان قۇللار ئەمگىكى ئارقىلىق مەرۋى يېنىدا خۇددى سەددىچىن سېپىلىدەك تېررىتورىيە پاسىلى ياساتقۇزدى. سترابوننىڭ يېزىشىچە، ئانتىئوخ مۇرغاپ ۋادىسىدىكى مەرغىيانا (مەرۋى)دا ئىسكەندەر سالدۇرغان ۋە سپىتامېن باشچىلىقىدىكى ساكلار ۋەيران قىلىۋەتكەن «ئىسكەندەر ئېسخاتا» شەھىرى ئورنىغا ئۆز نامىدا «ئانتىئوخىيە» ناملىق شەھەر ياساتقان. ئۇ بۇ شەھەرنى بەرقارار قىلىش ئۈچۈن 1500 ستادىيە (235 كىلومېتىر) ئۇزۇنلۇقتىكى مۇداپىئە سېپىلى بىلەن بۇ شەھەرنى ئوراپ ئالغانىدى. بىراق، تارىخنىڭ راۋان ئېقىنىدا ماسساگېتلار داۋاملىق بۇ سېپىلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، شەھەر - قەلئەلەرنى ۋەيران قىلىپ جەنۇبىي تۈركىستان (ھازىرقى ئافغانىستان) ۋادىسىدا تىرىكچىلىك قىلىشقان.

سېلېۋكىلار سۇلالىسى دەۋرىدە گەرچە يەرلىك كۆچمەنچى ماسساگېتلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرى، يەرلىك خەلق قوزغىلاڭلىرى ۋە قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئارىسىدىكى سىنىپىي كۈرەشلەر ئۈزلۈكسىز ئېپادىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ سۇلالە شەرق - غەرب مۇناسىۋىتىدە مۇھىم بىر ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىدى. ئۇ تارىمدىن تاكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە بولغان قۇلدارلىق دەۋرى تاۋار سودىسىنىڭ يولىنى تۇتاشتۇرۇپ راۋان قىلدى. مانا بۇ ئىلگىرىكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى ئاچقان كارۋان

سودا يولى ، ھىندىستان بىلەن ئىسسىقكۆل ئارقىلىق ئالتاي تاغلىرى ياقىسىغا سوزۇلغان قەدىمكى ئالتۇن يولدىن كېيىنكى مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» نىڭ 9 ـ بابىدا (ك . ك . زىلىن يازغان ) بۇ ھەقتە توختىلىپ : «سېلېۋكىلار سۇلالىسى بۇ چوڭ يولىنىڭ كونترول ھوقۇقىنى ئۇزاققىچە ئۆز ئىلكىدە تۇتتى . قىممەتلىك شەرق بۇيۇملىرى — يىپەك ـ تاۋارلار ، خۇش پۇراق ماتېرىياللار مۇشۇ يول ئارقىلىق غەربكە يەتكۈزۈلگەن . سۇرىيە ، مېسوپوتامىيە ۋە گرېتسىيىنىڭ قول ھۈنەر ئۇستىلىرى ياسىغان نەپىس بۇيۇملارمۇ مۇشۇ يول بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا يېتىپ كەلگەن» دەپ كۆرسىتىلگەن . دىراپىر بۇ ھەقتە «ئەگەر ياۋروپا ئىدىيىلىرى باكتىرىيە ئارقىلىق يىراق شەرققە يېتىپ بارغان دېيىلسە ، ئۇ ھالدا مۇشۇ يەر ۋە مۇشۇ قانال ئارقىلىق ئاسىيا چۈشەنچىلىرىمۇ ياۋروپاغا يېتىپ بارغان» دەپ يازغان .

سېلېۋكىلار سۇلالىسىنى نامايەندە قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېللىنىزم دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەھەر مەدەنىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى . ئەلۋەتتە بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسلىق رايونلىرىدا گرېتسىيىچە شەھەر فېدېراتسىيىلىرى ، ئاسىياچە بوستان شەھەرلىرى ، ھەربىي قەلئەلەر ، دىنىي مۇراسىم قەلئەلىرى ، سودا گۈزەلىرى بولغان بولسىمۇ ، ئۇلار ئومۇمەن شەھەر ـ قەلئەلەر ۋە بوز يەر ئېچىش رايونلىرىدىن ئىبارەت ئىككى شەكىلگە بۆلۈنگەنىدى . بۇ شەھەرلەردە قۇللۇق تۈزۈمى ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھەر ئىككىسى ئېللىنىزم مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن . سېلېۋكىلار ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ زېمىننى 72 ۋالىيلىققا (ۋىلايەتكە ) ئاجراتقان . بۇلارنىڭ ئىچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدا ئاساسەن گرېكلار ، ماكېدونىيىلىكلەر ، ياللانما

www.uyghurkitap.com

ھەربىي كۆچلەر ئۈستۈنلۈك ئالدى . قۇل ئىگىلىكى بۇ سۇلالىدا مىسىردىكى قۇلدارلىقتىنمۇ دەھشەتلىك راۋاجلىنىپ ، خەلققارا قۇل سودىسى مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى .
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 274 - يىلىدىن باشلاپ سۇرىيىنى تالىشىپ پتولېمي ۋە سېلېۋكىلار سۇلالىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى . مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 249 - يىلى فارفىيە بىلەن باكتىرىيە سېلېۋكىلار سۇلالىسىدىن مۇستەقىل بولۇۋالدى . شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ سۇلالىنىڭ مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سۇرىيىگە يۆتكەلدى . رىملىقلار بىلەن سېلېۋكىلارنىڭ كىچىك ئاسىيانى تالىشىش جېڭىدە سېلېۋكىلار كىچىك ئاسىيادىن ئايرىلىپ قالدى . ئارقىدىنلا — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 129 - يىلى ئۇ يەنە يەھۇدىيستان ۋە مېسوپوتامىيىدىن ئايرىلىپ قالدى .
ئانتىئوخ Ⅲ كىچىكلىشىپ قالغان سېلېۋكىلار سۇلالىسىنى يەنىلا ئوتتۇرا ئاسىيانى تايانچ قىلىپ قايتا كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇرۇندى . ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 210 - ، 204 - يىللىرى مىدىيىنى تىنجىتىپ ، فارفىيىنى قايتا ئىشغال قىلىپ باكتىرىيىگە يۈرۈش باشلىدى . باكتىرىيە شاھى ئېۋتىدېم يېڭىلىپ باكتىرىيىگە چېكىندى ، ھەر ئىككى تەرەپ مادارسىزلىق تۈپەيلى سۈلھى قىلىشتى . كېلىشىم بويىچە باكتىرىيە سېلېۋكىلار سۇلالىسىگە قارام دۆلەت سۈپىتىدە ساقلىنىدىغان بولدى . ئانتىئوخ Ⅲ ئېۋتىدېمدىن ياردەم ئېلىپ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ ، ئۇ يەردىمۇ تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئانتىئوخ Ⅲ زەپەر شادلىقلىرى ئىچىدە رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن قايتا تۇتۇشۇشقا بەل باغلىدى . رىملىقلار دىپلوماتىيە ھۇجۇمىنى يولغا قويۇپ ئانتىئوخ تەرەپدارلىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىۋېلىپ ، ئارقىسىدىن ئۇنى يەڭدى . ئۇزاق ئۇرۇشلار داۋامىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن راسا زەئىپلەشكەن ئانتىئوخ Ⅲ دىنىي

ئىبادەت كىرىملىرىنى ھەربىي مەقسەتلەرگە خىراج قىلماقچى بولغىنىدا نارازىلىقلار ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتتى .

ئانتىئوخ IV نىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەن فارفىيە ، ئەرمىنىيە ، يەھۇدىيستانلار مۇستەقىللىق جاكارلاشتى . ئانتىئوخ VII (سىدېد ) گەرچە ئىمپېرىيىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئۇ فارفىيە بىلەن يەھۇدىيستاندا يېڭىلىپ قالدى . ئارقىدىنلا بابىلىيە ، مىدىيە ، پېرسىيىلەر ئايرىلىپ چىقتى ياكى فارفىيىگە قوشۇلۇۋالدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 63 - يىلىغا يەتكەندە سېلېۋكىلار سۇلالىسى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى سۈپىتىدە تارىختىن ئۆچتى . ھەربىي كۈچ ، نوپۇس ئۈستۈنلۈكى ، ھەتتا ئىجتىمائىي راۋاجلىنىش مۇستەملىكە ۋە ئىمپېرىيە مۇناسىۋەتلىرىنى بەرقارار قىلالمىدى . تارىخ ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن بارلىق كۈچۈپ كەلگەن ئىمپېرىيە جاھازلىرىنى ، ھالاك قىلىش ھادىسىسىنى مۇناسىپ ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنداپ ، دەپسەندە قىلىنغان زېمىننى پاك - پاكىز يۇيۇپ قويدى .

## 4 . گرېك - باكتىرىيە دۆلىتى ۋە ئېللىنىزملىق مەدەنىيەت

سېلېۋكىلار سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 312 — 250 - يىللار ) ئاجىزلاشقان چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گرېك - باكتىرىيە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 250 — 140 - يىللار ) ۋە فارفىيە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 250 - يىلىدىن باشلاپ ) دۆلەتلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقتى . بۇ سېلېۋكىلارنىڭ مىسىردىكى پىتىلومى سۇلالىسى بىلەن سۈرىيىنى تالىشىش جېڭىدە ئاجىزلاشقان ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەنچى قەبىلىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان جازا ئۇرۇشلىرىدا مەغلۇپ بولغان ،

ئانتىئوخ II ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى سېلېۋكۇس II بىلەن ئىنىسى ئانتىئوخ خېراكسى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى كۈچەيگەن ۋاقىت ئىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان باكتىرىيە سەترابى دىئودولۇس (دىئودوت) ئۆزىنى باكتىرىيە پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ تارىختا سېلېۋكىلار سۇلالىسىدىن مۇستەقىل گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى مەيدانغا كەلدى. باكتىرىيىنىڭ سېلېۋكىلار سۇلالىسىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىقىشىنى بەزى مەنبەلەردە جىددىي قوراللىق كۈرەشلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ كۆرسەتسە، بەزى مەنبەلەردە سېلېۋكىلار قارشىلىق قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا تىنچ يۈز بەرگەن، باكتىرىيىمۇ بىر مەزگىل ئانتىئوخ نامىدا ئالتۇن پۇل قۇيغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى گرېكلاردىن؛ ئاساسىي ئاھالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك خەلقلىرىدىن بولۇپ، ھاكىملار ۋەتەنسىز، يەرلىك ئاھالە ھاكىمىيەتسىز بولغانلىقى تۈپەيلى بۇ دۆلەت گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى دەپ ئاتالغان. بۇ ھال ئىمپېرىيىدىكى ھۆكۈمران مىللەتتىن بولغان ھاكىملارنىڭ ئىمپېرىيىنى پارچىلاپ مۇستەقىل ئارىلاشما ھاكىمىيەت تىكلىشىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى.

گرېك — باكتىرىيە مۇستەقىللىق جاكارلاپ ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي سېلېۋكىلار سۇلالىسى تەركىبىدىكى فارفىيە بىلەن شىركىنىيە سەترابى ئاندراگوراس مۇستەقىللىق جاكارلاپ بۇ سۇلالىدىن ئايرىلىپ چىققان. سترابونىڭ خەۋەر بېرىشىچە، تىجەن — ئامۇ (ئوكسۇس Oxus) دەرياسىنىڭ بويىدىكى پارنا، دەپ ئاتالغان «داخ»[1] خەلقلىرىنىڭ بىر گۇرۇپپىسىنىڭ

[1] ئىرانلىقلار ماساگېتلارنىڭ بىر قىسمىنى دۈشمەن، باسمىچى دېگەن مەنىدە «داخىلار» (داخ 达赫人 Dahae) دەپ ئاتاشقان.

باشلىقى ، ئېتنىك نەسەبى جەھەتتىن سىكىق[1] خەلقىگە مەنسۇپ بولغان ئارشاك فارفىيىگە باستۇرۇپ كىرىپ گرېك نەسەبىدىن بولغان ئاندراگوسنى ئۆلتۈرۈپ فارفىيىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئارشاك خانلىقىنى قۇردۇ . سترابوننىڭ ئېيتىشىچە ، ئارشاك باكتىرىيىلىك بولۇپ ، فارفىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغان . ئورىئاننىڭ ئېيتىشىچە ، فارفىيىدە ئاكا ـ ئۇكا ئارشاكلار فارفىيىدىكى سېلېۋكلار سەترابىگە قارشى قوزغالغان . سېلېۋك Ⅱ فارفىيىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ۋە غۇلىغان فارفىيە سەترابى ئاندىراگوراسنى قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۈچلۈك قوشۇن باشلاپ كەلگەندە ئارشاكلار ساكلار ئارىسىغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ياردىمىدە مىلادىيىن ئىلگىرىكى 247 ـ يىلى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان .

گرېك — باكتىرىيىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى فارفىيىگە (ئارشاك خانلىقىغا ) نىسبەتەن مىسلىسىز ئۈستۈن بولۇشىغا قارىماي ، گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى گرېكلار پادىشاھلىقى ، فارفىيە خانلىقى ماسساگىتلار پادىشاھلىقى بولغانلىقى تۈپەيلى بۇ ئىككى مۇستەقىل دۆلەت ئارىسىدا بىر مەزگىل جىددىي دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى بولۇپ ، ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن . ئېھتىمال ئارشاك بىلەن دىئودولۇس I مۇشۇ جەڭلەردە ھالاك بولغاندىن كېيىن ، ئارشاكنىڭ ئىنىسى تىرىداتىس (ئارشاك Ⅱ ) بىلەن دىئودولۇس Ⅱ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 245 — 230 ـ يىللار ) دەۋرىدە بۇ خىل مۇناسىۋەت يۇمشاشقا باشلىغان . چۈنكى ، گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى بىلەن فارفىيە خانلىقى ئۇرۇشقان مەزگىللەردە سېلېۋكلار بۇ دۆلەتلەرنى قايتا ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىشقا تەمشەلگەندى . يەرلىك ئاھالىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولغان ئارشاك فارفىيە خانلىقى ئورود Ⅱ

[1] ھېرىدوت : پېرسىيىلىكلەر بارلىق سىكىفلارنى ساكلار دەپ ئاتىغان ، ئۇلار «جەڭگە ماھىر خەلق بولۇپ ، شەرقتە كۆن چىقىش تەرەپتە» دەپ كۆرسەتكەن .

www.uyghurkitap.com

زامانىسىدا راسا گۈللەنگەن. كېيىنچە غۇلىغان گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىدىن پەرقلىق ھالدا ئارشاك فارفىيىسى ئۆز پائالىيىتىنىڭ مەركىزىنى غەربكە سۈرۈپ، پايتەختىنى ئېكباتان (خامات) شەھىرىدىن كېتىسفۇنغا يۆتكەيدۇ. ئۇ ھالاك بولغان سېلېۋكىلار سۇلالىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن قانلىق جەڭلەر ئېلىپ بارىدۇ. ئارشاك فارفىيىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 250 ـ يىلىدىن باشلاپ مىلادىيىنىڭ 226 ـ يىلىغىچە 476 ـ يىل داۋام قىلىدۇ. ئەمما فارفىيىنىڭ پەقەت ماسساگېت — داخى كۆچمەنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىغا ئائىت دەسلەپكى بىر مەزگىلىلا مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا مەنسۇپ، خالاس. كېيىن ئۇ ئىرانلىشىپ كەتتى.

گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ساقلىنىپ تۇردى. بۇ مەزگىل ئىچىدە ئۇنى دىئودولۇس سۇلالىسى ۋە يېۋتىدېم سۇلالىسى باشقۇردى.

دىئودولۇس I ۋە ئۇنىڭ ئوغلى دىئودولۇس II نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا بارمىدى. دىئودولۇس II گرېك ئاقسۆڭەكلىرىگە زىتلەشكەن فارفىيە خانلىقى بىلەن سۈلھىلەشكەندىن كېيىن گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىدىكى ھۆكۈمران گرېك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. سېلېۋكىلار سۇلالىسىدىكى گرېك ئاقسۆڭەكلىرىمۇ بۇ ئىشقا نارازى بولۇشتى. نەتىجىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرى 230 ـ يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. دىئودولۇس II سوغدىئانا سەترابى يېۋتىدېم تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. بۇ چاغدا دىئودولۇس II نىڭ ئوغلى (ياكى قېرىندىشى) ئانتىماخۇس تىئوس خانلىق ۋارىسى بولۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، دەرھال ھاكىمىيەت كىچىك ئاسىيانىڭ ماگنېسىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان گرېك سەترابى يېۋتىدېم I (Evtidem) نىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

سېلېۋكىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئانتىئوخ III بۇ چاغدا

گرېك — باكتىرىيىنى قايتا بىسىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 208 ـ يىلى تىجەن (ئامۇ) دەرياسى بويىدىكى مەرغىيانا رايونىدا يىۋتىدېم چەۋەندازلىرىنى يېڭىپ زارىئاسپ شەھىرىنى ئىككى يىل قامال قىلىدۇ. يىۋتىدېم ئىككى يىل تىز پۈكمىگەچكە پولبىي بۇنى «تارىخىي قامال» دەپ مەدھىيىلەپ يازغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يىۋتىدېم ساكلاردىن ياردەم سورىماقچى ۋە ھەتتا گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىنى يەرلىك ساكلارغا بېرىۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئانتىئوخ Ⅲ «ياۋايىلار پاتقىقى»غا پېتىپ قېلىشتىن قورقۇپ قامالنى بىكار قىلىپ دەرھال چېكىنىدۇ. شۇ ئەسنادا ئانتىئوخ Ⅲ بىلەن يىۋتىدېم ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت بولىدۇ. يىۋتىدېم سېلېۋك Ⅰ نىڭ تۇل خوتۇنىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ ئوغلى دېمېترىنى سۆھبەتكە ئەۋەتىدۇ. يېزىلىشىچە، دېمېترى ئانتىئوخ Ⅲ نىڭ قارارگاھىغا بېرىپ ئۇنى قايىل قىلغان. نەتىجىدە يىۋتىدېمنىڭ گرېك — ماكتىرىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىقى ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇلار گرېك مىللىي مەنپەئەتلىرى بىلەن ماسساگېتلار تەھدىتى ئۈستىدە بىردەك قاراشتا بولغان. تەبىئىيكى بۇ مېتروپوللۇق مەنتىقىسى ئىدى!

گرېك ـ باكتىرىيە دۆلىتى يىۋتىدېم سۇلالىسى دەۋرىدە داۋاملىق كېڭەيتىلدى. دېمېترى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 190 — 180 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا گرېك ـ باكتىرىيە دۆلىتى تەركىبىگە ئارىيە (ھېرات) ۋە ئاراخوزىيە (قەندىھار)، رانفىيانا (شەرقىي ئىراندىكى خامۇن كۆلى ئەتراپى)، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پارا پامساد، شىمالىي ۋە غەربىي ھىندىستان، قىسقىسى سىر دەرياسىدىن ھىندى دېڭىزىغىچە جايلار قوشۇلغانىدى. سترابوننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، گرېك ـ باكتىرىيە دۆلىتى ئۆز چېگرىسىنى چىن (يىپەك ئېلى serus) ۋە فائون (ھۇن) زېمىنلىرىغىچە

تۇتاشتۇرۇپ ، پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر — قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ مەدەتكارلىقىغا ئىگە بولغان ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەتدارلىق لىنىيىسى ھاسىل قىلغان . بۇ چاغدا دېمېترى چىقارغان پۇللارغا ئۆزىنىڭ پىل بېشى سۈرەتلىك تاج كىيگەن رەسىمىنى سوقتۇرۇپ ، گرېك ۋە قارۇشتى — ساك يېزىقلىرىنى پۈتكۈزگەن .

دېمېترى باشچىلىقىدىكى گرېك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇ قەدەر كەڭ تېررىتورىيىگە ئېرىشىشى يەنىلا غالىب ، ئەمما ۋەتەنسىز گرېك مۇھاجىر ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم زېمىن بولمىدى ! دېمېترى ھىندىستاندىكى ۋاقتىدا باكتىرىيىدىكى ھاكىمىيەت يېۋكراتىد (Evkratid) تەرىپىدىن مەجبۇرى تارتىۋېلىندى . ئېھتىمال گرېك ـ باكتىرىيە دۆلىتى سەركەردىسىنىڭ بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش پەيتىدە سوغدىئانا بۇ مەملىكەتتىن ئايرىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 162 ـ يىلى يېۋكراتىد پەنجئاب رايونىغا باستۇرۇپ كىرىپ بۇ جاينى دېمېترى ۋارىسلىرىدىن تارتىۋالدى . ئۇ 155 ـ يىلى ھىندىستاندىن باكتىرىيىگە قايتىش سەپىرىدە ئوغلى گېلىئوكل (Geliakl) تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىدۇ .[①] تروگ پومپىنىڭ يېزىشىچە گېلىئوكل زامانىسىدا گرېك ـ باكتىرىيە ئىچكى ئۇرۇش ۋە قەبىلىلەر ئۇرۇشلىرى بىلەن راسا ئاجىزلاشقانىدى . گرېك ـ باكتىرىيە دۆلىتى توخارلارنى ئاۋانگرات قىلغان ساكلارنىڭ ھۇجۇمى ئاساسىدا ئاخىرلاشتى .

* *

گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى ئۇزاق داۋام قىلمىغان

① بەزى مەنبەلەردە يېۋكراتىد ئوغلى ئاپوللودوتۇس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئاپوللو دوتۇس قېرىندىشى گېلىئوكل تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان دەپ يېزىلغان .

بولسىمۇ ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى . بۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيا ۋە گرېك مەدەنىيىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋە سېلېۋكلار سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان ئاساستا ، ئەمما بىر قەدەر تىنچ مۇھىتتا ئۆز ئارا تەسىر قىلىپ ، ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەيدا قىلدى .

شۇ نەرسىنى ئىزاھلاش ھاجەتكى ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېللىنىزم مەدەنىيىتى مۇھىم بىر تېما ، بۇ يالغۇز ئىگىلىك جەھەتلەردىكى يېڭى ماددىي مەدەنىيەت ئۆركىشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن ، يەنە دىن ۋە ئېتىقاد ، پەلسەپە ۋە سەنئەت جەھەتلەردىكى يېڭى مەنىۋى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئارخېئولوگىيىلىك ۋە مەدەنىيەت تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇردىن كۆپلۈكى ۋە تەسىرىنىڭ ئىزچىللىقىنى كۆرسەتتى .

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى گەرچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كارۋان يولى قاتنىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، گرېك - ماكېدونىيىلىكلەر زامانىدا مەركىزىي ئاسىيادا يەنە يېڭى يوللار مەيدانغا كەلدى . بۇ زاماندا ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېكادان (ھاماد ) ، دەمەشىق ، گرېتسىيىگە سوزۇلغان غەربىي ئاساسىي يولدىن باشقا ، يەنە ھىندىقۇشتىن ۋاخان جىلغىسى ، قارا تېكىن (بەزىدە قاراچىن ) — ئالوي جىلغىسى ئارقىلىق قەشقەرگە ئېلىپ بارىدىغان شەرقىي غول يول بولغان . بۇلاردىن باشقا ھىندىستاندىن ئىسسىقكۆلنى ياقىلاپ سىبىرىيىگە — لېنا بويىدىكى شىمالىي تۇران ئالتۇن كانلىرىغا سوزۇلغان قەدىمكى «ئالتۇن يول» بار ئىدى . بۇ يوللاردا شەرقتىن غەربكە ، جەنۇبتىن شىمالغا چىن يىپەكلىرى ، ھىندىستاننىڭ خۇش پۇراق ماتېرىياللىرى بىلەن پىل چىشى (دەندان ) بۇيۇملىرى ،

بەدەخشان ياقۇتى ، خارەزم مارجانلىرى ئۈزۈلمەي توشۇلاتتى .

ئېللىنىزم دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاۋات شەھەر — گۈزەلەر مەيدانغا كەلدى . ماراكاندا ۋە باكتىرىيە ئەينى زامانىدىكى غايەت زور خەلقئارا شەھەر ، شۇنداقلا شەرق ئېللىنىزمىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالغانىدى . قۇللار ئەمگىكى ۋە قول ھۈنىرى ، خەلقئارا سودا ۋە قاتناش تەرەققىياتى نەتىجىسىدە گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى سترابوننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «مىڭ شەھەرلىك دۆلەت» بولۇپ شۆھرەت تاپقان .

دېھقانچىلىق ، ئۈزۈمچىلىك ، ئاتچىلىق ، قويچىلىق ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى . ئوتتۇرا ئاسىيا ، بولۇپمۇ مارجيانانىڭ ئۈزۈمچىلىكى ئەينى زاماندا ياۋروپالىقلارنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولغان . بۇ ھال پۇل مۇئامىلىسىنى تېزلەتكەنىدى . شەھرى سەبىز ، بۇخارا ، زەرەپشان ، خارەزم ، تىرمىز ، فەرغانە ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن دىئودولۇس ، يېۋتىدېم ، دېمېترى ۋە گېلىئوكىل زەرپ قىلدۇرغان پۇللار تېپىلغان . يېۋتىدېم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 200 - يىللىرى ئالتۇن پۇل قۇيدۇرۇش ئۈچۈن ئالتۇنغا ئەۋەتكەن كىشىلىرى كۆك كۆز ، قىزىل چاچلىق چىنلىقلارنى ئۇچراتقانلىقى مەلۇم ، ئالتۇن كانلىرى بولمىغان باكتىرىيىلىكلەر ئالتاي ۋە خوتەندىن ئالتۇن توشۇغان .

گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى دەۋرى قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يېزىق تارىخىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بىر دەۋر بولدى . بۇ چاغدا ھاكىمىيەتچىلىكتە گرېك تىل - يېزىقى قوللىنىلدى . يەرلىك خەلق بولسا ئۆز تىلىدا سۆزلىشەتتى . سىماچيەننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا فەرغانىدىن ئارشاك فارفىيە خانلىقىغىچە بولغان خەلق ئۆزئارا چۈشىنىدىغان بىر خىل تىلدا سۆزلەشكەن . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III

ئەسىرلەردە ئالامىيا يېزىقى ئاساسىدا خارەزم يېزىقى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅱ ئەسىرلەردە بولسا سوغدى يېزىقى ۋە قارۋشتى يېزىقى مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم. گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە قارۋشتى — ساك يېزىقى گرېك يېزىقى بىلەن بىللە قوللىنىلدى. بۇ يېزىقتا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان تارىشا پۈتۈكلەر تەكلىماكان — تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان.

شەرق ئېللىنىزمى ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەتتە بىر قەدەر روشەن ئىپادىلەندى. مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئېتىقادى ئاساسىدا كۆن، ئاي، يۇلتۇز ۋە ئوتقا، جۈملىدىن يەر ۋە سۇغا ئېتىقاد قىلاتتى. قەدىمكى ئاندرونوپ — ئارىيانلارنىڭ تۆچ دەۋرى روھىيىتىگە خاس ئانىمىزملىق مۇئەككەللىرى بولغان. ئەڭ ئىپتىدائىي تۆت زات (تۆت تادۇ) بولغان ئوت، هاۋا، سۇ، تۇپراق كۆزقاراشلىرى بارغانسېرى ئوتقا — ئاگىنىگە چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. كۆن — قەدىمكى تۇران ئاهالىسىنىڭ باش تەڭرىسى ئورنىغا كۆتۈرۈلۈشكە يۈزلەنگەن. ئاتەشپەرەسلىك دىنىي تەسەۋۋۇرىدىكى ئاخىرومازدا ئىلاھىدىن ئىلگىرىلا ئوتقا تىۋىنىش هادىسىسى ساقلانغان. چەلپەكتوز ئەڭ قەدىمكى ئوت مۇئەككەللىرىدىن بىرى بولغانلىقى مەلۇم. قۇياش ئوبرازى ماۋەرائۇننەهر قەدىمكى ماسساگېت — سوغدىلىرى ئارىسىدا مىترا ئىلاھى ئوبرازىنى شەكىللەندۈردى. يەر - سۇ ئىلاھى ئوماي بىلەن ئاناخىت بىرلىشىپ كەتكەنىدى. خۇبىي سىر دەريا ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ سۇ مۇئەككىلى بولۇپ، ئۇ بىر قولىدا بېلىق تۇتۇپ، ئىككىنچى قولىدا بۇ بېلىقنى كۆنگە قاقلاپ پىشۇراتتى. مىررىخ جەڭ ئىلاھى بولۇپ كۆتۈرۈلگەن. «ئاۋېستا»دا خۇددى چوشقا قىياپىتىدىكى ۋېرترانگا ئوبرازىمۇ مىترانىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. شەرق ئېللىنىزم دەۋرىدە بۇ ئىلاھىي ئوبرازلار بىلەن گرېك —

ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ زېۋس، ئافىنا، ئاپوللو، پوسېيدون قاتارلىق ئىلاھىي ئوبرازلىرى ئارىلاشتى. بۇ شەرق - غەرب خەلقلىرى ئانىمىزمى ۋە ئەپسانىۋى ئىلاھىيەتچىلىكىدىكى بىر ئارىلاشمىلىق سۈپىتىدە شەرق ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئەپسانىۋى مەزمۇنىغا يېڭى تۈس كىرگۈزدى. گرېك — باكترىيە دۆلىتىنىڭ مېتال پۇللىرىغا ئاناخت ۋە مىترا ئوبرازلىرى چۈشۈرۈلدى.

دىنىي ئارىلاشمىچىلىق زوروئاستېر (گرېكلەر «زارا ئاسترا» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ) دىنىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھىندىستانغا ماكانلاشقان ئارىيانلار ئەۋلادىدىن بولغان ساكىيامۇنى (ساك دانىشمىنى) دەپ ئاتالغان سىددىخارتا ياراتقان بۇددا دىنى براخمان دىنىي تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 253 - يىلى ئاسوكا تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان بۇددىزم ئۈچىنچى قۇرۇلتىيىدىن كېيىن گرېك — باكترىيە (ياۋانا) گە تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ ھال پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادا ئەينى زامان دۇنياسىدىكى ئاساسلىق دىنىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش جەريانىنى كۈچەيتتى. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە سەنئەت ئىدېئولوگىيىسى، پەلسەپە ۋە تەبىئەت ئىلىملىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى ۋە گرېك سەركەردىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى نەتىجىسىدە گرېك تىياتىر سەنئىتى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېقىپ كىردى. بۇ خىل گرېك تىياتىر سەنئىتى گرېك خەلق تىياتىرلىرى بولغان «ماسكاراس»① بىلەن كلاسسىك گرېك تراگېدىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى سىستېما بويىچە كىرىپ كەلدى.

---

① ماسكىلىق تىياتىر قىزىقچىلىقنى يۈزىگە نىقاب تارتىش ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. بۇ كېيىنچە «مەسخىرە» تىياتىرى، مەسخىرۋازلىق دەپ ئاتالدى.

كۆنت كۇرتسىي روف «ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابىدا: ئىسكەندەرنىڭ دادىسى فىلىپ تىياتىرغا ھېرىسمەن كىشى ئىدى، ئۇ تىياتىر كۆرۈۋاتقان ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ يازىدۇ.① پولىتارىخنىڭ يېزىشىچە، ئىسكەندەرمۇ تىياتىرغا ھېرىسمەن بولغان، شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئۈچ مىڭ تىياتىر ئارتىسىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان ۋە جەڭ ۋاقىتلىرىدا ئارام ئالغاندا ئوقۇش ئۈچۈن سوفىكىل، ئېسخىل، ئېۋرىپىدىسنىڭ مەشھۇر تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىنى ئالدۇرغانىدى.

ك. ۋ. ترېۋېر «گرېك — باكترىيە دۆلىتى يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە (1940 - يىل، موسكۋا نەشرى) گرېك — باكترىيە دۆلىتى سارايلىرىدا گرېك كلاسسىك تراگېدىيىلىرى ئوينالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. س. پ. تولستوف «ئۆزبېكىستاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» (1943 - يىل، تاشكەنت نەشرى) ناملىق ئەسىرىدە ھەتتا گرېكلارغا قارشى مەۋقەدە تۇرغان فارفىيە سارايلىرىدىمۇ گرېك كلاسسىك تراگېدىيىلىرى ئوينالغانلىقى، فارفىيىلىكلەر گرېك مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىدە بولمىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

قازاقىستاننىڭ يەتتەسۇ رايونى كوستاناي ئوبلاستى توغراي قىشلىقىدىن تېپىلغان كۈمۈش تاۋاقتىكى مىلادىيە I ئەسىرگە ئائىت قاپارتمىلىق (چېكانكىلىق) تەسۋىرىي رەسىملەر گرېك كلاسسىك تراگېدىيىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئېۋرىپىدىس ئەسەرلىرىنىڭ يالغۇز باكترىيە رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى يەتتەسۇدا كەڭ تۈردە سەھنىلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. نيۇ - يوركتا ساقلىنىۋاتقان شۇ خىل رەسىملىك تاۋاق بۇ نۇقتىنى

① شۇ كىتاب، 1963 - يىل موسكۋا نەشرى، 391 - بەتكە قارالسۇن.

تېخىمۇ ئىسپاتلىدى .

ئامېرىكا ئالىمى ك . ۋېيتسماننىڭ تەتقىقاتىچە ، كوسناتاي كۈمۈش قاچىسىغا ئېۋرىپىدىسنىڭ «ئاكىستىدا» ، «ئالوپ» ، «ۋاكخ قىزلىرى» ، «ئىپولىتى» ، «ئىئون» دراممىلىرىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرى بېرىلگەن . «ئاكىستىدا» دراممىسىدا ئادمېت پادىشاھنىڭ مېھرىبان خوتۇنى ئاكىستىدا ئېرى ئادمېتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە تاقەت قىلالماي ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇربان قىلىش قارارىغا كېلىپ ۋىدالىشىۋاتقان ۋاقىتىدىكى كۆرۈنۈش سىزىلغان . رەسىمدە ئاكىستىدا بېشىغا رومال ئارتقان بولۇپ ، سول قولىنى ئېرىگە ئۇزاتسىمۇ ئۇنىڭ كۆكسىگە يەتمىگەن ، ئوڭ قولى ئارقىلىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇستى كىيىمىنى سىقىمداپ ئاخىرقى مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن . ئەسلى تېكىستتە :

«بەختسىز شورلۇق يەتتى ! ئۆزۈڭنى تۇت ، سىر بەرمىگىن ،
ئاسمان ھۆكۈمرانىدىن نىجاد تىلە ، ئۇنىڭغا سېغىن !»

دەپ يېزىلغان كۆرۈنۈش دەل مۇشۇ بولغان .

كوسناتاي كۈمۈش قاچىسىدىكى يەنە بىر سەھنە كۆرۈنۈشى ئېۋرىپىدىسنىڭ «ئالوپ» دراممىسىدىكى ئېلېۋسى پادىشاھى كىركىناننىڭ گۈزەل قىزى ئالوپ دېڭىز ئىلاھى پوسېدوندىن نىكاھسىز تۇغۇپ قويۇپ ، ئاتا غەزىپىدىن قورقۇۋاتقان پەيتىدىكى تىپىك ھالەت كۆرۈنۈشى ئىدى .

ئۇنىڭدىن كېيىن «ۋاكخ قىزلىرى» دراممىسىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن پارچە سىزىلغان . بۇنىڭدا ھاراق ئىلاھى دىئونۇس شەرىپىگە بېغىشلانغان بىرىنچى قېتىملىق دىئونۇس بايرىمىنى كۈتۈۋالغان ۋاكخلىق قىزلار تەسۋىرلەنگەن .

نيۇ - يوركتا ساقلانغان كۈمۈش قاچىغا ئېۋرىپىدىسنىڭ

«گىراكىلنىڭ ئەخلاقتىن ئادىشىشى» ، «پلىئادا» ، «تېلېف» ، «ئىگېي» ، «ئىپپولىت» دراملىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى بېرىلگەن . ك . ۋېيتسماننىڭ تەتقىقاتىچە بۇ كۇمۇش قاچىلار مەركىزىي ئاسىيالىق ئۇستىلار قولىدا ياسالغان . پولىتارىخ «كراسىش» ناملىق ئەسىرىدە (33 ـ پاراگراف) فارفىيە شاھى ئاردو Ⅱ نىڭ سارىيىدا ئوينالغان «ۋاكخ قىزلىرى» دراممىسىدىكى ساراڭ ئاگاۋا رولىنى يەرلىك ياسان ناملىق ئارتىس ئويناپ چىققان ، دەپ يازغان .

گرېك كلاسسىك تىياتىرىدىن باشقا خەلق سەنئىتى ھېسابلانغان دىئونوس بايراملىرى ، نىقابلىق مەسخىرە تىياتىرلىرى مەركىزىي ئاسىيادا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان . دىئونوس گرېكلارنىڭ مەي ئىچىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئەلنەغمە تىياتىرى بولۇپ ، هاراق ئىلاھى دىئونوسقا بېغىشلانغانىدى . ئۇ چاغلاردا بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچىلار ئۆچكە تېرىسىنى يېپىنىپ نىقابلىنار ئىدى . ئوررىئاننىڭ كۆرسىتىشىچە ، گرېكلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرىلا يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى دىئونوس بايراملىرىدەك ئۈزۈم هارىقى ئىچىپ ئوينايدىغان خەلق ئويۇنلىرى بولغان . تېرمىزدىن تېپىلغان ئىدىشقا ئۈزۈم يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى شىركەيىپ قىز رەسىمى سىزىلغانىدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرگە ئائىت بۇخارادىن تېپىلغان كۇمۇش قاچىغا ، بەدەخشاندىن تېپىلغان كۇمۇش ئىدىشقا ، مىلادىيىنىڭ بېشىغا ئائىت تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىدىكى نىسادىن تېپىلغان مۈڭگۈز قەدەهكە شۇ خىل مەي بايراملىرى كۆرۈنۈشلىرى ئويۇپ ياسالغان . مىلادىيىدىن كېيىنكى Ⅲ — Ⅳ ئەسىرلەرگە ئائىت كۆپلىگەن نىقابلار ئەپراسىياپ قەدىمىي شەھىرى ، نىسا ۋە خوتەنلەردىن تېپىلدى . خوتەندىن تېپىلغان كۆپ ـ ئىدىشلارنىڭ ساپلىرىغا قاپارتمىلىق شەكىلدە ھەر خىل قىزىقچىلىق قىياپەتلىرى ، بەرباپ چېلىۋاتقان مايمۇن قىياپىتىدىكى

كۆرۈنۈشلەر ئويۇلغان . بۇ ئېھتىمالەم يەرلىك خەلقنىڭ مەيراپ پىشۇرىدىغان كۇپلەردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت شەكلى بولسا كېرەك . بۇ ھال نىقابلىق تىياتىر سەنئىتىنىڭ شەرق ئېللىنىزمىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسەتتى . مۇنداق قىزىقچىلىقلار ھەتتا يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ساقلانغان . نەۋائى «ھەيراتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ 32 ـ بابىدا :

مەسخەرەكىم كۆلكى ئۆچۈن باج يېر ،
بىر دەرەم ئالغۇنغا ئىككى كاج يېر .

دەپ يېزىپ ، ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەخسۇس قىزىقچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگۈچى سەنئەتكارلارنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

شەرق ئېللىنىزمى مۇزىكا سەنئىتىدە ئۆزئارا يېڭى تەسىر قىلىش پەيدا قىلدى . گرېك — باكترىيە مۇزىكىلىرى گرېكلار ، ھىندىستانلىقلار ، ئىرانلىقلار بىلەن قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇزىكا سۆيەر خەلقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . سىبزغۇ ، ناغرا ، كاناي ، بەرباپ ، كامالچىلىك سازلار بىلەن غوڭقا — ئارپا مۇزىكىلىرى كەڭ قوللىنىلدى . گرېك كۆيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىگە تەسىر كۆرسەتكەندەك «ماھادۇر» كۆيلىرى[1] كېيىنچە گرېك كۆيلىرىدىكى «دۇرۇس» مېلودىيىلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى .

تاش ئويما ، كۈمۈش تەلەڭگىگە چىكانكا ئىشلەش ، لاي قونچاق ۋە باشقا رەسساملىق سەنئىتىدە ئېللىنىزم ئۇسلۇبى ئىپادىلىنىشكە باشلىدى . بۇ كېيىنچە بۇددىزم ھەيكەلتىراشلىقى ۋە رەسساملىق سەنئىتىدىكى ئارىلاشمىچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ

① جالڭ چيەن «موخىدولى» كۈيى دەپ يازغان بۇ كۈي قۇمۇلدا «ئۇلۇغدۇر» دەپ ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا .

مەيدانغا كېلىشىگە مۇھىم بىر مەنبە بولدى .

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، ئېللىنىزم دەۋرىدە تەبىئەت ئىلىملىرى تېخى پەلسەپە بىلەن بىر گەۋدە ئىدى . ئارىستوتېل پېرىپاتىتىزمى ئىسكەندەر دەۋرىنىڭ ھۆكۈمران دۇنيا قارىشى سۈپىتىدە خېلىلا كەڭ تارقالغان . سېلېۋكىلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا يېڭى كالېندار قوللىنىلدى . گرېك تېبابەتچىلىكى — تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئىچكى كېسەللىكلەر جەڭ ۋە تىنچ دەۋرلەردە گرېكلار ئارىسىدا ، كېيىنچە يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ تۆت زات قارىشى ئاساسىدا كېسەل داۋالاشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى ئاللىقاچان قارا دېڭىز ساھىلىدىكى سكىفلار ئارقىلىق گرېكلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئېمپېدوكىل ( «تۆت فىزىس» ) ، ھېپپوكرات ( «تۆت خاراكتېر» ) تەلىماتلىرىدا قايتا ئىشلەنگەنىدى . ئۇ ھىندىلارنىڭ «چارۋاقا» ( «تۆت پرىنسىپ» ) كۆزقاراشلىرى بىلەن قوشۇلدى .

گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن ، ھەتتا گرېتسىيە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلانغاندىن كېيىنمۇ ، شەرق ئېللىنىزمى ئۆز تەسىرىنى تۈگەتكىنى يوق . بىز بۇ تەسىرنى دۇنياۋى تارىخىي خاراكتېرلىك كۆشان بۇددىزم مەدەنىيەت تېپىدىن ، خەلىپە مەئمۇن دەۋرىدە باشلانغان گرېكلاردىن ۋە شەرقتىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىدىن ، بەسىرە ۋە ھەلىپتىكى ئەرەب تەرجىمىشۇناسلىرىنىڭ ، مەرۋى ۋە بەلختىكى مەركىزىي ئاسىيا تەبىئەت ئالىملىرىنىڭ پائالىيىتىدىن ، شەرق ئارىستوتېلى دەپ شۆھرەت قازانغان ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىدىن ، مۇھەممەت مۇسا خارەزمى ، ئەلفارغانى ، ئىبن سىنا ، ئەبۇ رەيھان برۇنى ، ناسىر خىسراۋ ، ئۆمەر ھاييام ، ئۇلۇغبېگ ، مىرزابېدىل قاتارلىقلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىدىن ، رابغوزى ، نىزامى گەنجىۋى ، خىسراۋ دېھلىۋى ، ئابدۇراخمان

جامى ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئۆلمەس بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز . مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا بۇ ئەسەر «ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» ، «ئارىستۇ ھېكىم» ، «ئەپلاتون» ، «لوقمان ھېكىم» ، «بەقرات ھېكىم» ، «سوقرات ھېكىم» ، «ئىۋقىلوس» (ئىۋكىلىد) «يۇنانىستان» ، «ئىسكەندەر تىلسىمى» ، «ئىسكەندەر ئەينىكى» نامى بىلەن خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىگە سىڭىپ كەتكەن .

شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى ، مەركىزىي ئاسىيادىكى ، ئومۇمەن گرېكلەشكەن دۆلەتلەردىكى ئېللىنىزم مەدەنىيىتى ھەرگىزمۇ گرېك — ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ھەربىي مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تۆھپىسى ئەمەس . بۇ بىر تەرەپتىن ، دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى ھادىسىسى بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغان تىز پۈكمەس ئەنئەنىسى،جەڭگىۋار روھى ۋە مىللىي ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن خەلقلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ، تارىخىي مەدەنىيەت ئۆركىشىگە ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى . ئۇلار ئىزچىل سېپىل - گازارمىسىز ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدى .

ئىككىنچى باب

# هۇن سەلتەنىتىنىڭ تۇرانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

## 1 . هۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئاساسلىق يىراق ئەجدادلىرى ھېسابلانغان ئاندرونوپ — ئارىيانلار بايقال — يەنسەي ، بالقاش — يەكسارت ، سېلىنگا — تارىم ۋادىلىرىدا ياشاپ ، جىلغا — يايلاق — بوستان مەدەنىيەتلىرىنى يارىتىپ ، ئات ۋە برونزا بىلەن قوراللىنىپ ، ساۋاتسىز چەۋەندازنىڭ يېزىقسىز تارىخ كىتابىنى رويابقا چىقارغانىدى . ئەزەلدىن قۇياشنى ئىككى ، دەپ قارىمىغان بۇ ئىنسان تۇركۈملىرى ئاستىدىكى چەكسىز زېمىنگە تويۇنغان ، ئۇچقۇر ۋاقىتقا ھېرىسمەنلىكنى مودېل قىلغان ماكان ـ زامان قارىشى بىلەن چاپچىپ تۇرغان بىر توپ تۇلپاردەك كىشنەپ ، يېقى ـ يېقى ھاياتلىق ماكانلىرىغا قاراپ پەرۋاز قىلىپ ، بىر قانچە مىڭ يىل ئىچىدە غەرب ۋە جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ ئاسىيا — ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ كۆچۈش تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە بىر قانچە ئۆركىشىنى شەكىللەندۈردى .

تارىخ بۇ خەلقلەرگە نېسىپ قىلغان تەبىئەت ئۇچۇن مەۋجۇت بولسىمۇ ، لېكىن ئىنسانىيەت ئۈچۈن تېخى ئاشكارا بولمىغان زېمىن سەھنىسىنى ئېچىپ ، ناتونۇش خەلقلەر ئارىسىغا سودا ـ

ئالاقە رىشتىلىرىنى تارتىش ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بىر پۈتۈن راۋان قانالغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ھەم ئوقياچى بەدەۋىيلەر ھەم كارۋانچى مەرىپەتچىلەر ئوبرازىدا ئورۇندىدى .

قەدىمكى ئىنسان تۇركۇملىرىنىڭ بېكىنمە دەرۋازىلىرىنى قاققان ، بىر قىلىپتىكى مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنى مۇقەددەس بىلگەن ھالدا جاھاندىن بىخەۋەر ھايات كەچۈرۈۋاتقان خەلقلەر ھاياتىغا تەكرار داۋالغۇش ئېلىپ كەلگەن ، چەكسىز ۋادىلاردا كەلكۈن بولۇپ ئاققان بۇ خەلقلەرنىڭ ھەر خىل ئىقلىملاردا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتنامىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلار بارلىق قەدىمكى ئىمپېرىيىلەر يېزىقلىرىدا يىرتقۇچ ھايۋان ۋە ياكى ياۋايى – بەدەۋىيلەر ئىبارىلىرى بىلەن ھاقارەتلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز . بۇ خىل قەدىمكى ئىرقىي ئۆچمەنلىك ھەتتا ئىككى – ئۈچ مىڭ يىلدىن بېرى ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرى تارىخ دەرسلىكلىرىگىچە داۋاملىشىپ كەلدى ! بۇ ھاقارەتچى مۇئەللىپلەر بىلەن مۇدەررىسلەر ، ئەگەر ئۇ خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئىستىخىيە بىلەن ئېلىپ بارغان ئىشلىرىنى ئۆز مىللەت تارىخى بىلەن پۈتۈن كىشىلىك تارىخىدىن چىقىرىپ تاشلىۋېتىشكە ئۇرۇنغىنىدا ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن نېمىلەرگە ئېرىشىپ ، نېمىلەردىن مەھرۇم بولىدىغانلىقلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويلاپ كۆرۈشمىدى . ئەگەر ئويلاپ كۆرۈشكەن بولسا يەكۈن باشقىچە بولاتتى .

مانا مۇشۇ ئاسىيانىڭ بىپايان يايلاقلىرىدىكى كۆچمەنچى قەبىلىلەرنىڭ قاينار بۇلاق – چەشمىسىدە مىلادىيىدىن Ⅲ ئەسىر مۇقەددەم باش كۆتۈرۈپ ، مىسلىسىز شاۋقۇنلۇق تارىخ سەھىپىسىنى ئاچقان خەلق — ھۇنلاردىن ئىبارەت . ئۆز ئەۋلادلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەيمىنىدىغان بۇ ئاجايىپ ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ ئەسىر ، مىلادىيىدىن

كېيىنكى بەش ئەسىر ئىچىدە كونا قورۇ تارىخىغا ئوچۇق ئىزنا ۋە ئەبەدىيلىك يوشۇرۇن تەسىر قالدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتتى.

بىز كىتابىمىزنىڭ خاس ھۇن تارىخى تېمىسىدا ئەمەسلىكىنى، بۇ داڭدار سەلتەنەت تېمىسىدا يېزىلغان ھەر خىل مۇقامدىكى كىتابلارنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، پەقەت ھۇن تارىخىنىڭ تارىخ پەلسەپىسى قىممىتى — تۇران تارىخىدىكى تۇتقان خاس قاتلىمى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

ھۇنلار تارىخى ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمكى يازما مەنبەلەر ئىچىدە جۇڭگو يىلنامىلىرى نوپۇزلۇقتۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن يېرىم ئەپسانىۋى «نەسىرنامە» (尚书) دەك ئەسەرلەردە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلسىمۇ، سىماچيەنىنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىدىن باشلاپ بىر قەدەر ئەمەلىي يېزىلغان.

سىماچيەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا ھۇنلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىۋى ئەجدادلىرى يەن — خۇاڭ دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولغان. خۇا — شيا قەبىلىلىرى دەۋرىدە ئۇلار چۇنۋېيلەر (淳维) دەپ، ئەپسانىۋى پادىشاھلار ياۋ — شۇن زامانىدا، خۇاڭدى (سېرىق ئىمپېراتور) دەۋرىدە شۈن جۇ (荤粥) دەپ ئاتالغان، سېرىق پادىشاھ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان. تۇنجى قۇلدارلىق دۆلىتى يىن (شاڭ) خانلىقى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XVI — XI ئەسىرلەر) دەۋرىدە ئۇلار رەسمىي يىرتقۇچ بەلگىلىك خەت بىلەن شۈن جۇ (獯粥) لار دەپ يېزىلغان، جەنۇبىي خېبېيدىن دوڭتىڭخو كۆلىگىچە، شەندۇڭ يېرىم ئارىلىدىن گاۋجىن (شىئەنگچە) بولغان چەكلىك زېمىندىكى دەسلەپكى جۇڭگو قۇلدارلىق سەلتەنىتى بولغان شاڭلارنىڭ ئۇرۇش قىلغانلىقىغا قارىغاندا ھۇنلار ھازىرقى شەنشى، سەنشى، خېبېي ئەتراپلىرىغا كەلگەن. غەربىي ۋە

شەرقىي جۇ سۇلالىسى زامانىدا ئۇلار شيەنيۈن ( 猃狁 )لار دېيىلگەن . پەقەت جەنگو (ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر ) ۋە چىن سۇلالىسىدىن كېيىن ، ئېنىقى تومان تەڭرىقۇت هۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇرغاندىن كېيىن ئۇلار شۇڭنۇ ( 匈奴 ) دەپ يېزىلىدىغان بولدى .

شۇنى تىلغا ئېلىش هاجەتكى چۇنچيۇ — جەنگو دەۋرلىرىدە هۇنلار بىلەن شەرقىي جۇ پادىشاهلىقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مۇرەككەپلىك قۇلدارلىق سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە قەبىلىلەر مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تارىخىي تامغىسى بىلەن خاراكتېرلەنگەن . بۇ چاغدا چۇنچيۇ — جەنگو دۆلەتلىرى شىمالىي دىلار ، غەربىي كۇيلارنىڭ زېمىنلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ، جەڭلەر ئارقىلىق قۇل ئەسكەرلەر مەنبەلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ مۇناسىۋەتنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەندىن تاشقىرى يەنە ئۆزئارا ئۇرۇشلاردا ئۆز رەقىبلىرىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن پات - پات كۇي — دىلار ۋە هۇن قەبىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىگە سالاتتى . بۇ خۇددى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ «بەدەۋى» مىللەتلەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كەتكەنىدى . بۇنىڭدىن باشقا كۇي — دىلار ۋە هۇنلارمۇ چۇنچيۇ — جەنگو دۆلەتلىرىنىڭ تەسىرىدە ، ئۆز ئىچىدىكى تەبىقىلىق پارچىلىنىشلار نەتىجىسىدە بارغانسېرى سىنىپىي جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلەنگەنىدى . ئۇلار باشقا زېمىنلار ۋە قەبىلىلەرگە ، جۈملىدىن چۇنچيۇ — جەنگو دۆلەتلىرىگە توغرىدىن - توغرا ياكى باشقا ئىتتىپاقچىلىرى بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ ، بۇلاڭ - تالاڭ غەنىيمەتلىرىگە ئىگە بولۇشقا قىزىقاتتى . ئەلۋەتتە ، بۇ كۆچمەن قەبىلىلەردىكى ئادەت بولۇپ بۇنىڭدىن باشقا تىنچ مال ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىمۇ خېلى كەڭ ساقلانغان . جۇ يۇۋاڭنىڭ ( 周幽王 ) لىشەن تېغىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ، پايتەختىنىڭ لويى (لوياڭ )غا يۆتكىلىشى ، جاۋ لىڭۋاڭنىڭ ( 赵灵王 ) ئاتلىق

قوشۇن تۈزۈش ۋە غۇز كىيىملىرىنى كىيىش تەشەببۇسى قاتارلىقلار بىلەن چۇنچيۇ پادىشاھلىرىنىڭ شۇكۇي ( 叔隗 ) ، جىكۇي ( 季隗 ) ، خۇجى ( 狐季 ) ، شياۋرۇڭزى ( 小戎子 ) قاتارلىق كۇي — دى قەبىلىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى بۇنىڭ بىر قانچە ئىپادىسى بولغان . «نەزمىنامە» ( 诗经 )دە بۇ ھادىسىلەرنىڭ قىسمەن ئىپادىلىرى ساقلانغان .

مانا بۇلار سىماچيەننىڭ مۆلچەرلىشىچە ، مىڭ يىللار ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزاق دەۋرنى — ھۇن قەبىلىلىرى تارىخىنىڭ بىرىنچى دەۋرىنى تەشكىل قىلىدۇ . بۇ دەۋر ھۇنلارنىڭ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق ، قەبىلە ۋە ئىپتىدائىي قەبىلىلەر بىرلەشمىسى سۇپىتىدە ئۇيۇشۇش دەۋرى ئىدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى (چىن شىخۇاڭ ئۆلۈپ ، ئورنىغا ئوغلى خۇكى چىققان يىلى ) باتۇر تەڭرىقۇت — مودۇنخان تەختكە چىقىپ تۈنجى يايلاق قۇلدارلىق خاندانلىقىنى شەكىللەندۈرگەندىن تاكى بۇ خاندانلىقنىڭ يىمىرىلىشى ، ئۇنىڭ بىر قىسمى تەدرىجىي ئىچكى جۇڭگوغا ۋە بىر قىسمى تەدرىجىي ياۋروپاغا يۆتكىلىشىگىچە بولغان ئارىلىق ھۇنلار تارىخىنىڭ 2 - دەۋرىنى تەشكىل قىلىدۇ .

ھۇنلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۆتۈپ كەتكەن قىسمى مىلادىيىدىن كېيىنكى II ئەسىردىن باشلاپ تاكى سۇي — تاڭ سۇلالىسى زامانلىرىغىچە سىرىق دەريا ۋادىسىدا بىر قاتار فېئوداللىق پارچە دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈردى . غەربكە سۈرۈلگەن ھۇنلار V ئەسىرلەردە ئاتتىلا (? 406 — 453 ) قاتارلىقلار يېتەكچىلىكىدە ئالان - ئاۋار قاتارلىق مەركىزىي ئاسىيا كۆچمەن قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە ھۇنگارىيە (ۋېنگرىيە )دە ئولتۇراقلىشىپ ، رىم ئىمپېرىيىسىگە تەھدىت سېلىپ ئولپان ئېلىپ تۇردى ۋە ئاخىرى رىم ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلىش جېڭىدە مۇھىم رول ئوينىدى . بۇ ھۇن ئىمپېرىيىسى

www.uyghurkitap.com

پارچىلانغاندىن كېيىنكى ھۇن تارىخىغا ئائىت ھادىسىلەر بولۇپ، گەرچە مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خەلقلىرى تارىخىدىن ھالقىغان ھادىسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا بىر تېمىدىن ئىبارەت.

ھۇنلار بىر ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە گەرچە تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئالىملىرى پەقەت ھۇن خاقانلىقى شەكىللەنگەندىن كېيىنكى ھۇنلارنى ئۈلگە قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتى. ھۇن خاقانلىقى ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشقا قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى، ئالدى بىلەن شۇ ئەتراپتىكى ئۆزىگە قېرىنداش بولغان كۈي — دى — دىڭلىڭلار، قىرغىزلار، ئۇسۇنلار قاتارلىق شىمالىي، جەنۇبىي، غەربىي تۈركىي قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغانلار، سىيانپىيلار ۋە باشقا توڭغۇز — پروتو موڭغۇل قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بىرلەشتۈرۈش ۋە قوشۇۋېلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 2 ـ تومىدا ئېيتىلىشىچە، ھۇن خاقانلىقى 24 قەبىلە ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقان. شەرقىي ۋە غەربىي خانلىقلارغا بۆلۈنگەن تۈنجى يايلاق، ئوقياچى چەۋەنداز قەبىلىلىرىنىڭ سەلتەنىتى ئىدى. ئۇنىڭ قاغانلىرى ئۆزلىرىنى ئېپتىخارلىق بىلەن تەڭرىقۇت (樘梨狐涂) دەپ ئاتاشقان. بەزى تارىخچىلار ھۇنلار سەلتەنىتىنى 26 تۈركىي دۆلەتنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ياپون دېڭىزىدىن قەزۋىن دېڭىزىغىچە سوزۇلغان، دەپ يازىدۇ. بۇ ئەينى زاماندا پۈتكۈل كونا قۇرۇقلۇق — ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىمۇ تەڭدىشى بولمىغان كاتتا تېررىتورىيىدە تۇران خەلقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى بولۇپ، چىن شىخۇاڭ چەۋەنداز قوشۇن ۋە سىياسىي دىپلوماتىيە بىلەن بىرلىككە كەلتۈرگەن چىن سۇلالىسىدىن

ئىككى يېرىم ھەسسە كاتتا بولۇپ، سەددىچىنىدەك سېپىلگىمۇ ھاجىتى بولمىغان، ۋاقتىمۇ ئۇزۇن بولغان. بىز بۇ سەلتەنەتنى بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ قاغانلىرى ئۆزلىرىنى ئىمپېراتور دەپ ئاتىمىغاچقا؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرى زېمىنىدىن ھالقىمىغان، ئۆز مەدەنىيەت تىپى ۋە ئانتروپولوگىيىلىك چەمبىرىدىن ھالقىمىغان بولغاچقا؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلار جەڭ قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىنىدا، ئۇلارنىڭ كۆي — دى — زەي قاتارلىق ئەجدادلىرى ئىلگىرى ياشىغان زېمىندىن تاشقىرى زېمىنلاردا ماكان ئىگىلەش ئاقىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرمىگەچكە ئۇلارنى جاھانگىرشاي — ئىمپېرىيە دەپ ئاتاشنى لايىق تاپمىدۇق. چۈنكى، ھاكىمىيەت پەلسەپىسىنى ئاساس قىلغان ئىمپېراتورلۇق ئۇنىۋانى بىلەن قۇتنى — ئىنسانىنى تەڭرىگە ۋە ئالەم قانۇنىيىتىگە تۇتاشتۇرىدىغان كىشىلىك پەلسەپىسى قىلغان تەڭرىقۇتلۇق ئۇنىۋانىدىن پەرقلەندۇرۇشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا بىز تۇرانلىقلارنىڭ مەيلى شامانىزىم، زوروئاستېرىزىم، بۇددىزىم ۋە مانىزىم ياكى سەلتەنەت ناملىرىغا ئىشلەتكەن خانلىق، خاقانلىق (قاغانلىق) ناملىرىنى قوللاندۇق.

ھون خاقانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ قەبىلە ناملىرى بىردەك ھون ئىدى دېيىش بالىلارچە قاراشتۇر. ھون قەبىلىسى ئېھتىمال جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىغا ھون ئوبرازىدا كىرىپ كەلگەن بىر قەدەر چوڭراق خەلقلەر، قەبىلىلەر تۈركۈمىنىڭ نامى ياكى قەبىلە بىرلەشمە نامى بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار ھونلارنىڭ كۆپچىلىك قەبىلىلىرى ئوغۇزلار ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىدۇ. بەزىلىرى ھون ئىبارىسىنى «ئون» (كۆپچىلىك)، «ئورخون» دىيارى، «كۈن» تەڭرىسىگە ئېتىقاد قىلغۇچى تۈركىي خەلقلەر دېگەن تەخمىنلەر بىلەن ئىزاھلايدۇ. ھون ئىبارىسى سەلتەنەت نامىدىن كېيىنچە ئېتنىك تۈركۈم نامىغا ئۆتكەن ياكى قىسمەن شۇنداق خاراكتېر ئالغان بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى بىلەن قەدىمكى قەبرە ــ جەسەتلەر ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىسى ھۇن سەلتەنىتىگە بىرلەشكەن ئوقياچى چەۋەنداز قەبىلىلەرنىڭ ئاساسى ۋە تايانچى ئېتنىك كۈچى مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

پەقەت پ . س . پاللاس ، ۋ . بېرگمان قاتارلىق كىشىلەر ھۇن تىلىنى موڭغۇل تىلىنىڭ قالماق تىل تارمىقىغا تەۋە دەپ ئېيتىسمۇ ، كۆپچىلىك ئالىملار ھۇن تىلى دېگەن ئايرىم تىلنىڭ يوقلۇقى ، ھۇن سەلتەنىتىنىڭ تىلى دەل قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شەرقىي قىسمىنىڭ تىلى ، ھازىرقى فىن — ئوگور تىلىدىكى ھۇنگارىيە (ۋېنگىرىيە ) فىنلاندىيە ، بالتىق فىنلىرىنىڭ قەدىمكى تىللىرىغا يېقىنلىقىنى كۆرسەتتى . ئا . بېرنىشتام «ھۇن تارىخىنىڭ قىسقىچە ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىدە : «تۈرك تىلى ھۇنلار ۋە ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە ئىدى» دېسە ، ۋ . مىككوۋېرن : «مېنىڭچە ، شۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن ، ھۇن تىلى تۈرك تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بىراق ، ھۇنلار ئېھتىمالەم ئەڭ قەدىمكى ۋە ئالاھىدىرەك تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىلمىي ھەيئىتى بىرلىكتە تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى» (1959 ـ يىل نەشرى ) ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ بۆلۈمىدە : «ھۇنلار تۈرك مىللىيەتلىكىگە مەنسۇپ قەبىلىلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تىلىدا تۈركىي تەركىب ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن» دېگەن قاراشنى تەكىتلىدى . ئا . رېمۇسات ، جى . كلاپرۇد (J. Klaproth) ئې . چاۋانىس ، ۋ . رادلوۋ ، ۋ . لائۇفېر ، ئې . ھ . پاركېر ، پ . پېللىئوت ، ف . كرائۇسې قاتارلىق ئالىملار ھۇن تىلى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى تىل ئىكەنلىكىنى كۆپ تەرەپلىمە

مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ۋىزانتىيە زامانىسىدىكى گېئورگى (Georgi) لېۋ گراماتىك (Lev Gramm atik, ) نىكىتا (Nikita) قاتارلىق تارىخچىلار ئەينى زاماندا ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرگەن ھۇن قوشۇنلىرى ئىچىدە «Oungri»، «Outigour»، «Ouncgour»، «Ogor»، «Uighur»، «Koutigun»، «Sarogor» قاتارلىق نام - ئىسىملارنىڭ بولغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ما چاڭشۇ ئەپەندى (马长寿) جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىم بولۇپ، ئۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» ناملىق كىتابىدا، بايقال ساھىلىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن تەڭرىتاغلىرى بويىدىكى خۇجيەلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قانىتى دەپ، خەن — ۋېي زامانىدىكى دىڭلىڭ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئېگىز قاڭقىللار، سۇي — تاڭ ۋاقتىدىكى تېلىلارنى بىر خەلق دەپ كېلىپ، ھۇن ۋە ئېگىز قاڭقىلار تىلىدا بەزى پەرقلەر بولسىمۇ بىر خىل تىل دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ كۇسەننىڭ شىمالىدىكى ھۇنلارنىڭ كىچىك ھاكىمىيىتى — يۇرپان ئېلى (悦般国)نى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئۆرپ - ئادىتى ئېگىز قاڭقىلار بىلەن ئوخشاش دەپ يېزىلغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ.

دېمەك، ھۇن تىلى تۈركىي تىل بولۇپ، ھۇن سەلتەنىتى دەۋرىدە تۈركىي تىل ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق تىلى بولغان؛ دىڭلىڭ ۋە خۇجيە تىللىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرى بولۇپ، ھۇنلار كۈچەيگەن ياكى ئاجىزلىغان ۋاقىتلاردىمۇ ھۇن — ئۇيغۇر تىللىرى ئارىسىدا ئاساسلىق بىردەكلىك بولغان. ئۇيغۇرلارنى جۇڭگو يىلنامىلىرىدا پات - پات ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى، باشقا تۈرى دېگەندەك بايان قىلىنىشلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس. ئەمما، بۇ ئۇلار ئېنىق بىر مىللەت دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ھۇنلارنىڭ تۈركىي ئېتنىك تىپتىكى خەلق ئىكەنلىكىنى تىل

جەھەتتىن باشقا ئارخېئولوگىيىلىك ۋە ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلىغان. زابايقال، ئولانباتور، نوئىن ئۇلا قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرگىچە بولغان ھۇن مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى يەنىلا غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ماسساگېت ۋە كاۋكازىيىدىكى سىكىفىيە مەدەنىيىتى تەسىرىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن. نۇرغۇن قەبرە يادىكارلىقلىرى — قوراللار، زىبۇزىننەتلەر، نەقىش سەنئىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر يۇقىرىدا دېيىلگەن رايونلار بىلەن بىردەك بولغان. كېيىنكى چاغلارغا ئائىت قېزىلمىلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەسىرى بارغانسېرى ئېشىپ بارغانلىقى ئېنىق كۆرۈلگەن.

سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بورىئات موڭغۇل رايونىدا تېپىلغان قەدىمكى ئادەم باش سۆڭىكىمۇ سوقىچاق تۇران تىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، موڭغۇلوئىد ئىنسان تۈركۈمىنىڭ پانئانتروپولوگىيىلىك ئالامەتلىرىدىن پەرقلەنگەن.

ھۇن ئادىمىنىڭ گەۋدىسى ۋە شەكلى توغرىسىدا ھەر خىل مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ما چاڭشۇ ئەپەندى خەن سۇلالىسىنىڭ گېنېرالى خۇ چۈيبىڭنىڭ ئېتى ئاستىدا يەنجىلگەن ھۇن ئەسكىرىنىڭ تەسۋىرى بېرىلگەن تاشقا قاراپ ھۇنلارنى پاكار، دوغىلاق — موڭغۇلوئىد خەلقلەر دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. روشەنكى، بۇ دۈشمەنلىشىش شارائىتىدا خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ سىزىلغان تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇمىنى ھۇن ئادىمىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك گەۋدىسى دېگەنلىك بولۇپ، سەنئەت بىلەن رېئاللىقنى تەڭلەشتۈرگەنلىك بولاتتى. مۇنداق تەسۋىر گېرمان تارىخچىسى جوردانىس (Jordans) تەرىپىدىن: «قەددى ئېگىزمۇ ئەمەس، كۆكرىكى ۋە بېشى چوڭ، كۆزى كىچىك ۋە قىسىق، بۇرنى تۈز، تېرىسى قارامتۇل» دېيىلگەن ئاتتىلانىڭ

تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ئېھتىمال ھۇن ئەۋلادى ئاتتىلانىڭ ئۆزىگە خاس تۈزۈلمىسى ياكى خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن تەسۋىرى بولۇشى مۇمكىن. ھۇنلار گەرچە خېلى قويۇق موڭغۇلوئىد تەسىرىگە يولۇقسىمۇ، ئۇلار ئاندرونوپ — ساپ تۇران تىپى گەۋدىسىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كېتىشى قانداقمۇ مۇمكىن؟ !. «خەننامە. جىن مىتىنىڭ تەرجىمىھالى»دا ھۇن خانى شۇنۇق سوغاخاننىڭ ئوغلى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن جىن مىتى شاھزادىنىڭ تەسۋىرى مۇنداق بېرىلگەن: بويى سەككىز چى ئىككى سۇڭ بولۇپ، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ھەيۋەتلىك ئىدى. بۇ ئالتاي تاغلىرىدىن تېپىلغان ھۇن جەسەتلىرىدەك ئېگىز بوي ۋە قاۋۇل بولغان. بىز جىن مىتىدىنمۇ بەستلىك ھۇنلار بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ تېپىلغان كۆپلىگەن جەسەتلەردىكى ئورتاقلىقلار ئۇلارنىڭ ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، قاڭشالىق، ئاق يۈزلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. «جىننامە»، 107 - جىلدتا: ھۇنلار قاڭشالىق، قويۇق ساقاللىق دەپ يېزىلغان. مىكگوۋېرن ھۇنلار كېلىپ چىقىش جەھەتتە ئېھتىمال «ئاق جىنس»قا يېقىن، «سېرىق جىنس»قا يىراق بولۇشى مۇمكىن، دېسە، پروفېسسور شمېد، ۋ. سكوت (schott) ئا. خ. كوئاك (A. H. koake) قاتارلىقلار ھۇنلار فىزىئولوگىيىدىلىك جەھەتتە تۈرك ئۆڭىدىكى خەلقلەر ئىدى، دەيدۇ. مىكگوۋېرن ھۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى «ئاق جىنس»قا يېقىنلىقىنى ئىسپاتلىغاندا، يىراق شەرقتىن ئامېرىكا قىتئەسىگە ئۆتكەن ئىندىئانلارنىڭ يەنىلا بىرلەمچى موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ «مەركىزىي ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە: «قەدىمكى ھۇنلار تىل ۋە ئىرق جەھەتتە بىر دەكلا تۈركىي جىنسقا تەۋە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىمىز» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن.

دېمەك، ھۇنلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان موڭغۇلوئىد

www.uyghurkitap.com

خەلق (ما چاڭشۇ ئېيتقاندەك) بولماستىن، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان تۈركىي تىپتىكى خەلق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى ئاندرونوپلار ۋە ئۇلارنىڭ پروتو موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن يىراقتا ياشىغان ئەۋلادلىرىغا نىسبەتەن مۇئەييەن دەرىجىدە موڭغۇلوئىد تەسىرىگە يولۇققانلىقىنى ئىنكار قىلىش قىيىن. تارىم ۋە پامىر بويىدا ياشىغان ھۇنلار مۇنداق تەسىردىن مەلۇم دەرىجىدە يىراقلاشقان.

ھۇنلار مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ تۇران مەدەنىيەت تىپىگە تەۋە ئىدى. شامانىزم، قۇياش ئېتىقادى، غۇزچە كىيىم ـ كېچەك، ئاتلىق ئوقيا ئېتىش، قۇرۇلتاي تۈزۈمى ھۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت ئادىتى ئىدى. سىماچيەن ھۇنلار توغرىسىدا توختالغاندا: «باللىرى قويغا مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، قۇشقاچ، چاشقان ئوۋلايتتى. سەل چوڭ بولغاندا بولسا، تۈلكە، توشقان ئوزۇقلىناتتى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر قاۋۇل، مەرگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان چەۋەندازلار ئىدى.» دەپ يازغانىدى.

*　　*

ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تومانخان دەۋرىدە چىن شىخۇاڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 246 — 210 ـ يىللار) تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن چىن سۇلالىسى بىلەن چېگرىداش ئىدى. چىن شىخۇاڭ ئاتلىق قوشۇن ۋە يېڭىچە ھەربىي ۋە دىپلوماتىك ۋاستىلەر بىلەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈردى. چىن شىخۇاڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ شىمالدا ھۇنلار، شەرقىي شىمالدا دۇڭخۇ — توڭغۇزلار، غەربتە توخارلار يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. شۇنداقتىمۇ تومانخان باشچىلىقىدىكى ھۇنلار بارغانسېرى چىن سۇلالىسىگە ئېغىر تەھدىت سېلىپ تۇردى.

تومانخان چوغاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى تومانبالىق (头曼城) شەھىرىنى بىنا قىلدۇردى. چوغاي تاغلىرى ئاستىدا شەرقتىن غەربكە مىڭ يولدىن ئارتۇق كېلىدىغان ئوت-چۆپلۈك، قوش ۋە ياۋايى ھايۋانلىرى كۆپ ياخشى يايلاق ياتاتتى. چوغاي تېغىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا سېرىق دەريا دوقمۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبى مەشھۇر ئوردوس يايلىقى ئىدى. چىن شىخۇاڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 216-يىلى قىشتا مەخسۇس ھۇنلار توغرىسىدا ئوردا يىغىنى ئاچتى. ئۇ سول قول ۋەزىر لى سى (李斯)نىڭ تەكلىپى بويىچە، 215-يىلى باھار كىرىش بىلەن تەڭ گېنېرال مېڭ تيەن (蒙恬) باشچىلىقىدا 300 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن تومانخانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا تومانخان يايلاۋغا چىقىرىلغان يىلقا-ماللار بىلەن تولغان ئوردوس يايلىقىدا خارامان تۇرغانىدى. چىن شىخۇاڭ ئوردا ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ قوشۇننى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. چىن قوشۇنلىرى ئوردوس يايلىقىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككىنچى يىلى (214-يىلى) چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىننى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چىن شىخۇاڭ يەنە مۇڭ تيەن باشچىلىقىدا ئىلگىرىكى يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرى ياسىغان قوغدىنىش سېپىللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرقتە شەنخەيگۇەندىن غەربتە لىڭجاۋ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنشەن ناھىيىسى)غىچە سەددىچىن سېپىلى قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى. سېپىل ئىچىگە ئېلىنغان جايلارغا ئاھالە كۆچۈرۈپ، مەمۇرىي ھاكىمىيەتلەر تەسىس قىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا چىن شىخۇاڭ ھۇنلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش بىلەن تەڭ ھۇن — چىن چېگرىسىنى كېڭەيتىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى نامايان قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ھۇنلارمۇ بىر مەزگىل تىنچلىققا مۇيەسسەر بولۇپ ھالىنى يىغىپ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەسلىدە

www.uyghurkitap.com

چىن — هۇن ئۇرۇشىدىن ئىككى يىل ئىلگىرى — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 216 ـ يىلى تومانخان چوڭ ئوغلى باتۇرنى[1] ۋەلىئەھدلىكتىن بىكار قىلىپ، كىچىك ئالچىسى (ئاغچىسى)دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ۋەلىئەھد (تەخت ۋارىسى) قىلىپ ئېلان قىلدى. ئۇ باتۇرنى هۇنلار بىلەن گاهى رىقابەتلىشىپ، گاهى سۇلهىلىشىپ تۇرغان توخارلارنىڭ پايتەختى ساندىبىل (چاۋۇپ) شەهىرىگە بارىمتايلىققا (گۆرۈدىكى شاهزادەلىككە) ئەۋەتتى. باتۇر مەدەنىيەتلىك توخار ئېلىدا هەربىي ماهارەت ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. باتۇر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 216 ـ يىلىدىن 210 ـ يىلىغىچە ساندىبىل شەهىرىدە تۇرغان بولۇشى ئېهتىمال. 210 ـ يىلى هۇن — توخار (ياۋچىلار) ئوتتۇرىسىدىكى سۇلهى بۇزۇلدى، بۇ باتۇر ئۈچۈن هايات ـ مامات خەتىرى هېسابلىناتتى. باتۇر ياۋچىلار خانىنىڭ ياخشى ئېتىنى ئوغرىلاپ تىلەن تاغلىرى ئېتىكىدىن تەڭرىقۇت دالاسىنى كېسىپ تومانبالىققا يېتىپ كەلدى. تومانخان باتۇرنىڭ قاۋۇل يىگىت بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئاتلىق قوشۇنغا سەركەردە قىلدى.

باتۇر ئۆز ئېلىدە هەربىي قوشۇننى چۇنچيۇ ۋە چىن سۇلالىلىرى ئىگىلىگەن دەرىجىدىن تۆپتىن پەرقلەندۇرۇپ قايتا قۇرۇشنى پىلانلىدى. ئۇ تومانخانىنىڭ مۇڭ تيەن سانغۇندىن مەغلۇپ بولغانلىقىدىن، بىر قاتار زېمىنلارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن، جەنگو دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى ۋەزىيەتتىن، تۇران قەبىلىلىرىنىڭ تارقاقلىق هەتتا توخار ـ ياۋچىلارنىڭ ئوقياچى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۇرۇشتە هۇنلاردىن ئۈستۈنلۈك تالىشىشلىرىدىن، تۇڭغۇزلارنىڭ كۈچىيىپ، غەربكە خىرىس قىلىشلىرىدىن جىددىي خۇلاسە چىقاردى. ئۇ تومانخانىنىڭ ناقابىللىقى بىلەن بولغۇسى ئىز باسارىنىڭ قولىدا هۇن

[1] خەنزۇ يېزىقىدا مودۇن دەپ يېزىلغان.

سەلتەنىتىنىڭ ھالاك بولۇشى ئېھتىماللىقىنى ئالدىن كۆردى . ئۇ جىددىي تەدبىرلەر كۆرۈشنى بەر قارارلاشتۇرغانىدى . ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان قىممەت قارىشى ئۆزگەرگەن بولۇپ ، ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىپ چۈشەنمەسلىكلەرنى يېڭىپ ، قان كېچىپ ئەلنى قۇتقۇزۇشنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش لازىم ئىدى . ئۇ ئوردا ئۆزگىرىشىدىن باشلاپ ، قوشۇننى قايتا قۇرۇش ، ئەلدە يېڭى بىرلىك ۋە قاتتىق ئىنتىزام يۈرگۈزۈش ، چاپالىق كۈرىشىش يولىنى تاللىۋالدى . دەسلەپتە ئۇ قوشۇندا ئاۋازلىق ئالاقە — ئاۋازلىق ئوقيانى يولغا قويدى ، ئات ئۈستىدە ئاۋازلىق ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلدۇردى . سىماچيەننىڭ ھېكايە قىلىشىچە : ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاۋازلىق ئوقيا ئاتمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى ، دەسلەپتە شىكاردا قۇش ۋە يىرتقۇچلارنى تەڭ ئاتمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى . ئاندىن كېيىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئاتمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئامراق خوتۇنىنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، دادىسى تومانخاننىڭ ئېتىنى ئېتىشقا بۇيرىغاندا ھەممىسى ئوق ئاتتى . مەتە (باتۇر ) ئۇلارنى كارغا كېلىدىكەنسىلەر دەپ ماختىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن دادىسى تومانخان بىلەن شىكارغا چىققاندا ، ئۇنىمۇ ئېتىشقا بۇيرىدى . ھەممىسى تومانخاننى ئېتىپ ئۆلتۈردى . ئارقىدىنلا ئۆگەي ئانىسى ۋە ئۆگەي ئىنىسىنى ، ئۆزىگە ئىتائەت قىلمىغان ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈردى . ئۆزى تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە چىقتى .

باتۇر تەڭرىقۇت (مەتەخان ) تەختتە ئولتۇرغان 35 يىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 — 174 ـ يىللار ) ئىچىدە پۈتكۈل ھۇنلارنى بىرلىككە كەلتۈردى . بۇ چاغدا چىن سۇلالىسىغا قارشى كۈچلۈك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانىدى . يېڭىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان باتۇر تەڭرىقۇتقا بېسىم ئىشلىتىپ توڭغۇز

www.uyghurkitap.com

ئاقسۆڭەكلىرى ھۇن — توڭغۇز ئەللىرى ئارىسىدىكى بىتەرەپ پاسىل بولغان مىڭ يول مۇساپىسىدىكى «ئوتتۇرا يەر» (瓯脱) نى ئىلىۋالماقچى بولدى. سىماچيەننىڭ ھېكايە قىلىشىچە، توڭغۇزلار ئەلچى ئەۋەتىپ تومانخاندىن ئالغان تۇلپارنى (千里马) سوراتتى. باتۇر ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ۋەزىرلەر «تۇلپار بىز ھۇنلارنىڭ تەۋەررۈك ئېتىمىز، بەرگىلى بولماس» دېگەندە، باتۇر «قوشنا مەملىكەتتىن بىر ئاتنى قىسىنساق بولماس» دەپ، ئاتنى بېرىۋەتتى. توڭغۇزلار باتۇرنى قورقۇنچاق ھېسابلاپ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ تەڭرىقۇتنىڭ بىر ئالچىسىنى سوراتتى. باتۇر ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، ۋەزىرلەر غەزەپلىنىپ «بۇ يولسىزلىق، ئەدىۋىنى بېرەيلى» دەپ ۋارقىرىشىدۇ، باتۇر «قوشنا مەملىكەتتىن بىر ئايالنى قىسىنساق بولماس» دەپ ياخشى كۆرۈپ ئالغان ئالچىسىنى توڭغۇزلارغا بېرىۋېتىدۇ. توڭغۇزلار خانى بارغانچە كۆرەڭلەپ، غەربكە ھۇجۇم قىلىدۇ. توڭغۇزلار بىلەن ھۇنلارنىڭ ئارىلىقىدا 1000 چاقىرىمدىن ئۇشۇق كېلىدىغان بىر ئىنسى ـ جىن يوت ئوتتۇرا تەر بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ مۇشۇ يەرنىڭ ئىككى چېتىگە كەپىلەرنى ياساپ، قاراۋۇللارنى قوياتتى. توڭغۇزلار باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ: «سىلەر ھۇنلار بىزنىڭ قاراۋۇلخانىمىز ئالدىدىكى ئوتتۇرا يەرگە ئاياق باسقۇچى بولماڭلار، ئۇ يەرنى بىز ئىگىلىمەكچىمىز» دەيدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزىرلىرىنى يىغىپ يەنە مەسلىھەت سورىغاندا، ۋەزىرلەرنىڭ بەزىلىرى «ئۇ بىر تاشلاندۇق يەر، بەرسەكمۇ بولىدۇ، بەرمىسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان باتۇر «يەر ـ زېمىن دۆلەتنىڭ ئاساسى. نېمە ئۈچۈن زېمىنىمىزنى بېرىدىكەنمىز؟!» دەيدۇ ۋە زېمىن بېرەيلى دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، ئەل ئىچىدە يۈرۈشكە چىقمىغانلارنىڭ

كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ . ئەزەلدىن باتۇرنى كۆزگە ئىلماي كەلگەن مەغرۇر ، تەييارلىقسىز توڭغۇزلار دۆلىتىنى تېزدىن مۇنقەرز قىلىپ ، ئۇلارنى ھۇن خانلىقىغا تەۋە قىلىدۇ . بىر قىسىم توڭغۇزلار شىمالغا قېچىپ ئونۇن دەريا ، گىرۇلىن دەريا ، ئارگون دەريا ۋادىلىرىگە يۆتكىلىدۇ .

سىماچيەن بىلەن بەن گۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، باتۇر تەڭرىقۇت توڭغۇزلار ئۈستىدىكى غەلىبىدىن كېيىنلا توخار — ياۋچىلارغا ھۇجۇم باشلىدى . بۇ خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ۋە ئۇنىڭ دادىسى فىلىپ ماكېدونىسكىنىڭ ئۆزى بارىمتايلىقتا تۇرغان گرېتسىيىگە باستۇرۇپ كىرگىنىگە ئوخشايتتى . باتۇر تەڭرىقۇت ياۋچىلار دۆلىتىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 208 ـ يىلى بىر قېتىم ، 176 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئىستېلا قىلدى .

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 205 ـ يىلى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ يەنە بەش قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى — بەش ئەلنى ئۆزىگە بېقىندۇردى . بۇلار : بايقالنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دىڭلىڭلار ، يەنسەي ۋادىسىدىكى جەنكۇن — قىرغىزلار ، خۇنيۇيلار ( 浑窳 ) ، چۈيشېلار ( 屈射 ) ، شىنلى — چەنلىلار ( 新犁 , 纤离 ) دىن ئىبارەت ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇن خانلىقى تېخىمۇ زورايدى ، ئۇ چەكسىز زېمىن ، مول ئورمان ، يايلاق ۋە ئىقتىسادىي قۇدرەتكە ئىگە بولدى . پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى تۇرانىي قەبىلىلەر ئاقساقاللىرى بارغانسېرى قۇلدارلىق تۈزۈمى ئاساسىدىكى مەركەزلەشكەن بۇ يايلاق بىرلەشمىسىنى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى . سىماچيەننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا باتۇر تەڭرىقۇت دانا ( 贤 ) دەپ ھېسابلاندى . شۇنداق قىلىپ ، باتۇر تەڭرىقۇت مەركىزىي ئاسىيادا ئوقياچى خەلقلەرنى بىر ئائىلە قىلغان تارىخ بېتىنى ئاچتى .

ئۇ ئىلگىرىكى ئېنىق قانۇن ـ تۈزۈك بولمىغان ، پەقەت قەبىلە ئاقساقاللىرى نېمە قارارغا كەلسە شۇنى يولغا قويىدىغان ،

www.uyghurkitap.com

تەڭرىقۇت بەلگىلەيدىغان ، ئۇرۇش - سۇلھى ئېلان قىلىشنى بەلگىلەيدىغان ئاقساقاللار دېموكراتىيىسى بولغان سىياسىي شەكىلدىكى قۇرۇلتاي تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ، مەركەزلەشكەن تۈزۈمنى يولغا قويدى . ئىلگىرىكى بىكار تەلەپ ، خالىغانچە شىكار قىلىپ يۈرىدىغان يۇرت ۋە ئاھالىنى ئىنتىزامسىزلىقتا ئۆلۈم بىلەن جازا بېرىلىدىغان ، بۇيرۇققا ئىتائەتمەن ، ئۇيۇشقان خەلققە ئايلاندۇردى . ئۇ ھەممە بىردەك قوراللىنىش ، ھەممە قەبىلىلەر ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ، بارلىق ئەرلەر دائىما جەڭگە ھازىر بولۇش ، جەڭ ماھارىتىگە پىشقان بولۇش تۈزۈمىنى تىكلىدى . ئۇ تۆت يۈز مىڭ كىشىلىك دائىملىق ئاتلىق جەڭگىۋار قوشۇن تۈزدى . ئۇلارنى خارەزملىق ساكلارنىڭ ئاتتا ئېغىر ساۋۇتلۇق جەڭ قىلىدىغان ، ئېغىر تۆمۈر دۇبۇلغا (تۈرك كۇلاسى ) كىيىپ ، ئارغىماقلارنى زەنجىر يوپۇقلار بىلەن يوپۇقلايدىغان ، ئاتقا يەنە يىراققا ئاتقىلى بولىدىغان ھۇجۇم نەيزىلىرى بېكىتىلگەن ، ئاتنىڭ ئىككى يان بېقىنىغا ئۇزۇن سانجىلغۇچ نەيزە بېكىتىپ جەڭنى يېرىپ ئىلگىرىلەيدىغان قىلدى . بۇنداق قوراللانغان ئاتلىق قوشۇن ئادەتتىكى قىلىچۋاز ، نەيزىۋاز چەۋەنداز ئەترەتلەردىن زەربىدار ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ ، جەڭگىۋارلىقى مىسلىسىز ئىدى . باتۇر تەڭرىقۇت ئەينى زامان شارائىتىدا چەۋەنداز قوشۇننىڭ تەرەققىياتىنى مۇمكىن بولغان چەككىچە كۆچەيتتى . ئۇ ئاۋازلىق ئوقيا[①] ۋە بۇرغا بىلەن قوماندانلىق قىلىش ، جەڭ دۇمبىقى ۋە ئوركېستىردىن پايدىلىنىش ، ھەربىي تاكتىكا جەھەتلەردە ئالداش ھىيلىسىنى قوللىنىش قاتارلىقلارنى يولغا قويدى . ئۇ تۇراننىڭ ئىران بىلەن جەڭ قىلغان ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىدىن تاشقىرى ، خۇددى خەن شىن ( 韩信 )غا ئوخشىغان تەسلىم

① لياۋنىڭ ئۆلكىسى شىفىڭ ( 西丰 ) ناھىيىسى ۋە باشقا كۆپلىگەن جايلاردىن تېپىلغان ھۇن ھەربىي ئەسلىھەلىرى ئىچىدە «ئاۋازلىق ئوقيا» — قوماندانلىق قىلىش ئوقياسى تېپىلغان .

بولغان چىن سۇلالىسى ھەربىيلىرىگە سەركەردىلىك بىرىپ ئىشقا سالدى . ھۇن ئەگرى قىلىچى ، سىكىف خەنجىرى ، خارەزم گىجىم كىيىم - يوپۇقلىرى ، تۇمارىس جاسارىتى ، شىراق ھىيلىسى ، باتۇر تەڭرىقۇت ئىنتىزامى بىر گەۋدە قىلىنغاندى .

باتۇر تەڭرىقۇت چوغاي تاغلىرى ئېتىكىدىكى تومانبالىقتىن ئورخۇننىڭ شەرقىدىكى قوشۇ سەيدام كۆلى يېنىغا — ئەجدىھا بالىق شەھىرىگە بارگاھىنى يۆتكىدى . ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تامىر دەرياسى ئېقىپ تۇراتتى ، يەر شارائىتى توقايلىق ، ئۇنىڭدا چوڭ - كىچىك تاشلار كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قەد كۆتۈرگەنىدى . پەستە سۇ قاينىمى ، ئاياغدا چەكسىز تەكشى دالا جايلاشقان بۇ يەردە نورۇز ئايلىرىدا دىنىي مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى .

سىماچيەن بىلەن بەن گۇنىڭ بەرگەن خەۋىرىگە قارىغاندا باتۇر تەڭرىقۇت بىرلىككە كەلگەن بىر يۇرۇش دۆلەت ھاكىمىيەت ئاپپاراتى سىستېمىسى تۇزۇپ چىققان . بۇلار قىسقىچە مۇنداق :

تەڭرىقۇت ئاستىدا ئوڭ قانات ۋە سول قانات تۇغچىخان ( 屠耆王 ) بولۇپ ، سول قول تۇغچىخانلىق ۋەزىپىسىنى تەڭرىقۇت ئوغلى بېجىرىدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ئوڭ قول - سول قول يۇلىخانلار ( 谷蠡 ) تۇراتتى . ئۇلاردىن كېيىن ئوڭ قول - سول قول سەركەردىلەر تۇراتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن تۇمەنبېگ ، مىڭ بېگ ، يۈز بېشى ، قۇر بېشى قاتارلىق ئەمەلدارلار تۇراتتى . تارىخىي مەنبەلەردە ھۇنلاردىكى ئەمەل - مەنسەپلەر 24 دەرىجىگە بۆلۈنگەنلىكى خاتىرىلەنگەن . ئوڭ قانات تۇغچىخان غەربنى ، سول قانات تۇغچىخان شەرقنى باشقۇراتتى . باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرى قودۇ ( 骨都 ) دەپ ئاتىلاتتى . ھەر يىلى نورۇز ۋاقتىدا تەڭرىقۇت ئوردىسىدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ يىغى يىل كۈتۈۋېلىناتتى . 5 - ئايدا ئەجدىھابالىقتا قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ دۆلەت ئىشلىرى مۇھاكىمە قىلىناتتى . كۈزدە مال - چارۋىلار

سەمىرىگەندە يايلاق — ئورماندا ئىش ئورنى قۇرۇلتايلىرى چاقىرىلىپ نوپۇس ۋە مال - چارۋىلار ھېساباتى ئېلىناتتى . گۇلخان يېقىپ مۇكاپات - جازا ئېلىپ بېرىلاتتى . ئېغىر گۇناھ قىلغانلارنىڭ يۈزىگە سىزىق ئويۇلۇپ ، ئوغرىلارنىڭ مېلى مۇسادىرە قىلىناتتى . مەملىكەتتە زىندانغا تاشلىنىدىغانلار نەچچە ئونغا يېتىپ ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ ئون كۈن قاماپ قويۇلاتتى . جۇڭگو مەنبەلىرىدە تەسۋىرلىنىشىچە ، غەربتىكى غۇز قەبىلىلىرى ئەجدىھانى ئۇلۇغ بىلەتتى . بۇ ھال ھۇنلارغا ئۆتكەن . ھۇنلار تاملارغا ، تۇۋرۇكلەرگە ئەجدىھا رەسىملىرىنى نەقىش قىلىپ سىزاتتى . بۇ ئادەت 16 پادىشاھلىق زامانىدىن كېيىن سېرىق دەريا (خۇاڭخې )نىڭ شىمالىدىكى ھۇن ئەۋلادلىرى قۇرغان ھاكىمىيەتلەردىن تەدرىجىي يوسۇندا تاڭ سۇلالىسىغا ئېقىپ كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ ، كېيىنچە ، خەنزۇ مىللىتى شەكىللەنگەندە ئۇلارنىڭ ئېتىنىك رىشتىسى دېيىلىشكە باشلىدى .

تەڭرىقۇت قۇرۇلتاي چاقىرغاندا خەلق ئاتا - بوۋىسىغا سېغىنىش ، ئاسمان ، زېمىن ، ئەرۋاھلارغا تىلاۋەت قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى . تەڭرىقۇت ئۆزىنى تەڭرىنىڭ پەرزەنتى دەپ بىلگەچكە ، كۆك بىلەن يەر ئارىسىدىكى ۋاستىچى بولۇشى شەرت ئىدى . ئۇ قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئۆيىدىن چىقىپ قۇياشقا ، كەچتە ئايغا سالام قىلاتتى ، قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ سول يېقىدىن شىمالغا بۇرۇلۇپ ئولتۇراتتى .

ھۇنلاردا ئۆلگەنلەرنى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن بىللە كۆمۈش ؛ ئاي تولغاندا جەڭگە ئاتلىنىپ ، ئاي قارايغاندا چېكىنىش ، غەنىيمەتلەرنى جەڭچىلەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇش ، ئەسىرلەرنى ئائىلە قۇلى - چۆرە ۋە مالاي قىلىش ئادىتى بولغان .

باتۇر تەڭرىقۇت قۇدرەتلىك ھۇن خانلىقىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش جەريانىدا ئومۇمەن ئىككى جەھەتتە كەسكىن

جەڭلەر ئېلىپ باردى . بۇنىڭ بىر خىلى توڭغۇزلار بىلەن چاۋۇپ ۋە ھەرقايسى تۇركىي خەلقلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش يولىدىكى جەڭلەر ؛ يەنە بىر خىلى يېڭىدىن تىكلەنگەن خەن سۇلالىسى بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭلەر ئىدى . ھۇنلار سەلتەنىتى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنى بىرلەشتۈرۈش بەدىلىگە قۇدرەت تاپقانىدى . ۋەھالەنكى ، ھۇن خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يىمىرىلىشىمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەسىرى ئاستىدا ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بارغانسېرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىشى ئاساسىدا يۈز بەردى . خەن سۇلالىسىنىڭ تاكتىكا ماھارىتى ، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى نىزا ۋە پارچىلىنىشلىرى بۇ جەرياننى تېزلەتتى ۋە توغرىدىن - توغرا تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى . يايلاق سەلتەنەتلىرى ئوقيا ۋە ئات تۇيىقىغا ، قەلئە سەلتەنەتلىرى سىياسىي ھىيلىگە تايىنىپ تارىخ سەھنىسىدە رىقابەت شاخمىتى ئويناپ ، نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى .

## 2 . توخارلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى ۋە غەربىي يۇرتتا ھۇنلار تە- سىرىنىڭ كېڭىيىشى

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 208 - يىلى توخارلارغا ھۇجۇم قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 5 - يىلى ) ياۋچىلارغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى . بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئالدىدا باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى پادشاھىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇنىڭ سۈكۈت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى .
بايان قىلىنىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بۇ يەردە خەن سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەشھۇر «بەيدىڭ

مۇھاسىرىسى» ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

چىن سۇلالىسى قىسقا ۋاقىت داۋام قىلىپ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى زەربىسىدە غۇلىغاندىن كېيىن تۇنجى خەن پادىشاھى ليۇ باڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 202 - يىلى ئۆزىنى ئىمپېراتور جاكارلىدى. چىن سۇلالىسى 207 - يىلى ليۇ باڭغا تەسلىم بولدى. خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 202 - يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 26 - يىلىغىچە 228 يىل ئىچىدە چاڭئەننى پايتەخت قىلغان غەربىي خەن سۇلالىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

باتۇر تەڭرىقۇت توخارلارغا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 208 - يىلى قىلغان ھۇجۇمىدىن كېيىنلا توپتوغرا جەنۇبقا قاراپ — ئىلگىرىكى شىكار قىلىدىغان مەيدانى، كېيىنچە چىن سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوردۇس يايلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، بۇ جايلارنى قايتۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەن سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەن پەيتلەردە ھۇن — خەن چېگرىسى سېرىق دەريانىڭ شىمالىي ساھىلى بولۇپ شەكىللەندى.

خەن — ھۇن چېگرىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئات بازىرى مايى ( 马邑 ) توساتتىن ھۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، مايىنىڭ بېگى خەن شىن ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ سانغۇن (گېنېرال)لىققا كۆتۈرۈلدى. ھۇنلار داۋاملىق جەنۇبقا تۆۋەنلەپ، ئىلگىرىكى ئاق دىلار زېمىنى تەييۈەننى ئېلىپ جىنياڭنىڭ ( 晋阳 ) جەنۇبىغا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ خەن سۇلالىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھۇنلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلغان زېمىن جېڭى ئىدى. بۇ تارىختا بىرىنچى قېتىملىق «مايى ۋەقەسى» دەپ يېزىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خەن گاۋزۇ ليۇباڭ ئۆزى سەردارلىق قىلىپ 325 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قايتۇرما ھۇجۇم

قىلىپ داتۇڭ ( 平城 ) شەھىرىگىچە كەلدى . ئەسلىدە باتۇر تەڭرىقۇت ھەربىي ھىيلە بىلەن يالغاندىن قاچقان بولۇپ ليۇ باڭ قوشۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى . داتۇڭ شەھىرىنىڭ 17 چاقىرىم يىراقلىقىتىكى شەرقىدە قار قاپلىغان بەيدىڭ تېغى ( 白登山 ) تۇراتتى . باتۇر تەڭرىقۇت توساتتىن 300 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ليۇ باڭنى بەيدىڭ تېغىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى . ليۇباڭ بۇ تاغدا بىر ھەپتە قامالدا قالدى . «خەننامە»دە يېزىلىشىچە ، ليۇباڭنى غەربتە ئاق ئاتلىقلار ، شەرقتە كۆك ئاتلىقلار ، شىمالدا قارا ئاتلىقلار ، جەنۇبتا قىزىل ئاتلىقلار قورشىۋالغانىدى . ئاخىر ئىش باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ سىياسىي پىلانىدەك بولدى ، ليۇ باڭ تۇغقىنى ليۇ جىڭ ( 刘敬 )نى باتۇر تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ خانىشى يېنىغا نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن ئەۋەتىپ تىنچ - ئىناقلىق كېلىشىمى تۈزدى . كېلىشىمدە خەن سۇلالىسى ھۇنلارغا ھەر يىلى نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن ، تاۋار - دۇردۇن ، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەر ئۆلپان قىلىدىغان بولغان . بۇ مەشھۇر «بەيدىڭ مۇھاسىرىسى» دەپ ئاتالدى . مۇشۇ قالايمىقان ۋەزىيەتتە خەن سۇلالىسىنىڭ يەن ۋاڭى لو گۇەن قاتارلىق ئەمەلدارلىرى ئېغىزىدا ھۇنلارغا تەسلىم بولۇپ قويۇپ ، ئۆز ئالدىغا خەن سۇلالىسىنىڭ شەھەر - يېزىلىرىنى بۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىپ يەر ئىگىلىۋالغانىدى .

بەيدىڭ مۇھاسىرىسىدىن كېيىن تۈزۈلگەن كېلىشىم ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلى ھۇن - خەن مۇناسىۋىتى چېگرىلار ئېنىق ، سودا - ئالاقە تىنچ راۋان داۋام قىلىشقا باشلىدى .

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى توخارلار ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم باشلىدى . ياشىنىپ قالغان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مۇنداق شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىشىدىكى سەۋەبلەر روشەن ئەمەس . ئۇنىڭ توخارلارنى پۈتۈنلەي «تەركى ماكان» ھالەتكە كەلتۈرۈشىگە تەخمىنەن مۇنداق

www.uyghurkitap.com

تۆت نەرسە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن :

1 ) توخارلار تومانخان ۋاقتىدىلا هۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن كۈچلۈك ئىدى . باتۇر تەڭرىقۇت گەرچە ئىلگىرى زەربىگە ئۇچراتقان بولسىمۇ ، توخارلارنىڭ بۇ يۇرتتا داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشىنى كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مۇهىم بىر خەۋپ دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن . ئەمەلىيەتتىمۇ توخارلار هۇنلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى . 2 ) باتۇر تەڭرىقۇت توخارلارنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقان خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن ؛ 3 ) باتۇر تەڭرىقۇت شىمالدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن تاشقىرى يەنە توخارلار دىيارىدىن تاكى يىراقتىكى پامىر تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ غەربىي دىياردىكى ئوقياچى قەبىلىلەرنى هۇن سەلتەنىتىگە بىرلەشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى . بۇنى باتۇر تەڭرىقۇت ئۆز ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خەن ۋەندىگە يازغان مەكتۇپىدە «ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەر بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى» دەپ ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالغان ؛ 4 ) توخارلارنىڭ خانى چاۋۇپ خان ئۇسۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ۋەيران قىلىپ نەندۇم خانىنى ( 难儿靡王 ) ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدىن جام ياساپ شاراب ئىچكەنىدى .[①] نەتىجىدە ئۇسۇنلار ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىلى — قارلۇق ۋادىسىگە يۆتكەلگەن . ئوسۇن ئاقسۆڭەكلىرى بۇ هەقتە باتۇر تەڭرىقۇتقا ئىچكى قالايمىقانلىقتىن نەمۇنە بولغان بۇ ئىشتىن ئېغىر شىكايەت قىلغانىدى . تارىخىي خاتىرىلەردە نەندۇم خانىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى شۇ قېتىمقى قاچ ـ قاچتا ئۆز كىشىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ ، قوغلاپ يوقىتىش تۈپەيلى چۆلدە

① هىرودوت سىكىفلاردا ساقلانغان بۇ خىل ئادەت توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يېزىپ قالدۇرغان . ( «تارىخ» ، 456 ـ بەتكە قارالسۇن )

ئىگىسىز قالغان . كېيىنچە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى ئاغا قايۇق تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە چىققاندا چۆلدە بۆرە ئېمىتىپ ، قۇشلار يەم تاشلاپ باققان بۇ بالىنى سېھىرلىك ئوغۇل بىلىپ ، ئۆزى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان . بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇسۇن ئېلىنىڭ كۈنبېگى (昆莫) — ئۇسۇن خانى بولغان .

باتۇر تەڭرىقۇت توخارلارغا زەربە بېرىشنى مۇنداق باھانىدە ئېلىپ بارغانىدى : ھۇنلارنىڭ شەرقتە تۇرىدىغان ئوڭ قول تۇغچىخانى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرىدىغان ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش بولىدۇ . بۇ چاغدا ئوڭ قول تۇغچىخان مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 177 ـ يىلى ئوردۇس ئەتراپىدىكى جايلارنى بېسىۋالىدۇ . بۇ ھەقتە خەن ۋېندىنىڭ ئىككى قېتىملىق مەكتۇپىگە جاۋاب مەكتۇپ ئەۋەتكەن باتۇر تەڭرىقۇت (176 ـ يىلى) : بۇ ئىشنى ئاۋۋال خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا ئەمەلدارلىرى قوزغىغان ، بۇنىڭغا ئوڭ قول تۇغچىخان ھېچقانداق ئىجازەت ئالمايلا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۆچەكەشكەن بولغاچقا مەن ئۇنى جازالىدىم . ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقان توخارلار بولغاچقا ، ئۇلارغا جازا ئۇرۇشى قىلىشنى بۇيرۇدۇم ، ئۇلارنى يېڭىپ ، بەگلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدىم ، بەزلىرىنىڭ تىزىنى پۈكتۈردۈم ، دېگەن مەزمۇندا ئىنزاھلىغان .

شۇنداق قىلىپ ، باتۇر تەڭرىقۇت بىرلا قېتىمدا ھەم خەن سۇلالىسى چېگرىسىدا كۈچ كۆرسىتىپ ، ئۇنى ئۇقۇشماسلىق دېيىش بىلەن بىللە يەنە توخارلارغا ھالاكەت خاراكتېرلىك كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىغانىدى .

تۆۋەندە توخارلار ۋە ئۇسۇنلارنىڭ ئېتنىك ھالىتى ۋە ئۇلارنىڭ يۆتكىلىشىگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز .

توخارلار بىلەن ئۇسۇنلار قەدىم زامانلاردىن بېرى

www.uyghurkitap.com

دۇنخۇاڭدىن چىلىيەنشەن ـ تىلەن تاغلىرىغىچە[1] بولغان جايلاردا ياشاپ كەلگەنمۇ ياكى غەربىي يۇرتنىڭ مەلۇم قىسمىدىن كۆچۈپ كەلگەنمۇ ، ئۇلار قايسى قەبىلىلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ، بۇ مەلۇم ئەمەس . جۇڭگو قەدىمكى مەنبەلىرىدە كۈي ـ دىلار ، غەربىي رۇڭلار ، غەربىي غۇزلار ، ئاق غۇزلار ، دەريا غەربىدىكى دىڭلىڭلار دېگەندە ئاساسەن مۇشۇ زېمىندا ياشىغان خەلقنى نەزەردە تۇتاتتى .

سىماچيەن بىلەن بەن گۇ توخارلار بىلەن ئۇسۇنلار ياشىغان جايلار ، كۆچكەن زامانلار ھەققىدە مەلۇمات يېزىپ قالدۇرغان . رىم تارىخچىلىرىدىن سترابون ، تروگۇس (Trogus) جاستىن (Justin) قاتارلىقلار ياۋچى — توخارلار ھەققىدە مەلۇمات يېزىپ قالدۇرۇشقان . بۇ ھەقتە لېككېدي (kekkedy) , باخاندار كار (Bhandarkar) , (Nirth) رادلوۋ ، مىككوۋېرن ما چاڭشۇ ، تىڭتيەنفۇڭبا قاتارلىق غەرب ۋە شەرق ئالىملىرى مەخسۇس مۇھاكىملەر ئېلىپ بېرىشقان .

سىماچيەن بىلەن بەن گۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە توخارلار بىلەن ئۇسۇنلار جەنگو دەۋرىدە تىلەن تېغى بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئاق دىلار ، ئاق غۇزلار ، غەربىي رۇڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت ساكلاردىن ئىدى . تيەنشۇي ، كىمچىڭ (ئالتۇن بالىق) بويلىرى چىن سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ ، ئۇ يەرلەرگە چىن سۇلالىسىغا قاراشلىق مەمۇري ناھىيىلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن ، توخارلار ۋە ئۇسۇنلارنىڭ ئوردۇس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالغان .

ياپونىيە تارىخچىسى تىڭتيەنفېڭبا «توخرىلارنىڭ قەدىمكى ماكانى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە يۆتكەلگەن يىللىرى» ناملىق ماقالىسىدا ، ئوردۇس يايلىقىدىكى لۇفەن ( 楼烦 ) ، بەييالڭ

---

① چىلىيەنشەن — تەڭرىتېغى ، تىلەن تېغى (تەڭرىگە سىغىنىش مەنىسىدە) دەپ ئاتىلاتتى . چىلىيەن ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى .

( 白羊 ) ، خېنەن ( 河南 )دىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىكنىڭ يېرىنى شۇبھىسىز توخار — ئاق غۇزلار يېرى ئىدى ، ئۇلار ئوردوس — تىلەن تاغلىرى ئارىسىدىكى كەڭ جايلاردا ياشايتتى ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ ، يەنئەن ئوردوس يايلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ، بۇ جاي ئۇلار ياشىغان زېمىن ئىكەنلىكىگە مۇنازىرە ھاجەتسىز ، دەپ كۆرسەتتى . تىڭتىيەنفۇڭبا «كونا تاڭنامە . جۇغراپىيە تەزكىرىسى » ، 40 - جىلدقا ئاساسلىنىپ ، چىن سۇلالىسى ۋاقتىدا توخارلار گەيزاڭ ياكى گۇزاڭ ( 盖藏,姑藏 ) دېگەن شەھەردە ياشىغانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان كۇسەن ، كاسان ، كۇشانىيە شەھەرلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئالاقىسى بارلىقىنى تىلغا ئالدى . بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە» ناملىق ئەسىرىدە : «شۇ نەرسىنى ئەمدىلىكتە مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىنكى ، 月氏 دېگىنىمىز شۇ جايدىن چىققان ئاقچىلار بىلەن غەرب مەنبەلىرىدە كۇش (kush) ، كۇشان (kushan) دەپ ئاتىلىدىغان مىللەتنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت»① توخارلار جۇڭگو يىلنامىلىرىدا «رۇجى» دەپ ئىپادە قىلىنغان . قەدىمكى رىم تارىخچىسى ستىرابون بىلەن رومپى تروگى ئۇلارنى گرېك - باكترىيە دۆلىتىگە باستۇرۇپ كىرگەن ئاسسىلار (Assii) ئىدى ، ئاسسى خانلىقىدىكى توخارلارنى باكترىيىنى گرېكلار قولىدىن تارتىۋالغان خەلق ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ئاسسى ، ئاسىنا ئىسىملىرى قەدىمكى غوزلاردا ، جۇملىدىن كۆكتۈرك خانلىقىدا كۆپ ئۇچرايدىغان فامىلە ئىكەنلىكى شۇبھىسىز . بارتولد ئاسسى ، توخار ، كۇش — كۇشان سىياسىي ھاكىمىيەت نامى ، دېسە ، رومپى تروگى ئاسسى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرىنىڭ

① بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى» ، خەنزۇچە ، 198 - يىل ئۈرۈمچى نەشرى ، 5 - بەت .

www.uyghurkitap.com

نامى ، دەپ كۆرستىدۇ . «گۈزالىڭ» ، «چاۋئۇ» ئۇلار تىلەن تېغى ئەتراپىدا قۇرغان شەھەرلىرىنىڭ نامى بولۇپ ، ئۇلار ماۋەرائۇننەھردە ماكانلاشقاندىن كېيىن كۇشان خانلىقى قۇرۇش بىلەن بىللە ، ئۆزلىرىنى يەنىلا توققۇز چاۋۇپلار دەپ ئاتاشقاندى .

توخارلار ئۇلۇغ ساك — ماسساگىتلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، كېنبىندى ، باندار كار ، ھىرتى ، رادلوۋ قاتارلىق ئالىملار ئۇلارنى تۈركىي خەلق دەپ كۆرستىدۇ . سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ 123 ـ جىلددىدا توخارلارنى «ئاق قىزىل ئەتلىك» دەپ كۆرستىش بىلەن بىللە ، تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر بىلەن بىردەكلا «ئورا كۆز ، قويۇق ساقاللىق» دەپ يازغان . كېنبىندى ۋە گاردېز كۇشان پۇللىرىغا چۈشۈرۈلگەن رەسىملەرگە قاراپ ، توخارلار تۈركىي كۆرۈنۈشكە ئىگە ، ئۇنىڭدا كاۋكاز تىپى ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن . لېكوك تۇرپان بۇددا — مانى تام رەسىملىرىنى كۆزىتىپ ، كۆكۈش كۆزلۈك ، ئاق ئەتلىك ياۋروپا تىپىدىكى ئوبرازلارنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ، ئۇنى توخارلار بىلەن ئۇرۇقداش دەپ كۆرسەتكەن .

ئۇسۇنلار توخارلارنىڭ غەربىدە ياشىغان . تىڭتيەنفېڭىبا «زوچۇەن» ( 左传 )دە تىلغا ئېلىنغان جۇيزى ( 驹支 ) ناملىق غەربىي رۇڭ نامىنى گۇاجۇ ( 瓜州 ) ، گۇشى ( 姑师 ) ، جۇيشى ( 车师 ) دېگەنناملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، بىر ئوبىيېكتنى كۆرسەتكۈچى ھەر خىل تەلەپپۇز دەپ قىياس قىلىدۇ . ئۇ ياپونىيە تارىخچىسى دوكتور بەيئوكۇش ( 白乌 )نىڭ «ئۇسۇن تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىسىنى ئاساس قىلىپ ، ئۇسۇنلار غەربكە يۆتكەلگەندە بۇ نامىلارنى تۇرپان — جىمىسار تەرەپكە ئېلىپ كەتكەن ، ئۇ يەرلەردە يەنە شەھەر ـ قەلئەلەر بىنا قىلغان دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

ئۇسۇنلارنىڭ نەسەبى توغرىسىدا سىماچيەن ۋە بەن گۇ

ئۇلارنى تولىمۇ روشەن ھالدا ساك نەسلىدىن دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن . ئۇلار غەربكە يۆتكىلىپ ئىلى ۋە تالاس ۋادىلىرىدا ياشىغاندىمۇ ئۇلارنى ساكلار دەپ تىلغا ئالغان . جاھان جامائەتچىلىكى سىماچيەن بىلەن بەن گۇنىڭ كۆرسەتكەن ساك ( 塞种 ) ئىبارىسى بىلەن پېرسىيە نەقىشى رۇستەم ئويمىسىدىكى ساك (ساكاس) ئىبارىسىنى بىر خەلقنى كۆرسەتكۈچى ئىبارە دەپ تونۇماقتا . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»دا بۇ خەلقلەرنى شەرقىي ماسساگېتلار — ئۇلۇغ ساكلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ كۆرسەتكەن . ئامېرىكا تارىخچىسى مىككگوۋېرن بۇ نامنى شىمالىي تۈركىستاندىكى ھەر خىل قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئېتنىك نامى دەپ كۆرسەتكەن . بىز ساك سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى بىلمەيمىز . بىراق «ئوغۇزنامە»دە ئۇنى «ساقلاپ» سۆزى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ . قەدىمكى زامانلاردا كۆپلىگەن نام - ئىسىملارنىڭ پېئىللاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى ئومۇمىي بىر قانۇنىيەت ئىدى . ھېلىمۇ شىنجاڭ رايونىدا ئېچىلغان قەدىمكى قەبرىلەردىن ساك جەسەتلىرى ۋە يادىكارلىقلىرى تېپىلدى . ھىرودوت ساكلارنى بومبا ساقاللىق ، تۇكلۇك خەلق دەپ يازغان . جۇڭگو مەنبەلىرىدىمۇ ئۇلار «غەربلىق يۇڭ تۆشلەر» دەپ ئاتالغانىدى .

قىسقىسى ، توخارلار بىلەن ئۇسۇنلار ئۇلۇغ ساكلارنىڭ — ماسساگېتلارنىڭ شەرقىي قىسمى ئىدى . تىڭتيەنفۇڭبا كېيىنكى ئېفتالىتلارنى (ئاق ھۇنلارنى) «ياۋچىلار ئىكەنلىكىدە مۇتلەق شۈبھى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ . ئۇ يەنە «ۋېينامە . قەندىھار تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان قەندىھار پادىشاھى چى لى (勑 勒) خاننى دىڭلىڭلارنىڭ تېلى ، چى لى دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشايدۇ ، ئۇ توخار خانى ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . تىڭتيەنفۇڭبا «ئېفتالىتلار — ياۋچىلار بولۇپ ،

www.uyghurkitap.com

تۈركىي جىنسقا مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ بىرى» دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئۇسۇنلار توخارلارنىڭ زېمىنىدە غەربكە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى «خەننامە»دە يېزىلىشىچە: سۇلې (قەشقەر)نىڭ غەربىي شىمالىدىن شۇشۇن (休循)، چۈەندۇ (捐毒)لارغىچە تارقالغان دېيىلىدۇ. قەدىمكى رىم تارىخچىسى سترابوننىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، باكتىرىيىگە كىرگەن كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئىچىدە ساكارائۇكاي (Cacaraucai) دېگەن خەلق بولغان بولۇپ، بۇ نام يومپى ترۇگى تەرىپىدىن سارا ئۇكاي (Caraucae) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. كۆپچىلىك ئالىملار ئۇلارنى ئىلى — ئىسسىقكۆل ۋادىسىدىكى ئۇسۇن ساكلىرى بولۇپ، ئاۋۋال كەشمىر دالاسىغا، ئاندىن قەندىھارغا ئۆتكەن، كەشمىرنى ساكلار قۇرغان، ساكستان ئەنە شۇ بىر قىسىم ساكلارنىڭ ئورۇنلاشقان ماكانى ئىدى، ئۇلار ھەتتا سىند چۆللۈكىنى كېسىپ ئۆتكەن، دەپ مۇھاكىمە قىلماقتا. بارتولد، گېررماتىن قاتارلىق ئالىملار بۇ قاراشنى قوللايدۇ. «ساكارا ئۇكاي» سۆزىنىڭ «سەھرا ئېلى» مەنىسى ياكى «سارا ئۇكاي» سۆزىنىڭ «سارى ئۇگا» مەنىسىنى، ئۇلارنىڭ ساجۇ (沙州) — «سەھرا ماكان» بىلەن ياكى «سېرىق دەريا» بىلەن قانداق باغلىنىشى بارلىقىنى ھۆكۈم قىلىش قىيىن.

باتۇر تەڭرىقۇت توخارلارنى تارمار قىلغاندىن، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاغاقايۇق تەڭرىقۇتلۇققا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي تەركى ماكان قىلىشقا تەكەندى. بۇ چاغدا توخارلار ئىلگىرىكى ئۇسۇنلاردەك بىر قەدەر توپ ھالدا كۆچۈپ كېتىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمىغانىدى. توخارلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 175 ـ، 174 ـ يىللىرى ئاسىي چاۋۇپخان باشچىلىقىدا ئۇسۇنلار ئىزىنى بېسىپ ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ

كېلىشتى . بىر قىسىم توخارلار تەكلىماكاننىڭ شىمالى ، تولاراق جەنۇبىنى بويلاپ پىتراپ كەتتى . بۇ چاغدا ئۇسۇنلار هۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلى ۋادىسىغا ئالىلقاچان ماكانلاشقان ، ئۇسۇن كۇنمى خانى هۇنلاردىن ئۆيلەنگەندى . توخارلار ئىلى ۋادىسىدا 12 — 13 يىل ياشىدى . ئۇسۇنلارنىڭ توخارلار ئۇستىدىكى قىساسلىرىنى ئاغاقايۇق تەڭرىقۇتنىڭ ئاخىرقى يىللىرى — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 162 ـ ، 161 ـ يىللىرى هۇن ئۇسۇن كېلىشىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بىرلەشمە هۇجۇم ئارقىلىق ئالدى . بۇ قېتىم ئاغاقايۇق تەڭرىقۇت توخار خانىنىڭ باش سۆڭىكىدە جام ياسىغانلىقى مەلۇم . هېرىدودوتنىڭ كۆرسىتىشىچە ، بۇنداق جام ئالتۇن يالتىلىپ ئىشلىنەر ۋە غەلىبە ئېپتىخارى سۈپىتىدە ساقلىنار ئىدى .

توخارلار شۇنىڭدىن كېيىن فەرغانە ئارقىلىق سوغدى رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى . بۇ جەرياندا بىر قىسىم توخارلار پلىني (pliny) نىڭ ئېيتىشىچە ، قەشقەرىيە — فەرغانە ئاهالىسىگە ئارىلاشقانلىقى مەلۇم . بۇ چاغدا باكتىرىيە زېمىنىگە گرېك شاهى ئېۋكۇتىد هۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ئۇلۇغ توخارلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 ـ يىلدىن 140 ـ يىلغىچە 36 يىل ماكانسىز سەرگەردان هالەتتە ياشىدى . ئۇلار سىرىق دەريا ، بولۇنگىر ۋادىسىدىن ئىلى ۋادىسىغا ، ئۇ يەردىن ئامۇ ۋە پەنجاپ ۋادىسىغا ، ئوردۇس يايلىقى ۋە تىلەن تاغلىرى باغرىدىن پامىر ـ هىندىقۇش تاغلىرى ئارىسىغا بېرىپ ماكانلاشتى . بۇ جايلار كېيىنچە توخارستان دەپ ئاتالدى . تىڭتىيەنفۇڭىبانىڭ كۆرسىتىشىچە ، توخار ـ دۇنخۇاڭ ئەسلىدە بىر سۆز بولۇپ ، دۇنخۇاڭ توخار سۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ، دېيىلىدۇ .

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش هاجەتكى ، شۆەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياهەت» ناملىق ئەسىرىدە باكتىرىيىدىكى

www.uyghurkitap.com

توخارستاننى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، خوتەندىن چاقىلىقتا قاراپ قىلغان سەپىرىدە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى يول ئۈستىدە، «تۆت يۈز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن توخار مەملىكىتىگە كەلدۇق، مەملىكەت ئۇزاقتىن بېرى تاشلىنىپ كەتكەن بولۇپ، چۆللەشكەن ئىكەن» دەپ يازغان. ئەمما «خەننامە»دە مۇنداق ئىككىنچى توخار مەملىكىتى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭدىن رىختوفېن (Richthofen) توخارلار ئەسلىدە دۇنخۇاڭدا ئەمەس، بەلكى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى توخار ماكانىدا ئىدى. تەكلىماكان سۆزى توخار ماكان دېگەن بولىدۇ، دېگەن ئاساسسىز كۆزقاراشقا كەلگەن. بىز، بۇ جايلاردا توخارلارنىڭ بىر بۆلىكى — كىچىك توخارلار ياشىغان ۋە ھەرقايسى يەرلىك خەلقلەرگە تەدرىجىي سىڭىپ كەتكەن دەپ قارايمىز.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى توخارلارغا ھۇجۇم قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا كرورايىنا (楼兰)، خۇجيە (呼揭)، ئۇسۇن قاتارلىق شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنى ۋە غەربىي دىياردىكى 26 دۆلەتنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئۆز تەسىرىنى تارىم ۋادىسى ۋە يارىش يازىقى (جۇڭغار دالاسى)غا كېڭەيتكەن. ئۇ قارا شەھەردە ھۇنلارنىڭ تۇڭغو (تۆرە) تۇتۇق مەھكىمىسى (僮仆都尉) تەسىس قىلغان. تىڭتىيەنفېڭبانىڭ كۆرسىتىشىچە، خۇجيەلەر ياكى ئۇجيەلەر (乌揭) شۇبھىسىز كېيىنكى ئۇيغۇر (回鹘)لاردىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، باتۇر تەڭرىقۇت توخارلارغا قاراتقان ھۇجۇم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، غەربتە تاكى گرېك — باكترىيە دۆلىتىگىچە بولغان كەڭتاشا مەركىزىي ئاسىيا زېمىنىنى ئۆز تەسىرىگە كىرگۈزدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدىكى «ئوكسۇس - Oxus» (ئامۇ) دەرياسىنىڭ «ساي ھۇن» (كېيىنچە «چايخۇن - جەيخۇن») دېگەن نامغا

ئۆزگىرىشى ئېھتىمالەم شۇ چاغلاردا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن .

باتۇر تەڭرىقۇت ھۇن خانلىقى بىلەن گرېك ـ باكتىرىيە ، ھىندىستان ، ئوغۇز دالاسى ، ئىران ۋە كاۋكازىيە ئارىسىدىكى سودا يوللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ ، خەن سۇلالىسىدىن ئالغان تاۋار ـ دۇردۇنلار بىلەن بۇ رايونلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئارىسىدا دەسلەپكى ئالمىشىش ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلدى . بۇ چاغدا سودا ئالاقىسى مەشھۇر «ئالتۇن يولى»نى بويلاپ ئېلىپ بېرىلاتتى . «خەننامە . غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بۇ ھەقتە يېتەرلىك مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرغاندى . ئوتتۇرا موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن ھۇن تاش قەبرىلىرى ، زابايقالدىن تېپىلغان ھۇن قەبرىلىرى ، ئۇلانباتورنىڭ شىمالىدىكى نوئىن — ئۇلادىن تېپىلغان ھۇن قەبرىلىرىدىن چىققان كۆپلىگەن بۇيۇملار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرىدىن گ . پ . سوسنوۋسكىي بىلەن ئا . پ . ئوكلادنىكوۋ تەرىپىدىن سېلىنگا دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىن تېپىلغان كونا ھۇن شەھەر خارابىسى ئەينى زاماندا شەھەر سودىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى . بۇ شەھەردە راۋاقلار ياسالغان ، ئاشلىق ساقلاش ساڭلىرى بولغان ۋە قۇدۇقلار كولانغان . ما چاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» ناملىق كىتابىدا ، س . ۋ . كېسلىيوۋ «قەدىمكى موڭغۇلىيىدىكى شەھەرلەر» ناملىق ماقالىسىدا سىماچيەننىڭ ھۇنلار «ئوت ـ چۆپكە ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ ، شەھەرلىرى يوق ، تېرىقچىلىق قىلمايدۇ» دېگەن سۆزىنى تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغان مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن سۆز دەپ قارىغان . ھەر خىل ھۇن يادىكارلىقلىرى تالاس ۋادىسىدىن ، كاتتا گومبىدىن ، ئوتتۇرا تەڭرىتاغدىن ، فەرغانە ۋە ئالاي تاغ باغرىدىكى كونا قەبرىلەردىن كۆپلەپ تېپىلغان .

ھۇنلار غەربىي يۇرتتى كونترول قىلغاندىن كېيىن، شەھەر- قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا يول قويدى، ئۇلارنىڭ غەربىي ئىتتىپاقتا قاتنىشىش شەرتى ئاستىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇشىغا قوشۇلدى. باتۇر تەڭرىقۇتتىن كېيىنكى بىر قانچە ئەسىر، ھېچبولمىغاندا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅱ ئەسىر ئاخىرىدىن ھۇنلار زېمىنىدا جۇجانلار ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگۈچە ئۆتكەن Ⅳ — Ⅴ ئەسىر ئىچىدە تۇران زېمىنىدىكى ساك ئاندرونوپلىرىنىڭ تۈركلىشىش جەريانى ئاساسەن ئاخىرلاشتى. بۇ خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق زامانلىرى بىلەن كۇشان ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ئەھۋال. ئۇنىڭدىن كېيىن 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر زامانىدا، باشقىچە ئېيتقاندا، ئېفتالىتلار، جۇجانلار، سىيانپىي ۋە كۆكتۈرۈك خانلىقى دەۋرلىرىدە تۈركىي خەلقلەر ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر دەۋرىنى باستى.

## 3. ئىككىنچى قېتىملىق «مايى ھىيىلىسى» ۋە ھۇن — خەن مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

تارىخ — ئۆز قەھرىمانلىرىنى ياراتقاندەك، تارىخىي قەھرىمانلار ئۆزىنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرىنى يارىتىدۇ. بۇ تارىخىي تەقەززا (پۇرسەت) بىلەن تارىخىي قەھرىماننىڭ ھەر بىر تارىخ ياراتقۇچى خەلق تەقدىرى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇرۇش — ئۆز تىنچلىقلىرىنى ھازىرلىغاندەك، تىنچلىقمۇ ئۇرۇش ئاتلىرىنى سەمرىتىپ، يېڭى جەڭ سەھنىسىنى ھازىرلايدۇ.



www.uyghurkitap.com

يېڭى قەھرىمانلار بىلەن يېڭى ئۆستۈنلۈكلەر تىنچلىقنىڭ ئۇلارغا بولغان خاراكتېرى ۋە قىممىتىگە قاراپ تارىخ تەڭشىكىنى قايتا تۈزۈشكە ئېلىپ كېلىدۇ. ھەقىقىي تارىخ ئىلمىنىڭ خىزمىتى پادىشاھلار تىزىملىكى بىلەن تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى يوقىتىش بولماستىن، بەلكى تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئارقىلىق پادىشاھلار تىزىملىكىنى تاللاشتۇر.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى يىراق ئەجدادلىرىنىڭ ھەر خىل مەھەللىۋى ھاكىمىيەتلىرى تەنتەنە ياكى پاجىئەلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۈنجى بىرلىككە كەلگەن ئۇلۇغ ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ توخار ئىلىدە تۇرغاندا ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ تارىخىي تەپەككۇرى ۋە قەيسەرانە پائالىيىتى ھۇن سەلتەنىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. ۋەھالەنكى، خەن ۋۇدى ئېلىپ بارغان تارىخىي خاراكتېرلىك پائالىيەتمۇ خەن سۇلالىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقانىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلى (خەن ۋېندىنىڭ 6 - يىلى) ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئاغا قايۇق (سەلتەنەت يىللىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلدىن 160 - يىلغىچە) تەڭرىقۇتلۇق سەلتەنىتىگە چىقىدۇ. بۇ ھۇن سەلتەنىتىنىڭ راسا گۈللىنىۋاتقان تارىخىي مەزگىللىرىدىن بىرى ئىدى. ئاغا قايۇق تەڭرىقۇت ھۆكۈمرانلىقتا تۇرغان 14 يىل ئىچىدە ھۇن — خەن مۇناسىۋىتى ئاساسەن تىنچ ئۆتتى. ھۇن سەلتەنىتىنىڭ تەسىرىنى مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغىچە كېڭەيتىش ئاغا قايۇق تەڭرىقۇتنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىنغانىدى. شۇنداقتىمۇ غەربىي يۇرتتا كېڭىيىپ كېتىۋاتقان يىپەك يولى سودىسىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 166 - يىلى خەن سۇلالىسىغا ئىلگىرىكى ھەر يىللىق ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپەك ماللارنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇش ھەققىدە تەھدىت سالدى، ھەتتا خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بەزى

پاراكەندىچىلىكلەرنى قىلدى.

ئاغا قايۇق تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 160 ـ يىلى ئۆلۈپ، ئورنىغا كۈنگىن تەڭرىقۇت ئولتۇردى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 34 يىلنىڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 160 — 126 ـ يىللار) دەسلەپكى 27 يىلىدا ئاساسەن ھۇن — خەن مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكىدەك تىنچ ئۆتتى. بۇ خىل تىنچ مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى يەنىلا لىيۇ باڭنىڭ بەيدىڭ تېغىدىكى مۇھاسىرىسى ئاياغلاشقاندا باشلانغان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ كېلىشىمى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىككى ئارىدا ئىناقلىق، بېرىپ ـ كېلىش ۋە سودا مۇناسىۋىتى داۋاملاشقانىدى. قىسمەنلىك جەھەتتىن ئالغاندا ھۇنلارغا تەسلىم بولغان ياكى خەن سۇلالىسىغا يۈز ئۆرىگەن جۇڭ شىڭيۈي (中行悦)گە ئوخشىغانلار بىلەن ھۇن قوراللىق قىسىملىرىنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى خەن سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدە بەزى بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھۇن — خەن قوشۇنلىرى ئارىسىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 158 ـ يىلى خېبى ئەتراپىدا بىر مەزگىللىك جەڭدىيىلىك يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئەھۋال يەنىلا تىنچ كېلىشىم بىلەن ھەل قىلىندى. جۇڭگو يىلنامىلىرىدا: كۈنگىن تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندا تۆت ياشلىق گۆدەك بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ئاغا قايۇق تەڭرىقۇتقا خەن مەلىكىسىنى ئېلىپ بارغان جۇڭ شىڭيۈي خەن سۇلالىسىغا يۈز ئۆرۈپ، گۆدەك تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ بىر مەزگىل پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغان بولسىمۇ. كۈنگىن تەڭرىقۇت چوڭ بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك خەن جىڭدى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىلگىرىكى تىنچ قوشنىدارچىلىق سىياسەت يەنە داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى ئىزاھلىغۇچى ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان. ئامېرىكا تارىخچىسى مىككوۋېرنىمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 162 ـ يىلى شاۋ ۋىندى ئاغا قايۇق تەڭرىقۇتقا يازغان مەكتۇپىدە : ئۆتكەن پادىشاھلىرىمىز تۇمەن يوللۇق ئۇلۇغ سېپىلنىڭ شىمالى ئوقياچىلار دۆلىتى بولۇپ ، تەڭرىقۇت ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدۇ ، بۇ سېپىلنىڭ ئىچكى قىسمى تاجدارلار قەسرىسى بولۇپ ، ئۇلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ ، دەپ بېكىتكەنلىكىنى تەكىتلىگەن بولسا ، ئاغا قايۇق تەڭرىقۇتنىڭ شاۋ ۋىندىگە يازغان مەكتۇپىدە : ئىككى دۆلەت خەلقى خۇددى بىر ئائىلە پەرزەنتلىرىدەك ئۆتكەي . تۇمەنمىڭلىغان خەلق ، ھەتتاكى يەردە بېلىقتىن تاشپاقىغىچە ، يۇقىرىدا ئۇچار قۇشلارغىچە ، جىمىكى ماڭالايدىغان ، تىنالايدىغان ، قىمىرلىيالايدىغان مەخلۇقلارغىچە ھەممىسى خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان ئۆتكەي ، دەپ يېزىلغان . ھۇن — خەن مۇناسىۋىتىنى باشتىن ـ ئاياغ جەڭ ـ جېدەل مۇناسىۋىتى ، مۇتلەق دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتى قىلىۋېتىش ھەم پاكىتقا ھەم تارىخشۇناسلىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

خەن ۋۇدى (سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 140 — 87 ـ يىللار ) ھاكىمىيەت تەختىگە چىققاندا خەن سۇلالىسى 66 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان دۆلەت ئىدى . بۇ ۋاقىت ئىچىدە خەن سۇلالىسى داۋاملىق راۋاجلاندى . يەتتە بەگلىك توپىلىڭى ۋە ئوردۇس بويىدىكى قىسمەن جەڭلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا دۆلەت ئاساسەن تىنچ راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، يېزا ئىگىلىكى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سودا كاپىتالى كۆرۈنەرلىك ئۆستى .

خەن ۋۇدى (ليۇ چيە ) 17 ياش ۋاقتىدىلا خانلىق تەختكە چىقىپ 70 يېشىدا ۋاپات بولغۇچە 53 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى . ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان دەۋرى باتۇر تەڭرىقۇت (35 يىل ) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئاغا قايۇق تەڭرىقۇت (14 يىل )نىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىنمۇ ئۇزاق بولدى . ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇستىگە خەن ۋۇدى ئاتلار سەمىرگەن، ساڭلار ئاشلىق بىلەن تولغان يېتۇك ئىقتىسادىي مۇھىتتا تەختكە قەدەم قويغانىدى. بۇ خىل ئوبيېكتىپ شەرتتىن تاشقىرى خەن ۋۇدى يىراقنى كۆرەر، قاتتىق ئىرادىلىك، جەسۇر ۋە سىياسىي جەھەتتە ماھارەتلىك دۆلەت باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ خەن سۇلالىسى تارىخىدا ئوينىغان رولىنى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھۇن خانلىقى دەۋرىدە ئوينىغان رولىغا تەققاس قىلىش مۇمكىن. پۈتۈن جۇڭگو تارىخىدىن ئالغاندا يايلاق تۆرىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى — باتۇر تەڭرىقۇتنى ۋە ھەتتا كۆكتۇرك قاغانلىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلەشتۇرۇپ بولمايتتى. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى لەت قىلمىدى. بۇ ناھايىتى كاتتا ئامەت ئىدى.

خەن ۋۇدىنىڭ تەختكە چىقىشى ئومۇمەن ھۇن — خەن سېلىشتۇرمىسىدا خەن سۇلالىسىنىڭ داۋاملىق روناق تېپىشى ۋە ھۇنلار خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىپ، پارچىلىنىپ، ھالاك بولۇشىنىڭ تارىخىي مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغانىدى.

خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ دەسلەپكى ئۈچ يىل ئىچىدە ھۇن — خەن مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكىدەك داۋام قىلىپ تۇردى. چاڭئەنگە تەڭرىقۇتتىن باشقا ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى، سودا ۋە ئاھالىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ باشقا ھەرقانداق دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىن كۆپ ۋە زىچ ئىدى.

خەن ۋۇدى راۋاجلانغان ئىقتىسادىي كۈچ ۋە سودا مۇئامىلىسىنىڭ تارىخىي تەقەززاسى بويىچە ھۇن — خەن مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆلى بولغان بەيدىڭ شەرتنامىسىنى قايتا ئويلىشىشقا كىرىشتى. بۇ ئىش ئەينى زاماندا ئوردا ئىچىدىكى يىراقنى كۆرەر ئەمەلدارلارنىڭمۇ رايىنى قوزغىغانىدى. ئىلگىرىكى ۋىندى ۋە جىڭدى زامانلىرىدىمۇ جا يى ( 贾谊 ) بۆلگۈنچى بەگلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مەركەزلەشكەن دۆلەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن؛ چاۋ سو ( 晁错 )

ھۇنلارغا ئۆلپان ۋە مەلىكە يوللاشنى بىكار قىلىپ، بەدەۋىلەر بىلەن بىرلىشىپ بەدەۋىلەرگە قارشى چىقىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. چاۋ سونىڭ جىڭدى پادىشاھقا يازغان تەكلىپنامىسىدا: «ئۇششاق ئەللەر بىلەن بىرلىشىپ، چوڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماق ئەلنىڭ قوللانغان تەدبىرى، بەدەۋىلەر بىلەن بىرلىشىپ بەدەۋىلەرگە ھۇجۇم قىلماق جۇڭگونىڭ تەدبىرى بولۇشى لازىم» (合小以攻大敌国之形也,以蛮夷攻蛮夷中国之形也) دېگەنىدى. خەن ۋۇدى ليۇ باڭ زامانىدا تۈزۈلگەن بەيدىڭ شەرتنامىسىنى بىكار قىلىشقا بەل باغلىغاندا پۇتۇنلەي ھەققانىي ئىدى. بۇ نۇقتا ئەلۋەتتە ھەققانىي ھوقۇق نۇقتىسىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى لازىم. خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى بۇ ھەقتە رەسمىي كېڭىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يۈنىلىشىنى تۈزۈپ چىقتى.

ھۇن — خەن تارىخىدا مەشھۇر مايى (马邑) ۋەقەسى ئىككى قېتىم يۈز بەرگەنىدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھىيلىسى بىلەن باشلىنىپ، ليۇ باڭ (خەن گاۋزۇ) نىڭ بەيدىڭ تېغىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى يەنە بىر قېتىم يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى مايى ۋەقەسىنىڭ ھەربىي پىلانى گېنېرال ۋاڭ خۇي (王恢) نىڭ تەكلىپى بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قېتىم كۈنگىن تەڭرىقۇتنى قامال قىلىپ ئۇنى ئۆز شەرتىگە كۆندۈرمەك (بەزى تارىخچىلار ھۇنلارنى بىر يولىلا تارمار قىلماق دەپ بايان قىلغان) مەقسەت قىلىنغانىدى. پىلان بويىچە ئادەتتە ھۇنلار ئارىسىغا بېرىپ سودىگەرلىك قىلىدىغان نى ۋېڭيى (聂翁壹) دېگەن بايىنى ھۇن تەڭرىقۇتى كۈنگىننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، مايى شەھىرىنى ساتىمىز دەپ يالغان ئېيتقان. ئۇ مايىدىكى ھەر خىل قىممەتلىك ماللارنىڭ

نۇسخىلىرىدىن ئېلىپ بارغانىدى. كۆنگسن تەگرىقۇت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مايى (ھازىرقى شەنشىنىڭ شاۋشەن ناھىيىسى) شەھىرىگە يېقىنلاپ كېلىدۇ. شەھەرگە يۈز چاقىرىم قالغان دالادا مالچىسى يوق سان - ساناقسىز مال - چارۋىلار كۆرۈنىدۇ. بۇ بۆكتۈرمە قىلىنغان خەن ئەنگو (韩安国) قاتارلىق تۆت سانغۇننىڭ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئىدى. كۆنگسن تەگرىقۇت بىر ھىيلىنى بايقاپ، يەنمىن ئامبىلىنى تۇتۇپ كېلىپ بۇ سىرنى سورىغاندا ئۇ ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆنگسن تەگرىقۇت ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن تېزلىكتە چېكىنىپ سەددىچىندىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ھېلىقى ئامبالنى بىللە ئېلىپ كېتىپ ئۇنىڭغا يۇقىرى مەنسەپ بېرىدۇ. مايى توزىقى ئەمەلگە ئاشمىغاچقا خەن ۋۇدى بۇ ھىيلىنى پىلانلىغان ۋاڭ خۇينىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۇنجى قېتىملىق مايى ۋەقەسى بىلەن باشلانغان ھۇن — خەن مۇناسىۋىتىدىكى تىنچلىق ئىككىنچى قېتىملىق مايى ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇزۇلۇپ قانلىق جەڭلەرنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچىدۇ.

خەن ۋۇدى مايى ۋەقەسى پىلانىنى قوبۇل قىلغان چاغلاردا يەنە «جاھانكوشاي ئىشلار (霸业)» نىيىتىگە بەل باغلىغانىدى! ئۇ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى ۋېتنامنىڭ شەرقىدىكى دېڭىز دائىرىسىگە، 112 — 103 - يىللىرى ۋېتنام بىلەن غەربىي جەنۇبقا، 108 - يىلى كورىيىگە، 104 - يىلى فەرغانىگە كۈچلۈك قوشۇن ئەۋەتتى. «خەن ۋۇدىنىڭ سىرتقا كېڭىيىش سىياسىتىگە مەددەت بولغان نەرسە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ يەر ئىگىدارچىلىقىنى كېڭەيتىش ئاچكۆزلۈكى بىلەن سودا كاپىتالىنىڭ ئۆسۈشى بولدى»[1].

---

① ئەن زوجاڭ (安作璋): «ئىككى خەن ۋە غەربىي يۇرت مۇناسىۋىتى تارىخى»، 28 - بەت.

خەن ۋۇدى ئىچكى ئامانلىق ۋە سىرتقا قول سېلىش ئۇچۇنمۇ هۇنلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل تىزگىنلەش پىلانىنى تۈزدى. ئۇ ئومۇمەن: هۇنلارنى ئوردۇس ۋە گەنسۇدىن چېكىندۇرۇپ، چاڭئەنگە يېقىندىن بولىدىغان تەهلىكىنى بىكار قىلىش، غەربىي يۇرتتا هۇنغا قارشى ئىتتىپاقچىلارغا ئېرىشىش، كۆپلەپ كۈچلۈك ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇن تەشكىللەپ، هۇنلار بىلەن هەل قىلغۇچ جەڭلەر ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدا ئوردۇس جېڭى، گەنسۇ جېڭى، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا چىقىشى، فەرغانە جېڭى قاتارلىقلار خەن ۋۇدى هايات ۋاقتىدىكى مۇهىم تارىخىي ۋەقە هېسابلىنىدۇ.

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 127 ـ يىلى ۋېي چىڭ سەركەردىلىكىدە ئوردۇس يايلىقىدىكى هۇن قوشۇنلىرىغا قارشى كۆپلەپ قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قېتىم ئوردۇس يايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇ يەردە شاۋپاڭ ۋىلايىتى تەسىس قىلىپ، يۈز مىڭ كىشى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى.

ئانچە ئۆتمەي كۈنگىن تەڭرىقۇت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى سول قانات يۇلىخان ئىقيار (ئىجىش) تەڭرىقۇتلۇققا چىقتى. ئۇ كۈنگىننىڭ ئوغلى ئوتانىنى قوغلاپ چىقارغانىدى. ئوتان خەن سۇلالىسىغا قېچىپ كېلىپ، بىر قانچە ئاي ئىچىدىلا ئۆلدى. ئىقيار تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 ـ يىلىدىن 113 ـ يىلىغىچە 13 يىل تەڭرىقۇتلۇق تەختىدە ئولتۇرغانىدى.

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 ـ يىلى خوچۇيىڭ سەركەردىلىكىدە ئەۋەتكەن چوڭ قوشۇن گەنسۇدىكى هۇنلارنىڭ بەش خانلىق زېمىنىگە يېقىنلاپ كەلدى. دەهشەتلىك جەڭلەردىن كېيىن تىلەنخان (卢侯王)، لىوقاخان (折兰王)، شانگوتۇتۇق (相国都尉)، شۇتخان (休屠王) قۇنشارخان (浑邪王) قاتارلىق بەش نائىب خانلار خەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلدى. قۇنشارخان شۇتخاننىڭ كاللىسىنى كېسىپ

www.uyghurkitap.com

خۇ چۇيىبىڭغا تەسلىم بولدى . قالغان ئۈچ خان بىر مەرگىل قارشىلىق كۆرسىتىپ ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 110 ـ يىللىرى پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى . تارىخىي مەلۇماتلاردا قەيت قىلىنىشىچە ، شۇتخاننىڭ بارىگاھسىدىن ئالتۇن ھەيكەلنىڭ چىققانلىقى ، بۇددىزم تەسىرىنىڭ بۇ جايلارغا يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 115 ـ يىلى جۇچۇەن ۋىلايىتى ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 111 ـ يىلى جاڭ يە ، دۇنخۇاڭ ۋىلايەتلىرى قۇرۇلۇپ ، 200 مىڭ كىشىلىك ئاھالە ۋە نۇرغۇن مەھبۇسلار بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوردۇس ۋە گەنسۇدىكى جەڭلەردىن كېيىنلا شىمالىي قۇملۇققا زور قوشۇن ئەۋەتىلدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى شەنشىنىڭ شىمالىدىن ۋېي چىڭ باشلىغان نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىن خۇ چۇيىبىڭ باشلىغان بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەددىچىندىن ئۆتۈپ ھۇنلار تۇرغان زېمىنغا ئىچكىرىلەپ كىردى . قانلىق جەڭلەر نەتىجىسىدە ھۇنلار شىمالغا چېكىندى ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىمۇ داۋاملىق ئۇرۇش قىلالمايدىغان چىقىم ۋە ھېرىپ ـ چارچاش بىلەن ئارقىغا قايتتى . لى گۇاڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ياردەم بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى . 200 مىڭ ئادەمنى جەسەتكە ئايلاندۇرغان بۇ ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپنى چارچاتتى .

بۇ ئۇرۇشتا ، ھۇن تەڭرىقۇتى ئەجدادى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇملۇقى ، يىراق ئىستراتېگىيىگە ئىگە ئەمەسلىكى بىلەن چىقىمدار بولغان بولسا ، خەن ۋۇدى ھەتتا گېنېرال لى گۇاڭ جازادىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇدەك بولغان قاتتىق ئىنتىزام ۋە جىددىي ئۇرۇش بىلەن چىقىمدار بولغانىدى .

خەن سۇلالىسى تارىخىدا جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا سەپەر

قىلىشى غايەت زور ئىستراتېگىيىلىك ھادىسە بولدى . بۇ ئىش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلىدىلا باشلانغانىدى . بۇ چاغدا تېخى ئوردۇس جېڭى ۋە گەنسۇدىكى جەڭلەر پارتلىمىغانىدى .

جاڭ چيەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتقا ئىككى قېتىم كېلىپ ، ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيىلىك سەپىرىنى ئېلىپ باردى .

ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى يۈزدىن ئارتۇق كىشى بىلەن چاڭئەندىن يولغا چىقىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاڭبا جەمەتىنىڭ قۇلى گەنفۇ ( 甘父 ) ئىسىملىك بىر ھۇن چال باردى . ئۇ تەرجىمان ھەم يول باشلاپ بەرگۈچى ئىدى . ئۇلار گەنسۇنىڭ ھۇنلار ئىگىلىكىدىكى رايونغا كىرگەندە ھۇن چارلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ كۈنگىن تەڭرىقۇتنىڭ بارگاھىغا — ھازىرقى خوخخوتقا ئېلىپ بېرىلىدۇ . كۈنگىن تەڭرىقۇت جاڭ چيەننىڭ ياۋچىلارغا كېتىۋاتقان خەن سۇلالىسى ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، تەنە بىلەن : «ياۋچىلار بىزنىڭ شىمالىمىزدا تۇرسا ، خەن ئوردىسى ئۇنىڭغا قانداق ئەلچى ئەۋەتىدۇ . ئەگەر مەن ۋېتنامغا ئەلچى ئەۋەتسەم خەن پادىشاھى بۇنىڭغا رازى بولامدۇ ؟ » دەپ سوئال قويىدۇ . جاڭ چيەن ھۇنلاردا ئون يىل تۇتقۇنلۇقتا تۇرۇپ ، تىل ئۆگىنىپ، نىكاھلىق بولۇپ ، پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى مەلۇم . شۇ ئارىدا يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاڭ چيەن بىر قىسىم كىشىلىرى بىلەن قېچىپ موڭغۇل دالاسىدىن ئىلى ۋادىسىغا كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئاللىقاچان توخارلار ئىلى ۋادىسىدىن سىر دەريا ۋادىسىغا يۆتكەلگەنىدى . جاڭ چيەن داۋاملىق غەربكە ئىلگىرىلەپ ، ئون كۈندە فەرغانىگە يېتىپ بارىدۇ .

فەرغانە غەربىي يۇرتتا جاڭ چيەن تۇنجى قېتىم خەن سۇلالىسى ئەلچىسى سۈپىتىدە ئۆزىنى كۆرسەتكەن دۆلەت .

www.uyghurkitap.com

جۇملىدىن خەن سۇلالىسى پامىرنىڭ غەربىدە تۇنجى قېتىم ئورۇش ئېلىپ بارغان ئەل بولۇپ قالدى . فەرغانە جاڭ چيەننى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنى ئۆز تەلىپى بويىچە ئادەم قوشۇپ كانگىيە ئارقىلىق كۆچۈپ كەلگەن جايغا يەتكۈزۈپ قويدى . بۇ چاغدا توخارلارنىڭ خانلىق قەلئەسى ئامۇ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنىدىكى خىۋە ئەتراپىدا ئىدى .① جاڭ چيەن فەرغانىنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتىگە ، باغۋەنچىلىكىگە ، بولۇپمۇ تاغ ئاتلىرىغا — «ساماۋى تۇلپارلار»غا قىزىققانىدى .

توخارلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 162 - يىلى ئىلى ۋادىسىدىن سۇغدى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى گرېك — باكترىيە دۆلىتىگە تەۋە سۇپىتىدە ماكانلاشقان كىچىك خانلىق ئىدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 135 - يىلى ئۇلار گرېك — باكترىيە دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىپ ، بەلخ شەھىرىنى پايتەخت قىلىشتى . ئاغا قايۇق تەڭرىقۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن توخار خانى ئورنىغا ئۇنىڭ ئايالى («خەننامە»دە) ياكى ئوغلى («تارىخىي خاتىرىلەر»دە) خانلىققا ئولتۇرغانىدى . توخارلار گۈزەل تۇپراق ۋە مەشھۇر دۆلەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقى ئۈچۈن كونا قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى جاڭ چيەنگە ئۇقتۇرغان . جاڭ چيەن باكترىيىدە بىرەر يىل تۇرۇپ ، قاراقۇرۇم تاغلىرىنى بويلاپ ھازىرقى گەنسۇ — چىڭخەي ئارىسىغا كەلگەندە ھۇنلار تەرىپىدىن يەنە تۇتقۇن قىلىندى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 - يىلى كۈنگىن تەڭرىقۇت ئۆلۈپ ، ئۇنىڭ ئوغلى ئوتانگە قارشى تەڭرىقۇتنىڭ ئىنىسى قوشۇن باشلاپ ئوردا ئۆزگىرىشى قىلغان قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ، جاڭ چيەن ۋە ئۇنىڭ ھۇن

---

① لۇكى . بۇ ئۇلنوئىس (فرانسىيە) : «يىپەك يولى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى . 1982 - يىل نەشرى ، 18 - بەت .

خوتۇنى ۋە گەنفۇ ئۇچى قېچىپ چىقتى . ئۇلاردىن جاڭ چيەننىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ ، جاڭ چيەن بىلەن گەنفۇ ئىككىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 ـ يىلى جاڭئەنگە قايتىپ كەلدى . 12 يىللىق سەرگەردانلىقتىن كېيىن قايتقان جاڭ چيەننىــــى خەن ۋۇدى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى .

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش لازىمكى ، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرت — ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىشى گەرچە ئەينى زامانىدىكى خەن ئوردىسىنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرى نۇقتىسىدىن — قىسمەنلىك نۇقتىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمىگەن بولسىمۇ ، ئۇ ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ، چوڭقۇر تارىخىي تەسىر ۋە تارىخىي ئاقىۋەتكە تۇتاشقانىدى . بۇ ئۇنىــڭ ھەربىــــي دىپلوماتىــــيە مەقسەتلىرىدىن ھالقىدى .

جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 — 115 ـ يىللار ) سەپىرى ئارىسىدا يەتتە يىل ۋاقىت ئۆتتى . بۇ ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىككى ئىش — خەن ئارىسىدىكى ئوردۇس جېڭى ۋە گەنسۇدىكى جەڭ يۈز بېرىپ ئۆتكەن . جاڭ چيەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 122 ـ يىلقى شىمالىي فرونتتىكى ھۇن — خەن ئۇرۇشىغا گېنېرال لى گۇاڭلىغا يول باشلىغۇچى بولۇپ قاتناشقانىدى . بىراق قاتتىق يېڭىلىش يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، قائىدە بويىچە جاڭ چيەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى لازىم ئىدى . ئەمما ئۆلۈمدىن ئەپۇ قىلىنىپ ، مەنسەپلىرى بىــكار قىلىنىـــــپ ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلدى . خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ باكتىرىيىدە ھىندىستان ئارقىــلىـــق كەلتۈرۈلگەن سىچۇەندە توقۇلغان بۆز ماتالار بىلەن سىچۇەندە ئۆستۈرۈلىدىغان بامبۇكلارنى ئۇچراتتىم ، دېگەن دوكلاتى بويىچە ئۇنى سىچۇەن ۋە غەربىي جەنۇب ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان يولنى ئېچىشقا بۇيرۇيدۇ . جاڭ چەن بۇ سەپىرىدە يەنە نەتىجە قازىنالمايدۇ .

خەن ۋۇدى ئوردوۋس جېڭى، گەنسۇدىكى جەڭ ۋە شىمالىي قۇملۇقتىكى جەڭلەردە ئىلگىرىكى ئاساسلىق ئاتلىق قوشۇنىدىن كۆپلەپ ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ كەلگۈسىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئات ۋە ئىتتىپاقچىغا تايىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلقى پايدىلىق ۋەزىيەتتە جاڭ چيەننى چاقىرتىپ ئۇنى يەنە ئۇسۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. بۇ قېتىم جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا سەپەرگە چىقىشى بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ توخارلارغا ئەلچىلىككە بارغان چېغىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا بىرىنچىدىن خېشى كارىدورىدا ھۇنلار زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ قېتىمقى سەپەر خەن ۋۇدىنىڭ ئادەتتىكىدەك ئەلچى ئەۋەتىش مەقسىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى «断匈右臂» دەپ ئاتالغان «يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئىستراتېگىيىلىك پىلانى» بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

ئۇسۇنغا ئەلچىلىككە بېرىش پىلانىنى جاڭ چيەن خەن ۋۇدىغا تەكلىپ قىلغانلىقى مەلۇم. جاڭ چيەن خەن ۋۇدىغا: ئۇسۇنلارنىڭ ئەسلى ماكانى تىلەن تېغى ئېتىكىدە بولۇپ، ئۇلاردا ئۆز يۇرتىغا قايتىش خاھىشى بار. يەنە ئۇلاردا مالغا ۋە قىزغا قىزىقىدىغان كونا خاھىش بار. شۇ سەۋەبلىك ئۇسۇنلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانات كۈچىنى كېسىۋېتىش، ھۇنلارنى مۇھىم بازىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇسۇنغا ئەلچى بولۇپ چىقىش لازىم، دېگەننى تەكلىپ قىلغان. خەن ۋۇدى جاڭ چيەنگە ئاپىرىن ئوقۇغان ۋە ئۈچ يۈز كىشىلىك زور ئەلچىلەر كارۋىنىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ يولغا سالغان.

جاڭ چيەن ئۇسۇنغا تۇسالغۇسىز يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ئۇسۇن دۆلىتى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئىدى. ئۇسۇن كۈنمىسى (خانى) مەرگەن چاپمىر 60 ياشتىن ھالقىغاچقا ۋەلى ئەھدىلىككە چوڭ ئوغلى زومىرنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، زومىر بالدۇر

ئۆلۈپ ، ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئوغلى كۈنسۈيمىرنى ۋەلى ئەھدى قىلىشنى سوراپ دادىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغانىدى . بۇنى مەرگەن چاپمىر كۈنمىنىڭ 2 - ئوغلى تالۇ ئاڭلاپ ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنىدى . دەل مۇشۇ چاغدا زومىر قازا تاپقان بولۇپ ، مۇسىبەت ۋە ئارازلىقلار تۇپەيلى ئۇسۇنلار كۈنمى ، كۈنسۈيمىر ۋە تالۇدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ قالغانىدى .

شۇنداقتىمۇ جاڭ چيەن ئۇسۇن كۈنمىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، هۇنغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتىدە ئۆلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىشى مۇمكىنلىكى ، خەن مەلىكىسىنى بېرىپ قۇدا بولۇش قاتارلىقلارنى ئېيتىپ ، كۆپلىگەن سوۋغا - سالاملارنى قويىدۇ . مەرگەن چاپمىر : خەن سۇلالىسىنىڭ ناھايىتى يىراقلىقى ، ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەرسىزلىكى ، ئۇسۇن ئۈچكە بۆلۈنۈپ تۇرغان ئەھۋالدا بۇ ھەقتە بىرلىككە كېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ . جاڭ چيەن قايتىش ۋاقتىدا خان ئۇنىڭغا جاۋاب سوۋغا سۇپىتىدە 14 ئات بېرىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ . جاڭ چيەن چاڭئەنگە قايتىپ كېلىپ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 114 - يىلى ) ئالەمدىن ئۆتىدۇ .

جاڭ چيەن ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 111 - يىلى ) خەن ۋۇدى پۇتكۈل گەنسۇ كارىدورىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، خەن سۇلالىسى چېگرىسى غەربىي يۇرتقا تۇتۇشۇپ قالغانىدى .

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلى غەربىي رايوندا ئىستراتېگىيىلىك تايانچ نۇقتا تىكلەش ، دۇنخۇاڭدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان قاتناش لىنىيىسىدە بىخەتەرلىك ۋە ئۇستۇنلۇكنى تىكلەش مەقسىتىدە سانغۇن چاۋ پونۇ باشچىلىقىدا گەنسۇ كارىدورىدا تەسلىم بولغان بەش بەگلىكنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرلەشمە قوشۇنى

هازىرقى تۇرپاندىكى گۇشى (قوجۇ)غا ئەۋەتتى. قوجۇ ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ئالدىدا ۋاڭ خۇي يەتتە يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن كرورايىنا (لوپچىن)غا ھۇجۇم قىلىپ، ئاساسىي قاتناش تۈگۈنىنى كېسىپ، ئۇنى ئۈز تەسىرىگە كىرگۈزگەنىدى. ۋاڭ خۇي كرورايىنا خانىنى ئەسىر ئېلىپ غەربىي يۇرتتا تۇنجى قورالىق ۋەقە پەيدا قىلدى. ئارقىدىنلا چاۋ پونۇ قىسىملىرى قوجۇ (قاڭقىل)غا غەلىبىلىك ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي يۇرت خانلىقلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ نامايىش خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك قەدەمدىن كېيىنلا دەرھال سەددىچىن سېپىلى قاشقۇۋۇق (يۈيمىنگۇەن)گىچە ئۇزارتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىسالدا ھالەتتە تۇرغان ئۇسۇن خانلىقى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 105 - يىلى تۆت مىڭ تۇياق ئات سوۋغات بىلەن چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكە سوراتتى. شۇ چاغدىكى كېلىشىم بىلەن خەن ۋۇدى جاڭدۇ ۋاڭىنىڭ قىزى شى جۈن (细君)نى مەلىكە سۈپىتىدە يۈز كىشىدىن ئارتۇق خادىملىرى بىلەن ئۇسۇنگە ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئۇسۇنلاردا مەركىزىي ئاسىيا خەلقىدىكى قۇدرەتلىك كۈچ ئالدىدا ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش ۋە پارچىلىنىش ئىللىتى كۆرۈلدى. ئۇلار جاڭ چيەننى 14 ئات بىلەن يولغا سېلىپ، ئەمدى ئۆزلىرى تۆت مىڭ ئات بىلەن مەلىكە سورىدى. ھۇن تەڭرىقۇتى ئۇسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇسۇندىكى ھۇن مەلىكىسىنى چاقىرتىپ كېتىپ، قاڭقىل يېنىدا كۈچلۈك ھەربىي بازا قۇردى.

شۇنداق قىلىپ ھۇن — خەن كۈرىشى غەربىي يۇرتنى نۇقتا قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە قاڭقىل (قوجۇ)نى تالىشىشنى مەركەز قىلغان ھالدا داۋاملىشىشقا باشلىدى. بۇ جەڭلەر فەرغانە ئۇرۇشى، قوجۇدىكى بەش قېتىملىق ئېلىشىش، سەمەرقەنتكە قىلىنغان ھەربىي يۇرۇشتە ئۆزىنىڭ ئۆركىشىنى شەكىللەندۈردى.



www.uyghurkitap.com

فەرغانە جېڭى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 104 ـ يىلىدىن 101 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى . بۇ قېتىمقى جەڭ توغرىسىدا سىماچيەن مەخسۇس «فەرغانە تەزكىرىسى» يازغان . خەن ۋۇدى فەرغانە پادىشاھى ئۇگاخان ئالدىغا ئالتۇندا ياسالغان ئات ھەيكىلى قاتارلىق سوۋغىلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ فەرغانە ئاتلىرى — ساماۋى ئات دەپ ئاتالغان نەسىللىك ئات تەلەپ قىلغاندا ئۇگاخان بۇ تەلەپنى رەت قىلغان . بۇ چاغدا خەن ۋۇدىنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئۇگاخاننى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى قايتۇرۇپ يولغا چىققان . يولدىكى يۇيچېڭ (؟) شەھىرىدە خەن ۋۇدى ئەلچىلىرى ئۆلتۇرۇلگەن . بۇ خەۋەردىن غەزەپلەنگەن خەن ۋۇدى ‹لى گۇاڭلىنى باش سەركەردە قىلىپ ، خاۋ خۇ ، ۋاڭ خۇي ، لى دۇ قاتارلىق سانغۇنلاردىن تەشكىل تاپقان ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قاشقۇۋۇقتىن فەرغانە ئەرشى شەھىرىگە ئەۋەتىدۇ . قوشۇندىكى ئالتە مىڭ كىشى گەنسۇ كارىدورىدا خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان جەڭچىلەر ئىدى . خەن ۋۇدى ئۇلارغا فەرغانىنى مۇنقەرز قىلىپ ، فەرغانە ئاتلىرىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇرغانىدى . بۇ قوشۇن فەرغانىنىڭ يۇيچېڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغۇچە ناھايىتى قىينالدى ، غەربىي يۇرت شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېلىپ ، ئۇلارغا ئاشلىق بەرمىدى . بۇ قوشۇن فەرغانىنىڭ شەرقىي يۆنىلىشىدىكى يۇيچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قوزغاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 ـ يىلى دۇنخۇاڭغا يېنىپ كەلگەندە مىڭچە كىشى تىرىك قالغانىدى . خەن ۋۇدى بۇ خەۋەردىن تولىمۇ غەزەپلىنىپ : «قاشقۇۋۇقتىن كىرىشكە پېتىنغان كىشىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ بۇيرۇق قىلدى . خەن ۋۇدى ئوردا يىغىنىدا فەرغانە ئۇرۇشىنى توختىتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان دىڭ گۇاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى جازالاپ ، فەرغانە ئۇرۇشىغا داۋاملىق ھازىرلىق قىلدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى

101 ـ يىلى لى گۇاڭلىنى ئەرشىگە ئۇرۇش قىلغۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن، يېتەرلىك ئاشلىق ئارتقان ئون مىڭ كالا، 30 مىڭ تۇياق ئات، ئون مىڭ خېچىر ۋە ئېشەك بىلەن «ئالەم ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتسىمۇ پەرغانىنى ئېلىش» يۈرۈشىگە ئاتلاندۇردى. بۇ چاغدا پۈتۈن خەن سۇلالىسى خۇددى ئىمپېراتورنىڭ ئۆزىدەك ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي ھالەتكە كىرگەن بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئۇرۇشقا ھەدىيە قىلىش مەجبۇرىيىتى بولغان. يولدا بۇگۇر خانلىقى توسقۇنلۇقى بىر قانچە كۈن ئېچىدە باستۇرۇلۇپ، قوشۇن فەرغانىگە يېتىپ كەلدى. مۇشۇ چاغدىمۇ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن فەرغانىگە ئاران يېتىپ بارالىغانىدى. فەرغانىدا مۇھاسىرە ئۇرۇشى باشلاندى. لى گۇاڭلى باشلىغان قوشۇنلار شەھەر سېپىلىگە «نو» ( 弩 ) دەپ ئاتالغان تاش ئاتار قورالنى ئىشقا سالدى. لى گۇاڭلى شەھەرگە كىرىدىغان سۇ مەنبەسىنى قايرىپ تاشلىغاچقا، فرانسۇز تارىخچىسى لۇكې بوئۇلنوئىسنىڭ ئېيتىشىچە، رىمدىن كەلگەن سۇ ماھىرى قۇدۇق كولاپ شەھەردىكى فەرغانىلىقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن.①

فەرغانىلىقلارنىڭ سەركەردىسى جانمىر ئەسىر ئېلىنغاچقا فەرغانە ئاقسۆڭەكلىرى ئوگاخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئات سوۋغىسى بىلەن جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى، بولمىسا بارلىق تۇلپارلارنى قىرىۋېتىدىغانلىقىنى، يېقىندا كانگىيىدىن ياردەمگە كۈچلۈك قوشۇن يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لى گۇاڭلى، جاۋ سىچىڭ، لى دۇ قاتارلىق سانغۇنلار كانگىيە — سوغدىيىدىن كېلىۋاتقان قوشۇندىن خەۋپسىرەپ ئوگاخاننىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئەلچىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. خەن ۋۇدى قوشۇنلىرى بىر قانچە ئون فەرغانە تۇلپارى ۋە ئۈچ مىڭ تۇياق

① «يىپەك يولى»، خەنزۇچە نەشرى، 27 ـ بەت.

ئادەتتىكى ئات بىلەن قانائەتلىنىپ ، فەرغانە ئاقسۆڭەكلىرىدىن مۇشار دېگەننى خان قىلىپ شەھەرگە كىرمەستىن قايتتى . قايتقان لى گۇاڭلى قوشۇنلىرىغا يۈيچىڭ شەھىرىنىڭ نايىپى داۋاملىق ھۇجۇم قىلدى . بۇ نايىپنىڭ كاللىسىنى جاۋدى ناملىق بىر ئەسكەر ئالغانلىقى مەلۇم . لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن قاشقوۋۇقتىن قايتىپ كىرگەندە ئۇنىڭدا ئاران ئون مىڭ كىشى ، مىڭ جەڭ ئېتى قالغانىدى . ئۇلار چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىنىپ ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى گۇناھكار ئەسكەرلەر ئومۇمىي كەچۈرۈمگە مۇيەسسەر بولدى . خەن ۋۇدى ئايرىم ئات يېتىشتۈرۈش ئورنى قۇرۇپ فەرغانە ئاتلىرىنى نەسىللەندۈرۈشنى ، بېدە ئۆستۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى . شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو ئاتلىرىنىڭ تەسۋىرىي رەسىملىرىدە سىزىلىشى ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىشكە باشلىدى . خەن ۋۇدى يەنە فەرغانە ئاتلىرى تېما قىلىنغان شېئىر يېزىپ قالدۇرغانىدى .

فەرغانە ئۇرۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم ۋەقە بولدى . ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرىنىڭ ئاياغ ئىزىغا خەن ۋۇدى قوشۇنلىرىنىڭ ئاياغ ئىزىنى تولىمۇ يېقىنلاشتۇرغانىدى . ئىسكەندەر قوشۇنلىرى سەمەرقەنت — بۇخارا ئارىسىغا كەلگەنىدى . خەن ۋۇدى قوشۇنلىرى فەرغانە تۆزلەڭلىكىگە كەلدى . بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى پۈتكۈل غەربىي يۇرتتىكى بوستان شەھەر دۆلەتلىرىنى چۆچۈتۈپ ، ھەربىي نامايىش خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك تەسىر كۆرسەتتى . نەتىجىدە كۆپلىگەن ئۇششاق ھاكىمىيەتلەر خەن سۇلالىسىغا ئۆز پەرزەنتلىرىنى بارىمتايلىققا ئەۋەتىپ ، خەن سۇلالىسى بىلەن ئوبدان مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئىپادىلىدى . دۇنخۇاڭدىن لوپنۇرغىچە راۋان قاتناش بېكەتلىرى (مەنزىللەر ) تۇرغۇزۇلدى . خەن سۇلالىسى سەددىچىن سېپىلىنى يەنە ياڭگۇەن قوۋۇقىغىچە

ئۇزارتتى . بۇنىڭدىن كېيىنكى قاتناش ۋە ئەلچىلەرنى تىنىلەش مەقسىتىدە فەرغانىگە بېرىش سەپىرىدە باستۇرۇلغان بۇگۇر بېيىنىغا بىر قانچە يۈز كىشىلىك بولسىمۇ تېرىقچى چېرىك قويۇلۇپ ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلدى . ئۇ كېيىنچە غەربىي يۇرت تۇرغاق مەھكىمىسى (دوخۇفۇ ) بولۇپ تارىخ بېتىگە كىردى .

شۇنداقتىمۇ فەرغانە ئۇرۇشى غايەت زور چىقىم بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ ، يالغۇز لى گۇاڭلى قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ، 30 — 40 مىڭ تۇياق ئات - ئۇلاق ئۆلدى ، فەرغانە ۋە بۇگۇردىمۇ ئاز بولمىغان كىشى ئۆلگەن . «تۇز ۋە تۆمۈر ھەققىدە» ناملىق ھۆججەتتە بۇ توغرۇلۇق تەلقىن يۈرگۈزۈلۈپ : فەرغانە ئاتلىرى كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، «كەتكەن چىقىمىغا ئەرزىمەيدۇ» دېيىلگەن . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، فەرغانە ئۇرۇشى خەن سۇلالىسىنىڭ كەڭ غەربىي يۇرتتىكى ئوبرازى ۋە خاراكتېرىنى تىكلەپ ، شەھەر - قەلئەلىرىنىڭ تارقاقلىقىنى ئاشكارىلاپ ، مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ، باشقىلارنى بىلىش تارىخىغا يەنە بىر يېڭى قەدەم بېغىشلىدى .

## 4 . ھۇن سەلتەنىتىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ھۇنلارنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى

فەرغانە ئۇرۇشى خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن ۋە غەربىي تۇران شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايغان ، ئۇزاققا سوزۇلغان ، مۇرەككەپ تەكرارلانغان تىركىشىش ۋە ئۇرۇش باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 108 - يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 90 - يىلىغىچە بولغان ئازغىنا كەم ئىككى ئەسىر ئىچىدە مەركىزىي ئاسىيا زېمىنىدا يۈز

بەرگەن ھاكىمىيەت خاراكتېرلىك ھادىسىلەرنى تېخى يېتەرلىك يەكۈنلىگىنىمىز يوق .

بۇ ئازغىنا كەم ئىككى ئەسىردىكى ھادىسىلەر ئىككى جەھەتتە ، بىرىنچى ، ھەربىي ـ سىياسىي جەھەتتە ، ئىككىنچى ، روھىي جەھەتتە يەنى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە ئاشكارا كۆرۈلدى . قوراللىق جەڭلەر شىمالىي قۇملۇقنى ، قوجۇنى ئۇقتا قىلغان غەربىي يۇرتنى سەھنە قىلدى .

خەن ۋۇدى فەرغانە ئۇرۇشىدىن كېيىن يەنە 15 يىل ياشىدى . ئۇنىڭ ۋارىسى خەن جاۋدى 13 يىل ، خەن شۇەندى 25 يىل ھاكىمىيەت سورىغان چاغلاردىكى ھۇنلار «بەش تەڭرىقۇت ماجىراسى» ۋە پارچىلانغان «شىمالىي ھۇن» ، «جەنۇبىي ھۇن» لارغا ئاجرالغانىدى . بۇلار بەزى ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن تۈزەلمىدى . نەتىجىدە ھۇن سەلتەنىتى تارىخقا ئايلىنىپ قالدى ، بۇ جەريانىنىڭ مۇھىم ھادىسىلىرى مۇنداق :

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 99 ـ يىلى (قوتىغۇ[①]

① ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئىسمى ھەر خىل كىتابلاردا ھازىرغىچە ھەر خىل ئېلىنىپ كېلىۋاتىدۇ . بۇنى مەنبەلەر يېتەرلىك بولمىغاچقا پۈتۈنلەي توغرىلاپ كېتىش ھەقىقەتەن قىيىن . مەن ئۆزۈم ياپونچە نوپۇزلۇق كىتابلاردا ئىشلەتكەن ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسىگە ئاساسەن توغرىلاپ چىققان يەنە بىر خىل ئىسىملىكنى پايدىلىنىش سۈپىتىدە كۆرسىتىپ قويماقچىمەن . بۇنىڭدا شۇ تەڭرىقۇتلارنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن يىللىرىمۇ كۆرسىتىپ قويۇلغان : 1 . 头曼 تومان (م . ب . ؟ — 209 ) ، 2 . 冒顿 باتۇر — مەتەخان (م . ب . 209 — 174 ) ، 3 . 老上 قاغا قايۇق (م . ب . 174 — 160 ) ، 4 . 军臣 (م . ب . 160 — 126 ) ، 5 . 伊稚斜 ئىجىش (م . ب . 126 — 114 ) ، 6 . 乌维 ئۇۋۋا (م . ب . 114 — 105 ) ، 7 . 儿单于 بالا تەڭرىقۇت (م . ب . 105 — 103 ) ، 8 . 句黎湖 جولىقۇ (م . ب . 103 — 101 ) ، 9 . 且鞮侯 تاتتابېگ (م . ب . 101 — 97 ) ، 10 . 狐鹿姑 خولىگو (م . ب . 97 — 85 ) ، 11 . 壶衍鞮 خۇيانتا (م . ب . 85 — 69 ) ، 12 . 虚闾权渠 جۇرانكوي (م . ب . 69 — 60 ) ، 13 . 握衍朐鞮 قۇيات (م . ب . 60 — 58 ) ، 14 . 呼韩邪 قوغشار ـ قۇيۇش (م . ب . 58 — 31 ) ، 15 . 复株累 بوجۇلى (م . ب . 29 — 20 ) ، 16 . 搜谐 سۇشى (م . ب . 19 — 11 ) ، 17 . 车牙 چېرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 ـ يىلدىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 13 ـ يىلغىچە ) ، 18 . 乌珠留 ئۇچرو (م . ك . 14 — 18 ) ، 19 . 乌累 ئۇلى (م . ك . 8 ـ يىلى ) ، 20 . 呼都而尸道皋 قۇتيار (م . ك . 18 — 46 ) ، 21 . 乌达鞮侯 ئۇرات بېگ (م . ك . 46 ـ يىلى ) ، 22 . 蒲奴 پونو (م . ك . 4 — ؟ )

تەڭرىقۇت زامانىدا ) سانغۇن لى لىڭ باشچىلىقىدا ھۇنلا قارشى شىمالىي فرۇنتنى ئاچتى . دەل شۇ چاغدا يەنە خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ ئىشەنچ قازانغان ھۇن سانغۇنى قايلىڭخۇرغا كرورايىنادىن قوجۇ (تۇرپان )غا ھۇجۇم قىلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى . بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى خەن ۋۇدى ئوسۇنغا شى جۈن مەلىكىنى ياتلىق قىلغانىدى .

سانغۇن لى لىڭ بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇغلا دەريا ۋادىسىدا تەڭرىقۇتنىڭ 80 مىڭ چەۋەندازلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ تۆت يۈز كىشىلا تىرىك قالدى . سانغۇن لى لىڭ تەسلىم بولۇپ ، تەڭرىقۇتقا ئەل بولۇپ يېنىدا تۇردى ، ھۇن ئايالى ئالدى ، خەن ۋۇدىگە قارشى جەڭلەرگە قاتناشتى .

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 91 - يىلى لى گۇاڭلى باشلىغان 140 مىڭ كىشىلىك ، گۇڭ سۈنئاۋ باشلىغان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يەنە شىمالىي سەپكە ئەۋەتىپ ، يەنە يېڭىلدى .

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 97 - يىلى قوتىغۇ تەڭرىقۇت قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . لى گۇاڭلى باشلىغان 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن خاڭگەي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۇن قوشۇنلىرىغا يېقىنلاپ كەلدى . جەڭدە لى گۇاڭلى يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشتى . دەل شۇ چاغدا قوجۇغا ئەۋەتىلگەن ماڭ تۇ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنمۇ چېكىندى . لى گۇاڭلى خەن ۋۇدىنىڭ لى فۇرىن ناملىق ئايالىنىڭ ئاكىسى بولۇپ ، فەرغانىگە بارغان سانغۇن ئىدى . ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن شامانىنىڭ تەكلىپى بىلەن غولىغۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى ۋاپاتىدا «قۇربانلىق» قىلىندى . خەن ۋۇدى كرورايىنادىكى قايلىڭخۇرنى ئالتە بوستانلىق دۆلىتىدىن قوشۇن ئېلىپ قوجۇغا كىرىشكە بۇيرىدى . ئۇلار قوجۇنى ئالغان بولسىمۇ كۆپ ئۆتمەي ھۇنلار تارتىۋالدى .

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 87 - يىلى ۋاپات



www.uyghurkitap.com

بولۇپ ، خەن جاۋدى پادىشاھ بولدى . بۇ 13 يىل ئىچىدە ھۇنغا قارشى كۆرۈنەرلىك جەڭلەر بولمىدى . خەن جاۋدى فىئودال ئاقسۆڭەكلەرگە سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلدى . جام ( 扦弥 ) بەگزادىسى راندەننى بۇگۇر — چېدىردىكى تېرىقچى ئەترەتكە چېرىكچى بەگ قىلدى . پىشامشانلىق ۋتوچىنى خان دەپ ئېتىراپ قىلىپ ، ئۇنىڭغا مەلىكە يوللىدى . ئۇ بىر چاغلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ سوغدىلار ئاقسۆڭەكلىرىگە شۇ خىل يۇقىرى قاتلامدىن ئورۇن بەرگىنىدەك سىياسەتنى ئىشقا سالغانىدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 74 ـ يىلى خەن جاۋدى ئۆلۈپ ، ئورنىغا خەن شۇەندى چىقتى . ئۇسۇنغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە جيە يۇي ئىچىدە ئۇسۇن — ھۇن مۇناسىۋىتىنى 26 يىل بۇزۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكۈزدى . ئايانغار تەڭرىقۇت ئىلگىرى ياۋچى — توخارلارغا قارشى جەڭلەر ئارقىلىق قوللىغان ئۇسۇنلارغا ياكى خەن سۇلالىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئۆزى بىلەن ئۇرۇشۇش ياكى مەلىكە جيە يۇينى ھۇنلارغا تۇتۇپ بېرىش ، خەن — ئۇسۇن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىش ھەققىدە ئۇلتىماتۇم تاپشۇردى . ئۇسۇن كۇنبىگى مەلىكە جيە يۇي بىلەن بىرلىكتە خەن شۇەندىغا خەت يېزىپ ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 92 ـ يىلى خەن شۇەندى ئۇسۇنغا سانغۇن چاڭ خۇينى ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زور ھەربىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ تيەن گۇاڭمىڭ ( 田广明 ) ، پەن مىڭيۇ ( 范明友 ) ، خەن زىڭ ( 韩增 ) ، جاۋ چۇڭگو ( 赵充国 ) ، تيەن شۇن ( 田顺 )دىن ئىبارەت بەش سانغۇننى 160 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ شىمالىي قۇملۇققا بېرىپ ھۇنلار بىلەن سوقۇشۇشقا ئەۋەتتى . بۇ چاغدا ئۇسۇن قوشۇنلىرىمۇ چاڭ خۇينىڭ ئىشتىراكى بىلەن ماناس — بارىكۆل ئەتراپىغا كېلىپ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانات خان ئوردىسىغا ھۇجۇم قوزغىدى . بۇ تۇنجى قېتىملىق كۆلىمى زور خەن — ئۇسۇن بىرلەشمە جېڭى ئىدى .

www.uyghurkitap.com

سەددىچىندىن شىمال ياقىلاپ ئاتلانغان خەن قوشۇنى ئىستراتېگىيىلىك چېكىنگەن ئايانغار تەڭرىقۇت قوشۇنلىرىنى ئۇچرىتالماي ئارقىغا چېكىندى. ئەمما، ئۇسۇن قوشۇنلىرى غەلىبە قىلىپ، هۇنلارنىڭ 40 مىڭ ئادەم، 700 مىڭ چارۋىسىنى ھەيدەپ كەتتى. بۇ چاغدا يەنە قوجۇدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان تۆت مىڭ هۇن ئەسكىرى ئۆزلۈكىدىن پىتراپ قاچتى. قوجۇ خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى قولىغا ئۆتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئايانغار تەڭرىقۇت ئۇسۇنلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇسۇنغا باستۇرۇپ كېلىپ نۇرغۇن ئەسىر ۋە مال-چارۋا غەنىيمەت ئالغان بولسىمۇ، قەھرىتان قىشتا ئۇنىڭ كۆپى مۇزلاپ ئۆلگەندى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 70-يىلىدىن باشلاپ هۇن خانلىقى ئىچكى-تاشقى، سىياسى-ئىقتىسادى جەھەتتە ئېغىر كرىزىسقا پېتىپ قالدى. بۇ ھال ئۇنىڭ باتۇر تەڭرىقۇت، ئاغا قايۇق تەڭرىقۇت، كۈنگىن تەڭرىقۇت زامانىدىكى كەڭ مۇنبەت يايلاقلىرىدىن ۋە غەربىي، سىياسىي ھەيۋىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، يېپەك سودىسىدا پائالىيەتچانلىقىنى يوقىتىشى، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىياردىكى تەسىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ۋە هۇن ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش خاھىشىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىدىن تاشقىرى، تەبىئىي ئاپەت توپەيلى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هۇن خاندانلىقى ئىچىدىكى دىڭلىڭ، ئۇغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ۋە ئۇسۇن دۆلىتى شەرق، شىمال ۋە غەربتىن هۇنلارغا قارشى ئىسيان خاراكتېرلىك ھۇجۇملار ئېلىپ بېرىپ، هۇنلارنىڭ بىر قانچە تۈمەن چەۋەندازلىرىنى يوقىتىپ، بىر قانچە تۈمەن چارۋا ماللىرىنى ھەيدەپ كەتتى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 68-يىلى ئايانغار تەڭرىقۇت ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى چورانكۈنگوي تەڭرىقۇتلۇققا كۆتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا ۋەيرانلىققا يۈزلەنگەن

بىر يايلاق (بوزقىر) ھاكىمىيىتى تۇراتتى.
بۇ چاغدا قوجۇ (قاھقىل) مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنى تالىشىش خەن — ھۇن ئارىسىدىكى ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈرەشلىرى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى.
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى خەن شۇەندى ئوردا مۇلازىمى جىڭ جىيە (郑吉)نى جىنايەتچىلەرنى باشلاپ غەربىي يۇرتتىكى بۇگۇر — چېدىرغا بېرىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن جىڭ جىيە بىر مىڭ بەش يۈز مەھبۇس بىلەن شۇ ئەتراپتىكى شەھەر مەملىكەتلىرىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك يەرلىك قوشۇنىنى باشلاپ قوجۇغا ھۇجۇم قوزغىدى. قوجۇ خانى جىڭ جىيەگە تەسلىم بولدى. قوجۇلۇقلار خانىنىڭ ئىنىسى دۇمانىڭ باشلامچىلىقىدا چېكىنگەن ھۇنلار بىلەن بىللە شەرققە يۈرۈپ كېتىشتى. جىڭجىيە ئىلگىرىكى ھۇن تېرىقچى قوشۇنلىرى ئېكىنچىلىك قىلغان جايغا ئۈچ يۈز چېرىكنى ئورۇنلاشتۇردى. دەل شۇ يىلى چورانكوڭگوي تەگرىقۇت ئۆز قارارگاھىدا قوجۇ — قاھقىل توغرىسىدا كېڭەشمە ئاچتى. ئۇ تەگرىقۇتلۇقتا تۇرغان سەككىز يىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 68 — 60 - يىللار) ئىچىدە قوجۇ — قاھقىلنى تالىشىش كۈرىشى بەش قېتىم تەكرارلىنىپ يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. جىڭ جىيە پۈتۈن تېرىقچى مەھبۇسلارنى قوجۇغا يۆتكەپ كېلىش يولىدا يارغۇل شەھىرىنى ئىگىلىگەنىدى. ھۇنلار قوجۇنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق توغرىسىدا قاتتىق تەدبىر قوللانغاچقا، گەرچە خەن سۇلالىسى ئۇسۇندىكى جاڭ خۇيغا جىڭ جىيەگە ياردەم بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ياردەم بېرەلمىدى. ئاخىرى جىڭ جىيە ئۆز تېرىقچى مەھبۇسلىرى ۋە تېرىقچى قوشۇنلىرىنى بۇگۇر — چېدىرغا يۆتكەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قوجۇ يەنە ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشتى. قوجۇنىڭ خەن سۇلالىسى قولىغا

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈشى تەگرىقۇتلۇقنى تالىشىش جىدىلىدە زەربىگە ئۇچرىغان غەربىي يۇرتتىكى ھۇن نايىبى راجۇخاننىڭ ( 日逐王 ) خەن ئوردىسىدىن پاناھلىق تىلەپ بېقىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تىنچ ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشقانىدى . بۇ ھۇن يۇقىرى قاتلىمى ئىچىدىكى بوھراننىڭ قانچىلىك ئېغىر بولغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم ئىپادىسى بولدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى چورانكۇنگۇي تەگرىقۇت ئۆلۈپ ، ئۇنىڭ ئاغىچىسى جانقۇي خاتۇن ئۆز ئىنىسى ئوڭ قانات گۇلىخان تۇچدانىنى ئويانشۇگقار نامىدا تەگرىقۇتلۇققا بەلگىلەپ ھۇنلارنىڭ تەگرىقۇت بەلگىلەش قائىدىسىنى ئاياغ ئاستى قىلدى . جانقۇي خاتۇن ئۇيۇشتۇرغان بۇ ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى ھۇن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا كۈچلۈك نارازىلىق ۋە لەرزە پەيدا قىلدى . ئويانشۇگقار تەگرىقۇتلۇققا چىقىپ چورانكۇنگۇي تەگرىقۇتنىڭ ئوغلى ۋە ئەمەلدارلىرىنى چەتكە قېقىشقا ، ئۆز جەمەتىدىن يابغۇلار تەيىنلەشكە كىرىشىدۇ . بۇ چاغدا غەربىي يۇرتتا تۇرغۇچى راجۇخان شەنشەنچان ئويانشۇنقار تەگرىقۇتنى ئېتىراپ قىلماي ئىسيان كۆتۈرۈپ ، 12 بەگلىكتىن 12 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ خەن سۇلالىسىدىن پاناھلىق تىلەيدۇ . ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى بوشۇتان باتسخان (راجاخان ) بولۇپ تەيىنلىنىدۇ . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى خەن شۈەندىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جىڭ جيە شەھەر دۆلەتلىرىدىن توپلانغان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ داغدۇغىلىق مۇراسىم ئېچىپ ، باتسخاننىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ . باتسخان چاڭئەنگە يېتىپ بارغاندا ئۇنىڭغا «ديانەتكار بەگ» دېگەن شۆھرەت نامى بېرىلىدۇ .

بۇ چاغدا ھۇن ئاقسۆڭەك خانلىرى تۇشمۇ تۇشتىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئويانشۇگقار تەگرىقۇتقا قارشى قانلىق جەڭلەرگە ھازىرلىنىدۇ . ئۆلگەن چورانكۇنگۇي تەگرىقۇتنىڭ ئوغلى

قوغشار ئويانشۇڭقار تەڭرىقۇتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ قېينئاتىسى ئودانىا قېشىغا بېرىۋالىدۇ. ئۇ چىقىش خان ئىدى. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 58 - يىلى قوغشارنى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلايدۇ. قوغشار 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئويانشۇڭقار تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ قىلىدۇ. ئويانشۇتقار زەھەر ئىچىپ ئۆلۇۋالىدۇ. قوغشار پايتەختتە تەڭرىقۇتلۇق سەلتەنىتىگە چىققانىدى. ئەمما يېڭى تەيىنلەنگەن باتىخان يوشۇتان ئۆزىنى تۆجە تەڭرىقۇت دەپ جاكارلايدۇ. ئۇ غەربتىن 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ قوغشارنى يېڭىدۇ، قوغشار تەڭرىقۇت پايتەختىنى تاشلاپ قاچىدۇ. بۇ خەۋەرنى قوغشارنىڭ ئاكىسى قوتيۇش ئاڭلاپ، شەرقتە باش كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلايدۇ. بۇ چاغدا تۇرپاندىكى قوجۇ خانى ئۆزىنى خۇجيە تەڭرىقۇت دەپ، غەربتىكى ئوڭ قانات گۇلىخان ئۆزىنى ئۇلجى تەڭرىقۇت دەپ، ئوڭ قول ئوقۇخان ئۆزىنى چېرى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلايدۇ. مانا بۇ ھۇنلارنىڭ بېشىغا كۈلپەت سالغان «بەش تەڭرىقۇت جېدىلى»دۇر.

قوتيۇش تەڭرىقۇت 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قوغشار، تۇجۇ، خۇجيە (قوجۇ)، چېرى، ئۇلجى قاتارلىق تەڭرىقۇتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلى ھۇنلار نۇرغۇن قۇربانلار بەردى، خەلق ۋە دۆلەت مىسلىسىز دەرىجىدە زەئىپلەشتى. تارىختىكى مەنبەلەردە «بەش تەڭرىقۇت جېدىلى»گە سەپەرۋەر قىلىنغان ئاتلىق قوشۇن 350 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆلگەن. بۇلانغان، ھەيدەلگەن ۋە نابۇت بولغان مال - چارۋا پۈتۈن چارۋا سانىنىڭ %90 گە يېقىنلاپ قالغانىدى.

چورانكۇنگۇي تەڭرىقۇتنىڭ تۇل قالغان ئاغىچىسى جانقۇي

خاتۇن ئۇيۇشتۇرغان ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى ھۇنلارنى ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلدى؛ غەربىي يۇرتتا ھۇن تۇتۇق مەھكىمىسىگە بەرھەم بېرىپ خەن سۇلالىسىنىڭ تۇرغاق مەھكىمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە شەرت يارىتىپ بەردى؛ ھۇنلارنىڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشى ۋە قۇتيۇشنى يوقىتىش يۈزىسىدە يۈز بەرگەن تالاش ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىدى.

ھۇنلارنىڭ تەسىرى بوشاپ قالغان بىر قىسىم غەربىي يۇرت شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى ھۇنلارنىڭ شىمالدىن بولىدىغان تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھۇنغا قارشى مۇھاپىزەت تۇتۇغى بولۇپ ئۇيۇشتى. جىڭ جىيە تۇتۇق بېگى بولۇپ تەيىنلەندى. جىڭ جىيە دەسلەپتە پىشامشاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئەلچى قورغاقچى ( 使护 ) ئىدى[1] ئۇ تېرىقچىلىقنى قوغداپ ئاشلىق يىغىش ( 护田绩粟 ) ۋەزىپىسىدىن باشقا[2] شىمالىي يولنى — ئۇسۇن بىلەن ئالاقىلىشىش يولىنى قوغداش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ مۇھاپىزەتچى تۇتۇق دەپ ئاتالغان[3]. ئۇ «غەربىي يۇرتتا تۇرۇشلۇق بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئەلچىلىك» مەنسىپى ئىدى[4].

جىڭ جىيەدىن لى زۇڭخىچە 18 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە دۇەن خۇيزۇڭ ئىككى قېتىم دۇخۇ بولغان) ئۈچ يىلدا بىر ئالماشتۇرۇلۇپ 82 يىل داۋام قىلغان مۇھاپىزەت تۇتۇغى جەريانىنى ھاسىل قىلدى.

قوتيۇش تەڭرىقۇت «بەش تەڭرىقۇت»نى تارمار قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قوغۇشار نۇرغۇن داۋالغۇشلار ئارقىلىق ئاخىرى ئۆز قوشۇنى بىلەن مىلادىيىدىن

---

① «خەننامە. جىڭ جىيە تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.
② «خەننامە»، شۈي سۇڭنىڭ ئىزاھاتىغا قارالسۇن.
③ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.
④ ئەن زۇجاڭ: «ئىككى خەن بىلەن غەربىي يۇرت ئالاقىلىرى تارىخى»غا قارال...

ئىلگىرىكى 53 ـ يىلى سەددىچىن يىنىغا كېلىپ ، چاڭئەندىكى خەن ئوردىسىغا ئوغلى تىلقۇيتاننى ئەۋەتىدۇ . ئۇ چاڭئەندە بارىمتايلىققا ئەۋەتىلگەندى . قوغۇشار تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 51 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەن ئوردىسىغا كىرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ . ياشىنىپ قالغان خەن شۇەندى تولىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوغۇشارنىڭ ئالدىغا قىممەتلىك سوۋغىلار ، تون ـ لىباس ۋە ئات هارۋىلىرى ئەۋەتىدۇ . ئۇلار خەن ئوردىسىنىڭ گەنچۇەن (شىرىن بۇلاق ) سارىيىدا ئۇچرىشىدۇ ، ئۇ چاڭئەندە بىر ئايدىن كۆپرەك تاماشا قىلىپ قايتىدۇ . قوغشار تەڭرىقۇت خەن شۇەندىنىڭ ئاخىرقى يىلى — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 49 ـ يىلى چاڭئەنگە يەنە بىر قېتىم كىرىپ قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ . بۇ چاغدا قوتيۇش تەڭرىقۇت قوغۇشار تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسى ۋە ئۇسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى تۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ ، هۇن پايتەختىنى تاشلاپ ، ئۇسۇننى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغانىدى . ئەينى زاماندا ئۇسۇن خانلىقىنىڭ كانگىيە (سەمەرقەنت ، سوغدى ) بىلەن زىددىيىتى كۈچىيىپ ، ئۇرۇشتا ئۇسۇنلار ئۇستۇنلۇك ئالغاچقا ، كانگىيە قوتيۇش تەڭرىقۇتتىن ياردەم سورىغانىدى . قوتيۇش بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى تايانچ قىلىپ هۇن سەلتەنىتىنى قايتا كۈچلەندۈرۈشنى ئويلايتتى . قوتيۇش دەسلەپپى ئۇسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىسمۇ ، ئەلچى ئۆلتۈرۈلۈپ قوتيۇشقا قارشى ئۇسۇن خانى ئويغۇت قوشۇن باشلاپ ماڭغانىدى . قوتيۇش ئۇسۇنلارنى بويسۇندۇرۇپ ، بايقال ، ئالتاي ، يەنسەي ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر — ئوغۇز ، قىرغىز قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ ، تالاس بويىغا كەلدى . سەمەرقەنت خانى ئۇنىڭغا قىزىنى بەرسىمۇ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى تىزگىنلەشنى نىيەت قىلغان قوتيۇش بىلەن سەمەرقەنت خانى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى . قوتيۇش سەمەرقەنت مەلىكىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ ، شەهەر

www.uyghurkitap.com

سىپىلىنى كېڭەيتىپ سالدى . ئۇ دەشتى قىپچاق قەبىلىلىرىنى سىلىق تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى . ئۇ ئىلگىرى بارىمتايلىققا چاڭئەنگە ئەۋەتكەن ئوغلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يېڭىدىن تەختكە چىققان خەن يۈەندىگە ئەلچى ئەۋەتتى . خەن يۈەندى گوچى ئاتلىق ئەلچى بىلەن قوتيۇشىنىڭ ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويدى . بىراق قوتيۇش ئۆز ئوغلىنى يىراق جايلارغا ئۇزىتىپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ يولسىزلىق قىلدى ، ھەتتا كانگيۈيگە پاتمىدىم ، خەن سۇلالىسى زېمىنىگە قايتقۇم كېلىۋاتىدۇ ، دەپ پوپوزا قىلدى . بۇ ھال مەشھۇر تالاس ئۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى .

مىلادىيىنىڭ 36 - يىلى غەربىي يۇرتتىكى 3 - نۆۋەتلىك مۇھاپىزەت تۇتۇقى گەن يەنشۇ ۋە مۇئاۋىن چېرىكچى بەگ چېن تاڭ غەربىي يۇرتتىكى 15 شەھەر - قەلئە دۆلەتتىن 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ ، قوجۇدىكى تېرىقچى قوشۇن بىلەن بىللە ئۈچ ۋە قەشقەر ئارقىلىق كانگيۈيگە ئۆتۈپ تالاس ساھىلىگە يېتىپ كېلىدۇ . قوتيۇشىنىڭ ئۇسسۇنغا ئەۋەتىپ قىزىلقورغاندا يول توسقان قوشۇنلىرى يېڭىلىپ چېكىنىدۇ . چېن تاڭ ئەسلىدىكى سەمەرقەنت ئاقساقاللىرى بىلەن كېلىشىۋالغانىدى . قاتتىق جەڭلەر ئارقىلىق چېن تاڭنىڭ قوشۇنلىرى شەھەرگە بېسىپ كىرىدۇ . بۇ چاغدا قوتيۇش جەڭدە ئۆلگەنىدى . قوتيۇش تەڭرىقۇتنىڭ بېشى چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ، چەت ئەل ئەلچىلىرى تۇرىدىغان ساراي دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ .

قوغشار تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 83 - يىلى 3 - قېتىم چاڭئەنگە كېلىپ خەن يۈەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ، تۇغقانلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ . ۋاڭ جاۋجۈن خەن مەلىكىسى سۈپىتىدە قوغشار تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىنىدۇ . قوغشار تەڭرىقۇت خەن يۈەندىگە : ئەمدى شاڭگودىن دۇنخۇاڭغىچە چېگرا قوغداشنىڭ ھاجىتى قالمىدى ، دەپ يېقىنلىق ئىپادىلىگەنىدى .

قوغشار تەڭرىقۇت 28 يىل دۆلەت سوراپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 31 - يىلى ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا دوتاماگانى تەڭرىقۇت بولىدۇ. قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ 3 - قېتىم چاڭئەنگە كىرگەن يىلى جىڭ نىڭ (竟宁) — چېگرا تىنچىغان يىل دەپ نىشانلاندى. باۋتۇ يېنىدىكى خەن قەبرىگاھلىقىدىن چىققان ساپال قاچىلارغا «تەڭرىقۇت ئىناقلاشتى»، «تۈمەن يىللار ياشىسۇن»، «مەڭگۈ شادلىق» دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ ھال ئۆزىنىڭ تارىخىي راۋاجى بويىچە موڭغۇل يايلىقىدىن ئىبارەت كەڭ زېمىنىنىڭ خەن ئىمپېرىيىسى خەرىتىسىگە تەۋە بولۇشىنى بەدەل قىلغانىدى.

ھۇن خانلىقى مىلادىيەدىن كېيىن داۋاملىق ئاجىزلىنىش، پارچىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. قوغشار بىلەن قوتيۇش تەڭرىقۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تۈپەيلى ھۇنلار تۇنجى قېتىم «شىمالىي ھۇن»، «جەنۇبىي ھۇن»غا ئايرىلغانىدى. مىلادىيىنىڭ 47 - يىلى ھۇنلار قايتا بىرلەشكەن بولسىمۇ، ئىچكى رىقابەت تۈپەيلى 2 - قېتىم يەنە «شىمالىي ھۇن»، «جەنۇبىي ھۇن»غا بۆلۈندى. مىلادىيىنىڭ 90 - يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى جەنۇبىي ھۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، قۇللار (赀虏) قوزغىلاڭلىرى ۋە قارام قەبىلىلەر ئىسيانلىرىدىن پايدىلىنىپ شىمالىي ھۇن دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى. تەڭرىقۇت بارىكۆلدە مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەنتكە قاچتى. سەمەرقەنتكە قاچقان شىمالىي ھۇنلار IV ئەسىردىكى ۋۇلگا ھۇنلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولۇپ قالدى.

ئەسلىدە كەڭ ئوغۇز دەشتىدە ئالانلار ياشايتتى. ئۇلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدا شەرقتىن غەربكە يېيىلىپ شىنپىر ناملىق خەلقنىڭ يېرىنى تارتىۋالدى. شىنپىرلارنىڭ تولىسى دانىيە ۋە گېرمانىيە زېمىنلىرىغا يۆتكەلدى. 350 - يىلى ھۇنلار ئالانلار بىلەن سوقۇشۇپ ئۇلارنى يەڭدى. شۇنىڭدىن باشلاپ

www.uyghurkitap.com

بارانبو باشلىغان هۇنلار غەربىي دون ساھىلىگە — شەرقىي گوتلار زېمىنىگە باستۇرۇپ كىردى. هۇنلار ۋولگا — دون ۋە جەنۇبىي رۇسىيە زېمىنىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ تەسىرىدە غەربىي ۋە جەنۇبىي رۇسىيە، شەرقىي ياۋروپادىكى شەرقىي گوت، رۇيۋى، ۋاندار، ئالان قاتارلىق خەلقلەر غەربىي ياۋروپا زېمىنىگە — فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيىگە باستۇرۇپ كىرىشتى. مانا بۇ هۇنلارنىڭ ياۋروپاغا 1 - قېتىم باستۇرۇپ كىرىشىدىن كېلىپ چىققان مىللەتلەر يۆتكىلىش ھادىسىسى بولدى. هۇنلار V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي دوناي ساھىلى، شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيىسىنىڭ بانۇنىيە ئۆلكىسىگە هۇجۇم قىلىپ كىردى. V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا يەتكەندە ئاتتىلا باشچىلىقىدىكى هۇنلار غەربىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپاغا هۇجۇم قوزغاپ، شەرقىي رىمنىڭ 70 نەچچە شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن غەربىي رىمغا هۇجۇم قىلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ هالاكىتىنى تېزلىتىپ، ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ ئېتنىك ۋە جۇغراپىيىلىك هالىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئاتتىلا 453 - يىلى توي كېچىسى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن هۇنلار ياۋروپا تارىخىدا كۆرۈنەرلىك كۈچ بولماي قالدى.

قوغشار تەڭرىقۇتنىڭ «جەنۇبىي هۇنلار» دۆلىتى خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ياشىدى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى 220 - يىلى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ساۋ ساۋ تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

قوتيۇش تەڭرىقۇتنىڭ «شىمالىي هۇنلار» دۆلىتى هالاك بولغان ۋە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كەڭ تېررىتورىيىسىدە سيانپىي قەبىلىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك هاكىمىيىتى بارلىققا كەلدى. كۆپلىگەن هۇن قەبىلىلىرى بۇ يىر ئېتنىك ئارىلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ ئۆزگەردى.

شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە هۇن ئەۋلادلىرى

ئىلگىرى كېيىن بولۇپ فىلڭ ياڭ (شەنشى لىڭ فىڭ) ، چاڭئەننى پايتەخت قىلغان «خەن» (318 — 346) دۆلىتى؛ شۇندى (خېبېيدا) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان «كېيىنكى جاۋ» (318 — 350) دۆلىتى؛ تۇڭۋەن (شەنشى خىڭشەن) ، چاڭئەننى پايتەخت قىلغان «شيا» (407 — 428) دۆلىتى؛ جاڭيە، تۇرپاننى پايتەخت قىلغان «شىمالىي لياڭ» (397 — 460) دۆلىتىنى قۇردى. هۇنلارنىڭ توغا ئۇرۇقى ئۆز فامىلىسىنى «ليۇ» (刘)غا ئۆزگەرتكەنىدى. بۇ ئۇششاق هاكىمىيەتلەر گەرچە شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشاش ۋە مەدەنىيەتتىكى ئارىلاشمىچىلىققا تەسىر كۆرسىتىپ، سۇي — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ تارىخىي رولى تولىمۇ چەكلىك بولۇپ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولماي قالدى.

هۇن سەلتەنىتى تۇمەن تەڭرىقۇت، بولۇپمۇ باتۇر تەڭرىقۇت، ئاغا قايۇق تەڭرىقۇت، كۈنگىن تەڭرىقۇتلار دەۋرىدە كۈچەيدى. ئويانشۇڭقار تەڭرىقۇت زامانىسىدا ئېغىر كرىزىسقا پېتىپ قالدى. قوغشار ۋە قوتيۇش تەڭرىقۇتتىن باشلاپ پارچىلىنىشقا، هالاكەتكە يۈز تۇتتى. هۇن سەلتەنىتىنى هالاكەتكە ئېلىپ كەلگەن ئامىللار دەل ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئامىللارنىڭ ئەكسى رول ئوينىشىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى كەچۈرگەن تارىخىي جەريان سۈپىتىدە يۈز بېرىپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىغا سالماقلىق تەسىر كۆرسەتتى.

هۇنلارنىڭ سەلتەنەت تارىخى تومان تەڭرىقۇتتىن قوتيۇش تەڭرىقۇت بېشىنىڭ چاڭئەندە ئېسىپ قويۇلۇشىغىچە ئىككى يېرىم ئەسىر داۋام قىلدى. بۇ خىل قانۇنىيەتلىك جەريان ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار تۇران تارىخىنىڭ كېيىنكى هەرقايسى دەۋرلىرىدە تەكرار

كۆرۈلدى. ھېچبىر «سىياسەتنامە» بۇ تارىخىي ھېكمەتنى تىلغا ئېلىپ مىللەتنى، ئۇنىڭ سەردارلىرىنى تەربىيىلىگىنى يوق.

كەڭ تارقالغان ۋە تىل - مەدەنىيەت ئورتاق چەمبىرى ھاسىل قىلىپ بىر مىللەتكە ئايلانمىغان، ناتورال — ئېتنولوگىيىلىك مىللەت كاتېگورىيىسىدىن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، ئۆز تارىخىدىن ئەقلى - نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقارمىغان ۋە ئەنئەنىۋى تارىخىي ئاڭغا ئىگە بولمىغان مىللەت ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەر ھاجەت بولۇپ، ئەڭ زۆرۈرى باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە ئىنتىزامچان ئۇيۇشتۇرۇش يولى ئىدى. ئەكسىچە ھالدا دېموكراتىيە نىقابىدىكى ئاقساقاللار ئۆز بېشىمچىلىقى «بەش تەگرىقۇت جېدىلى»نى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. دېموكراتىيە مېۋىسى دۆلەت يېتىلگەن، خەلق ئۇنىڭدىن ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتكۈچى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى بىلگەندە شېرىن ئىدى.

پارچىلىنىش، يۈز ئۆرۈش، قارشى مەيدانغا ئۆتۈش بويىچە ھۇن زامانىدا ئۇسۇنلار تىپىك ئۈلگە ياراتتى. ئۇلار ھەتتا توخارلارنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنى يۆلىگەن تەگرىقۇتقا قارشى ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلاندى. بۇ ھال كېيىن كۆكتۈرك، ئۇيغۇر قاغانلىقى زامانلىرىدىمۇ تەكرارلاندى. تارىخ «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن ھېكمەت بويىچە، ئۇسۇنلارنىڭ ياكى قوغشار تەگرىقۇتنىڭ «جەنۇبىي ھۇن» دۆلىتىنى گۈللىنىش ئىقبالىغا مۇيەسسەر قىلمىدى.

«بەخت ئىچىدە بەختسىزلىك»، «بەختسىزلىك ئىچىدە بەخت» مەۋجۇت دېگەندەك، تىنچ كۈنلەردە ناتىنچ كۈنلەر ھازىرلىغىنى قىلماسلىق بىرىنچى «مايى ۋەقەسى» بىلەن ئىككىنچى «مايى ۋەقەسى»دىن باشلانغان تارىخىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم قىلىدۇ. مەغرۇرلۇق ھەر قاچان ھالاكەت

مۇقەددىمىسى ئىدى. ئومۇمەن تىنچ ـ پاراۋانلىق ئۆزىنىڭ ھالاۋەتلىك پەزىلەتلىرىدىن تاشقىرى، قانائەتلىنىش، مەغرۇرلۇق، چىرىكلىك، ھەشەمەتخورلۇق، ساختا شۆھرەت، پارچىلىنىش ئۇرۇقىنى تېرىپ كەلگەن. شەيئى چېكىگە يەتسە ئەكسىگە يانغىنى يانغان.

سەلتەنەت بېشىدىكى ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ھېچبىرى تومانخان، باتۇر، ئاغا قايۇق، كۇنگىن تەڭرىقۇتلاردەك بولالمىدى. قوتيۇش ھۇن سەلتەنىتىنى تىكلەشكە قانچە جىددىي ئۇرۇنسىمۇ، ماھىر سىياسىيون ۋە پازىل ئەخلاق ئىگىسى بولمىدى. ئۇنىڭ سەمەرقەنتتىكى قەبىھلىكى ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا پەقەت شاھلىق تەختىنىلا كۆرەش نىشانى قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ھۇن سەلتەنىتى ھالاكەتتىن كېيىن ئۆز ماكانلىرىنى تەرك قىلىشتى، غەربكە كۆچكەنلىرى «بالامىر ۋە ئاتتىلا نامىدا كلاسسىك تارىختا ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتكەن» (رېنې گروئۇسسېت سۆزى) بولسىمۇ، ئۇ شامدەك ئۆچتى، جەنۇبقا تەسلىم بولغانلىرى «خەن»، «كېيىنكى جاۋ»، «شىيا»، «شىمالىي لياڭ» نامىدا پارچە ھاكىمىيەتلەر قۇرغان بولسىمۇ، قۇمغا سىڭگەن سۇدەك سىڭىپ، ئۆزلىرىنى «يەن — خۇاڭ ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ، ئەجدادلىرى بولغان ھۇنلارغا ھاقارەتلىك نەزمىلەر يازىدىغان ئەۋلادقا ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈچىنچى باب

# كۇشان ۋە ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى تۇران

## 1 . توخارلارنىڭ غەربىي تۇرانغا جايلىشىشى

مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى تارىخىدا ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىدىن باشقا يەنە بىر دۇنياۋى تەسىر كۆرسەتكەن سەلتەنەت كۇشان خانلىقى ھېسابلىنىدۇ . 1880 ـ يىللىرى ئامۇ دەريا ۋادىسىدىكى تاغلاردىن «ئوكسۇس (ئامۇ ) خەزىنىسى» غارىنىڭ بايقىلىشى بىلەن باشلانغان قەدىمكى يىپەك يولى ۋە مەركىزىي ئاسىيا پالېئانتروپولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش نەتىجىلىرى ئاجايىپ كۇشان مەدەنىيىتىنى ئىلىم دۇنياسىغا قايتا ئېلىپ چىقتى . ئەمما ، كۇشان مەدەنىيىتى قانداقتۇر ياۋروپا — گرېك مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەۋرىشكىسى دەپ قارىلىپ ، ئۇنىڭ خاس مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تىپى ئالاھىدىلىكلىرى ئېتىباردىن سىرتتا قالدۇرۇلدى .

كۇشان خانلىقى كۈچەيگەن زاماندا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئىمپېرىيە ئىدى . ئۇ گرېك — باكترىيە دۆلىتىدىن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىشتىلا ئىمپېرىيىلىك خاراكتېر شەكىللەندۈرۈپ قالماستىن ، زېمىن جەھەتتىمۇ ئىمپېرىيە ئىدى .

كۆپلىگەن نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرلەردە ، جۈملىدىن سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 2 ـ تومى، تاجىك ئالىمى، خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ب . غ . غاپۇروفنىڭ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق كىتابى، فرانسۇز شەرقشۇناسى رېنې گرۇئۇسسېتنىڭ «ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابى، فرانسۇز ئالىمى لۇسې بۇئولنۇئىسنىڭ «يىپەك يولى» ناملىق كىتابى قاتارلىقلاردا كۇشان خانلىقى «ئۇلۇغ كۇشان خانلىقى»، «كۇشان دىرژاۋىيىسى»، «كۇشان ئىمپېرىيىسى» قاتارلىق ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، جۇڭگو (خەن سۇلالىسى)، رىم ئىمپېرىيىسى، فارفىيە پادىشاھلىقى بىلەن تەڭ ئەينى زاماندا قەد كېرىپ تۇرغان تۆت ئىمپېرىيىنىڭ بىرى دېيىلگەن . جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ ئىمپېرىيە «ئۇلۇغ ياۋچىلار» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەنگەن . رىم تارىخچىلىرى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇلۇغ توخارلارنى «ھىندى ساكلىرى» دەپ ئاتىسا، ھىندى خانلىرى ئۇنى «كۇشان ئىمپېرىيىسى» (Kushan Empire 贵霜帝国) دەپ ئاتىغانىدى[1] .

«كۇشان» ئىبارىسى ھەققىدە ھەر خىل ئىزاھاتلار ساقلانغان . بەزى تارىخچىلار ئۇنى «قوش خان» دېسە، بەزىلىرى قەدىمكى توخار (Tochari 吐火罗) لارنىڭ گۇزاڭ (姑藏) ناملىق ئانا يۇرتى ياكى قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدىكى گۇشى (姑师) قەبىلىلىرى نامىدا «گۇشخان» دەپ ئىزاھلىغان . ئۇنى «كاسان»، «كۇسەن» بىلەن تەققاس قىلغۇچىلارمۇ بولغان . «كۇشان» ئىبارىسى ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ . ئا . لىۋشىتسىي «كۇشانلار : يېزىقى ۋە تىلى» ناملىق ماقالىسىدا قىممەتلىك مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارغان .[2] ئۇنىڭچە، «كۇشان»

---

① رېنې گروئۇسسېت : «ھىندىستان مەدەنىيىتى»، 1965 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 48 ـ بەت .

② «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا»، 1974 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 1 ـ توم، 320 ـ، 321 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .

www.uyghurkitap.com

ئىبارىسىدا تۈپ سۆز «Kuša» سۆزى بولۇپ، گرېك — باكترىيە ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە «na» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «Kušana» دەپ ئاتالغان؛ بۇنىڭدىن باشقا كۇشان خانلىرىنىڭ ئىسمى ئاخىرىسىغا مۇشۇ قائىدە بويىچە (مەسىلەن: كانىشكا، ۋاسىشكا، خۇۋىشكا دېگەندەك) ئۇلانمىلار قوشۇلغان؛ «kuša» ئىبارىسىگە كەلگەندە بۇ ئىبارە «كۇچى»، «كۇسەن»، «كۇچان»، ① «گاۋچان» ② قاتارلىق جاي ناملىرى بىلەن ئالاقىدار، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇخ تېغىدا تېپىلغان كېيىنكى تېرىسىگە يېزىلغان سوغدى يېزىقىدا «kūšānik» (كۇشانىك) ئىبارىسىنىڭ بولغانلىقىنى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا «تۆت كۇسەن ئۇيغۇر زېمىنىدا» دېگەن سۆزنىڭ بولغانلىقىنى دەلىل قىلىپ، كۇشان نامىنى كۇسەن نامىغا توغرىدىن توغرا باغلايدۇ. ئۇ كۇشان ۋە خوتەن تىلىنى ساك تىلى ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ گەرچە، مۇتلەق مەنىدىكى ھۆكۈم بولمىسىمۇ قىممەتلىك، ئاساسلىق بىر ئىلمىي قىياس. «كۇشان» ئىبارىسىنى مېنىڭچە مۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، كۇشان گۇشى سۆزى بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، گۇشى — توخارلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ھۆكۈمران قەبىلىنىڭ نامى. ئىككىنچىدىن، گۇشى قەبىلىسىنى ئاساس قىلغان كۇشان پادىشاھلىقى كۇشان بەش يابغۇسىنىڭ بىرى بولۇپ، تەخمىنەن كۇجۇلار كاددىپىس زامانىدا كۇشان يابغۇلۇقى قالغان تۆت يابغۇلۇقىنى، كېيىنچە گرېك — باكترىيە زېمىنىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ كۇشان خانلىقى — كۇشان ئىمپېرىيىسى بولۇپ راۋاجلانغان. ئۈچىنچىدىن، كوس، كۆش ئىبارىلىرى بىلەن كۇسەن، كۇشان ئىبارىلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىش مۇمكىن. بۇ كۇشان خانلىقىنى بەرپا

---

① بۇ يەردە گەنسۇدىكى 姑臧 نەزەردە تۇتۇلغان.
② بۇ يەردە قوجۇ (高昌) نەزەردە تۇتۇلغان.

قىلغۇچى قەبىلىلەرنىڭ پامىرنىڭ شەرقىدىكى تارىخى ۋە تارىمىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال . تەلەپپۇزدىكى ئۆزگىرىشكە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، كۇشان ئوبلاستلىرىدىن فەرغانىدا كۇشان «كاسان» دەپ ، قاشقا دەريا ۋادىسىدا «كىسا» ياكى «كېشا» دەپ ، زەرەپشان بويىدا «كاشانى» ياكى «كۇشانى» دەپ ، باكتىرىيە ۋە ھىندىستان دىيارىدا «كۇشان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان① ئورۇنلار مەۋجۇت .

كۇشانلار ئۇلۇغ توخار قەبىلىرىنى ئاساس قىلغان سىياسىي ھاكىمىيەت ئىدى . توخارلار ب . غ . غاپۇروفنىڭ كۆرسىتىشىچە ، ماساگېت قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ، شەرقىي تارىمىقىدىن ئىبارەت . ئۇلارنىڭ ئەسلىدە غەربىي گەنسۇدا ياشىغانلىقى ياكى ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى بىلەن يۈز بەرگەن قانلىق قىرغىنچىلىقلار تۇپەيلى شىمالىي كاسپىيگە ، تولاراق موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمىغا يۆتكەلگەنلىكى نامەلۇم .② غاپوروف «يۆجژ» ئىبارىسىنى «گاۋجى» (格维季) ، «گۋاجى» (瓜季) دېگەن ئىبارىلارغا تەققاس قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى «يۇرچى» ئىبارىسى بىلەن كۇچا ، ئاقسۇدىكى «يۇرچى» ئىبارىسىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس . ئېھتىمال «يۆجژ» — «يۇرچى»دۇر .

سترابو : گرېكلارنىڭ قولىدىن باكترىيە مەملىكىتىنى تارتىۋالغان مىللەتلەر (Tokhari) ، توكغارى (pasiani) ، پاسەنى ، (Asu) ئاسۇ ۋە ساكارائۇ (Sakarauli) دىن ئىبارەت تۆت مىللەت ئىدى ، دەپ يازغان . تروگۇس پومپېلي : باكترىيە ۋە سوغدىدىكى ساك مىللەتلىرى ساكارانسىيە (Sakarancae) ۋە ئاسيانى (Asiani) مىللىتى ئىدى ، كۇشان خانلىرى ئاسيالىق

① «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» ، 1975 - يىل رۇسچە نەشرى ، 2 - توم ، 43 - بەتكە قارالسۇن .
② غاپوروف : «تاجىكلار تارىخى» ، خەنزۇچە 1985 - يىل نەشرى ، 75 - بەتكە قاراڭ .

www.uyghurkitap.com

(Asiani) لاردىن چىققان بولۇپ ، ئۇلارمۇ ساكلاردىن ئىدى ، دەپ يازىدۇ .① تىڭتيەنفۇڭبا ئۆزىنىڭ «توخارلارنىڭ ئەسلى ماكانى ۋە غەربكە كۆچكەن يىلى» ناملىق ماقالىسىدا بۇ ھەقتە ئىككى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان : بىرىنچىدىن ئۇ يۆجژ — ياۋسۇ — ئاسۇ ئەسلىدە بىر نامنىڭ ھەر خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى دەپ كۆرسىتىدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئۇ يۆجژلارنى «توخارلار» دەپ ئىزاھلايدۇ . ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تاگۇرا (Thagura) ، توكخارا (Tokhara) ئىبارىلىرىنى «دۇنخۇاڭ» — Tun — kwang ئىبارىلىرى بىلەن بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .② بىز «يۆجژ»لارنىڭ «يۇرچى» دەپ ، توخارلارنىڭ «توخرى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى ئورخۇن ئابىدىلىرى بىلەن تۇرپان تېكىستلىرى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۇرىمىز . «ئاسۇ» ئىبارىسىنىڭ ئاقسۇ «ئاسۇق»غا بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئەمەس .

توخارلارنىڭ ئېتنوگېنىزى مەسىلىسىدە ئاساسەن ئىككى خىل تەشەببۇس ساقلانغان ؛ ئۇنىڭ بىرى ، ئۇلارنى ئىران — ساك نەسلىدىن دېگەن قاراش . يەنە بىرى تۈرك نەسلىدىن ، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت . بىز توخارلارنىڭ ئېتنوگېنىزى توغرىسىدا ئالدىنقى بابتا سۆزلىگەن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ، بۇ يەردە ئارتۇق توختالمىدۇق . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» 2 - تومىنىڭ 780 - بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى) : كۇشانلىقلارنى ھىندى ساكلاردۇر ، ئەمما ئۇلار ساكلارغا تەۋە بولماستىن ، توخار — يۆجژلارغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن ، دەپ يېزىلغان بولسا ، فرانسۇز شەرقشۇناسى رېنې گرۇئۇسسېت «ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىنىڭ 48

---

① تىڭ تيەنفۇڭبا : «ياۋچىلارنىڭ ئەسلى ماكانى ۋە غەربكە كۆچكەن يىلى» («غەربىي شىمال تارىخىي جۇغراپىيىسى تەتقىقاتى» توپلىمى) ، سودا باسمىسى ، 91 - بەتتىكى ئۈزۈندىدىن ئېلىندى .

② يۇقىرىقى ماقالە ، 90 - ، 91 - ، 93 - بەتلەرگە قاراڭ .

ـ بېتىدە (خەنزۇچە نەشرى) : تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 135 ـ يىلى گرېكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ھەرقايسى ساك مىللەتلىرى تەرىپىدىن باكتېرىيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى، دېيىلگەن. گەرچە بۇ ئىككى خىل قاراش بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىسمۇ، ئەمما ئۇلار ساك ئېتنىك چۈشەنچىسىنى يەنىلا مەركىزىي ئاسىيا ئېتنىك تەركىبى نۇقتىسىدىن تىلغا ئالغان. ياپونىيە ئالىمى تىڭتىيەنفۇڭبا يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ماقالىسىدا توخار — يۆجژ، سوغدى ۋە ئېفتالىتلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي خەلق دېگەن كۆزقاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[①] ياپونىيە ئالىمى يۇجىلياۋدى «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق كىتابىدا ياپونىيە ئالىمى بەي ئۇكوجىنىڭ توخارلارنى تۈركىي خەلق ـ ئوغۇز دالاسىدىكى خەلقلەر تۈركىي خەلق ئىدى، دېگەن كۆزقارىشىنى قەيت قىلىدۇ.[②] ئۇ «خەننامە»دىكى توخارلارنىڭ ئادىتى ھۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، دېگەن مەلۇماتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى يۇ. ئا. زويف «جۇڭگو مەنبەلىرىدە توخارلار ۋە كۇشانلار» ناملىق ماقالىسىدا «بىز كۇشاننى توخارلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ تونۇيمىز. بىراق، گەنسۇدىكى توخارلار ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كۇشاندىكى توخارلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن»[③]، دەپ يازدى. ئەلۋەتتە، توخارلار تۇران ئېتنىك تىپىدىكى ساك خەلقلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دۇنخۇاڭ — جەنۇبىي تەكلىماكان ئەتراپىدا ياشىغان، ئامۇ ـ پەنجاپ بويىدا ياشىغان، كېيىن كۇشان خانلىقى ۋەيران بولۇپ، «توققۇز چاۋۇپ» ۋە تارىم «توخرى»لىرىغا ئايلانغان قاتلاملاردا

① «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى تەتقىقات توپلىمى»، 98 ـ، 99 ـ بەت.
② «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، «ئۇلۇغ ياۋچىلاردا بۇددىزم» قىسمى. بەي ئوكوجىنىڭ ماقالىسى «شەرقىي ئاسىيا» ژۇرنىلى، 3 ـ توم، 2 ـ سان، 211 ـ بەتتە ئېلان قىلىنغان.
③ «كۇشان دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا»، 1 ـ توم، 201 ـ بەت.

بىر ـ بىرىدىن مەلۇم پەرققە ئىگە بولغان. ئۇلار تىلىنى تېغى ئېتىكىدە موڭغۇلوئىد تەسىرىگە، ئامۇ — كابۇل زېمىنلىرىدا سوغدى، گرېك، فارفىيە، خارەزىملەر تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى جاي ۋە ئىككى تارىخىي مۇھىتتىكى ياۋچىلارنى بىر ـ بىرىدىن ئۇزۇۋالغىلى بولمىغاندەك، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى، ئىلگىرىكى تىلەن تېغى توخارلىرىنى كېيىنكى ھىندىقۇش توخارلىرى ئۆلچىمىدە ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ.

توخارلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 160 ـ يىللىرى ھۇن ۋە ئۇسۇن ساكلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمى ئاساسىدا ئىلى ۋادىسىدىن يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىلى ۋادىسىگە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 ـ يىلى ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھالاكەتلىك زەربىسىدە كۆچۈپ كەلگەنىدى. توخارلار ئەسلى ماكانلىرىدىن ئىلى ۋادىسىگە كۆچكەندە ۋە ئىلى ۋادىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەلگەندە پارچە ساك (Saceraucae) قەبىلىلىرىنى غەربكە — خوتەن، كەشمىر، قەندىھار تەرەپلەرگە سۈرۈپ باردى. ساكلارنىڭ بىر قىسمى سىند قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ كاتىئاۋار يېرىم ئارىلىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار كۆپلىگەن ۋاقىتلىق پارچە ھاكىمىيەتلەر قۇرۇشتى ۋە تەدرىجىي ئىككىنچى قۇرۇلۇق خەلقلىرىگە سىڭىپ كېتىشتى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 2 ـ تومىدا بۇ ھەقتە: «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅱ ئەسىردىن I ئەسىرگىچە، ھۇن ۋە ماسساگىت قەبىلىلىرىنىڭ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا سۈرۈلۈپ كېلىشى، گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ ھالاكىتى، فارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختىنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى بىلەن غايەت زور

قۇدرەتلىك كۇشان دۆلىتى مەيدانغا كەلدى»[1] دېيىلگەن .

توخارلار ئىلى ۋادىسىدىن دەسلىپىدە فەرغانە ۋادىسىغا يۆتكەلگەنلىكى مەلۇم ، ئۇلار فەرغانە ، سوغدى ، بەدەخشان ۋە ئامۇ بويلىرىغىچە جايلاشتى . ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 160 ـ يىللاردىن 135 ـ يىللارغىچە چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت «بەش يابغۇلۇق توخارلار» شەكلىدە ياشاپ كەلدى . بۇ كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئالدىدىكى بىر مۇھىم باسقۇچ بولۇپ ، دېيەرلىك تەتقىق قىلىنمىغان .

بەش يابغۇلۇق توخارلارنىڭ كۆپى سوغدىدا بولۇپ ، قالغانلىرى پامىرنىڭ غەربىي ئېتىكىدىن باكتىرىيىگە بارىدىغان يولدىكى ۋاخان جىلغىسى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى ئېتىكىگە جايلاشقانىدى .

توخارلارنىڭ بەش يابغۇلۇق ھاكىمىيىتى «خەننامە» ، «ۋېينامە» ، «تاڭنامە» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان . «خەننامە»نى ئاساس قىلغاندا ئۇلار : قۇم يابغۇسى ( 贵霜翖侯 ) ، كۇشان يابغۇسى ( 休密翖侯 . 和黑城 ) ، شۇاڭمى يابغۇسى ( 双靡翖侯 ) ، بەدەخشان يابغۇسى ( 翖顿 侯 ) ، كابۇل يابغۇسى ( 高附翖侯 )دىن ئىبارەت . قۇم يابغۇسى بىلەن كۇشان يابغۇلۇقى پامىرنىڭ سارىق چاۋپان ۋە ۋاخاننىڭ غەربىگە ، شۇاڭمى يابغۇلۇقى ماستوجغا ، بەدەخشان يابغۇلۇقى بەدەخشانغا ، كابۇل يامغۇلۇقى يايغان دېگەن جايغا جايلاشقانىدى . جاڭ چيەن غەربكە ساياھەتكە چىقىپ ، 3 ـ يىلى — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 135 ـ يىلى توخارلار باكتىرىيىدىكى گرېك ھۆكۈمرانلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىدى . جاڭ چيەن ئۇلۇغ توخارلارغا كەلگەندە ئۇلار گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ ، ئۇلۇغ كۇشان خانلىقىنى قۇرغانغا بىر قانچە يىل

① شۇ كىتاب ، 6 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

بولغان ۋاقىت ئىدى .

كۇشان خانلىقى قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ھىندىقۇش تېغى بىلەن ئامۇ دەريا جەنۇبىغا يۆتكەلگىنىدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىملىق مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ بۇ زېمىندا تەشكىل قىلغان ھاكىمىيىتى ئىدى .

## 2 . كۇشان خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سوغدى، پامىر رايونلىرىدا كۇشان يابغۇلۇقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا گرېك ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋاتقان يەرلىك خەلقنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىگە زور مەدەت، گرېك ھۆكۈمرانلىرىغا ئېغىر خەۋپ بولۇپ قالدى . فارفىيىلىكلەر خېلى ئىلگىرىلا گرېك سەترابلىرىنى يوقىتىپ مۇستەقىل ئارشاك خانلىقىنى قۇرغان ۋە گرېك — باكترىيە دۆلىتىگە قارشى پوزىتسىيىدە تۇرۇپ كەلگەنىدى . توخارلارنىڭ فەرغانە ۋە كېيىنچە سوغدى، بەدەخشان، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ساھىللىرىگە جايلىشىشى ئۇلارنىڭ گرېك ھاكىملىرىگە قارشى ھەل قىلغۇچى جەڭلەر ئېلىپ بېرىشىغا مۇمكىنلىك ياراتتى . بۇ جەرياندا كۇشان يابغۇسى كوجۇلا (قوجۇلا) كادپىز قالغان تۆت يابغۇلۇقنى ئۆزىگە بىرلەشتۇرۇپ، ھەربىي جەھەتتىن يېتەرلىك كۈچەيدى .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىر باشلىنىشى بىلەن گرېك — باكترىيە دۆلىتى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىشىشقا باشلىدى . بۇ چاغدا فارفىيە، ھىندىستان، كەشمىر تەدرىجىي كۈچىيىۋاتقان ئىدى . كوجۇلاكادپىز (Kujula Kadphises 丘就却) باشچىلىقىدىكى ئۇلۇغ توخارلار ھىندى — گرېك پادشاھى گېرمىيا ئۈستىدىن

غەلبە قىلىپ ، ئۆزىنى «asw nan asw» (ماھاراجا ) — خانلارنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى . ئۇنىڭغىچە كوجۇلاكادپىز فارفىيە — گرېك — باكترىيە زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇششاق ساك ۋە ھىندى ھاكىمىيەتلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ھېسابىغا كۈچىيىپ بارغانىدى . مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 75 — 58 ـ يىللىرى ئارىسىدا گرېكلار ھىندىستاندىكى باشقا ئىشغالىيەت رايونلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى . قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا غەرب ئىشغالىيەتچىلىرىنى يەرلىك مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ غوللاتقان تۇنجى سەركەردە ئېھتىمالەم كوجۇلاكادپىز بولۇشى مۇمكىن .

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە فارفىيە خانلىقى ئىچىدىمۇ ئىچكى نىزالار ئەۋج ئېلىپ كەتتى . 40 — 35 ـ يىللىرى ئىچىدە ۋاردانېس I (wardnes) بىلەن گوتارزېس (Goṭarzes) ئوتتۇرىسىدا قوراللىق جەڭلەر داۋام قىلدى . ھەر ئىككى رەقىب كۇشانلاردىن ياردەم سوراپ مۇراجىئەت قىلىشتى . نەتىجىدە كوجۇلاكادپىز فارفىيىنىڭ ئىلگىرى گرېك — باكترىيىگە تەۋە بولغان زور بىر قىسىم زېمىنىنى — مەرجىئانا (مەرۋى ) ، ھىرات ، داخى قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى . ئۇ ھىندىقۇشتىن ھالقىپ كابۇل تۇزلەڭلىكىنى ئىگىلىدى . ئارقىدىنلا كەشمىرنى بېقىندۇردى . كوجۇلاكادپىز 80 ياشتا ئۆلگەنلىكى مەلۇم . ئۇنىڭ مىلادىيە بويىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئېنىق ۋاقتى تېخى ھەر خىل ئىزاھلىنىپ كەلمەكتە . ئۇ بەش يابغۇلۇقنى بىرلەشتۇرۇشتىن باشلاپ كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە دەسلەپكى كېڭىيىشىگىچە كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى مەلۇم . ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە كۇشان زېمىنى شىمالدا سوغدىدىن جەنۇبتا ھىندى دەرياسىغىچە ، شەرقتە پامىردىن غەربتە فارفىيىگىچە كېڭەيگەن . ئۇنىڭ پايتەختى باغتەر (بەلخ ) شەھىرى

بولغان . «فەرغانە تەزكىرىسى»دە پايتەخت لەنشى شەھىرى ( 兰 市城 ) ، «خەننامە»دا لەنچى شەھىرى ( 兰氏城 ) ، «ۋېيشامە»دە لولەنچى شەھىرى ( 卢兰氏城 ) دەپ يېزىلغان . لېۋى بۇ بەلخنىڭ يېشىل شەھەر ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان ، دەپ كۆرسىتىدۇ . بۇ شەھەر كۇشانلىقلارنىڭ تەدرىجىي شەھەر ھاياتىغا ئىچكىرىلەپ كۆنۈشى ، ئىجتىمائىي تۈزۈمدە يايلاق شەكلىدىكى ئائىلە قۇلدارلىق مۇناسىۋەتلىرىدىن مەركەزلەشكەن قۇلدارلىق مۇناسىۋەتلەرگە ئۆتۈشى ، ئىتنىك ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭى مەدەنىيەت ، يېڭى ئېتىقادقا ئۆتۈشىدە ئۆزەكلىك ۋە ئاساسلىق رول ئوينىدى . كوجۇلاكادپىز قۇيدۇرغان مېتال ئاقچىلار پەنجاپتىن تېپىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا قارۇشتى يېزىقى بىلەن ئۇنىڭ نامى يېزىلغان . بۇ ئاقچىلارغا ئۇ تۈرك تىلىدىكى «يابغۇ» سۆزىنى ئويدۇرغان . ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى 20 نەچچە يىل باشقۇرغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ .

كوجۇلاكادپىزنىڭ ئىشلىرىغا ئۇنىڭ ئوغلى ۋىما كادپىز ۋارىسلىق قىلدى . كۆپچىلىك (Vima Kadphises 阎膏珍) تارىخچىلار بۇنى I ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ دەپ تەكىتلىشىدۇ . ۋىما كادپىز پەنجاپ ۋە ھىندى ۋادىسىدىكى گرېك — ماكىدونىيىلىك ئۇششاق كىنەزلىكلەرنى غولاتتى . ئۇ تولاراق ھىندىستان تەرەپكە — گانگ دەرياسىنىڭ شىمالىغا قاراپ كېڭەيدى . ئۇنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىنى «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 2 - تومىدا مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەپ ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەتتە تۇرغان ۋاقتىنى 47 — 78 - يىللار دەپ كۆرسىتىدۇ . ۋىما كادپىزنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرى تېخى ئېنىق ئەمەس . كۇشان خانلىرىنىڭ شەجەرىسى تېخى مۇئەييەنلەشكەن ئەمەس . كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە ۋىما كادپىز زامانىدا توخارلارنىڭ ھىندى تەسىرىگە كۆرۈنەرلىك ئۇچرىغانلىقى ، تۈركىي — ھىندى ئارىلاشما

نەمۇنىسى شەكلىدە توخارلارنىڭ قايتا ئىتنىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان . بەزى مەنبەلەردە ۋىما كادپىز ھىندىستاننى ئالغاندىن كېيىن «ئۇلۇغ كۇشان خانلىقى» دەپ ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . بۇ ۋاقىتقا ئائىت ئەرمەن ۋە ئەرەب مەنبەلىرىدە «kušan» ئىبارىسى كۆرۈلگەنلىكى مەلۇم .

ۋىما كادپىزنىڭ ئوبرازى ئۇ قۇيدۇرغان مىتال ئاقچىلارغا چۈشۈرۈلگەن . پەنجاپ ، كابۇل ، ئوتتۇرا ھىندىستان ، ئاللا ھابات ، جابالپۇر قاتارلىق جايلاردىن ئۇ قۇيدۇرغان ئاقچىلار تېپىلغان . كۇشان تەتقىقاتى بويىچە 1968 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىردىن 6 ـ ئۆكتەبىرگىچە دۇشەنبە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىندا ۋ . يا . زېزىنكوۋانىڭ «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كرانئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى» ناملىق ماقالىسىدا[①] ۋىما كادپىزنىڭ مىتال ئاقچىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئۈچ پارچە ئوبرازى بېرىلگەن . قاڭشارلىق ، بومبا ساقاللىق بۇ ئوبراز ئۇنىڭ ياشانغان ۋاقىتلىرىدا قۇيدۇرغان ھەر خىل ئاقچىلاردىكى كۆرۈنۈشلىرىنى ئىپادىلىگەن .

كانىشكا (Kanishka I 迦腻色伽一世) ۋىما كادپىزدىن كېيىنكى كۇشان خانى بولۇپ ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى مىلادىيىنىڭ 78 — 123 ـ يىللىرى دېگەن قاراشمۇ[②] ،

كانىشكا كۇشان خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى ، تۇنجى كۇشان خانى دېگەن قاراشلارمۇ ساقلانغان . ياپونىيە ئالىمى يۇجىلياۋدى «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق كىتابىدا كانىشكىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 58 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تۇنجى كۇشان خانى دەپ كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭچە ، مىلادىيىنىڭ 110 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىدا كانىشكا II ئون نەچچە يىل

---

① «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» ، 1974 ـ يىل رۇسچە نەشرى ، 228 ـ بەتكە قارالسۇن . كرانئولوگىيە — باش سۆڭىكى تەتقىقاتچىلىقى دېگەن مەنىدە .

② كۆپلىگەن ئالىملار كانىشكانىڭ «ساك كالېندارى» ياكى «ساك يىلى»نى مىلادىيىنىڭ 78 ـ يىلىدىن باشلانغان ، 78 ـ يىلى 1 ـ ساك يىلى دەپ قارىماقتا .

تۇرغان بولۇپ ، كانىشكا ناملىق ئىككى خان بولغان ، بۇ ئىككى خان ئارىسىدا خۇۋشكا ، ۋاسۇدېۋا ، كوجۇلاكادپىز ، ۋىما كادپىز ، ۋاسىشكا قاتارلىق بەش خان ئۆتكەن . گىرشمان 1946 ـ يىلى كۇشان خانلىرىنى تىزغاندا كانىشكا خانىنى بىزائۇس ، كوجۇلاكادپىز ، ۋىما كادپىز ، خۇۋشكا ، ۋاسشكادىن كېيىنكى 6 ـ خان ئورنىغا قويغان بولسا ، لوھۇئۇېن 1949 ـ يىلى ئۇنى كوجۇلاكادپىز ، ۋىما كادپىز ، چىخونىكادىن كېيىنكى 4 ـ خان ئورنىغا قويغان . ر . گۆبل 1964 ـ يىلى كانىشكانى تۇنجى كۇشان خانى دەپ كۆرسىتىپ ، كانىشكا II نىڭ 6 ـ خان ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان .

يۇقىرىقىلار كۇشان خانلىرى تەركىبى ۋە تەرتىپىنىڭ تېخى مۇئەييەنلەشمىگەنلىكىنى ، شۇنداقتىمۇ كانىشكانىڭ كۇشان تارىخىدىكى رولىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . كانىشكا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ 3 ـ خانى ئىكەنلىكى كۆپلىگەن رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدا مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا كۇشان دەۋرىدىكى تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتى كانىشكىنىڭ كۇشانىڭ 3 ـ خانى ، جۇملىدىن كۇشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر خان ئىكەنلىكىنى ئەستىقلايدۇ . ۋەھالەنكى ، گىرشمان قاتارلىق ئالىملار كۇشان خانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىسىم تەلەپپۇزىدىكى ئوخشاشلىق بويىچە بىر قانچە باشقا ـ باشقا نەسەبتىكى خانلار بولۇشى ئېھتىماللىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . مەشھۇر بۇددا ئالىمى لۈي جى ئەپەندى «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبە ـ ئېقىملىرى» ناملىق كىتابىدا كوجۇلاكادپىز ۋە ۋىما كادپىزلار بىر نەسەپتىن — بەش يابغۇلۇق نەسەپتىن بولۇپ ، كانىشكادىن باشلاپ كۇشان ھاكىمىيىتى باشقا نەسەپكە — خوتەن ( 真檀 Dschalamdhara kanishka ) نەسەبىگە ئۆتكەن دېگەن . بۇ قاراش ياپونىيە ئالىمى يۇيجىلياۋدىنىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق كىتابىدىمۇ شۇنداق دېيىلگەن .

كوجۇلاكادپىز ، ۋىما كادپىز ۋە كانىشكا ھۆكۈمرانلىقىنى مەلۇم مەنىدە ئۇلاردىن XV ئەسىر كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن — فەرغانە ۋە سەمەرقەنتتىن چىقىپ بۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇھەممەت زەھىرىددىن بابۇر ، ھۇمايۇن ۋە ئەكبەر قاتارلىق ئۇلۇغ تۈرك — موغۇل خانلىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن . كوجۇلاركادپىز ۋە ۋىما كادپىزغا ئوخشاش بابۇر ۋە ھۇمايۇن ھىندىستان زېمىنىدا كۆپ قېتىملىق دەھشەتلىك جەڭلەر ئېلىپ بارغان ، تۇغ - ئەلەم بىلەن ئىمپېرىيە تىكلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانىدى . كانىشكا بىلەن ئەكبەر گەرچە ئەلەم بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولسىمۇ ئۇلار ئىستېلا قىلغۇچىلار بىلەن ئىستېلا قىلىنغۇچىلار ئارىسىدا بىرەر ئورتاقلىق گارمونىيىسى تىكلەش ئاساسىدىكى قەلەم بىلەن باشقۇرۇش يولىنى ئىزدەشتى . كانىشكا بۇددىزمنىڭ غەيرىي ھىندى نەسەبىدىكى مىسلىسىز ھامىيسىغا ئايلانغان بولسا ، ئەكبەر ھىندى دىنلىرى بىلەن ئىسلام ۋە خرىستىئان ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن يېڭى ئۇنىۋېرسالىزملىق ئېتىقاد پەيدا قىلىش يولىنى تۇتتى . كانىشكا بەلخ شەھىرىنى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت مەركىزى قىلىپ قالماستىن ، ئەينى زاماندىكى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيىسىدىكى ئاۋات خەلقئارا شەھەر قىلغان بولسا ، «ئەكبەر دېھلىنى ئەينى زاماندىكى دۇنيا مىقياسىدىكى ھەممە شەھەرلەر ئارىسىدا ئەڭ چوڭ ، ئەڭ ئاۋات شەھەرگە ئايلاندۇرغانىدى»[1] .

كانىشكا خۇددى ئەكبەرنىڭ سىند ، قەندىھار ۋە تاغلىق ئافغانىستان زېمىنلىرىگە يۈرۈش قىلغىنىدەك ، بىر قاتار ھەربىي جەڭلەرگە يېتەكچىلىك قىلغانىدى . كانىشكا كەڭ ھىندى زېمىنىنى ئىگىلىدى . ئۇ خارەزمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغانىدى . خارەزم III ئەسىردە مۇستەقىل بولغۇچە كۇشان

① كارل ماركس : «ھىندىستان تارىخىنىڭ يىلنامىلىرى» ، 1957 - يىل خەنزۇچە نەشرى ، 34 - بەت .

ئىمپېرىيىسى ئىچىدە ساقلىنىپ كەلدى. پەنجاپ ۋە راۋالپىندىدىكى مانىكالا (Manikala) دېگەن جايدىكى ئويۇلغان خەتتە كانىشكانىڭ بۇ جايلارغا بېسىپ كىرگەن سەركەردىسى لالا تەرىپىدىن «ماھاراجاكانىشكانىڭ 18 - يىلى»[1] دېگەن سۆز زەپەر بەلگىسى قىلىنغان. كۇشاننىڭ شىمالىدىكى باگمىنلاب دېگەن جايدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئالا قۇدۇقىدىن «ماھاراجا كانىشكانىڭ 12 - يىلى» دېيىلگەن قارىشتى خېتى تېپىلغان.

كانىشكا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خوتەن، يەكەن، قەشقەر رايونلىرىنى ئۆز تەسىرىگە ئالغانلىقى مەلۇم[2].

بۇ بەن چاۋنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. كۇشان خانلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەسىرى كانىشكا ۋاقتىدا باشلانغان ئەمەس. بۇ رايونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى — ماساگىتلار، سوغدىلار، توخارلار ۋە ساكلار بىلەن ئادىتى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىدە كۆپلىگەن ئورتاقلىقلار بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتىمۇ دېيەرلىك دەرىجىدە زىچ ئىدى. كۇشانلار كوجۇلاكادپىز، ۋىما كادپىز زامانلىرىدىلا تارىم ۋادىسىدىكى شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا، دوستلۇق ۋە كۈرەشلەرگە يېقىندىن ئارىلىشىپ كەلگەن. بولۇپمۇ غەربىي خەن سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ ۋاڭ ماڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى بوستان دۆلەتلىرى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئەكسى ھالدا كۇشان خانلىقىنىڭ تەسىرى سالماقلىق ئۆسكەنىدى.

كانىشكا دەۋرىدە خەن سۇلالىسى بىلەن كۇشان خانلىقى

---

① 78 - يىلى ساك 1 - يىلى بولغاندا، كانىشكانىڭ 18 - يىلى مىلادىيىنىڭ 96 - يىلى بولىدۇ.

② «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ كۇشان تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدە بۇ نۇقتا بىردەك قەيت قىلىنغان.

ئارىسىدا دوستلۇقمۇ ، سوقۇشمۇ يۈز بەردى . بۇ چاغدىكى تۆت چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى : خەن سۇلالىسى كۇشان خانلىقى بىلەن ئىناق ياشاپ ، هۇن ۋە چاڭ مىللەتلىرىنىڭ تەھلىكىسىگە تاقابىل تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . كۇشان خانلىقى پېرسىيىگە هۇجۇم قىلىشنى ، شەرق بىلەن رىم ئىمپېرىيىسى ئارىسىدىكى يىپەك سودىسىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشنى خالايتتى . كۇشانلار پېرسىيىنى ئاتلاپ ئۆتىدىغان شىمالىي يول — ئوغۇز دالاسىدىن يەنە بىر يىپەك يولى ئېچىشنى ئويلىسىمۇ ، يەنىلا ئاساسلىق سودا كارۋانلىرى پېرسىيە ئارقىلىق قاتنايتتى . كۇشانلار خەن سۇلالىسى ۋە رىم ئىمپېرىيىسىگە دوستانە پوزىتسىيە تۇتقان . بۇ چاغدا بەن چاۋ (班超) نىڭ ئەلچىسى گەن يىڭ ( 甘英 ) هېچقانداق توسقۇنسىزلا كۇشاندىن ئۆتۈپ رىمغا يېتىپ باردى . رىملىق مائىس دىئانۇس باشلىغان ياللانما ساياھەتچىلەرمۇ كۇشاندا هېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماستىن تاش قەلئەدىن چىقىپ پامىرنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق ئىقلىم ۋە «سىرس» (يىپەك) دۆلىتىگە كەلدى[①] . «ئۇ چاغدا چوڭ قۇملۇقنىڭ غەربىدىكى بوستانلىقلار كۇشاننىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگەنىدى»[②] .

كۇشان خانلىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدىكى سوغدىلار قۇم (ئاقسۇ) ، سۇلې (قەشقەر) ، يەكەننى تىنجىتىشتا بەن چاۋغا ياردەملەشتى . بۇ چاغدا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلار بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن مەلىكە سوراپ ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتتى . بۇ چاغدا بەن چاۋ بۇ ئەلچىلەرنى تۇتۇپ قېلىپ قايتىپ كېتىشكە يول قويمىدى . مىلادىيىنىڭ 90 ـ يىلى كۇشان خانلىقى ساهى باشچىلىقىدا 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن

① لۈكي بۇئۇلنوئىس : «يىپەك يولى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى ، 64 ـ بەت .
② شۇ كىتاب ، 64 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن بەن چاۋغا ھۇجۇم قىلدى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بەن چاۋ كۇشان قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئاشلىقنى يىغىۋېلىپ ئىستىھكامدا مۇداپىئە قىلىش، كۇشانلىقلارنى ئاچ قويۇپ يېڭىش تاكتىكىسى قوللانغان. كۇشان قوشۇنلىرى ئاچلىقتىن كۇسەنگە بېرىپ ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن قىممەتلىك سوۋغىلار بىلەن نەچچە يۈز كىشىلىك بىر ئەترەتنى ئەۋەتكەندە بەن چاۋنىڭ كىشىلىرى مۆكۈنۈپ زەربە بېرىپ، ئەترەت باشلىقىنىڭ بېشىنى كۇشان سەركەردىسىگە كۆرسەتكەن. نەتىجىدە ئاچلىقتىن چىقىش يولى تاپالمىغان كۇشان قوشۇنلىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي خەن بىلەن پېرسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى، كۇشان بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۈچەيدى. كۇشان رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغانىدى.

كانىشكا كۇشان ئىمپېرىيىسىنى تارىختىكى ئەڭ ئاخىرقى چېكىگىچە يەتكۈزدى. ئۇ چاغدا كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى شىمالدا ئارال دېڭىزى، جەنۇبتا ئان مودۇ دەرياسى، شەرقتە غەربىي پامىر ئېتەكلىرى[1]، غەربتە پېرسىيىگىچە يېتىپ بارغانىدى. «بۇ ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنى فارفىيە ئىمپېرىيىسىدەك كەڭ بولۇپ، كۈچلۈك ھەم بىرلىككە كەلگەنىدى. دۆلەتنىڭ ھەممە يېرى دېگۈدەك چېگرىدىن ھالقىغان خەلقئارا سودا قاتنىشىنىڭ مۇھىم بېكەتلىرى ئىدى»[2].

كانىشكا كۇشان خانلىرى باشلىغان مۇنتىزىم ئارمىيە تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئۇنىڭغىچە يايلاق كۆچمەنچى ساك — ماسساگېتلىرى پۈتۈن ئەركەكلەر ئەسكەر بولۇش تۈزۈمىنى قوللىنىپ كەلگەنىدى.

---

① يۈي تيەنخىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 27 ـ بەت.
② لۈسى بۇئۇلنوئىس: «يىپەك يولى»، 64 ـ بەت.

كانىشكا بىپايان ، كۆپ مىللەتلىك تېررىتورىيىنى باشقۇرۇش ۋە ئىچكى - تاشقى پاراكەندىچىلىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن دۆلەتنى داۋاملىق قورالغا تايىنىپ تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى . ئۇ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى . ئۇنىڭ بۇددىزمنى ئوبرازلاشتۇرۇش ۋە خەلقئارالاشتۇرۇش ، ماھايانا مەزھىپىنى قوللاش يۈزىسىدىن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ھەققىدە ئايرىم توختىلىمىز . روشەنكى كانىشكا بۇددىزم تارىخىدا ئاسوكىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقانلىقى مەلۇم .

كانىشكا ئوبرازى ئۇنىڭغا بېغىشلانغان ماسرادىكى ھەيكەلدە تەسۋىرلەنگەن . ئۇستىگە كۆچمەنچى خەلقلەر كىيىمىنى كىيگەن ، قولىدا خەنجەر تۇتقان ، قەھرىمان قىياپەتلىك بۇ ئوبرازنىڭ ئاستىغا ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلغان . ئۇنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مېتال ئاقچىلاردىن يەتتە دانىسى تېپىلغان . ۋ . يا . زېزېنكوۋانىڭ «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كرانىئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى» ناملىق ماقالىسىدا كانىشكانىڭ ئۈچ دانە مېتال پۇلدىكى ئوبرازى بېرىلگەن . ئۇلارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدىكى شاھانە كىيىم بىلەن تۇرغان يېرىم گەۋدىسى بېرىلگەن . ئۇ قاڭشارلىق ھەم بۇرۇت - ساقاللىق ئىشلەنگەن . يەنە بىرىدە ئۇنىڭ نەيزە تۇتۇپ تۇرغان ئۆرە ئوبرازى بېرىلگەن . بۇ چاغدا ئۇ كۆچمەنچى خەلقلەردەك كىيىنگەن ۋە ساقال - بۇرۇتلۇق ئىدى . ئۈچىنچى رەسىم كانىشكانىڭ قېرىغان چېغىنى ئىپادىلەيتتى . بۇ رەسىمدە ئۇنىڭ يېرىم گەۋدىسى تەسۋىرلەنگەنىدى .

كانىشكا ئۆلگەندىن كېيىن ، كۇشان خانلىقىغا خوۋشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى مەلۇم . شۇنىڭدىن باشلاپ كۇشان ئىمپېرىيىسى تەدرىجىي چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەندى . ئۇنىڭدىن ھەممىدىن ئىلگىرى خارەزم ئايرىلىپ چىقتى . ئۇنىڭدىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

سوغدىئانا ئايرىلىپ چىقىپ كۇشانىيا (كاتتا قورغان) شەھىرىنى مەركەز قىلىپ مۇستەقىل دۆلەت تەشكىل قىلدى. مارجىئانا (مەرۋى) ئىران تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. كۇشان ئىمپېرىيىسى كابۇل، كۇرپىزى، كەشمىر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى پاكىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شىياركىت رايونلىرىدىلا ساقلىنىپ قالدى.

خوۋشكادىن كېيىن ۋاسودېۋا (جۇڭگو مەنبەلىرىدە 波调 دېيىلگەن) خانلىق يۈرگۈزگەنلىكى مەلۇم. بۇ چاغدا كۇشان يۇقىرى قاتلام تەبىقىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتنىك تەركىبىدىن يىراقلىشىپ ھىندىستانلىقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

كۇشاندا يەنە ۋاسىشكا، كىتارا قاتارلىق خانلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم، بەزى تەتقىقاتچىلار كانىشكا، ۋاسودېۋا خانلىرىنىڭ Ⅱ – لىرى بولغان، ھەتتا كانىشكا Ⅲ – مۇ بولغان دېگەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. قانداق بولمىسۇن كانىشكادىن كېيىن كۇشان ئىمپېرىيىسى يەنە ئۇزاق داۋام قىلغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن بارغانسېرى ئايرىلىپ بارغانلىقىدا شۇبھى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۇشان خانلىقى ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت كابۇل رايونىنىلا تۇتۇپ قالالىدى.

## 3. ئېفتالىتلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە كۇشان خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

مەركىزىي ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن كاتتا سەلتەنەتلەرنىڭ ھەممىسى غەيرىي مەركىزىي ئاسىيالىقلار، غەيرىي تۇران كۆچلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان ئەمەس. ئېفتالىتلاردىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ئاسىيا قەبىلىلىرى كۇشان ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلىشتا بىۋاسىتە مەيدانغا چىقتى.

ئېفتالىتلارنى ئىران ۋە ئەرەب مۇئەللىپلىرى «ھەيتاللار» دەپ، گرېك ۋە ئەرمەن مۇئەللىپلىرى «ئاپتولىت» ياكى «ئېفتالىس» دەپ، رىم مۇئەللىپلىرى «ئاق ھۇنلار» دەپ، جۇڭگو مەنبەلىرىدە يەندا (嚈 哒) دەپ تەلەپپۇز قىلىشقان. ئۇلار رەڭگىنىڭ ئاقلىقى ۋە ھەرىكىتىنىڭ شىددەتلىكلىكى بىلەن «ئاق ھۇنلار»، رەھبىرىنىڭ ئىسمى «ئېفتالىت» (جۇڭگو مەنبەلىرىدە 厌带夷粟陀) بولغانلىقى ئۈچۈن ئېفتالىت نامىدا ئاتالسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېتنىك نامى ئېنىق ئەمەس. جۇڭگو يىلنامىلىرىدا ئۇلارنىڭ يېتەكچى قەبىلىسىنى قوجۇ — ئالتاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئېگىز هارۋىلىقلار تۈركۈمىدىكى بىر ئۇرۇق، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنچى ئەسىرلەردە باراخ (八滑) دېگەن ئاقساقىلى بولغان. دەيدۇ، بۇلار ئېفتالىتلارنىڭ ئەسلىدىكى ياكى كېيىنكى نامىنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئېفتالىتلارنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكى ھەققىدە «لياۋنامە»دە ئۇلار گۇشى (车师، قاڭقىل) قەبىلىلىرىنىڭ بىر تۈرى دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا ئۇلار توخارلارنىڭ بىر تۈرى دەپ كۆرسىتىلگەن. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: ئېفتالىتلار توخارلارنىڭ بىر تۈرى، شۇنىڭدەك ئېگىز هارۋىلىقلار (高车)نىڭ بىر تۈرى، ئۇلار قورۇلنىڭ شىمالىدا، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدا، خوتەننىڭ غەربىدە، ئامۇ دەريانىڭ جەنۇبىدا ياشىغان، دەپ كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ توخارلار ھەققىدىكى ئىزاھاتقا ئوخشايدۇ. ئېفتالىتلارنىڭ توخار ۋە ئۇسۇنلاردەك ئىلگىرىكى ئېنىق ماكانى ئۆچۈرلاندۇرۇلمىغاندەك، ئۇسۇنلارنىڭ كېيىنكى تارىخىمۇ ئېنىق ئەمەس. ئېفتالىتلار قاڭقىل — ئېگىز هارۋىلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاساس قىلىپ، پارچە ھالەتتىكى ھۇن، توخار، ئۇسۇن قەبىلىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار غەربكە سالمىقىنى تاشلىغاچقا، ھۇنلار كۆچكەندىن كېيىن ئەزەلدىن

جەڭگىۋار بولغان قاڭقىللار ئەمەس، جۇجانلار باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىنى ئىگىلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئېفتالىتلار خانىدانلىقى هالاكىتىدىن كېيىنلا قاڭقىللار — تېلىلار قايتىدىن يارىش (جۇڭغارىيە) ۋە شىمالىي قۇملۇق (موڭغۇل دالالىرى) دا قۇدرەتلىك كۆچ سۈپىتىدە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

دەرۋەقە، ئېفتالىتلار سىيانپىيلار قولىدا ئېزىلدى. سىيانپىيلارنىڭ بارغانسېرى غەربكە سۈرۈلۈشى غىزەپلەنگەن ئېفتالىتلارنى ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇسۇن قالدۇقلىرى بىلەن باشقا تەقدىرداش قەبىلىلەرنى قوشۇپ غەرب ۋە جەنۇب بويلاپ يۆتكىلىشكە ئېلىپ كەلدى. كۆچىيىپ بېرىۋاتقان ئېفتالىتلار تەخمىنەن V ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ماۋەرائۇننەهر — سوغدىدا پەيدا بولدى. سوغدى زېمىنى كۆكتۈرك خانلىقىغا بېقىنىش ئالدىدا ئېفتالىتلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. فرانسۇز شەرقشۇناسى رېنې گروئۇسسېت «بوز قىر ئىمپېرىيىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئېفتالىتلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىنكى هۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىنلىرىنى قارا شەهەر مۇزئارتتىن بالقاش كۆلى ساهىلىگىچە، تالاس، چۇ ۋە سىر دەريا ۋادىسىدىن ئارال دېڭىزىغىچە دەپ كۆرسەتكەن[1]. «لياۋنامە»دە قارا شەهەر، كۇسەن، قۇم (ئاقسۇ)، قەشقەر، خوتەنلەرنىڭ ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. تىبەتچە مەنبەلەردە ئېفتالىتلار بېسىپ كىرىش ئالدىدا كۇشان خانلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋىجاياكىرتى (vijaya kirti) خوتەن خانى ئىدى.

ئېفتالىتلار سوغدىنى مەركەز قىلغان. بۇخارا يېنىدا تېپىلغان ئېفتالىت خارابىسى — بەرەخشاھ[2] بىلەن مەشھۇر قوي قىردى قەلئە ۋە پەنجىكەنت خارابىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

---

① «بوز قىر ئىمپېرىيىلىرى»، 67 — بەت.
② قاڭقىل — ئېفتالىت ئاقساقىلى باراخ بىلەن بەرەخشاھنىڭ ئالاقىسى ئېنىق ئەمەس.

V ئېفتالىتلار ماۋەرائۇننەھىردە ئۇزۇن تۇرمايلا، تەخمىنەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى باكتىرىيىدىكى كۇشان خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان.

ئېفتالىتلار ماۋەرائۇننەھىردىن كۇشان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان چاغلاردا كۇشان خانى كىتارا (Kitara) ئىدى. بۇ چاغدا ئىراندا ساسانىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلگەن. ساسانىلار فارفىيە پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن كۇشان خانلىقى تارتىۋالغان فارفىيە زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پات ـ پات كۇشان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانىدى. كۇشان خانلىقى ئىلگىرىكى بىپايان زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمىغىلا سىغدىلىپ قالغانىدى. ئېفتالىتلارنىڭ باستۇرۇپ كىرىشى كۇشان خانلىقىنىڭ ھالاكىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قويدى. بۇ چاغدا ئېفتالىتلارنىڭ خانى ئاقشۇڭقار (Akhshunwar) بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئېفتالىتلار كۇشان خانلىقىنى غولاتقاندىن كېيىن يەنە بىر قانچە پارچە ـ پارچە كۇشان — توخار ھاكىمىيەتلىرى ساقلىنىپ تۇردى. بۇ ئارىلىقتا ئېفتالىتلار ساسانىيلار بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان بىلەن سوقۇشتى.

ئېفتالىتلار كۇشان خانلىقى سەلتەنىتىنى قولغا ئالغاندا بەھرەم گور (420 — 438) ساسانىلار شاھى ئىدى. ئېفتالىتلار كۇشان خانلىقىنىڭ غولاش پۇرسىتىدىن تېز پايدىلىنىپ توخارىستان، قەندىھار، پەنجاپ، كەشمىر، بەدەخشاننى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئەسلى «تەركى ماكان» بولۇپ، تاشلاپ يۆتكىلىپ كەتكەن ئانا زېمىنىگە يۈرۈش قىلىپ، يەنە قارا قۇرۇمدىن مۇزئارت — يۈلتۇز يايلاقلىرىغىچە كەڭ زېمىننى قولغا ئالدى. بۇ غەلىبىلەردىن كېيىن ئېفتالىتلار يىپەك يولى ئالاقىلەر لىنىيىسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن سوغدىلار بىلەن بىللە ساسانىلار بىلەن بولغان رىقابەتكە دۇچ كەلدى. ئېفتالىتلار

دەسلىپىدە غەربىي خوراسانغا يۈرۈش قىلدى . بەھرەم شىكار مەستانىسى دەپ داڭقا چىقارغانىدى . ئۇ ئېفتالىتلارنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، قوشۇنلىرىنى ئەزەربەيجانغا شىكارغا باشلاپ ماڭغان قىياپەتتە جەڭگە چىقتى . ئۇ كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېبورىس تاغلىرىغا بېرىپ غايىب بولغان بولۇۋېلىپ ، دەرھال ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرققە يوشۇرۇن يېتىپ كېلىپ ، ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدا پەيدا بولدى . بەھرەمنى ئەزەربەيجاندا شىكار قىلىۋاتىدۇ ، دەپ بىلىپ ئۇنىڭ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئېفتالىتلارنى بەھرەم مەرۋېنىڭ يېنىدىكى كۇسمىھان دېگەن جايدا مەغلۇپ قىلىپ ، ئېفتالىت سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەرەم ئەزالىرى بىلەن بىللە كۆپلىگەن غەنىيمەتكە ئىگە بولدى . ئېفتالىتلار ئامۇنىڭ شىمالىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . نەتىجىدە ئېفتالىتلار بىلەن ساسانىلار سۈلھە كېلىشىمى ھاسىل قىلىپ ، بەلخنىڭ غەربىدىن تۆت يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تالخاننى چېگرا قىلىپ بېكىتىپ ، چېگرا تېشى ئورناتتى .

بەھرەم ئۆلۈپ ، ئوغلى يېزدىگېرد II (438 — 457) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى پېروز (457 — 484) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا ئېفتالىتلار بىلەن ساسانىلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغىچە شىددەتلىك جەڭلەر داۋام قىلدى . يېزدىگېرد II ئوغلى پېرۇزنى ئەمەس ، بەلكى كىچىك ئوغلى ھورمۇزنى پادىشاھلىققا بەلگىلەپ ئۆلگەچكە سىستاندا ۋالىيلىق قىلىۋاتقان پېرۇز ئىنىسى ھورمۇزنىڭ ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىشىدىن قورقۇپ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېفتالىتلار خانى ئاقشۇڭقارنىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى . پېرۇز ئاقشۇڭقارنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا تايىنىپ ئىنىسى ھورمۇزدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى . پېروز

ئېفتالىتلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىن ئەنسىرەپ ئاقشۇڭقار خان ئۆلگەندىن كېيىن 480 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوغلى تورمان (Torman) خانغا قارشى باكتىرىيىگە ھۇجۇم قىلدى. پىروز مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغىلار بىلەن تالخان شەھىرىنى ئېفتالىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھېسابىغا تورمان خان قولىدىن قۇتۇلدى. پىروز ئېفتالىتلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ياردەم ئېلىپ، ۋىزانتىيە ھەربىي مەسلىھەتچىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تورمان خان باشچىلىقىدىكى ئېفتالىتلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش قوزغاپ، يەنە مەغلۇپ بولۇپ قايتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. رىۋايەتتە پىروز 30 قېچىر كۈمۈش بېرىش بەدىلىگە ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭغىچە گۆدەك ئوغلى كاۋادنى بارىمتايلىقتا قويۇپ ئىرانغا كەتكەن دېيىلىدۇ. پىروز 484 ـ يىلى تورمان خان باشچىلىقىدىكى ئېفتالىتلارغا ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇم قوزغايدۇ. ئۇلار چېگرا شەھەر گورگاندىن تاكى مەرۋىگىچە بېسىپ كىرگەندە ئېفتالىتلار يالغاندىن قاچقان بولۇپ، پىروز ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئالدىن ھازىرلاپ قويۇلغان تۇزاققا چۈشۈرۈپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلىدۇ. پىروز مۇشۇ جەڭدە ئۆلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ساسانىلار ئېفتالىتلارغا قارام دۆلەت بولۇپ قالىدۇ.

ئېفتالىتلار شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن. گوپتا خانلىقى شاھى سكاندا گۇپتا (455 — 467) ئېفتالىتلارغا قايتۇرما زەربە بەرگەندىن كېيىن بۇ كېڭەيمىچىلىك بىر ئاز توختىغان بولسىمۇ، كېيىنچە يەنە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ جامنا ۋە گانگ دەريالىرىدىن ئۆتۈپ سىند، كاتخىئاۋار، مالۋا، گوجرات قاتارلىق ئوتتۇرا ھىندىستان زېمىنلىرىنى ئىگىلىدى. تورمان خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىھىراقۇلا (Mihirakula) دەۋرىدە ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا

www.uyghurkitap.com

ھىندىستان، تارىم ۋادىسى، تۇرپان ۋە ئىگىز ھارۋىلىقلار زېمىنلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ھالدا ھەشەمەتلىك زور تېررىتورىيىنى باشقۇرۇپ، ئۇ يەرلەرگە تېگىن خانلارنى بەلگىلىدى. ئېفتالىتلار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە، ئېنىقراق ئېيتقاندا VI ئەسىرنىڭ بېشىدا (ئېھتىمالەم ياغۇلاق خان دەۋرىدە) ئاندىن ھىندى دەرياسى ساھىلىدىكى بىر قاتار پارچە توخار ھاكىمىيەتلىرىنى يوقىتىپ غەربىي شىمالىي ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ كۇشان خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان پارچە ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىم تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچۈش دەۋرى بولدى.

ئېفتالىت خانلىقى مېھرا قولاخاننىڭ 542 ـ يىلى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئۆلۈمىدىن كېيىن قايتا گۈللىنىش مەنزىرىسىگە ئېرىشەلمىدى. 560 ـ يىلى ئېفتالىتلار خانلىقى مۇنقەرز بولدى. مەركىزىي ئاسىيادا باش كۆتۈرگەن ۋە غەربىي ـ جەنۇبىي يۇزلىنىشتىكى كەڭ زېمىننى ئىگىلىگەن ئاق ئەتلىك ئېفتالىت — ئاق ھۇن خانلىقىنى ئۆزىنىڭ چۈشكۈنلۈكىدىن باشقا، يەنە نوشىرۋان خۇسراۋ بىلەن يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كۆكتۈرك خانلىقى — مۇغانخان بىلەن ئىستېمى خاننىڭ بىرلەشمە ھۇجۇملىرى ھالاك قىلدى.

ئېفتالىت خانلىرىنىڭ ئوبرازى ئۇلار قويدۇرغان مېتال ئاقچىلارغا چۈشۈرۈلگەن. ۋ. يا. زېزېنكوۋا ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىلمىي ماقالىسىدا كۇشان خانلىرى بىلەن بىللە ئېفتالىت خانلىرىدىن تۇرمان (بەزى ماتېرىياللاردا توراماں دەپ يېزىلغان)، مېھراقۇلا، ياغۇلاق خانلار رەسمى چۈشۈرۈلگەن مېتال ئاقچىلارنى كۆرسەتكەن. تۇرمانخاننىڭ ئوبرازى ياش يىگىت قىياپىتىدە بولۇپ، بېشى ئۇچلۇق ئىگىز، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزى چوڭقۇر سىزىلغان. مېھراقولا خان ئوتتۇرا ياش

قىياپەتتە بولۇپ، قاپىقى چوڭ، قۇلىقىغا قوڭغۇراقلىق زىرە ئاسقان، بېشىغا بۆك كىيگەن، يالاڭ مەيدىلىك، پالۋانلاردەك كۆرۈنۈشتە سىزىلغان. شاھى ياغۇلاق ئورتا ياش قىياپەتتە، يالاڭ بەستلىك، بېشىغا بۆك كىيگەن، ئازراق نىياز چېچى بار، قوش قوڭغۇراقلىق ئۇزۇن زىرە ئاسقان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق قىلىپ سىزىلغانىدى.

*        *

ئېفتالىتلار تارىخى قەدىمكى تۇران تارىخىدىكى كاتتا ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇش تارىخى بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانچە ئېتىبار بىلەن تەتقىق قىلىنغان ئەمەس. ئۇ جۇڭگو يىلنامىلىرىغا ھۇن ۋە كۆكتۈرك خانلىقلىرىدەك بىۋاسىتە ئالاقىلەر ئۇچۇرى شەكلىدە كىرمىگەچكە، بۇ بىر مەنبە مول ئەمەس. ئېفتالىتلار خارابىلىرى تەتقىقاتىمۇ يۈزەكى ھالەتتە توختاپ قالغان. تارىخىي ئۆچۈش ھالىتىگە يەتكەن (فىردەۋسى سۆزى) ئىران بىلەن يازما سالنامىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ھىندىستاندىمۇ مول مەنبە ساقلانمىغان.

ئېفتالىتلار، بىرىنچىدىن مەركىزىي ئاسىيادا قارلىقتاغ (تۇرپان ئەتراپى)دىن ساسانىلارنىڭ چېگرىسىغىچە، بالقاشتىن گانگ دەريا ۋادىسىغىچە ئۈچ زونىلىق چەمبەردىن ھاسىل قىلىنغان ناھايىتى كاتتا ئىمپېرىيە قۇردى. ئۇلار ھۇنلار بارمىغان ھىندىستان زېمىنىدا، كۇشانلار تاشلىۋەتكەن ئانا زېمىن ئۈستىدە قۇرغان بۇ سەلتەنەتنى كۆكتۈركلەرمۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ، قاراخانىيلارمۇ، غەزنەۋىلەرمۇ ياكى بابۇرىلارمۇ قايتا قۇرالىغان ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ئېفتالىتلار پاراسەت ۋە جاسارەتنى بىللە قوشقان بىر قاتار خانلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىلدۈرەلىگەن.

ئۇلار تەخت ماجىراسى، چەت ئەل مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان ۋەلىئەھد پاراكەندىچىلىكى بىلەن ئەمەس، خۇددى بىر قانچە قېتىم ئەسىر ئېلىنغاندىمۇ تەكرار قويۇپ بېرىلگەن ساسانى شاھى پىروزغا قوللانغاندەك ئاقىلانىلىقنى، كەڭ قوللۇق بىلەن جىددىي ئېھتىياتكارلىقنى بىرلەشتۈرۈپ تارىخ سەھنىسىگە كىرگەن. ھەرگىزمۇ ھۇن تەڭرىقۇتى قوتىيۇشقا ئوخشاش سەمەرقەنتتىكىدەك قەبىھلىكنى، ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈشتەك سەلتەنەتتىكە ماس كەلمەيدىغان چاكىنا قىلمىشنى ياكى ئاتتىلادەك چەت ئەل مەلىكىسىنىڭ زەھىرى بىلەن نىكاھ كېچىسى ئۆلۈش قىسمەتلىرىنى سادىر قىلمىغان. شۇڭلاشقا باراخ، ئاقشۇڭقار، تۇرمانخان، مېھراقۇلا، ياغۇلاق خان ناملىرى ياد ئېتىشكە ئەرزىيدۇ.

ئۇچىنچىدىن، ئېفتالىتلار ئۆز ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ ئۇسۇن ياكى كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قارلۇقلاردەك پارچىلىنىپ كېتىش، ھەتتا قارشى سەپتە جەڭ قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرمىگەن. ئەكسى ھالدا ئېفتالىتلار يەرلىك سوغدىلار، پارچىلانغان كۇشان — توققۇز چاۋۇپلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئورتاق مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرگەن، ئۆزىمۇ «كان» فامىلىسىنى قوللانغان.

تۆتىنچىدىن، ئېفتالىتلار يىپەك يولىنىڭ تۇرپاندىن ئىران تۇپرىقىغىچە، ھەتتا ساسانىلاردىن ئولپان ئالغان چاغلاردا تېخىمۇ يىراق جايلارغىچە قاتناش ھوقۇقىنى تىزگىنلىگەن. بۇ ئىشقا ئۇلار سوغدى ۋە توققۇز چاۋۇپلارنىمۇ پائال قاتناشتۇردى. نەتىجىدە ئېفتالىتلار باشچىلىقىدا يىپەك يولىدا مەركىزىي ئاسىيالىقلار ئۈستۈنلۈكى تەشكىللەندى. بۇ چاغدا بەرەھشاھ، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ شەھەرلىرى قايتا ئىسلاھ قىلىندى؛ سۇغىرىش سىستېمىلىرى كۆپەيتىلدى؛ تارىم بويىدا، تۇرپاندا «كان» فامىلىلىك سوغدى ئاھالە رايونلىرى، سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ

ئېقىنىدىكى ھازىرقى تۈركىستان رايونىدا تۈرپانلىق خۇجيە ئاھالىلىرى ئولتۇراق رايونلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

بەشىنچىدىن، ئېفتالىتلار ئەنئەنىۋى تۇران مەدەنىيىتىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئۇلار، ئۇلۇغ توخارلاردىن پەرقلىق ھالدا بۇددىزمنى ئەمەس، ئاتەشپەرەسلىك دىنىنى، مانى دىنىنى قوللىدى، نەتىجىدە خارەزم، سوغدى، يەتتە سۇ، فەرغانىدا بۇددىزم ئانچە راۋاجلانمىدى. ئۇلار باشقا ئېتىقادلارنى مۇتلەق چەكلىگەنمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇلار بۇنى خارەزم ۋە سوغدى ئەنئەنىسىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. ئۇلار بەرەھشاھ، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ خارابىلىرى تام رەسىملىرىگە قارىغاندا شىر ـ يولۋاس بىلەن ئېلىشىش، يىپەك يولى سودىسىنى كۈچەيتىش، ئەپراسىياپ ۋە ئومۇمەن خەلق فولكلورىدىكى جەڭنامىلەرنى تەسۋىرلەشنى ئەۋزەل بىلگەن. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى توپلىغان «شاھنامە» سۆزتتىلىرىنىڭ بىر قىسمى بۇ يەردىكى تام رەسىملىرىگە سىزىلغانىدى.

ئېفتالىتلار تۇران ئاھالىسىنىڭ باشقا مەدەنىيەت چەمبىرىگە سىڭىپ كېتىشىنى ئەمەس، بەلكى باشقا مەدەنىيەتلەر، پارچە خەلقلەرنىڭ تۇران مەدەنىيىتى ۋە ئاھالىسىنى كۈچەيتىشنى قانداق ھەل قىلغانلىقىنى پەقەت تارىخىي ئاقىۋەت نۇقتىسىدىنلا كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار ھۇنلاردىنمۇ، كۇشانلاردىنمۇ پەرقلەنگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى قوبۇل قىلدى؛ ئۇزلىرى سەلتەنەت سۈپىتىدە ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ ئاھالە ۋە مەدەنىيەت پۈتۈنلۈكى بىلەن زېمىن بەرقارارلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەنگۈشتەرنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتتى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ «ئامۇ خەزىنىسى» بىلەن كوجۇلا كادپىزنىڭ قەبرىسى ھەققىدە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تولغان خەزىنە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولۇپ چىقتى . ئەمما ئېفتالىت خانلىرىنىڭ قەبرىگاھلىرى تېخى بايقالغان ئەمەس .

* *

جۇڭگودا خەن سۇلالىسى ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ پادىشاھلىق زامانلىرى ئاخىرلىشىپ ، سۇي سۇلالىسى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن ئاھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر پارچە ھاكىمىيەتلىرى پائالىيەت ئېلىپ باردى . ئۇلار سىيانپىيلار ، توقباتلار ، جۇجانلار قاتارلىق توڭغۇز قەبىلە ئىتتىپاقلىرى بىلەن قالدۇق ھۇن قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغانىدى .

سىيانپىيلار تەن شىكۈي (141 — 186) باشچىلىقىدا تەدرىجىي ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىدىن قالغان زېمىنغا كېڭەيدى . سىيانپىيلارنىڭ توقبات ئۇرۇقى كۆچىيىپ ، توقباگوي دەۋرىدە (386 - يىلى ) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى قۇردى . توقبات — شىمالىي ۋېيلارنىڭ شىمالىدىكى جۇجانلار ۋە شىمالىي ۋېيلار بىلەن كۆپ سوقۇشتى ، ئېگىز ھارۋىلىق ئۇيغۇرلار ۋە يايىكى باشچىلىقىدىكى قالدۇق ھۇنلار بىلەن سوقۇشۇپ ئاخىر غەربىي قارا شەھەرگىچە ، شەرقىي كورىيىگىچە بولغان سالماقلىق كۆچكە ئايلاندى . ئۇلار دونخۇاڭ — جاڭيە ئارىسىدا بارىگاھ قۇرۇپ ، تەسىرىنى پامىرنىڭ غەربىگىچە كېڭەيتىشكە باشلىدى .

سىيانپىيلاردىن يېڭىلگەن قالدۇق ھۇنلار سىيانپىيلار قاتارىدا ئۆزىنى سىيانپىي ئاتاشقا باشلىدى . ئۇلاردىن باشقا قوغوشارخان ۋاقتىدا خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان قالدۇق ھۇنلار شىمالىي قۇرۇلنى سىيانپىيلاردىن قوغداشقا قويۇلغانىدى . IV ئەسىردە ھۇن سەركەردىسى ليۇ يۈەن ( 刘渊 ) ئۆزىنى ھۇن تەڭرىقۇتى دەپ جاكارلىدى . 308 - يىلى ئۇ يەنە ئۆزىنى

ئىمپېراتور دەپ ئېلان قىلدى . 311 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوغلى لىيۇسۇڭ (刘聪 ) غەربىي جىن پادىشاھى چىڭ لىشۇئنى ئەسىر ئېلىپ ، لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى . بۇ 16 پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى .

16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا ، يارىش دالاسىدا ئېتنىك تەركىبىنىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى . خەنزۇلار ئىلگىرىكى خەن زامانىدىن پەرقلەندى . ھازىرقى شىنجاڭدا خۇجىيە — قاڭقىل — ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلار بىلەن غەربىي پامىر ۋە يەتتە سۇدىكى قەبىلىلەر تۈركىي تىلىلار چوڭ تۈركۈمىنى ھاسىل قىلدى . بۇ جەھەتتە ئېفتالىتلار دەۋرى كۆرۈنەرلىك بولدى .

جۇجانلار قۇلدارلىقنى كۈچەيتىپ ، كۈچ توپلاپ ، تۈمۈر قوراللارنى ئىشلەپ سىيانپىي توقباتلىرى قۇرغان شىمالىي ۋېيلار بىلەن غەربتىكى ئېفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلىشنى ئويلايتتى . ئۇلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە شىمالى بىلەن ئالتاي ئېتەكلىرىدە قاڭقىل ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئاسىنا تۈركلىرىنى بىر تەرەپتىن سىيانپىيلار بىلەن ئېفتالىتلارغا سوقۇشقا ۋاستە قىلىشقا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى «تۆمۈر تاۋلىغۇچى قۇل» قىلىپ ، ئالتايدا تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشقا سالاتتى . تارىخ تۆمۈر تاۋلىغۇچى ئېگىز ھارۋىلىقلارنى ئاساس قىلغان كۆكتۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىنى ، ئۇلارنىڭ جۇجانلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق كۈرەشلىرى ئاساسىدا مەيدانغا چىقاردى . شۇنىڭدىن كېيىن مەركىزىي ئاسىيا تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرى — شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرى باشلاندى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 4 . كۇشان ۋە ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

كۇشان ۋە ئېفتالىتلار سەلتەنەتلىرى گەرچە بىرى يەنە بىرىنى مۇنقەرز قىلغان شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇ مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ بىرى يەنە بىرىنى شەكلەن ئىنكار قىلغان ۋارىسلىق زەنجىرىنىڭ ئىككى ھالقىسى بولدى . ئۇلار بىر قاتار ئۆزىگە خاسلىقتا ئىگە بولۇش بىلەن ئۆز ئورتاقلىقى ۋە ئۆز خاسلىقى بىلەن بۇ قېرىنداش خەلقلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى . بىز پەقەت باكتىرىيىنى ئاساس قىلىپ كۇشان مەدەنىيىتى تۆھپىلىرى ، سوغدىنى ئاساس قىلىپ ئېفتالىتلار مەدەنىيىتى تۆھپىلىرى ھەققىدە توختىلىمىز . بۇ تولىمۇ تولۇقسىز بېشارەتلىك ئىزاھات بولۇپ ، بۇ ھەقتە قىزىققۇچىلارنىڭ مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .

ئاكادېمىك غاپۇروف خەلقئارا كۇشان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن «كۇشان دەۋرى ۋە جاھان مەدەنىيىتى» ناملىق يىغىن ئېچىش نۇتقىدا : «كۇشان دەۋرى يالغۇز ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەملىكەتلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك دەۋرى بولۇپ قالماستىن ، ئۇ پۈتكۈل تارىختىكى مەدەنىيەت راۋاجلىنىشىدا شەرقنىڭ ، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ» ، «كۇشان دەۋرى شەرقنىڭ ۋە پۈتكۈل جاھان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرى ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە پۇختا ئاساس سالغان دەۋر

① «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» موسكۋا ، 1974 ـ يىل رۇسچە نەشرى ، 1 ـ توم ، 61 ـ بەت .

ھېسابلىنىدۇ »① دېگەنىدى .

كۇشان خانلىقى چوڭ مەركەزلەشكەن ھوقۇقچىلىق ئاساسىدىكى قۇلدارلىق دۆلىتى ئىدى . كۇشان خانلىقىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشى ھاكىممۇتلەق دەرىجىدە بولماستىن ، بەلكى سوغدى ، فەرغانە ، خارەزم ۋە باشقا ھەرقايسى بوستان بەگلىكلىرىگە نىسبىي مۇستەقىللىق بەرگەن مەركىزىي ئاسىياچە فېدېراتسىيىلىك باشقۇرۇشقا ئاساسلانغانىدى .

كۇشان خانلىقى قۇل ئىگىلىكى تۈزۈمىنى كۈچەيتتى . ئۇرۇشتىن ئەسىر ئېلىنغان ئەسكەرلەر قۇل قىلىناتتى . قۇللار مىللىي ۋە دۆلەت تەۋەلىكى جەھەتتە ھەقىقەتەن «بەينەلمىنەل» ئىدى . ئەمما ، كۇشان خانلىقىدا قۇل ئىگىلىكى ھەممە رايونلاردا بىردەك راۋاجلانغان ئەمەس . بەزى رايونلاردا تىپىك قۇل ئىگىلىكى ، بەزى رايونلاردا يېرىم كۆچمەنچى شەكىلدىكى قۇل ئىگىلىكى ، يەنە بەزى رايونلاردا مەيدە (ئۇششاق ) ئىگىلىك ئۈستۈنلۈك ئالغان . بۇ ھال كۇشان خانلىقى تەۋەسىدىكى ياكى تەسىرىدىكى رايونلاردا قۇللۇق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە بىر قەدەر تىنچ ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى .

كۇشان خانلىقىدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ناتەكشى بولغان ، ئۇنىڭ بەزى رايونلىرى ، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەر ئاۋات ۋە بايراق ، يىراق يېزا ـ قىشلاقلار ھەم تاغلىق رايونلار كەمبەغەل ۋە قاششاق ئىدى . ھەتتا باكتىرىيە يېزىلىرىدا تۇگمەن بولمىغان ، ئاشلىق ياغۇنچاق بىلەن ئۇن قىلىنغان .

كۇشان ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى دېھقانچىلىق ، قول ئەمگىكى ، ھۈنەر ـ سودا ۋە يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردا چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى . قۇللار ئەمگىكى بىلەن زور كۆلەملىك سۇ قۇرۇلۇشلىرى ، ئۆستەڭ ـ كانالالار ياسالغان . خارەزم ، سوغدى ، فەرغانە ۋە ئامۇ ۋادىسىدىكى تېرمىزدا ئەنە شۇنداق سۇ

ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. تارىخچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن تۇرپان ۋادىسىدىكى كارىز — يەر ئاستى سۇ يوللىرى قۇرۇلۇشىنى كۇشان خانلىقى زامانىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قىياس قىلىدۇ. سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ زىرائەتچىلىك، باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش راۋاجلاندى. ئانار، ئۆرۈك، ئۈزۈم، گىلاس، توغاچ ۋە باشقا كۆپلىگەن مېۋىلەر بىلەن ھەر خىل دورا - دەرمەك ئۆسۈملۈكلىرى گرېك — باكتىرىيە دەۋرىدىن كېيىن، گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ زېمىنگە ئىگە بولغان ۋە شەرق - غەرب مۇناسىۋەتلەر تارىخىدا تېخىمۇ كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن كۇشان خانلىقى زامانىدا تېخىمۇ خەلقئارالاشتى. يېزا ئىگىلىكى قول سانائىتى ۋە سودا - سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە شەھەر - قەلئەلەر كېڭەيدى، كۆپلىگەن يېڭى شەھەرلەر مەيدانغا كەلدى. كانىشكا پايتەختىنى سوغدىدىن پىشاۋۇر (پورۇشاپۇرا)غا كۆچۈرۈپ كەلدى. خارەزمدىكى قەدىمكى قەلئە خارابىلىرى كۇشان خانلىقى دەۋرىدىكى شەھەر تۈزۈلمىسىنىڭ تەسۋىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئاساسلىق رەستە، تار يوللار، كېسەك ئۆي - تۇرار جايلاردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ چاغدا چوڭ زېمىندا ياكى قۇلدارلارنىڭ قېلىن ئېگىز تام بىلەن قورشالغان چوڭ ھويلا - قورۇلىرىمۇ مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ قورۇق شەكىللىك «دېھقان» (يەر ئىگىلىرى) قورغانلىرى ئىدى.

ئا. ستەيىننىڭ خوتەن، نىيە قاتارلىق جايلاردىن تاپقان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر باررو ئۇ ۋە راپسون تەرىپىدىن ئىنگلىزچە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، كۇشان دەۋرىدە بۇ رايونلار بىلەن كۇشان خانلىقى ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت ساقلاندى. شۈبھىسىزكى، قارۇشتى تېكىستلىرى ئەينى زامانىدىكى تارىم

ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئاھالىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە مەشغۇلاتى، ئىدىيىۋى ھالىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ھۆججەت.

كۈشان دەۋرىدە خەلقئارا سودا، بولۇپمۇ چاڭئەندىن ۋىزانتىيىگىچە بولغان مەشھۇر «يىپەك يولى» سودىسى كۆرۈنەرلىك راۋاجلاندى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەۋرىدە ۋە گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى دەۋرىدە راۋاجلانغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاتناش يولىغا تۇتاشتى، نەتىجىدە شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان خەلقئارالىق كارۋان يولى راۋانلاشتى. رىملىق مالىنوس I ئەسىردە ماكېدونىيىلىك مائىس دىجانوسنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ «سېرىس» دەپ ئاتىلىدىغان يىپەك دۆلىتىگە كەلگەنلىكىنى يازغاندى. ئۇ كىچىك ئاسىيادىكى گراپولىس، سۇرىيىدىكى ئانتوخدىن ئۆتۈپ ئىفرات، فارفىيە، ئىكباتال (خامادان)، راي (تېھران يېنىدا)، مارجىئانا (مەرۋى)، بەلخ ئارقىلىق پامىر ـ كومىدان تېغى يېنىدىكى تاش تۇر (تاش مۇنار) نى كېسىپ «سېرىس» ئېلىگە كەلگەن بۇ يول چاڭئەندىن دەشت ئاتنى كېسىپ كروراينا، كۇسەن، قۇم، قەشقەر ئارقىلىق ياكى كروراينا خوتەن ئارقىلىق، ياكى تۇرپان، قارا شەھەر، كۇسەن، قۇم، قەشقەر، يەكەن ئارقىلىق بەلخقە تۇتىشاتتى. يىپەك يولىدا ئىرانلىقلارنىڭ ۋاستىچىلىك تاپاۋىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىن فەرغانە، خارەزم ۋە جەنۇبىي ئورال ئارقىلىق ۋىزانتىيىگە قاتنايدىغان شىمالىي «يىپەك» يولىمۇ ئېچىلغاندى. بۇ يولدا يىپەك، يۇمشاق قاش، بەدەخشان ياقۇتى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، فارفۇر بۇيۇملار، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئىنچىكە يۇڭ توقۇلمىلار، تېرە ـ بۇلغارى، ئەينەك، تۆمۈر قاتارلىق مەھسۇلاتلار توشۇلۇپ تۇراتتى. تارىملىقلار ۋە سوغدىلار

www.uyghurkitap.com

بىر بولۇپ ئىرانلىقلاردىن جۇڭگو ۋە رىم ئارىسىدىكى يىپەك سودىسىدا ۋاستىچى بولۇشنى تالىشىپ كەلدى. بۇ هال كۆكتۈرك خانلىقى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ تۈپ مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

كۇشان خانلىقى كۆپ قېتىم مىتال ئاقچىلىرى قۇيدۇردى. دەسلەپكى كۇشان خانلىقىنىڭ ئاقچىلىرى گرېك — باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ مىتال ئاقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ سۆزى توخارچە، يېزىقى گرېكچە ئىدى. كوجۇلاكادپىزنىڭ مىتال ئاقچىلىرىغا قارۇشتى يېزىقى ئىشلىتىلگەن بولۇپ ساكيامونىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەنىدى. ۋىما كادپىز ساكيامونىنىڭ رەسىمىنى ئەمەس، بەلكى هىندى ئەپسانىلىرىدىكى سىۋانىڭ رەسىمىنى چۈشۈرگۈزگەن. ئۇ ئالتۇن ئاقچىلارمۇ قۇيدۇرغان. كانىشكا دەسلەپكى دەۋردە گرېك، پېرسىيە ۋە هىندى ئىلاھلىرى تەسۋىرلەنگەن مىتال ئاقچىلار چىقاردى، ياشانغاندىن كېيىن يەنە ساكيامۇنى ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن مىتال ئاقچىلار چىقاردى. كۇشان خانلىقىنىڭ مىتال ئاقچىلىرى كۇشان تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق بىر ئارخېئولوگىيىلىك مەنبە بولۇپ، ئۇ ئەينى زامان ئىگىلىكى، سودا لىنىيىسى، تىل ـ يېزىقى، ئېتىقادىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن زور ئەهمىيەتكە ئىگە.

يېزىق كۇشان دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ مۇهىم بىر ئۇتۇقى، ئەگەر تۈچ قۇراللار دەۋرىدە تىل سىستېمىلىرى ۋە تىل گۇرۇپپىلىرى شەكىللەنگەن بولسا، كۇشان دەۋرىگە كەلگەندە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى بىر قانچە خىل يېزىق بىلەن تونۇشتى، بۇ ماهىيەتتە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەقەززاسى ۋە «يىپەك يولى» ئالاقىلىرىنىڭ تاشقى تەسىرى ئاساسىدا يۈز بەرگەن مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. كۇشانلىقلار II ئەسىرگىچە ئۆز تىلىنى گرېك هەرپلىرى بىلەن يېزىپ —

ترانسكرپسىيىلەشتۈرۈپ كەلدى . بۇ كۇشان يېزىقى دەپ ئاتالغان . ئۇنىڭدىن كېيىن ئالامىيا يېزىقى ئاساسىدا سوغدى يېزىقى ئىجاد قىلىندى . بۇ سوغدىلارنىڭ خەلقئارا سودىدىكى ئېھتىياجلىرى ۋە ئوينىغان رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . سوغدى يېزىقى شىمالىي رايونلاردا ئىشلىتىلگەن چاغلاردا ، پەنجاپتا ، غەربىي شىمالىي كۇشاندا ، تارىم ۋادىسىدا قارۇشتى يېزىقى قوللىنىلدى . بۇ يېزىق بۇددا دىنى بىلەن بىللە لوپنۇر ساھىلىگىمۇ خېلى كەڭ تارقالدى . تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر قارۇشتى يېزىقىنى يەرلىك تەلەپپۇزغا بويسۇندۇرۇپ قايتا ئىشلەپ چىققانىدى .

مەيلى كۇشان خانلىقىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا بولسۇن ، مەيلى خارەزم ياكى تارىم ۋادىسىدا بولسۇن گرېك ۋە قارۇشتى يېزىقلىرى ، ئالامىيا يېزىقى «يەرلىك» تىل ئاساسىدا قايتا ئۆزگەرتىلگەن . بۇ كۇشان يېزىقى ، خارەزم يېزىقى ، خوتەن يېزىقى . . . دەپ ئاتىلىپ كەلگەن .

كۇشان خانلىقى دەۋرىدە دىن ۋە سەنئەتتە غايەت زور يېڭىلىقلار يۈز بەردى . كۇشان خانلىقى دەۋرىدە ئىپتىدائىي شامان ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ ، مەھەللىۋى ئەقىدىلەرمۇ ، ئاتەشپەرەسلىك (زەردۇشت)دىنىمۇ ، خرىستىئان دىنىنىڭ نىستورىيان مەزھىپىمۇ بۇددا دىنى بىلەن بىللە ساقلاندى . بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت ھەر خىل لاي قونچاقلار كۆپلىگەن جايلاردىن ، جۈملىدىن ئەپراسىياپ كونا قەلئەسىدىن تېپىلغان . ئاناختى ئوبرازىغا بېغىشلانغان قونچاق كۇشان خانلىقى زامانىسىدا پەقەت كۇشانچە كىيىندۇرۇلگەنىدى ، خالاس . ئىلگىرىكى ئادەت بويىچە ھەر يىلى يېڭى يىل — نورۇز كىرىشى بىلەن كونا لاي قونچاقلار قايتا لاي قىلىنىپ يېڭى يىل شەرىپىگە يېڭى قونچاقلار قىلىناتتى . بۇ ئادەت داۋاملىق ساقلاندى . مۇنداق نورۇز بايراملىرى ھەتتا ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ قونچاق ياساشنى

تاشلىغان بولسىمۇ سەيلى - ئايەم شەكلىدە داۋام قىلىپ تۇردى. بۇ هال بۇددا تەسىرى ئاجىزراق بولغان خارەزم ۋە سوغدى رايونىدا كۆپرەك ساقلانغانىدى. بۇ يەرلەردە يەنىلا مىترا، ئاناختى، سىياۋۇشقا سېغىنىدىغان يەرلىك ئەنئەنىۋى ئېتىقاد، ئاتەشپەرەسلىك ئاساسلىق تەسىر كۆچىگە ئىگە ئىدى. خارەزمنىڭ پايتەختى تۇپراق قەلئە خارابىسىدىن ئوت ئىلاھىغا بېغىشلانغان ئىبادەتخانا تېپىلغان. خارەزمدىكى ئاياز قەلئە، گىيائۇش قەلئە خارابىلىرىدىكى قالدۇق رەسىملەردە بۇددا تەسىرىدىن ئاتەشپەرەسلىك دىنىي تەسىرى ئۈستۈنرەك بولغان. ئەمما، ماۋەرائۇننەهردە بۇددىزم بولمىغانلىقى مەسىلىسىگە كەلگەندە بۇددىزم ئوخشىمىغان رايونلارغا ئوخشىمىغان تەسىر كۆرسەتكەن. تېرمىزدە تېپىلغان بۇددا هەيكىلى ۋە «سارۋاستى ۋاداسا» نومىنىڭ پارچە سەھىپىلىرى بۇ جايغا بۇددىزم شىمالدىكى رايونلاردىن كۆچلۈكرەك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇددا دىنى باكتىرىيىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى. شۇنداقتىمۇ ۋىما كادپىز بۇددا دىنىغا دېيەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى ئۇنىڭ مېتال ئاقچىلارغا سىزغان ئوبرازىنى سىزدۇرغانلىقىدىن مەلۇم بولىدۇ. كانىشكا بۇددىزمنى پائال قوللىدى. ئۇنىڭ بۇددىزم تارىخىدا تەسىرى ئاسوكىدىن ئۈستۈن بولسا ئۈستۈنكى كەم ئەمەس. ئۇ قەندىهارنى ۋە كەشمىرنى مەركەز قىلىپ بۇددىزم تارىخىدا بىر گۈللىنىش دەۋرى شەكىللەندۈرگەنىدى. كانىشكا بۇددىزم تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ نامايەندە سۈپىتىدە ئۇچ چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇ بۇددىزمنى خەلقئارا دىن دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئۇنىڭغىچە بۇددا دىنى تېخى هىندىستاننىڭ مەهەللىۋى دىنى ئىدى. ئۇ بۇددىزمنى پۈتۈن ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ قالماستىن، ئۇنى كەڭ تەشۋىق قىلدۇردى. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بېكسۇنلار مەكتەپلىرى قۇرۇپ،



www.uyghurkitap.com

بۇددىزمنى ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا، تارىم ۋادىسىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا، شەرقىي ئاسىياغا تارقاتتى ياكى ئۇنىڭ ئاساسىنى قۇردى. بۇددىزمنىڭ ھەرقايسى ئېتنىك ئىستىقامەتچىلەرگە ئىگە بولۇشى كانىشكىنىڭ كۆپ مىللەتلىك كۇشان ئىمپېرىيىسىنى باشقۇرۇشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەندى. كانىشكا بۇددىزمنى خەلقئارالاشتۇرغاندا ئىلگىرىكى دىنىي ئەقىدىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ قوبۇل قىلغۇچىلىرىنى كۆپەيتتى. كانىشكا ھايات ۋاقىتلىرىدا قەندىھار پىشاۋۇر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا تاشتىن چوڭ بۇددا مۇنارىسىنى ياساتقانلىقى، باكترىيىدە چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى قۇردۇرغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، كانىشكا بۇددىزمنى سەنئەتلەرشتۇردى. كانىشكىدىن ئىلگىرىكى بۇددا دىنى ھەيكەلسىز ۋەز ـ نەسىھەتلىك ئەقىدىلەر بىلەن چەكلەنگەن ئابستراكت دىن ئىدى. ئاسوكا پەقەت تاش تۈۋرۈكلەرگە بۇددا نوملىرىدىن ئۈزۈندىلەر ئويدۇرغانىدى. كانىشكا دەسلىپىدە بۇددا مۇنارلىرىنى زىننەتلەشنى ۋە كېيىنچە بۇددا ھەيكەلتىراشلىقى ۋە رەسىمچىلىكىنى كەڭ يولغا قويدى. نەتىجىدە بۇددىزم سەنئەتلەشتى. ئۇنىڭ قىلغان ئۈچىنچى چوڭ ئىشى بۇددا تۆتىنچى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ ماھايانا مەزھىپىنى قوللاش ۋە ئۇنى بۇددىزمنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى ئورنىغا كۆتۈرۈش بولدى.

كۇشان خانلىقى دەۋرىدە بۇددىزم تارىم ۋادىسىغا كەڭ تارقالغانىدى. ئۇ ئېچكى ئۆلكىلەرگە ۋە مەركىزىي ئاسىيا رايونلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن.

ئېفتالىتلار دەۋرىدە كۇشان خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇتۇقلىرى داۋاملاشتۇرۇلدى. بۇ چاغدا ھېچقاچان چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ئوترار بىلەن ھىراتنى خانىۋەيرانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكىنىدەك شەھەر مەدەنىيىتىنى خاراب قىلغۇچى

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلەر يۈز بەرگىنى يوق. ئەكسى ھالدا ئېلگىرىكى باكتىرىيە رايونىدىن باشقا، خارەزم، سوغدى، فەرغانە ۋە تارىم بويلىرىدا يېڭى سۇغىرىش سىستېمىلىرى، ئاھالە رايونلىرى، رابات ۋە قەلئەلەر مەيدانغا كەلدى.

ئېفتالىتلار دەۋرىدە خەلقئارا كارۋان سودىسى ئېفتالىتلار كونتروللۇقىدا ساسانىلاردىن شىمالىي ۋەيي سۇلالىسىغىچە راۋانلاشتى. مېتال ئاقچىلار، جۇملىدىن ئالتۇن ئاقچىلارنىڭ قويۇلۇشى سودا ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەتتى. خوتەن قەدىمكى خارابىلىرى بىلەن مىران — كرورايىنادىن تېپىلغان قارۇشتىچە خەت - چەكلەرگە ئۇرۇلغان پېچەت تامغىلار پوچتا ئالاقىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئېفتالىتلار ئۆزىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى جايلاردا بۇددىزمنى چەكلىمىگەنلىكى، خارەزم ۋە سوغدىدا ئاتەشپەرەسلىكنى قوللىغانلىقى بىلەنمۇ خارەكتېرلەندى.

بىز شەھرىسەبز (كېش)، ساگانىئان، پەنجىكەنت، بۇخارا، بەرەھشاھ، نېسېف①، ۋەخش، ئەپراسىياپ، خۇتتالىئان قاتارلىق سوغدى شەھەر خارابىلىرى بىلەن خارەزمدىكى قەدىمكى ئاتەشپەرەسلىك مەنزىلگەھلىرىدىن كۇشان — قەندىھار بۇددا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە ئوخشىمايدىغان ساپالدا پىشۇرۇلغان، سىرتىغا تىياتىر، مۇزىكا - ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى سىزىلغان جەسەت ساندۇقلىرىنى، مېتال ۋە كاش غەيرىي بۇددا ھەيكەللىرىنى، سارايلار تاملىرىغا سىزىلغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قىزلار، چالغۇ تۇتقان سازەندىلەر بىلەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ ياغاچ ھەيكەلچىسىنى، يىپەك يولى كارۋانلىرى، شىر - ئارسلان بىلەن كۆرۈشۈۋاتقا چەۋەنداز، قاتار تىزىلغان ئۈچ ئەلچى، مەي

---

① نەخشەب — قەرشى شەھىرى.

پىيالىلىرى تۇتۇشۇپ مەشرەپتە ئولتۇرغان قىلىچ ئاسقان كىشىلەر تەسۋىرلەنگەن تام رەسىملىرىنى ئۇچرىتىمىز . بۇ رەسىملەردىكى ئادەم قىياپەتلىرى ، ئۇلارنىڭ كىيىنىشلىرى ، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە رەسساملىق ئۇسلۇبى قىزىل ، قۇمتۇرا بۇددا تاشكېمىرلىرىدىكى غەيرىي بۇددا مەزمۇنىدىكى تام رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . پەرق ئۇنىڭ بىرى بۇددىزم تېمىسىدا ، يەنە بىرى يەرلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتى تېمىسى بىلەن ئاتەشپەرەسلىك ئالامەتلىرىدە ئىشلەنگەن . بىز بۇ تام رەسىملىرى ياكى خەلق رىۋايەتلىرىدىن خۇددى XVII ئەسىرنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالىمى مۇھەممەد ئىبن ئەلىنىڭ «بەھرۇلئەسرار فى مەنەكىبەنى ئەخيار» ناملىق كىتابىدا ئېيتىلغاندەك بۇ سوغدى — ئېفتالىت مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى تۇران سەركەردىسى ئەپراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى گىشتاسپ سالغانلىقى ، بۇ يەرلەرگە سەمەر ئىبن ئاخىرىكىش ، ئىسكەندەر رۇمى كەلگەنلىكى ، ئۇنى قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم خارابىلاشتۇرغانلىقى قاتارلىقلارنى ئاڭلايمىز . بۇ ئۇيغۇر ئالىملىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلىرىدىكى تەۋسىيىلىرى بىلەن بىردەك بولغان . ئېفتالىتلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قايتىدىن تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر بولغان مۇھىم ئىلمىي تېما ، ئەلۋەتتە .

مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرىكى ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسى ، ساك (تۇرانىيە) ۋە جەنگو (ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر) زېمىنلىرى خەرىتىسى




ئىزاھات : خەرىتىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قارا رەڭلىق دائىرە ئىسكەندەر (ئېللىنىزم) ئىمپېرىيىسى زېمىنى ، خەرىتىنىڭ شەرقىدىكى قارا رەڭلىك دائىرە چىن ، ۋېي ، جاۋ ، يەن ، چى ، خەن ۋە چۇ بەگلىكلىرى زېمىنى . بۇ ئىككى زېمىننىڭ شىما-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## باتۇر تەڭرىقۇت زامانىدىكى هۇن سەلتەنىتىنىڭ زېمىنى



ئىزاھات : 1 . قارا دېڭىز ، 2 . كاسپىي دېڭىزى ، 3 . ئارال كۆلى ، 4 . ئىسسىقكۆل ، 5 . بالقاش كۆلى ، 6 . زايسان كۆلى ، 7 . باغراش كۆلى ، 8 . لوپنۇر كۆلى ، 9 . بايقال كۆلى ، 10 . لېنا دەرياسى ، 11 . ئەنقا دەرياسى ، 12 . سېلېنگا دەرياسى ، 13 . ئورخۇن دەرياسى ، 14 . توغلا دەريالىرى ، 15 . ئۇرال دەرياسى ، 16 . سىر دەرياسى ، 17 . ئامۇ دەرياسى ، 18 . ئىلى دەرياسى ، 19 . تارىم دەرياسى ، 20 . خوتەن دەرياسى ، 21 . خۇاڭخې دەرياسى ، 22 . ئالتۇنبالىق (لەنجۇ) ، 23 . چىن يېرى — تېيەنشۇي ، 24 . چاڭئەن ، 25 . مايى (ئاق رابات) ، 26 . قوجۇ (تۇرپان) ، 27 . قەشقەر ، 28 . سەمەرقەنت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىياغا سىزىلغان هۇن قوشۇنى





هۇن دوبۇلغىسى

هۇنلارنىڭ مىلادىيە 453 ـ يىلى ياۋروپادىكى سوقۇشى ⟵




هۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش لىنىيىسى (ياپونچە مەنبە)



يەتتەسۇ كۆستانئاي كۇمۇش قاچىسىغا چېكىلگەن ئېۋرىپىدىس تراگېدىيىسى كۆرۈنۈشلىرى



«ئامۇ خەزىنىسى» (ئوكساس خەزىنىسى) دىن ، ئالتۇن باشلىق، ئالتۇن قاناتلىق تاغ تېكىسى



ئوتتۇرا ئاسىيادا گرېك تىياتىرلىرى ئاكتيۇرلىرى





ئىدىشقا چېكىلگەن «دىئونس» بايرىمى تەسۋىرى

www.uyghurkitap.com



سوغدى زېمىنىدىن تېپىلغان سەنئەتكە ئائىت ئوبرازلار : بەربابچى ئايال ، تىياتىر ئاكتىيورى ۋە نىقاب



گۈلخانىغا ئوت ياققان ۋە مەشرەپكە ھازىرلانغان ئاياللار (پەنجىكەنت)



يەرلىك مەشرەپ ئولتۇرۇشى كۆرۈنۈشى



ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئارسلان ، تۆگە ئوب-
رازى ئورنىتىلغان ئاتەشپەرەستلىك كۆجەدانى



↑ پەنجىكەنتتىن تېپىلغان ئۆلگەن
مەلىكىنى ئۇزىتىۋاتقان مۇغ (ماتەم)
كۆرۈنۈشىدىكى تام رەسىمى





← لەھەتكە قويۇلغان جەسەتكە ماتەم بىلدۈرۈش

↓ سوغدىلارنىڭ جەسەت ساندۇقى. (لايدا
سىرتىغا مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلار ئوب-
رازى ئويۇلۇپ پىشىرۇلغان)



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ماۋەرائۇننەھردىكى ئايرىتام خارابىسىدىن چىققان مىلادىيە II ~ I ئەسىرگە ئائىت قوڭغۇراقلىق زەنگۇلە ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان قىز فىگورىيىسى ھەيكىلى ۋە فەرغانە —خوجەند ئارىلىقىدىكى پامىر ئېگىزلىكى ئېتىكىگە جايلاشقان ھىكا- ھاھسار قەلئەسىدە سىزىلغان سازەندە ئوبرازى



ماۋەرائۇننەھردىن تېپىلغان مىلادىيە I ئەسىرگە ئائىت بەرباب چېلىۋاتقان ۋە ئىككى يۈزلۈك دۇمباق تۇتقان ھەيكەللەر



خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىيە I ئەسىرگە تەئەللۇق قوپارتما ئۇسۇلدا مەي ئېچىتىش ئىدىشلىرىغا ئىشلەنگەن كۆرۈنۈشلەر . بۇلار غەيرىي بۇددا — يەرلىك ساك ئەنئەنىسىدە ئىشلەنگەن . ئۇلار ئىچىدە ھەر خىل چالغۇلار — بەرباب ، نەي ، بالىمان ، داپ ، ھەم (قاتارى) ، نەي چېلىۋاتقان سازەندىلەر ، مايمۇن قىياپەتلىك چالغۇچىلار ، قىزىقچىلار بار

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر تۇران خانلىقلىرى

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تۇرانى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

## 1. كۆكتۈرك خانلىقى ھارپىسىدىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى ۋە تۇرپان قاڭقىل خانلىقى

ھۇنلار سەلتەنىتى تۇران زېمىنىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىرلىككە كېلەلمەسلىكى، نوپۇز تىكلەشكە ئۇلگۇرمەي ئالمىشىشى، «بەش تەڭرىقۇت جېدىلى» ۋە «شىمالىي ھۇن»، «جەنۇبىي ھۇن»لار ئارىسىدا يۈز بەرگەن پارچىلىنىش ۋە ساتقۇنلۇق تۈپەيلى ھالاك بولدى. گەرچە توخارىستاندا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ماۋەرائۇننەھر، تارىم ۋادىلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن توخار — كۇشان سەلتەنىتى تېخى پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرمەي، ئېفتالىتلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. ئېفتالىتلار ماۋەرائۇننەھرنى مەركەز قىلىپ، ساسانىلاردىن تۇرپانغىچە بولغان زېمىننى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭ

ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆكتۈرك خانلىقى مەيدانغا چىقتى.

كۆكتۈرك خانلىقى ھۇن سەلتەنتى خارابىلىقىدا مەيدانغا كەلدى، ئەمما، ھۇن سەلتەنتىنىڭ ۋارىسلىرى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ھۇنلاردىن بۇ زېمىنگە سۈرۈلۈپ كېلىپ باش كۆتۈرگەن سىيانپىيلار، جۇجانلارنىڭ قول ئىگىلىكى زۇلۇمىغا قارشى قۇللار قوزغىلاڭلىرى غالىبلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ نۇقتا تەكىتلىنىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

ھۇنلار سەلتەنەتلىرى خانىۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شۇ زاماندىكى تەركىبىگە تەئەللۇق تۇرا (تېلى، ئېگىز قاڭقىلىقلار) قەبىلىلىرىدىن ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىرەر كۈچ قالمىغانىدى. يىراقتا كۆچۈپ تۇرغان ساسانىلار بىلەن رىم ئىمپېرىيىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقتە خەن سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتى ۋە ھۇنلارنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن كېيىنكى مۇنداق ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ھېچقايسى تۇران قەبىلىلىرىگە نېسىپ بولمىدى. ئۇسۇنلار پارچىلانغان ۋە تارىخ بېتىدىن ئۆچكەن، كۇشانلار توخارىستان — زەبۇلىستان — كۇھىستان — سوغدىستاندىكى پارچە ھاكىمىيەتلىك مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ ئېفتالىتلارغا تەۋە بولغانىدى. يېگانە ئېفتالىتلار بۇ پۇرسەتتە، ئارانلا قوجۇ ئەتراپىنىلا ئۆز ئىلكىگە ئالالىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان «تەنگە يولى» — يىپەك يولىنىڭ غەربىدە ساسانىلار خەۋپ سېلىپ تۇراتتى. بايقالدىن يارىش دالاسى (جۇڭغارىيە) گىچە بولغان تۈركىي خەلقلەردىن قوغشارخانىنىڭ ۋاڭ جاۋجۇنى مەلىكە ھېسابىدا ئالغان ۋە خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان «جەنۇبىي ھۇن»لار قالدۇق ئاھالىلىرى بىلەن ئېگىز قاڭقىللار ئۇششاق ـ ئۇششاق پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. نەتىجىدە ھىڭگان

تاغلىرى ياقىسىدىكى توڭغۇز قەبىلىلىرى — سىيانپىي ۋە جۇجانلار (ئاپارلار) موڭغۇل دالاسى، خۇاڭخېنىڭ شىمالىي ساھىلى ۋە غەربىي ئېقىنى، تەڭرىتاغ — ئالتاي دىيارىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

سىيانپىيلار باتۇر تەڭرىقۇت بويسۇندۇرغان سىيانپىي تېغى (ئەرگىنە دەرياسى بويىدا) توڭغۇزلىرى بىلەن ئۇخۇەن تېغى (لاۋخا دەرياسى بويىدا) توڭغۇزلىرى بولغان ئۇخۇەنلەرنىڭ يېڭى ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىپ، سەنشىنىڭ شىمالىدا تەنشىخۇەي (141 — 181 ـ يىللار) باشچىلىقىدا سىيانپىي قۇللۇق دۆلىتى تەشكىل قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى بىلەن خېبېي، سەنشى ۋە گەنسۇنىڭ شىمالى ھەم غەربىدىن بىر قاتار ئايماقلارنى ئىگىلىدى. ھۇن ۋە خەن سۇلالىلىرى ئاخىرلاشقاندا سىيانپىيلار سېرىق دېڭىزدىن بالقاشقىچە، بايقالدىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە ئىگىلىدى. سىيانپىيلار، ئۈچ پادىشاھلىق ۋە ئېفتالىتلار بىللە ياشىغان زامان شەكىللەندى. تەنشىخۇەي 40 يىل، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان ئاقسۆڭەك كې بىنىڭ (181 — 235) 54 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ، سىيانپىيلار مۇنقەرز بولدى. سىيانپىيلارنىڭ مۇرۇن قەبىلىسى «يەن» دۆلىتى، توقبات قەبىلىسى «شىمالىي ۋېي» خانلىقىنى قۇردى. شىمالىي ۋېي خانلىقى جۇڭگونىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىككى ئەسىرگە يېقىن ياشىدى. ئۇ توڭغۇز ئېتنىك تۈركۈمىنىڭ لىياۋ (قىتان)، موڭغۇل (يۈەن)، مانجۇ (چىڭ) سۇلالىلىرىدىن مۇقەددەم تۇنجى قېتىم قۇرغان، جۇڭگونى (ياكى ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىنى) بويسۇندۇرغان ھاكىمىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، جۇڭگودا سەلتەنەت ئاساسەن ئۈچ خىل

هالەتتە داۋام قىلىپ كەلدى : خەن مىللىتىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى ، خەن ۋە باشقا مىللەتلەر پارچە ھاكىمىيەتچىلىكى ، باشقا (مۇھىمى شىمالىي ) مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن ئىبارەت . ھازىرغىچە سىياسىي گۇللىنىش ياكى بوھران تۇيەيلى بۇ ئۈچ خىل فورماتسىيىنىڭ ئالماشقانلىقىدىن باشقا تۆتىنچى خىل ھالەتنى كۆرگىنىمىز يوق .

توقبات — تۈركىي ئايدىلەر ۋە مەنبەلەردە «تاۋغاچ» دەپ ئاتالغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن ئىبارەت . ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى توڭغۇز ۋە ھۇن ، دىڭلىڭ ، قىرغىز ، جۇجان قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر ياكى گورۇھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 31 قەبىلىدىن تەشكىل تاپتى . 315 - يىلى توقبات چۇرا ئۆز خانلىقىغا دەي ( 代 ) دەپ نام قويۇپ پىڭ چىڭ (داتوڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدە )نى پايتەخت قىلدى . توقبات گۇي 386 - يىلى ئۆزىنى خان ئېلان قىلىپ ، خاندانلىق نامىنى ئۆزگەرتىپ «ۋېي» ( 魏 )دەپ ئاتىدى . توقباتلار شۆھرەتلىك ئىسلاھات قىلدى : قۇللارنى ئازاد قىلىپ ، زېمىننى «تەڭ ئۈلۈشلۈك يەر» سىياستى بويىچە تەقسىم قىلىپ ، قۇلدارلىقتىن ، فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتتى . كۆچمەنلىكنى چەكلەپ ئولتۇراقلىشىشنى يولغا قويدى . بۇ ئۇنىڭ ساقلىنىش ۋاقتىنى 219 يىلغا يەتكۈزۈشكە بىر سەۋەب بولدى . توقبات خانلىقى غەيرىي مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە تىنچ كۇنلەردە باج - سېلىق تاپشۇرۇش ، ئۇرۇشتا ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ كېلىشتىن باشقا مۇختارىيات سىياستى قوللاندى . ئۇ خەنزۇلارنى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ، توقباتلارنى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئالماشتۇرۇپ كۆچۈرۈش بىلەن خەنزۇلاردىن ئەمەلدار بەلگىلەش ، خەنزۇچە كىيىنىش ، خەنزۇچە تىل - يېزىقنى

قوللىنىشنى ، ھەتتا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى خەنزۇچىلاشتۇرۇشقا قەدەر يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن مىللىي ساقلىنىش — رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويسا ، يەنە بىر تەرەپتىن توقبات ۋە ئىتتىپاقداش قەبىلىلەر ئارىسىدىكى نارازىلىقنى كۈچەيتتى . 471 ـ يىلى توقبات يۈەنخۇڭ تەختكە چىققاندىن تاكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي (534 — 550 ) ، غەربىي ۋېي (535 — 556 )غا بۆلۈنگەنگە قەدەر جىددىي ئاجىزلىشىشقا يۈزلەندى . توقباتلار پەقەت تارىخىي نام بولۇپ ، مىللىيەتلىكى جەھەتتە بىر قىسىم شىمالىي دىلار ، غەربىي كۆيفاڭلار بىلەن جەنۇبىي ھۇنلاردىن كېيىن شىمالىي جۇڭگودا خەنزۇلىشىپ كەتكەن يەنە بىر سالماقلىق خەلقلەر قاتارىدا يوقالدى . پەقەت ئۇلارنىڭ نام ـ تىتۇللىرى ئېگىز قاڭقىللاردا ، كۆكتۈركلەر ئەۋلادلىرىدا «تاۋغاچ خان» دېگەن ئىبارە بىلەن ساقلاندى ، خالاس . تاۋغاچ — توقباتلار يەنى «شىمالىي ۋېي» سۇلالىسى تارىخى ئېيتىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى سىياسىي سەلتەنەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش ، سىياسىي سەلتەنەتنى ۋەزىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللىي گۈللىنىش ئۈستىگە قويۇش لازىملىقىنى ، كېيىنكىسىنى ئالدىنقىسىنىڭ ۋاقىتلىق زۆرۈرىيەتلىرىگە قۇربان قىلماسلىق لازىملىقىنى ئۆزىنىڭ تارىخىي چۆكمىلىرىگە «ھېكمەت لاتقىلىرى» قىلىپ كۆمدى .

توقبات خانلىرىدىن توقبات چۇرا (304 — 316 ) زامانىدىلا جۇجان — ئاپارلار خانگاي (شەرقىي ئۆتۈكەن ) تاغلىرى جەنۇبىدا «جۇجان» نامىدا ياشاتتى . توقباتلار شىمالىي ۋېي زامانىدا ھۇنلار تەسىرىدە قىسمەن تۈركىي ئاملىلارنى قوبۇل قىلغان ، دادىسى ھۇن ، ئانىسى سىيانپىلار «تەيفۇ» لەقەملىرى قوللانغان .

جۇجانلار بولسا ئىلگىرىدىنلا شىمالىي دىلار، بولۇپمۇ ئۆتۈكەن — خانگاي تاغلىرىدا غەربىي رۇڭ — قىزىل دىلار بىلەن ئۇزاق ئارىلىشىش ئارقىلىق تۈركلەشكەن ۋە هۇن — تۈرك تىلىنى ئۆزلەشتۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك ئالىملار ئومۇمىيۈزلۈك جۇجانلارنى «جۇجان تۈركلىرى» دېيىشىدۇ. جۇجانلار موڭغۇلوئىد ئامىللىرى ئۈستۈنلۈك ئالغان تۈركىي تىلدىكى خەلق ئىدى.

جۇجانلار دەسلىپىدە هۇنلاردىن قۇرۇقدىلىپ قالغان زېمىندا ئۆز تەسىرىنى كۈچەيتىشنى خالايتتى. بىراق ئۇلار كۈچلۈك سىيانپىي، كېيىنچە توقبات (شىمالىي ۋېي) قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسىدە موڭغۇل دەشتىنىڭ شىمالىغا كۆچتى. ئۇلار ئۇ يەردىكى شىمالىي تۇران — دىڭلىڭ ۋە ئېگىز قاڭقىللارنى بېقىندۇرۇپ تۇنجى جۇجان خانلىقىنى تىكلىدى. 402 - يىلى جۇجان خانى تولۇن ئەينى زاماندىكى تارقاق هۇنلارنى بىرلەشتۈرۈپ، كۈچ سىناپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلدى. توقبات گۇي ئوغلى توقبات سى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن چاغلاردا جۇجانلار ئىلگىرىكى خانگاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭ — جاڭيې ئارىسىدا جۇجان خانلىقىنى كېڭەيتىپ قايتا تىكلىدى. ئۇلار قۇلدارلىق تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، قارا شەھەرنىڭ يۇلتۇز يايلىقىغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلەپ كۈچلۈك هەربىي قۇل ئىگىلىكى ۋە قاتتىق نەسەب قاغانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

جۇجانلار بىلەن توقبات — شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۆزئارا كۈچلۈك رىقابەتچىلەر، فېئودالىزمغا ئۆتۈش بىلەن قۇللۇق هەربىي قەبىلە ئىتتىپاقى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ئۆلگىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قېلىشتى .

جۇجانلار ئائىلە قۇل ئىگىلىكى بىلەن بىللە پۈتۈن بېقىنغۇچى مىللەتنى خانلىق قۇللىرى قىلىشنى — قۇل ھاكىممۇتلەق مىللەتچىلىكىنى يولغا قويدى . ئاسىنا تۈركلىرى ۋە قۇل قىلىنغان باشقا تۈركى — ئېگىز قاڭقىللار ئۇلارنىڭ «تۆمۈرچى قۇللىرى» ئىدى .

جۇجانلار ياشىغان بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە شىمالىي ۋېيلار بىلەن ئۇرۇشۇش ، قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشتىن خالىي بولالمىدى .

402 ـ يىلى توقبات گوي قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭ بۇغبۇن ، سوغۇيان قەبىلىلىرىدىن نەچچە تۈمەن تۇياق مال ھەيدەپ كەلدى . 429 ـ يىلى توقباتلار ئۇلارنىڭ دۇنخۇاڭ — جاڭيې ئارىسىدىكى بارگاھىنى ۋەيران قىلدى . ئەمما بۇ قېتىم شىمالىي ۋېي سۇلالىسى خېيبېي ئۆلكىسىنىڭ چېچېك ناھىيىسىدىكى سەددىچىن سېپىلى سىرتىغا يەنە باۋتۇغىچە سوزۇلغان سېپىل قوشۇپ ، سەددىچىن دائىرىسىنى سىرتقا كېڭەيتتى ۋە جۇجانلارنى پۈتۈنلەي ئۇدۇن (خوتەن)گىچە — تارىم ۋادىسىغا قوغلىۋەتتى . بۇ ھال جۇجانلار بىلەن ئېگىز قاڭقىللار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈردى . بۇ ھال بارغانسېرى جۇجان خانلىقىنىڭ غۇلىشى ۋە كۆكتۈرك — ئاسىنا قاغانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە ئېلىپ كەلدى .

429 ـ يىلدىن 552 ـ يىلى ئاسىنا تۈمەن كۆكتۈرك خانلىقىنى ئېلان قىلغۇچە ئۆتكەن 113 يىل ئىچىدە جۇجان — قاڭقىل مۇناسىۋىتى جىددىي بولدى .

ئېگىز قاڭقىللار — خەنزۇچىدا ئېگىز ھارۋىلىقلار — تېلى

قەبىلىلىرى دېيىلەتتى . ئۇلار ئەسلىدىكى شىمالىي تۇران تۈركلىرى ، قىزىل دىلار ، غەربىي رۇڭلار ، ئۇجىيە — خۇجيە قاڭقىللىرى بىرلەشمىسىدىن ھاسىل بولغان . ھۇن ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى كۆپىيىپ بارغان . تۈرك — دىلار ( 狄 ) ، ئۇيغۇر ( 袁纥 ) ، قوغۇرسۇ ( 斛律 ) ، قۇبۇق ( 解批 ) ، قوغۇ ( 护骨 ) ، ئېركىن ( 异奇斤 ) ، تورا ( 吐卢 ) ، لىۋۇر ( 泣伏利 ) ، ئېچىن ( 乙旃 ) ، داران ( 大连 ) ، قوغۇ ( 窟贺 ) ، تاپىرغان ( 大薄干 ) ، ئالان ( 阿仑 ) ، مويۇن ( 莫允 ) ، چۇبىن ( 俟分 ) ، پۇئوخۇر ( 副伏罗 ) ، قىيان ( 袁 ) ، ئۇشبى ( 右叔沛 ) قاتارلىقلار ، كېيىنچە بارغۇت ( 仆骨 ) ، توڭرا ( 同罗 ) ، بايئىرقو ( 拔野古 ) ، ئوغۇز ، قىرغىز ، قازار (قاسار ) ، بولغار ، پېچىنىك ، باشقىرىت قاتارلىق قەبىلىلەر ، ئومۇمەن ئوغۇز خان قاڭقا — ھارۋىسى بىلەن ھەرىكەتلەنگۈچى تۇران تۈركلىرى ئېگىز قاڭقىللار — تېلىلار دېيىلدى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى دىڭلىڭ — خۇجيە قاڭقىللىرى ئىدى .

ئېگىز قاڭقىللار شىمالىي ۋېيلار بىلەن جۇجانلارنىڭ سىياسىي ئېھتىيات ئوبيېكتى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا پات - پات ئۇچراپ تۇراتتى . ئالتاي ئېگىز قاڭقىللىرىنى توقبات — شىمالىي ۋېيلار زەربىلىگەنىدى . جۇجانلار بايقال تېلىلىرىگىمۇ ھۇجۇم قىلدى ، قوغۇرسۇ·قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بەكقۇلى 402 - يىلى ئۆز خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ جۇجان خانى شېرون قاغاننى قاچۇرۇپ ، ئەسكەرلىرىنى ، خوتۇنلىرىنى ئۆز خەلقىگە تەقسىم قىلىپ بەردى . خەلق ئارىسىدا بۇ ھەقتە رىۋايەت ، قوشاق تارالدى . شىمالىي ۋېي پادىشاھى توقبات گوي بۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

تەسىرلىنىپ ، بەكقۇلى ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغان . كېيىنچە شىمالىي ۋېي پادىشاھى توقبات تاۋ ئۆزىگە بېقىنغان ئېگىز قاڭقىللاردىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ، ئۇلارنى بايقال قاڭقىللىرىغا سالغان ، ئۇلارنىڭ 100 مىڭ ئاھالىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ، ئۇلارنى موڭغۇل دەشتىنىڭ جەنۇبىغا — ئوتتۇكەن تېغىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ ، بوزلار ئاچقۇزۇپ ئاۋاتلاشتۇرغان . ھازىرغىچە ساقلانغان «تېلى قوشىقى» (قوغۇرسۇ ئالتۇن ئوقۇغان قوشاق ) شۇ چاغدا پەيدا بولغان .

تېلىلار شىمالىي ۋېيلار زۇلمىغا قارشى قوزغالدى . ئۇلار باستۇرۇلۇپ ، خېنەن ، خېبېي ، شەندۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قاتار ئوبلاستلىرىغا كۆچۈرۈلدى . ئەمما قارشىلىق توختىمىدى . ئاخىر تېلىلارنىڭ بۇ بىر قىسمى بۇ قەدىمكى شاڭ (يىن ) دىيارىدا خەنزۇلىشىپ كەتتى .

تېلىلار جۇجانلارنىڭ زۇلمىغا ھەممىدىن كۆپ ئۇچرىغاچقا ، كۆپ قېتىم قوزغالدى . بۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇرپان قاڭقىل خانلىقى قۇرۇلغان (487 ـ يىلى )دىن كېيىن داۋاملاشتى . مەلۇم مەنىدە قاڭقىل خانلىقى توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى ئىدى .

487 ـ يىلى جۇجان خانى دولۇن بۆگۈكتىن ئېگىز قاڭقىل — پۇئۇغۇر قەبىلىسىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرىغاندا ، پۇئۇغۇر قارشى چىقىپ تۇرپان ئويمانلىقىدا قاڭقىل خانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ . كۇل بويلاخان ۋە ئىنىسى چۇنجى بەگ بۇ زېمىندا 30 يىل (487 — 516 ) مەۋجۇت بولدى . زېمىنى تۇرپان — ئۈرۈمچى ، لوپنۇر ئەتراپى بولدى . تېخىمۇ كېڭىيىشكە ئېغتالىتلار توسقۇنلۇق قىلاتتى .

516 ـ يىلى جۇجانلار قاڭقىل خانى باغارتۇر شاتنى ئۆلتۈرۈپ بۇ خانلىقنى يوقاتتى، ئاھالە ئېفتالىتلارغا قاچتى. قاڭقىل خانلىقى باغاتۇر شاتنىڭ ئىنىسى ئېلبەگنىڭ باشچىلىقىدا قايتا تىكلىنىپ VI ئەسىردە تاڭ تەيزۇڭنىڭ قوجۇنى تىنجىتىشىغىچە ساقلاندى. «قوجۇ مۇزىكىسى» دەل شۇ چاغدا گۈللەندى. كۆكتۈرك خانلىقىغىچە ئېگىز هارۋىلىقلار ۋە باشقا تۇران قەبىلىلىرى ئېفتالىتلار بىلەن تۇرپان قاڭقىل خانلىقىدىن باشقا كىچىك خانلىقلار ياكى بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىدى.

ئاسىنا ساكلىرى IV ئەسىردە يەنسەي — ئەنقار ئارىلىقىدا دىڭلىڭ — خۇجيەلەر بىلەن ياشايتتى. ئۇلار كۆك بۆرە توتېمىدا ئىدى. ئۆزىنى بۆرىگە نەسىلداش خەلق دەپ قارايتتى. ئۇلار III ئەسىرلەردە بوغدا — تەڭرىتاغلىرى بويىغا كېلىپ كۆمۈردە تۆمۈر تاۋلاپ داڭ چىقاردى. بۇ زېمىنغا كىرگەن جۇجانلار V ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇلارنى «تۆمۈر تاۋلىغۇچى قۇل» قەبىلىسى قىلىپ قويدى. ئۇلار يەنە ئالتاينىڭ جەنۇبىغا يۆتكىلىپ، تۆمۈر تاۋلاشقا مەجبۇر قىلىندى. 487 ـ يىلى تۇرپان قاڭقىل خانلىقى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، قاڭقىل خانى باغاتۇر شاد ئۆلتۈرۈلۈپ خانلىق 1 ـ قېتىم غۇلىتىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئېفتالىتلار تەرەپكە ئەمەس گەنسۇ تەرەپكە يۆتكىلىپ غەربىي ۋېيلار بىلەن بىرلىشىپ جۇجانلارغا قارشى كۈرەشكە هازىرلاندى. ئاسىنا تومان جۇڭغارىيىدە ياشايدىغان 50 مىڭ تۈتۈندىن ئاشقان ئېگىز هارۋىلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلاندى. ئۇ جۇجان خانىدىن مەلىكە سورattى. ئاناغاي قاغان غەزەپلىنىپ، قۇلغا مەلىكە بېرىمەنمۇ، دەپ هاقارەتلىدى. توقبات — شىمالىي ۋېيلار مەلىكە شادىيە (جاڭ لې گۇڭجۇ)

www.uyghurkitap.com

نى ئاسىنا تومانغا ياتلىق قىلدى . نەتىجىدە ئاسىنا تومان شىمالىي ۋېيلار ياردىمىدە ئاناغاي قاغانغا قارشى قوللار كۆتۈرۈلۈشى پەيدا قىلدى . 552 ـ يىلى باھار ئاناغاي قاغان ئۆلۈۋالدى ، جوجانلار خانلىقى ھالاك بولدى ، ئاسىنا تومان ئۆتۈكەن تاغلىرى ئېتىكىدە ئۇلۇغ كۆكتۈرك قاغانلىقىنى قۇردى ، ئۆزىنى «ئېل قاغان» دەپ ئېلان قىلدى . «تاۋغاچ» — شىمالىي ۋېي — توقبات نامىلىرى شۇنىڭدىن كېيىن دوستانە نام بولۇپ قالدى .

تۈرپان قاڭقىل خانلىقى كۆكتۈركلەردىن ئىلگىرى جوجانلارغا قارشى كۈرەشكەنىدى . ئۇلار ئاسىنا تۈركلىرىنىمۇ بىر مەزگىل باشقۇرغانىدى . ئەمما ، كۆكتۈركلەر تېز كۆتۈرۈلدى . شۇنداقتىمۇ تۈرپان قاڭقىل خانلىقى ئىزىدا ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى مەيدانغا چىقتى .

## 2 . كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تۈرانى قايتا بىرلەشتۈرۈشى

كۆكتۈرك خانلىقى مەركىزىي ئاسىيا تۈركلىرى ھۇن ، كۇشان ، ئېفتالىتلار خانلىقلىرىدىن كېيىن قۇرغان يەنە بىر چوڭ تىپتىكى ھاكىمىيەت سىستېمىسى بولۇپ ، ئۇ مەركىزىي ئاسىيا تۈركلىرى قۇرغان بىردىنبىر ھاكىمىيەت ئەمەس .

كۆكتۈرك خانلىقى ئاسىنا ساكلىرى بىلەن ئاشېدلار ئارىلاشقان ، ئاسىنا ساكلىرىنى ئاساس قىلغان ، ئاسىنا قەبىلىسى تۈرك تۈركۈمىدە قايتا تارىخقا كىرگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلدى . كۆكتۈرك خانلىقى بىر تەرەپتىن قۇللار ئازادلىق كۈرىشى شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن

جۇجانلارنىڭ ھالاكەتلىك زۇلمى «تۆمۈرچى قۇللار» دەپ دەپسەندە قىلىشقا زىت ھالدا ئۆزىنى تەڭرى تۈركلىرى — ساماۋى خانلىق دېگەن ئىپتىخارلىق نام بىلەن ئاتىدى. كۆك بۆرە — كۆكتەڭرىنىڭ قۇتلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە ئاسىنا تۈركلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى قۇتقۇزغانلىقى توغرىسىدىكى ئېتىقاد، بۇ ساماۋى تۈرك خانلىقىغا ئارىيانلاردىن كېيىن يەنە بىر قېتىم مۇقەددەس نام بېغىشلىدى.

كۆكتۈرك خانلىقى 552 ـ يىلىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۈياقچا قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىشىگىچە بىر يېرىم ئەسىر ئەتراپىدىكى مەزگىلدە مەركىزىي ئاسىيا تارىخىنىڭ ئاساسىي ھېكايىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاجايىپ تارىخىي ھېكمەت (تارىخ پەلسەپىسى) ئۇچۇرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. تۇران زېمىنىنىڭ مىسلىسىز بىرلىككە كېلىشى، تۈرك قاغانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قاغانلىقلارغا بۆلۈنۈپ ماجىرالىشىشى، قايتا بىرلىشىش يولىدىكى ھەرىكەت ۋە توسقۇنلۇقلار، كۆكتۈرك تۇمەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىغا بېقىنغان بىر قاتار يەرلىك (تۇتۇق) مەھكىمىلەرنىڭ يېرىم ئەسىر داۋام قىلىشى، قۇتلۇق ئېلتەرىش قاغان نەسەبىدىكى ئىككىنچى كۆكتۈرك ئاسىنا قاغانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئالدىنقى قاغانلىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش يولىدا ھەرقايسى تۈركىي يەرلىك ھاكىمىيەت ياكى قەبىلىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى، جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ يايلاق قاغانلىقلىرىنى پارچىلاش ۋە يوقىتىشتىكى تاكتىكا — ھىيلە ـ تەدبىرلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى، مانا بۇلار كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قالدۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەن تارىخىي ھېكمەتلىرىدىن ئىبارەت . مېنىڭچە ، تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى تارىخىي ھېكايە ۋە جەڭنامىلەر ئىچىگە چۆككەن بۇ مەڭگۈلۈك جاۋاھىراتلارنى يورۇتۇشتىن ئىبارەت .

كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىق شەجەرىسى ھەرقايسى تارىخ كىتابلىرىدا ھەر خىل يېزىلغان ياكى خەنزۇ يىلنامىلىرىدىكى نامىلارغا يېقىنلاشتۇرۇلۇپ سۇنئىي ، ئوخشاتما ناملار بىلەن ئاتالغان . خەنزۇ ، ياپون ، رۇس ۋە تۈركىي مەنبەلەر سېلىشتۇرۇلغان ئاساستا كۆكتۈرك قاغانلىرىنىڭ ئاساسىي تەرتىپى ۋە يىلنامىسىنى مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ . بۇ بىر قانچە خىل نام ئىچىدىن — ئۆز ئىسمى ، قاغانلىق نامى ، خەن ، گرېك ، ئەرەب ، ئىرانچە ناملىرى ئىچىدىن ئەسلى تۈركىي قاغانلىق نامى ئاساس قىلىنغان نەسەبتىن ئىبارەت .

— بومىن (خەنزۇچە: تۇمەن 头曼 ) قاغان (552 — 553 )
— قارا ئىسقى قاغان (553 )
— مۇغان قاغان (553 — 572 )
— ئىستېمى (باغادىر يابغۇ ) قاغان (552 — 576 )
— قارا چۇرىن (تۈرك تاردۇش قاغان ،[1] 576 — 603 )
— تاشپار قاغان (572 — 581 )
— يانلۇ تاشپار قاغان Ⅱ (581 ) [ئامراق خان]
— ئىشپارا قاغان (581 — 587 ) [ئىل كۈلۈگ باغائىشبارا]
— ئاباق (ئانا تەرىپى تۆۋەن بولغان )
— موقا قاغان (587 — 588 )

---

① قەدىمكى تۈرك تىلىدا شەرقىي تۈركلەر تۆلەس تۈركلىرى ، غەربىي تۈركلەر تاردۇش (تۇردۇش ) تۈركلىرى ، غەربىي رايون تىل تۇردۇش دېيىلگەن بولسا كېرەك . XVII ئەسىردىكى ئۇيغۇر يازغۇچىسى تۇردۇش ئاخۇن «غەربىي» ، غەرب تۇردۇش نامىنى ھەم ئىسىم ھەم تەخەللۇس قىلغانىدى .

— تۇران قاغان (588 — 599) [يۈەن ئۇلۇغ]

— دارمان (نېلى، خەنزۇ شىياڭ خانىش ئوغلى، 601 — 603)

— چورە قاغان (نىچۇ، 603 — 611)

— تۇن يابغۇ قاغان (شى خو 618 — 638)

— تىمەن قاغان (چىمەن، 603 — 609) (جانغار، ئېل بېردى)

— شىبىر قاغان (609 — 619) [كۆلۈگ سىبىر]

— چولۇ قاغان (619 — 620)

— ئىل قاغان (620 — 630) [شەرقىي قاغانلىق — نىڭ ئاخىرقى خانى].

— باغاشات ئېلتېبېر.

— زىگېۋىل (628 — ؟)

— ئىربىس ئىشپارا يابغۇخان (640 — ؟) ۋە باشقىلار.

كۆكتۈرك خانلىقىنى بومىن (جۇڭگو يىلنامىلىرىدا تۇمەن قاغان (552 — 553) «تۆمۈرچى قۇللار» ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە قۇردى ۋە ئۆزىنى ئېلىك قاغان دەپ ئېلان قىلدى. تۇمەن قاغان بىر يىل ياشاپ ۋاپات بولدى، ئورنىغا ئوغلى قارا ئىسقى قاغان (553) چىقىپ، ئۇمۇ قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى مۇغان قاغان (553 — 572) يېڭى كۆكتۈرك خانلىقىنى 19 يىل سۈردى. مۇغان قاغان تاغىسى (تۇمەن قاغاننىڭ كىچىك ئىنىسى ئىستېمى قاغان (باغادىر يابغۇ) غا يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بېرىپ، غەربىي يۇرت ھەم يەتتە سۇ — سىر دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. مۇغان قاغان، ئالدىدا پۈتۈن تۇران خەلقىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتىن تاشقىرى، يەنە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى، غەربتىكى ئېفتالىتلار ھەم ساسانىلار مەسىلىلىرى

تۇراتتى . گەرچە بۇ چاغلاردا پۈتۈن كۆكتۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي بۆلەكلەر بىلەن باشقۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى قىساسكار جەڭلەرگە پاتقان شەرقىي قاغانلىق ۋە غەربىي قاغانلىققا بۆلۈنمىگەنىدى .

مۇغان قاغاننىڭ ئۆز ئىسمى ياندۇئېركېن ئىدى . ئۇ تەختكە چىقىپ شىمالدا قىرغىزلار، شەرقىي شىمالدا قىتان ۋە كۇمۇش (تاتابى) قەبىلىلىرىنى، غەربىي جەنۇبتا تويۇغۇن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى . ئىستېمى (رىم مەنبەلىرىدە Dizabulus) يابغۇ جىيەنى مۇغانخانغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ توققۇز يىل ئىچىدە يارىش (جۇڭغار) — يەتتە سۇ تۈركلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى . ئۇ تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى مىڭ بۇلاق بىلەن قارا شەھەردىكى يۈلتۈزنى بارگاھ قىلدى . بۇ چاغدا ئېفتالىتلار سوغدىئانا ۋە تارىم — خوتەن ئەتراپىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى . ئۇ ساسانى (224 — 642) شاھى نۇشىرۋان خۇسراۋغا بىر قىزىنى ياتلىق قىلدى . ساسان — ئىستېمى ئىتتىپاقى ئامونى چېگرا قىلىپ ئېفتالىتلار زېمىنىنى بۆلۈۋالماقچى ئىدى . بۇ پىلان بەش يىلدىن كېيىن 567 - يىل ئېفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلىپ ئەمەلگە ئاشتى . نەتىجىدە ھىڭگان تاغلىرىدىن كوپېت تاغلىرىغىچە، بايقال — يەنسەيدىن شىمالىي ۋېي زېمىنىغىچە تۈركىي خەلقلەر بىرلىككە كەلدى . كۆكتۈرك خانلىقى ئالدىدا ئىچكى ئىشلاردىن باشقا، شىمالىي ۋېي ۋە كېيىنكى شىمالىي سۇلالىلەر مەسىلىسى بىلەن يىپەك يولى سودا ھوقۇقىنى تىزگىنلەش مەسىلىسى تۇراتتى .

مۇغان قاغاندىن كېيىن (ئىنىسى دىتوخانلىققا چىقمىغانلىقىنى ھېسابلىمىغاندا) تاشپار قاغان (572 — 581)

تەختكە چىقتى . ئۇ تۇمان قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى . بۇ چاغدا كۆكتۈرك خانلىقى زېمىنىنى سېرىق دېڭىزدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە — ئىككى دېڭىزنى تۇتاشتۇرۇپ ھۇن سەلتەنىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى . تاشپار قاغان ئورنىغا ئوغلى يانلۇ تاشپار قاغانلىققا چىققان بولسىمۇ ، شۇ يىلى قازا تاپتى . ئىلگىرى قازا قىلغان قارا ئىسقى قاغان (مۇغاننىڭ ئاكىسى )نىڭ ئوغلى ئىشبارا قاغان (581 — 587 ) تاشبار قاغاندىن كېيىن ئالتە يىل سەلتەنەت سۈردى . شۇنداق قىلىپ ، «بەخت ئىچىدە ئاپەت» دېگەندەك بولدى . تۇمەن قاغاندىن باشلانغان كۆكتۈرك قاغانلىقى ئىشبارا قاغانغىچە 30 يىل كېڭەيدى ، گۈللەندى ، تۇمەن قاغاننىڭ ئوغۇللىرى بىر - بىرىگە مېھرىبان بولدى . ئىشبارا قاغان 587 - يىلى قازا قىلغاندا ، ئۆزى باشلىغان تەخت زىددىيەتلىرىنى تۈگىتىشنى ئويلاپ مۇغان قاغاننىڭ ئوغلى دارمان (ئاباق )نى قاغان قىلىشقا ۋەسىيەت قىلسىمۇ ، يەنە تەخت تالىشىشى يۈز بېرىپ ، ئىشپارا قاغاننىڭ ئىنىسى مۇقاشات تەختكە چىقتى . ئۇ 587 — 588 - يىلىغىچە بىر يىلمۇ تۇرالمىدى ، ئورنىغا ئىشبارا قاغاننىڭ ئوغلى تۇران (588 — 599 ) قاغان ئون يىل سەلتەنەت سۈردى . بۇ چاغ ئىستېمىخاننىڭ قازا قىلغان ، ئورنىغا ئوغلى قارا چۇرىن (576 — 603 )نىڭ يابغۇ بولغان ۋاقتى ئىدى .

تارىخ كۆپ قېتىم كۆرسەتكەندەك 3 - ئەۋلاد قاغانلار ئۆتكۈر سىناقلارغا دۇچ كەلدى . ئىشبار قاغاندىن كېيىن تىمەن (چىمەن ) قاغان سەلتەنەتكە چىققىچە (603 — 609 ) ئارىلىقتا كۆپ قېتىم مۇغان قاغان بىلەن قارا ئىسقى قاغان ئوغۇل - نەۋرىلىرى ئارىسىدا تەخت ماجىرالىرى يۈز بەردى . ھەتتا «بەش

قاغانلىق» پەيدا بولۇپ، بىر ـ بىرىگە بولغان ھەسەتخورلۇق ئېشىپ كەتتى. زىددىيەتلەر زېمىن بىلەن خەلققە ئېغىر خورلۇق ئېلىپ كەلدى. ئاخىر 583 ـ يىلى ئىشپارا قاغان تەرەپدارلىرى «شەرقىي تۈرك خانلىقى»، ئاباق قاغان ۋە دارتۇ قاغان تەرەپدارلىرى «غەربىي تۈرك خانلىقى» بولۇپ ئىككىگە بۆلۈندى. 583 ـ يىلىلا ئىشبارا قاغان ئاباق قاغانىنىڭ پايتەختىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ ئانىسى — مەرھۇم مۇغان قاغانىنىڭ خاتۇنىنى ئۆلتۈردى. ئاباق قاغان بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ھال سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، كېيىنچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىنچ مەيدانغا چىقىپ، كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ ئۆلىنى بوشىتىشقا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. 584 ـ يىلى، 587 ـ يىلى (ئىشپارا قاغان قازا قىلغاندىن كېيىن ئىنىسى باغاشات قاغان) ۋە 588 ـ يىلى ئىشبارا قاغان ۋارىسلىرى غەربىي تۈرك قاغانلىرىغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. بۇ قاغانلارمۇ جەڭدە ياكى تۇتقۇندا ئۆلتۈرۈلدى. تۇران قاغانىنى قەستلەپ يوقاتتى. بۇ چاغدا ئىستېمى قاغانىنىڭ ۋارىسى قارا چۇرىن تاردۇش قاغان ئىككى تەرەپنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى بىر مەزگىل ئەمەلگە ئاشۇرسىمۇ، كۈچەيگەن خان ئۇرۇقى زىددىيەتلىرى تۈپەيلى، باغا قاغانىنىڭ ئوغلى تىمەن قاغان 603 ـ يىلى قارا چۇرىن تاردۇش قاغانغا قارشى ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئىزسىز يوقالدى. 603 ـ يىلدىن 619 ـ يىلىغىچە غەربىي تۈرك قاغانلىقى تۆلەس، ئۇيغۇر، سىر تاردۇش، توڭرا، بارغۇت قاتارلىق خەلقلەرنىڭ پارچە بەگلىكلىرىگە پارچىلىنىپ كەتتى. پەقەت تۆلەسلەر قولۇن ئېركىنىنىڭ «ئېركىن باغا قاغان»

قاغانلىقىنى قۇردى .

شەرقىي تۈرك قاغانلىقى 603 ـ يىلىدىن باشلاپ تىمەن قاغان تەرىپىدىن مۇقىم كونترول قىلىندى . 609 ـ يىلى تىمەن قاغـان ئۆلـۈپ ، ئۇنىـڭ ئوغۇللىـرى سىبىر (شىبىر ) قـاغان (609 — 619 ) ، چولۇ قاغان (619 — 620 ؟ ) ، ئېل قاغان (620؟ — 630 )لار ئارقا ـ ئارقىدىن تەختكە چىقتى . غەربىي تۈركلەرنىڭ پارچىلانغان ھالىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا تۇن يابغۇ قاغان (618 — 638 ) زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . بۇلار گەرچە ئىككىگە بۆلۈنگەن كۆكتۈرك خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تېخى كۈنتەرتىپكە قويمىسىمۇ ، شەرقىي ۋە غەربىي قاغانلىقنى تەخت ماجىرالىرىدىن تىـــنچ گۈللەنگەن ۋەزىيەتكە ئېرىشتۈرۈشكە قەدەم قويدى . ئىشپارا قاغان ئۆز تەۋەســـىدە سۈيۈرغاللىق ، قەبىلە ئاقساقاللار كېڭىشى قاتارلىق ئەينى زامان دېموكراتىيىسىنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا ئۇۋىسى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى . سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىــپ ، يەرلىـــك ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقىـــنــــى كېمەيتــــپ ، مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنى كۈچەيتتى . ئۇ بىر مىليون كىشىلىــك قوشۇن تىكلىدى ، شۇ ئاساستا خىزمىتىگە قاراپ ئۇنۋان ـ مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدى . غەيرىي تۈرك ، ھەتتا تەسلىــم بولغان خەنزۇ ئەمەلدارلارغىمۇ خىزمىتىگە قاراپ ئۇنۋان بەردى . غەربىـــي قاغانلىقتىمۇ غەيرىي تۈركىي قەبىلىلەرگە سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى . بىراق ، زېمىنى چوڭ ، قەبىلە تەركىبى مۇرەككەپ غەربىي تۈرك خانلىقىدا تۇن يابغۇ قاغاننىڭ ئىشلىرى ئۇنى تاغىسى باغا شاتنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشى بىلەن ئاخىرىغا يەتمىدى . قارلۇقلار قوزغىلىپ ئايرىلىۋالدى ، شەرقىي — غەربىي ئون

ئوقلار ئايرىلىپ كەتتى . بۇ هال تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆكتۈرك خانلىقىنى يوقىتىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى . نەتىجىدە شەرقىي قاغانلىق دەسلەپتە ، غەربىي قاغانلىق ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى . دەسلەپكى كۆكتۈرك قاغانلىقى زېمىنىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىتروپولىيە مەھكىمىلىرى — تۇتۇق ھەربىي ئوكرۇگلىرى قۇرۇلدى . دەسلەپكى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ هالاكىتىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ ، ئاسىنا تۈركلىرىدىن تۇمەن قاغانغا تۇغقانچىلىقى بولمىغان ، قاغانلىق قىساسكارلىق ئاداۋەتلىرىدىن خالىي قۇتلۇق ئېلتەرىش قاغان كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانلىقىنى تىكلىدى . كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانلىقى (681 — 734) يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆردى .

كۆكتۈرك قاغانلىقى ئۆزىنىڭ تۈران زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغلىرىدا ، ئىچكى هاكىمىيەت ماجىرالىرى بىلەن ئىسيان قىلغان قەبىلىلەرگە دۇچ كەلگەن چاغلىرىدا ، شەرقىي ۋە غەربىي قاغانلىقلارغا ئاجرالغان چاغلىرىدا باشتىن ـ ئاياغ تاشقى مۇناسىۋەت ۋە تاشقى ۋەزىيەت چەمبىرىدىن ئايرىلغىنى يوق . بۇ مۇهاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك ئەهمىيەتلىك بىر تېما ، ئەلۋەتتە .

## 3 . كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە جاڭ سۇنشەنىڭ تۈراننى پارچىلاش تاكتىكىسى

تۇمەن قاغان 552 ـ يىلى ئاسىنا كۆكتۈرك خانلىقىنى



www.uyghurkitap.com

قۇرغاندا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 — 534) خارابىسىغا چىققان شەرقىي ۋېي (534 — 550)، غەربىي ۋېي (539 — 557) خانلىقلىرى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچكەن ياكى ئۆچۈۋاتقان بولۇپ، مۇھىمى شىمالىي چى (550 — 577)، شىمالىي جۇ (557 — 581) خانلىقلىرى شىمالىي سۇلالىلەردىكى ئاساسىي كۈچ ئىدى. كۆكتۈرك خانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈچ قىرلىق مۇرەككەپ سىياسىي يۆنىلىشتە داۋاملاشتى.

تۇمەن قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇغان قاغان شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن دەسلەپكى سوقۇشۇشتىن نەتىجە چىقىرالمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ پادىشاھلىقلىرى بىر - بىرى بىلەن ئىزچىل دۈشمەنلەشكەن، كۆكتۈرك خانلىقى بىلەن بولسا ئەپلىشىپ ئۆتۈشكە تىرىشقان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شىمالىي چى سۇلالىسى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۈچۈن مۇداپىئە سېپىللىرى سېلىشتىن تاشقىرى، توققۇز چاۋۇپلاردىن ساۋ پولۇمىن (براخمان سەلىزى) ئائىلىسىنى ئەتىۋارلاپ، بۇددىزمنى كەڭ قانات يايدۇردى. ئۇ چاغدا شىمالىي سۇلالىلەر پادىشاھلىرىدا مەلۇم ئەقىدىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن، دېگەن قاراش ساقلانغانىدى. شۇ سەۋەبلىك بىر قاتار بۇددا نوملىرى تەرجىمە قىلىندى. بۇ چاغدىكى «بۇددا يارالمىش ھېكايىلىرى» (جاتاكا) تەرجىمىچىلىكى بىلەن مەيجشەن (يتەنشۈي)، يونگاڭ (داتۇڭ)، لوڭمىن تاشكېمىرلىرى ئاددىي ئاۋامنىڭ بۇددا ئېتىقادىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. مىرزال دىلىن (تۇران مىرزال؟) تەرجىمە قىلغان تۈركچە «نىرۋانا سوترىسى» مۇغانخانغا ھەدىيە قىلىندى. ساۋ براخمان ئوغلى ساۋجۇڭدا بۇددا رەسسامى، ساۋمىياۋدا بۇددا

www.uyghurkitap.com

مۇزىكانتى ئىدى . بۇددا مۇزىكىلىرى بارغانسېرى غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى — ئەلنەغمىلىرى تۈسىنى ئالدى . شىمالىي چى پادىشاھلىرى ، بولۇپمۇ گاۋۋى مۇزىكا مەستانىسى ئىدى . شىمالىي چى پادىشاھلىرى (بولۇپمۇ گاۋزەن ، 561 — 564 ) ، شىمالىي ۋېي زامانىدا لياڭجۇدا يۈز بەرگەن توخارلار ۋە سوغدىلارغا قارشى ھەرىكەتتە بۇياقتا قېچىپ كەلگەن تۈركىي ئاھالىگە خەيرىخاھلىق كۆرسىتىپ ، كۆكتۈركلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى سىلىقلاشتۇردى . شەرقىي ۋېي ھالاك بولغاندا قالغان سانغۇن قوغۇرسۇ ئالتۇننى شەنياڭ ئايماق بېگى ، سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ . قوغۇرسۇ ئالتۇن (485 — 567 ) 79 يېشىدا سۆيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ . بۇ كۆكتۈركلەر شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى قوللاپ شىمالىي چى سۇلالىسىگە خەتەر يەتكۈزگەن چاغلار ئىدى .

شىمالىي جۇ سۇلالىسى بۇددىزمنى تەرغىب قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەپ داۋ (تويۇنلۇق ) ئېتىقادى ئاساسىدا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىككىلىنىدۇ . 563 - يىلى مۇغانخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكە ئاسىنانى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شىمالىي چى پادىشاھى گاۋزەن ھېسابسىز نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن ئاسىنا مەلىكىنى سوراپ مۇغانخانغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ . مۇغانخان شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ زىددىيەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ . ھەر ئىككى سىياسىي ئەۋلادلىرىنىڭ پادىشاھلىرىغا مەلىكە ئاسىنانى ياتلىق قىلمايدۇ . 565 - يىلى شىمالىي جۇ ئىككىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەندىمۇ مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا قوشۇلمايدۇ . تۇيۇقسىز سوققان بوران قاغاننىڭ بارگاھىنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك بولغاندىن كېيىن ، ئەتىسى شىمالىي جۇ پادىشاھى جۇ ئۇدىگە مەلىكىنى ياتلىق قىلىشقا

رازلىق بىلدۈرىدۇ . ئىككى يىل ئۆتۈپ ، مەلىكە مەشھۇر كۈسەن كومپوزىتورى سۇجۇپ ، بەي چىژتۇك قاتارلىقلارنى ئېلىپ ، چاڭئەنگە كېلىدۇ . شىمالىي چى سۇلالىسى قوغۇرسۇ ئالتۇننى سۇيىقەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . مۇغان قاغان شىمالىي جۇ خانلىقىنى يۆلەپ شىمالىي چى خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ . 577 ـ يىلى شىمالىي چى خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن تاشپارا قاغان شىمالىي چى خانلىقىنى تىرىلدۈرمەكچى بولىدۇ . شىمالىي جۇ خانلىقى 581 ـ يىلى مۇنقەرز قىلىنىپ ، ئورنىغا سۇي سۇلالىسى مەيدانغا كېلىدۇ .

سۇي سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ياڭ جيەن (سۇي ۋېندى ) ئەسلىدە شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ ، جۇ ۋۇدى 578 ـ يىلى ئۆلۈپ ، ئورنىغا چىققان سەككىز ياشلىق جۇ شۈەندى (يۈي ۋېنجۈن ) يېنىدا كاتتا ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ . ئىككى يىل ئۆتمەستىن پۈتۈن ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ ، سۇي سۇلالىسىنى ئېلان قىلىپ ، ئۆزىگە سۇي ۋېندى (سۇي سۇلالىسىنىڭ مەرىپەتلىك ئىمپېراتورى ) دەپ نام بېرىدۇ . ئۇ 589 ـ يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى چېن خانلىقىنى يوقىتىپ ، شىمالىي — جەنۇبىي سۇلالىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ . بۇ 220 ـ يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ ، ئۈچ يېرىم ئەسىرلىك پارچە ھاكىمىيەتچىلىكتىن كېيىن جۇڭگونىڭ قايتا بىرلىككە كېلىشى ئىدى .

سۇي ۋېندى (581 — 605 ) ، سۇي ياڭدى (605 — 617 )دىن ئىبارەت ئىككى پادىشاھدىن ئىبارەت سۇي سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتى 36 يىل داۋام قىلدى . ئەمما ئۇ چىن — خەن سۇلالىسىدىن پەرقلىق بولغان يېڭى تارىخىي قاتلامدا تاڭ

سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئاساس سالدى . بىر قاتار مەركەزلەشتۈرۈش ، دېھقانچىلىق ۋە مەشھۇر قاناللار قازدۇرۇشتىن تاشقىرى ، بىر قانچە قېتىملىق ھەشەمەتلىك ئوردا چارلاش زىيارەتلىرىگە نۇرغۇن چىقىم خىراجەت قىلىپ دۆلەت مالىيىسىنى ئىزدىن چىقىرىپ قويدى . دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن پايدىلانغان ۋە كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىشىغا تايانغان لى يۈەن 618 - يىلى سۈي ياڭدىنى ئۆز بەلۋېغىدا بوغۇلۇپ ئۆلگەن قىلىپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزىنى تاڭ گاۋزۇ ، سەلتەنىتىنى تاڭ سۇلالىسى دەپ ئېلان قىلدى .

سۈي سۇلالىسى زامانىدا كۆكتۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت كۆكتۈركلەرنى پارچىلاپ يوقىتىش ئىستراتېگىيىسىنى ئاساس قىلغانىدى .

كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ سۈي سۇلالىسىغا قارشى تۇنجى ئۇرۇشى 582 - يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسىدىن كۆكتۈرك خانلىقىغا ياتلىق قىلىنغان چيەنجۇن مەلىكىنىڭ سۈي ۋىندىنىڭ شىمالىي جۇ سۇلالىسىغا ۋاپاسىزلىق ، سۇيىقەست قىلىپ ، شىمالىي جۇ سۇلالىسىنى سۈي سۇلالىسى قىلىۋالغانلىقىدىن قىساس ئېلىش توغرىسىدىكى جىددىي تەلىپى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . 400 مىڭ قوشۇن قاتناشقان بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق كۆكتۈرك خانلىقى شەنشىنىڭ يەنئەن ، شاڭجۈن ، گەنسۇنىڭ ئۆۋى ، تيەنشۈي ، ئەندىڭ ، لەنجۇ (ئالتۇن بالىق) قاتارلىق ئىلگىرىكى تۈركىي خەلقلەر ياشىغان جايلىرىنى قايتۇرۇۋالدى .

سۈي ۋىندى كۆكتۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىش ئىستراتېگىيىسىنى مۇھاكىمە قىلدى . جاڭ سۇنشەن ( 长孙晟 ) دېگەن ئەمەلدار تۈرك خانلىقىنى پارچىلاپ يوقىتىشنى

لايىھىلىدى . ئۇ غەربىي (تاردۇش ) قاغان بولسا : «قوشۇنى كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئورنى تۆۋەن ( 兵强而位下 ) ، «ئۇنىڭ نەپسىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا بولىدۇ» ( 鼓动其精 ) كۆلۈكىنىڭ بولسا «ھىيلىسى نۇرغۇن ، كۈچى ئاجىز» ( 奸多而势弱 ) ، «گۇمانخورلۇقى ئارتۇق» ( 实怀疑惧 ) ، «بۇ ئارىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇلارغا نۆۋەتتە سىلىش كېرەك» ( 介在其间,受其 ) ، «يىراقتىكى بىلەن دوستلىشىپ يېقىندىكىگە ھۇجۇم قىلىپ» ( 远交而近攻 ) ، «كۈچلۈكتىن چەتنەپ ئاجىزىغا ھەمكارلىشىش كېرەك» ( 离强而合弱 ) ، «ئامىمنى ئايرىپ» ( 分众 ) ، «بېشى بىلەن قۇيرۇقى ئارىسىغا گۇمان سېلىپ» ( 首尾猜嫌 ) ، «بىر يەشۋا بىلەن دۆلەتنى بىكار قىلدۇرۇش كېرەك» ( 一举而空其国矣 ) » دېگەنلەرنى سۈي ۋىندىگە قوبۇل قىلدۇردى .

سۈي ۋىندى شۇنىڭدىن باشلاپ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ كۆپ قەبىلىلىك ، كۆپ سوپۇرغاللىق ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى پارچىلاش سىياسىتىنى قوللاندى . قۇمۇلغا يەنى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىلىرىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈر جايلارغا كىشى ئەۋەتىپ ، غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن دوستلاشتى ۋە شەرقىي كۆكتۈركلەرنى بىر قانچە يېقى ئىشغالىيەت رايونلىرىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى . ئاخىر 583 - يىلى سەككىز يۆنىلىش بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىغا «سىرتتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ ، ئىچىگە ھۇجۇم قىلىش» ئۇرۇشى قوزغىدى . بۇ ئۇرۇش بىلەن تەڭ شەرقىي ۋە غەربىي كۆكتۈرك خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ماجىرا ئوت پىلىكلىرىنى تەڭ تۇتاشتۇرۇپ ، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇش سېپىنى تەڭ ئاچتى . كۆكتۈرك خانلىقلىرى ئارىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

قىساسكار ئۇرۇشلار چېكىگە يەتتى . 583 ـ يىلى ئاباق قاغان لىياڭجۇدا سۇي سۇلالىسى ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىپ مەغلۇپ بولغاندا ، چاڭ سۇنشەن ئۇنى ئىــــشپاراغا يۈز ئۆرۈپ سۇي سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى . ئاباق ماقۇل كۆرۈپ چاڭ سۇنشەن بىلەن سۇي سۇلالىسى ئوردىسىغا بىللە كىردى . ئىشپارا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ، ئاباق قاغان ئوردىسىغا بېرىپ ، ئانىسى (مۇغان قاغانىنىــڭ ئايالـــى )نــى ئۆلتۈرىدۇ . ئاباق قاغان ئىلاجىسىزلىقتىن قارا چۆرىنىڭ غەربىي تۈرك يابغۇسىــــغا بېرىپ ، ئۇنىڭ قوشۇنى بىلەن ئىشپارا تارتىۋالغان زېمىنىنـــى تارتىۋېلىپ ، كۈچىيىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئىشپارا ۋە قارا چۆرىن — ئاباق زىددىيىتى بىلەن كۆكتۈرك خانلىقى ئىككى قاغانلىــققا ئايرىلىپ كېتىدۇ . ئاخىر پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۇي سۇلالىسى ئىشپارا قاغاننى مەغلۇپ قىلىدۇ . بۇ چاغدا ئىشپارا قاغان يەنە ئاباق قاغان ۋە قارا چۆرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ . شەرقىي تۈرك قاغانلىقى قىتانلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىــپ ، سۇي سۇلالىسىگە تەسلىم بولىدۇ . ئارقىدىنلا ئىشپارا قاغان (587 ـ يىلى ) قازا قىلىدۇ . ئورنىغا ئىنىسى مۇقا يابغۇ قاغان بولىدۇ . بۇ پۇرسەتتىن يەنە چاڭ سۇنشەن پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭغا سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاغرا ـ تۇغلىرىنى تەقدىم قىلىــدۇ . ئۇ سۇي سۇلالىسى نامىدىن ئاباق قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ بىر نەۋرە تۇغقىنى ئاباق قاغاننى تىرىك تۇتۇپ ، سۇي سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ . بۇ چاغدا قارا چۆرىن باشچىلىقىدىكـــى غەربىـــي تۈركلەر كۈچەيگەنىدى . ئۇ ئىشپارا قاغاننىڭ ئوغلى تۇراننى قوللاپ سۇي سۇلالىسىغا بېقىنغان شەرقىي قاغانلىققا ھۇجۇم قىلىدۇ . تۇران قاغان 599 ـ يىلى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن

كېيىن ، قارا چۇرىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، موڭغۇل دەشتىنى ئىشغال قىلىپ ، شەرقىي — غەربىي قاغانلىقلارنى بىرلەشتۈرمەك بولغاندا ، سۇي سۇلالىسى قوشۇن چىقىرىدۇ ، چاڭ سۇنشەن تۈرك قوشۇنلىرى ئىچىدىغان سۇغا زەھەر تاشلاپ ، قارا چۇرىننىڭ ئەسكەر ، مال ـ چارۋىلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ سۇنشەننىڭ ھىيلىسى بىلەن تېلى — ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر قارا چۇرىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ . قارا چۇرىن ئىلاجىسىز تۇغانلار ئارىسىغا قېچىپ دېرەكسىز يوقىلىدۇ . قارا چۇرىن ئورنىغا ئۇنىڭ نەۋرىسى دارمان نېلى غەربىي قاغان بولۇپ ، كۆپ ئۆتمەي 603 ـ يىلى ئۆلۈپ ، ئورنىغا ئوغلى نىچۇ چورە قاغان بولىدۇ . بۇ چاغدا تۈردۈش (غەربىي ) قاغانلىق راسا قالايمىقانچىلىقتا تولىدۇ .

605 ـ يىلى سۇي ۋىندىنىڭ ئورنىغا سۇي ياڭدى پادىشاھ بولىدۇ . ئۇ يېپەك يولىدىن كۆپرەك تاپاۋەت قىلىش ، غەربىي يۇرت (ئېل تۈردۈش ، قورىغار ؟ )نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، غەربىي قاغانلىقنى پارچىلاشنى نىيەت قىلىدۇ .

سۇي ياڭدى نىچۇ چورە قاغاننىڭ ئۆز ئېلىدىكى خەلققە قاتتىق قول بولۇپ ، سېلىقنى ئېغىر سېلىپ ، دۆلەت مالىيىسىنى تۇزەشتىكى ھاكىمىيەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىدۇ . 605 ـ يىلى قاغان تېلىلار يېتەرلىك باج ـ سېلىقتا تاپشۇرمىدى دەپ ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى باج ـ سېلىق ھېسابلاپ تارتىۋالىدۇ . ئۇ سىر تاردۇشلارنى ئىسيان قىلىدۇ دەپ گۇمانلىنىپ ، ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز مۆتىۋەرلىرىنى توپلاپ ئۆلتۈرىدۇ . بۇ ھال ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيانىنى پارتلىتىدۇ . ئۇلار ئىككى يىل (605

www.uyghurkitap.com

— 606 ) سېلىنگادىن جۇڭغارىيىگىچە ۋە تارىم ۋادىسىدا قوزغىلاڭ جەڭلىرى ئېلىپ بېرىپ ، جۇڭغارىيىدە مۇستەقىل تېلىلار دۆلىتى قۇرىدۇ . ئۇلار كىبى ئاقساقلى گېلەننى مۇقا قاغانلىق نامىدا باشچى سايلايدۇ .

نىچۇ چورە قاغاننىڭ ئانىسى خەنزۇ ئايال — شياڭ ( 向 ) خانىم ئىدى . ئۇ ئېرى ئۆلۈپ ، ئېرىنىڭ ئىنىسىگە تەگكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن چاڭئەنگە زىيارەتكە كېلىپ ، قارا چۇرىن جەڭلىرىدە قايتىپ كېتەلمەي ، چاڭئەندە قالغان . بۇ چاغدا دۇنخۇاڭدىكى سۈي سۇلالىسى ئەمەلدارى ، كېيىنكى سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ، «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى »نىڭ مۇئەللىپى فى جۈي ( 裴矩 ) ، تېلىلارنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن خەۋەر تېپىپ ، نىچۇ چورە قاغاننىڭ ئانىسى شياڭ خانىمنىڭ چاڭئەندىلىكىدىن كاۋاك تېپىپ ، سۈي جۇنشۈي دېگەننى غەربىي تۈركلەرگە ئەۋەتىپ ، بىر تەرەپتىن جانگارتىمەن سۈي سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى ، بۇنى ئاڭلاپ ئانىڭىز پادىشاھدىن گۇناھىڭىزنى كەچۈرۈشنى تىلىدى ، پادىشاھقا تەسلىم بولۇڭ ، بولمىسا ئانىڭىز ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە سۈي — جانگار قوشۇنلىرى سىزنى تارمار قىلىدۇ ، دەپ يالغان سۆزلەپ ، 609 - يىلى نۇرغۇن سوۋغات بىلەن ئۇنى گەنسۇدا سۈي ياڭدى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل قىلدۇرىدۇ . بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەلمىگەچكە پادىشاھ غەزەپلىنىدۇ . فى جۈي ھىيلە ئويلاپ غەربىي تۈرك يابغۇسى تۈن يابغۇنى قاغان قىلىشنى پىلانلاپ ، نىچۇ چورە قاغانغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ ، ئۇنى سۇلايمان (تەڭرى ) تاغلىرىنىڭ شەرقىغە قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . كېيىن شياڭ خانىم ، فى جۈيلەر ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ، 611 - يىلى

نچۇ چورە قاغاننى لوياڭغا كەلتۇرۇپ، قۇرۇق قاغانلىق نام بىلەن تۇتۇپ قالىدۇ.

چولۇ (نچۇ چورە) قاغان سۇي سۇلالىسىدا تۇتۇپ قىلىنغاندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرگە تۇن يابغۇ قاغان (611 — 618) ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. زېمىنى ئالتاي — يۇيمىن قوۋۇقىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە كېڭىيىدۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى باغاشات ئېلتېبر غەربىي تۈرك قاغانلىقىنى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە، كەشمىرنى ساسانىلاردىن تارتىۋالغان، جۇڭغارىيىدىكى تېلىلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان كۈچلۈك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا شەرقىي قاغانلىق قاغانى شىبىر قاغان (كۈلۈگ سىبىرخان) باشچىلىقىدا كۈچىيىپ، شەرقىي قىتان، غەربىي توغۇن ۋە قوجۇغىچە كەڭ زېمىننى باشقۇرىدۇ. بىراق ئىككى قاغانلىق بىر - بىرىگە زىت ئىدى.

## 4. كۆكتۈرك خانلىقى زامانىدا تۇران — ئىران — ۋىزانتىيە مۇناسىۋەتلىرى

كۆكتۈرك خانلىقى شىمال ۋە شەرقىي تەرەپتە جۇجان خانلىقى زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، قالدۇق جۇجان تۈركلىرى «ئاۋار» نامىدا ۋولگا — كاۋكاز ۋادىسىغا سۈرۈلدى. كۆكتۈرك — ئاسىنا قاغانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا ئېفتالىت خانلىقى تۇراتتى. ئېفتالىتلار كۆكتۈرك خانلىقى بىلەن ساسانىلارغا تەھدىت ھېسابلاندى. مۇغان قاغان كىچىك تاغىسى ئىستېمى يابغۇنى غەربىي قاغانلىققا (ئۇ چاغدا يابغۇلۇق ئىدى)

ئەۋەتىدۇ . مۇغان قاغان ساسانىلار شاھىنشاھى خۇسراۋ نۇشىرۋان (531 — 557 )غا 554 - يىلى ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئېفتالىتلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى . ئۇ قىزى ئاسىنا مەلىكىنىڭ قېرىندىشىنى خۇسراۋ نۇشىرۋانغا ياتلىق قىلدى . بۇ مەلىكىدىن ھورمۇز IV تۇغۇلدى . تۈرك — ساسانى بىرلەشمە جېڭى 553 — 556 - يىللىرى داۋام قىلىپ ، ئېفتالىتلارنى ۋەيران قىلدى . ئامۇ — تۆمۈر قاپقا چېگرا قىلىنىپ ، ساسانىلار ئېفتالىتلار زېمىنى — بەلخ ، كابۇل ، ئارا كۇشيە ، توخارىستاننى ئىشغال قىلدى . تۈرك خانلىقى نەسەپ ، بۇخارا ، سەمەرقەنت ، شەش ، تاشكەنت ، فەرغانىلەرنى ئىگىلىدى . بۇ جەڭگە ئىستېمى خان نەچچە يۈز مىڭ تۈرك قوشۇنى بىلەن قاتناشقانىدى . ئېفتالىت — ئاق ھۇن تۈركلىرى ئاسىنا كۆكتۈركلىرىگە ئەسلى زېمىنلىرىنى تاشلاپ جۇجانلار كۆچكەن تەرەپكە كۆچتى . ئۆزلىرى ئاۋار دەپ ئاتالغان ، ئەمما جۇجان بولمىغان ئېفتالىتلار تەركىبىدە ساراگۇر ، قۇن ، ئۇيرۇ ( 乌罗 )دىن ئىبارەت ئۈچ ئېفتالىت قەبىلىلىرى ۋولگا — كاۋكاز ئەتراپىغا جايلاشتى ، قالغان ئېفتالىتلار كىچىك خانلىقلار سۈپىتىدە خېلى بىر مەزگىل ياشىدى .

ئېفتالىتلار ھالاكىتىدىن كېيىن ساسانىلار بىلەن كۆكتۈركلەر جۇڭگو بىلەن ۋىزانتىيە ئارىسىدىكى يىپەك يولى سودا ئۈستۈنلۈكىنى تالىشىپ ، ئىلگىرىكى ئىتتىپاقداشلار ، دۈشمەنگە ئايلاندى . بىر ئەسىر دېگۈدەك زىددىيەت ۋە جەڭ - جېدەل بىلەن ئۆتتى . كۆكتۈرك يابغۇسى ئىستېمى خان سوغدى سودىگىرى مانىئاخنىڭ تەكلىپى بىلەن ساسانىلار ئىرانىغا بېرىپ ، يىپەك يولىدىكى مەنپەئەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

توغرىسىدا كېڭەشمەكچى بولدى . ئىستېمى خان ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئىرانغا ئەۋەتتى . ساسان شاھى مانىئاخنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب قايتۇرماي ، ئۆز ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى . كاسلىپو ناملىق ئەمەلدارنىڭ تەكلىپى بىلەن مانىئاخنىڭ سوۋغا ـ سالامغا ئېلىپ كەلگەن تاۋار ـ دۇردۇنلىرىغا ئوت قويۇپ ، ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى . مانىئاخ ئەھۋالنى ئىستېمىگە دوكلات قىلدى . ئىستېمى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئىككىنچى قېتىم يەنە مانىئاخ باشچىلىقىدا ۋەكىللەرنى ئىرانغا ئەۋەتتى . بۇ قېتىم ئىرانلىقلار ۋەكىللەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى ، مانىئاخ باشلىق بىر قانچە كىشى سالامەت قايتىپ كەلدى . ئىستېمى غەزەپلەندى . ئىران — تۇران زىددىيىتى قايتا شەكىللەندى .

ئىستېمى خان مانىئاخ باشلىق كىشىلەردىن تۈزۈلگەن ئەلچىلەرنى كاۋكاز ئارقىلىق ئىران جاسۇسلىرىدىن يوشۇرۇن ۋىزانتىيىگە — ئىمپېراتور يۇستىن II نىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى . ئىمپېراتور يۇستىن II مانىئاخ باشلىغان ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتتى . ئۇ پارس سودىگىرى ھاسا ئىچىگە پىلە قۇرتى تۇخۇملىرىنى تىقىپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ، ۋىزانتىيىدىمۇ پىلە بېقىش يولغا قويۇلغانلىقىنى ، شۇنداقتىمۇ ئىستېمى قاغان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ساسانىلارنى تىزگىنلەشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . بۇ 568 ـ يىلقى سەپەر ئىدى . مانىئاخ قايتىشىدا ئىمپېراتور يۇستىن سىجىلىيىلىك سىماكۇسنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ . 569 ـ يىلى ئۇلار ئىستېمى قاغاننىڭ چوڭ يۇلتۇزدىكى (قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى ) بارگاھىغا كېلىدۇ .

ئىستېمى قاغان ساسانىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ . ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋىزانتىيە تەرەپ ئىلگىرىكى توققۇز يىللىق ۋىزانتىيە — ساسانىلار كېلىشىمى بىكار قىلىنمىغاچقا، ئۇرۇشقا قوشۇن چىقىرالمايدۇ. 571 - يىلى كۆكتۈرك خانلىقى ۋىزانتىيىگە 2 - قېتىم ئەلچى ئەۋەتىدۇ. يۇستىن ۋىزانتىيە — ساسانىلار كېلىشىمىنى بىكار قىلىپ قوشۇن چىقىرىدۇ. ئەلچى سىماكۇس 2 - قېتىم چوڭ يۇلتۇزغا كېلىدۇ. كېيىنكى قېتىم ۋالونتىن قاتارلىق بىر قانچە ئەلچىنى چوڭ يۇلتۇزغا ئەۋەتىدۇ. شەرقىي رىم — ۋىزانتىيە بىلەن ساسانىلار ئارىسىدا 571 — 599 - يىللىرى ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ.

خۇسراۋ نۇشىرىۋاندىن كېيىن هورمۇز Ⅲ ساسانىلار تەختىگە چىقتى. يىپەك يولىدا ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ قېلىش ۋە سودا راۋانلىقى يەنە مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. 588 - يىلى غەربىي تۈرك قاغانى قارا چۇرىنىنىڭ ياش ئوغلى يانسۇخ (سابا تېكىن) ساسانىلارغا هۇجۇم قىلىپ، ۋىزانتىيىگە ماسلاشتى. ساسانىلار سەردارى بەهرەم چۇبىن زور قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركلەرنىڭ كامانچى قوشۇنلىرى ۋە هىندى پىللىرىنى چېكىندۈردى. يانسۇخ جەڭدە قازا قىلدى. بەهرەم چۇبىن پەنجىكەنت قاتارلىق شەهەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، ئىل تېكىننى تۇتقۇن قىلدى. ئۇلار سەمەرقەنت يېنىدا ئەپراسىياپ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى گۇشتاسىپ خەزىنىسىنى بۇلىدى. مىرخەندنىڭ «رەۋزەتۇسسافا» ناملىق تارىخ كىتابىدا يېزىلىشىچە، بەهرەم چۇبىن 25 مىڭ تۆياق ئات - خېچىر بىلەن سىياۋۇش هالقىسى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى يۈكلەپ كەتتى. بۇ كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى سەركەردىسى لۇ گۇاڭنىڭ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كېلىپ 20 مىڭ تۆياق ئات - خېچىر بىلەن كۇسەن ئاقارى پاكخان خەزىنىسىنى

بۇلاپ لياڭجۇدا غەربىي لياڭ پادىشاھلىقى قۇرغىنىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق چوڭ بۇلاڭ ـ تالاڭدۇر . خۇددى 1880 ـ يىللىرى ئامۇ بويىدىكى غارلارنىڭ بىرىدىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەين زامانىدىكى «ئامۇ خەزىنىسى» تېپىلىپ ، لوندونغا ئېلىپ بېرىلىپ ، برتانىيە مۇزېيىغا قويۇلغان بۇ خەزىنە مىقدارى جەھەتتىن 25 مىڭ ئات ـ خېچىرغا يۈك بولغۇدەك دەرىجىدە ئىنتايىن مول ئىدى . ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردىن باشلاپ ئەپراسىياپقا توپلانغان بىباھا جاۋاھىراتلار ئىكەنلىكى شۈبھىسىز . كەيخۇسىراۋ قەدىمكى زاماندا قولغا ئالالمىغان بۇ خەزىنىنى بەھرەم چۇبىن قولغا كىرگۈزدى . مەغرۇرلانغان بەھرەم چۇبىن ھورمۇز Ⅳ نى ئۆلتۈرۈپ ، خانلىقنى قولغا كىرگۈزمەكچى ، ئىران ـ تۇران خەزىنىلىرىگە ئىگە بولماقچى بولدى . شاھزادە خۇسراۋ پەرۋىز (590 — 628) ۋىزانتىيە قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بەھرەم چۇبىنگە قارشى چىقتى . بەھرەم چۇبىن ئۆزى بۇلاڭچىلىق قىلغان تۇرانغا قاراپ قاچقاندى ، ئۇنى تۇران ئاھالىسى ئاخىرەتكە ئۇزاتتى .

غەربىي تۈرك قاغانلىقى 598 ـ يىلى كونىستانتىنپولغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىمپېراتور ماۋرىكى بىلەن ئالاقىلەشتى . قارا چۇرىنىڭ ئىمپېراتورغا ئەۋەتكەن خېتى ئېھتىمالەم سوغدى ياكى ئۇرخۇن يېزىقىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن . خەتتە قارا چۇرىن — تۇردۇش تۈرك قاغانىنىڭ يەتتە ئىقلىمنى تىنچلاندۇرغانلىقى ۋە ۋىزانتىيىگە قارىتىلغان دوستانە ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەنىدى . خەتتە يەنە تۈركلەرنىڭ ئوتتى ئۇلۇغ بىلىدىغانلىقى ، تۇپراق ، ھاۋا ، سۇنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەن . بۇ ئەنئەنىۋى تۇران تۆت زات — ئوت ،

www.uyghurkitap.com

هاۋا ، سۇ ، تۇپراق قارشىدىن ئىبارەت ئىدى .

كۆكتۈركلەردىن ئىستېمى قاغان ۋە تۇن يابغۇ قاغانىنىڭ چوڭ يۇلتۇز (قارا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ) ۋە مىڭ بۇلاق (چۇ ۋادىسىدىكى ) جىلغا - يايلاقلىرىدىكى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك ئوردا - بارگاھلىرى توغرىسىدا جۇڭگو بوددا ساياھەتچىسى شۈەنزاڭ ، ۋىزانتىيە ئەلچىسى سىماكۇس ۋالىنتىن قاتارلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرى يېتىپ كەلگەن ۋە بىردەك بولغان .

سىماكۇس 569 - يىلى ئاقتاغ (گرېكلار ئالتۇن تاغ دەپ ئاتىغان تەڭرىتېغى ) چوڭ يۇلتۇزدىكى ئىستېمى بارگاھىغا كەلگەن . ئۇ يۇستىن II نىڭ ئەلچىسى ئىدى .

ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى تىبلىئۇس II ، 576 - يىلى ۋالىنتىننى يېقىندا قازا قىلغان ئىستېمى ئورنىغا چىققان ئوغلى قارا چۇرىننىڭ ئوردىسىغا — يەنە يۇلتۇزغا ئەۋەتكەن . بۇ قېتىم ئىمپېراتور تىبلىئۇس II نىڭ تەختكە چىققانلىقىنى تۈرك قاغانلىقىغا ئۇقتۇرۇشقا ھەم ۋىزانتىيىدە قالغان 106 تۈركنى يۇرتىغا يولغا سېلىشنى ئېيتىشقا كەلگەنىدى .

598 - يىلى تۈرك قاغانى تۇن يابغۇ ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مائۇدسىيگە خەت يوللىغان .

627 - يىلى شۈەنزاڭ مىڭ بۇلاقتا ئىككى يۈز يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ شىكار قىلىۋاتقان تۇن يابغۇ بارگاھىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن باكتىرىيە ۋە ھىندىستانغا بارغان .

ئۇلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇغاندا مۇنداق :

دەسلەپ مېھمان - ئەلچىلەرنىڭ يۈك - تاقلىرىغا قوڭغۇراقلار ئۇرۇپ ، ئەپسۇن ئوقۇپ ، چاپلىشىۋالغان جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ ، ئەلچىنى ئوتتىن ئۆتكۈزگەن . ئاندىن

ئۇلار چوڭ يۇلتۇز جىلغىسىدىكى «ئالتۇنتاغ» دەپ گرېكلار ھەيران بولغان قاغان قارارگاھىغا كەلگەن سىماكوسنى ئىستېمى تاۋار ــ دۇردۇنلار بىلەن قاپلانغان بارىگاھىـــدا كۈتۈۋالغان. ئىستېمىنىڭ ياتاق، قوبۇلخانا ۋە زىياپەت بارىگاھلىرى ئايرىم بولۇپ، تەختى تۆت توز كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆرۈنۈشتىكى ئالتۇن تەخت، ھارۋىسى ئىككى چاقلىق ئورۇندۇق شەكلىدىكى، ئات قوشقىلى بولىدىغان ئالتۇن ھارۋا ــ ئورۇندۇق، كارىۋاتلىرىمۇ ئالتۇن ئىدى. بارىگاھنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ئالتۇن قاسىراقچىلار قىقىلغان، مەي قاچا ۋە تەخسىلەر ئالتۇن، سىرتتا تۇرغان ئوزۇقلۇق يەتكۈزگۈچى ھارۋا، پەيتۇنلارمۇ ئالتۇن ــ كۈمۈشتىن زىننەتلەنگەنىدى، بۇ قەدىمكى ئاريان — سكىف (سكىتاي) — ساك ئۇسلۇبى ۋىزانتىيە ئەلچىلىرىنى ھەيران قىلغان. كۈسەن شاھى ئاقارى پاكىنىڭ بۇددا ئالىمى كومىراجىۋاغا شىر پۇتلۇق تەخت ياساپ بەرگەنلىكىمۇ مۇشۇ ئەنئەنىدىن بولغان.

كۆكتۈرك خانلىقى يىپەك يولىدىكى سودا ئالاقىلىـــرى لىنىيىسىنى تېزدىن تىزگىنلىگەن. سوغدى — توخار (توققۇز چاۋۇپ) — ئۇيغۇر سودا ــ تىجارەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سودا رىقابەت ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

## 5. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆكتۈرك خانلىقىنى پارچىلاپ تىزگىنلىشى

سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقـــى يىـــــللىـــــرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى، بىـــــر قانچە ئۇششاق قوراللىـــــق

www.uyghurkitap.com

هاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلدى . ئۇلاردا دۇ جيەندى ، لى يۈەن ، لياڭ شىدۇ ، ليۇ جۇ ، گو زىخې قاتارلىق فېئودال ئەمەلدارلار سۈي سۇلالىسى مىراسلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايتتى . شەنشى تەييۈەنىنىڭ ۋالىيسى لى يۈەن ئەسلى لىنتاۋلىق بولۇپ ، شىمالىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا توقبات ۋە خەنزۇ ئارىلاشقان ئائىلىدە تۇغۇلغان ، شىمالىي سۇلالە ۋە سۈي سۇلالىلىرىدا ئەمەلدار بولغان . سۈي سۇلالىسى بوھرانغا توشقاندا ئۇ كۆلۈگ شىبىر قاغانغا ليۇ ۋىنجىڭ ناملىق كىشىنى ئەۋەتىپ سۈي سۇلالىسىغا بىللە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان ھەمدە ئولجىغا چۈشكەن خەزىنە ۋە يىگىت ـ قىزلار شىبىر قاغانغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دېگەن . شىبىر قاغان كاڭ سۇۋىن ئىسىملىك كىشىنى تەييۈەن شەھىرىگە لى يۈەننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ ، سۈي سۇلالىسىغا قارشى قوشۇن ئەۋەتىدىغانلىقىنى ، ئەمما لى يۈەن «قاغانغا باش قويۇپ ئەزىزلەيدىغانلىقى ۋە بېقىندىلىق قائىدىسىگە رىئايە قىلىشى» لازىملىقىنى شەرت قىلىدۇ . نەتىجىدە لى يۈەن شىبىر قاغانغا قارام بولىدۇ . لى يۈەندىن باشقا خېبېي دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى دۇ جيەندى شىبىر قاغانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بەدەل قىلىپ ، سۈي ياڭدىنىڭ خانىشى شاۋخۇ خانىمنى شىبىر قاغانغا سوۋغا قىلىدۇ . شىبىر قاغان لى يۈەنگە ياردەم قىلىدۇ ، باشقا ئاقساقاللارغا ھەر خىل ئۇنۋانلار بېرىدۇ .

لى يۈەن شىبىر قاغاننىڭ ياردىمى بىلەن 617 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تەييۈەن شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ ، چاڭئەنگە كىرگۈچە 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئېرىشىدۇ . سۈي ياڭدى جياڭدۇدا زىيارەتتە بولغاچقا ، ئۇنىڭ ئوغلى ياڭ يوۋنى قورچاق پادشاھ

قىلىپ، ئۆزى باش ۋەزىر بولىدۇ. 618 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سۈي ياڭدى زىيارەت قىلىۋاتقان يېرىدە ئىسيان كۆتۈرگەن مەھرەملىرى تەرىپىدىن بەلۋاغدا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنى لى يۈەن ئاڭلاپ، ياڭ يوۋنى ھەيدىۋېتىپ، ئۆزىنى پادىشاھ، سەلتەنىتىنى تاڭ دەپ ئېلان قىلىدۇ.

تاڭ گاۋزۇ — لى يۈەن (618 — 627)، ئۈچ يىل ئىچىدە قوزغىلاڭچىلار قۇرغان بىر قاتار پارچە ھاكىمىيەتلەرنى باستۇرۇپ، مەركەزلەشكەن ۋە بىرلەشكەن فېئودال جۇڭگو مەملىكىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

تاڭ گاۋزۇ شىبىر قاغان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا بەيئەت قىلغان ھالەتنى ساقلاپ كەلدى ۋە توقبات ـ خەنزۇ نەسلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن «تاۋغاچ»① خانلىقى دەپ ئاتىلىپ تۇردى.

تاڭ سۇلالىسى مۇستەھكەم قۇدرەت تېپىشقا يۈزلەنگەندە كۆكتۈرك خانلىقى ئاجىزلاشقا باشلىدى. 627 ـ يىلى سىر ـ تاردۇش، ئۇيغۇر، بايىرقۇ قاتارلىق ئونلىغان قەبىلە قوزغىلاڭ كۆتۈردى، 628 ـ يىلى ئىنان ئۆزىنى سىر — تاردۇش قاغانى دەپ ئېلان قىلىپ، ھىنگگان — ئالتاي تاغلىرى ئارىسىنى ئىگىلىدى. قاغانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاقابى (كۇمۇش)،

---

① توقباتلار قۇرغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن سۈي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىغىچە بىر خىل ئورتاق ئىرقچىلىق ۋە نەسەب ـ قوۋم بىقىنلىقى ساقلاندى. سۈي — تاڭ سۇلالىلىرى تۈركلەر ياردىمىگە، ھەتتا تەۋەلىك توختامىغا ئاساسلاندى. توقبات — تاۋغاچ — تەۋە توقبات نامىدا ئۆزلەشتى. ل. ن. گۇمىلېۋ «قەدىمكى تۈركلەر» (1967 ـ يىل، موسكۋا رۇسچە نەشرى) ناملىق كىتابىدا 400 ـ يىلى لى خاۋ دۇنخۇاڭ — ئەنشىدە شىمالىي لياڭ خانلىقى قۇردى. غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتى لەنجۇدا قۇرۇلدى. كېيىن لى نەسەب توقباتلىرى توقبات — شىمالىي ۋېي خانلىقىنى، كېيىن شىمالىي جۇ خانلىقىنى قۇردى. بۇ يېرىم توقبات يېرىم خەنزۇ نەسەب لى جەمەتى بولغان تاڭ سۇلالىسىغىمۇ مىراس نام بولۇپ قالدى. تۆت ئەسىرلىك توقبات تاۋغاچ نامى ۋە خوتەن شاھىنىڭ لى شىگتىيەن دەپ ئاتىلىشلىرى بىر خىل ھاكىمىيەتنى يەنى توقبات — تاۋغاچ خانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن. (171 ـ بەتكە قاراڭ)

www.uyghurkitap.com

قىتان قەبىلىلىرىمۇ شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقىغا قارشى مۇستەقىللىق قوزغىلىڭى قوزغىدى . شىبىر قاغاندىن كېيىنكى چۇلۇ قاغان (619 — 620) بىر يىل ياشاپ ئۆلگەچكە ، تەختنى ئېل قاغان (620 — 630) ئولتۇراتتى . ئېل قاغان ئىنىسى تۆلىش شات (شەرقىي شات)نى ئەۋەتىپ باستۇرماق بولغاندا ، قوزغىلاڭچىلار تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇپ ، تۆلىش شاتنى يەڭدى . ئېل قاغاننىڭ جازاسىدىن قورققان تۆلىش شاتمۇ تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى . بۇ ئەسنادا بايىرقۇ ، يارغۇن ، توڭرا ، ئاتابى قاتارلىق قەبىلە باشلىقلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پاناھىغا ئۆتتى . نەتىجىدە ئېل قاغان يېتىم قالدى ، شياۋخۇ مەلىكە ، كاڭ سۇۋىنلار تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى ، قاچقان ئېل قاغان تىرىك تۇتۇلۇپ ، چاڭئەنگە ئەۋەتىلدى . بۇ ئاباق قاغاننىڭ 587 - يىلى ، نىچۇ چورە قاغاننىڭ 611 - يىلى چاڭئەندە تىرىك تۇتقۇن بولۇشىدىن كېيىنكى 3 - قېتىملىق «جاھانگىر خوجا شەكلىدىكى تۇتقۇن»لۇق ئىدى . كۆكتۈرك شەرقىي (تۆلىش) قاغانلىقى 630 - يىلى مۇنقەرز بولدى . ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمىنى سىر تاردۇش خانلىقى (630 — 646) ، جەنۇبىي قىسمىنى تاڭ سۇلالىسى ئىگىلىدى . 646 - يىلىغا كەلگەندە شەرقىي تۈرك قاغانلىقى ئورنىدا خاڭخەي ، جىنۋى ، يەنرەن ، يۈيلىن ، گۈيلىن ، لۇشەن ، گاۋلەن ، گاۋچۇ ، جىلى ، جىتيەن ، يۈشى ، دەيلىن ، دېيەن تۇتۇق (باستىرىق) مەھكىمىلىرى بىلەن يەتتە ئايماق (جۇ) قۇرۇپ ، مېتروپولىيە ھوقۇقى ، بىۋاستە باشقۇرۇش ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزدى .

سىر تاردۇشلار 410 مىڭ كىشىلىك كۈچلۈك ئىتتىپاق ئارمىيە تەشكىللىگەنىدى . قىرغىزلار ، ئۇيغۇرلار (بۇ توققۇز

ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىلگىرىكى قەبىلە ۋە توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى كاتېگورىيىسىنى كۆرسىتىدۇ) ؛ بايىرقۇلار ئۆزىگە لايىق قوشۇن قوشتى. ئەمما، سىر تاردۇش قاغانى ئىنان (630 — 645) ، ئوغلى ئېل كۆلۈگ سىرشات (645 — 646) جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسى، غەربتە كۆكتۈرك غەربىي (تاردۇش) خانلىقى قاغانى ئىربىس ئىشپارا يابغۇ قاغاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىشلىرى روناق تاپمىدى. 646 ـ يىلى ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بارغۇت، توغلار، ئادىز قاتارلىق ئىتتىپاقداشلار يۈز ئۆرۈپ تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇپ، بۇ جايلاردا قۇرۇلغان ھەر خىل تۇتۇق مەھكىمىلىرىنىڭ ئەمەل ـ ئۇنۋانلىرىنى ئېلىشقا ئالدىرىدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىم سۇلالىلەردىن قورقىدىغان روھىي كەيپىياتى بىلەن، قەبىلە ـ مىللەت مەنپەئەتپەرەسلىكى، قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ مال ـ دۇنياغا، مەلىكىگە ۋە ئەمەل ـ ئوتۇغانقا ھېرىسمەنلىكى ئۇلارنى مۇستەقىل مىللىي ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى بىرلىك، پىداكارلىق ۋە يىراقنى كۆرەرلىكتىن چەتلەشتۈرۈۋەتتى. ئىنىقىنى ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۆز خۇي ـ مىجەزىگە لايىق ھالدا خەنجەرگە قىن بولدى!

تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى، سىر تاردۇش خانلىقىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، غەربىي قاغانلىقىنى پارچىلاپ، ئۇنۋان بېرىپ، تۇتۇق مەھكىمىلىرى قۇرۇپ، پىلە قۇرتى جۇجەم يوپۇرمىقى يېگەندەك يوقىتىش پىلانىنى ئىشقا سالدى. بۇ ماھىيەتتە چاڭ سۇنشەن تاكتىكىسى ئىدى. ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى ئۇ ئۆزىگە ساداقەتمەن ئاسىنا ئۇرۇقىدىكى كۆكتۈرك سەركەردىلىرىدىن بىر قانچىنى ئون

www.uyghurkitap.com

مىڭلىغان ئۆز خەلقىنى قىرىدىغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىمپېرىيىسى ۋەتەنپەرۋەرلىرى سوپىتىدە روھلاندۇرۇپ ئىشقا سالدى. روشەنكى، بۇ چاغدا غەربىي قاغانلىق زېمىنى — يۈيمىنگۈەن — قاش قوۋۇقتىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، ئالتايدىن تىبەت زېمىنىگىچە، بالقاشتىن ھىندىقۇشقىچە ئىدى. بۇ زېمىن توخارىستاندىكى 27 كىچىك خانلىق، ماۋەرائۇننەھر — ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى فەرغانە — توققۇز چاۋۇپ — خارەزم، سىر دەريانىڭ شىمالىدىكى يەتتە سۇ رايونى ۋە چۇ ۋادىسى، تارىم — تەكلىماكان — جۇڭغار ۋە تۇرپاندىن قاش قوۋۇقىچە جايلار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى لى شىمىن (627 — 650)، لى جى (650 — 683) سەلتەنەتلىرى ئارىسىدا — 646 ـ يىلىدىن 659 ـ يىلىغىچە بولغان 13 يىل ئىچىدىلا غەربىي كۆكتۈرك خانلىقىنى يوقىتىپ، ئۆز سەركەردىلىرىنى چۇ ۋادىسىغا سەپراس قىلدى. ئەمما بۇ كۈنلەر 20 يىلغا يەتمەي، ئاسىنا ئۇرۇقىدىن قۇتلۇق دېگەن كىشى چىقىپ، 679 ـ يىلى ئىلگىرىكى مۇغان قاغان قۇرغان كۆكتۈرك خانلىقى زېمىنىنى «ئېل تەرمىش» (ئەلنى قايتا بىرلەشتۈرگۈچى) «قۇتلۇق كۆكتۈرك قاغانلىقى» نامىدا بۆرە تۇغى ئاستىغا قايتا قوشتى. ئۇ، دانىشمەن ئاشىد تۇركلىرىدىن چىققان تۇنيۇقۇق (ساپ ھېقىق تاش مەنىسىدە)نىڭ ۋەزىرلىكى، مەسلىھەتچىلىكى، سەردارلىقى بىلەن بۇ ئىشلارنى قىلدى. بۇ زامانىنىڭ ئابىدە (مەڭگۇ تاش)لىرىغا تۇمەن (بومىن) قاغاندىن باشلانغان كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئىلاھىي قۇت بىلەن مۇناسىۋىتى، قاغانلارنىڭ ئەقىل ـ جاسارەت سۈپەتلىرى، بىلىم ۋە قانۇنىنىڭ رولى، قەبىلىلەردىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ساتقۇنلۇق، جەڭ ۋە سىياسەت، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھىيلە ۋە بۇزاپالىقى

قاتارلىقلار قاتتىق ئۆكۈنۈش بىلەن يەكۈنلىنىپ يېزىلدى .

تاڭ سۇلالىسى (ئورخۇن — يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىزچىل تىلغا ئېلىنغان تاۋغاچ خانلىقى ) غەربىي كۆكتۈركلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن خۇددى سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭ سۇنشەنگە ئوخشايدىغان ۋەزىر ۋېي جىڭ ، ئەمەلدار فى جۈيلەرنىڭ «جۇڭگو ئەمىنلىك تاپمەن دېسە ، ئەتراپىدا بىرەر قۇدرەتلىك ئەلنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىقى ، ئەكسىچە ، تۆت تەرەپتىكى يات خەلقلەرنى ئۆزىگە قارام قىلىشى شەرت» دېگەن فېئودال جاھانگىرلىك هايات پەلسەپىسىنى ئىشقا سالدى . بۇ ياكى قۇل بول ياكى قۇلدار بول ، باشقا يول — باراۋەرلىك ، دوستانىلىق يولى يوق دېگەن شەرقچە ئەنئەنىۋى هاكىممۇتلەق هوقۇق مەركەز قىلىنغان كىشىلىك پەلسەپىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىپادىسى ئىدى . شەرقىي قاغانلىق زېمىنىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ هاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ، شەرقىي قاغانلىقتىن تەسلىم بولغان ئاسىنا شىردەك ساداقەتمەن بەگزادىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى شەرقىي ۋە غەربىي قاغانلىقلارنىڭ قوشۇنىغا سېلىپ «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» ۋاستىسى قىلىش ؛ غەربىي قاغانلىقنىڭ تۇرپان ، قارا شەهەر ، كۇسەن ، قەشقەر ، خوتەن قاتارلىق جايلىرىنى هىيلە ۋە قوشۇن بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ، غەربىي قاغانلىقتىكى بەشتىن ئىككىگە ئايرىلغان ئون ئوق ئايماقلىرىنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇش ، باشقا تۇران قەبىلىلىرىنى غەربىي قاغانلىققا قارشى قويۇش ، ئاخىرقى هېسابتا پۈتۈن شەرقىي - غەربىي قاغانلىق زېمىنىدا تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش — مانا بۇلار تاڭ ئوردىسىنىڭ تاكتىكىلىق پىلانى ئىدى .

www.uyghurkitap.com

630 ـ يىلى قۇمۇل بېگى تاڭ سۇلالىسىغا ئەل بولدى. قۇمۇل ئەسلىدە قوجۇ (تۇرپان ـ قاڭقىل ) خانلىقىغا تەۋە ئىدى ، ئەينى زاماندا غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان مۇساپىرەتتىكى چۇي نەسەبىدىكى خانلار باشقۇرۇۋاتقان يەرلىك ئېگىز قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئىدى .① تۇن يابغۇ قاغاننىڭ 630 ـ يىلى ھالاك بولۇشى ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ توغانلار ئۈستىدىكى غەلىبىلىرى ، بولۇپمۇ چۇي جەمەتى قوجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككىنچى خانى چۇي ۋىنتەينىڭ غەربىي قاغانلىققا مايىل بولۇپ ، سىي يابغۇنى قوللاپ ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشى ۋە تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى قۇمۇلنىڭ غەربىي قاغانلىقتىن ئايرىلىپ تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇشىنى تېزلىتىۋەتتى . قۇمۇلدا ئېۋىرغۇل ئوبلاستى قۇرۇلدى . 640 ـ يىلى لى شىمىن زور كۈچ بىلەن قوجۇنى ، قاغان بوغدا شەھىرىنى بېسىۋالدى . بۇ ئىشقا تاڭ سۇلالىسىغا يالىلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىبىي قەبىلىسىدىن چىققان سانغۇن كىببى خەلى تۈرك — تاۋغاچ ئارىلاشما قوشۇنلىرىنى ئىشقا سالدى . ئۇلار لۈكچۈندىن جەڭ ئېچىپ بېشبالىققىچە باردى . كىببى خەلى 632 ـ يىلى تاۋغاچقا تەسلىم بولغان بولۇپ ، 676 ـ يىلى ئۆلگۈچە بولغان 44 يىل ئىچىدە ئۇ ئانا مەركىزىي ئاسىيادا بىھساپ قان تۆكتى .

644 ـ يىلى ئاسىنا شەن (ئاسىنا shĕön ئاسىناchoen ) يۇر مىڭ كىشىلىك ئارىلاشما قوشۇن بىلەن قارا شەھەر (ئاگىنى )نى ، 648 ـ يىلى كۇسەن ، قەشقەر ، خوتەن

① چۇي جەمەتى سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە كەلگەن مۇساپىر ئائىلە نەسەبى بولۇپ ، چۇي بويا ھاكىمىيىتى سۇي سۇلالىسى ياردىمىدە مەيدانغا كەلگەندى .

شەھەرلىرىنى ئىگىلىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ يۇلتۇزدىكى بارىگاھىسى بىكار قىلىنىپ، كۇسەندە «غەربنى تىنجىتىش تۇتۇق بەگلىك مەھكىمىسى» قۇرۇلدى. ئاسىنا شەن (ئاسىنا چورا) ئەسلى شىبىر خانىنىڭ قېرىندىشى چولۇخان (620 ـ يىلى ئۆلگەن)نىڭ ئوغلى بولۇپ، 636 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولغاندىن 655 ـ يىلى ئۆلگۈچە بولغان 29 يىل ئىچىدە مەركىزىي ئاسىيا تۇپرىقىدا نەچچە تۈمەن كىشىنىڭ قېنىنى تۆكتى.

تارىم بوستانلىقىدىكى قارا شەھەر 640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان بولسىمۇ، 648 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈردى. كۇسەن خانى سۇۋارنا پوسپا (ئالتۇن چېچەك خان) تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، ئۇلپان تۆلەشنى رەت قىلىپ، قارا شەھەر ئىسيانىغا قاتناشتى. ئېل قاغانىنىڭ ئىنىسى 636 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان ئاسىنا شىر قوشۇن باشلاپ، بۇ قارشىلىق ئىسيانلىرىنى باستۇرۇپ، 11 مىڭ كىشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بەش شەھەرنى چۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. تاڭ تەيزۇڭ ئۆلگەندە «ساداقەتمەن» ئاسىنا شىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەبرىسىدە مۇھاپىزەتچى ئەرۋاھ بولدى.

تاڭ سۇلالىسى ئالدىدا يارىش تۈزلەڭلىكى (جۇڭغارىيە) يەتتە سۇ ۋە ماۋەرائۇننەھردىكى غەربىي قاغانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىش ئىشى تۇراتتى. بۇ ئىش 651 ـ يىلىدىن 659 ـ يىلىغىچە سەككىز يىل ئىچىدە ئورۇندالدى. بۇ ئەينى زاماندا يارىش — يەتتە سۇدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سابىق شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قالدۇق قىسمى بولغان ئاسىنا قۇلىنىڭ

يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تارمار قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئېلىپ بېرىلدى. ئاسىنا قۇل غەربىي تۈركلەر چۆرە قاغاننىڭ قارلۇق، نۇشبى، چۇمۇل قاتارلىق قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، تالاس بويىدا ئوردا قۇرۇۋالغانىدى. ئاسىنا چۆرە ئىبىرىس چۆرە شات (چۆرە قاغان) توخارىستانغا قاچقاندىن كېيىن ئىبىرىس شىگۈي خان (ئىشبارا تولىس شات)نىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ماكانسىز قالغان. ئاخىر ئاسىنا قۇلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ قارشى ئېلىشى بىلەن بېشبالىقتا تۇرغان. تاڭ تەيزۇڭ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلغاندا ئارمىيە باش بۇغى بولغان. كۇسەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن سول قانات چەۋەنداز سانغۇنى، ياۋچى تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى بولغان. تاڭ تەيزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ كۇسەن، بېشبالىقنى ئىشغال قىلغان. ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىبىرىس شىگۈي خانغا ھۇجۇم قىلىپ، مىڭ بۇلاقتا ئۆزىنى ئىشپارا قاغان دەپ ئېلان قىلىپ، ئىلگىرىكى چۆرە، نۇشبى قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە ئەل قىلىپ، ئەمەلدە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۆرىسى بولغانىدى.

ئاسىنا قۇلىغا قارشى ئۇرۇش تەكلىپىنى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئاقساقاللار تاڭ سۇلالىسىغا يەتكۈزدى. 652 ـ يىلى لياڭ جيەنفاڭ 20 مىڭ، كىبى خەلى 50 مىڭ ئارىلاشما قوشۇن بىلەن ئىشپارا — ئاسىنا قۇلىغا ھۇجۇم قىلدى. 656 ـ يىلى سو دىڭفاڭ ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنلىرى بىلەن ئىلى ۋادىسىدا ئىشپارا خانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ جەڭگە يەنە چاڭئەندە قالغان سابىق غەربىي تۈرك ئاقساقاللىرىدىن ئاسىنا مىش بىلەن ئاسىنا بۇجىن قاتناشتى.

ئۇلار تەسلىم بولغان قەبىلىلەر بىلەن كۆچىيىپ ، ئون ئوق قەبىلىلىرىنىڭ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى يېڭىپ ، 30 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ بەش نۇشبى قەبىلىلىرىنى تەسلىم قىلدى . بەش چولۇ قەبىلىسى ئاسىنا قۇلى يېڭىلدى دەپ ئاڭلاپ ، ئالدىراپ - تېنەپ ئاسىنا بوجىنگە تەسلىم بولدى . ئۇيغۇر قوشۇن ئاقساقلى ئاسىنا قۇلى — ئىشپارا قاغاننى تۇتقىلى ئالدىراپ ، تالاسقا باردى . ئاسىنا قۇلى تاشكەنتنىڭ يېنىدىكى چاچقا يېقىنلاپ ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىگە ئات ئالماقچى بولدى . چاچ بېگى ئالدىغا چىقىپ ، مەي بەزمىسى باھانىسىدا ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ ، 658 - يىلى تاشكەنتنىڭ تىنچ تەسلىم سوۋغىسى قىلدى . شۇنداق قىلىپ 659 - يىلى كىرىشى بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولدى . تاڭ ئوردىسى دەرھال ھەربىي بۇيرۇق بېرىپ ، تۈرك قىسىملىرىنى تارقاتتى ۋە ئەسلى ئورنىغا قايتۇردى . تۇتۇق مەھكىمىسى سۇيابقا يۆتكەلدى .

تاڭ سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسى 659 - يىلىدىن 679 - يىلىغىچە 19 يىل راسا كېڭەيدى . ئەمما ئۇ ئىككىنچى ئاسىنا كۆكتۈرك قاغانلىقى ، ئەرەبلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى ئىستېلا قىلىشى ، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ، تۇبۇتلارنىڭ شىمالغا — خۇاڭخې ۋە غەربىي يۇرتقا كېڭىيىشى بىلەن يەنىلا ئىلگىرىكىدەك سېپىل ئىچىگە كىرىپ قالدى ، ھەتتا ئۈچ قېتىم پايتەخت چاڭئەندىن ئايرىلىپ قالدى .

تاڭ سۇلالىسى 659 — 679 - يىللىرى ئارىسىدا سابىق غەربىي تۈرك خانلىقى زېمىنىدا جەمئىي 45 تۇتۇق مەھكىمىسى ، 115 ئوبلاست تەسىس قىلدى . ئەلۋەتتە ، بۇ تۇتۇق مەھكىمىلىرى ئىچىدە پارس ۋە توخارىستاندىكى بىر قاتار تۇتۇق مەھكىمىلىرى

www.uyghurkitap.com

ئىسمى بار ، ئەمما شۇ ئىسمىغا لايىق زېمىنى بولمىغان «غايىۋى ئىمپېرىيە» سىخېمىسىنى كۆرسەتكۈچى تۇتۇق بەلگىلەر ئىدى . چۈنكى بىز تاڭ سۇلالىسىنى شىمالىي ھىندىستان ، ساسانىلارنىمۇ ئۆز خەرىتىسىگە كىرگۈزگەن دېيەلمەيمىز . ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇنلىغان تۇتۇقلار يەرلىك پادىشاھلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىمۇ يەرلىك قوشۇنلار ئىدى . ھارغان يەرلىك خەلق ئۆز ھالىغا كەلگۈچە تاۋغاچ ئىمپېرىيىسىگە ئۇلپان تۆلەپ ، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئېھتىياجلىق ئىدى .

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي چاڭئەندىن سوغدىيانا (سوغدى) غىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ خەلقئارا ئالاقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى يىپەك يولىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى . بۇ ئالاقىلەردىن ھەممە خەلقلەر ، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتى ئەڭ كۆپ بەھرىمەن بولدى . گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى ئۇنىڭ روشەن ئىپادىسى ، ئەلۋەتتە . ئەمما ، بۇ زاماندىكى خەلقئارالىق مەدەنىيەت قىممىتى ياراتقان تاڭ مەدەنىيىتى ھەرگىزمۇ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تىپىنى ، ئۇنىڭ كىشىلىك قاراشلىرى بىلەن ھوقۇقچىلىق قاراشلىرىنى ، ئىمپېرىيە شۆھرەتچىلىكى تۇسىنى ئالغان ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى . بىز تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كلاسسىك شائىرلارمۇ ھالقىپ ئۆتەلمىگەن بۇ توساقنىڭ ماھىيەتتە نۇرغۇن پاجىئەلەرگە ئۇرۇق بولغانلىقىنى دائىم كۆرۈپ كەلدۇق .

## 6 . كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرى

تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت كۆكتۈرك خانلىقىنى يوقىتىپ ۋەزىر ۋېي جېڭ ئېيتقاندەك باشقا كۆچلۈك ئەللەرنى يوق قىلىپ ، ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ھېچقانچە ئاسايىشلىققا ئېرىشەلمىدى . بۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ، دارا ۋە كېيىنكى زاماندىكى ۋىزانتىيە ، چىڭگىزخان ئىمپېرىيىلىرى تەكرارلىغان ئاچچىق ھەقىقەت . تاڭ سۇلالىسى كۆكتۈرك خانلىقىنى يوقىتىش ، يىراق چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن ، باشقا خەلقلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىپ ئۇنىڭ ئالغان ئاقسۆڭەكلىرىنى بېقىش ئۈچۈن جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇردى . جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ تاپقان - تەرگىنى ، يىگىت - قىزلىرى ئەسكەرلىك ، خان - ھەرەم ، سېپىل - ئىستېھكام قۇرۇلۇشى ، چېگرا مۇداپىئە تەمىناتى ئۈچۈن بېغىشلاندى . ئاتالمىش ئىمپېرىيە ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئۆز خەلقىنى قاقشال قىلىۋەتكەن ئەسەبىي شوۋىنىزملىق روھىيىتى بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى . بۇ روھ خېلى نۇرغۇن «قۇرۇل شائىرلىرى»نىڭ ئىرقچىلىق قاراشلىرىغا ئەسەبىي زەرەت قوشتى .

679 - يىلى ئىلگىرىكى شەرقىي قاغانلىقتىكى ئاسىنا ئۇرۇقىدىن بولغان قۇتلۇق چوغاي تاغلىرىدا 100 كىشى بىلەن قوزغالدى ، ئۇلار قاراقۇرۇم شەھىرىنى ئىگىلەپ ، قوشۇنىنى بەش

www.uyghurkitap.com

مىڭغا يەتكۈزۈپ ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشىغان ئۆتۈكەن تاغ قارارگاھىنى ئىشغال قىلىپ كۆكتۈرك قاغانلىقىنى قايتا تىكلىدى . قۇتلۇق ئۆزىنى «ئىلتەرىش قاغان» دەپ ئاتىدى . قۇتلۇق ئۆز ئېلىنى شەرقىي (تۆلىش ) ، غەربىي (تاردۇش ، تاردۇس ) شادلىقىغا بۆلدى . ئۇ (679 — 691 ) 11 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ، 47 قېتىم تۆت ئەتراپتىكى تاۋغاچ ، قىتان ، تاتابى ، تاتار ، ئۇيغۇر ، قىرغىز ، غەربىي تېلى قەبىلىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ، ئىلگىرىكى ئاتا زېمىنىنى قايتا بىرلەشتۈردى . تۇران قەبىلىلىرىنىڭ بۇ جەرياندىكى بىرلىشىش ئەمەس ، بەلكى قۇتلۇق ئېلتەرىش قاغانغا قارشى ئۇرۇشلىرى بىر مەسىلە سۈپىتىدە تىرەن تارىخىي مۇھاكىمىنى تەلەپ قىلىدۇ . تۆت مەشھۇر دانىشمەن — تۇنيۇقۇق ئاشېد (646 — ؟ ) ئاشېد ئۇنجى ( ؟ — 693 ) ، يوللۇغ تېكىن ، ئالپ ئەل ئېتمىش بۇ زامانىنىڭ تارىختا ئىش ـ ئىزلىرى قالغان ئەزىمەتلىرى ئىدى . تۇنيوقۇق ئاشېد قەبىلىسىدىن بولۇپ ، ئىسمىغا قارىغاندا (تۇنجى ھېقىق تاش ) ئائىلىسىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن . ئۇ يەتمىش ياشلىرىدىن باشلاپ بىلگە قاغانىنىڭ ۋەزىرى ، مەسلىھەتچىسى ۋە سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۈچ ئەۋلاد قاغانلىققا خىزمەت قىلدى . ئۇ ياش چېغىدا چاڭئەندە ئوقۇغان بولۇپ ، ئېل قاغان زامانىدىكى شەرقىي كۆكتۈركلەر ئەۋلادىدىن ئىدى . ئۇنىڭ ئاپاتارخان دېگەن ئۇنۋانىغا قارىغاندا ئۇ باش تارخان بەگلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن . تۇنيۇقۇق كۆپ جەڭلەرگە پىلان تۈزگەن ، كۆپ جەڭلەرگە قوماندانلىق ياكى مەسلىھەتچىلىك قىلغان . ئۇ بىلگە قاغانىنىڭ قېيناتىسى ئىدى . ئاشېد ئۇنجى دىپلوماتىيە مۇتەخەسسىسى بولۇپ ، چاڭئەندە ئوقۇغان ، ئۇ تاڭ سۇلالىسىغا ،

تۈركەشلەرگە بىر قانچە قېتىم ئەلچى — دىپلومات بولۇپ بارغان . يوللۇغ تېكىن بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى — ئاسىنا ئۇرۇقىدىن بولۇپ ، تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ ساپلىقى ۋە خاسلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ، ئۇ يازغان ئابىدە تېكىستلىرى ئۇنىڭ كۆكتۈرك قاغانلىقى تارىخىنى ، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۆز زامانىسىدا ھەممىدىن چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . ئالپ (ئەلب ) ئەل ئېتمىش «ئۇنگىن مەڭگۈ تېشى» (716 ـ يىلى ، بېلىق يىلى قويۇلغان )نىڭ ئاپتورى بولۇپ ، 719 ـ يىلى (قوي يىلى ) ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە شات ئۇنۋانى ئالغان . ئۇ 715 ـ يىلى قەدەز دېگەن جايدا توققۇز ئوغۇزلارغا قارشى جەڭگە قوماندانلىق قىلغان بولۇپ ، قاپاغان قاغاننىڭ يېقىن سەركەردىلىرىدىن بولغان .

كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقى 679 ـ يىلىدىن 745 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلغىچە 56 يىل داۋام قىلدى . بۇ دەۋردە تۆۋەندىكى قاغانلار سەلتەنەت سۈردى :

— قۇتلۇق ئېلتەرىش قاغان (679 — 691 )

— موچۇر — قاباغان قاغان (ئېلتەرىشنىڭ ئىنىسى 691 — 716 )

— بىلگە قاغان (بۆگۈتېكىن تاردۇش شات 716 — 734 ) ، قۇتلۇق ئېلتەرىشنىڭ ئوغلى ، كۆلتېكىننىڭ ئاكىسى .

— ئىجان قاغان ( يوللۇق تېكىن 734 — 739 ) .

— بىلگە قۇتلۇق قاغان (تەڭرى قاغان . 739 — 743 )①

— ئۆزمىش قاغان (كۆلتېكىننىڭ ئوغلى . 743 — 743 )

— بايمەيخان (قۇلۇن بېك 744 — 745 )

① تەڭرى قاغان يەنە «كوچۇك خان» (كىچىك خان ) دەپمۇ ئاتالدى . ئۇ گۆدەك چېغىدا ھاكىمىيەتنى سۇبىي خاتۇن تىزگىنلىدى .

•

قۇتلۇق ئېلتەرىش قاغاندىن كېيىن قاغانلىق ئىنىسى موچۇر (قاباغان) قاغانغا قالدى. بۇ ۋۇ زېتيەن (684 — 704)دىن تاڭ شۈەنزۇڭ (713 — 756)غىچە بولغان ئارىلىق زامان ئىدى. قاپاغان خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەمەتى بىلەن ئاكىسى قۇتلۇق ئېلتەرىش قاغان ئوغۇللىرى بۆگۈتېكىن (تاردۇش شات)، كۈلتېكىن ئارىسىدا زىددىيەت يۈز بېرىپ، موچۇر قاغان ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان بىلگە قاغانلار ئوردا كۈرەشلىرىدە ئۆلتۈرۈلدى.

قاباغان قاغان چارەك ئەسىر سەلتەنەت سۈردى. ئۇ بۇ چاغدا 693 — 698 - يىللىرىغىچە ۋۇ زېتيەن باشقۇرغان تاڭ سۇلالىسىنى شىمالدىكى «خېچۈي ئالتە ئوبلاستى» بىلەن نۇرغۇن ئاشلىق، تاۋار - دۇردۇن، ھەتتا ھەربىي قوراللىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ۋۇ زېتيەن يەنىلا ئۇنى «ئىناق كۆچمەن قاغان»، «ئەلگە تۆھپىكار قاغان» دەپ ئۇنۋان بىلەن تارتۇقلاپ تۇردى. ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە جۇڭغارىيىدە باسمىللارغا قارشى ئۇرۇشلار ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بېسىمى ئاستىدا قالغان قارلۇقلار 714 - يىلى 12 ئاقساقالنى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولدى. غەربىي زېمىندىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەر تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇپ، قاباغان قاغانغا قارشى مەيدانغا ئۆتتى. 715 - يىلى شىمالىي ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭ قىلدى. 716 - يىلى موچۇر — قاباغان قاغان ئۆلتۈرۈلدى.

قاباغان قاغان ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى كۈلتېكىن چىقىدۇ. بۇ قۇتلۇق ئېلتەرىش ۋە موچۇر ئائىلىسى زىددىيىتىنى قوزغايدۇ. كۈلتېكىن موچۇر ئائىلىسىنى تارمار قىلىپ، قاغانلىقنى ئاكىسى بۆگۈتېكىن — تاردۇش شاتقا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بىلگە قاغان

دەپ ئاتايدۇ . بىلگە قاغان دانىشمەن تۇنيۇقۇقنى ئاپاتارخانلىقتىن ئۆزىگە ۋەزىر ، مەسلىھەتچى قىلىدۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ بىلگە قاغان ، ئىجان قاغان سەلتەنەت سۈرگەن 23 يىل كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ قايتا ھەمجەھەتلىكتە گۈللەش دەۋرى بولدى . بۇ تاڭ شۈەنزۇڭ (713 — 756 ) سەلتەنەت سۈرگەن ، تىبەتلىكلەر تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئاتلىنىشقا ھازىرلىنىپ ، كۆكتۈركلەرگە بىرلەشمە فرونت تەشكىل قىلىشنى تەكلىپ قىلغان ، ئەرەب سەركەردىسى قۇتەيبە ماۋەرائۇننەھردە بۇخارا جېڭىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان زامان ئىدى .

بىلگە قاغان ھەر تەرەپكە چېچىلغان ، تاڭ سۇلالىسىغا قارام بولۇپ قالغان تۈرك قەبىلىلىرىنى توپلىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى كۈلتېكىننىڭ يەتتە سۇ ، سىر ، چۇ ۋادىلىرىغا ئەۋەتىپ ، قۇتەيبە باشلىغان ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشتى . ئەرەب ، تىبەت ۋە تاڭ سۇلالىسى تەھدىتلىرى ئالدىدا يەنىلا پارچە قەبىلە ھاكىمىيەتچىلىكىدە چىڭ تۇرغان قارلۇق ۋە باسمىل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ، ئۇلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنجىتىشقا كىرىشتى . 727 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنى ھەر يىلى ئۆزىگە 140 مىڭ توپ گەزمال بېرىشنى شەرت قىلغان تىنچ مۇناسىۋەت كېلىشىمىگە قول قويدۇردى . بىلگە قاغان 734 ـ يىلى ۋەزىرى بۇيرۇق شات تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئىنىسى كۈلتېكىن 731 ـ يىلى قازا قىلغانىدى . ئوغلى ئىجان قاغان ئورنىغا چىقتى . لېكىن شۇ يىلى ئۇمۇ قازا قىلىپ ، ئورنىغا ئىنىسى بىلگە قۇتلۇق تەڭرى قاغان چىقتى . ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا ، ئانىسى سۇببى خاتۇن ھاكىمىيەتنى تىزگىنلىدى . بۇ چاغدا ھاكىمىيەت زىددىيەتلىرى كۈچەيدى . قاغانلىق ئىچكى

ئۇرۇشقا چۈكۈپ قالدى. 742 ـ يىلى باسمىل، ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى قوزغىلىپ، باسمىل قاغانلىقى قۇرۇلدى. باسمىل قەبىلىسى قاغان بەلگىلىدى، ئۇيغۇرلاردىن شەرقىي (تۆلىش) شاد، قارلۇقلاردىن غەربىي (تاردۇش) شاد بەلگىلەندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دەيزۇڭ باسمىل قاغانىغا كىشى ئەۋەتىپ، تەگرى قاغاننىڭ ۋارىسى، كۆلتېكىننىڭ ئوغلى ئۆزمىش قاغان سەلتەنىتىنى يوقىتىشقا كۈچىدى. نەتىجىدە باسمىل قاغانى 744 ـ يىلى ئۆزمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى دەيزۇڭ پادىشاھقا يوللاپ بەردى. ھاكىمىيەت كېيىنكى كۆكتۈركلەردىن باسمىل قاغانلىقىغا ئۆتۈپ كېتىش خەترى تۇغۇلغاندا كۆكتۈرك ئاقساقاللىرى قۇلۇن بېكنى بايماي قاغان نامىدا تەختكە چىقاردى. 745 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى كۆل بىلگە (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان) قۇرۇلغىنىغا ئۈچ يىل بولغان باسمىل قاغانلىقىنى يوقاتتى. ئارقىدىن بايمەي قاغاننى يوقىتىپ، كۆكتۈرك قاغانلىقىغا خاتىمە بەردى. بۇ توققۇز ئوغۇز قاغانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

* *

گەرچە 19 يىل ئۈزۈلۈش بولسىمۇ ئاسىنا تۈركلىرى قۇرغان كۆكتۈرك — سىر قاغانلىقى 175 يىل داۋام قىلدى. ئۇ جۇجان قۇلدارلىقىغا قارشى تۆمۈرچى قۇللارنىڭ ئازادلىق مەقسىتىدىكى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن مەيدانغا كەلگەنىدى، ئاخىرى يەنە بىر تۈركىي تۈركۈم بولغان توققۇز ئوغۇز — ئۇيغۇر قاغانلىقى تەرىپىدىن شەكلەن مۇنقەرز قىلىنىسىمۇ، مەزمۇنەن يەنە داۋاملاشتۇرۇلدى.

تاڭ — تاۋغاچ سۇلالىسى ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قان ـ تەرى ھېسابىغا قانچە ھىيلە ۋە ھەربىي كۈچ ئىشلەتكەن بولمىسۇن، كۆكتۈرك قاغانلىقىنىڭ راۋان ئېقىنىنى پەقەت 19 يىل ئۈزۈپ قويۇپ، ھېچقانداق تارىخىي تاپاۋەتكە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە ئىچكى جەھەتتە ئەنلۇشەن — شى سىمىن قوزغىلىڭى، تاشقى جەھەتتە تىبەت ئىستېلاسىدا پايتەختىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قولدىن بېرىپ قويۇشتەك قىسمەتكە دۇچ كەلدى.

كۆكتۈرك قاغانلىقى ئاسىنا ئۇرۇقى تۈركلىرى قۇرغان، ئاھالىسى «سىر» دەپ ئاتالغان، زېمىن دائىرىسى خۇاڭخەي (سېرىق دېڭىز) دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان بىپايان زېمىنىنى بىرلەشتۈرگەن كاتتا سەلتەنەت بولۇپ، ئۇ تۈركلەرنىڭ بىرلەشكەن يەنە بىر دۆلەت گەۋدىسى ئىدى. ئۇ بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىش، بىرلىككە كەلگەن تىل ـ يېزىق قوللىنىش، تۇران قەبىلىلىرىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ناتەكشىلىكىنى تەدرىجىي يېقىنلاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق بىلەن تېرىقچىلىقنىڭ، كۆچمەن مەدەنىيەت بىلەن شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر گەۋدە راۋاجىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوتتۇرا ئەسىر يىپەك يولى ئالاقىلەر مېخانىزمىنى ئېچىش، چېچىلغان تۈرك قوۋملىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە خەۋپىدىن ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىپ، كەڭ تۇران زېمىنى ۋە يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە تارىخىي خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ ئىشلار قاغانلارنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ئىشتىراكى بويىچە، ئەمما تارىخنىڭ مەنتىقىسىگە مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلدى. بۇ زاماندا بىر قاتار جاسارەتلىك ۋە بىر قاتار پاراسەتلىك قاغانلار، بۇيرۇق ـ شاتلار،

بىر قاتار دانىشمەن تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا چىقتى.

كۆكتۈرك قاغانلىقى ئەزەلدىن تاڭ ئىمپېرىيىسىنى ئۆزىگە مۇستەملىكە قىلىپ، ئۇنىڭ زېمىنىنى، خەلقىنى ئىلكىدىن تارتىۋېلىشتەك نىيەتتە بولغان ئەمەس ھەم تاكتىكا تۈزگەن ئەمەس، ئۇ ئۇچ خىل ئۇرۇش بىلەن تاڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار: تارتتۇرۇپ قويغان ئەسلى ئانا زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش، بىرەر نارازىلىقنى ئىپادىلەپ قىسمەن جازا ھۇجۇمى قىلىش، ئات - تاۋار سودىسىنى بېكىنمە ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق ئۇرۇشلاردىن ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە مىللىي تۈركۈملىرى خالىي بولالىغان ئەمەس. كۆكتۈركلەر ھەربىي ھىيلە — مەسىلەن كېچىلىك ھۇجۇم، قاچقان بولۇپ مۆكتۈرمە قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە ئېلىش قاتارلىقلاردىن باشقا تېپىك سىياسىي - دىپلوماتىيىلىك جاسۇسلۇق، ئىغۋا ھىيلىسى قوللانغان ئەمەس.

ئەمما كۆكتۈركلەر بىر قاتار ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە بىلىش خاراكتېرلىك ئاجىزلىقلاردىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن خەلقى قەبىلە - ئۇرۇق گۇرۇھلىرىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، مۇلۇكلەرمۇ قەبىلە - ئۇرۇققا تەۋە ئىدى. نەتىجىدە قەبىلە - ئۇرۇق ئاقساقاللىرى مۇتلەق مۇلۇك ئىگىدارلىرى سۈپىتىدە نوپۇز، سۆز ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. بۇ قەبىلە - ئۇرۇق ئاقساقاللىقى مۇلۇكچىلىكى ئاساسىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئەركىن، تارقاق، ئۇششاق ھوقۇقچىلىق بىرلىكلىرى (توچكىلىرى) ساقلانغان، دېگەن سۆز ئىدى. بۇ مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان كۈچ ئىدى. ئۇنى كەم دېگەندەك سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەربىي

دېموكراتىيە تىپىدىكى ئاقساقاللار كېڭەشمىسى بەزىدە هاكىمىيەتنى پارچىلىغۇچى ۋاستە بولۇپ قالدى . زېمىننىڭ كەڭلىكى ، ھەرقايسى شات ـ بەگلىكلىرىنىڭ ئۆز قوشۇنى بولغانلىقى ، ھەربىي باشقۇرۇش تورىنىڭ مەركەزلىشىشكە پايدىلىق بولمىغانلىقى ، خانلىقنى پات ـ پات پارچە قەبىلىلەر ماجىرالىرى تەرىپىدىن خورىتىلىشقا ئېلىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇران خەلقلىرى بىرلا ۋاقىتتا شامانىزم ، ئاتەشپەرەسلىك ، بۇددا دىنلىرى تەسىرىدە بولدى . ئەنئەنىۋى ئېتىقاد — كۆكتەڭرى ئېتىقادىنىڭ يوللۇق تېكىندىكى ئىپادىسى بىلەن داۋ — كوڭفۇزى ئىدىيىلىرىنىڭ تۇنيۇقۇقتىكى ئىپادىلىرى تۇران زېمىن ـ مىللەت بىرلىكىنىڭ يەنە ئېتىقاد ـ ئىدىيە بىرلىكىگە نەقەدەر تەقەززالىقىنى كۆرسەتتى . تارىخ مىللىي بىرلىكىنىڭ نوقۇل ھالدا مىللەتنىڭ بىر خىل بولۇشىلا ئەمەسلىكىنى ، ئۇنىڭ بىر قاتار ئېتنىك ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي قۇرۇلما ، مەدەنىيەت ، ئىدېئولوگىيە بىرلىكىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ، باسمىل ، سىر تاردۇش ، تۈركەش ، قىرغىز ، قارلۇق قەبىلىلىرى بەزى مۇھىم پەيتلەردە قەبىلە مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، ياكى قۇتراتقۇچى ھىيلە ۋە ئۇنۋانلارغا ئالدىنىپ ، ئۆز قەبىلە ـ ئۇرۇق سۆڭەك ساپلىقىنى قوغلىشىپ ئومۇمىي تۈركىي خەلقلىرى بىرلىكىگە زىت ئىسيان ياكى تاڭ سۇلالىسىغا قوشۇلۇپ كۆكتۈرك سەلتەنىتىگە قارشى ھەرىكەتلەرنى قىلدى . بۇ ھۇن زامانىدا ھۇن — توخار — ئۇسۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بەزىدە ھەمدەم ، بەزىدە دۈشمەن بولۇشتەك تارىخىي ئىللەتلىرىنىڭ تەكرارلىنىشى ئىدى .

بۇ جەھەتتە ھەتتا تەيزۈك خانغا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ ەركىزىي ئاسىيا خەلقىنى قانغا غەرق قىلغان ئاسىنا شىرەدەك بىر قانچە سەركەردىلەرمۇ مەيدانغا چىقتى . بۇ ھادىسە تارىخ ولقۇنلىرىدا ھەمىشە داۋام قىلىپ ، تۇران پاجىئەسىنىڭ ئېچكى ومۇس پەردىسىنى تىترەتتى .

كۆكتۈرك قاغانلىقى زامانىدا مەيدانغا كەلگەن «تېلى فوشقى» ، «ئۇيغۇر ناخشىسى» ، «بەكقۇلى باتۇر» ھېكايىسى ، ئالتايلىقلارنىڭ «ساي — سولۇن» — مەرگەن ئىبرىس بۇرھان ، «ئالپ ماناس» قەھرىمانلىق داستانلىرى خەلق ئەدەبىياتى ىەكلىدىكى تۇران قەھرىمانلىق روھىيىتىنى ئىپادىلىسە ، بۇ امانىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن «ئورخۇن — يەنسەي مەڭگۇ اشلىرى»دىكى يازمىلاردا تارىخنى قايتا خۇلاسىلەش ، ئۆزگە ۋە اشقىلارغا تەپەككۇر ئېگىزلىكىدە باھا بېرىش يېڭى بىلىش ەھىيىسىنى ئاچتى . ھازىرغىچە ئورخۇن — يەنسەي — تالاس ۋادىسىدىن تېپىلغان 100 پارچىدىن ئارتۇق تاش پۈتۈكلەر ، ولۇپمۇ «چۆرىن مەڭگۇ تېشى» ، «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» ، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» ، «بىلكە قاغان مەڭگۇ تېشى» جۈملىدىن «مويۇنچۇر I ، II . مەڭگۇ تاشلىرى» ، «ئۆنگىن ەڭگۇ تېشى» ، «كۆلچۇر مەڭگۇ تېشى» ، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» ، «سېۋرېي مەڭگۇ تېشى» ، «سۇچى مەڭگۇ تېشى» ، «ئولانخۇم مەڭگۇ تېشى» قاتارلىقلاردا مۇنداق تارىخىي يەكۈن ۋە مۇراجىئەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

ئەلۋەتتە ، تارىخ ئوخشىمىغان نۇقتىئىينەزەردە پەرقلىق ەكۈنلەنگەن . بىز ئورخۇن — يەنسەي مەڭگۇ تاشلىرى بىلەن (مۇھىمى تونيۇقۇق ، يولىلۇغ تېكىن ، ئالپ ئېل ئېتمىش يازغان



www.uyghurkitap.com

تېكىستلار بىلەن ) «تاڭنامە» ، «يېڭى تاڭنامە» ئاپتورلىرىنىڭ شۇنىڭدەك تاڭ سۇلالىسىغا تەسلىم بولۇپ ، خىزمەت كۆرسەتكەن ئاسىنا شىر ، كاڭ ئايچۇر تارخان قاتارلىقلارغا تاڭ سۇلالىسى ئورناتقان مەڭگۇ تاشلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا بۇ نۇقتىنى كۆرەلەيمىز .

تۇنيۇقۇق ۋە يوللۇغ تېكىن تېكىستلىرىدىكى ئوخشاشلىق شۇكى ، ئۇ بۇ زامان تارىخىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەينەن يەكۈنلىگەن . ئۇنىڭ مۇھىملىرى مۇنداق :

قۇت — كۆكتەڭرى ۋە يەر - سۇ ئىلاھى ئارىسىدا يارالغان تۈرك خەلقىنىڭ قۇتقا مۇناسىۋىتى ، بۇ يوللۇغ تېكىندە تېپىك گەۋدىلەنگەن بولۇپ ، تەڭرى ياراتقان تۈرك خەلقى ۋە تەڭرى ياراتقان تۈرك قاغانلىرىنىڭ تەڭرىگە بولغان مۇناسىۋىتى قارىشى . بۇ تۇران مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئىمپېرىيە — پادىشاھ — ئىمپېراتور ھوقۇقچىلىقى قاراشلىرىنى يېلتىز قىلغان مەدەنىيەت تىپىدىن تۈپ پەرقىنى گەۋدىلەندۈردى . «قۇت» ئىمپېرىيىنى قوللىمايتتى ، ھوقۇق ھاكىمۇتلەقلىقى خاھىشى بولسا ئىمپېرىيىنى غايە قىلاتتى .

قۇتاتقان جەسۇر ۋە دانىشمەن قاغان ، بۇيرۇق ۋە بەگلەر بىلەن خەلقنىڭ ياخشى - يامان بەگلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان بىلىم - ئىقتىدارىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى مەسىلىسى . بۇنىڭدا تەڭرى ۋە ئوماي قوللىغاندىن تاشقىرى ، يەنە بەگلەرنىڭ بىلىملىك ، ئادىل ۋە جەسۇرلۇقى ، خەلقنىڭ قارىغۇرلاچە ئەگەشمەي ئۆز بەگلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان . قاغانلار باھالانغان . خەلققە بولغان مۇناسىۋەتتە «بىلىمسىزلىكى» ، ياخشى - يامانىنى پەرق

ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن «ئۆكۈن! ئۆكۈن!» دېيىلگەن. بۇ كۈچلۈك سادا قانلىق ساۋاقلاردىن يەكۈنلەنگەندى، ئەلۋەتتە.

تاڭ سۇلالىسىغا بولغان مۇناسىۋەت بىلەن تاڭ سۇلالىسى گەۋدىلەندۈرگەن مەدەنىيەت تىپىگە بولغان مۇناسىۋەتتە تۈنيۇقۇق بىلەن يوللۇغ تېكىننىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى كۆرۈنگەن. بۇ ئىستراتېگىيىلىك پروگراما تۈزۈشتە كۆكتۈرك ئوردىسىدا ئىككى خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ۋە مۇستەقىل گۈللىنىشىنىڭ دۈشمىنى دەپ ئوخشاش قاراشقا كەلدى. ئەمما تۈنيۇقۇق بۇددا ۋە كوڭفۇزىچىلىققا مايىل بولغان ھالدا ئىنسانىي ئورتاق مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلسا، يوللۇغ تېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت تىپىنى ئۇنىڭ ھاكىممۇتلەق ئىمپېرىيە قاراشلىرىنىڭ يىلتىزى، تۈپرىقى دەپ، رەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. تۈنيۇقۇق ئەۋلادلىرى ئىچىدە قوچۇ — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا ئونلىغان بۇددا ۋە كوڭفۇزىچى پەيلاسوپلارنىڭ چىققانلىقى ئۇنىڭ بىر ئاقىۋىتى ئىدى. ئەمما بىلگە قاغان كۆپلەپ شەھەر سېلىپ، بۇددا دىنىنى كەڭ يولغا قويۇپ، پۈتۈنلەي ئولتۇراقلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، تۈنيۇقۇق بۇنى تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەۋزەللىكىگە، جەڭگىۋارلىقىغا ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئۇنى توسقانىدى.

ئىككىنچى باب

# تۇران يايلاق ۋە بوستانلىقلىرد- دىكى پارچە ھاكىمىيەت- چىلىك

## 1 . Ⅶ — Ⅷ ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا ۋەزىيىتى

دەسلەپكى كۆكتۈرك قاغانلىرى مۇغان قاغان بىلەن ئىستېمى خان (يابغۇ) زامانىدا مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى زور دەرىجىدە بىرلىككە كەلدى . شۇنداقتىمۇ بۇ خەلقلەر ئارىسىدىكى قەبىلە - ئۇرۇق ئاساسىدىكى پارچە ھاكىمىيەتچىلىك خاھىشلىرى پات - پات ئۆزىنى ئاشكارىلاپ تۇردى . جۇجانلار ، سۈي — تاڭ سۇلالىلىرى ، ساسانىلار ۋە قىتانلارغا قارشى كۈرەش بىلەن ئېفتالىتلارنى ھالاك قىلىش تەقەززالىرى بىلەن كۆكتۈرك قاغانلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش سىستېمىسى تۆپەيلى تۈركىي قەبىلىلەر بىر پۈتۈنلۈككە كەلگەنىدى . كۆكتۈرك قاغانلىقى ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ۋە شەرقىي ، غەربىي قاغانلىققا بۆلۈنۈپ كېتىش نەتىجىلىرىدە تۈركىي قەبىلىلەردە

پارچە ھاكىمىيەتچىلىك ئېغىشلىرى كۈچەيدى. سۈي — تاڭ سۇلالىسى سىياسىيونلىرىدىن جاڭ سۈنشيەن، ۋېي جېڭ قاتارلىقلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى پارچىلاپ تىزگىنلەش تاكتىكىلىرى دەل تۈركىي خەلقلەردىكى مۇشۇ قەبىلىۋى خاھىش، يەرلىك ھاكىمىيەت خاھىشى ئاجىزلىقلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، قاراتمىلىقى بىلەن ئۈنۈمدارلىقى روشەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى شەرقىي - غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقلىرىنى پارچىلاپ يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىدا قەبىلىلەر ياكى رايونلارنى ئاساس قىلغان تۇتۇق مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىپ، كىچىك ۋاڭ - گۇڭلارغا چوڭ - چوڭ تۆرىلىك ئۇنۋانلىرى بېرىپ، تۈركىي خەلقلەردە پارچە قەبىلىۋى ھاكىمىيەتچىلىك مەنمەنلىك روھىيىتىنى يېتىشتۈردى. نەتىجىدە ئېگىز ھارۋىلىق ئۇيغۇر خانلىقى، سىر تاردۇش خانلىقى، قىرغىز خانلىقى، باسمىل بىرلەشمە خانلىقى، تۈركەش خانلىقى، قارلۇق خانلىقلىرى بىلەن قىپچاق، ئوغۇز، پېچىنەك، خەزەر، بولغار، ئوغۇز خانلىقلىرى قاتارلىق يايلاق پارچە كىنەزلىكلىرى بىلەن توخارىستان، سوغدى، فەرغانە، تارىم ۋادىسى بويلاپ كەتكەن بوستان خانلىقلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىغا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەنلۇشەن، شى سىمىن، سى جاۋۋېي توپىلاڭلىرى بىلەن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان تىبەت ۋە ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى بەرھەم بەردى.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ ماۋەرائۈننەھر ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىرى ئەرەب ۋە تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم ۋە ئىستېلا قىلىشىغا دۇچ كەلگەندە، مەركىزىي ئاسىيانىڭ يايلاقلىرىدىكى

پارچە ھاكىمىيەتچىلىك ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسەتتى .

تارىخ پات ـ پات مەركىزىي ئاسىيادا بىرەر مىللەتنى ئاساس قىلغان پارچە ھاكىمىيەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىپ كەلگەنلىكىنى ، بۇ پارچە ھاكىمىيەت ئاقساقاللىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئۇستۇنلۇك تالىشىپ گۇركىرەشكەنلىكلىرى بىلەن ، ئۇلارنىڭ يەنىلا كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەرنى ئارقا تىرەك قىلىش ، ئۇلاردىن مەلىكە ئېلىپ قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ساقلاش ، ئۇلارنىڭ بەرگەن ئۇنۋانلىرىنى ياكى نەسەب ناملىرىنى ئۆزىگە تىل تۇمار قىلىۋېلىش خاھىشىنىڭ بىللە داۋام قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇردى . خوتەن خانلىرىنىڭ «لى» فامىلىسىنى ، قاراخانىيلار ئىلىك خانلىرىنىڭ «تاۋغاچ» نامىنى ، بابۇرمىيلار ئىمپېرىيىسى پادىشاھلىرى ۋە سەئىدىيە خانلىرىنىڭ «موغۇل» نامىنى قوللىنىشى ئەنە شۇ ھەم پارچە مۇستەقىل ھاكىمىيەتچىلىك ھەم بېقىندى روھىيەت زىددىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى . ئوتتۇرا ئاسىيا ، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ سوۋېت رۇسىيىسىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىنكى روھىي ھودۇقۇشلىرىدىمۇ بۇ ھادىسە تەكرارلاندى .

مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى گەرچە يىراق شەرق ، شىمالىي جۇڭگو ، ھىندى — ئىران چېگرىلىرى بىلەن جەنۇبىي رۇسىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادا شۇ يەردىكى باشقا خەلقلەرگە قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇلار ھېلىمۇ غەربىي بايقالدىن شىمالىي كاۋكازغىچە ھەر خىل مىللەت ۋە مىللىي تۈركۈملەر سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە . بۇ ھال بىزنىڭ VII — VIII ئەسىرلەردىكى تۇران خەلقلىرىنىڭ پارچە ھاكىمىيەتچىلىكى تارىخىغا قايتا نەزەر ئاغدۇرۇشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈچەيتىدۇ . تۆۋەندە ئۇلار ھەققىدە قىسقىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توختىلىمىز .

## سىر تاردۇش خانلىقى (628 — 646)

سىر تاردۇشلار دىڭلىڭ تۇرانلىرىنىڭ ئەۋلادى ، تېلى تۈركلىرىنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ ، سىر ۋە تاردۇش قەبىلىلىرىدىن بىرلىشىپ ھاسىل بولغان . ئۇلار سىپيانتو — سىر دەپمۇ ئاتالغان . سىر ئىبارىسى «سىر دەريا» (گۇلزارى ، قاڭلى دەريا ، ئۇنچە دەريا دەپمۇ ئاتالغان ) ۋە كۆكتۈرك ئاھالىسى «سىر بۇدۇن» دېگەن ناملاردا ئۇچرايدۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باغلىنىش مەلۇم ئەمەس .

سىر — تاردۇشلار تاڭ سۇلالىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان ، شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقى ئېل قاغان (620 — 630 ) ئاجىزلاشقان پۇرسەتتە ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولدى . 627 - يىلى ئۇلار قىرغىز (80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ) ، ئۇيغۇر (50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ) ، بايىرقۇ (10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ) چىقىرىپ ، باشقا قەبىلىلەردىن بولۇپ 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەرقىي قاغان ئەۋەتكەن شاتنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىنان باشچىلىقىدا قوزغالدى . ئۇلار ئالتايدىن ھىنگان تاغلىرىغىچە بولغان كاتتا زېمىننى ئىگىلەپ ، 628 - يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شەرقىدە سىر — تاردۇش خانلىقى قۇرۇپ ، ئىناننى «بىلگە قاغان» دەپ ئېلان قىلدى . تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا «ئىنجۇ ئىنان بىلگە قاغان» دەپ ئۇنۋان سوۋغا قىلدى . ئەمما سىر — تاردۇشلار 641 - يىلى تاڭ سۇلالىسىدىن ئېغىر ھەربىي تەھدىت بىلەن مەلىكە تەلەپ قىلدى . تاڭ سۇلالىسى بۇنى رەت قىلدى . 645 - يىلى ئىنان خان

ئۆلۈپ، ئورنىغا نەۋرىسى ئىل كۆلۈگ ئىمان خان بولدى. 646 - يىلى شەرقىي قاغانلىققا قارشى ئۇيغۇر ئاقساقىلى تۈمۈت باشلىغان ئۇيغۇر، توڭرا، بارغۇت، ئادىز، بايىرقۇ قەبىلىلىرىنىڭ — توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. شەرقىي قاغانلىقنى يوقىتىشقا كىرىشكەن تاڭ سۇلالىسى، قوزغالغان قەبىلىلەرنى تەسلىم قىلىپ، سىر — تاردۇش خانلىقنى يوقىتىپ، شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقى زېمىنىدا يەنىرەن تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇپ، بۇ زېمىننى كونترول قىلدى. سىر — تاردۇش خانلىقى 19 يىل ياشىدى.

## تۈركەش خانلىقى (699 — 738)

تۈركەش قەبىلىلىرى ئەسلىدە غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ بەش نۇشبى قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ، زايىسان — بالقاش كۆللىرى ئارىسىدا ياشايتتى. تۈركەش خانلىقى ئوچىلا ۋاقتىدا هازىرقى چۇ ۋادىسىدا تۈركەش خانلىقى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سۇياب ئۇنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇچىلا ئۆزىنى «باغاتارخان» دەپ ئاتىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مېتروپولىلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلپان تۆلىگەچكە ۋۇ زېتيەن ئۇنىڭغا ياۋچىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى تۇتۇقلىقىنى بەردى. ئۇ 706 - يىلى ئۆلۈپ ئورنىغا ئىلى ۋادىسىدىكى ۋىن لوجوۋ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۆگە تۇتۇق بولدى. تاڭ جۇڭزۇڭ پادىشاھ ئۇنىڭغا «ئالتۇن موران جۇنۋاڭ» ئۇنۋانى بېرىپ، باش كۆتۈرۈۋاتقان غەربىي تۈرك قاغانلىقى ئەۋلادى ئاسىنا گۇلچۇرۇغا قارشى قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى زۇڭ چۇكى ئاسىنا گۇلچۇرۇ تەرىپىدە ھەرىكەت قىلىپ، سۆگەخاننى يوقاتماقچى بولدى. 711 - يىلى سۆگەخان ئۆزىنى قاغان ئېلان قىلىپ، كۇسەن، ئاقسۇ،

قارا شەھەرنى ئىگىلەپ ۋەزىر زۇڭ چۇكىنى ئۆلتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىغا ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ «ئون تۆت بەگلىك قاغان» ئۇنۋانى ئالدى. 712 - يىلى سۆگە خانىنىڭ ئىنىسى جېنو ئاكىسىدىن ھوقۇق تالىشىپ، كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان قاغاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. 754 - يىلى 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن قاپاغان قاغان سۆگەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تۇتۇپ، ساتقۇن جىنونىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوجىلا — سۆگە قاغانلار باشقۇرغان دەسلەپكى تۈركەش خانلىقى 699 - يىلدىن 714 - يىلغىچە 15 يىل ياشاپ ھالاك بولدى. ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى قاپاغان قاغان ئىگىلىدى. ئەمما شۇ يىلى تۈركەشلەردىن سولۇ قاغان باش كۆتۈرۈپ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بىلەن قوزغىلىپ، 715 - يىلى سۇياب شەھىرىدە تۈركەش خانلىقىنىڭ قايتا تىكلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇ 715 - يىلى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. 720 - يىلى كۇسەننى ئالدى. ئۇ 734 - يىلى بېشبالىقنى ئىگىلەپ، تۇرپانغا تەھدىت سالدى. سولۇ قاغان ئىزچىل ھالدا بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسىغا قارىتا ئولپان تۆلەپ ئالداپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ زېمىنىنى كېڭەيتىش تاكتىكىسى ئىشلەتتى.

سولۇ قاغان «قارا تۈركەش» ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئىلگىرىكى سۆگە قاغان بولسا «سېرىق تۈركەش» ئۇرۇقىدىن ئىدى. سېرىق تۈركەشلەر ئۆزىنى يۇقىرى سانايتتى، شۇڭا ئۇلار قارا تۈركەشلەرگە رەشك قىلىشقا باشلىدى. 734 - يىلى بۇ قارشىلىق ئىپادىلەندى. 738 - يىلى باغاتارخان بىلەن دۇمۇچى بىرلىشىپ قوزغىلىپ سولۇقاغاننى ئۆلتۈردى. باغاتارخان بىلەن دومۇچى ھوقۇق تالىشىپ قالدى. دومۇچى سولۇقاغان تەرەپكە

ئۆتتى ۋە ئۇلار سولۇ ئوغلى توخسۇن قۇتچۇرنى سۇيابتا قاغان قىلدى. باغاتارخان سىر دەريا بويىدىن قوشۇن تويلاپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن دومۇچى ۋە توخسۇن قۇتچۇرغا ھۇجۇم قىلىپ تالاس — سۇيابچىنى ئالدى. قاغان ئۆلتۈرۈلدى. 738 ـ يىلى تۈركەش خانلىقى ئاخىرلاشتى. ئۇلارنىڭ زېمىنىنى قارلۇقلار ئىگىلىدى.

تۈركەش خانلىقى 39 يىل ياشىدى، ئەگرى توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. شۇئىداقتىمۇ ئۇ جۇڭغارىيە — يەتتە سۇ، غەربىي جەنۇبىي تەڭرىتاغدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان زېمىندا كۆكتۈرك قاغانلىقى يۈرگۈزگەن تۈزۈملەرنى يولغا قويدى. سولۇ قاغاننىڭ تۈرك، خەنزۇ، تىبەت خاتۇنلارغا ئۆيلىنىشى، تۈركەشلەر ئىچىدىكى ئۇرۇق قەبىلىچىلىك، قېرىنداشلار ۋە دوستلار ئارىسىدا ھەسەت قىلىش ۋە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئۆز قوۋمىدىن باشقىنى ئىنكار قىلىش خاھىشلىرى تۈركەش خانلىقى ئاشكارىلىغان ئىللەتلەر بولدى.

* *

Ⅶ — Ⅷ ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقى كەچۈرگەن تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ توخارىستان (خۇراسان) ۋە سوغدى زېمىنى (ماۋەرائۇننەھر)نى ئىشغال قىلىشى بولدى. ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ 651 ـ يىلى مەرۋىنى ئىشغال قىلىشىدىن 755 ـ يىلى ئەبۇ مۇسلىمىن قوزغىلىڭىغىچە ئۆتكەن 104 يىل تۇران خەلقىنىڭ ئېغىر كۈلپەت ۋە ھارغىنلىقتا يولۇققان يىللىرى

ئىدى . 630 ـ يىلى شەرقىي كۆكتۈرك قاغانلىقى غۇلىدى . بىر قاتار ئاسىنا ئاقسۆڭەكلىرى ، خۇددى ئاسىنا شىبىردەك ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆزگە سۇلالىغا ياللاندى . 656 ـ يىلى غەربىي كۆكتۈرك قاغانلىقى غۇلىدى . تۈركىي قاغانلىق زېمىنلىرىدا تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن يەرلىك پارچە قەبىلە ھاكىمىيەتلىرى مەيدانغا چىقىپ ، قەبىلىلەر ئۇرۇشلىرى ئۈزۈلمىدى . 670 ـ يىلىدىن باشلاپ تىبەتلىكلەر كەشمىر ، تارىم ۋە چىڭخەي — گەنسۇ ئۈچ يۆنىلىش بويىچە شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر زېمىنىنى بېسىپ ئالدى ، يىپەك يولى ئىقتىسادى ۋەيران بولدى . گەرچە ئۇزاق ئۆتمەي 683 ـ يىلىغا كەلگەندىلا كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانلىقى تىكلەنگەن بولسىمۇ ، ئۇ ئىلگىرىكى ئىستېمى قاغان ، قارا چۇرىن ـ تاردۇش شات زامانىدىكىدەك ماۋەرائۇننەھرنى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۈلگۈرمىگەنىدى . 745 ـ يىلى قۇرۇلغان توققۇز ئوغۇز قاغانلىقى (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ، ئۇيغۇر خانلىقى ) خۇددى كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانلىقىدەك موڭغۇل دالاسىنى ئاساسىي بازا قىلغان بولۇپ ، غەربتە قارلۇقلار ئۇنىڭغا ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ تۇراتتى . بۇ زاماندا يەنە بەزىدە ئەرەب ـ تىبەت ، ئەرەب ـ تاڭ ، تىبەت ـ تاڭ بىرلەشمە پىلانلىرى مەيدانغا چىقىپ ، تىغ ئۇچى تۈركىي خەلقلەرگە قارىتىلىپ تۇراتتى .

ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىلاچى يۈرۈشلىرى ئىسلام دىنى ئېتىقادىنى ۋە كېيىنچە «ئەرەب (ئىسلام) مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت تىپىنى تۇران خەلقى ئارىسىغا ئېلىپ كەلدى . بۇ ئوخشىمىغان ئۈچ كاتېگورىيە ، ئەلۋەتتە .

تۈركىي خەلقلەر بۇ ئۆچ ھادىسىنى ئىزچىل پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىپ كەلمەكتە .

ئەرەبلەر خەلىپە ئۆمەر (634 — 644 )دىن باشلاپ غەيرىي ئەرەب زېمىنىگە قوشۇن تارتتى . 635 - يىلى دەمەشىق ۋىزانتىيە قولىدىن تارتىۋېلىندى . 636 - يىلى پەلەستىنىنى ئىشغال قىلدى . 637 - يىلى ساسانىلارغا ئۇرۇش باشلاپ ، ئىراقتىكى قەدشىيە دېگەن جايدا ، 642 - يىلى نىخۋەند دېگەن جايدا ، 642 — 644 - يىللىرى ئىسفىھان ، تەبەرستان ، ئەرمەنىستاندا ساسانىلارنى يېڭىپ 427 يىل دەۋران سۈرگەن بۇ مەملىكەتنى مۇنقەرز قىلدى .

تۇران زېمىنىگە قارىتىلغان ئۇرۇش خەلىپە ئۆمەرنىڭ ئون يىللىق زەپەرنامىسىدىن ئون ھەسسە ئېغىرغا توختىدى . ئۇ بىر ئەسىرلىك ئۇرۇش — بىر ئەسىرلىك قارشىلىقنى بەدەل قىلدى . ئۇ ئوسمان ۋە ئەلى خەلىپىلىكىدىن كېيىن (17 يىل ) يەنە ئۇمەييەلەر دەۋرىدىكى 14 خەلىپىنىڭ 90 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنىمۇ بەدەل قىلدى . بۇ يۈز نەچچە يىل پەقەت ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مەرۋى بىلەن شىمالىدىكى پەنجىكەنت ، بۇخارا ۋە فەرغانە ئارىلىقىدىكى تەكرار ھۇجۇم - چېكىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى . ئەرەب قوشۇنلىرى سىر دەريا بويىغا بارالىغان ئەمەس ، بۇ ۋادىنى سامانىلار بىلەن قارا خانىيلار ئىسلاملاشتۇرغان . ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جەڭ پەقەت ئاببىاسىيلار زامانىدا تىنجىدى .

ئەرەب ئۇمەييەلەر (دەمەشىق ) خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مۇئاۋىيە (661 — 680 ) ئەبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنى 674 - يىلى ماۋەرائۇننەھر جېڭىگە ئەۋەتتى . ئۇ 676 - يىلى سەئىد

www.uyghurkitap.com

ئىبن ئوسماننى ئەۋەتتى . ئۇلار بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى قانلىق جەڭلەردە قولغا ئېلىپ ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىسمۇ ، خەلق بۇ ماكانلىرىنى يەنە قايتۇرۇۋېلىپ ، ئۇلارنى مەرۋىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى . ئەرەبلەر يەزىد ، مۇئاۋىيە II ، مەرۋان ، ئابدۇلمۇلۇك قاتارلىق خەلىپىلەر دەۋرىدە خوراسان ۋالىيلىرىدىن رابى ئىبنى زىيار ، ئابدۇللا ئىبنى هازىم ، ئۇمەييان ئىبنى ئابدۇللا ، يېزىد ئىبنى مۇخالىپ قاتارلىق ۋالىي ـ نائىبلارنى بۇ ئىشقا سالدى . 6 ـ خەلىپە ۋەلىد تەختكە چىقىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن 709 ـ يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى خۇراسان ۋالىيسى سۈپىتىدە ماۋەرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشقا سالدى . ئۇ ئۈچ يىلدا — 712 ـ يىلى سەمەرقەنتنى ئالدى . ئەمما 715 ـ يىلى ھەربىي مۇستەبىتلىكىگە چىدىماي ئىسيان كۆتۈرگەن ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . 715 ـ يىلى فەرغانىدا ، 718 ـ يىلى بۇخارا — سەمەرقەنتتە خەلق قوزغىلاڭلىرى بولدى . ئەرەبلەر سەئىد ئىبنى ئەمىر ھەرەشى قوماندانلىقىدا بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرسا ، يەنە بىر تەرەپتىن تىنچلىق بىلەن بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىشنى پىلانلىدى .

كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانى قاپاغان ئىنىسى قاغان كۆلتېكىننى ، دانىشمەن ۋەزىرى تۇنيۇقۇقنى قۇتەيبىگە قارشى جەڭگە ئەۋەتتى . قۇتەيبە بۇ چاغدا يەنى 710 ـ يىلى بۇخارانى بېسىۋېلىشقا ئاتلانغانىدى . 712 ـ يىلى كۆلتېكىن باشلىغان قوشۇن يەنە سەمەرقەنت يېنىدا پەيدا بولدى . ئۇلار قۇتەيبىنى يەڭگەن بولسىمۇ ، 714 ـ يىلى پۈتكۈل كېيىنكى كۆكتۈرك قاغانلىقىدا ئۇيغۇر — قارلۇق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ قاپاغان قاغانغا قارشى قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ ، ئىلاجسىز شەرققە قايتتى .

تۈركەش قاغانى سولۇقاغان ناسىر ئىبىن سىيىار قوشۇنلىرى بىلەن سەمەرقەنت ، چاچ ۋە غاراب يېنىدا كۆپ قېتىم سوقۇشتى . ئۇ خەلىپە ھىشەم (724 — 743) ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن مەخپىي ئەلچىنىڭ ئۇنى قارشىلىقىنى توختىتىش بەدىلىگە ئۇندەپ بەرگەن ۋەدىلىرىنى رەت قىلدى . سولۇقاغان ئۆلگەندىن كېيىن ، تۈركەش خانلىقى ئىچكى زىددىيەتكە تولدى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى باش سەركەردىسى گاۋ شيەنزى 751 ـ يىلى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن①

① ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «تۇران تارىخى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بىلەن ئىككىنچى بۆلۈمىنى ئىلگىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يېزىپ چىققان . ھەم «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دەپ نام قويغان . 1994 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ ئالتە توملۇق كىتاب قىلىپ يېزىشنى پىلانلىغان ھەمدە بىرىنچى بۆلۈم بىلەن ئىككىنچى بۆلۈمنى قايتا تۈزىتىپ ، تولۇقلاپ تاماملىغان ، بۇ ئىككى بۆلۈمنى بىرىنچى توم قىلىپ تۈگەللىگەن . ئىككىنچى تومنى يېزىشقا كىرىشىپ ئۈچىنچى بۆلۈمنىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ بىرىنچى ماۋزۇسىنى ئورگىنالدا 70 بەت يېزىپ بولغاندا يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئۈستىدە 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 5 لەردە زىققا كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ، ھەتتا جۈملىسىنىمۇ ئاخىرلاشتۇرالماي ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان . مەن بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالىم ئۆزى ئىككىنچى تومغا ئاتاپ يازغان ئۈچىنچى بۆلۈمنى بىرىنچى تومنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىۋەتتىم ، ھەمدە بۇ كىتابنى بىرىنچى توم دەپ ئايرىماستىن بىر كىتاب سۈپىتىدە نەشرگە تەييارلىدىم . نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا دۇچ كەلگەن بەزى ئېنىقسىز مەسىلىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېنىقلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم ، ئىمكانىيەت بولمىغانلىرىنى ئۆز پېتى قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم . خەنزۇچە بىر قىسىم كونا خەتلەرنى ھەتتا « 王码字䦉 » ئارقىلىقمۇ كومپيۇتېر بىلەن تىزىشتا مۇمكىن بولماي ، ئىلاجسىز قەلەم بىلەن يېزىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم .
— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن .

# پايدىلىنىلغان كىتابلار ۋە ماتېرىياللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— سىما چيەن : «تارىخىي خاتىرىلەر» — «فەرغانە تەزكىرىسى»
— بەن گۇ : «خەننامە» — «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، «هۇنلار تەزكىرىسى»
— فەن يې ، سىما بياۋ : «كېيىنكى خەننامە» — «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، «هۇنلار تەزكىرىسى»
— هېرودوتۇس : «تارىخ»
— ئاررىئان : «ئانا باسىس ئىسكەندەر» (ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۇرۇش خاتىرىسى)
— «ئوغۇزنامە»
— «زېند ئاۋېستا»
— ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى : «شاهنامە»
— ئەبۇلغازى باهادىرخان : «شەجەرەئى تۈرك»
— «ئاتلاس تايمىس»
— «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 1984 - يىلى ، ئۇيغۇرچە نەشرى
— «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ، 1956 - يىل ، تاشكەنت نەشرى .
— «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ، 1982 - يىل ، تاشكەنت نەشرى .
— «قىرغىز س س ر تارىخى» ، 1973 - يىل ، فرونزى نەشرى .

— نارىندا گىرشان سىنگا قاتارلىقلار : «ھىندىستان تارىخى» ، 1955 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى .

— ئى . ھ . قۇرۇيشى : «پاكىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 1967 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

— م . ئىۋانوۋ : «ئىران تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» ، 1952 ـ يىل ، موسكۋا نەشرى .

— «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى» ، 1958 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى .

— «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» ، 1 ـ ، 2 ـ توملار ، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ ئىنستىتۇتى تۈزگەن .

— «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ، 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

— «ئورخۇن ـ يەنسەي تېكىستلىرى» ، 1982 ـ يىل فرۇنزى نەشرى .

— «كۇشان دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا» (1968 ـ يىل دۇشەنبە شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماتېرىياللىرى) ، 2 ـ توم ، 1975 ـ يىل موسكۋا نەشرى

— ئارستوۋ . ن . ئا : «تۈركىي قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلار» ، «ھايات ئەللەر» مەجمۇئەسى ، 3 ـ ، 4 ـ توپلام ، 1896 ـ يىل نەشرى .

— بارتولد . ۋ : «گرېك — باكتىرىيە دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ شىمالغا ۋە شەرققە قانات يېيىشى» ، 1916 ـ يىل رۇسچە نەشرى .

— بارتولد . ۋ : «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدىن ئوچېرىك» .

— بارتولد . ۋ : «ئوتتۇرا ئاسىيا قىسقىچە تارىخى» ، 1980

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

- يىل خەنزۇچە نەشرى .
— بارتولد . ۋ : «تۈركىستاندا مەدەنىي ھايات» .
— بارتولد . ۋ : «تۈرك موڭغۇل خەلقلىرى تارىخى» .
— بارتولد . ۋ : «گرېك - باكتىرىيە خانلىقى چېگرىسى توغرىسىدا» .
— بارتولد . ۋ : «سوغدى ۋە توخار يېزىقى مەسىلىسى ھەققىدە» .
— بېنتوۋىچ . ئى . ۋ : «پەنجىكەنت نەقىشلىرى» ، 1953 - يىل نەشرى .
— باسكاكوۋ : «تۈركىي تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى» .
— بېرنىشتام . ئا . ن : «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېتنوگېنېزىدا قەدىمكى تۈركىي ئامىللار» ، 1947 - يىل نەشرى .
— بېرنىشتام . ئا . ن : «قەدىمكى پەرغانە» ، 1951 - يىل تاشكەنت نەشرى .
— بېرنىشتام . ئا . ن : «قەدىمكى تەڭرىتاغ» ، 1951 - يىل .
— بېرنىشتام . ئا . ن : «پەرغانە ۋە تەڭرىتاغ مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا» ، 1947 - يىل .
— بېرنىشتام . ئا . ن : «مەركىزىي تەڭرىتاغ ۋە پامىر ئالاي توغرىسىدا تارىخىي ، ئارخېئولوگىيىلىك ئوچېرك» ، 1952 - يىل .
— ۋىلىيام مىككوۋرىن : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەملىكەتلەر» .
— ۋاڭ جىلەي : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ، 1 - توم ، 1980 - يىل خىنزۇچە نەشرى .

— گېگېل : «تارىخ پەلسەپىسى» ، 1958 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .
— گومىلىيوۋ . ل . ن : «قەدىمكى تۈركلەر» ، 1967 ـ يىل موسكۋا نەشرى .
— گرۇئوسېت . رېنىي : «ھىندىستان مەدەنىيىتى» ، 1965 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .
— گىنزېر بۇرگ . ۋ . ۋ : «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئېتنوگېنېزىسى توغرىسىدىكى پالېئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللار» ، 1949 ـ يىل ، رۇسچە نەشرى .
— گرىگورىيۋ . ۋ . ۋ : «گرېك — باكتېرىيە پادشاھلىقى» ، 1967 ـ يىل نەشرى .
— كلياشتورى . س . گ : «ئورخۇن تېكىستلىرىدا كانگىيە ئېتنو ـ توپىگراپىيىسى» ، 1951 ـ يىل نەشرى .
— كرىلېۋ . ئى . ئا . «دىن تارىخى» ، 1 ـ ، 2 ـ توم ، 1984 ـ يىل خەنزۇنچە نەشرى .
— ليۇ يىتاڭ (تەيۋەن) : «ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات» ، جىڭ جۇ نەشرىياتى نەشر قىلغان .
— لۇئىس بوئۇلنوئىس : «يىپەك يولى» ، 1982 ـ يىل ، خەنزۇچە نەشرى .
— مورگان : «قەدىمكى جەمئىيەت» .
— ماچاڭشۇ : «شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار» ، 1955 ـ يىل نەشرى .
— موللا مۇسا سايرامى : «تارىخىي ھەمىدى» .
— «ماركاپولو ساياھەتنامىسى» ، 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

— پوگاچېنكوۋا . گ . قاتارلىقلار : «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىنىڭ ئوچېركى» ، 1982 ـ يىل موسكۋا نەشرى .
— پوتاپوۋ . ل : «ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئومۇم بايان» .
— پوتاپوۋ . ل : «جەنۇبىي ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئوچېرك» .
— پومپېلى . ر : «تۈركىستاندىكى تەكشۈرۈشلەر» ، 1908 ـ يىل نەشرى .
— رانوۋ . ۋ . ئا ، كورسكى . ئا . ۋ : «گورنى بەدەخشان ئاپتونوم رايونى قىيا رەسىملىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» ، «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ، 1966 ـ يىل ، 2 ـ سان .
— راخمانوۋ . م . «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» ، 1975 ـ يىل تاشكەنت نەشرى .
— رانوۋىچ . ئا . ب : «ئېللىنىزم ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رولى» ، 1950 ـ يىل ، موسكۋا — لېنىنگرات نەشرى .
— ستەيىن : «قەدىمكى خوتەن»
— ستەيىن : «سېرىندىيە» (غەربىي يۇرتتا ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىش خاتىرىلىرى»
— ستاۋسكي . ب . يا : «تاجىكىستان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات» ، 1952 ـ يىل نەشرى .
— سىرىۋۋي . ۋ . ۋ : «قەدىمكى شەرق تارىخى» ، 1941 ـ يىل نەشرى .
— سىرىۋۋي . ۋ . ۋ : «دارا I نىڭ ساك ـ ماسساگىتلارغا يۈرۈش قىلىشى» ، 1964 ـ يىل نەشرى .
— سىرىۋۋي . ۋ . ۋ : «زورو ئاستېرىزم ۋەتىنى» ، 1948

- يىل نەشرى .
— تولستوف . س . پ : «قەدىمكى خارەزم» ، 1948 - يىل نەشرى .
— تولستوف . س . پ : «ئۆزبېكىستان قەدىمكى مەدەنىيتى» ، 1943 - يىل نەشرى .
— تولستوف . س . پ : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى» ، 1938 - يىل نەشرى .
— ترېۋېرك . ۋ : «ئالېكساندر ماكىدونىسكى سوغدىياندا» 1947 - يىل نەشرى .
— ترېۋېر . ك . ۋ : «گرېك - باكتىرىيە سەنئىتى خاتىرىسى» ، 1940 - يىل نەشرى .
— ياماتا (سەن تيەن شن فۇ ) : «قۇملۇقتىكى بوستانلىقلار»
— فىڭ جياشياڭ : «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىد قىسقىچە ماتېرىياللار» 1955 - يىل خەنزۇچە نەشرى .
— فىڭ چىڭجۇن : «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» ، جۇڭخۇا كىتابخانىسى ، 1986 - يىل خەنزچە نەشرى .
— غاپۇروۋ . ب . گ : «تاجىك تارىخى» ( «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى» ) ، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى .
— خاندا تورو (يۈيتيەن خىڭ ) : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى .
— خاندا ئاكىرا (يۈيتيەن مىڭ ) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتى» ، جاۋخېنىڭ 5 - يىلى كىيوتو نەشرى .
— خاندا لياۋداي (يۈي جى لياۋدى ) : «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم تارىخى» ، 1956 - يىل خەنزۇچە نەشرى .

www.uyghurkitap.com

— خۇاڭ شىنچۇەن قاتارلىقلار : «دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن» ، 1979 - يىل خەنزۇچە نەشرى .

— سېن جياۋۇ : «تۇتېم سەنئىتى تارىخى» ، 1986 - يىل نەشرى .

— جاڭ شىنلياڭ : «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى» ، 1927 - يىل نەشرى .

— چەنداۋشىنسى : «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ، 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى .

مەسئۇل مۇھەررىرى: كۆرەشچان ئۆمەر
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

* *

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ رەڭلىك مەتبە زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.5 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2002 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3000
ISBN7—228—06737—1/K. 954

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




بۇ خەرىتە جۇڭگو چەتئەل تەرجىمە نەشرىياتى شىركىتى بىلەن ب د ت مائارىپ، پەن مەدەنىيەت تەشكىلاتى نەشر
ىلدۇرغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق ئالتە توملۇق كىتابتىن ئېلىندى


40°
50°
60°
70°
80°
Volga
Ural
Ishim
Omsk
Irtysh
Ob
ASTANA
Karaganda
USTYURT
ARAL SEA
CASPIAN SEA
KYZYL KUM
KHWARAZM
Syr Darya (Jaxartes)
L. Balkhash
Chu
Talas
SEMIRECHYE
Ili
ALMATY
BISHKEK
CHACH
TASHKENT
Turkmenbashi
(Krasnovodsk)
Urgench
Khiva
KARA KUM
Nasa
TRANSOXANIA
KOPET DAGH
ASHGABAT
Gurgan
Amu Darya (Oxus)
Bukhara
Samarkand
L. Issyk-kul
FERGHANA
T'IEN SHAN
Aksu
TEHRAN
Rayy
KHURASAN
Merv
Mashhad
Nishapur
Sarakhs
SOGDIA
Zarafshan
Khujand
PAMIRS
DUSHANBE
Kashghar
BADAKHSHAN
Vakhsh
Termez
Balkh
DASHT-I KAVIR
DASHT-I-LUT
Murghab
Herat
Hari Rud
HINDU KUSH
Khotan
Kirman
KABUL
SWAT
KARAKORUM
SISTAN
Peshawar
ISLAMABAD
KASHMIR
Zarang
Kandahar
Helmand
PANJAB
Lahore
BALUCHISTAN
Multan
Indus
MAKRAN
DELHI
RAJASTHAN
Ganges
Jaipur
Agra
Yamuna
Lucknow
Karachi
Narmada
Tapti
1 000 km